

ۋاڭ مېڭ

# چولپاننىڭ كۆچۈرمىشى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ۋاڭ مېڭ

# چولپاننىڭ كەچۈرمىشى

(ھېكايە - پوۋېستلار)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت پاسار

民族出版社

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئوسمان موللەك
مەسئۇل كوررېكتور: ساۋۇت سالاھىددىن
مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: ئىسمائىل ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىسالال ئۆزۈش (مۇقەددىمە ئورنىدا) ........................ 1
توپچى چولپاننىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشى ........................ 4
يازدىكى ماجىرا ........................ 129
قۇراشتۇرما ........................ 153
بىر چۈشكۈرۈكتە مىڭ جىلۋە ........................ 176
كرېپت دارىدا ........................ 255
ئەھۋالى چاغلىقكە نىغۇ ........................ 300
تاللاش مۇسابىسى ........................ 345
8679-نومۇرلۇق مۇھىم دېلو ........................ 374
ھويلا ئىچىدە ھويلا ........................ 435
ئوقۇتقۇچى شى چېنشىن ........................ 458
ئاۋاز ياللۇغى كېسلى ........................ 467
ئىككى مەۋزۇلۇق ھېكايە ........................ 486

# بىمالال ئۈزۈش

## — مۇقەددىمە ئورنىدا

غەملىرىڭگە مەن ئەسىرار، مەردلىكىڭگە بولۇپ يار،
ئۈزدۈم سېنى كەڭ دېڭىز بۇلنۇر يازدا بىمالال،
قالدىم شۇ چاغ تەمتىرەپ پىكرى ھالىم بولۇپ لال،
ئوكيان بىلەن قۇرۇقلۇق پاسىلىدا بىمەھەل،
ئىككىمىزگە بىر نەپەس نېسىپ بولدى شۇ ۋىسال.

كىچىككىنە قېيىقنى چايقىلاتتىم قوينىڭدا،
ئاچچىق مۇنچاق ياشلارنى چاچراتقانتىڭ بويۇمغا.
جېڭ خې بىلەن كولومبو سېنى قىلغانىدەك ئاداش،
بولۇپ قالدىم مەن بىلەن ئۆمۈرلۈك جان قېرىنداش.
كۆزۈم سەندە، چۆرگىدە يۈزۈپ بازسام ناخشامدا،
ئايان قىلاي قانداقمۇ خىسلىتىڭنى داستاندا.
ئۆز پېشىڭدا مەن خالاس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېڭىزدۇرسەن سەن خالاس.
ئېچىلىشىڭ، كۆلۈشۈڭ، ئۈن-تىنسىز تۇرۇشۇڭ،
ئارتۇق ئەمەس، كەم ئەمەس،
مۇت ئۆزى دېڭىزغا خاس.
ئاجىز، يوقلۇق دېمەستىن كۆتۈرۈسەن بىرىنى،
ئىسكەندەردۇر ۋە بەلكىم ئۇنتۇغانسەن ھەممىنى،
ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇپ، ئەس-ھوشىدىن ئايرىغان
يومشاقلىقىڭ قورقىتىپ توخۇ يۈرەك بەندىنى.
سېنى قوياش قانچىلىك نۇرلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ،
مەيلى ئايدىڭ ھۆسنۈڭگە قانچە مېھىر قوشسىمۇ،
بوران يالاپ يۈزۈڭنى ياكى قوزغاپ قەھرىڭنى،
چايقاپ سېنى قانچىلىك داۋالغۇتقا سالسىمۇ،
ئۆز پېتىڭدىن ئۆزگەرمەي
دېڭىز پېتى تۇرسەن،
خالى-پىنھان ماكاندەك ئەركىن ئۆمۈر سۈرسەن.

باللارنىڭ جۇشىدەك باش-ئاخىرىڭ بىپايان،
خالىس، سەبى-ساددىسەن ھەرقاچانۇ-ھەرقاچان.
ھېچنەرسىنى قىلچىلىك پەرۋايىڭغا ئالمايسەن،
ھۆرمەت-ئىززەت، سۆيگۈنى ئەلا بىلىپ ياپرايسەن.
مەڭگۈ تىنماي بولۇقلاپ تۇرسەڭكى شارقىراپ،
ھەممە سىرنى ئىچىڭدىن چىقارمايسەن چىڭ ساقلاپ.
گويا جوڭلار يۈزىگە چۈشكەن قورۇق ئىزىدەك،
ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان سىرىدەك،
تامچىلىرىڭ قوشۇلۇپ، بارغانسېرى ئۇلغىيىپ،
باش-ئۇچى يوق قىرغاقسىز قىرغاقلارغا سوزۇلۇپ،
ئاقىسەنۇ-ئاقىسەن ئويان-بويان قويۇلۇپ.
جوڭقۇرلۇقۇڭ قانچىكىن.

زادى تەكتىنىڭ بارمىكىن،
كۆڭۈل يەتكەن يەرلەرگە
ئۆمۈر يەتمەس نە ئۈچۈن؟
بەلكى ئەۋزەل ئۆنىگدىن سۆزلىرىمنى بەس ئېيتىش،
ساڭا نالىق مەدھىيە-ھەسرىتىمنى دەپ كېتىش.
شائىر ئۈچۈن كۆپايە
يەلكىنىڭنى، مەۋجەڭنى قىلماق بىر پەس تاماشا،
كېيىنكى ھاۋارايىڭنىڭ گاھى ئەدەپ، پەسىيىپ،
تۇرۇشىنى يەم بىلەن بىلمۇالسا بايقاشتا.

1986-يىل 5-ئاي

يەنتەي — جىنەن

# توپچى چولپاننىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشى

ئۇ ئاخىرى شۇ قىتئەدىكى شۇ دۆلەتكە قاراشلىق شۇ ۋىلايەتنىڭ شۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەدىكارلىق قىلىپ ئوقۇشتا چىقىش، يېڭاپ سېتىۋېلىش، ئۆي ئىجارىگە ئېلىش، دوست تۇتۇش، يەر-جاي ۋە پاي چېكى ئېلىپ-سېتىپ ھايىنىغا يېزى تېپىش پىلانلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغۋار غايىسى كىنو ئارتىسى بولۇپ، دۇنياۋى بەش چوڭ كىنو فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدالغا ئىگە بولۇش، ئۇچار قاناتلىق ئادەمگە ئايلىنىپ، 2000-يىلىدىكى دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاسماندىن پەرۋاز قىلىپ چۈشۈش ئىدى. ئۇنداق بولمىغاي قالسا، ھېچ بولمىغاندىمۇ تۇرمىگە، ئورۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر لاگېرىغا، جازا لاگېرىغا، پالاندىلار لاگېرىغا چۈشۈپ قالماسلىقنى. بولۇپمۇ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر قارىسىغا ئېتىلىپ كەتمەسلىكنى ئىستەيتتى.

بىراق، ھازىر ئۇنىڭغا ھەممىدىن مۇھىم بولۇۋاتقىنى چىنە-قاچا يۇيۇش، ئەۋرەز يوللىرىنى تازىلاش، خەقنىڭ يۈكىنى توشۇش، ئايىغىنى مايلاش، ئاشخانا دېرىزىلىرىنى سۈرتۈش، چىم قىرقىش، چېركاۋغا بېرىپ قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىش، مەشەلنىڭ ئادىتى بويىچە يەكشەنبە كۈنلىرى ئائىلە ئاپتوموبىل گاراژىغا بېرىپ بىر قۇر كونا كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىش ئىدى.

ئۇ ئەمدىلا ئويغانغاندا، قاتتىق سۈرەن كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، خورچىلار «باشا، شاھىمىز!» دېگەن ئاھاڭنى چالغ كەلتۈرۈپ ئورۇنداۋاتقان بولسا، قوللىرىغا يەلتاراق گۈللەرنى ئېلىپ، رىتىملىق تەنتەنە قىلىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «ھەي-ھەي — ئېنتىر، ھەي-ھەي

— ئېنتېر» دەپ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ۋارقىرىشاتتى. ئېنتېر باشتا بۇ تەھۋالنى كۆرۈپ، ھەقچان بۇ يەردىكىلەر مېنى دۈشمەن جاسۇسى ھېسابلاپ تۇتۇشقا كەلگەن ئوخشايدۇ دېگەن خىيال بىلەن قورقۇپ تىترەپ كەتتى. بىراق بېشىغا يالغان ئاق چاچ كىيىۋالغان، يۈز تېرەكلىنەك كىلەڭسىز سەمرىگەن شەھەر باشلىقى ئالقىنىدا كۈمۈش تەخسە كۆتۈرۈۋالغان ئالتە مۇلازىمىنى ئەگەشتۈرۈپ، دۇخوۋوي ئوركېستىر ئورۇنلىغان «توي مارشى» ساداسى ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— مۇھتەرەم ئېنتېر جانابلىرى، — دېدى شەھەر باشلىقى شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان قوڭغۇراقتەك بوم ئاۋازى بىلەن گاراڭلاپ، — سىز جاھاننىڭ ئاتاقلىق پۇتبول نادىرى، سىز ياشلىق ۋە قۇدرەتنىڭ ساھىبى، سىز رومانتىكلىق ۋە ماھارەتنىڭ تۇغرا مىزانى، سىز ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ئېرزەتلىنىدىغان زاتلارنىڭ گۈزەللىك ئەينىكى، سىز يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ھېلىن بىلەن جوڭگو ئەپسانىلىرىدىكى جۇباجيېنىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلغان نەسلى ۋە كامال تاپقان تەگدىشى! سىز ئېرزىتىنى ساقلىماي ئۇسساللىق قىلغان خەلقئارا رېپېرى ئارىس دىدوكوسنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ بىر قولىقىنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن، خىزىردەك غايىب بولۇپ كەتكەن ئىدىڭىز، دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىزىڭىزنى پەملەپ كەلگەن بولسا، دۇنياۋى جامائەت پىكرى ۋە ئېيتىداشىي قايناق ھېسسىيات بولىڭىزنى بايقاشقا قارىتىلغانىدى. بۈگۈندىن بىر يىل ئىككى ئاي ئىككى ھەپتە ئىلگىرى جەنۇبىي قۇتۇپ مۇتەجىملىرىنىڭ قورئەندازى يوگا ۋە يەۋقۇلئاددە پىر ئۇستازى ل. دابلىيۇلار جانابىڭىزنىڭ ئېلىمىزگە، ۋىلايىتىمىزگە كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن خۇشخەۋەر پادىشاھ ئالىيلىرى، شاھزادە جانابلىرى، ۋەزىر ھەزىرەتلىرىدىن تارتىپ ھەربىر مۇتىۋەر ۋە مەرتىۋىلىك خېنىملارغىچە ھەممىنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. بۇ خۇددى ئىتتى ئورىمەن دەپ مانتا تاشلاپ بەرگەندەك، ئاسماندىن

شاكىلات مۆلدۈر ياغقاندەك قالتىس ئىش بولدى. خەلقئارا ماليە گۇرۇھىنىڭ ۋىلايىتىمىزگە سالغان دەسمايىسى بىردىنلا 2400 پىرسەنت كۆپەيدى. يۇقىرى پالاتا بۇ خەۋەرنى ھەربىي ئىدارە قىلىشقا بەلگىلەپ، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ھاۋا تۈك يوللىرىنى ۋە سىمسىز تېلېگراف يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بىراق بۇ ئەپسەندى (A.B.C.D) دەك شۇ قەدەر ئاددىي ساۋاتقا ياتىدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئىگەمنىڭ گۇناھكار بەندىلىرى، مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ ئەركە باللىرى بولغان بىز ئېتى ئۇلۇغ سىز جانابىي ئېپتر ئەزىمەتنىڭ پۈتۈنلەي ئىختىيارىڭىز بىلەن ئەركىن بول ئاللاپ، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتماي، قامەتلىك كاتتا دەرىخىڭىزنىڭ يىلتىزىنى شەھىرىمىز تۇپرىقىغا تارتىنسىڭىزنى ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق!

خورچىلار چاك كەلتۈرۈپ ناخشا توۋلىدى:

شەرەپلىك بىز، شەرەپلىك بىز، زوق-شوققا تولدى يۈرىكىمىز!
بەختلىك بىز، بەختىيار بىز، ئاشماقتا چەكسىز پەيزىمىز!

ئېپتر ھودۇقۇپ ئۆزرە ئېيتقىلى تۇردى:

— ھەر بىرلىرىدىن تىلەي، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن، پىقىرنىڭ يۇتبولدىن خەۋىرىم يوق!

— پەملىشىمچە، — دېدى شەھەر باشلىقى مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ، — جانابىڭىز ئۈچ يىل مابەينىدە شەرقتىكى كۆڭۈلدىچىلىق ئەدەپ-ئەردەم مەملىكىتىگە بېرىپ يۈرۈپ كەمتەرلىككە بەكمۇ ئۆگىنىپ قالغاندەك تۇرىسىز!

ئۆزىنىڭ گېپىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان ئېپتر ئەلەم بىلەن قوشۇمىسىنى تۈردى.

— ئېپتىرنىڭ يۇتبولدىن خەۋىرى يوق دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ يۇتبولدىن خەۋىرى يوق ئادەمنى ئېپتر دېسە ئەقىلگە سىغامدۇ؟ سىز تازىمۇ قىزىقچى ئىكەنسىز! — دېدى شەھەر باشلىقى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ۋال-ۋۇل نۇر ياغدۇرۇپ، فوتو مۇخبىرلىرىنىڭ ئاپپاراتى چىكىلداشقا باشلىدى.

— مېنىڭ ئېتىم ئېنتر، ئەمما مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس پەرزەنتى ئەيسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامىدىن قەسەم قىلايكى، توپچى چولپان ئېنتر مەن ئەمەس، — دېدى ئېنتر ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بىراق، — دېدى شەھەر باشلىقىنىڭ بىرىنچى مۇلازىمى قولنۇقىدىكى ئالاقە خالتىسىدىن بىر ھۆججەتنى ئوقۇپ، — بۇيىنىڭ ئېگىزلىكى 1.87 مېتر، ئېغىرلىقى 200 قاداق، قول-پۇتلىرى ناھايىتى ئۇسكىلەڭ. مېڭىسى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چاققان، سېزىمى تېز، توي قىلمىغان دېيىلگىنى دەل سىلىغۇ...

— بۇنىسى راست، — دېدى ئېنتر، — بۇلارنى مەن ئاھالە كۆچۈرۈش ئىدارىسىنىڭ چېگرىدىن كىرىشتە تولدۇرىدىغان ئانكېتىغا شۇنداق تولدۇرغان، لېكىن پۇتبولدىن خەۋىرىم يوق!

— لېكىن دېمىسلە، پۇتبولدىن خەۋەرلىرى بار! — دېدى مۇلازىملارنىڭ ئىككىنچىسى بىر ھۆججەتنى ئوقۇپ، — دادىلىرى جانابىي بارىن دېگىز ئارمىيە شاۋۋىي، دېگىز ئارمىيە پۇتبولچىلار كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولغان ۋە ئالىيجاناپ تەنتەربىيە ئىشىغا 200 مىڭ دوللار ياردەم قىلغان، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سىلىنىڭ بەدەن-بەدەنلىرىگە پۇتبول ئامىللىرى سىڭىپ كەتكەن! ئانىلىرى ئېنىيې نالىجياۋا تورتوپ، بوكسېر ھەرىكەتلىرىگە قانائىشقان...

— مېنىڭ ئانام بوكسېرچىلىق قىلىپ باقمىغان...

— ھا، ھا، مانا شۇنىڭدىن باشقا ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلغان بولدىلا. مەن سىلىگە ھازىرلا ئىسپاتلىغۇ قويۇپ كۆرسىتىمەن، بىز سۈرەتكە ئېلىنغان كۆرۈنۈشنى ئەلۋ يېڭى تېخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەينى بويىچە كۆرسىتەلەيمىز. ئۇنىڭدىن سىلى جانابىي ئانىلىرىنىڭ دادىلىرى بىلەن بوكسېر مەشقىنى قانداق قىلغانلىقىنى ۋە قانداق ئېلىشقانلىقىنى كۆرىلا. ئانىلىرى ۋىجىكرەكلىكىگە قارىماي، بىر ئېلىشىشتا ساپ 44 نومۇرغا ئېرىشكەن، دادىلىرى بولسا ئاران 12 نومۇرغا ئېرىشكەن. نەسلزادە ئانىلىرى يېكىپ چىققان! شان-شەرەپ ئېتىبې

تالىجىياۋا خانىمغا مەنسۇپ بولغان! — دېدى شەھەر باشلىقى مۇلازىملىرىنىڭ ئۈچىنچىسى.

— بەلكىم بۇ دەۋاتقانلىرىڭىز توغرىدۇ، لېكىن مېنىڭ پۇتبولدىن بەرىبىر خەۋىرىم يوق! — دېدى ئېيتنر.

— مانا سىلىنىڭ پۇتبول مەيدانىدىكى كارامەتلىرىدىن قالدۇرۇلغان شانلىق خاتىرە، — دېدى مۇلازىملارنىڭ تۆتىنچىسى بىر ھۆججەتنى ئوقۇپ. بەش ياش چاغلىرىدا باللارنىڭ سەرخىل كوماندىسىغا قاتنىشىپ ئالتۇن بېلىق مېدالىغا ئېرىشكەن؛ يەتتە ياشلىرىدا جۈپ ئويناش دۈگىلەك ئۈستەل مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، يالغۇز ئۆزلىرى 11 توپ كىرگۈزۈپ ئالتۇن زەمبىرەك مېدالىغا ئېرىشكەن؛ 11 ياشلىرىدا كاتتا ماھىرلار كوماندىسىغا قاتنىشىپ ئالدىنقى مەيداندا 40، كېيىنكى مەيداندا 56 پاسنى تارتىۋېلىپ، چوڭ ئالتۇن بۈرگە مېدالىغا ئېرىشكەن؛ 15 ياشلىرىدا ئىنجىمارۇقلار 3-كوماندىسىغا قاتنىشىپ، ئالتۇن چۈشى مېدالىغا ئېرىشكەن؛ 16 ياشلىرىدا قاراملار كوماندىسىغا قاتنىشىپ، ئالتۇن داس مېدالىغا ئېرىشكەن؛ 17 ياشلىرىدا خانقىزلار كوماندىسىغا قاتنىشىپ، ئالتۇن تۈك مېدالىغا ئېرىشكەن...

— ياق، ياق، بۇ پۈتۈنلەي خاتا، سىلەر تاپ تايىنلىق مېنىڭ ئارخىپىمنى ئېيتنر ئىسىملىك باشقا بىر نويېچى چولپاننىڭ ئارخىپى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپسىلەر...

— خاتاسى يوق، — دېدى مۇلازىملارنىڭ بەشىنچىسى گەپ قىستۇرۇپ. بىز پايدىلانغان «B.P. 303» ماركىلىق ئېلېكترونلۇق مېڭە خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ ئۈچ قېتىملىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن. ئۇنى پارىژدىكى بىر تۇتاش پىلانلاش كومىتېتى كوممۇنىست دۆلەتلەرگە چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات سىستېمىسى ئۇنىڭ نەقلىد قىلىپ ئىشلىگەن نۇسخىسىنى پۇلنى ئايىماي سېتىۋالغان. دوكتور بىللىي سىبوستونى ئىمزا قويۇپ، ۋارشاۋا شەرتنامىسىغا ۋە ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدىگە قاتناشقان دۆلەتلەر ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئېلېكترونلۇق

مېڭە چوڭ قاموس كىتابىنىڭ 4838-بېتىگە كىرگۈزۈلگەن، ئۇنچىۋالا تۈزۈت قىلىپ كەتمىسىلە!

مۇزىسىگە ئارتىلدۇرۇپ قىزىل ئوردېن لېنتىسى باغلىۋالغان ئەدەب-قائىدە ئەمەلدارى مىكروفوننى چوكا ياغاچ بىلەن توكلىدىتىپ ئورغىنىدا ئۇنىڭدىن كاننون زەمبىرەكنىڭكىدەك ئاۋاز چىقىپ، ئېنتىرنىڭ بالقۇرۇش بىلەن قايتۇرغان رەددىيىسىنى بېسىپ كەتتى.

— جاھاننىڭ داڭدار چولپىنى ئېنتىرغا سالام! — دەپ ۋارقىرىدى ئەدەب-قائىدە ئەمەلدارى.

— سالام، سالام! — دەپ ئاۋاز قوشتى خالايىق بىر ئېغىزدىن.

— ئېنتىر چولپاننىڭ شەھىرىمىز توپ كوماندىسىغا قاتنىشىشىنى قارشى ئالايلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمەلدار.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز! — دەپ ئاۋاز قوشتى ئەتراپتىكى ھەممەيلەن.

— ئېنتىر چولپان بىلەن دىلىمىز بىر!

— دىلىمىز بىر، دىلىمىز بىر!

— ئېنتىر چولپاندىن ئايرىلمايمىز! — دەپ قوشۇپ قويدى كىمدۇ بىرى ۋارقىراپ.

— ئايرىلمايمىز، ئايرىلمايمىز، زادى ئايرىلمايمىز! — دەپ ئاۋاز قوشتى ھەممەيلەن.

ئوركېستىر جۇڭگونىڭ «قەد كۆتۈرۈش مەدھىيە ناخشىسى» دېگەن شىمالىي شەنشى خەلق كۈيىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ «توخو فېرمىسىدا» دېگەن مۇزىكىسىنى ئورۇنلىدى، پەلەككە ياڭرىغان كۈي ئېنتىرنى قاتتىق مەپتۇن قىلىپ، شېرىن كەيپ بولغاندىكىدەك ھالەتكە كەلتۈردى، شەھەر باشلىقى ئۇنى ئۈچ قېتىم قۇچاقلىدى، چەت ئەل پۇرىقى قويۇق ۋە زامانىۋى چاكىنا تۈستىكى مۇزىكىدىن ھاياجانلانغان ئېنتىرمۇ ئەمدى تەنتەنىگە قوشۇلۇپ:

— شەھەر باشلىقىغا رەھمەت، شەھەر خەلقىگە رەھمەت! شەھەر باشلىقى ياشاپ كەتسۇن، شەھەر خەلقى ياشاپ كەتسۇن!

بىز بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز! — دېدى.

ئېنتر خۇدىنى بىلەلمەي قالغان شۇ پەيتتە، باشلىقلار ئۇنىڭ كونا كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا شەھەرلىك پۇتبول كوماندىسىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويدى. شەھەرلىك پۇتبول كوماندىسىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى بولغان ئۆمچۈك سۈرىتىدە زەر باسقان قارا گالستۇكنى تاقاپ، بېشىغا شلەپە كىيدۈرۈپ قويدى، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئولاش-چولاش يۆلەپ «بېنسى — 800» ماركىلىق، ئۈستى ئوچۇق ياسىداق پىكاپقا چىقاردى. ئۇنى شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمى بىلەن قىزى ئارىغا ئېلىپ، شەھەر باشلىقى كەينىدىن يۆلەپ تۇرغان پېتى، شەھەر رايونىنىڭ ئاساسىي كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يايراۋاتقان ھەر ساھە، ھەرخىل تەنلىك خەلققە كۆرسىتىپ ماڭدى. ئېنتر كۈلۈمسىرەپ، ئۆزمەي قول پۇلاڭلىتىپ باراتتى، نەچچە يەردە تۆت كوچا ئېغىزلىرىغا كەلگەندە پىكاپنى توختىتىپ، يىگىت-قىزلار تەقدىم قىلغان گۈللەرنى ئېلىشقا، ئۇلار بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈشكە مەجبۇرلىدى، تولا سۆيۈشۈپ، يۈزى قىزىل بوياق يۇقۇندىسىدا بويۇۋالغاندەك قىزىرىپ، پۈتۈن ئەزايى جۇغۇلداپ كەتتى.

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئېنتر خەلقئارا بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇلدى. قالغان كوللېكتىپ پۇتبولچىلار ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا. بىرلا ئېنتر بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا ياتتى. ئاندىن كېيىن ئېنتر ئاق، سېرىق، قارا ۋە قوڭۇر تەنلىك ئايال كۈتكۈچىلەرنىڭ كۈتۈشى بىلەن شۇتلاندىيە مۇنچىسىدا، پار مۇنچىدا، سۆگەت چىۋىقى بىلەن چىۋىقداش مۇنچىسىدا ۋە ئۆركەشلىك سۇدا ئۇۋۇلاپ داۋالىنىش مۇنچىسىدا يۇيۇندى. ئاندىن پۈتۈن ئەزايىنى كەسلەنچۈك مېيىدا مايلاپ، ئىنفرا قىزىل نۇر ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇر بىلەن قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئاشۇنداق مايلاش ۋە قۇرۇتۇشنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇتبولچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى

ئاشۇرىدىغان، ئاغرىقنى توختىتىدىغان، مۇداپىئەلىنىدۇرىدىغان ئاكتىۋاتورنى ۋە ئېسپىرتسىز قەھۋە ئامىللىق گورمونىنى ئۆكۈل قىلىپ سالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن پۇتبولچىلارنىڭ ترېنېرنى تەلەپ بويىچە قوبۇل قىلدى. ئۇزايىدىن كەسكىنلىك چىقىپ تۇرغان، چاچلىرى ئاقارغان، تەلەتى سۇرلۇك، بويى ئېگىز كەلگەن، كۈچ-قۇۋۋىتى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان بۇ ترېنېرنى كۆرۈپ، ئېنتېرنىڭ ئەرۋاھى 40 گەز ئۆچتى. ترېنېر ئۇنىڭغا بۈگۈن ئاخشاملا مۇسابىقىگە قاتنىشىش كېرەكلىكىنى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن كونىدىن ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن ھەم كونا دوست، يېقىن قوشنا بولۇپ كەلگەن قوشنا شەھەر كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىغە چۈشىدىغانلىقىنى، ئېنتېرنىڭ ۋاراتار بولۇپ، ۋىزانتىيىچە 4-2-3 لىك ھەم ئەركەك-چىشى بىلىقنەك كىچىك ئايلانما ھاسىل قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىشى كېرەكلىكىنى، مۇبادا ئۇتۇۋالسا كوماندا ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرسىگە 5000 دوللار بېرىلىدىغانلىقىنى، ئېنتېرغا يەنە 5000 دوللار ئاشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇتتۇرۇۋەتسىچۇ؟ — دەپ سورىدى ئېنتېر دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ.

— ئۇتتۇرۇۋەتسە، خىمىيىگە يەم بولىدۇ! — دېدى ترېنېر قاتتىق تەلەپپۇزدا، — يەنە سوئالىڭىز بارمۇ؟

ئېنتېر «خىمىيىگە يەم بولىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي، بېشىنى چايقىدى. كىسلاتا كۆلچىكىگە تاشلامدىغاندۇر؟ ئېلېكترولىزلامدىغاندۇ؟ كىرىستىن چېچىپ تېز ئۇكسىدلاشتۇرامدىغاندۇ؟ ياكى مىكرو ئېلېمېنتقا ئايلاندۇرامدىغاندۇ؟

ئېنتېرنىڭ ئالدىدا تاللىغۇدەك باشقا يول قالمىغانىدى، ئۇ بەدىنىنى ھايلىغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. پۇتبول دېگەن قانچىلىك نېمىدى؟ پۇت بىلەن تەپسەك، ئارقىدىن يۈگۈرسەك، بەرگە يىقىلىپ تۇرماي يېتىۋالساق، ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاققىدە رۇسلانساق ئىش

پۈتمىدۇغۇ. ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىدا، غەيرەت-جاسارىتى ئېشىپ، گويا غالىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان لەشكەر باشلىقىدەك، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا گۈس-گۈس دەسسەپ مېڭىشقا باشلىدى.

بىراق ئۇتتۇرۇۋەتسەكچۇ؟ تۇساتتىن قاتتىق سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلۇپ تېنى شۈركۈندى، ئېنىر «خىمىيگە يەم بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەگەر ئۇتتۇرۇۋەتسە ئۇنى دېۋرقاي رەڭگىدىكى خىمىيۋى يېپىشتۇرغۇچقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. يېپىشتۇرغۇچقا ئايلانغان ئادەم پىكىر قىلىشتىن، سېزىمدىن، ئازابلىنىشتىن، ئىنتىلىشتىن مەھرۇم بولمىسىمۇ لېكىن يەدەن كۆرۈنۈشىدىن، ئۆزگىچىلىكتىن ۋە تەنھا مەۋجۇتلۇقتىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. تېمىدىكەن دەھشەت، ئېنىر قورقۇپ غال-غال تىترەپ كەتتى. قېچىشىم كېرەك! قىلچە كېچىكسەم ئىش چاتاق! دېگەن خىيالغا كەلدى ئۇ. ئۇ ئۇدۇل دەرۋازىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى، چۈنكى، ئامانلىق ساقلىغۇچى ئورۇن ئۇنى قوغداشقا ئۈچ قەۋەت بوس قويغانىدى. شۇڭا ئۇ بالكونغا چىقىپ، يامغۇر سۈيىنى ئېقىتىدىغان قەلەي نوكەشكە يامىشىپ پەسكە سىيرىلدى. بوكلا قىلىپ، بىرسىنىڭ ئىسسىق قوينىغا چۈشتى...

— جېنىم ئامرىقىم! مېنى كۆرۈپ قاپسىز — ھە؟ مەن سىزگە سەجدە قىلىمەن، سىزنى سېغىنىمەن، سىزنى سۆيىمەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بارلىقىمنى سىزگە ئاتايمەن گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، سىز ئالتۇن بېلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چاغدىلا سىزگە كۆيۈپ قالغانىدىم! مەن سىزگە ئەگىشىپ جاھاننى بىر ئايلىنىپ چىقتىم! سىز قەدەم باسقانلىكى تۇپراقنى سۆيدۇم! باسقان ئىزىڭىزنىڭ توپىسىنى ئەتىۋالاپ يىغدىم. بىر مۇزېي يېسىتىپ، ئاۋازىڭىزنى كۆرگەزمە قىلغۇم بار! سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى داستان قىلىپ يازدۇرۇش ئۈچۈن ئېلان سودىگىرىدىن بىرنى ياللىۋالدىم! مېنىڭ ئىشقى ئوتۇمنى دېڭىز ئاستى ئېنىرگىيىسىگە ئايلاندۇرسۇن دەپ بىر ئىنژېنىر تەكلىپ قىلدىم. مەن سىزنى

تالاي قېتىم شەپەرەڭگە ئولتۇرۇپ ئىزدىدىم! ئاخىرى سىزنى تاپتىم! كاتتا ناخشىچى چولپان كېيۇتانىمۇ مەن بولىمەن. مەن كېچە-يۇ كۈندۈز خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا تەييار ئىدىم! سىزنى ئەڭ ئالىي خېرىدارىم، ئەزىز مېھمىنىم قاتارىدا كۆرۈپ، چەكسىز ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ رازى قىلىشنى خالايتتىم! يىراق زېمىنىڭىزگە ئالغان ۋەزىپە مۇھىم! يۈكىڭىز ئېغىر، يولىڭىز يىراق! كۆزلىگەن نىشانىڭىز ئۇزاق! سىزنى يىراققا سوزۇلغان قىسمەت يىپى باغلاپ تۇرىدۇ، كېيىن قالغان ئىشقا قار ياغىدۇ. ئالدىرىمىسىڭىز ئامەت قاچىدۇ! تېز قايتىڭ، چاپسان بولۇڭ! ئىككىمىز ئۆمۈربويى بىر-بىرىمىزنى بوزەك تاپماسلىق ھەققىدە ۋەدە قىلىشايلى! سىز ئۇياقتا كۈچ-قۇۋۋەت توپلاپ، جاسارىتىڭىزنى ئاشۇرۇپ ھەممىنى يېڭىپ چىقىڭ! مەن بۇياقتا ئوتىڭىزدا كۆيگەن كۈلىڭىز بولۇپ يۈرەكلەپ ئېچىلاي! چاپسان بولۇڭ، تېز قايتىڭ! مۇھىم ۋەزىپىڭىزنى ئەستىن چىقارماڭ، ھەيبەللى، ھەيبەللى. ئۇكەي، ۋاھ ئۇكەي؟

بارا-بارا شۇنىسى ئايدىڭلاشتىكى، قوشنا شەھەر بىلەن بۇ شەھەرنىڭ زېمىنى تۇتاش، يەر مەيدانى ۋە ئاھالىسى ئوخشاش، يەر تۈزۈلۈشى، تەلەپپۇزى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە كەسىپلىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن. پادىشاھ ئالىيلىرى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ ئىككى شەھەرنى «بەئەينى قوش كېزەك ھەمشىرىلەرنىڭ ئۆزى!» دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقانىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى شەھەر بىر-بىرى بىلەن قاتتىق ئۆچمەنلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ھەممىلا ئىشتا بەس تالىشىپ كەلگەن پادىشاھ ئالىيلىرى تەختكە چىقىپ 7-يىلى مۇشۇ شەھەر خان جەمەتىنىڭ ساياھەت تەرەققىياتى بويىچە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە قوشنا شەھەرنىڭ مۆتىۋەر-مويسىپىتلىرى غەزەپكە چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان. پادىشاھ ئالىيلىرى تەختكە چىقىپ 9-يىلى قوشنا شەھەر خان جەمەتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش كاتتا مۇكاپاتىغا

ئېرىشكەندە، بۇ شەھەرنىڭ مۆتىۋەر-موبىسپىتلىرى غەزەپكە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان. قىسقىسى، بۇ ئىككى شەھەر گۈل تېرىش، كۆكتات يېتىشتۈرۈش، ئوكۇل سېلىش، دورا سېتىش، خىمىيەۋى سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇھىتنى بۇلغاش، ئامانلىق ساقلاش، ئەنزە پاش قىلىش، پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، سەنئەت تاللاش، سەنئەتلەرنى ئىلغاش، تەيزۇۋازلىق، راكېتا ئېتىش، ئەخلەت دۆۋىلەش، قەبرە بېشىغا چىقىش، بىنانى ئېگىز سېلىش، ئورنىنى چوڭقۇر كولاش، يوتقان ئىچىدە ماھارەت كۆرسىتىش... دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە رىقابەتلىشىپ، ئۇنى ئالغا يۈكسىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئايلاندۇرغان، رىقابەت ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا بىر-بىرىدىن قېلىشماي، پادىشاھ ئائىلىلىرىغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. بىرلا پۇتبولغا كەلگەندە، بۇ شەھەر قوشنا شەھەرگە بەش نۆۋەت ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ھەممە يەلەن ئەلەم بىلەن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، قاتتىق ئۇياتتا قالغان. ئۆز-ئۆزىدىن خىمىيگە يەم بولغان پۇتبولچىلار يۈزىدىن ھالقىغانۇ، لېكىن يەنىلا ئۇتۇشتىن ئۈمىد ئۈزمىگەن. ئەنە شۇنداق پەيتتە، ئۇلار ئەبەدىي نۇقسانسىز ھەقىقەتنىڭ تىمسالى بولغان كىشىلىك ئارخىپى دەپ دۆلەت مۇداپىئەسى بېكىتىشىدىن ئۆتكەن «303-، B.P» ماركىلىق ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ياردىمى بىلەن غايىپتىن كەلگەن ئىنتېرنى بايقىغان، شۇڭا خۇددى خاسىيەتلىك يامغۇرغا ئېرىشكەندەك، خۇددى پارىژدىكى مۇقەددەس مەريەم ئانا ئىبادەتخانىسىنىڭ پوپى، ھۆسنى گۈزەل سىگان قىزلىرىغا ئېرىشكەندەك، پۈتۈن شەھەر قانداقمۇ تەنتەنىگە چۆممەي تۇرالىسۇن؟ شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى مەخسۇس كۈتۈۋېلىش راسخوتى ئۈچۈن شۇ يىللىق خامچوتىنىڭ يۈزلىنىڭ 41 پىرسەنتىنى ئاجراتتى، چېركاۋ ئىنتېرغا بەخت تىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس تالاۋەت ئۇيۇشتۇردى، ئاياللار ھوقۇقى تەشكىلاتى كېچە-كۈندۈز خىزمەتتە بولۇش ئۈچۈن 120 سەتەڭنى تەيىنلىدى. خەلق ئاۋىئاتسىيەسىنىڭ يېمەكلىك شىركىتى ئىنتېرنى بىر

يىلغىچە نۇرمىسىز كەڭتاشا تەمىنلەش ئۈچۈن دائىم قايماق مېيى ۋە فرانسىيە ئىرىمچىكى بەردى. ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئېنتىرغا ئەمدىلا ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان يېڭى تىپتىكى پىكاپنى سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى — ئەگەر مۇسابىقىدا يېڭىپ چىقسا — جاكارلىدى.

17 مىڭ تاماشىچى سىغىدىغان شەھەرلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىدى. ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ، «پادىشاھىمىز تۇمەنمىڭ يىل ياشاڭ، خانىشىمىز تۇمەنمىڭ يىل ياشاڭ» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى، شەھەر شېئىرى ئوقۇلدى، شەھەر بايرىقى چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن جايىغا ئولتۇردى. باللار گىمناستىكا ئويۇنى كۆرسەتتى، ياشلار گىمناستىكا ئويۇنى كۆرسەتتى. چوڭ چەمبىرەكلەر كۆرسىتىلدى. شارلار قويۇپ بېرىلدى، داقا-دۇمباق چېلىندى ھەمدە تىرىك ئادەمنى شارتلا بىرىپ تاشلايدىغان نەپەس گۈمپىسى ئويۇنى كۆرسىتىلدى، ئويۇن كۆرسىتىلىۋاتقاندا رادىئودىن: شەھەر باشلىقىدىن شەھەر خەلقىغە نەسىھەت، دوختۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىسىز نەپەس گۈمپىسىنى مەشىق قىلماڭلار، دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى مۇسابىقە باشلاندى.

مۇسابىقە باشلىنىپ تۆت مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەردى. قارشى تەرەپنىڭ سول يان ھۇجۇمچىسى — ئۈستۈنكى بىر چىشى تۆۋەن كالپۇكىدىن دىڭگىيىپ چىقىپ تۇرغان، قۇلاقلىرى سالپاڭ كەلگەن، «قارا ئېشەك» لەقەملىك بىر شۇم تەلەت توسقانغا يول بەرمەي. ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەي، توپنى پۈتىدا ئۇدۇل ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ تەرەپنىڭ ئارقا مۇداپىئەچىلىرى «قارا ئېشەك» كە كەينى-كەينىدىن سوقۇلۇپ ئۇيان-بۇيان تىك موللاق چۈشۈۋاتاتتى. توپ 12 ياردلىق ① جازا توپ رايونىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋاراتاغا يېقىنلا كېلىپ قالدى. قورقۇپ پۈتۈن ئەزايىنى

① يارد — ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر يارد 0.9144 مېترغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

تىترەك باسقان ئېنتر پالاقشىدە يەرگە يىقىلدى. دول شۇ پەيتتە «قارا ئىشەك» توپنى تازا كۆچەپ بىر تېپىۋىدى، ئۇدۇل كېلىپ ئېنترنىڭ بۇرنىغىلا تەگدى. ئۇنىڭ بۇرنى يانغا قىيسىيىپ قالدى-يۇ، لېكىن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن چىڭ بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ بۇرنىغا تەگكەن توپ كەينىگە قاڭقىپ كەتتى ۋە ھېلىلا توپنى قاتتىق تېپىپ تېخى يۈتىنى رۇسلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن «قارا ئىشەك» كە سوقۇلۇپ ئۇنى ئىتتىك موللاق چۈشۈردى، پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراپ، چوقانْ كۆتۈرۈلدى، غەرب شاملىدەك ھۇشقىتىش باشلاندى، ئۆز كوماندىسىدىكىلەر گۈررىدە كېلىپ، كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان پېتى ئېنترنى قۇچاقلىدى، بۇرنى ئېچىشىپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان ۋە بۇرنىدىن شۇرقىراپ قان ساقىۋاتقان ئېنترنى چاپۇتلاپ كۆتۈرۈۋېلىپ، يۇقىرى تاشلاشقا باشلىدى، مەيدان سىرتىدىن دوختۇر بىلەن سېستىرا قىزلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئېنترنىڭ بۇرنىنى تېڭىپ، قان يۇقىنى تازىلاپ قويدى. «قارا ئىشەك» ئاچچىقىدا جار-جار ۋارقىراپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز چېچىنى تال-تال يۇلۇپ، جەمئىي 49 تال چېچىنى يۇلۇۋەتتى. ھە-ھۇچى قىزلار ئاش كىيىملىرىنى، يوپكىلىرىنى ۋە بېيەك پايپاقلىرىنى سېلىپ، رەڭگا-رالىڭ كىيىملىرىنى بايراقتەك يەلپۈلىتىپ، رىتىم بىلەن:

— ئېنتر، بىز سىزنى سۆيىمىز! — دەپ ۋارقىراشتى.

ئەمدىلا ئېسىنى يىغىپ تۇرغان ئېنتر قول پۇلاڭلىتىپ ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە:

— مۇنچىۋالا جىق قىزنى سۆيۈشكە چولام تېگەمدىغان! ئۇنداق ماغدۇر مەندە نېمىشقىلسۇن! — دەيتتى.

بۇنىڭدىن پۈتۈن مەيداندىكىلەر كۈلۈشۈپ، ئېنترنى ئۇستا قىزىقچىكەن دەپ قېلىشتى.

مۇسابىقە يەنە داۋاملاشتى، قوشنا شەھەر كوماندىسىدىكىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، توپنى ئالدىنقى مەيداندىن نېرىغا ئۆتكۈزەلمىدى. ئېنتر ئارىدىكى بوش قالغان ۋاقتىنى پايدىلىنىپ، بىلەكلىرىنى

سوزۇشتۇرۇپ، مۇرىسىنى قىسىپ، پۇتلىرىنى ئازادە كېرىپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىگە گىرە سېلىپ تۇراتتى ھەمدە سىزنى سۆيىمىز دەپ ۋارقىراشقان قىزلارغا بىر-بىرلەپ سەپسېلىپ، كۆز قىسىپ، قاش ئېتىپ بەكمۇ شوخلۇق قىلىۋاتاتتى.

كېيىنكى يېرىم مەيداندىكى مۇسابىقىدە قوشنا شەھەر كوماندىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. «قارا ئېشەك» يەنە بىر قېتىم توسقاتلارنى چەتتە قالدۇرۇپ، ۋاراتاغا يېقىنلا كېلىپ توپنى تېپىشكە تەمشەلدى. بۇرنىغا يەپ بىرىنچى ساۋاقتا ئىگە بولغان ئېنتىر «قارا ئېشەك» نىڭ يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىدە ئەرۋاھى ئۇچتى-دە، دەرھال نارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بېشىنى قۇچاقلاپ قۇيرۇقىنى يۇسكايتىپ جىم تۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم تېپىلگەن توپ ئۇبلىمغان يەردە توپتوغرا ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا تەگدى. بەلكىم ئۇنىڭ قۇيرۇقى ناھايىتى چىڭ بولسا كېرەك، بەلكىم ئۇنىڭ قۇيرۇق سۆڭىكى بەك قاتتىق بولسا كېرەك، بەلكىم توپنىڭ ئېتىلىپ بېرىپ چۈشۈش نۇقتىسى توغرا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك، بەلكىم ئېنتىرنىڭ ئۆزىمۇ ھېچقاچان بايقاپ باقمىغان بىرەر ئالاھىدە گۈمپىسى ئىشلەپ قالغان بولسا كېرەك ۋە بەلكىم ھېچبىر سەۋەبسىز بولمىغان بولسا كېرەك. ئىشقىلىپ 3—4 ئۆلچەملىك ماكان دائىرىسىدە سېزىش ۋە چۈشىنىش مۇمكىن بولمىغان قانداقتۇ بىر قۇدرەت. قانداقتۇ بىر كۈچ تەسىرىدە، يەقەت 6-سەزگۈ ئەزاسىنىڭ يوللىرى ھەققىدىكى سىرلىق تەلىمات، بىڭچە تەپەككۇر ئىلمى ئارقىلىقلا چۈشىنىشكە بولىدىغان، كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان تەسىرنىڭ كۈچىدە دۇنياۋى پۇتبول تارىخى بويىچە بىر مۆجىزە يۈز بەردى: ئېنتىرنىڭ قۇيرۇقىغا تېگىپ كەينىگە قاڭقىغان توپ پۈتۈن مەيداندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نيۇتوننىڭ مېخانىكا قانۇنىدىن ھاسىل بولغان نۇرلۇك فورمۇلىلارنى ئۆزگەرتىپ، قىل ئۇيان-بۇيان كەتمەي، توپپتوغرا قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا چۈشتى (ئىشەنمىسىڭىز ئۆز ىگىزنىڭ شورى!).

توپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندىكى پۈتبولچىلار، رىبېرلار، نومۇر خاتىرىلىگۈچىلەر، ۋاقىت خاتىرىلىگۈچىلەر، ساقچىلار، تازىلىق ئىشچىلىرى ھە-ھۇچىلاردىن نارتىپ پۈتۈن تاماشىچىلارغىچە ھەممىيلەن داڭقىتىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، پۈتۈن مەيداننى جىمجىتلىق قاپلىدى، ھەتتا يەر شارىنىڭ ئايلىنىشتىن 15 سېكۇنت توختاپ قالدى.

15 سېكۇنتتىن كېيىن، ھەممىدىن بۇرۇن شەھەر باشلىقى ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. خۇشاللىق، ھەيرانلىق دەستىدىن پۈتۈن مەيداندىكىلەرمۇ ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى، يىغلاپ بولۇپ ھا-ھالاپ كۈلۈشتى، كۈلكىدىن كېيىن ۋارىلداپ يىغلىدى. ھەتتا تېلېۋىزور ئالدىدا مۇسابىقىنى ئۇدۇللۇق كۆرۈپ ئولتۇرۇشقان تاماشىچىلارمۇ يىغا ھەم كۈلكىسىنى باسالماي قېلىشتى.

شەھەر بويىچە، دۆلەت بويىچە، دۇنيا بويىچە مۇشۇ مۇسابىقىنى تېلېۋىزوردا ئۇدۇللۇق كۆرۈپ تۇرغانلىكى بەندىلەرنى ئەسەبىلىك چىرمىۋالدى. بولۇپمۇ «قارا ئېشەك» ئاچچىقىدا چىشىنى قاتتىق چىشلەپ، يەردە ئېغىناق ئېتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەسرەت چەككەچ ئۆز ساقىلىنى يۇلۇشقا باشلىدى، جەمئىي 36 تال ساقىلىنى يۇلۇۋەتتى.

ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندىلا تەرتىپ ئىزىغا چۈشۈپ مۇسابىقە داۋاملاشتى، بىتچىتى چىققان قوشنا شەھەر كوماندىسى يېڭىلىپ ھالىدىن كەتتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئېنتر كاتتا توپچى چولپانلىق ھاياتىنى باشلىدى، تۈگىمەس-پۈتمەس تاج-دۆلەتكە، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شان-شەۋكەتكە، ئويلاپ يەتكۈسىز مىلىي جەننەتكە، ھەددى-ھېسابسىز بايلىق-نېمەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ سۈرىتى كوچا-كوچىلارغا چاپلاندى، باج ئىدارىسى ئۇنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتىگە بىر قارىۋالغان ئەرلەردىن بەش تىيىن، ئاياللاردىن 55 تىيىن

يۇقىرى روھىي ھالەتنى تەڭشەش بېجى ئېلىشنى بەلگىلىدى؛ قۇۋۋەت دورىسى تەشۋىق قىلىنغان بىر ئېلانغا ئۇنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئېلان شىركىتى ئارقىلىق 50 مىڭ دوللار ھەق ئاۋانس قىلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا بويىچە ئەشۇ ئەرلىكنى كۈچەيتىدىغان قۇۋۋەت دورىسىدىن بىر تال سېتىلسا، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمنىڭ تۆتتىن بىرى ئېنترنىڭ ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغانلىقى ئاشكارا جاكارلاندى. ئېنترغا پىكاپلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «پەۋقۇلئاددە ھەرىكىتى ۋە تەقى-تۇرقى» ئۈچۈن سايامەتچىلىككە خاس ماتورلۇق قېيىقتىن بىرسى قوشۇپ تەقدىم قىلىندى. خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تەقدىم قىلغان، ۋاقتى ئۆتكەن قايماق ماي ۋە ئىرىمچىك يەپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئېنتر ئۇنى ئالاھىدە قول ھۈنەر سەنئىتى شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، قايماق ماي ياكى ئىرىمچىكنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسىغا بۇددا نومىنىڭ، ئىنجىلنىڭ، قۇرئاننىڭ ۋە مۇشتەرىلار مەجمۇئەسىنىڭ پۈتۈن تېكىستىنى ئويۇپ ياتقۇزۇش مۇمكىن ئىدى، ئۇ سېتىلسا، جۇڭگونىڭ ناسىۋال قۇتىسىغا چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەردىنمۇ بەكرەك بازار تېپىپ، كۆپلەپ چەت ئەل پۇلى كىرىم قىلىشقا بولاتتى. ئېنترنىڭ ئىككى قېتىم ۋاراتار بولۇپ كۆرسەتكەن ئالاھىدە خىزمىتى ھەققىدە شەھەر بويىچە، دۆلەت بويىچە ۋە يەر شارى بويىچە 73 نۆۋەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. «ئېنتر پۇتبول ئىلمىي جەمئىيىتى»، «ئېنترچە ئويۇن تەتقىقات جەمئىيىتى»، «ئېنتر قانۇنى ئىجادىيەت جەمئىيىتى»، «ئېنترنىڭ پۇتبول ماھارىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى»، «ئىشتىن چېكىنگەن پېشقەدەم پۇتبولچىلارنىڭ ئېنترغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش دوستلۇق جەمئىيىتى» ... دېگەن ئوخشاش تەشكىلاتلاردىن مىڭ نەچچىسى قۇرۇلدى. تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللاردا تەنتەربىيە مۇخبىرلىرىنىڭ، تەنتەربىيە پروفېسسورلىرىنىڭ، تەنتەربىيە ئوبزورچىلىرىنىڭ ۋە ھەۋەسكار تەنتەربىيە ئىلمىي خادىملىرىنىڭ ماقالە، ئۇچېركى، زىيارەت خاتىرىسى، ئاخبارات ئەدەبىياتى،

www.uyghurkitap.com

ھۆججەتلىك ھېكايىلىرى بولۇپ ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق بېسىلدى، تۈرلۈك تىللار ئارا قىلىنغان تەرجىمىلەر، تەرجىمىدىن تەرجىمىلەر، تۈرلۈك تىللار ئارا تۈزۈلگەن ئىخچام تاللانما نەسەرلەر، نەشرىياتلار- نىڭ نامىنى سېتىپ نەشىر قىلىنغان كىتابچىلار ھەددى-ھېسابسىز. دۇنياغا كەڭ تارقالغان ئۇسسۇللار «ئېنترنىڭ چاتما ھەرىكىتى» نى يەنى ئاۋۋال ئۆرلەپ چىقىش، ئاندىن يانغا تاشلىنىپ يەرگە يېتىۋېلىش، بۇرنىنى ئالدىغا چوقچايتىش، كەينىگە بۇرۇلۇش، سەكرەش، بۇرۇلۇپ كەينىنى قىلىۋېلىش، ئۈچ قېتىم قۇيرۇق يۇسكايتىش ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ھەرىكەت پۈتۈن يەر شارىغا يۈز كەتتى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى سەتەڭ تاللاش مۇسابىقىسىدە، نامزاتلىققا تاللانغان قىزلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئۇسسۇلنى ئوينايدىغان بولدى، بۇ ئۇسسۇل ئەنئەنە قىلىپ ساقلىنىدىغان نومۇرغا ئايلاندى. ئېنترنىڭ ئۆزى خەلقئارا ئۇسسۇل تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى بولۇپ قوبۇل قىلىندى ھەمدە ھەددى-ھېسابسىز ئارتۇقچە ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئېنترچە كىيىم تەتقىقاتى»، «ئېنتر يومۇرلىرىنىڭ ئاساسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «ئېنترنىڭ خىسلىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ئېنترنىڭ سەنئەت تۇسىنى ئالغان توپ ماھارىتىگە بىر نەزەر»، «ئېنترنىڭ بۇرنى ۋە قۇيرۇقى ئۈستىدە ئومۇمىي سېلىشتۇرما تەھلىل» دېگەنگە ئوخشاش بىھىسابى تېپىلغان ئۇتتۇرىغا چىقتى ھەمدە بۇلار تاللانت مەزھىپى، مەيدانىنىڭ ئۆزىدە كارامەت كۆرسىتىش مەزھىپى، ستراتېگىيە مەزھىپى ۋە ماھارەت مەزھىپى دېگەن تۆت مەزھەپكە ئايرىلدى.

يەنە ئېنترنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىشكە مۇھىمى، ئا- تالانتى، ب- مەيدانىنىڭ ئۆزىدە كارامەت كۆرسىتەلىشى، س- ستراتېگىيىلىك ئىدىيىدە ئۈستۈن چىققانلىقى، د- ماھارىتىنى كامالىغا يەتكۈزۈپ جارى قىلغانلىقى سەۋەب بولدى دەپ ھېسابلاندى. نەمدى ئېنتر تاپشۇرۇۋالغان سالام خەتلەر، ھال

سوراش خەتلىرى. ئىمزا قويۇلغان سۈرەتنى تەلەپ قىلىپ يېزىلغان خەتلەر ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان خەتلەر ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئېنتىر خەت-چەكلەرنى رەتلەپ بېرىشكە بىر كاتىپ ياللىۋالدى، كاتىپ ئېنتىر بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئارزۇسىدىن بېشارەت بەرگەن نازىنىن خېنىم-قىزلارنىڭ خەتلىرىگە نومۇر قويۇپ، ئۇنى ئېلېكترون مېڭىگە قاچىلاپ بەردى، ئېنتىر ئۇنى بىر-بىرلەپ ئېكرانغا چىقىرىپ ئوقۇپ لەززەتلەندى ھەمدە ھەممىسىگە ئۆز قەلىمى بىلەن جاۋاب يازدى، قالغان خەت-چەكلەرنى كاتىپنىڭ تاغارغا قاچىلاپ ئەسكى-تۈسكى يىغىۋېلىش پونكىتىغا سېتىۋېتىش ئىختىيارىغا تاپشۇردى، بۇ خەتلەرنى سېتىۋالغان ئەسكى-تۈسكى يىغىۋېلىش پونكىتىنىڭ خادىمى شۇ يىل پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ «قەدىرلىك كەسىپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

ئېنتىرنىڭ ئۆزىلا مۇكاپاتلىنىپ قالماي، شەھەر باشلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرىمۇ تالانت ئىگىسىنى ئىزدەپ تاپقانلىقى، قەدىرلىگەنلىكى ۋە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ كابىنېتىنىڭ تارتۇقىغا ئېرىشتى. شەھەر باشلىقى خانىش مېدالىغا ئىگە بولدى ھەمدە ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئوڭدۈل كەلگەن يەرگە سىيگەنلىكى ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلغان گرافلىق ئۇنۋانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بەش مۇلازىمنىڭ ھەربىرى مىڭ دوللاردىن پۇل ۋە دەرىجىسىنى بىر بالداق ئۆستۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئېنتىر گويا قاناتلىنىپ ئۇچۇپ نەگە قونۇشىنى بىلمەي قالغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ بۇنى كۆرۈۋاتقان چۈشۈم ئەمەس دېيىشكە ئىشىنەلمىدى. ئىككى بىلىكىنى تولا چىشلەپ يارا قىلىۋەتتى، جەينىكىنى چىشلەشكە ئېغىزى يەتمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ-كىچىك بىلىكىنىڭ ھەممە يېرىنى چىش ئىزى قىلىۋەتتى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا تارقىلىپ، مودىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ ياشلار بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن بۇ بىر-بىرىنى چىشلىشىپ، بىلەكلىرىگە چىش ئىزى چۈشۈرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشتى. ئەتىگىنى كەچلىكىگە كۆز

يەتكۈزەلمەي تۈگىشەيلا دەپ قالغان بىر شەھۋانىي ژۇرنال ئەنە شۇ بىلەكلىرىگە چىش ئىزى چۈشۈرگەن يىگىت-قىزلارنىڭ سۈرىتىنى بېسىپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، تىراژى بىردىنلا كۆپىيىپ، زىيان تارتىش ئورنىغا پايدا ئېلىپ، كاتتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. بۇ ژۇرنال ئۇدا ئۈچ سانىغا ئىنتىرنىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈشتىكى سۈرىتىنى مۇقاۋا قىلىپ باستى.

ئىنتىر ئۆز ئۆمرىدە مۇشۇنداق بىردىنلا تويچى چولپان بولۇپ قېلىشىنى ۋە تويچى چولپان بولغان كىشىنىڭ مۇنداق ھەشەمەتكە ئىگە بولۇشىنى، ئىگە بولغاندىمۇ كىنو ئارتىسى بولۇپ ئاسماندىن پەرۋاز قىلىپ چۈشسەم دېگەن شېرىن خىيالدا كۈتكىنىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق دۆلەتكە ئىگە بولۇشنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغان! ئۇ ساند ۋىگ① سېتىپ قاملاشتۇرالمىغان، ئۇ كىرا ماشىنىسى ھەيدەپ قاملاشتۇرالمىغان، ئۇ خەقنىڭ پىكابىغا ماي قاچىلاپ بېقىپ قاملاشتۇرالمىغان، ئۇ تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ بېقىپ قاملاشتۇرالمىغان، ئۇ خوجايىنلارنىڭ يۈكتاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپمۇ قاملاشتۇرالمىغان ئىدى. ئۇ ئىشسىزلىق، ئىش تەلەپ قىلىش، قەرزگە بوغۇلۇش، يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈش، ئۈچىسىنى ياپقۇدەك كىيىم كىيەلمەسلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن تالاي كۈنلىرىنى، بولۇپمۇ جامائەت سورۇنلىرىدا خەقنىڭ يامان كۆزىگە يولۇققان، يۇقىرى مەرتىۋىلىك خوجاملارنىڭ بىرى تۇر، نېرى تۇر دەپ دۈشكۈشلىشىگە ئۇچرىغان ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالغان ھامان غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئەلەمدىن باشلىرى ئارامىلايتتى، ئۇ شۇ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىدىن ھەسرەتلەنسە، بۈگۈنكى ئامەتتىدىن شادلىنىپ خۇددى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە مۇشۇنداق كۈنلەرگە ئىگە بولۇشنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدى. مانا يېمەكتىن غېمى يوق، يا كىيىمدىن، يا ياتاقتىن غېمى يوق،

① بىر خىل تائام.

يا پىسكايىتىن، يا دوستىدىن غېمى يوق، يا خۇشاللىقتىن، يا لازىمەتلىكتىن، يا ئاماشىدىن غېمى يوق. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئورۇن سىلىپ ۋە ئورۇن يىغىپ بېرىدىغان ئادىمى تەييار. بەخت-سائادىتى، ھۇزۇر-ھالاۋىتى يېتىپ ئاشقىچە بار. ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى جامائەت سورۇنلىرىدا سۇرلۇك تۇتۇشقا ئۆگەتتى، خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئەھۋال ئىگىلەشكە كەلگەن مۇخبىرلارغا يېنىشلاپ-يېنىشلاپ: «ئېمىدىگەن تېتىقسىزلىق» دەيدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنى سۇرلۇك تۇتقانسېرى، چارچىغانسېرى ۋە زېرىككەنسېرى كاتتا ئەربابلارغا ئوخشاپ قېلىۋەردى، قەدىر-قىممىتى يۈز ھەسسىلەپ ئېشىۋەردى!

ئۆزى تەنها جىمجىتلىقتا چۆككەن چاغلىرىدا — مۇھەببەتلىشىپ بولۇپ ئوخلاش ئارىلىقىدا، كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇش ئارىلىقىدا، تاماق يەپ بولۇپ قەھۋە ئىچىش ئارىلىقىدا، مۇنچىدىن چىقىپ كىيىنىش ئارىلىقىدا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چاغلاردا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئىختىيارسىز بىرۇئۇن ھەرىكەتكە بەنت بولاتتى. بۇ ئىشلار زادى نېمە سەۋەبتىن بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇ راستىنلا پۇتبول تېپىشنى بىلەمدۇ؟ ئۇ راستىنلا توپچى چولپان ئىبتىرمۇ؟ كىشىلەر ئۇنىڭدەك بىر سەرگەردانغا ئەقىل يەتكۈزگۈسىز شۇنچە ھۆرمەت-ئىززەتنى، شۇنداق ئۇلۇغ پۇرسەتنى جىمدىن بەخش ئېتىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ ئانىسىدىن پۇتبول تېپىدىغان تالانت ۋە تەقدىر بىلەن تۇغۇلغانمۇ؟ ئۇ ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا ئاپىرىدە بولغان چېغىدىلا پۇتبول تېپىدىغان ئېرسىيەت گېنىنى ھازىرلىغان بولۇپ، كۆزى يورۇغاندىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل مابەينىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەنمۇ؟ ئۇ راستىنلا قاتتىق تەنتەربىيە مەشقى، ساغلاملىق مەشقى، ئاساسىي ماھارەت مەشقى، تاكتىكا مەشقى، قارشىلىق مەشقى دېگەنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنمۇ؟ ئۇ راستىنلا ھىكمەتلىك بالا پۇتبولچى بولۇپ، ئالتۇن بۇرگە، ئالتۇن چۈسى، ئالتۇن بىلىق، ئالتۇن تۆگە، ئالتۇن دىنوزاۋۇر مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەنمۇ؟ ئۇ ۋاراتاللىق قىلىشنى، توپ ئېلىپ مېڭىشنى، پاس بېرىشنى ۋە

ۋاراناغا قارىتىپ تېپىشنى راستىنلا بىلەمدۇ؟

ئەنە شۇ سوئاللار ئۇنى بىر تۇرۇپ زەھەرلىك يىلاندەك چاقسا، بىر تۇرۇپ لاۋۇلدىغان ئوتتەك كۆيدۈرۈپ ئازابلايتتى. پۈتۈن ئەزايى ئوتتەك قىزىشىپ كېتەتتى، بىرقانچە رەت تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندە، تېرمومېتىرنىڭ سىماب ئۆۋرۈكى بەك ئۆرلەپ كەتكەچكە ئەينەك نەيچىسى يېرىلىپ كېتىپ، توغرا پارامېتىرنى بىلىش مۇمكىن بولماي قالدى.

شۇ سوئاللارغا كەسكىن ۋە ئېنىق جاراڭلىغان بىر ئاۋاز جاۋاب بەردى: ياق! ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇ يۈتىۋالچى ئەمەس! توپچى چولپان ئېنىتر ئۇ ئەمەس! مۇنچىۋالا ئىززەت ئۇنىڭغا ياراشمايدۇ، زايا كېتىدۇ! ئۇنىڭ بوساھەدە مەشىق قىلىپ باققان يېرىمۇ يوق، تالانتىمۇ يوق! راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ يۈنىبولدىن قىلچە خەۋىرى يوق! يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلار ئەقىلغە سىغمايدۇ، ئېھتىمالدىنمۇ يىراق!

ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ ئۇنىڭغا قانداق ئامەت كەلدى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ھازىرقى ھالەتكە يەتتى؟ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگى زادى نېمە؟ ئۇ ئالدامچىمۇ؟ ئۇ پادىشاھ ئالىيلىرى، شەھەر باشلىقى، مۇلازىملار ۋە ئەل-جامائەتنى نارىنىپ ئۆز جىسمىنى ئىختىيارى بىلەن تەقدىم قىلغان جەزىبدار قىزلارغىچە ھەممىنى ئالدىدىمۇ؟ شەھەر باشلىقى ئالدامچىمۇيا؟ شەھەر باشلىقى پادىشاھ ئالىيلىرىنى، شەھەر خەلقىنى ئالداش بىلەنلا قالماي، مۇشۇ بىگۇناھ يىقىر ئېنىتر سولتەكنىمۇ ئالدىدىمۇ؟ مۇلازىملار ئالدامچىمۇ؟ ئېلېكترونلۇق مېڭىنى لايىھىلىگۈچى ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى تېنىك ئالدامچىمۇ؟ ئېلېكترون مېڭىنى باھالاپ بەرگەن دوكتور سىبوستونى ئالدامچىمۇ؟ تەنتەربىيە مۇخبىرلىرى ۋە تەنتەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئالدامچىمۇ؟ قوشنا شەھەر كوماندىسى ۋە «قارا ئېتەك» ئالدامچىمۇ؟ چوڭ-كىچىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئالدامچىمۇ؟ ئوتتۇرۇۋاتقانلار «خىمىيگە يەم بولىدۇ» دەپ تەھدىت سالغان تىرنىر ئالدامچىمۇ؟

خورچىلار ئالدامچىمۇ؟ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئالدامچىمۇ؟ گىمناستىكا كوماندىسىدىكىلەر ئالدامچىمۇ؟ پۇتبول توپىنى ئىشلەيدىغان فابرىكا سودىگەرلىرى ئالدامچىمۇ؟ ئۇنىڭغا بىنىي پىكاپ سوۋغا قىلغان زاۋۇت خوجايىنى ئالدامچىمۇ؟ خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ جىگلىسى ئالدامچىمۇ؟ مېخانىكا قانۇنىنى كەشىپ قىلغۇچى ئالدامچىمۇ؟ ئۇنىڭ داڭقىغا قىزىقىپ خەت يازغانلار ئالدامچىمۇ؟ ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ۋە ئۇنى ناۋاتتەك شۈمۈپ يەۋەتكۈسى كەلگەن خېنىم-قىزلار ئالدامچىمۇ؟ ئۇنىڭ باسقان ئىزىنىڭ توپىسىنى قەدىرلەپ يىغماقچى بولغان ئىشقىۋاز خېنىم كىيۇتانىمى ئالدامچىمۇ؟

ئەنە شۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئېنىتر ئەمدى گويا مۇزدەك سوغۇق سۇغا چۆمۈلگەندەك سۆڭەكلىرىگىچە مۇزلاپ چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىش ئاخىر بىر كۈنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە پاش بولىدۇ، پۇت-قولۇمغا كويزا-ئىشكەل چۈشىدۇ، سوتقا ئېلىپ بېرىپ سوراققا تارتىلىمەن، سۆزسىز ئىقرار قىلماي تۇرالمايمەن، گەرچە بۇ ئىشنى ئۆزۈم خالاپ، ئۆزۈم باش بولۇپ، ئۆزۈم ھە-ھۇ دەپ قىلمىغان بولسامۇ، باشتا توساتتىن بېشىمغا قونغان بۇ چاقچاق پەدىسىدىكى ئىززەت-ئابرويىنى — چوڭ ئۇققۇشماسلىقنى بار ئاماللار بىلەن رەت قىلىشقا تىرىشقان بولسامۇ، بۇ بەرىبىر ئاقمايدۇ دېگەنلەرگە ئىشەندى. ئۇ شۇ ئۇققۇشماسلىقنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن كەربالادەك ھېچبىر قۇتۇلۇشقا ئىمكان بەرمەي ھۆتلەق ئىشقا ئايلىنىپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. خوش، بۇ ئىشلارغا كىم جاۋابكار؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزى جاۋابكار ئىدى، ئەمما بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ دۆلەت نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆزىگە راستچىللىقنى تۇۋرۇك قىلىپ كېلىۋاتقان، ئالدامچىلارنى قاتتىق جازالاپ كېلىۋاتقان دۆلەت، ئېنىتر ئاخىر بىر كۈنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇش ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

بىردىنبىر يول قېچىپ كېتىش ئىدى. ھازىر قاچسا كېچىكمىگەن،

پاتقاقتا چوڭقۇر پاتمىغان، بۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتتىن — مەسىلەن: خانلىق پۈتبولچىلار كۇلۇبىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ مىس ھەيكەل ئورنىتىشىنى، پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن، بىرەرسىنىڭ ئۇنى ئۆز جىسمىنى بەخشەندە قىلغان سەنەتكارنىڭ قورسىقىدا بالا قىلىپ قويدى دەپ قىلىشىدىن خالىي بولالايتتى. ئۇ بۇ يەردىن خالىغانچە چىقىپ كېتەلەيتتى، تىرنىپر ئۇنى باشقۇرالمايتتى، ئۇ غايىپتىن ئېرىشكەن خانلىق پىكاپىغا ئولتۇرۇپ، سائىتىگە 330 مىل تېزلىكتە ھەيدىسە، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ موتسىكلىتلىرىمۇ قوغلاپ يېتىشەلمەيتتى، ئۇسىسىگە ئىنچىكىلىك بىلەن خەت نويۇپ دىنىي دەستۇر ۋە ئوقۇشلۇقتا ئايلاندۇرۇلغان ئېرىمچىكلەرنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قوساق تويغۇزالايتتى، ئۇ كېچىلەپ يولغا چىقىپ، بالىكاچ تانسا ئوينايدىغان كېچىلىك كۇلۇبقا بىرىۋالسىلا، قىلچە گۇمان قوزغىمايتتى. «قارا ئۆردەك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ كۇلۇبتىن ماشىنا بىلەن ئۈچ مىنۇت ماڭسىلا تىنچ چېگرىغا يېتىپ، ھەممە ئادەمگە ئوچۇق، ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئەركىن-ئازادە جۇمھۇرىيەتكە ئۆتۈپ كېتەلەيتتى، ئۇ ئەركىن جۇمھۇرىيەتتە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزسە، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى شۇ يەردىكى ئاممىباب، ھۆججەتلىك ھېكايە يازغۇچىلىرىغا سېتىپ بەرسە بولىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىق كۆز قارىشىنىڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىشىغا يەتكۈدەك دەرىجىدە قىزىقارلىق جەلپ قىلارلىق بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋابكارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى قارىسىغا ئېرىشكەن پىكاپ، دوللارلارنى جۇمھۇرىيەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئارقىلىق پادىشاھ ئائىلىسىگە ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىغا قايتۇرۇۋېتىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، «ماڭا كۆيگەن قىزلارغا» دېگەن مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىدۇ، ناخشىسىنىڭ تېكىستىنى ھۇررىئو ئىدرىسىياس تولا ئېيتىپ داڭلىق كەتكۈزگەن ئەسلىدىكى ناخشا تېكىستىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ يېڭىلىسا بولىدۇ، ئۇ مەن ھېچكىمنى ئېزىقتۇرغىنىم يوق دەپ ئۆزىنى

ئاقلىسا بولۇۋېرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ توپچى چولپان بولمىسىمۇ، لېكىن ئەرلىك مىجەزى، ئەرلىك ئەزاسى توپچى چولپانلارنىڭكىدىن زادى كەم ئەمەس، ئۇ ئەشۇ خېنىم-قىزلارغا يۈز كېلەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى مەڭگۈ تېپىدىن چىقارمايدۇ...

ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۇمھۇرىيەتتە ئەركىن ۋە ئادىل رىقابەت ئېلىپ بارالايدۇ. ئۇ مەدىكارچىلىق قىلسا، چىم قىرقىسا، ئەۋرەز يوللىرىنىڭ لېيىنى چىقارسا، قاچا-قۇچا يۇسا بولۇۋېرىدۇ، پىت بازىرىغا بېرىپ ئەسكى-تۈسكى كىيىم-كېچەكلەرنى ھايىنىغا ساتسا بولۇۋېرىدۇ، جىقراق پۇل تاپاي دېسە، ئەر بىلەن ئەر، ئايال بىلەن ئايال مۇھەببەتلىشىدىغان تۈزى قىرى، پۇلى جىق زەردارلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسىمۇ. دوختۇرخانىلارغا بېرىپ ئەيدز كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلارنى كۈتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئۇ ئاغزىغا ماسكا تارتىپ، قولىغا پەلەي كىيىپ، ئاشۇ كېسەللەر بىلەن مۇھەببەتلىشىشتىن ساقلانسىلا، ئۇنىڭ ئاشۇ كېسەللەرنى يۇقتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بۇئېن ماركىلىق يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ پاچاقلىنىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ كۆپ ئاز بولىدۇ... ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر خۇدا ئامان قىلسا، ھەممە ئىشى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇ كىچىككىنە بىر چەرچىن مال دۇكىنى ئېچىپ سېغىز كەمپۈت، تاھارەتخانا ئەۋرىزىنى تازىلايدىغان سۇيۇقلۇق، ئاياللارغا كېرەكلىك تەۋرەتكۈچ ۋە «سۆلەتلىك بەگزادە» دېگەن شەھۋانىي ژۇرناللىنى ساتسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قارا تەنلىك بىلەن ئاق تەنلىكنىڭ ئارىلاش نەسلىدىن بولغان قىرى قىزدىن بىرنى خوتۇنلۇققا ئالسا بولغىنى...

بىراق... ئۇ قايتا-قايتا بەل باغلاپ، پىلان قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرغان پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى بوش كەتكۈزۈپ، قېچىپ كەتمىدى. ئۇ قېچىپ كېتەلمەسلىكىگە ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇ ھەر بىر قېچىشقا تەمشەلگىنىدە، پىكاپنىڭ ماتور تەپكىسىنى تېپىشكە پۇتى بارماي قالدى. ئۇ قانچىكى قاچقۇسى كەلسە، شۇنچە قاچالماي قالدى. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ پسىخولوگىيىنىڭ

بىر سىرى دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن ئۇ ھاياتىنىڭ كۆپرەك ۋاقتىدا، بولۇپمۇ شىتىلىسى قورغىلىپ مۇھەببەتلىشىش ئارىلىقىدا، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ بولۇپ رەسمىي تاماق يېيىش ئارىلىقىدا، مال تاللاپ بولۇپ، پۇل تۆلەش ئارىلىقىدا، تويتا يەڭگەندىن كېيىن يېڭىلىش ئارىلىقىدا، ئاشۇ سوئاللار دەستىدە بەزگەك تىترەپ، بىردەم ئوتتا كۆيگەندەك، بىردەم مۇزغا چۈشكەندەك ئۆزىنى ئازابلاپ يۈرگىنى يوق. پۈتۈنلەي ئوقۇشماسلىقتىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ توپىچى چولپانغا، كاتتا زاتقا ئايلانغاندىن كېيىن، كۆنى سولتەك ۋاقتىدىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان دەرىجىدە كۆڭلى توق، ئالدىراش، خۇشال ۋە كۆڭۈللۈك سەزدى. ئۇ ھېچقاچانمۇ مۇنداق گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقمىغان، ھاياتتا كىشىنى شۇنچىۋالا جەلپ قىلىدىغان گۈزەللىك بارلىقىنى بىلىپ باقمىغان. ئۇ ئادەمزاتنىڭ سەرخىلى بولغان پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ ئەنۋار يۇقرالىرىنىڭ، ئاللانىڭ سادىق بەندىلىرىنىڭ، ئاق سۆڭەكلەر جەمئىيىتى جەۋھەرلىرىنىڭ ۋە شۇ جەۋھەرلەرگە يېقىن يولىيالىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى شۇ قەدەر ئالىيجاناب، پاراغەتلىك ھەمدە نازاكەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقمىغان. بۇنىڭ ئۈستىگە ئەممىدىن مۇھىمى ئۇ ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۆزىنىڭ ھەققەتەن مۇھىملىقىنى، نى-نى مۇھىم ئىشلار ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ غايىبتىن كەلگەن ئامەت ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ھەققەتنى — ئۆزىدەك بىر ئادەمنىڭمۇ مۇھىم ئادەم بولالايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئادەم ھەتتا ئالىي دەرىجىلىك ئادەم بولۇشقا لايىق، يارامىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئوخشاش غېرىپ-غۇرۋا كۈن كەچۈرگەن، بېشىدىن ئوششاق-چۈششەك ئىشلار جىق ئۆتكەن نەسلى پەسنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئېسىل ئاق سۆڭەك ئۇرۇقىدىن بىرەر تال بارلىقىنى، ئىسقىلىق ئۆتكۈزۈلسە، سۇغىرىلسا، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە ئورگانىك قوتان قىغى بېرىلسە، بۇ ئۇرۇقنىڭ كۆكلەپ، غول تارتىپ چېچەك

ئاتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى!

بىردەمدىلا ئارىدىن يېرىم يىل ۋاقىت ئۆتتى. ئېتىز دېرىزىلىرىگە ئەۋرىشىم پەردە تارتىلغان، ئاۋاز ئۆتكۈزمەيدىغان ئوبدانلا بىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ھەمىشە مۇشۇنچىۋالا ياخشى ئۆينى بىرلا ئادەمنىڭ خورەك تارتىپ ئۇخلىشىغا بېرىشى ئىسراپچىلىققۇ دېگەن ھېسقا كېلەتتى. ئۇنىڭ كېچىلىك ئۇيقۇسى ئانچە ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس ئىدى. ئۆزىنى ھەمىشە خىرگاي ھالەتتە سېزەتتى، خىرگايلىق ئىچىدە تۇرۇپ خۇشاللانسا، قانائەتلەنسە، ھۇزۇرلانسا، تۇرۇپ قورقاتتى، كۆڭلى ئېلىشاتتى، ئۈمىدسىزلىنەتتى، ئۇخلىغىنى بىلەن ئۇخلىيالمىغىنىنىڭ پەرقىمۇ تۇتۇق ئىدى. كەچ كىرىپ ئورنىغا تاشلىنىپ بىرنەچچە سائەت ياتقاندىن كېيىن، قانداق تاڭ ئېتىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالاتتى. ھەمىشە دېگۈدەك ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ ئەمما خاتىرجەم بالىلىق ۋە باشلىق چاغلىرىنى، مومىسىنىڭ ئۆزىگە يەھۇدىلار قولىدىن كاشتان ئېلىپ بېگۈزگەنلىرىنى، ئۆزىنىڭ يېزىنىڭ توپا يوللىرىدا يۈگۈرۈپ يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلىغانلىرىنى، يىغىسىنى توختاتقانلىرىنى، ھۆتىۋەر زاتلار چېكىپ يولغا تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ يۈرگەنلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. ھېلىمۇ ئېسىدە، بىر كۈنى ئۇ تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىۋاتقاندا، بىرسى بىرنى تەپكەچكە ئۇ ۋارقىرىدە يىغلىۋەتكەن، ئېسىنى يىغقاندىن كېيىن، قوۋۇرۇقىنى سىلاپ بېقىپ، ئۆز قوۋۇرۇقىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن قاتتىق ھەم چىڭلىقىنى ھېس قىلغان. بىر كۈنى ئۇ ئۇيقۇسى كەلمەي ياتقاندا، يېقىنقى كۈنلەردىكى ناھايىتى مەنىلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بىر-بىرلەپ ئېسىگە كېلىپ، خېنىملارنىڭ ئىنجىقلاشتىكى پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. تۇساتتىن ئۆزىنىڭ باشلارنىڭ ئالتۇن بىلىق لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلىقى يادىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بەش ياش چاغلىرى ئىدى، ئۇ توپ دېگەننى تېپىپ پىر-پىر ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇشۇ ئىشنى بۇرۇن قانداقلارچە ئۇنتۇپ كەتكەن-ھە؟ بۇ گەپچە بولغاندا، ئۇ

دەل تويچى چولپان ئېنتىرنىڭ ئۆزى ئىكەنتۇ! ئۇنىڭ ئەمدى ئىشەنمەيدىغان، ئېنتىراپ قىلمايدىغان، خاتىرجەم بولالمايدىغان نەرى بار؟ ئۇ بىر مەزگىل خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، يېقىندىلا ئەسلىگە كەلگەن بولمىسۇن يەنە؟ ئۇ بىر تويچى چولپان تۇرۇپ، قانداقلارچە مۆتىۋەر زاتلار كۆتىگە تىپىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانھە؟ ئۇ «ۋاھ-ۋاھ» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يا چۈشىدىن ئويغانغانلىقىنى، يا ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، چوڭ تاھارەتكە كىردى. تازىلىق ئۆيىدىكى پەرداز ئەينىكى كۆز چاقنىغۇدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. تۈرلۈك پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ خۇشبۇيى ھەمدى كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. چىراغنى ياندۇرغان ھامان شامالدۇرغۇچ پىرقىراشقا باشلايتتى، بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى قارىغايلىق ئارىسىدىكى ساناتورىيىنىڭكىدىنمۇ ساپىراق ئىدى. يۈز يۇيۇش سايمىنىمۇ، ئەۋرەز قاچىسىمۇ، ۋاننىمۇ ئاق قاش تېشىدەك ئاپئاق ئىدى. ئېنتىر چوڭ تاھارەتنىمۇ شۇنچە راھەتلىنىپ، شۇنچە مەدەنىي، شۇنچە ئازادە قىلىشقا بولىدۇغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئاشۇ تازىلىق سايمانلىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان ئېنتىر خۇددى ئۆزىنىڭ غالىپ چىققان ئەسكەرلىرىنى كۆزىدىن كۆچۈرۈۋاتقان لەشكەر بېشىدەك خۇشال كەيپىياتقا چۆمدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مونچىغا چۈشتى. ئۇ تويچى چولپانغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ياتقان ياتىقىدا مونچا بولمىغاچقا، ھەپتىسىگە ئىككى رەت نۆۋەتچى مونچىسىغا بېرىپ پاسكىنىچىلىق ئىچىدە يۇيۇنۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، مانا ئەمدى ئېلىپ قويۇشقىمۇ بولىدىغان، ئېلىپلا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدىغان پۈركۈگۈچى بار مونچىغا ئىگە بولغانىدى. مونچىدا تولۇق كۆچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان فونتانلىق تۇتقۇچ قويغۇچ، مونچا مەلھىمى، مونچا سوپۇنى، چاچ ئاسرايدىغان پۇراقلىق سوپۇن سۇيۇقلۇقى، سۈپىتى ۋە رەڭگى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان

چوڭ-كىچىك لۆڭگىلەر بار ئىدى. ھازىر مۇنچىغا چۈشۈشنىڭ ئۆزى بىر زۆرۈرىيەتلا ئەمەس، بەلكى راھەتلىك، سۆلەتلىك ئىش، روھىي ئوزۇق ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئېرىشىدىغان خوشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق ئىدى. دەرۋەقە، ئېنتىر سولقانانلار پارتىيىسىگە، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى، دېموكراتىك، تەدرىجىي تەرەققىياتلىق، ھالاۋەتلىك سوتسىيالىزمغا قايىل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاكىز يۇيۇپ يارقىرىتىۋەتكەن يۇمشاق، چوۋۇق چاچلىرىغا ئەترە چاچقىنىدا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئەرلەرگە خاس ئېسىل ئەترىنىڭ ھىدىدىن ھوزۇر سۈرگەچ: جەمئىيەت ئىمىدىگەن ناتائادىل، خالىغانچە مۇنچىغا چۈشەلمەيدىغان — خالىسا ئاخشىمى، خالىسا ئەتىگىنى يۇيۇنالمايدىغان ئادەملەر ھەددى-ھېسابسىز-ھە! دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دېمەك ئۇ ئۆزى مۇنچىغا چۈشۈۋاتقاندا قانداقمۇ كۆڭلى ئارام تاپسۇن؟

ئۇ ئەمدى يەر ئاستى ئۆيىگە ناشتىلىق تاماققا چۈشتى. كۈتكۈچى «ئەتىگەنلىكلىرى خەيرلىك بولسۇن، جانابلىرى» دەپ سالام بەرگەنىدىن كېيىن، ئۇنى بىر ئورۇنغا باشلىدى ۋە: «ئۆزلىرىگە رەھمەت، سىلىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرى بىز ئۈچۈن شەرەپ!» دېگەننى قوشۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېنتىر ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ دۈگىلەك ئۈستەلنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزى يېيىشكە بولكا، سىرىق ماي، ھەسەل، قېتىق، سۈر گۆش، كولباسا، ئىرىمچىك، مېۋە شەربىتى، ئەنجۈر قېقى ئېلىپ كەلدى، كۈتكۈچى قەھۋە ئەكىلىپ بەردى. ئېنتىر يەنە بىر كىشىلىك توخۇم پوشكىلى ۋە بىر كىشىلىك يارما ئۈمىچى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ: «ئەلۋەتتە سۈلۈ يارمىسىدا قىلىنغىنىدىن بولسۇن» دېدى. ئۇ داڭلىق تويچى چولپانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا خىلمۇ خىل ناشتىلىق نەرسىلەر خۇددى كېچە-كۈندۈز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا سۈيىدەك ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ تۇرىدىغان بولدى!

— ئادەم مانا شۇنداق ياشاش كېرەك. مەن مانا شۇنداق

ياشاشقا تىگىشلىك، مەن مانا شۇنداق ياشاشقا لايىق، مەن زادى مۇشۇنداق ياشاشقا تىگىشلىك ئادەممەن! — ئېنتر كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — بۇرۇن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنىڭ نېمىسىنى دەي! ھەي ئىنسان! ھەي ئىنسان!

ئۇنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قانىدىسى بويىچە، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۈزى يوق چاغدا كەلگەن تېلېفونلارنى خىزمەتچىسى خاتىرىلەپ قويۇپ ئەتىسى مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بېرەتتى. ئۇ بىر دۆۋە خاتىرىنى ئوقۇۋېتىپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ خاتىرىلەرنى چىشىنى چوتكىلىغاچ كۆردى: كوكتېيل زىياپىتىنىڭ تەكلىپ قەغىزى، كۈلۈبنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىش قەغىزى، تانكىيۇسىن خېنىمنىڭ چاللىشى، كاستۇم دۇكىنى خوجايىنىنىڭ كورىيە تامىقىغا تەكلىپ قىلغانلىقى، كىيۇمېتىن خېنىمنىڭ ئېنترنى سېغىنغانلىقى، ۋىلايەتلىك ئالىي مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ 3-دەرىجىلىك مەخپىيەت ئەمەلدارىنىڭ قەھۋە ۋە براندى ئىچىشكە تەكلىپ قىلغانلىقى، ژىنتانكىيو خېنىمنىڭ ئېنترنى يۈزنى سۆيۈپ قوياي دېگەنلىكى. ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنىنىڭ ئېنترنى نەسىللىك ئىت مەسلىھەتچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقى، كىبوژاھولد خېنىمنىڭ ئېنترنى چىڭ قۇچاقلايمەن دېگەنلىكى، «قارا ئۆردەك» كېچىلىك كۈلۈبى خوجايىنىنىڭ يېڭى تەكلىپلىرى...

ئېسىت، ھەي ئېسىت! ئۇ ئۆتمۈشتە بۇنداق ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان. ئۇ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشقا باشلىدى.

ئېنتر بىر كۈنلۈك مەشىق ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ پۇتبولچىلارنىڭ مۇشۇنداق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن — خۇددى شەھەر باشلىقى ۋە مۇلازىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك — ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى 1.87 مېتر، ئېغىرلىقى 200 قاداق، پۇت-قولى ئۇسكىلەك، مىڭىسى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چاققان، سېزىمى تېز ئىدى (توپ قىلمىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ھېچبىر

ئەھمىيىتى يوق ئىدى!. ئۇ بىرىنچى قاتارغا كىرىدىغان تەن ئەزالىرىغا ئىگە ئىدى، ئۇ تۇغما قاڭقىش كۈچىگە، پارتلاش كۈچىگە، سوقۇلۇش كۈچىگە، تەسىر قايتۇرۇش كۈچىگە، چىرمىشىش كۈچىگە، تارتىش كۈچىگە، چىداش كۈچىگە، ھۆكۈم قىلىش كۈچىگە، سوزۇلۇش ۋە يىغىلىش كۈچىگە، ئايلىنىش كۈچىگە، چاققانلىق كۈچىگە، يىراقتىن تىزگىنلەش كۈچىگە ۋە قىستىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ مەشىق جەريانىدىكى قائىدىگە سىغمايدىغان، چاندۇرۇپ سەتچىلىككە قالدۇرىدىغان ھەرىكەتلىرىنى مۇتەخەسسىسلەر تاللاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن لىنتىغا ئېلىپ ۋە ئىلمىي شەرھلەپ، ئۇنى ئېتىرنىڭ پۇتبولشۇناسلىققا، مەشقشۇناسلىققا ۋە مۇسكۇلشۇناسلىققا قوشقان ئىجادىي — يېڭى تۆھپىسى دەپ كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىمۇ تەربىيە ئالغان ئېتىر ئۆزىنىڭ پۇتبولشۇناسلىققا ھەقىقەتەنمۇ ئىجادىي، دەۋرىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىنى بارا-بارا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى — بۇنى ئۆزى ئىنكار قىلاي دېسىمۇ ئىنكار قىلالماي قالدى. ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىكسى ۋە قانچىلىك بىلىمى بارلىقىنى پاكىت ھەقىقەتەن. سانلىق مەلۇمات ۋە دىئاگراممىلار، سېلىشتۇرما ماتېرىياللار ۋە ئېلېكترون مېڭىنىڭ تەھلىل-يەكۇنى ئىسپاتلاپ تۇرغان يەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي يەن بىلەن، بىلىم ئەھلى ۋە ئەپكار ئاممىنىڭ ئادىرلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشكە جۈرئەت قىلالامتىمۇ؟ ئۇ ئۆز ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى توغرا چىقارغان، ئۇستازىمىزلا قاملاشتۇرغان ياكى بىرلا كۆرسىتىپ بەرسە تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن چاغلاردا، باشقىلارنىڭ «ھەقىقەتەن تۇغما تالانت پۇتبولچى ئىكەن-دە!» دەپ تەكرار-تەكرار، ئۈزمەي-ئۈزمەي، بارغانسېرى كۈچلۈك ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ كۆردى. بىر زامانىۋى شائىر ئۇنىڭغا مۇنداق بىر مەدھىيە ناخشىسى يازدى:

سوئال سوراپ ئاسماندىن، سورايمىزكى زېمىندىن،
ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى نېمە-نېمە سەۋەبتىن،

يەتتە قىتئە، تۆت ئوكيان ھەم يىگىرمە ئەسىرنىڭ —
توغما يۇلتۇزى تالانتىنى ئىپتىرغىلا بەردىكىن؟

بۇ ناخشا روك ئاھاڭغا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئورغۇن-ئورغۇن ئۈزۈن چاچلىق يىگىتلەر ۋە تاقىر باش قىزلار شاۋقۇنلۇق ئېلېكترونلۇق مۇزىكىلارنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن بۇ ناخشىنى بىر ياقتىن ئېيتسا، بىر ياقتىن ھۆڭرەپ يىغلايدىغان بولدى. بۇنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن بەر شارىدىكى بىكارچى يىگىتلەر ۋە دەردمەن قىزلار — خۇددى جۆي يۈەن، جىيايى، ئەر-خوتۇن ئوتىللو، كوروللىر ۋە قىزلىرى، يۆفىي، جېك ياۋجىن. ئانىنا كارېنىنالارغا ۋە 22 ماددىلىق ھەربىي نىزامنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ ئۆيىگە قايتالماي قالغان ئامېرىكىلىق ئۇچقۇچىلارغا ئوخشاش ئۈۋالچىلىقتا قېلىپ دەرد تارتقان، تالانتى تۇرۇپ ئىشقا سالالمىغان، ساداقەتمەن تۇرۇپ ۋاپا كۆرمىگەن، باھارنىڭ بىر گۈللىرى ئېچىلمىغان ئەشۇ ھەر مىللەت كىشىلىرى بىر ياقتىن ئېيتىپ بىر ياقتىن يىغلايدىغان، بىر ياقتىن يىغلاپ بىر ياقتىن ئېيتىدىغان بولدى. تېلېۋىزوردا ئېيتىش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە بۇ ناخشا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

بۇ ناخشىنى ئېيتىرنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئۆزى ئېيتقاندىمۇ كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن ماڭقا ئاققۇچە يىغلاپ، كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولدى؛ ئۇ تەكلىپ بويىچە بۇ ناخشىنى كېچىلىك كۇلۇبقا بېرىپ ئېيتىپ بېرىدى، ھەربىر ئېيتقاندا ئۇن مىڭ دوللار ھەققە ئېرىشتى. ئاخىرى مەخپىيەت ئەمەلدارى ئۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ، بۇ ناخشىنى سىز ئېيتسىڭىز ياراشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناخشىنىڭ ئاھاڭى بەك سۇس، ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىكەن، بۇ ناخشا تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىمەيدىكەن دېگەنلەرنى كۆرسەتتى، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىپتىر ئەنە شۇ گەپ بىلەنلا توختاپ قالدى. بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزاقتا قالماي جاھانغا قەدەم باسقۇچى كاتتا ناخشىچى چولپان بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

خۇشاللىقىغا قانمايۋاتقان ئىپتىر ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ بىر

تىنىپ، زاتىمدىنلا پۇتبول تېپىش تالانتىغا ئىگە ئىكەنلىكىمگە، تۇغما توپ چولپىنى ئىكەنلىكىمگە قىل سىغمايدىكەن، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتقىچە نېمىشقىمۇ ئۆزۈمنىڭ تېگىنى بىلىپ ئۆز قەدىر-قىممىتىمنى يورۇقلۇققا چىقارمىغاندىمەن؟ ئاقىللارنىڭ مىڭ ئادەمدىن بىر ئادەم ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى بىلەلەيدۇ، ئۆزىنى بىلىپ يەتكەن مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئادەملا ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يورۇقلۇققا چىقىرالايدۇ دېگەن گېپى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە. بۇ گەپ بويىچە بىر پىرسەنتنى بىر پىرسەنتكە كۆپەيتسەك 100 مىڭدىن بىر بولىدۇ! مانا مەن ئېنتىر ئۇزاقىچە 100 مىڭنىڭ 99 مىڭ 999 نچىسى قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەن بولسام، بىر كېچىدىلا 100 مىڭنىڭ بىرىگە ئايلاندىم دېگەن سۆز! ھايات دېگەن مانا! قالتىس ھېكايە دېگەن مانا! ئىلگىرى تولىمۇ ھاماقەتلىك قىلىپ، بەكمۇ مۇشكۈللۈك تارتقان ئىكەنمەن، مانا ئەمدى ئۇنداق ھاماقەتلىك، مۇشكۈللۈك دېگەنلەرنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇسۇن!

ئارىدىن يەنە بىرنىم يىل ئۆتتى، توپتوغرا بىر يىل توشقاندا، ھەقىقىي بىر پۇتبولچى، ئېنتىرنىڭ يېڭىچە ئۆزى ياسىلىپ پۈتتى.

ئۇ پۇتبولغا ئىشتىياق باغلاپ، پۇتبول ھەرىكىتىگە كىرىشىپ كەتتى، خاھ كۈندۈزى، خاھ كېچىسى، ھەتتا مىڭ خىل نازى بار سېرىق چاچلىق سەتەڭلەرنى قۇچاقلاپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئەس-يادى پۇتبولدىن نېرى كەتمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ھەمىشە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق پۇتبول توپ بېشىدا، گەجگىسىدە، كۆكرىكىدە، دۈمبىسىدە، قورسىقىدا، بېلىدە، قوۋۇرغىدا، يوتىسىدا، تىزىدا، پاقالچىقىدا، چاترىقىنىڭ ئىچى-تېشىدا، بويىنىنىڭ ئالدى-كەينىدە دۈملاپ، سەكرەپ، سۈركىلىپ، تىختىلىپ، غىدىقلاپ، قىچىشتۇرۇپ، بىر توختاپ، بىر يورغىلاپ زادى ئارام بەرمەيۋاتقاندەك، ئۆزىمۇ بويىنىنى تولغاپ، بېشىنى تەڭلەپ، مۈرىسىنى قىقىپ، كۆكرىكىنى چىقىرىپ، بېلىنى ئىگىپ سەكرەشكە، سول پۇتىنى سۆرەشتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئايلاندۇرۇپ، سول پۇتىنى ئىغاڭشىتىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن

قاتتىق تېپىشكە تەييار تۇرۇۋاتقاندەك ۋە خۇددى بېشى تىركىلىپ، بويىنى تولغىنىپ، بىلەكلىرى تەگمەشلىنىپ، ياناپاشلىرى تەۋرىنىپ، ھەممە ئەزايى پۇتبول ئۈچۈنلا جانلىنىپ، پۇتبول ئۈچۈنلا ھەرىـكەتلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولدى. بولكا يېيىشى نۇقتىلىق جازا توپى تەپكەندەك، قەھۋە ئىچىشى ئارقا مەيداندا زابوي توپ ئۇرغاندەك. ۋىلكا-پىچاقلار بىلەن قورۇغان بېلىقنى توغرىشى كېلىۋاتقان توپنى توسقاندەك، يول يۈرۈشى توپ تالاشقاندەك، ئەۋرەز قاچىسىغا زوكزۇيۈپ ئولتۇرۇشى ۋاراتنا ساقلاۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولدى. بولۇپمۇ جىك قوچاقلاشقىنىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ، بىر-ئىككى -ئۈچ! دەپ توپ تېپىشلا ئېسىگە كېلىدىغان بولدى.

ئۇ توپقا بېرىلگەنسېرى ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىنى بىلىشكە باشلىدى، ئۆز يېتەرسىزلىكىنى ئۆگىنىشتىن كېيىنلا سەزدى. ئۇ ئىگىلىگەن پۇتبول ماھارىتى پۇتبول دېگىنىڭ مىڭدىن بىر، ئىككى، ئۈچ تامچىسىغىلا توغرا كېلەتتى. ئۇنى پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپمۇ ئۆگىنىپ بولالمايتتى!

بىر يىل ئىچىدە توپ مۇسابىقىسى كۆپلەپ بولۇپ تۇردى. ئىنتىر ئاندا-ساندا خىزمەت كۆرسىتىپ، كۆپ ھاللاردا چاندۇردى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى سەزگەن ۋە پۇتبول كەسپىگە چىن ئىخلاس بىلەن بېرىلگەندىن كېيىن، مەيداندىكى ئىپادىسى كۈندىن-كۈنگە بوشاپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ داڭقى، ئېرىشكەن ئابرويى، ھەيۋە كۈچى يوقالمىغانىدى. ئۇ قاتناشقانلىكى مۇسابىقىدە سەپداشلىرى روھلىنىپ، ھامان ئۇتۇشسىزلىقنى ئۇتۇشلۇققا، يېڭىلىشنى يېڭىشكە ئايلاندۇردى. قارشى تەرەپتىكىلەر بولسا ھودۇقۇپ، ھامان باشتا چېكىنىپ ئاخىردا بوشاپ، ئۇتاي دەپ قالغاندىلا ئۇتتۇرۇۋەتتى. شۇڭا، ئىنتىرنىڭ مەيداندىكى ئىپادىسى بارغانچە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، جامائەت پىكرى تەييارلىغۇچىلار ئۇنى زورىغا تۆپە-تۆپلەپ ماختاۋەردى، ئەمما مۇقامى بارا-بارا پەسلەپ كەتتى. ئىنتىرغا قىزىققۇچىلارنىڭ سۆۋۈپ قىلىۋاتقانلىقى تولىمۇ بەختكە قارشى ئىش

بولسىمۇ، لېكىن پاكىتقا ئايلانغان ئىش بولدى.

ئېنتېر دېگەن ئىسىمنىڭ گېزىت-ژۇرناللاردا، رادىئولاردا، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كۆرۈنۈش نۆۋىتى بىراقلا ئازلاپ كەتتى. ھەتتا ئېنتېر ھەر كۈنى ئەۋرەز قاچىسىغا ئولتۇرۇپ چوڭ تاھارەت قىلغان، بۇركۈگۈچلۈك مۇنچىدا يۇيۇنغان. سۇلۇ يارمىسى ئۇمىچى ئىچكەن، كۆكىرىپ پاختىلىشىپ قالغان ئىرىمچىمكلەرنى يىگەندىن كېيىنكى چاغلىرىدا ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىغان تۇرغۇن-تۇرغۇن تېلېفون خاتىرىلىرىمۇ ئەمدى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئۈچ ئىستاكان قەھۋە ئىچىپ، بىر سائەتتىن ئارتۇق ساقلىغان چاغدىمۇ كۈتكۈچى تېلېفون خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كىرمىدى. ئۇ نائىلاج بۇزىنى قىلىنىپ:

— ھەي كۈتكۈچى! دەپ ۋارقىرىدى، — ئەجەب تېلېفون خەۋەرلىرىنى ھېلىغىچە ئېلىپ كىرمەيسەنغۇ؟

— كەچۈرسىلە جانابلىرى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆزلىرىگە تېلېفون كەلمىدى.

— نېمە دەۋاتىسەن ھوي! — دەپ ئېنتېر قاتتىق غەزەپلەندى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت يىگىرمىدىن بۈگۈن ئەتىگەن يەتتىگىچە سىلىگە ھېچكىم تېلېفون بەرمىدى دەۋاتىمەن.

— تېلېفون كەلمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ قوي ئۇنداق گېپىڭنى!

— كەلمىدى دېدىم كەلمىدى جانابلىرى، مەن كونا كۈتكۈچى، تاھازىرغىچە ئىخلاسىم بىلەن سادىق ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن!

— قۇرۇق گەپ ساتما! — دېدى ئېنتېر ۋە قەھۋە قاچىسىنى ئېلىپلا ئاتتى. كونا كۈتكۈچى دېگەن كونا كۈتكۈچى-دە، ئۇ ئاللىقاچان ئەھۋالنى پەملەپ ئېھتىيات قىلىپ تۇرغاچقا، قەھۋە قاچىسىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي كۈلۈمسىرىگەنچە تۇرۇۋەردى.

دەل شۇ پەيتتە، بېغىرەڭ كالتە يوپكا كىيگەن بىر ئايال كۈتكۈچى يېتىپ كېلىپ:

— ئېنتېر جانابلىرى، بىر ئېسىل خېنىمدىن سىلىگە تېلېفون

كەلدى، — دېدى.

— مەشەدىمۇ؟

— شۇنداق. ئېسىل خېنىم سىلىنى ياتاقتىن تاپالمىدىم دەۋاتىدۇ.

ئېنتېر «ئېھ!» دەپ دىمىغىنى قېقىپ، ئەر كۈتكۈچىگە گويا «كۆردۈڭمۇ؟ تەپ تارتماي ماڭا تېلېفون كەلمىدى دەۋاتىسىنا؟» دېگەندەك كۆز ئالايتتى، ئاندىن غالىبلارچە قەدەم تاشلاپ، كالتە يوپكىلىق كۈتكۈچىنىڭ كەينىدىن تېلېفون ئېلىشقا ماڭدى.

— ھە، ھە جېنىم، سىزنى سۆيۈۋالاي، قالتىس ئەقىللىق سىز، تېلېفوننى كولباسىنىڭ يېنىغىلا بەرگىنىڭىزنى قاراڭ.

— ئېھ، مېنى ئاللىقاچان ئېسىڭىزدىن چىقىرىپسىز، ئېيتىڭچۇ، بۈگۈن قانداق كۈن؟

— سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز بولمامدىغان مىتانكىيۇ خېنىم، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە ئاللىقاچان سوۋغات تەييارلاپ، كۈتمىگەن يېرىڭىزدىن چىقاي دېگەندىم!

— نېمانداق چىشىغا تېگىسىز مېنى مىتانكىيۇ دەيسىزا، ئەسكى!

— ھوي-ھوي، شورۇم قۇرۇسۇن، سىز كىيونانىمىدىڭىز، بەربىر يېقىن كېلىدىغۇ، ياق، تۆپەمدە خۇدا ئۇرۇپتۇ، سىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايمەن. ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز، سىزنىڭ تۆپىڭىزدە ھەدەپ ۋالىبول تەپكۈدەكمەن! بىراق، ھۆرمەتلىكىم، سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز قىشقا، شۈكرانىيەت بايرىمىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلەتتىغۇ!

— تۇش، ئېنتېر، شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىڭىزنى قاراڭ.

تېلېفوندا سۆزلەۋاتقان خېنىمنىڭ ئەركىلىگەندەك ئاۋازى ئېنتېرنى يىلمىدەك تېرىتىۋەتتى، ئېنتېر مۇنداق پۇرسەت بۇنىڭدىن كېيىن بەلكىم بارغانچە ئازىيىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشماقچى بولدى.

— ھۆرمەتلىكىم، مەن ھەممىنى ئۇنتۇغىنىم يوق، ئاڭلاپ قويۇڭ، مەن سىزگە ئاشىق، راستلا، — دېدى.

تېلېفوندىن ئۇياقنىڭ يۇمشاق تىنىق بىلەن سۆزلىشى ئاڭلاندى:
— بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئاخشام، 4-نومۇرلۇق داچا ئېسىڭىزدىدۇر؟
ئېنتىر شورۇم قۇرۇسۇن دەپ ئۆزىنى ئىچىدە ئەيىبلىدى ۋە دەرھال:
— ئۇنتۇلماس كېچە، ئاھ ئۇنتۇلماس كېچە، — دېدى، ئۇنداق كېچە ھەرىدىر كىشىگە ھەر ئاخشىمى نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىدىمۇ ئۇنداق كېچىگە زادى-زادى ئېرىشەلمەيدۇ! ۋاھ ئەزىزىم! مەن تاھازىرغىچە ئاشۇ كېچىدىن قالغان ئىللىق لەززەت ئىچىدە، گويا جىگەر كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆمۈر بويى يۇقىرى ئاممونىيازا ئىچىدە ياشاپ كەلگەن كىشىدەك ياشاپ كېلىۋاتىمەن، راستىنى ئېيتسام، پۈتبولنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ دۇنيادا ھەممىدىن ئامرىقىم دەل سىز! ياق، سىز دەل پۈتبولۇم، پۈتبولۇم دەل سىز! ياق، پۈتبولنى تەپسەم تەپمەيمەنكى، سىزنى تەپمەي قويمايمەن! ياق، بۈگۈن ئاخشاملا كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ، سىزگە ئېيتىدىغان ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ چىرايلىق سۆزلىرىم بار، «قارا ئۆردەك» كۇلۇبىدا ئۇچرىشالى بولامدۇ؟
— يەنە شۇ «قارا ئۆردەك» مىش! ئۆتكەن ئايدا سىز مېنى «قارا ئۆردەك» كە چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز قايداقتۇ بىر قانجىق بىلەن «قارا غاز» غا كېتىپسىز! مەن قاتتىق رەنجىدىم...
— جېنىم، ئۇلارنى ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىڭچۇ! مېنىڭ شېكىرىم! ھەسىلىم! ناۋىتىم!
كىيۇتانىمى خېنىم داڭق چىقىرىۋېرىپ پەيكىرىدىن كەتكەن ناخشا چولپىنى ئىدى، ئۇ ئاشۇ توپ چولپىنىغا سالجىدەك چىڭ يېپىشماقچى بولدى، توپ چولپىنىنىڭمۇ شۇنچىۋالا سەگەكلىشىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز، ئۇمۇ ناخشا چولپىنىغا بەكرەك يېپىشماقچى بولدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى «قارا ئۆردەك» كېچىلىك كۇلۇبىدا ئېنىر كىيۇتانىمغا توي قىلىش تەلىپىنى رەسمىي ئېيتتى، كىيۇتانىمى

uyghurkitap.com

بۇ ئالىيجاناب ئارزۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئېنتىر تەقدىم قىلغان، تۈركىيىدە ئىشلەنگەن 24.83 كاراتلىق تويلۇق ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا سالدى. ئىككىيلەن شەھەر باشلىقىنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

يېڭى توي كېچىسى مۇھەببەت. قانۇن، ئەخلاق بىر-بىرىنى كۈچەيتىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كەتتى. ئىككىيلەن تەسۋىرلەشكە تىل بەتمەيدىغان چەكسىز بەخت ئىچىدە لەززەت سۈرۈۋاتقاندا، تېلېفون جىرىڭلىدى.

— تېلېفوننى ئۇلاپ بەرگىنى خۇمپەر، تېلېفون بەرگىنى ئۆتكىنىمۇ ئۆتە خۇمپەر، — دەپ تىللىدى. ئېنتىر تروپكىنى ئېلىۋېتىپ، — مۇنداق چاغدا يېڭى توي بولغان ئۆيگە تېلېفون بېرىدىغان قائىدە نەدە بار؟ دېموكراتىيە نەدە قالدى، كىشىلىك ھوقۇقى نەدە قالدى، شەخسنىڭ سىرىنى ساقلاش ھوقۇقى نەدە قالدى، ئادەمگەرچىلىك نەدە قالدى. ئاساسىي قانۇن ھېسابقا ئېلىنامدۇ-يوق؟

تېلېفوندىن شەھەر باشلىقىنىڭ سۈرلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئېنتىر، چاپسان بولۇڭ، ھازىرلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالىغا كېلىڭ... شۇنداق، ھازىرلا، ئون مىنۇت ئىچىدە كېلىڭ. سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ! ماشىنا دېمىسىزا؟ ماشىنىڭىز مېيى تۈگەپ كەتكەن بولسا، پىيادە بولسىمۇ كېلىڭ!

.

— ئېنتىر، — دېدى شەھەر باشلىقى، — ئەھۋال ناھايىتى چاتاق: پادىشاھىمىزنىڭ سادىق ئاخباراتچىسى، مېنىڭ يېقىن دوستۇم گايزار لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر پارتىزان ئەترىتىدىن مەخپىي تېلېگرام يوللاپتۇ، مەخپىي تېلېگراممىنىڭ ۋەكالەت نومۇرى 007، دۇرۇس. 007 پادىشاھ ئالىيلىرىغا نا ئۈمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت كۆرسىتىشكە ۋەدە بەرگەن. ئاشۇ دۆلەتنىڭ پايتەختىدە ئۆزىنى ھەقىقىي توپ چولپىنى ئېنتىر دېگەن بىرسى پەيدا بولۇپ قاپتۇ، بۇ ئادەم بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، خۇدا بۇيرىسا،

بىزنىڭ ۋاقتىمىز بىلەن ھېسابلىغاندا كېچە سائەت 10 يېرىمدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، دەلىل-ئىسپاتلىرىنى كۆرسىتىپ، سىزنىڭ كۆز بويامچى، ئالدامچى ئىكەنلىكىڭىزنى، بىزنىڭ شەھىرىمىزدە، مەملىكىتىمىزدە ئاقنى-قارا قىلىدىغان رەزىل ئويۇن ئوينىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىماقچى ئىكەن! ئېيتىڭچۇ، قانداق قىلىمىز؟

— پوقنى يەپتۇ! ھەققىي تويچى چولپان مانا مەن، ئۇ يالغانچى! يالغانچى! كۆز بويامچى! ئالدامچى! مەن ئۇنىڭ بىلەن دوئىلغا چىقىمەن! ئۇنىڭ ئۆچەي-قارنىنى يېرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس! — مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، ھارارىتى ئۆرلەپ كەتكەن ئېنتىر مەخپىي تېلېگرام چاچقان سوغۇق سۇنىڭ زەربىسىدە ئاشۇ گەپلەرنى پەملىمەي ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى.

— يىگىت، مانا ھەققىي ئېنتىر دېگەن! راست ئېنتىر كەلگىنى بىلەنمۇ سىزنى بېسىپ چۈشىدىغان ئېنتىر بولالمايدۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىياسەت دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ! باشقىلارنى ئىككىلەنمىسۇن دېگەن كىشى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىككىلەنمەسلىكى كېرەك! سىز سىناقتىن ئۆتتىڭىز!

— نېمىدىن ئىككىلىنەي؟ مېنىڭ ئېنتىرلىقىم يالغانمىدى؟ سىزنىڭ شەھەر باشلىقلىقىڭىز يالغانمىدى؟ ئېلېكترون ھېچە يالغانمىدى؟ شۇنچە كۆپ ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئىلمىي ماقالىلەر، خەۋەرلەر ھۆججەتلىك ھېكايىلەر يالغانمىدى؟

— بولدى بەس، ئېنتىر، سىزنىڭ ئەمدىلىكتىكى ۋەزىپىڭىز ھال ئېيتىش ئەمەس، مۇھەببەتلىشىش. قايتىپ بېرىپ بىگى توي قىلغان مەھبۇبىڭىزنى قۇچاقلاڭ، قولىڭىزدىن چىقىپ كەتمىگۈدەك قىلىپ تازا چىڭ قۇچاقلاڭ. سىزگە كاشىلا يەتكۈزگەنلىكىمنى كەچۈرۈڭ، بۈنى ئارىدا 15 مىنۇت ئارام ئالغاندا، يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ يولىيورۇق ئېلىپ، مەيدان ئالماشتۇرغاندىن كېيىن توپ دېگەننى تېپىپ ئوت چىقىرىۋەتكەنگە ئوخشاتساق بولىدۇ! ھا-ھا-ھا، سەمىڭىزدە بولسۇن، يەر شارىنىڭ مىرىدىئانى كۆرسەتكەن ۋاقىت پەرقى بىز ئۈچۈن

پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ، سىزمۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە — ئاۋۇ لۇكچېكتىن سەككىز يېرىم سائەت بۇرۇن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈڭ...

— ئۆلگۈرەلمەسمەنمىكىن...

— ئۆلگۈرەلمەيدىغان نېمىسى بار؟ ھازىر چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئىككىگە يەنە توققۇز سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار، شۇنچە ۋاقىتمۇ يېكىياچى مەھبۇبىڭىزغا چىقىش قىلمامدۇ؟

— مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ماتېرىيال، دەلىل-ئىسپات، گۇۋاھچى، ئادۋوكات!

— ھەممىنى ئېلېكترون مېڭە تەييارلاپ بېرىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىگى خەۋەرنى ھازىرلا يازدۇرۇپ تەييارلاپ قويىمىز. سىز كۈتۈۋېلىش يىغىنى سائەت ئىككىدە ئاچىسىز، سائەت ئىككى يېرىمدىكى گېزىتتە ۋە سائەت تۆتتىكى كەچلىك گېزىتتە سىزنىڭ ئادۋوكاتىڭىزنىڭ باياناتىنى پۈتۈن يىغىن ئەھلىگە، پۈتۈن شەھەرگە، پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىمىز!

دېگەندەك ھەممە ئاممىباب تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى دەل ۋاقتىدا مۇنداق خەۋەر تارقاتتى: «دۇنيا پۇتبول ساھەسىدىكى كاتتا چولپان ئېنىر ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىگە شۇنى مۇراجىئەت قىلىدۇكى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەلۇم دۆلەتتە پەيدا بولغان بىر نومۇسسىز ئەبلەھ ئەسكى مانانى ناۋار قىلىپ كۆرسىتىش، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرۇش قەستىدە ساختىپەزلىك قىلىپ، ئېنىر دېگەن شان-شۆھرەتلىك نامنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولۇۋېتىپتۇ ھەمدە دارىتمىلاپ شەخسنىڭ ئۆزىگە نىل تەگكۈزۈپ خالايىقنىڭ كۆزىنى بوياپ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى بولۇۋېتىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئېنىر جانابلىرى مۇخبىرلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ توغۇتىنى قوبۇل قىلغان دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى، مەكتەپتە ئوقۇغان، ۋاكسىنا ئوكۇلى سالدۇرغان ئىسپاتلىرى، پۇتبول تەپكەن ۋە يەڭگەن ئىسپاتلىرى، داڭقى پۈتۈن جاھانغا پۇر

كەنكەن ئىسپاتى دېگەنگە ئوخشاش گۇۋاھلىق قەغەزلىرىدىن 1331 پارچىنى، جاي-جايلاردىكى پۈتبولچى دوستلىرىدىن كەلگەن سالام خەتلەردىن 436 پارچىنى، ئۆزى ئېرىشكەن ھەرخىل لەۋھە، لوڭقا ۋە تەقدىرنامىلەردىن 121نى... چىقىرىپ كۆرسەتتى. قانۇن مەسلىھەتچىسى دوكتور كاسسىنى ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىنتىرغا نولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ، خانلىق سوتقا ۋە ھاگۇئې خەلقئارا سوتىغا تەرز-شىكايەت سۇنۇشقا تەييارلانماقتا...

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى، 3-قانالدا تۆرىدىغان بەزى گېزىتلەرگە مۇنداق خەۋەرلەر بېسىلدى: دېگەندەك، ئۆزىنى توپچى چولپان ئىنتىر دەپ ئاتىۋالغان بىرسى لاتىن ئامېرىكىسىدا ئاتالمىش مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن، مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن سىز پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ھەرىكەت قىلغان توپچى چولپان ئىنتىر توغرىسىدا بىر يىلدىن ئاشقىچە نېمە ئۈچۈن زۇۋان سۈرمىدىڭىز دەپ سورىسا. ئۇ مەن زادى گېزىت كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش دېگەننى ئادەت قىلمىغان. بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قاپتىمەن دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مۇخبىرلار بۇ گەپلىرىڭىزگە ئىشەنمەك تەس دېيىشىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن روھىي كېسەل بولۇپ ئۇدا داۋالىنىپ ياتقانىدىم، يېقىندىلا دوختۇرخانىدىن چىقتىم دەپتىكەن، مۇخبىرلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بۇنداقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىنى ئۆلگىرىكىدىن باشقىچە بىر روھىي كېسەلگىز قوزغىلىپ قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتامسىز قانداق دەپ سوراپتۇ. ئۇ قۇلاقلىرىغىچە پوكاندەك قىزىرىپ ئاغزىنى بۇزۇپتۇ. يەنە بىر مۇخبىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئادەم ئىلگىرى كوكايىن چەككەنلىكىدىن ئانالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداقى ئاتالمىش مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى پاراقلىغان كۈلكە ئىچىدە ئاخىرلىشىپتۇ. يەنە بىر خەۋەردىن قارىغاندا، بۇنداقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۇسسۇزلۇقلارنىڭ سۈپىتى بەكمۇ ناچار بولۇپ، ھەممىسى 3-دۇنيا ئەللىرىدە ئىشلەنگەن ئىكەن. ئۇنىڭ تەركىبىدە ساخارىن، رەڭ خورۇچى، پۇراق خورۇچى

www.uyghurkitap.com

بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەددىدىن زىيادە چوڭ ئۆچەي تاياقچىسى دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ بار ئىكەن.

3-كۈنى مۇشۇ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ، ئاشۇ خەقنىڭ نامىنى بىساتقان ئالدامچىنىڭ ئەنزىسى ئۈستىدە سىرتتىن ھۆكۈم چىقاردى.

5- كۈنى، سودىيە ئۇ ئادەمنى گۇناھلىق دەپ ھۆكۈم قىلدى.

7- كۈنى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كابىنتى ئۇ ئادەمنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى مەڭگۈ مەنئى قىلىشنى جاكارلىدى.

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئېتىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى.

شۇ ئاخىرقى خەۋەر ئېنتېرنېت ئىستايىن قايغۇرتۇپ، چەكسىز ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ مەنتىقىغە ئۇيغۇن بىر خىيالى «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ سادىق ئاخباراتچىسى، شەھەر باشلىقىنىڭ يېقىن دوستى» ئۇ سولتەكنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ يامان قىپتۇ! دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇ شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، لاتىن ئامېرىكىسىدا جېنىدىن ئايرىلغان، ئۆزى بىلەن ئېنتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان شۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى سورۇشتۇرۇپ بېقىشقا نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەر باشلىقى رەت قىلىپ قوبۇل كۆرمىدى. باشقا ئالاقىدار ساھەلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولسىمۇ نەتىجىسى چىقمىدى. ئېنتېر گەرچە غورىبەتچىلىكتە كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئەخلەت دۆۋىسىدىن بېلىق باشلىرىنى تېرىشتۇرۇپ شورپا قايناتسا ئىچىش، كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىش، ئاشخانىلاردا تەخسە يۇقۇندىسىنى يالاش، ئىتنىڭ ئاغزىدىكى سۆڭەكنى تارتىۋېلىپ غاجاشنى تارتىپ قاقتى-سوقتىلىق، كۆكە مىلىككە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا-ئانىسىدىن جان قىيىشنى ساقلىنىش ھەققىدە، بوۋىسى بىلەن موممىسىدىن خۇدانىڭ جان كۆيەر بەندىسى بولۇش ھەققىدە تەربىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن، يارلىق تىرىك جاننى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئاسراش

يۈز نىسبىسىنى تۇتۇپ كەلگەن، ھېلىقى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىكەن، ئۇ ھەتتا چاشقان، قۇرت-قوڭغۇز، پاشا، چۈشىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى خالىماي كەلگەن، ياز كۈنلىرى پاشا، چۈشىن ئاۋارە قىلسا، دېرىزىدىن تالاغا قوغلىۋېتىش بىلەنلا چەكلەنگەن. بىر يىلنىڭ ئالدىدا، بېشىدا بەخت يۇلتۇزى پارلاپ، تەلىيى ئېچىلىپ، جاھاندىكى ھەممە ھەۋەس قوزغايدىغان ئىشلار غايىپتىن نېسىپ بولغاندا، ئۇ بۇ ھەرگىز تەسادىپىيلا ئەمەس، بەلكى يەتمىش يۇشنۇمنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ جان قىيىنتىن ھەزەر ئەيلەپ، تىرىك جاننى ئاسىراشقا ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئاسىيىتىدىن بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى خەقنىڭ نامىنى، قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش بىلەنلا قالماي، جىنىغىمۇ زامىن بولغانلىقى نېمىدېگەن ئىپلاسلىق، نېمىدېگەن قارانىيەتلىك-ھە!

ئۇنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزى گاڭگىراپ، ئىچكەن چېيى، يېگەن ئېشى تېتىمايدىغان، گەپ-سۆزلىرى قولاشمايدىغان، ئىشقىۋازلىقتا ماغدۇرى يەتمەيدىغان بولۇپ، خوتۇنى كىيۇتانىمنى قاتتىق گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. خوتۇنى سورۇشتۇرغەنچە ئۇ دۇدۇقلاۋەرگەچكە، گۇمان كۈندەشلىككە ئايلاندى. كىيۇتانىمى ئۇنى كۆڭلىگىز بىر جايىدا ئەمەس، يېگى كۆڭۈل خۇشى تېپىۋاپسىز دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ، چىنە-چەيىنەك، شىشە-ئەينەك، چىراغ-رادىئو دېگەنلەرنى پاق-يۇق، چالاق-جۇلۇق ئېتىپ-چېقىپ ئۆينى بېشىغا كىيىش بىلەن ئېنتىرنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئېنتىر ئائىلاج قاتتىق خىجىلچىلىق ئىچىدە ۋەقەنى باشتىن بىر قۇر سۆزلەپ بەردى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— بىلمىۋاتىمەن، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم قەستەن قىلغىنىم يوق. — دېدى ئۇ، — بىراق ھازىر قىل سىغمايدىغان ھەقىقىي پۇتبول تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ قالدىم. مەندە تالانت دېسە بار، شەرەت دېسە بار، ئەقىلمۇ، قىزغىنلىقمۇ بار، مەن شەھەرلىك پۇتبول كوماندىمىزغا يۈز كېلەلەيمەن! پۇتبول تېپىش ئۆزۈم ئۈچۈن

پەرز ھەم قەرز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن! مەن كەلگەندىن بېرى بىزنىڭ كوماندا قوشنا شەھەر كوماندىسىغا يېڭىلىپ باقتىنى يوق! مەن پۇتبولدىن ۋاز كېچەلمەيمەن! پۇتبولدىن ئايرىلدىممۇ، سارغىيىپ خازان بولغىنىم شۇ! توپىچى چولپان بولمىغان بولسام سەنمۇ ماڭا يېقىن بولماس ئىدىڭ! بۇنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈمنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن ئېرىشتىم، دەرۋەقە، ئامەت كەلگەن تەرىپىمۇ بار، بۇنىڭدا شەھەر باشلىقىنىڭ، شەھەر خەلقىنىڭ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، مۇخبىرلارنىڭ قىلغان ئەجرىمۇ بار. مانا بۇلارنىڭ ئۆزىنى ئېيتتىر دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ ئادەم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ مېنىڭ كىچىككىمدىلا قويۇلغان ئېتىم ئېيتتىر، بۇ ماڭا دادام چېركاۋدىكى پوپ بىلەن كېلىشىپ قويۇپ قويغان ئات، پۈتۈنلەي قانۇنلۇق، نامەن ئىناۋەتلىك ئات... ئۇمۇ توپنى تېپىۋەرسە، مەنمۇ توپىمنى تېپىۋەرسەم بولماسمىدى، ئۇ نېمدەپ ماڭا چاتاق سالماقچى بولىدىكەن؟ مەن قويىرۇقۇم بىلەن قاڭقىتىپ كىرگۈزۈۋەتكەن توپنى خەقلەر دۇنيا پۇتبول تارىخىدىكى مۆجىزە، مۇنداق مۆجىزە نەچچە مىڭ يىلدا ئاران بىر رەت بارلىققا كېلىدۇ دېيىشتى، بۇ يالغانمىكەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىيز خېنىم يىغىستىن توختىتىپ كۈلدى ۋە «ئۇف» دەپ بىرنى تۈكۈرۈپ:

— نېمە بولدىكىن دەپتىمەن، قۇيقۇرۇق ئەندىشە ئىكەنغۇ! — دېدى ئۇ. — سىز ئېيتتىر بولماي كىم؟ ھىم، ئەلۋەتتە شۇنداق، سىز توپ چولپىنى بولماي كىم بولاتتىڭىز؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. «قارا! ئېيتەلى» تەپكەن توپنى قۇيرۇقى بىلەن قايتۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن دەل سىز، ئىنتىرگەنگە پويىز ماڭماس، لاپ ئېيتقان گەپ زادى ئاقماس دەپتىكەن، مىسىرنىڭ ئېھراملىرىنى، جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنى، يۇنانىنىڭ قەدىمكى بۇتخانىسىنى، خاقان كەبزارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ۋە سىزنىڭ پۇتبول ماھارىتىڭىزنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭدا

قىلچىلىك ساختىلىق بارمىدى؟ ياق، يوق. سىز مېنىڭ ئېرىم بولماي
كىم؟ بىزنىڭغا ئىچىمۇ گەپ كەتمەيدۇ. خەۋىرىڭىزدە بولسۇن، مېنىڭ
قورسىقىمدا قاپتۇ، شاكىچىلىك توپ چولپىنى يېتىلىۋاتىدۇ! دۇنيانىڭ
ئىچى شۇنچە كەڭ، ھېلىقۇ بىر ئېتىز ئىكەن، توپ چولپىنى ئېتىردىن
سەككىزى بولغاندىمۇ سىغىپ كېتىۋېرىدۇ! ئەمدى باشتا ئانچە مۇنچە
ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىغا كەلسەك، ئېيتىڭە، ھەممىڭىزدا پۇرسەت،
ئۇقۇشماسلىقنىڭ مەھسۇلى بولماي نېمە؟ توپ چولپىنى بولۇش
پۇرسىتى ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان بولسا، ئەمسە ناخشا، ئۇسسۇل،
كىنو چولپانلىرى نېمىدىن بوپتۇ؟ خانىش، باش ۋەزىر، ۋەزىر،
سودىگەر نېمىدىن بوپتۇ؟ بازغۇچى، ئالىم، پروفېسسور، ئاتاقلىقلار
نېمىدىن بوپتۇ؟ قاراقچى، ئوغرى، قاتىللار نېمىدىن بوپتۇ؟ ئۇقۇشماسلىققا
دۇچ كەلمەيدىغان، ئۇقۇشماسلىقتىن پايدىلانمايدىغان ياكى
ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن ئاداشمايدىغان كىم بار ئىكەن؟ ھەتتا
سىز بىلەن بىزمۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ مەھسۇلى. سىزنىڭ دادىڭىز
بىلەن ئانىڭىز، مېنىڭ دادام بىلەن ئانام بىرىنى شاھزادە، بىرىنى
پەرىشتە ساناپ ئۇقۇشماسلىقتىن ئادىشىپ يۈرمىگەن بولسا، سىز
بىلەن بىزنى تاپالىتتىمۇ؟ مۇبادا تاماشىبىنلار ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن
قاتتىق ئاداشمىغان بولسا، مەن ناخشا چولپىنى بولالايتتىممۇ؟ ئەگەر
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق بولمىغان بولسا، سىز مەن
بەرگەن تېلېفوننى ئالغان چاغدا ئۇقۇشماستىن مېنى ھېلىقى مىتانكىيۇ
قانچىققا ئوخشىتىۋالمىغان بولسىڭىز، مەن بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى
ئېيتارمىدىڭىز؟ راستىمنى ئېيتسام، ئاشۇ كۈنى مەن سىزگە ئۇرۇپ
سالغان تېلېفوننىڭ ئۆزىلا بىر ئۇقۇشماسلىق بولدى، مەن ئەسلىدە
تېلېفوننى يەر ئاستى ئاشخانىسىغا ئۇرۇپ، باشقا بىر ئادىشىمنى،
يەنى ھېلىقى چۈيۈر باش دوكتور ۋېيتورنى ئىزدىمەكچىدىم، نەدىن
بىلەي كۆرتكۈچى سىزنى باشلاپ كەپتۇ. تېگىنى ئالغاندا ئېيتىر بىلەن
ۋېيتور ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق بولسا نېمە يامىنى، مەنىمچۇ
سىزنىڭ سىپىي ئۆزىدىن كاتتا توپ چولپىنىغا كىرمەيدىغانلىقىڭىزنى

بايقىغانمەن، كاتتا توپ چولپىنى بولسىڭىز، ماڭا كۆز قىرىڭىزنى سالامسىڭىز؟ ھەي. ھەي، گەپنىڭ قىسقىسى، دارۋىن ئادەمنى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دېگەن ئىكەن، مىسال ئۈچۈن مايمۇننى بېلىقتىن ئۆزگەرگەن دېسەك، بېلىقچۇ، بېلىق موگۇدىن ئۆزگەرگەن، نېمىدېگەن چوڭ ئوخشاشلىق — ھە! مايمۇن توغرىسىدىكى ئوخشاشلىق بولمىغان بولسا، ئادەمزاتمۇ بولمىغان بولاتتى! بىزنى ئۆزىنى ياساپ، نام ئوغرىلاپ ئادەم بولۇۋالغان دېيىشكە مۇمكىنمۇ؟

— ياھ خوتۇن، — دېدى ئېنتىر ماختاپ، — سىنىڭ شۇنچە كاتتا پەيلاسوپ ئىكەنلىكىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن! بايانىن سۆزلىگەن پەلسەپەڭ ھازىرغا قەدەر ئاڭلىغانلىرىم ئىچىدە ھەممىدىن قالتىس، ھەممىدىن جانلىق پەلسەپە بولدى، ئۇ خانلىق مەدرىسىگە ياللانغان، مۇتەئەسسىپلىك دوراممىچىلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئېرە تاراقشىتىپ پۇقرالارنى قورقىتىدىغان ئاتالمىش رەسمىي پەيلاسوپلارنىڭكىدىن تۈمەنمىڭ ھەسسە ئارتۇق!

— قۇرۇق گەپ! دېدى كىيىز خېنىم، — ئۇستازىم ماڭا مۇنداق دېگەن، پەلسەپە ئىلمى ياشاش ئىلمى دېمەكتۇر! ياخشى پەلسەپە كىشىگە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ؛ بىر ناچار ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئىگە بولۇۋالغان، خانلىق ئىلمىي جەمئىيەتلىرىگە ئەزا بولۇۋالغان، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلاپ، مەزى بېزى راكىغا مۇپتىلا بولغان كىتابۋازلار كىشىگە ئۆلۈمنىلا ئۆگىتىدۇ! بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلىكى ئىش بولسا، مەندىن سورىسىڭىزلا بولىدۇ!

ئېنتىر ئىچىدە تويى قىلغانىنىڭ زىيىنى ماناشۇ خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئەرلىرى ئالدىدا ناھايىتى مەنمەنلىك قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئەرلىرىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى ھېسابلايدۇ-ھە! دەپ ھەسرەتلىك ئۇھسىندى.

— نېمىگە ئۇھ تارتىسىز؟

— ھىم، ھىم، — ئېنتىر دەررو گېپىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلىدى، — سىنىڭ ئېيتقانلىرىڭغۇ توغرا. بىراق ھېلىقى سولتەكىنىڭ ئۆلۈمگە

لايىق گۇناھى يوق ئىدى. خۇددى سەن ئېيتقاندەك، توپ چولپىنى ئېتىردىن سەككىزى بولغاندىمۇ يەر شارى سىغدۇرالماي پارتلاپ كەتمەيتتى، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ، يۇخادىن چىقىشقىنى بىلەن مېنى ۋىجدان ئازابىغا قويۇپ يامان قىلدى جۇمۇ!

— ئۇنى كىم كۆزدىن يوقىتىۋېتىپتۇ؟ كىم ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ؟ ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز قىيناپلا يۈرىدىغان بەندە ئىكەنسىز!

— شەھەر باشلىقىدىن سوراپ كۆرەي دېسەم، ئۇياق قوبۇل قىلمايلا قويىدى!

— بۇنىڭ نېمە نەس يېرى بولسۇن، مانا مەن باراي.

شۇنداق قىلىپ كىيۇتانى خېنىم ئېرىنى قارىتىپ تۇرۇپلا شەھەر باشلىقىغا تېلېفون ئاچتى ۋە: «ھە! ئەزىزىم، مېنىڭ ھۆرمەتلىكىم، قەدىرلىكىم!» دېدى ئۇيناق ئاۋاز بىلەن، بۇنى ئاڭلاپ ئېتىر نەپەستىن توختاپ قېلىشقا تاس قالدى. ئۇ شەخسنىڭ سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش دېگەن ئەدەپ-قائىدىنى ئېسىگە ئېلىپ، كەينى ئۆچقان يېتى ھاجەتخانىغا كىرىپ ئاھارەتكە ئولتۇرۇۋالدى.

كىيۇ خېنىم شەھەر باشلىقىنىڭ يېنىدىن ئاتلىق سەھەر سائەت ئۈچتە ئاران قايتىپ كەلدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ئېتىر ئالدىرىغىنى بېسىپ.

— سىزچە نېمە ئىش بولغاندۇر؟

— مەن ھېلىقى سولتەكنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سوراۋاتىمەن.

— قېرى سولتەك شەھەر باشلىقى ئۆلمەپتۇ.

— قويساڭچۇ، مەن ھېلىقى راست ئېتىرنى دەۋاتىمەن!

— سىزمۇ يالغان ئېتىر ئەمەسقۇ!

— ئاناڭنى، سەن ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى باردىڭ؟

— سىزمۇ ئاناڭنى، نېمە قىلغىلى بارغىنىم بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! ھە، دەپ قوياي، ھېلىقى سولتەكچۇ، ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلۈپتۇ. خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئېلېكترون مېگىسىدە

ئارخىپى بار ئىكەن.

گەپ مۇنداق ئىكەن-دە! ئۇ سولتەككە خوپ بوپتۇ، ئۆلگىنى خوپ بوپتۇ! ھېلىمۇ ياخشى يول قويمىغانىكەنمەن! ھېلىمۇ ياخشى قاتتىق تاقابىل تۇرغانىكەنمەن! ئۇنداق قىلمىغان بولسامچۇ ئۇ سولتەك بۇ يەرگە كېلىپ مېنى بېسىپ چۈشكەنىنىڭ ئۈستىگە ئەيدىمىز كېسىلنى يۇقتۇرماي قالاتتىمۇ؟ كېيىنمۇ، مىنايكىنى دېگەنگە ئوخشاش سەتەڭلەر ئۇنىڭ بىلەن ھەپە قىلىشماي قالاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغاندىن كېيىن كېلىپ مەن بىلەن ھەپە قىلىشقان بولسا، ئالدامچىلىق گۇناھىغا تارتىلغان ئالەتتىمۇ جىنىمدىن جۇدا، ئالەمدىن ئادا بولغان بولار ئىكەنمەن! ئۆزۈم بەكمۇ توغرا ئىش قىپتىمەن-دە، دۆلەتكىمۇ، خەلقىمۇ، مۇھەببەتكىمۇ مەڭگۈ پايدىلىق ئىش قىلىپتىمەن - دە! خۇدانىڭ كارامىتى، ئۆزۈم ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ، كۈسۈلداپ سۆزلەپ يۈرىدىغان بەندە تۇرۇپ ھالقىلىق پەيتتە قانداقلارچە شۇنچە كەسكىنلىشىپ، ئۆتكۈرلىشىپ، قەتئىيلىشىپ، ئۇنى يالغان ئېنتىر دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدىمكىن-تاڭ؟ بۇ سۆزسىز يەنىمۇ پۇشتىمدىن تارتىپ جان كۆيەر بولۇپ كەلگەن-لىكىمىزنىڭ خاسىيىتى! شۇلارنى ئويلاپ ئېنترنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

ئاردىن يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتتى. شۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئېنتىر كەسىپكە بېرىلىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، ئىجتىھات بىلەن چېنىقتى. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، كىچىكلەرنى ئاسرىدى، كوماندا ئەزالىرى بىلەن ئوم ئۆتتى. باتۇرلىشىپ، قەيسەرلىشىپ، خەۋپتىن قورقماي، تەسادىپىي ئۆزگىرىشلەردىن ھودۇقماي، ئۆزىنى قەدىرلەپ ۋە ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، دۇنياغا يۈزلىنىش قىلىپ، ئەخلاقلىق، تالانتلىق، ئىرادىلىك، ماھارەتلىك، تەنجىسى شانلىق دەرىجىدىن تاشقىرى توپ چولپىنىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنىڭ ياردىمىدە، ئۆزىنىڭ ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلىش ئەيىبىنى تولۇق تۈگىتىپ، ئۆز خوتۇنى كېيۇتانىمدىن باشقا،

مىتانكىۋ چېنىم، كيوزاھولد چېنىم، تانكيۇسىن چېنىم، كيۇسىپىنى
دېگەنلەرگە يېقىن يولسايدىغان، ئۆزىنى ئۇلاردىن 25 مېتر يىراق
تارتىپ يۈرىدىغان بولدى. ئاياللار ھوقۇقى تەشكىلاتى ئۇنىڭغا
«كۆڭلى چىچىلماس ئەر» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر لەۋھە
تەقدىم قىلدى. مەخپىيەت ئەمەلدارى ئۇنىڭغا: «مۇشۇنىڭ
ئۈچۈنلا بالانا ئەزالىقى سايلام مۇسابىقىسىگە قاتناشسىڭىز بولىدۇ!»
دېدى. خانلىق ئەدەب-ئەخلاق ئىلمىي جەمئىيىتى ئېنتېرنى لېكسىيە
ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ كەمتەرلىك قىلىپ ئۇنىمىدى. شۇڭا
بۇ جەمئىيەت ئۇنىڭ ئوبرازىغا ئوخشىتىپ مەخسۇس قارانچۇق
ياسىتىپ، ئۇنى بىرنەچچە نۇسخىغا كۆپەيتىپ، قولى ئەگرى، قىلىقى
سەت يىگىت-قىزلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن يالىڭاچ تانسا ئوينايدىغان
كەچلىك كۇلۇبىنىڭ ۋە كەچلىك مۇلازىمەت ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكلىرى
ئالدىغا تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئېنتېرنىڭ ئۆزى «لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەقىقىي ئېنتېر
ۋەپەسى» دىن كېيىن، ياخشىلىققا بەل باغلاپ، ئۆزىگە ناھايىتى
قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز مىڭدىن بىر
مۇمكىنلىككە ئىگە قىسمىتىنى قوغداپ قالغانلىقى ۋە ئەبەدىي كېسەلى
بار ئادەمنى توسۇپ قالغانلىقىنى داۋلى جەھەتتە، پايدا-زىيان
جەھەتتە تامامەن توغرا دەپ ھېسابلاۋاتقان بولسىمۇ ئىگەپنىڭ
پوسكاللىسى ئېيتقاندا، ئۇنى ئۆزىگە باشقىلارنىڭ نامىنى چاپلىۋالمىغان
دەپ كىم ئىسپاتلىيالىسۇن؟ توپچى چولپان ئېنتېر دېگەننىڭ ئەزەلدىن
بولۇپ باقمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ، يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى
كىم ئىسپاتلىيالىسۇن؟! لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئىشنى ئۇنىڭدىنمۇ
ياخشىراق. ئۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەلرەك قىلىشىم كېرەك ئىدى دېگەن
تۇيغۇدا بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئۆز-ئۆزىگە
شۇنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى، ئۇنىڭ مەنسەپتىن مېھرىنى
ئۈزەلمەيۋاتقانلىقى، ھازىرغىچە ئۆزى ئېرىشكەن ھەممە نەرسىدىن
ۋاز كېچىشكە «كۆڭلى چىدىماۋاتقان» لىقى ھەشەمەتلىك يىمكاپ،

كەھرىۋا رەڭلىك تەرەت ئەۋرىزى، پار مونچىغا چۈشكەندىن كېيىن سۈرتۈلىدىغان كەسلەنچۈك مىيى ئۈچۈن، تال، كىيىم ئىسمىلىك ئۈچ خىل تىپتىكى چوكان خېنىملار بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ھەتتا يالغۇز ئاساسىي قانۇن خىتابنامىسىدە بەلگىلەنگەن ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى، ئۇ ئەزەلدىن شۇنىڭغا كامىل ئىشەنچ باغلاپ كەلگەنكى، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى دېگەنلەر چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە راھەتپەرەسلىك نەزەرىيىسىگە مۇتلەق زىت ئىدى. ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى ئىنسانىيەت ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىش نىشانىغا يېتىش كېرەك ئىدى. ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى نەزەرىيىسى ھەممەيلەننى دوم ياتقۇزۇپ تىجارەت يىگۈزۈشنى ئەمەس، بەلكى قەددىنى كۆتۈرۈپ، زەبەردەس تىك تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلىشى لازىم ئىدى.

ئۇنىڭ توپچى چولپانلىق سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچەلمەسلىكى ئۆزىنىڭ توپچى چولپان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ھۆك-ھۆك يىغلاپ كەتكەن ناخشا چولپانلىرىنىڭ ناخشىسىدا ئىپىتلىغاندەك، خۇدا ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتا قىلغان، ئىگەمنىڭ ئىرادىسى ئۇنى توپ تېپىشكە، پۇتبولچىلىق ئىشىغا تامايەندە بولارلىق تۆھپە قوشۇشقا بۇيرۇغان، ئۇ بىرىلىپ، قېتىرقىنىپ تۇبدان ئۆگەنگەنسېرى پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ پايدىسىنى شۇنچە چۈشىنىپ باردى. سادىقلىق، باتۇرلۇق، ئىنتىلۇچانلىق، ھەمكارلىق، ھەمدەملىك، جاپاغا چىدامىلىق، سەۋرچانلىق، چاققانلىق، ماھارەتلىك، شەرەپلىك، ئەخلاقلىق بولۇپمۇ رىقابەتتىكى ئادىللىق، قايرىيلەي دېگەنلەر ئەنە شۇنىڭ جۇملىسىگە كىرەتتى! پۇتبول تەرتىپى دېمەك جەننەت تەرتىپى دېمەكلىك ئىدى! پۇتبول روھى دېمەك باتۇرلۇق روھى دېمەكلىك ئىدى! پۇتبول قىممىتى دېمەك غايىدىكى قىممەت دېمەكلىك ئىدى! ھەممەيلەن پۇتبول قائىدىسى بويىچە ئىش

قىلىدىغان بولسا، جاھاندا زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە، ئادالەتسىزلىك، ئۇرۇش- زالىملىق، ھاكىم مۇتلەقلىق، قالاقلىق — چۈشكۈنلۈك، ئىرقىي كەمسىتىش، پاھىشىۋازلىق ۋە چېگرا بىجى توساقلىرى قالمىغان بولاتتى! ھەقىقىي توپ چولپىنى بولغانلار ھەرقانداق توساقنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن بۇزۇپ تاشلايدۇ! كىچىككىنە پۇت توپى ئۇنى تەپكۈچى، ئۇنى تۇتقۇچى، ئۇنى ئىشلىگۈچى، ئۇنى تەتقىق قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ ھەر قانداقىدىن ئالىيجاناب ۋە بىجىرىمرەكتۇر! ئۇ پۇتبولغا شەيدا! ئۇ ئۆزىنى پۇتبولغا ئاتىۋەتكەن! ئۇنىڭ راست- يالغانلىقى، توغرا ناتوغرىلىقى، كۆرسەتكەن خىزمىتى ياكى سەۋەنلىكى، گۈزەللىكى ياكى رەزىللىكى، ياخشىلىق- يامانلىقى ئۈستىدە بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى چاكىنا ئادەملەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۇنىڭ پۇتبولغا قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈلۈپ، كۈن بىلەن ئايدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ!

ئېلان يازغۇچىلىرىدىن بىرى: «كىشىلەر ئىنتېرنىڭ سالاپىتىگە يېڭى سۈپەت قوشۇلغانلىقىنى بايقىماقتا. ئۇ توپ چولپىنىمۇ؟ توپ چولپىنى، يەنە كېلىپ توپ چولپىنىلا ئەمەس، بەلكى بىر شەيدا، كەينىدىن قارىسىڭىز، بەئەينى قىزىل يەكتەكلىك باش روھانىي كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تەنھەرىكەتچىلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقچى- مۇنەببەككۈر سىياسىئون دېيىشمەكتە. ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۇقىرىغا قاراپ ئاسماندىن، يەسكە قاراپ زېمىندىن سوئال سورىغىنىمىزدا[1] يالغۇز پۇتبولچى چولپانىنىڭ تالانتى دائىرىسىدىلا چەكلەنسەك ھەرگىز كۇپايە قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ!» دەپ يازغانىدى.

مەشقتىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ ئاشۇ بىر ئابزاس سۆزنى ئوقۇغان ئىنتېر كۈلۈپ تاشلىدى ۋە خوتۇنىغا:

— يەسەندى ئەدىبلەردىنمۇ ئارتۇق ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغانلار بولمسا كېرەك! — دېدى، ئاندىن خوتۇنىنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ سۆزلىدى. — بىلىۋاتامسەن؟ ھەتتا پادىشاھ ئائىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەخپىيەت ئەمەلدارسىز مېنى پالانا ئەزالىقى سايلام مۇساپىقىسىگە قاتناشسىڭىز بولىدۇ دەۋاتىدۇ!

كېيۇتانىي خېنىم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەچكە، ئىنتېر كەينىگە قاڭقىپ ئوڭدا چۈشۈشكە قىل قالدى. كېيۇ خېنىم چاترىقىنى كېرىپ بېلىگە قامال سېلىپ، ئۇلۇك قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بارمىقى بىلەن ئېرىنى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئۇ شۇنداق دەۋاتامدۇ؟ — دېدى.

ئېنتېر چۈچۈپ كەتتى ۋە كۆڭلىدە: ئۇ مېنى يا پادىشاھ قىلىشقا ئۈندىمىگەن تۇرسا، بۇ جېنىم خوتۇن ئەجەب شىپاڭگاڭدا ئىشلەنگەن گۈمبۈ قىلىملىرىنىڭ باشلىنىشىدەك غەلىتە ھەرىكەت قىلىۋاتىدىيا؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

خېنىم كەينىگە بۇرۇلۇپ ئالدىغا چولۇق-چولۇق ئۈچ قەدەم باستى، ئاندىن بۇ ياققا ئۇرۇلۇپ چاترىقىنى چوك كېرىپ تۆت قەدەم باستى، ئاندىن يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ، كىندىكىنى ئويىنىتىپ ئۈچ قەدەم باستى. شۇ پەيتتە ئاللىقاچان ئىككى يېرىم ياشقا كىرىپ قالغان شوخ، ئوماق ئېنتېر II يۈگۈرۈپ كىرىپ قالدى. خېنىم يولۋاسلارچە رەھىمدىللىق بىلەن بالىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە:

— نەچچە كۈندىن بېرى سىزنىڭ كېيىنكى ئۆمرىڭىزدىكى ئىستىقبالىڭىز ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن! — دېدى ئېرىگە.

— نېمە گەپ؟ — دېدى ئېنتېر چۈشىنەلمەي.

— بولدى بەس! سىز ئەمدى بىرلا توپ تېپىش بىلەن ئۆتۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ!

— نېمە؟ — دېدى ئېنتېر قاتتىق چۆچۈپ، گەرچە شۇ تاپتا سۆيۈملۈك خوتۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى شەھەر باشلىقىدەك يالغان ئاق چاچ كىيىۋالمىغان، كەينىگە مۆلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالمىغان، دۇخوۋوي ئۆركىستىر «توخو قېرىمىسىدا»، «مەدھىيە ناخشىسى» دېگەنلەرنى ئورۇنلىمىغان بولسىمۇ. لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى دۇنياۋى توپ چولپىنى دەپ ئېلان قىلىنغان چاغدىكىدەكلا چۆچۈپ كەتتى، —

ياق، بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.

— ھېي، ھەممىنى خان ئاچالغ باشقۇرىدۇ، — سىلەردەك تەييارغا ھەييار ئەرلەرنى مانا بىز باشقۇرىمىز! بىلىمىزدە دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەر، ئەرنىڭ ھۆكۈمرانى خوتۇن دېگەن گەپ بار، تازا ھەق گەپ! سىز سولتەك تېخى بىرقانچە يىلدىن بېرى توپنى يامان ئەمەس تەپتىمغۇ دېمەكچىمۇ؟ ئۆزىڭىزچە تېخى ھەقىقىي توپ چولپىنى بولۇپ قالدىم دېمەكچىمۇ؟ ئېيتىڭا؟ يەنە قانچە يىلغا توپ تېپىپ چىدايسىز؟ يەنە قانچە زىمىستان، قانچە تومۇزدا توپ تەپكۈدەك ئىش جېنىڭىز بار؟ بۇ يىل 27 گە كىلىپ قالدىڭىز، يەنە 10 يىل توپ تەپكۈدەك قۇدرىتىڭىز بارمۇ؟ كۆرەڭلەپ كەتكىنىڭىزنى تېخى! تولا سۆيىدۇكىڭىزنى چاچراتماي، ئەينەككە قاراپ بېقىڭچۇ، يۈزىڭىزگە چۈشكەن قورۇق مېنىڭكىدىن ھېچقانچە كەم ئەمەس، شۇ ھالىڭىز بىلەن توپنى بالدۇرقىدىن ياخشىراق تېپەلەمسىز؟ 33 يېشىڭىزدا يەنە بىر يەللە يۇقىرىغا ئۆرلەيمەن داۋاتامسىز؟ توپنى ھەرقانچە ياخشى تەپسىڭىزمۇ تۆت يىلنىڭ ئالدىدا گېزىتلەرگە بېسىلغان، مۇتەخەسسىسلەر يۈلەپ ئۇچۇرغان، خەلق ئىشەنگەن ۋاقتىدىكىدەك بولالامسىز؟ يەنە بىر رەت كەينىڭىزگە ئۆرۈلۈپ جىم تۇرۇۋېلىپ، توپنى قويىۋۇقىڭىز بىلەن قايتۇرۇپ كىرگۈزۈۋېتىدىغان رېكورتنى يارىتالامسىز؟ ئۇنىڭ تەتۈرىچە توپنى تۆپىلەپ، ئۇزاقچىچە تېپىۋەرسىڭىز، قارشى كوماندىدىكىلەر سىزدىن يەنە شۇنداق قورقۇۋېرەمدۇ؟ ئۆز كوماندىڭىزدىكىلەر سىزگە يەنە شۇنداق ئىشىنىۋېرەمدۇ؟ مۇخبىرلار سىزنى يەنە شۇنداق ماختاۋېرەمدۇ؟ تاماشا كۆرگەن خېنىم-قىزلار سىزنى يەنە شۇنداق سۆيۈۋېرەمدۇ؟ ئاغزىڭىزنىڭ قانچىلىك سېسىقلىقىنى خالايىق ئاللىقاچان بىلىپ كەتتى...

— چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن گەپ راس جۇمۇ، مۇنچىۋالا مەدەنىيەتسىز گەپلەرنى قىلىپ نېمە دېمەكچىسەن؟

— چېچاكشماي تۇرسىلا غوجام! ھەممىدىن مۇھىمى، سىز ئېسى يوق كالۋا ھېلىغىچە ھوشىڭىزنى تاپايۋاتىسىز!

— نېمە، نېمە؟

— ھەي كىچىك ئىنتىرنىڭ دادىسى! نېمىشقا كاللىڭىزنى ئىشقا سېلىپ باقمايسىز. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئەرۋاھقا ئايلانغان ئېنىز ۋەقەسىنىڭ قالدۇق بالاسى تەگمەي قالامدۇ؟ مۇبادا ھېنرى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى مەن ھەقىقىي ھېنرى دەپ جاكارلىسا، ژېننى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنى مەن ھەقىقىي ژېننى دەپ جاكارلاتسا، بۇ خۇددى ناختا چولپىنى ئۆزىنى مەن جالاپ ئەمەس دەپ جاكارلىغانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، چىشىنى قېرىشتۇرماي قالامدۇ؟ بۇچاغدا، سىزنىڭ ئادۋوكاتىڭىز كاسىسىنى خانلىق سوتقا ۋە ھاگۇئې خەلقئارا سوتىغا ئەرز-شىكايەت سۇنغان ۋە دەۋادا ئۇتۇپ چىققان بولسۇن، ئەمما ھەرقايسى ئەللەردە، ھەرقايسى مىللەتلەردە، ھەرساھەدىكىلەردە نېمە گەپ-سۆز، قانداق ئىنكاس بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقامسىز؟ بولۇپمۇ ئۆز كوماندىڭىزدىكى دوستلىرىڭىز شامۇ-سەھەر سىز بىلەن بىللە ئۆتكەچ سىزنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ، قېنى ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان ئېتىقادى، قىزغىنلىقى سۇسلاشسۇنچۇ ئەسكى ئۈچەيلىرىڭىزنى چۇۋۇپ چاۋىڭىزنى چىتقا يايمىغىنىنى كۆرەي! ئۇلارنىڭ قۇلاق قېقىشىپ، كۇسۇلدىشىپ، كۆز قىسىشىپ، بۇرنىنى لىككاڭشىتىشىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈشۈپ، ئاغزىنى قىيسايتىشىپ، قوللىرىنى ئويىنتىشىپ، قوڭلىرىنى تولغىشىپ كەينىڭىزدە نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزنى ئارقىڭىزدىن ئالدامچى، ساختىپەز، قاتىل، پۇرسەتپەرەس، يالانچى، پوكونچى دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟

— نېمە؟ ئۇلار تېخى مېنى شۇنداق دېيىشەمدىكەن؟ ھۇ ۋىجدانسىزلار! — دېدى ئېنتىر بوكاندەك قىزىرىپ.

— بالىنىڭ دادىسى! مەن ئۇلارنىڭ نەق شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىم، بىراق ئۇلارنىڭ شۇنداق دېمەي قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ئۇلار ھەممىدىن خەتەرلىك! سىزنىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە توپ تېپىشىڭىز شىر بىلەن بىللە تۈگمە گۈل دۈملاتقىنىڭىزدىنمۇ

جەتەرلىك! ئۇلارنىڭ ئۆپىسىدە تۇرىدىغان باشلىق بولسىڭىز، ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرسىڭىز، ئاندىن خانىرجەملىكنى ساقلاپ قالالايسىز!

— بىراق مېنىڭ كۆزلىگىنىم شۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ مېنىڭ كېلىشىم بىلەن پۇتبول كوماندىمىزنىڭ بەختى ئېچىلدى، بۇنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ مەن توپ دېگەننى قوغلاپ، ئۇلارنى ئاغرىپ، بىلىم زەخمىلىنىپ، بويىنۇم قىڭغىر كەتكىچە نەپىسىم، نېمىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلدىم؟ ئىشىمىزنى، پادىشاھ ئالىيلىرىنى، كابىنىتنى، پۇقرالارنى، شەھەر خەلقىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلدىم. يۇلۇم جىقراق بولغاچقا، پۇتۇن كوماندا ئەزالىرىنى ئېسىل راك گۆشى، فرانسۇز قىزىل ئۈزۈم ھارىقى بىلەن مېھمان قىلمىغان قايسىبىر يىلىم بار؟ مەن ئۇلارنىڭ شەخسىي سىر ساقلاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، قاقتى-سوقتى، ئەسكى ئىشلىرىنى زادى پاش قىلىپ باققىنىم يوق! مەن ئۇلارغا بەئەينى مۇيسىپىتلارچە مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم، ئۇلار كۆڭۈل يۇرچاقنى پىچاق بىلەن ئېلىپ يېگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش تورنىغا ئۈزۈمنۇ پىچاق بىلەن ئېلىپ يېدىم، ھەتتا ئۇلار شورپىنى خورت-خورت سەت ئاۋاز چىقىرىپ ئىچكەندىمۇ شۇنىڭغا ماسلاشتىم. ئۇلار نېمىدەپ غەيۇتىمنى قىلىدىكەن؟ نېمىدەپ كۆز قىسىشىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈشىدىكەن؟ ھۇ مۇتەھەملەر! ھۇ خەقنىڭ سايىسىدا جان باقىدىغان، خەقنىڭ كۈچى بىلەن توپچىلىق قىلىدىغان نان قېپىلار!

— ئوش قەدىرلىكىم، ئەزىزىم! چىراغ يەرلىمىسە يورۇمايدۇ، گەپ سۆزلىمىسە ئاشكارا بولمايدۇ. مانا خۇلاسىسى چىقتى! ئىش ئاسانلا. بىرىنچى قەدەمدە توپ تېپىشنى قويۇپ، توپ تېپىدىغانلارنى باشقۇرسىڭىز بولىدۇ!

— ھىم؟

— شۇنداق بولسۇن. قەدىرلىكىم. شەھەر باشلىقى ياشىنىپ قالدى، ئۇ خانلىق پۇتبولچىلار جەمئىيىتىگە باشلىق بولىدۇ، ئۇ يۈرەك كېسىلى. يۈرەك كېسىلى، تومۇرتقا كېسىلى بار ئادەم ھېچقانچە ئىشقا

يېتىشىپ كېتەلمەيدۇ. سىزنىڭ نىشانىڭىز خانلىق يۇتبولچىلار جەمئىيىتىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇش، ئۇزاقتا قالماي ئىككىنچى قەدەمدىكى نىشانىڭىز باشلىق بولۇش، مانا شۇ چاغدا ئاق سۆڭەككە ئايلانغىنىڭىزنى كۆرەي، بىزنىڭ ئوغلىمىزمۇ ئاتا مىراس ۋىكونت بولۇپ قالامسۇنمۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە پالاتا ئەزاسى بولسىڭىز، مەن تۆۋەن پالاتا ئەزاسى دېگەننى كۆز قىرىمىمۇ ئېلىپ قويمايمەن، بىز بولساق يۇقىرى پالاتا ئەزاسى بولساق بولىدۇ، قانداق دېدىم؟ ئەمدى تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى قەدەمدىكى ئىشلارغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىچى ئاللانىڭ ھىممىتىگە باغلىق، ئۇنى بەندىنىڭ ئېيتىپ ئولتۇرۇشى ھاجەتسىز.

— ھەي، بۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغاندەك ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن...

— ھەي دۆتسىزەي! ئېيتىپ ناپاك، بىلىكنى باغلىساڭ يول تېپىلماسلىقتىن نېمە غەم. ئەقىللىق ئادەمگە دەشتى چۆللەردىمۇ شورپا تەييار دېگەن گەپمۇ بارغۇ، بۇ ئىشنى خوتۇنىڭىزغا قويۇپ بېرىڭ. جانابىڭىز ئەپلەپ يۇقىرىغا يامىشىپ بەرسىڭىزلا بولدى! سىز خانلىق جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جانابى ئىنتىر بولۇپ تۆپىدە تۇرۇپ بەرسىڭىز، كەمىنە رەپىقىڭىز تۆۋەندە ھۆرمىتىڭىزنى قىلىۋېرىدۇ.

سوئال سوراپ ئاسماندىن، سورايمىزكى زېمىندىن،
ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى نېمە-نېمە سەۋەبتىن،
بەتنە فىتنە، تۆت ئوكيان ھەم يەكلىمە ئەسىرنىڭ —
بار زاكاۋەتنى پىقىر كىيۇ ئانىمغا بەردىڭكىن؟

خوتۇنىنىڭ خىرگاي، قىرغىن، يېقىملىق، جۇشقۇن ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەن ئىنتىر ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، ئۆزىمۇ ناخشىغا قوشۇلدى. ئۇ ناخشا ئېيتقاچ خوتۇنىنىڭ بوستان چاچلىرىنى سىلاشتۇردى، ئاندىن:

— مېنىڭ تاتلىقىم، جىگەرىم! — دېدى ھاياجىنى قوزغىلىپ، — ئاۋازىڭ نېمىدېگەن يېقىملىق! بىراق، ناخشا سەھنىسى بىلەن خوشلاشقىنىڭغا ئۈچ يىل بولاي دەپقالدى، تاماشىبىنلىرىڭنى تولىمۇ ئىنتىزار قىلىپ قويدۇڭ! سەن مېنى دەپ ھەم ئوغلىمىزنى دەپ شۇنداق قىلدىڭمۇ-ھە؟ سەن مەرتىۋىلىك ئاغىچا، مەن ئېسىلزادە بولۇپ ياشايمىز. سەن ئاسماندىكى رەڭدار بۇلۇت بولساڭ، مەن زېمىندىكى سۈزۈك بۇلاق بولىمەن، سېنىڭ شولاڭ ماڭا چۈشۈپ پارلاق نۇر چاچسا باغ جېنىم!

ئۇ كېيۇتانىم خېنىمنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدى. بۇ ھەرىكەت ئويدىيۇسنىڭ مۇھەببەت باغلىشىدەك غەلىتە تۇيۇلغاچقا، كېچىك ئېنتىر ۋاررىدە يىغلاپ غەزەپلەندى-دە، ۋىلكىنى قولىغا ئېلىپ دادىسىغا ھەيۋە قىلدى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، شەھەر باشلىقى كېيىنكى نۆۋەتلىك شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە سايلىنىش مۇسابىقىسىدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلاپ، خائىنلىق پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە خائىنلىق پۇتبولچىلار كۇلۇبىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، كۇلۇبنىڭ ئالدىنقى زالىغا شەھەر باشلىقىنىڭ يېرىم بوي ھەس ھەيكىلى قاتۇرۇلدى. ئېنتىر شەھەرلىك پۇتبول كوماندىسىدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە سابىق شەھەر باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن پادىشاھ ئائىلىسى مەخپىيەت مەھكىمىسى تەربىيىدىن خائىنلىق پۇتبولچىلار جەمئىيىتىگە مۇئاۋىن —

ھەي جوڭخۇا كىتابخانلىرى! يېقىن كېچىكمىدە چىن جېكنىس، گۇڭ بەيۇ، خۇەن جۇلۇلار مۇھەررىرلىكىدە چىققان چامباشچىلىق ھېكايىلىرىنى يېشىشىق ئوقۇغاندىن كېيىنلا جەڭگاھقا ئانلانغاندا دەرۋىش ئاراھىسا، بالا، مىيىپ، ئايال دېگەن تۆت خىل كىشىدىن ئالاھىدە ئېھتىياتكار بولۇش كېرەكلىكىنى بىلگەنىدىم، بەتىي سەردارى لەشكەر مەيدانغا چۈشۈپ جەڭگە چاقىرغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ جەڭ دۈمبىقى ياڭراپ، غەزەپلىك ئەجدىھار سۈرەتلىك بايرىقى لەپىلدەپ، ئارىدىن تاقىر باش بىر شەيخ (ياكى ئۇزۇن چاچلىق دەرۋىش) ياكى بىر بالا، ياكى بىر قوماق باش تاز، بىر توكۇر. بىر يەكچەشمە، بىر چولاق. بىر رايىش، يا بولمىسا بىر ئاپال سەكرەپ ئوتتۇرىغا چۈشىدىكەن، بىز تەرەپنىڭ سەردارلىرى گۇەن يۈنچاڭنىڭكىدەك باتۇرلۇقتا، تەڭدىشى يوق زورروننىڭكىدەك ماھارەتكە، ئادەمسىمان مايمۇندەك چاققانلىققا ئىگە بولغان ھالەتتىمۇ تېنى شۈركۈنەي قالمايدىكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى جىق بىلىم بار دېسەڭلەرچۇ!

— باشلىق قوشۇمچە خانلىق كۈلۈبقا مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىنلەندى. كۈلۈبنىڭ دەرۋازا كارىدورىغا ئىنتېرنىڭ يېرىم بوي گەچ ھەيكىلى قاتۇرۇلدى.

خەۋەرلەردىن قارىغاندا، شەھەر باشلىقى ئەسلىدە ھېلىقى توپتا ئوتتۇرۇۋەتكەن كوماندا ئەزالىرىنى «خىمىيىگە يەم بولدۇ» دەپ ھەيۋە قىلغان پەيلى يامان ترىنېرنى ئۆزىگە مۇئاۋىنلىققا كۆرسەتمەكچى بولغان، ئىنتېرنى تازا توپ تېپىدىغان ئەزىمەتلىك پەيتىدە، تېخىچە ۋە جىسمانى جەھەتتە ئالتۇن دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ، كەسىدىن بەك بالدۇر ئايرىلىپ، تەشكىلىي-مەمۇرىي ئىش بىلەن شۇغۇللانسا مۇۋاپىق بولمايدۇ دەپ كىيۇتانمى خېيىمىنىڭ نەچچە قېتىملىق سالا-سۈلىسىنى رەت قىلغانىكەن. لېكىن ئاخىرىغا بېرىپ يەنە شۇ ئىنتېرنى تاللاپتۇ. بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىرنى مۇشۇ ئاجايىپ كەچۈرمىش خاتىرىسىدىكى بىر بوشلۇق دېمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. بەلكىم تارىختا كىرووۋنىڭ قەستلىنىشى، كېنېدىنىڭ قەستلىنىشى دېگەنگە ئوخشاش بوشلۇقلار بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ كېيىنكى دەۋر تارىخچىلىرى قارىسىغا گەپ توقۇپ، بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ نەچچىلىگەن ئېتىماللارغا بۆلۈنگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ھېكايە يازغۇچىلارمۇ شۇ سەۋەبتىن يا تارىختا كىرمەيدىغان، يا ھېكايىگە كىرمەيدىغان

توقۇم-نوقۇم تارىخىي رومانلارنى توقۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

بۇرۇنقىدەك مەشىق قىلىش، توپ تېپىش، پۈتۈن بەدىنىگە كەسلەنچۈك مېيى سۈرتۈش ۋە ئاغرىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈكۈلى سالدۇرۇش، يۈرەككىنالدى بولۇپ قورقۇپ يۈرۈش، ئۇرۇپ-سوقۇلۇپ يۈز-بۇرۇنلىرىنى كۆكەرتىۋېلىش، پۇتلىرىنى قانىتىپ يارا قىلىۋېلىش ھەتتا سىيىق تەرگە چۆمۈلۈش ئورنىغا ساپلا ئىچىلىش، يېيىلىش مۇراسىملىرىغا، كۆرەككەلەرگە قاتنىشىش، مۇكاپات تارقىتىش، قول ئېلىشىش، «مەن گراف جانابلىرىغا ۋەكالەتەن ھەرقايسىڭلارنى يوقلاپ كەلدىم»، «بىز ئۈست-ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، ئۇتۇقىمىزنى ئۆلغايتىپ، تولۇق غەلىبە قىلىشقا تىرىشايلى»، «تەبرىكلەيمەن»، «يارايسىلەر، ئوبدان ئويىنىدىڭلار!» دېگەنگە ئوخشاش ئەرزان باھادىكى يولبورۇقلارنى كۆرسىتىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ئېنىترنى بىئارام قىلىپ قويىدى، ئۇ پۇتبول كوماندىسىدىكى كونا دوستلىرى بىلەن بىللە بولغاندا، ئۆزى سۆزلىگەن نۇتۇقنى ئۇلارنىڭ تەرگە چۆمۈلگەن، يارا-زەخىم ئازابىنى تارتقان ھالدا ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىدا ناھايىتى ئازابلاندى ھەتتا ھەم كەسىپ، ياخشى دوستلىرىغا خائىنلىق قىلغاندەك تۇيغۇغا كەلدى.

ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، مۇبادا ھېلىقى پەيلى يامان تىرىنېر مۇئاۋىن باشلىق، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان بولسا قانداق بولاتتى؟ مۇبادا بىر كوماندىدىكى دوستلىرىم ھېچبىر يامان غەرەزسىز يارىدىلىشىپ ئۆلتۈرۈپ، مېنىڭ ئەسلىدە يالغان توپ چولپىنى ئىكەنلىكىم، يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدىلا پۇتبولدىن باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغانلىقىم ئۈستىدە گەپلەشسە قانداق بولاتتى؟ ئۇنداقتا چاۋام چىنقا يېيىلىپ رەسۋايىم چىقماي قالامتى؟ ئۇنداق بولماي ھەممە ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، 8 — 10 يىلدىن كېيىن چېكىنمەي تۇرالامتىم؟ ئۇنىڭدىن كۆرە توپ تېپىشنى توختىتىپ، پۇتبول ھەرىكىتى ئۈستىدە بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان، پۇتبول ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، پۇتبول ئىشىغا داۋاملىق تۆھپە قوشالايدىغان

www.uyghurkitap.com

ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرسام، بۇ ھەممىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ دېگەن ئويغا كەلدى.

ئۇ قانداقلا بولمىسۇن كەسىپ ئەھلى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەلنى، گۈللەندۈرۈش يولىدا غەيرەت كۆرسىتىپ، پۇتبول ئىشىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىشۋاتاتتى. ئۇ ئۆگەنچى پۇتبولچىلارنى تاللاش، يېڭى پۇتبولچىلارنى تەربىيەلەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، بولۇپمۇ ۋىزانتىيىچە 4-2-3 لىك ھەم ئەركەك-چىشى بېلىقتەك كىچىك ئايلانما ھاسىل قىلىدىغان سەپنى بۇزۇش ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش جەھەتتە بىرمۇنچە سەممىي تەكلىپلەرنى بېرىپ، ھەممە پۇتبولچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن «بىزنىڭ ئېنتېر» دېگەن ئاتاقنى ئالدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە تەكلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىرلا ئاخىرقى تەلىپىگە پەيلى يامان تىرنېر جەمئىيەت باشلىقى (سابىق شەھەر باشلىقى) گرافنىڭ قوللىشى بىلەن قارشى چىقىپ، ۋىزانتىيىچە كىچىك ئايلانما سەپ ھاسىل قىلىش تاكتىكىسىنىڭ يەنە بىرقانچە ئەسىرگىچىمۇ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، بۇ تاكتىكا قوللىنىلمايدىغان بولسا، پۇتبول كوماندىسى تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدۇ، پاراخوتلار ئاغدۇرۇلۇپ، ئايروپىلانلار كۆمتۈرۈلۈپ، مىڭبىر جاپالار بىلەن قولغا كەلتۈرگەن شان-شۆھرەت كۆككە سورۇلۇپ كېتىدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. كوماندا ئەزالىرى ئېچىدىكى دىڭ قۇلاق، قوۋۇزى مايمۇنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرنەچچە ئەبلەخ باشتا ئېنتېرنىڭ سەپنى ئۆزگەرتىش قارشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇباققا ئۆتۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ، 4-2-3 لىك ئەركەك-چىشى بېلىق پەدىسىدە بىرنەچچە ئەسىرگىچە توپ تېپىشنى قەتئىي قوللاپ چىقتى. ئېنتېر قورسىقى كۆيۈپ، كۆڭلىگە يۈكۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت باشلىقىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك كۈنگە ئىگە بولۇشى ئاشۇ گراف جانابلىرىنىڭ كۆتۈرۈشى ۋە قوغدىشىدىن بولغانلىقىنى كۆز

ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى.

ئېنتىر ئەمدى دىققەت-ئېتىبارىنى كۆپچىلىك پۇتبولچىلارغا قاراتتى. ئۇ باشقا كوماندىغا تەۋە بولغانلارنىڭ، يېڭى كەلگەنلەرنىڭ ۋە ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەپ باقمىغانلارنىڭ ئۆزىگە قول باغلاپ، خۇشامەت قىلىپ، خوش-خوش دەپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى، بۇ ئۇنى ئەپسىز ئەھۋالغا قالدۇرسىمۇ، لېكىن خىزمىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. ئۇ مەشىق مىقدارىنى كۆپەيتىڭلار دېسە پۇتبولچىلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ مۇسابىقىگە چۈشۈش ئالدىدا تائامنى قىسقارتىڭلار دېسە، كوماندا ئەزالىرى مۇسابىقىدىن بۇرۇن ئۈچ كۈنگىچە سۇ ئىچمەسلىك، تاماق يېمەسلىكنى بەلگىلىدى. ئېنتىر بولسا ئۆزىگە ئىشىنىپ، تۆت يىلدىن ئارتۇق ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ، كاتتا كەسىپ ئەھلىگە ئايلانغان مېنىڭ پىكىرلىرىم توغرا بولماي قالامتى دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇنىڭ تەتۈرىچە، ئىلگىرى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئەڭ تونۇش، ئەڭ يېقىن سەپداشلىرى ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. بېيلى ئېنتىرنىڭ ئۆتمۈشتە كىچىكلىك كۆلۈبقا ئويۇن-تاماشا قىلغىلى بارىدىغان چاغلىرىدىكى قەدىناس ھەمراھى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئېنتىرنى كۆرگەن ھامان ئۆمۈچۈك سۈرىتىدە زەر بېسىلغان قارا گالستۇكىنى چىگىنىپ، تۆۋەن تەرىپىنى تارتىشتۇرۇپ، ئىككى ئايىغىنىڭ پاشنىسىنى ناقىدە جۈپلەپ، سەل ئېگىشىپ دىققەتكە تۇرغاندىن كېيىن. گويا سېستىرا قىزلار ھەممەل قىلىپ قويۇۋاتقان چاغدىكىدەك ئاجايىپ يىرگىنچىلىك سەت كۈلۈمسىرەپ، ئۈزمەي مۇئاۋىن باشلىق جانابلىرى دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كىشىنى ھەممىدىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان يېرى ئۇ ھەممىسە «مۇئاۋىن» دېگەننى تاشلىۋېتىپ توغرىدىن توغرا «باشلىق جانابلىرى» دەيتتى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئېنتىر نەپەسنى توختىتاپ قالايلا دەيتتى. بېيلىنىڭ گەپ قىلىش ئاھاڭىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بۇرۇن ئۇ ئېنتىر بىلەن قارا-قويۇق قوپال

گەپلەرنى ھېچ تارتىنماي سۆزلىشۋېرەتتى، ئاۋازى ناھايىتى جانلىق ۋە يارقىنلىق چىقاتتى. مانا ئەمدى ئىنتىرنى كۆرسىلا مەيدىدە قۇرتنىڭكىدەك زەئىپ، ئىزىلەڭگۈ ئاۋازدا سۆزلەپ، ئىنتىرنىڭ بەكمۇ چىشىغا تېگىپ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتاتتى! شۇنداقتىمۇ ئىنتىر بىلىنى قانۇن سىزىقىدىن چىقمايدىغان تازا ئاقكۆڭۈل بۇقرا-دە! دەپ ئويلايتتى.

مەيكېر بىلەن كېنىمىر ئۇنىڭدىن پەرقلىنەتتى، مەيكېر ئىنتىرنى كۆرسە بىر كۆزىنى قىسىپ: «بۇرادەر، مەنسىپىڭ ئۆسكەندىن كېيىن بىزدەك جان دوست ئاغىنىلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ!» دەيتتى، كېنىمىر بەكرەك يېپىشىپ، ئىنتىرغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى قىقىپ تۇرۇپ: «ھەممە پايدىنى ئىنتىر مۇئاۋىن غوجام يالغۇز ئىگىلىۋالماي ھەممەيلەننى تەڭ بەھرىمەن قىلارسەن! قولۇڭنىڭ ئاراشلىرىدىن ئانچە-مۇنچە تېمىتىۋەتسەڭ بولۇۋېرىدۇ!» دەيتتى.

ئىنتىر قوشۇمىسىنى تۈرەي دېسە تېخى، چىرايىنى ئۆزگەرتەي دېسە تېخى، بىرەر-ئىككى ئېغىز جاۋاب قايتۇراي دېسە تېخى، بىر قىسىملا ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. بولۇپمۇ كېنىمىرنىڭ «باشلىق» دېگەننى تاشلىۋېتىپ «ئىنتىر مۇئاۋىن» دەيدىغان چاقچىقى گويا ھاقارەتلەۋاتقاندەك، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، زادى چىدىغۇسىز بىلىنەتتى!

ئىنتىر ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى كۆرمەسكە ۋە ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدى. ئۆچەكەشكەندەك* ئۇ كۆزىدىن كۆچۈرۈپ بولۇپ ۋە خوشلىشىپ بولۇپ، پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا بېلى قوغلىشىپ كېلىپ، بېشىنى پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن ئىچىگە سوزدى. بېلىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن، شۇ قەدەر سوزۇلۇچان ۋە ئەپچىل تولغىنىدىغان بويىنى بارلىقىنى ئىنتىر زادى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. بېلى سوزۇلغان بويىنىنى تولغاشتۇرۇپ، ئەزمىلىك بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى:

— باشلىق، مۇدىر جانابلىرى بىلىپ قالسىلا! مەيكېر بىلەن

كېيىنكى باشلىقلارنى كۆزگە ئىلماي، پىتنە-پاسات تۇغدۇرۇپ، تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش قىلىۋاتىدۇ! قاراپ تۇرۇشقا ھەقىقەتەن تاقىتىم قالمىدى! ئۆپكەم يىرىلىپ كېتەي دەپ قالدى! ئۇلارنىڭ سىلىگە ۋە شەھەر باشلىقى — جەمئىيەت باشلىقى — مۇدىر — گراف جانابلىرىغا تىل تەگكۈزۈپ تارقاتقان پىتنە-پاساتلىرى جىق...

ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتتى. كالپۇكىنى تىلى ۋە چىشى بىلەن سۈركەشتۈرۈپ مىتىلدىشى بەك تېزلىشىپ كەتكەچكە، ئىنتىر ئۇنىڭ بىرەر سۆزىنىمۇ ئۇقالماي قالدى.

ئىنتىر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ھارغىنلىق يەتكەچكە خوتۇنى ئەكىلىپ بەرگەن ئاپېلسىن شەربىتىنىمۇ ئىچىشكە ھورۇنلۇقى تۇتتى.

— ھوي، نېمبولدىڭىز يىگىت؟ تۈكىنى يۇڭدىۋەتكەن كۆركە نوخوداك ئولتۇرسىزغۇ؟

— جاقچىقىمنى قويساڭچۇ... ھېرىپ كەتتىم. بۇرۇن جىسمانىي كۈچ سەرپ بولاتتى، ئەمدى مېڭە سەرپ بولۇۋاتىدۇ، مېڭىنىڭ ھېرىپ كېتىشى قول-پۇت، كىچىك ئەزانىڭ ھېرىپ كېتىشىدىنمۇ يامان ئىكەن!

— ئوھ، ئىنزا تارتمايدىغان ئەسكى. بۇ يىل قىش بىلياتىس تېغىغا بېرىپ لىژا تېيىلساق قانداق؟ بۈگۈن زاكاز قوبۇل قىلىش قەغىزى تاپشۇرۇۋالدىم. زاكالەت پۇلىنى 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن ئەۋەتىپ بەرسەك، تۇرمانچىلىق مېھمانخانىسى ياتاق ھەققىنى 40 پىرسەنت ئەرزانلىتىپ ھېسابلايدىكەن. مۇنچىۋالا ئەرزان باھا ئەلمىساقتىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان جۇمۇ!

— ئاللىقاچان ئېيتتىمغۇ، قىشلىق كۈن تەرتىپىنى مەخپىيەت ئەمەلدارى بىلەن سېنىڭ گراف غوجاڭ بەلگىلەيدۇ. سۆيۈملۈكۈم! سەن نېمە بازاقىنى 40 پىرسەنت ئەرزىنىغا زاكاز قىلىپ پايدا ئېلىشنىلا ئويلاپ. مۇبادا بارالماي قالساق تاپشۇرغان زاكالەت بىكارغا كېتىپ جىق زىيان تارتىدىغانلىقىمىزنى ئويلىمايۋاتىسەن! بۇنى ھەر قانداق دۆتمۇ چۈشىنىدۇغۇ.

— بولدى جېنىم، چارچاپ قاپسىز، دەم ئېلىڭ، چېچىلماڭ، نېرۋىڭىزنى بوشىتىۋېلىڭ. ئاڭلاۋاتامسىز، نېرۋىڭىزنى بوشىتىۋېلىڭ دەۋاتىمەن! ئار بەك چېكىپ كەتسە ئۆزۈلۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ. بىراق كەچۈرۈڭ. مېنىڭ باش پاناھىم! ھېلىلا بېيلى ئۆيگە تېلېفون بەردى، سىزگە يۈزمۇ يۈز دەيدىغان مۇھىم گېپى بارئىكەندۇق، سىزنى ئارامخۇدا دەم ئېلىۋالسۇن دەپ دەخلى يەتكۈزۈشنى خالىماپتۇ...

خوتۇنىنىڭ شۇنچە يۇمشاق، تاتلىق سۆزلىشىدىن ئەجەبسىنىۋاتقان ئېنتر بېيلىنىڭ ئىشنى ئاڭلاپلا ئەھۋالنى چۈشەندى. خوتۇنىنىڭ «ئاتلىقلىشىپ قىلىشى» غا بېيلىنىڭ تېلېفوندىكى تەلەپپۇزى تەسىر قىلغانلىقى ئاپئايىنلىق ئىدى.

— بېيلىنىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭدىن زېرىكتىم! — دېدى ئېنتر، ئاندىن بېيلى بىلەن مەيكېر، كېنىمىرلارنىڭ ئىشنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، — ئاڭلىشىمچە، بېيلىنىڭ ئاشنىسى بېيلىنى بوشكەن دەپ ياراتماي، مەيكېر بىلەن بىر يوتقاندا يېتىۋاتقانىمىش، بېيلى چىدىماي قاپتۇ... ئازا كېرەكسىز بىرنېمىكەن ئۇ.

— ماقۇل دەڭ، — دېدى كىيۇتانىي كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، — چاتاق يوق! بېيلى كەلسۇن! ھازىرلا كەلسۇن! سىزنىڭ ۋاقتىڭىز يەتمىسە، مانا مەن كۈتۈۋالاي. بەزى ئىشلارنى ماڭىلا قويۇپ بېرىپ، سىز دالدىدا تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولغىنى. ئەپلەشتۈرسەم پايدىسىنى سىز كۆرۈڭ ئەپلەشتۈرەلمىسەم دەردىنى مەن تارتاي. بېيلىدەك ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئوبدان بىلمەن. ياشلىقلارغا بۆرىدەك سۇرلۇق كۆرۈنگەن ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئالدىدا مۈلايىم كۈچۈكقا ئايلاندۇرمىسام ھېساب ئەمەس. ھەرخىل گەپ سۆز ھەرخىل پاراڭلارنى ئاغزىدىن ئاڭلاپ تۇرۇشىمىزغىمۇ ئادەم كېرەكتۇ. رىزۋىلىت-چىرچىللار مۇنۇ چوڭ ئىشلارنى شۇ يول بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغان. مەنلا بولىدىكەنمەن، سىزمۇ ئاشۇنداق چوڭ ئەربابقا ئايلانماي قالمايسىز! ئۇششاق-چۈششەك دەپ ئىلغىمىغاندىلا

چوڭغا قول يەتكۈزگىلى بولىدۇ! يەنە كېلىپ بۇ باشتىن-ئاخىر بىر سىر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ...

— نېمە سىر ئۇ؟

— سىزنىڭ، مېنىڭ ۋە بالىمىزنىڭ ئەتراپىدا قەرەللىك بومبا نەقەدەر جىق!

— سارالڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ نەدىكى قەرەللىك بومبىكەن ئۇ؟ هازىر ئامانلىق ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، كابىنېتنىڭ رازۋېت نازارىتى ئېلان قىلغان مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بۇلتۇر شۇ ۋاقىتدىكىگە قارىغاندا 14 پىرسەنتلا كۆپەيگەن.

— ھەي كالۋا! سايلا قەرەللىك بومبا ئىچىدە ياشاۋېتىپمۇ ئۇنى سەزمىگىنىڭنى قارا! راست-يالغان ئېيتىر توغرىسىدا بولغان تالاشنى ئۈچ يىل بولا-بولمايلا ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇ پالاكەت باسقان ئاتالمىش ئېيتىرغۇ ئۆلدى — خۇدا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن، — بىراق ئاتالمىش سىز ئېيتىر ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەم دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ سىزنىڭ ئاشۇ سەيداش-يەيداشلىرىڭىز، قولاق كەسنى ئۆلپەتلىرىڭىز غىدىك-پىدىك قىلماي جىم ياتامدۇ، ئۇلاردىن يەخەس بولالمىسىڭىز بولامدۇ؟

كىيۇتانمى بىيلى بىلەن بىر كېچە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرى مەيكېر بىلەن كېنمىرنى قەرەللىك بومبا ھەتتا پىلتىسى ئوت ئېلىۋاتقان بومبا دېگەن قارارغا كەلدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئاخبارات-تەشۋىقات ئورۇنلىرىغا پىتقىلىشىش ئۈچۈن يول ئىزدەۋاتقانىش، مەيكېر ھەتتا بۇدا خوتۇنى بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئايال مۇخبىر بولمىسا ئۆيلەنمەيمەن دېگەنىش. بۇ نېمىدېگەن گېپى؟ بۇنى باشقىچە ئىزاھلاش مۇمكىنمۇ؟ ئەجەبا ئايال جاسۇسقا قارىغاندا ئايال مۇخبىر خوتۇنلۇققا بەكرەك ئەرزىمەيدىكەنا؟ ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، بىيلىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەيكېر بۇرۇن نەشە چەككەن ھەمدە ئۆزىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش تەجرىبىسىنى كوماندا ئىچىدە

ئاشكارا تەرغىپ قىلغان، بۇنىڭ ۋاقتى، ئورنى ۋە گۇۋاھچىسى ئېنىق ھەم تولۇق ئىكەن.

كېيىنمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا قوشنىسىنىڭ شاپتۇلىنى ئوغرىلاپ يېگەن ھەمدە قوشنىسىنىڭ ئەقلى ئاجىز ئوغلى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغاچقا، ئۇ بالا ئەلەمگە چىدىماي 17 يېشىدا قايناۋاتقان ئاسفالت كۆلچىكىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئادەم چىدىغۇسىز ئېچىنىشلىق ھالەتتە ئۆلۈۋالغان. كېيىنمۇ شۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەندە بېيلى ئۇنى غاچىلا قىلىپ (؟) كىچىك ئۈنئالغۇغا چۈشۈرۈۋالغان، ئۇ تانىمەن دېسىمۇ تانالمايدىكەن. شەھەر باشلىقى بىلەن ئېنىتر يىگى مەنسەپكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاشۇ ئىككى مۇتەھەم بىر-بىرىگە ھەمنەپەس بولۇپ، قوشاقلا قېتىش، تېپىشماق ئېيتىش، ھېكايە توقۇش يولى بىلەن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «دۇنياۋى توپ چولپىنى ئېنىتر» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى چوڭ ئالدامچىلىق دېگەندىن بېشارەت بەرگەن. مۇشۇنداق يۇرت بۇزۇقلىرىنى، يوشۇرۇن گۇناھكارلارنى، پارچىلىنىۋاتقان راك ھۈجەيرىلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ مەيلىگە قويۇۋېتىش مۇمكىنمۇ؟

ئېنىتر نەرى تونۇلغان يېتى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياق بۇياققا ماڭغىلى باشلىدى.

قىن-قىنىغا پاتماي قالغان كىيوتانمى ئوغلىنى سۆيۈپ ئۇخلاشقا دەۋەت قىلغاچ، بېيلىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى:

— يۇقىرى پالاتا بىلەن تۆۋەن پالاتا زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش ھەققىدە بېكىتىلگەن ماقۇللىغان قانۇنغا بىنائەن، زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلەر ئۈچ ئايدىن يەتتە ئايغىچە قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۆمۈچۈك سۈرىتىدە زەھەر بېسىلغان قارا گالستۇكلۇق يۈتيولچى تۇرۇپ زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن كىشى كەم دېگەندە ئالتە يىل سەككىز ئايلىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىشى بولىدۇ! لۈكچەكلىك جىنايىتى، مېيىپلارنى ئاياغ ئاستى قىلىش جىنايىتى. زىناخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن خومپەر كېيىنمۇ ئېغىرى 20 يىللىق، يېنىكى ئون

يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنسا بولىدۇ. بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان ۋە خوتۇنى سىلەن بۇ ھەقتە بەس-مۇنازىرە قىلىشىمۇ خالىمايۋاتقان ئېنتىر ئۇيان بۇيان مېڭىۋېرىپ چارچىغاچقا سافاغا موككىدە ئولتۇرۇپ سىگار چېكىشكە باشلىدى. بۇ ئەينەن كۇبادا ئىشلەنگەن، مەيكىر سوۋغا قىلغان سىگار ئىدى. مەيكىرنىڭ دېيىشىچە، بۇ قىزلارنىڭ يوتىسىغا سۈركەپ ئورالغان تاماكا بولغاچقا ناھايىتى كۈچى بار ئىمىش. ئېنتىرنىڭ سىگار چېكىشى يۇتبول كوماندىسىدىن چېكىنگەندىن كېيىنلا بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قاتتىق نەلەپ قويۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇغىنىسى مەيكىر بىلەن قىلىشمىغان گېپى قالمىغانلىقىدىن، قىلىشقان گەپلىرى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆستۈرۈلۈشىمنى باشتا بىلگەن بولسام بىھايا گەپلەرنى ئازراق قىلسام بوپتىكەن! دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

— راست گەپنى ئېيتسام، جېنىم، مەيكىر، كېيىمىرغا ئوخشاش ئەيىبى بارلار ئاز ئەمەس! ئۇياقتىن مەنسەپ تۇتا-تۇتماي بۇ ياقتىن ئىككى قەدىنىسىنى قاماقتا يۈرۈپ نېمە قىلاي، ئۇنداق قىلسام تولىمۇ تار قورساقلىق قىلغان بولمامدىم؟

— ناھايىتى جايىدا، — دېدى كىيۇنانى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇ ئىرنىقىغا قىزغۇچ قارا لاك سۈرۈلگەن بارماقلىرىنى نازۇك ھەرىكەتكە سېلىپ، تاماكىنى بوش قىسىپ — پىرقىرىتىپ ئويناتتى، ئاندىن تاماكا ئىسىنى ئاستا دۈگىلەك قىلىپ چىقىرىپ، ناخشا چولپىنى تەشەككۈر سالىمى قىلغان چاغدىكىدەك سىلىق ئاۋازدا سۆزلىدى، — دوستلارنى قاماقتا يۈرۈشتا قانداقمۇ چىدايسىز؟ قوڭى يوتەي تۇرۇپ بالا تۇغمەن دېگەندەك ئىشنى قىلىشقا قانداقمۇ قوللىكىز بارسۇن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ياخشى دوستلىرىڭىزنىڭ سىز شورۇۋېچىنى جورسىلە دەپ قاماقتا ئاپىرىپ قويۇشىنى كۈتكىنىڭىز ياخشى. ۋاقتى كەلگەندە مەن سىزنى قاماقخانىغا بېرىپ يوقلاپ تۇرسام، سىزنى يىراقتىن سۆيۈپلا قالماي، ھەر بارغاندا كورىيە

www.uyghurkitap.com

بەھىمنى بىلەن ھىندىستاننىڭ ھېكمەتلىك دورىسىنى ئالغاچ بارسام باخشى، شۇنداقمۇ ئەزىزىم؟

— چىشىمغا ئەگمىسەڭچۇ!

ئىككىسى جاڭجاللىشاي دەپقالغاندا، نېرىقى ئۆيدىكى ئوغلىنىڭ ئىنجىقلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. كىچىك ئېنتىر قىسقۇچ پاقا گۆشىنى بەك جىق يېۋەتكەچكە قورۇق ۋابا بولۇپ قالغانىدى. ئېنتىر ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئوغلىنى دەرھال پىكاپقا سېلىپ ئاپىرىپ جىددىي كېسەل بۆلۈمىگە كۆرسەتتى. كېيۇتانىي ئوغلىنىڭ ئىچىگە سۈيۈقلۇق ماڭغۇزۇشنى كۆرگەچ: «خۇدايىم ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئەمەس، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بەندىنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ!» دېگەن ھېكمەتلىك خۇلاسىگە كەلدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكىچە ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى، مەيكىر بىلەن كېنمىرمۇ چېقىلىدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلمىدى. مەيكىر ئۆز ھەمراھى بولىدىغان ئايال مۇخبىرنىمۇ تاپالمىدى. ئېنتىر ئۇھ دەپ ئارام تېپىپ قالغانىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردە جۈمە كۈنلىرىنىڭ بىرى چۈشتىن بۇرۇن گىراف باشلىق ئېنتىرنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى ۋە:

— مەيكىر بىلەن كېنمىرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى سابىق شەھەر باشلىقى سۈرلۈك قىياپەتتە. ئۇ چىشى ئاغرىۋاتقاچقا ئېڭىكىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى.

— ئۇلار، ئۇلار، ئاڭلىشىمچە... ئېنتىر تۇتۇتۇلەپ تۇرۇپ بېيىلدىن ئۇققان ئەھۋاللىرىنى بىر-قۇر سۆزلەپ بەردى.

— نېمە دەپ ۋاقتىدا مەلۇم قىلمايسىز؟ مەن سورىمىغىچە ئېغىز ئاچمىغىنىڭىزنى قاراڭ!

— يۈتبولچىلارنىڭ ھەممىسى بۇقىدەك قاۋۇل يىگىتلەر، ئۇنداق ئەيىبى بارلار مەيكىر بىلەن كېنمىرلا ئەمەس...

— جۆيلىمەڭ، — دېدى گىراف چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە يەۋىتىدىغاندەك قاتتىق تىكىلىپ، — ئۇلارنىڭ قىلمىشى پادىشاھ

ئائىلىلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ، ئۇنى ئەيىب دېگىلى بولمامدىكەن! شۇ ئىككىسىلا ئەمەس بولسا، ئۇنداقتا ھەممىسىنىڭ ئىسمىنىكى، ۋە جىنايەت تەھۋالىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە مەلۇم قىلىڭ، قانچىسى بولسا شۇنچىسىنىڭ ئەدىبىنى بېرىمىز، بىرەرسىنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ!

ئېنىتر ۋارا تەرگە چۆمۈلدى.

— ئېنىتر ئىگىت، — دېدى گراف تەلەپپۇزىنى پەسەيتىپ، — باشتا ئۆزۈمنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا نېمە ئۈچۈن سىزنى كۆرسەتمەسلىك توغرا بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ سەۋەبىنى سىزنى يۆتىبولچى. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بەك يېقىن. ھەدېسىلا كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، كۆرۈنگەن چاتاقنى بىر تەرەپ قىلىشقا قولى بارماي قېلىپ، ئىناۋىتى تۆكۈلمىسۇن دېگەننى ئويلىغانمەن، كەسىپ ئەھلى باشقۇرغۇچى بولۇشقا لايىق ئەمەس، كەسىپ ئەھلى خوجايىن بولۇشقا لايىق ئەمەس دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ! كەسىپ ئەھلى بولماسلىق رەھبەرلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەت، مۇشۇ شەرتكە ئىگە بولغان رەھبەر ھۇجۇم قىلىپ ئېلىشىمۇ، چېكىنىپ مۇداپىئە كۆرۈشىمۇ بىلەلەيدۇ. كەچۈرلىك قىلىشقا توغرا كەلسە كەچۈرلىك قىلالايدۇ، قاتتىق بولۇشقا توغرا كەلسە قاتتىق بولالايدۇ. خىزمەت كۆرسەتسە مەغرۇرلانمايدۇ. سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ھەيۇسلەنمەيدۇ. يىقىلسا ئۆزىلا ئورنىدىن تۇرالايدۇ، بەك يۈگۈرۈپ كەتسە ئۆزىلا توختىيالايدۇ. كەسىپ ئەھلى بولۇش رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلچەم بەلگىسى. كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندىڭمۇ بولدى. رەھبەرلىك قىلغۇچىلار قاتارىغا ئۆتكىنىڭ شۇ، ئۇنىڭدىن نېرى نەگە بارالايتىڭ؟ دەرۋەقە، كەسىپ ئەھلى بولغان كىشى كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىگە ئايلانسا بۇ ھەممىدىن قىممەتلىك، بۇ ئەڭ كۆڭۈلدىكى رەھبەر! جاھاندىكى كىشىلەر كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىنىڭ كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى

بىلدۈڭ، كەسىپ ئەھلىنىڭ كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىگە ئايلىنىشىنىڭ بىباھا قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيدۇ! ئېنتېر يىگىتنىڭ سۆزىگىزنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاپ يىغىلىپ قېلىنى، — گراف «ئاجايىپ» دېگەن سۆزنى ئېيتقىنىدا ئېنتېرغا ناھايىتى مەنىلىك قاراپ قويدى، بۇھال ئېنتېرنى مۇشۇككە يەم بولاي دەپقالغان چاشقاننىڭ كويىغا سېلىپ قويدى. گراف زوقلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز ئىشنى ئەستايىدىل، خالىس قىلىڭ! ئىشىنىمەنكى، سىز خۇددى كەسىپتىن خەۋەرسىز كىشىنىڭ پۇتبولچى بولۇپ كۆپچىلىك قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندەك، بىر مەزگىل تىرىشقاندىن كېيىن، كەسىپ ئەھلى بولغان كىشىدىن جەزمەن پۇتۇنلەي كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىگە ئايلىنالايسىز! پادىشاھ ئالىيلىرى كابىنىتىنىڭ مەخپىيەت مەھكىمىسىنىڭ ھەمدە شەخسەن مېنىڭ سىزگە بەرگەن تەربىيىمىزنى ھەرگىز يەردە قويماڭ!

ئېنتېر خوش-خوش دەپ ئولتۇردى. ئەمما يەنە يۈرىكىنى توم قىلىپ، بەك ئالدىراپ ئىش كۆرسەك بولماس، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىپ، پۇتبول كوماندىسىنى ۋەيران قىلساق ئەپلەشمەس، مەن ھۆددە ئالاي، مەيلى بىلەن كېيىمىر ئۆز خاتالىقىنى تونۇسۇندۇ، بۇدا ئۇلارنى ئەيىبلەپ سوتقا يوللىماي كوماندىدىن چىقىرىپ، ئۇمۇچۇك سورىتىدە زەر بېسىلغان قارا گالستۇكىنى ئەبەدىي قايتۇرۇۋالساقلا كۇپايە دېدى.

گراف «ھىم» دېگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىكنى ئۇۋۇلىغاچ دىككوسلاپ كېتىپ قالدى. ئېنتېر ئىچىدە «قاقباش بۆرە!» دەپ تىللىدى.

ئېنتېر ئۆيىگە قايتىپ بىرىپلا ئىشىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ، خوتۇنى بىلەن جىدەللەشتى، كيۇنانىمى مەيلى بىلەن كېيىمىرنىڭ ئىشىنى گرافقا ھەرگىز مەن چاقمىدىم دەپ ئاسمانغا قاراپ، يەرگە باش ئۇرۇپ قەسەم ئىچتى. ئېنتېر بېيلى چاققانلىقىنى ئاخىر چۈشەندى. ئېيتقان قورقۇنچلۇق، تىلى شىبكەرنىڭ دىلى زەھەر

دېگەن مانا شۇ!

مەيكېر بىلەن كېنمىر ئېنتىر بىلەن كۆرۈشمىز دەپ ئۈزمەي تېلېفون بەردى، خەت يازدى، ئىشخانىغا، ئۆيگە بېسىپ كېلىپ قاڭقىر قاقىدى. ئۇلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى سەزگەندەك قىلاتتى ۋە ئېنتىر كونا دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزنى قوغدايدۇ دېگەن ئويدا ئىدى. ئېنتىر نەچچە ئارسالدى بولۇپ، ئەپلەشتۈرۈشكە زادى كۆزى يەتمىگەچكە بولدى قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن، تەكشۈرۈلگەن ئەھۋال راست بولۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئېنتىر بۇيرۇققا بىنائەن گرافىنىڭ ئورنىدا يۈتبول كوماندىسىغا بېرىپ مەجلىس ئېچىپ، مەيكېر بىلەن كېنمىرنىڭ كوماندىدىن چىقىرىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يىغىن ئەھلى ئۈنتۈنسىز شۈك ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، ھەممەيلەن ئېنتىردىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ يۈزسىزلىكىدىن ھەيران بولسا، بەيراڭۋازلىقا ئوستىلىقىدىن قايىل قېلىشتى. «ئېنتىر قاراقچى» دېگەن گەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە، بېيلى كىيۇتانمى خېنىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەيكېر بىلەن كېنمىرنىڭ كوماندىدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن ئېنتىرنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ھاقارەتلىگەنلىكىنى، «دوستلىرىغا خائىنلىق قىلىپ يۈز تاپتى» ، «چېقىمچىلىق بىلەن مەنسەپكە ئېرىشتى» ، «قارا گالستۇكنى يۈتبولچىلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويىدى» ، «دۆلەتنى كۆرۈپلا يۈزسىزلىك قىلغان نامەرد» ، «قېنى قاچانغىچە ئەسكىلىك قىلىدىكەنسەن» ، «تۇتقان يولۇڭ ھارام. ئاقىۋىتىڭمۇ ياخشى بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى چاقتى. بىرمۇنچە كوماندا تەزالىرىمۇ ئاشۇ ئىككى قارا نىيەتنى ئاستىرتتىن قوللاپ، ئېنتىرغا قاتتىق تىل تەگكۈزگەنمىش. ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ھەم خەتەرلىك بولغىنى — مەيكېر كوماندىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەيكېر تۇرغان يەردىن مىلىك چاقىرىم نېرىدا تۇرۇشلۇق بىر ئايال مۇخبىر ئۆزلۈكىدىن مەيكېرنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ كېلىۋاپتۇ، قارىمۇ قارشىلىق كەيپىياتى ئۇنى مەيكېرنىڭ ئالدىغا ئۆزى ئەكىلىپ

بېرىپتۇ، ئۇنى ئاڭلىسا ئېيتىر ئىچى تىت-تىت بولۇپ، قارا قىش ۋاقتىدىمۇ ئىسسىقلىقى ئۆرلەپ كېتىدىكەن.

ئېيتىر شۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ 15 تال چىشى، ئالتە تال ساقىلى ئاقىرىپ كەتتى، ئۇ ئاخىرى ئۆزۈن ئۇھ تارتىپ:

— ھۇ يالغۇزلار! ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نائىنساپلار! مانا ئەمدى قاتتىق باشقۇرغىنىمنى كۆر! دەپ ئىللىدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، كوماندا ئەزالىرىدىن بىرسى لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ساقچىلار تەرىپىدىن نەق مەيداندا قولغا ئېلىنىپ، بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىندى ھەمدە كوماندا ئەزالىقىدىن مەڭگۈ چىقىرىلدى. ھەممە ئادەم بۇنىمۇ ئېيتىرنىڭ گرافىنى قۇترىتىشى بىلەن بولغان ئىشى دېيىشىپ، ئېيتىرنى رەسۋا ئىللار بىلەن ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭ ئۇغىسىنى قايىنتىۋەتتى.

ئارىدىن يەنە بەش ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، كوماندا ئەزالىرىدىن ئۈچى ئۆزلۈكىدىن ئىستىپا سوراپ ئاشخانىدا مەدىكارچىلىق قىلىشقا چىقىۋالدى.

ئاقىتى ئاق بولغان ئېيتىر شەھەرلىك كوماندا ئەزالىرىنى ئۆز يۇلى بىلەن مېھمانغا چاقىرىپ، كاپىتال قوشۇپ سېلىنغان رېستورانىنىڭ 45- قەۋەتتىكى ئايلانما ئاشخانىدا فرانسۇزچە كاتتا قورما، غاز بېغىرى، كالا گۆشى، قۇلۇلە ئېتى، ئاق قىزىل ئۈزۈم ھارىقى ۋە شامپانىسكى، بۇنىڭغا قوشۇپ مىنېرال سۇيى، دانىيە لاگاسى، گوللاندىيىنىڭ ھانىگىن ماركىلىق سېرىق-قارا پىۋىسى بىلەن مېھمان قىلدى. ئېيتىر شۇپاتنىڭ ئوركېستىر ئورۇندىغان سوناتا ناخشىسى ساداسى ئىچىدە سۆز ئېلىپ:

— سەيداشلار، كەسىپداشلار، — دېدى ئۇ، — مەن بەش ياش چېغىمدىن ھازىرغىچە 24 يىل توپ تېپىپتىمەن! مۇشۇ شەھەرگە كەلگىنىمگىمۇ مانا ئالتە يىل بولۇپ قالدى! بورانغا قېقىلىپ، يامغۇرغا

چىلىنىپ، بۇيان سوقۇلۇپ، ئۇيان ئۇرۇلۇپ توپ بىلەنلا ھەپىلىشىپ كەلدىم، پۈتبول ئىشىنى، پۈتبول روھىنى، پۈتبول سەنئىتىنى دەپ شۇنداق قىلدىم! پۈتبول ئىشىنى دەپ يۇقىرى مائاشتىن ۋە جاھانغا تونۇلغان توپ چولپىنىلىق ھاياتىمدىن ۋاز كېچىپ، ھەرقايسىڭلارغا خىزمەتكار بولىدىغان ئىشقا يۆتكەلدىم! ئاھ-ۋاھ دېمەي، چوڭ چىقىم تارتتىم! مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ باشتىكى چىن قەلبىمنى ئۆزگەرتمەي ھەر قايسىڭلار بىلەن دىلداش بولۇپ كەلدىم! مەيكىر بىلەن كېنەرنىڭ قىلغان ئىشى ئەيىبلەپ سوتقا يوللاش دەرىجىسىگە يېتەتتى، ئۇنداق قىلىنغان بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ پۇتىغا ئىشكەل، قولىغا كويزا چۈشۈپ ھازىرغىچە ھەپسىدە ياتقان بولاتتى! مەن ئۆز جېنىمنى تىكىپ، كاللام بىلەن ھۆددە قىلىپ كېپىل بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئىش تامام-ۋەسسالام بولدى. شۇنداق قىلغىنىم ئۈچۈن كەسىپ ئەھلى كەسىپ ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلالمايدۇ دېگەن مەسخىرىگە قالدىم، سىياسىي دۈشمەنلىرىم تاھېلغىچە كۆكۈلامغا ئېسىلىپ قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. يېقىندىلا چاتاق چىقارغان ھېلىقى نامەرد ساقچىنىڭ قولىغا ئۆزى چۈشۈپ قالغان! پۈتبولچىلارنى باشقۇرۇشى بوش دېگەن ئاناق بىلەن قانچىلىك ئازار چەككەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر مېنى بىزنى قوغدىسۇن دەيسىلەر، بىراق قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلار مېنى قوغداۋاتامدۇ؟ مەنمۇ سىلەرنىڭ ھالىڭلارنى چۈشىنىمەن؛ بىراق سىلەر ھارامزادىلەر مېنىڭ دەردىمنى چۈشىنىۋاتامسىلەر؟ ئۆزۈڭلەر ئىرىشمەي تۇرۇقلۇق، يەنە تېخى يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، توقۇپ-كۆپتۈرۈپ مېنى رەھىمسىزگە چىقىرىۋەتتىڭلار! بولدى، بۈگۈن مۇشۇ تاماقنى يەۋېتىپ ئەتىلا ئىستىپا بېرەي! پۈتۈن ئۆمرۈمنى پۈتبول ئىشىغا ئاتىدىم، خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن بولسامۇ جاپاسىنى تارتقانتىم، ھەممە ئىشىم سۇغا چىلاشسىمۇ مەيلى! بۈگۈندىن كېيىن مەنمۇ ئىسىم-زاتىمنى يوشۇرۇپ ھوجرىلاردىن پايدا تاپىدىغان ئىشنى قىلاي، مەنمۇ تاماشا كۆرۈپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئۇدۇل كەلگەننى سۆكۈپ، پو ئېتىپ،

ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، ئۇتتۇن گۇرۇچنىڭ نەرخىنى ئۇقماي، قولۇمنى كەينىگە تۇتۇپ، بىلىم ئاغرىمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈۋېرەي! خەلقئارا توپ چولپىنى بولغان پېقىر ئېنتىر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۇتبول ساھەسى بىلەن خوشلىشاي!

سەپداشلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى، ئۇلار ئېنتىر چۈشۈپ كەتسە ئورنىغا ئەسكىلىكتە ئېنتىردىن يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان بىرسى چىقماي قالمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىر ئېغىزدىن:

— بىزنى تاشلىماڭ ئېنتىر! — دېيىشتى، — سىز بىزنىڭ باتۇرىمىز! سىزنى ھاقارەتلىگەنلەرنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلسۇن! بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەرگىز سىزنىڭ گېپىڭىزدىن چىقمايمىز!

ھەممەيلەن بېگىدىن ئادەم قوبۇل قىلىپ، بېگى بىلەن كونىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ئىنتىزامنى رەتكە سېلىش، مەشىق مىقدارىنى كۆپەيتىش دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە ئوبدان تەكلىپلەرنى بەردى. ئېنتىر ئەڭ ئاخىرىدا سەپداشلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىتكىنىچە قايتىپ كەتتى.

ئويلىمىغان يەردە بۇ بېقىنچىلىقنى گراف بىلىپ قېلىپ، ئېنتىرنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە مۇنداق قىلمىشىڭىز يامان كەيپىياتقا سوكۇت قىلغانلىق، يامانغا يانتاياق بولغانلىق، رەھبەرلىكنى ساتقانلىق دېدى. غەزەپ دەستىدە ئاغزى مايماقلىشىپ، كۆزلىرى قىمىغىر كەتكەن گراف ئېنتىرغا قاراپ:

— ئۆلۈك چاشقان تۇتقۇچى قارىغۇ مۈشۈككە ئوخشايدىغان ئېنتىرلىقىڭىزنىڭ كۈچىنى مەڭگۈ تۇرۇۋېرىدۇ دەپ خىيال ئەيلىمەڭ! جاجامنى يېمەيمەنغۇ دەپ قالماڭ، ۋاقتى كەلگىنى يوق! ۋاقتى كەلسۇنچۇ، ئىشتىن بوشىتىلىپ، ھەممە ھېسابىنى بىراقلا بېرىسىز!

ئېنتىر پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆيىگە قايتتى. ئۇ سەل سەمرىپ

قالغان بولسىمۇ لېكىن دوغىلاقلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان خوتۇنغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ باغرىم، — دېدى زارلىنىپ، — بالىنى ئېلىپ بەدەر قاچايلى، چاققان بولايلى! بىزنىڭ پادىشاھلىق — ئاساسىي قانۇنلۇق، ئەركىن — دېموكراتىك بۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا خەققە ئورا كولايدىغان ئىشلار نېمىدېگەن جىق، سۇيىقەست نېمىدېگەن جىق، ئۆچمەنلىك نېمىدېگەن جىق، قىزغانچۇقلۇق نېمىدېگەن جىق! مەن قەلەندەرلەرنىڭ، ئوغرىلارنىڭ، يا بولمىسا توغرىدىن توغرا پاشا-چۈمۈن، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ قاياشىي بولۇشقا رازىمەنكى، ئۆزۈمنى كۈلكە-تاماشىغا زورلاپ، ئىككى ياندىن ئەلەم ئارتىشنى، ئىرادەمگە خىلاپ گەپ قىلىدىغان، ئىرادەمگە زىت ئىش قىلىدىغان ئادەملەردىن بولۇشنى ھەرگىز خالىمايمەن. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى! بۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا، ئۇ بۇنىڭ كاۋىكىنى كولاپ، بۇ ئۇنىڭ قولىقىنى چىشلىسە، ئۇ بۇنىڭ بىر نىمىسىنى چايناپ يۈرگىنى يۈرگەن. ئىشىمىزنى، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتىدىغان، كەڭ قورساقلىقتا، رەھىمدىللىقتا ئىمان كەلتۈرىدىغان ھېچكىم يوق، يەنە تېخى كىشىلىك ھوقۇقى، ئادالەت، ئىززەت-ئابروي، مەدەنىيەتلىك، ئەنئەنە، ئىسلاھات دېگەنلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرۈشمەيدۇ. بىر ياقتىن يوغان گەپ ساتسا، بىر ياقتىن ئۆز خىزمەتداشلىرىنى، دوستلىرىنى، باشلىقلىرىنى، قول ئاستىدىكىلىرىنى دانتى تەسۋىرلىگەن دوزاختا ئىتتىرىشكە تەييار تۇرۇشىدۇ! گويا خەققە زىيان سالسا چەكسىز خۇشاللىققا ئىگە بولىدىغاندەك قىلىشىدۇ! بۇلارنىڭ نىجاسەت ئازگىلىدىكى لىچىنكىدىن نېمە پەرقى بار!

ئېنتونىڭ كەمدىن-كەم مۇشۇنداق كۆڭلى بۇزۇلۇپ سۆزلىشىنى بەكمۇ ياقتۇرىدىغان كىيۇتانىي كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلگىنىچە چاچلىرىنى ئويناپ، بېشىنى قاشلاپ ناز قىلدى، ئۇ ھېلىلا تۈركىيە پۇراقلىق سوپۇنى بىلەن يۇغان چېچىنى چىرايلىقنا ھەرىكىتى بىلەن كەينىگە تاشلاپ:

www.uyghurkitap.com

— نېمە بولدى سىزگە ئەپەندىم، قەدىرلىكىم! — دەپ سورىدى.

ئىنتېر گرافنى دەككە بېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، كىيۇ تانىمى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— مەن كۈتكەن كۈن ئاخىر كەپتۇ-دە! — دېدى.

— قانداق كۈن؟

— قىرى سولتەك گرافنى ئۇجۇقتۇرىدىغان كۈن! تۇ ھەممە ھېسابنى بىراقلا ئالماقچى ئىكەنغۇ؟ مەن ھېساب ئالىدىغان مۇشۇ كۈننى 10 نەچچە يىلدىن بېرى كېچە-كۈندۈز، شامۇ-سەھەر كۈتۈپ كەلگەنىدىم! — كىيۇ تانىمى ئۇرۇقچىغا ئوخشايدىغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئىنچىكە قاشلىرىنى ھۈرپەيتىپ، ئۇرغاچىلىق ھەيۋىسى بىلەن بۇرنىنى قىڭقۇيدى. ئىنتېرنىڭ گەجگىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، ناخشا چولپىنى سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بەش يىلنىڭ ئالدىدىلا مۇشۇ قارارغا كېلىپ قويغان! مەن ئاللىقاچاندىن بېرى ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ سىز قەدىرلىك ئېرىمگە يۆتىلىكاشالىق بولۇپ، بولىغىزنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى ئاللىقاچاندىن بېرى تۇيۇپ كېلىۋاتىمەن! ئۇلار بار ئىكەن، سىزنىڭ پۈتبول ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىڭىز قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن؟ ئۇلار بار ئىكەن، ئېلىمىزنىڭ پۈتبول ئىشى قانداقمۇ روناق تاپسۇن؟ ئۇلار پۈتبولنىڭ نېنىنى يەپ، پۈتبولنىڭ ھارىقىنى ئىچىپ، پۈتبول بىلەن ماختىنىشنىلا بىلىپ، ئەمما پۈتبول ئىشىنى قىلماي كېلىۋاتقانلار! ئۇنىڭ سىزگە قەدىر ئەھۋال مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئالاقىمىزنى ئۈزۈشنى خالىماي كەلگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ئۇ قاتىللىق قولىنى سوزۇپتۇ، ئۆزىمىزنى قوغدايدىغان ھەققانىي ھوقۇقىمىزنى ئىشقا سېلىش پەيتى كەپتۇ! — كىيۇ تانىمى زەردىسى بىلەن ئېرىگە لاپپىدە كۆز تاشلاپ، يېقىن كېلىپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى. — بەش يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ شورۋىچى قىرى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ساداقەتمەن ئاخباراتچىسى

گايزارنىڭ ئۆزىگە يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھېلىقى ئۆلگەن ئەزۋاھ ئېنتر توغرىسىدا مەخپىي تېلېگرام كەلگەنلىكىنى سىزگە ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتقان ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— نېمە ئالاقىسى بولاتتى؟ سىز كۆركە توخۇ گۆشى يەپ باقمىغان بولسىڭىزمۇ، كۆركە توخۇنىڭ قېچىشىنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟ سىز بالا تۇغۇپ باقمىغان بولسىڭىزمۇ بالىنىڭ كىندىكى كېسىلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقمىغانمۇ؟ ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاق رەھبەرلىك ئاستىدا بولۇپ، پادىشاھ ئائىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش باش مەھكىمىسىگە قارايدۇ. گايزار قانداقلارچە شەھەر باشلىقىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالدۇ ۋە قانداقلارچە شەھەر باشلىقىغا بىۋاسىتە مەخپىي تېلېگرام يوللاپ بېرىدۇ؟ گراف قانچىلىك ئېمىسدى، قورقماي ئاخبارات باشقۇرۇش سىستېمىسىغا قول تىقىپ مەخپىي تېلېگراممىنى تۇتۇپ قالدىغان؟ ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى؟ ئۆز ئالدىغا سىستېما قۇرماقچى؟ ئۆز ئالدىغا باشقىچە ئىش قىلماقچى؟ ئىسيان كۆتۈرمەكچى؟ چەت ئەل پارتىزانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرمەكچى؟ مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا، ئاتا-بوۋىلارنىڭ قائىدىسىگە ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئومۇمىي مىزانىغا خىلاپ، ئۇمۇ، گايزارمۇ ئېلېكترود ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ سوتقا تارتىشقا تېگىشلىك جىنايەت ئۆتكۈزگەن!

ئېنتر ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا كىيۇتانمى خېنىم بەئەينى ئاياللار ئىچىدىكى ئەزىمەت، بۇ ئالەمدىكى جادۇگەر بولۇپ تۇيۇلۇپ، تۇرۇپ خۇشال قىلسا، تۇرۇپ چۆچۈتتى، تۇرۇپ مەسىلىكنى كەلتۈرسە، تۇرۇپ نەپرىتىنى قوزغىدى، تۇرۇپ ئىچىنى ئاغرىتسا، تۇرۇپ چىشىنى قىرىشتۇردى، تۇرۇپ ھۆرمىتىنى قوزغىسا، تۇرۇپ قورقۇنچقا سالدى، ئېنترنىڭ تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىغۇسى، ئالدىغا يۈكۈنگۈسى، يۈزلىرىگە سۆيگۈسى كەلسە، تۇرۇپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغقۇسى، تىناق تومۇرىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈپ تاشلىغۇسى، ئىچى-قارنىنى يېرىپ تاشلىغۇسى كېلىپكەتتى! ۋادەرىخا. ئاددىي پۇقرالار ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان كاتتا ۋاپادارلار، كاتتا مەككارلار، كاتتا ئاقىللار، كاتتا نادانلار نېمە دېگەن جىق، ئىنسابلىق ۋەزىر، باتۇر سەركەردە. قابىل ئۆلىما دېيىشكە بولىدىغانلار كۆپ ئىكەن، داڭلىق زات، داڭلىق پاھىشىۋاز، داڭلىق ئوغرى، داڭلىق باسمىچى دېيىشكە بولىدىغانلار كۆپ ئىكەن، كاتتا سودىگەر، كاتتا زەردار، كاتتا دەللە. كاتتا تىۋىپ، كاتتا ئەرباب دېيىشكە بولىدىغانلار كۆپ ئىكەن. جاسۇس، خائىن، زىيانكەش، قاتىل، سۈيىقەستچى دېيىشكە بولىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن — ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ چىقمىسا كاشكى! ئەپسۇسكى، ئۇلار ئېتىرنىڭكىدەك قىسمەتكىلا ئەمەس، كېيۇ تانىمىنىڭكىدەك قىسمەتكىمۇ ئىگە بولغىنى يوق!

ئېتىر ئۆپكىسىنى بېسىپ، نەپەس ئېلىشىنى، تومۇر سوقۇشىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن:

— مۆھتىرەم دانا خوتۇنۇم، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ ماڭا بەرگەن تەلىمىڭنىڭ كۆپلۈكىگە ئاتا-ئانامدىن، ئۇستاز-تىرىنېرلىرىمدىن، ئوقۇتقۇچى، دوكتورلىرىمدىن، خوجايىن-باشلىقلىرىمدىن، ئوقۇغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللىرىمدىن ئالغان ھەممە تەلىملىرىمنى قوشسامۇ يەتمەيدۇ! سېنىڭ ھۆرمەت توپى سادالىسى ئىچىدە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆرەك قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ ئاخبارات باشقۇرۇش مىنىستىرلىكىدە، دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە، ھەربىي ئىلىم مىنىستىرلىكىدە، تاكتىكا تەتقىقاتى ئورنىدا، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىدە، تەپتىش مىنىستىرلىكىدە، ئاقىل-مەسلىھەتچىلەر مىنىستىرلىكىدە، پارتىيىلەر سايلام مۇسابىقىسى مىنىستىرلىكىدە، سودا مىنىستىرلىكىدە پۇل-مۇئامىلە مىنىستىرلىكىدە، ئاكسىيە بازىرى مىنىستىرلىكىدە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىڭنى دۆلىتىمىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن، خانىمىز ئۈچۈن، تۆپىرىقىمىز ئۈچۈن غايەت زور زىيان دېيىشكە بولىدۇ! سەن مەسىلىلەرنى خۇددى تاشقى كېسەل

بۆلۈمى قورساقتىكى ئۆلۈك بالىنى يېرىپ ئالغاندەك ئايدىڭ تەھلىل قىلسەن، سېنىڭ ماڭا تۇرمۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن يوليورۇقۇڭ خۇددى قاراڭغۇدا يېنىپ تۇرغان رادار چىراغقا ئوخشايدۇ! سېنىڭ ماڭا جاھاندارچىلىق توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن كارامىتىڭ خۇددى قانچىلىغان سوناتا، ئېتود، يۇمۇرلۇق ئاھاڭ، رومانتىك كۈي ۋە تەڭكەش مۇزىكىلارنى ئورۇنداشقا بولىدىغان رويالغا ئوخشايدۇ! سېنىڭ ئۆتكۈرلىكىڭ ئالتۇننى پارچىلاپ، قاش تېشىنى تىلغىيالايدىغان لازېر نۇرىغا ئوخشايدۇ! شۇغىنىسى مەن بەك قاشاڭ، بەك زەئىپ! مەن ئەۋلىيا بولمىسامۇ، لېكىن شۇم ئەرۋاھمۇ ئەمەس، مەن چوڭ ئالانت ئىگىسى بولمىسامۇ، ئەمما تېزەكچى قوڭغۇزمۇ ئەمەس، سۇنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقىنى ئىچىگە چۈشكەندىلا بىلىشكە بولىدۇ، بېلىقنىڭ تۇزلۇق-تۇزسىزلىقىنى پىشقاندىلا بىلىشكە بولىدۇ، مەن نورمال ئادەملەرگە خاس نورمال مېڭىدىن، نورمال ئورگانىزمىدىن، جۈملىدىن نورمال ۋىجداندىن تېخى ئايرىلغىنىم يوق! گرافنى ئەزىز دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن مېنى باققان كىشى شۇ گراف، مېنى ئۆستۈرگەن كىشى شۇ گراف، ماڭا غەمخورلۇق قىلغان كىشى شۇ گراف، مېنى قوغدىغان كىشى شۇ گراف، گراف ئەسكى ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، مېنى يەرگە قارىتىدىغان ئىش قىلمىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا قەست قىلىشقا ھەققىم يوق! ئۇنىڭ ماڭا ئاچچىقلىشى ھەتتا ھەممە ھېسابنى بىراقلا ئالىمەن دەپ تەھدىت سېلىشى ھەر قانداق كىشىدە بولىدىغان مىجەز، تۇساتتىن تۇتقان ئاچچىق، ئۇنىڭغا تولا نەگەپ كەتسەك بولمايدۇ. تېرىقنەك تاش ئاتقىنىغا ئېغىر زەمبىرەك بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن دېسەك بولمايدۇ! ئۆزى غورىبەتچىلىكتە كۈن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىرغاققا چىقىۋېلىپلا كېمىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندەك، قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپلا قاچىنى چېقىپ تاشلىغاندەك ئىش قىلىپ، ئىشقى نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن مەشۇقىنى ئېتىپ تاشلىغان بىرسىنىڭ ھېكايىسىنى بىلمىدىغانسەن؟ — فرانسىيىلىك جاسۇسلۇققا قارشى بىر ئەمەلدار 2-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا بىر

پادىشاھ ئايال بىلەن تېپىشىپ قالغان. ئۇ ئايال ئاشىقى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە نېمىشقىدۇر سۆزلەپ چاندۇرۇپ قويغان. ئەمەلدار ئۇنى شۇ يەردىلا سوراققا تارتقان. ئايال يوشۇرۇپ يالغۇزلىققا پۈتمۇ، ئەر ئۇنى بەربىر ئېتىپ تاشلىغان! بۇنداق رەھىم-شەپقەتسىزلىك، نامەردلىك قىلىدىغان ئىشلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، زەھەر خەندىلىكتە چېكىدىن ئاشقان ئىشلار ئېيتىر جەمئىيەتنىڭ ئەدەب-ئەركەم خاتىرىسىدىن ئەزەلدىن ئورۇن ئېلىپ باقمىغان جۇمۇ!

كېيۇ نانسى بۇ گەپلەرگە سوغۇق كۈلۈپ قويدى، ئۇ بىردىنلا غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ، كاتتا تالاۋەتكە. لىرىك ھېسسىياتنى كۈچلۈك ئىپادىلەشكە، كۆڭلىدىكىنى قويماي ئىزھار قىلىشقا كىرىشكەن قىياپەتتە ناخشىسىنى باشلىدى:

«ئاڭلاڭ ئېرىم، بېگىم، مېنىڭ ئەجەپ سارىڭىم:

بارمىكى مۇندىن خەۋەرىڭ، ئاھ خەۋەرىڭ بارمىكى،
نەس قۇيۇن قانداق ئۆچۈردى شام-چىراغىنىڭ نۇرىنى؟
تاز قارا ئوۋ قىلدى قانداق يايرىغان شوخ قوزىنى؟
تىلغىدى چىلبۆرە يۇمران قاندا غايىنىڭ كۆكسىنى،
ئوق بىلەن تېشىلدى شاختا سايرىغان جانۋار تېنى!

بارمىكى مۇندىن خەۋەرىڭ، ئاھ خەۋەرىڭ بارمىكى؟
گۈل كەبى شېرىن ئىدى جۇش، بولدى ۋەيران ھەممىسى،
غەرق بولۇپ لاي ئاستىدا قالدى مۇھەببەت كېمىسى،
سەن ئېلىپ كەلسەڭ مۇھەببەت، چىقمىدۇ ئالدىڭغا قەست،
ئاققۇگۈل بولغانچە شۇنچە كۆتىدۇ قىلتاق سېنى!

بارمىكى مۇندىن خەۋەرىڭ، ئاھ خەۋەرىڭ بارمىكى؟
نەسەۋەب باغرى گويا تاش جىن قىلىپ قويدى مېنى،

نەسەۋەب خەنجەرگە ئوخشاش زەردىلىك قىلدى مېنى،
بالىلىق ئۈتمۈشنى ئەسلەپ چىدىغاي قانداق يۈرەك،
ئۆكۈنۈپ مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەمدى ئېيتتىم ھەممىنى!

بارمىكى مۇندىن خەۋەرىك، ئاھ خەۋەرىك بارمىكى؟
بىھېساب خورلۇق بولۇپ قالدى ئېغىز ئەپسانىسى.
دەسسىلىپ سۇنغان مۇھەببەت بولدى دەۋران ناخشىسى،
ئاستا ئېيتاي، ئاستا ئاڭلاپ، ئاستا ئېيتىڭ ناخشىنى،
كۆز يېشىم بولسۇن جانابلار سىزگە ئەشتەي كۆلكىسى.

بارمىكى مۇندىن خەۋەرىك. ئاھ خەۋەرىك بارمىكى؟
بارمىكى مۇندىن خەۋەرىك، ئاھ خەۋەرىك بارمىكى! »

« بارمىكى مۇندىن خەۋەرىك» دېگەن ناخشا كىيۇ تانى خېنىم ناخشا سەھنىسىگە چىقتاندىن كېيىن ئېيتىپ داڭق چىقارغان تۇنجى ناخشا ئىدى. ئۇ بۇ ناخشىنى مىڭلارچە قېتىم ئېيتتى. ئۇ بۇ ناخشىنى شاۋقۇنلۇق داقا-دۇمباق ۋە ئېلېكترونلۇق مۇزىكا، ئېلېكترونلۇق گىتار ۋە ھەرخىل ئەنئەنىۋى سوقما مۇزىكىلارنىڭ تەڭكەشى قىلىشى بىلەن ئېيتقىنىدا، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ يەرگە تاماتتى، بىر كۈنى ئۇ « ئۆكۈنۈپ مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن، ئەمدى ئېيتتىم ھەممىنى» دېگەن مىسرانى ئېيتقاندا، پۈتۈن زالنى ھۇشقىتىش، ئۇستەلنى تاكىلدىتىش، بونۇلكا ئېتىش، غەزەپلىنىش، ھاياجانلىنىش ۋە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قاپلىدى، تۈرلۈك مۇزىكىلار نوتا قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن رېتىم ۋە مېلودىيىدىن چىقىپ كېتىپ، ھەرخىل ھەرياڭزا ئاھاڭدا، خالىغان پەدىدە قالايمىقان چېلىنىشقا باشلىدى، تازا پەيزى بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشا چولپىنى كىيۇتانى قولىدا مىكروفون تۇتقان پېتى تۇساتتىن قولى بىلەن تىلىك تۇرۇپ ئۈچ مىنۇتقىچە قوپمىدى، ئۇ شۇ پېتى، ئىككى يۈتنى ھاۋاغا

قارىشىپ تەپكىنىدە يوپكىسى سىيرىلىپ چۈشۈپ بېشىنى ئورنىۋالدى، ئاپئاق يوتىلىرىغا ئېلىپكتىر سىمى يۆگىشىپ قالدى... بۇ قېتىمقى ئويۇندا ئەركىن دۇنياغا كەڭ تارقالغان ناخشىدا ئەڭ يۇقىرى رىكورت يارىتىلدى: بېلەتتىن 600 مىڭ دوللار كىرىم بولدى. رەھمەت تەزىمى 108 قېتىمغا يەتتى. ئالقىش ساداسى 99 مىنۇت داۋام قىلدى. مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ھوشىدىن كېتىپ شوك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان تاماشىچى 87 گە يەتتى. مەيداننىڭ ئۆزىدىلا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ جان ئۈزگەنلەر 13 كە يەتتى، شۇ مەيداندا كېسىلى قوزغالغاندىن كېيىن، داۋالاش ئارقىسىدا خەۋپتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر كېسەل ئاسارىتىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولغانلار 40 قا يەتتى. مەيداندا ھەددىدىن ئېشىپ، قارا كۈچ ئىشلىتىپ باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەنلىكى ۋە پەسكەشلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ساقچى تۇتۇپ كەتكەنلەر 66 غا يەتتى. شۇ قېتىمقى ناخشا ئېيتىش ئويۇنى ۋاقتىدا ئارتىستلار، مۇزىكانتلار ۋە تاماشىچىلاردىن كۆپلەپ تەر ئاققانلىقى ئۈچۈن، ئويۇندىن كېيىن ئورۇقلاش مىقدارى كىشى بېشىغا تۆت كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. تاماشىچى ئامما ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېچىلىك كۇلۇبنىڭ 117 مىڭ 800 دوللارلىق مەنقۇلاتىغا (ئۈستەل، ئورۇندۇق، چىراغ، پەردە، دېرىزە ئەينىكى ۋە تاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) زىيان سالدى. نەق مەيداندىن ئېلىنغان سىنئالغۇ كوپىيىسىدىن 899 پارچە سېتىلدى، ئۈنئالغۇ لېنتىسىنىڭ كوپىيىسىدىن 453 پارچە سېتىلدى.

ئەنە شۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئېنترغا مەلۇم ئىدى، ھەتتا ئۇ كىميۇتانىمىنىڭ رەسمىي ئېيتقان ناخشىسىنى پەخرىي ئورۇندا ئولتۇرۇپمۇ ئاڭلىغاندى. ئەمما بۈگۈن ئىككىسىلا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغاندا، كىميۇتانى ناخشىنى مۇزىكىسىزلا شۇنداق دەرت-ئەلەم بىلەن يۈرەكنى ئېزىپ ئېيتتىكى، ئېنتر قاتتىق پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

راستلا، كېيۇ تائىمنىڭ تاراملاپ ئاققان ياشلىرى يۈزىنى بىر ئالغانىدى. ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزىنى يۇغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ سافاغا ئولتۇردى، پەرداز سومكىسىنى ئېچىپ، كىچىك ئەينىكىنى ئېلىپ، زېرىكمەستىن ئۇپا سۈرتتى، قاشلىق ئەتتى، كىرپىكلىرىنى تارىدى، قاپىقىنى بويىدى، ئەڭلىك ئەتتى، كالپۇكىنى بويىدى. تىرناقلىرىنى ياسىدى شۇ پېتى 40 مىنۇتقىچە ئىنىتېر ھەرقانچە گەپ سورىسىمۇ لام-جىم دېمەي ئولتۇردى.

ئۇ ئۇساتتىن چېچىدىكى چازىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، يېپىنچىسىنى كۆڭلىكىنى ئېچىپ-ياپقاندەك لەپپەڭشىتتى، ئاندىن بوش ئاۋازدا:

— ئىنىتېر، مېنىڭ جىسمىدىنمۇ ئارتۇق ئەزىزىم، ئەڭ ياخشى، جان-جىگەر قەدىرلىكىم! — دېدى ئۇ، — سىز گىرافنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن دادى-مۇئامىلە قىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى! ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مەن قىزلار سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتىم، شەھەر باشلىقى — مۇشۇ كېيىنكى كۈنلەردىكى گىراف مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ كۆردى، ھەتتا مېنى ئاۋازىڭىز ياخشىكەن، ھېسسىياتىڭىز، ھەرىكىتىڭىز ياخشىكەن، ئىستىقبالىڭىز بار ئىكەن! دەپ ماختاپ كەتتى. مېنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن جاھانغا، ئالەمگە يۈرۈش قىلىپ، دېرىجىدىن تاشقىرى كاتتا سەنئەتكار، داڭلىق ناخشا چولپىنى بولۇشۇمغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى! مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم! ئۇنىڭغا چوقۇندۇم! شۇ چاغدا ئۇ ماڭا تولىمۇ سالاپەتلىك باشلىق بىلىنگەچكە، ئۇنىڭغا خۇداغا سەجدە قىلغاندەك سەجدە قىلدىم... بۇلارنى ئېيتىپ نېمە قىلاي! مېنىڭ باغرىم ئەنە شۇ چاغدا پارە بولغان، مەن گويادەك ئەنە شۇ چاغدا قەتلى قىلىنغان، كۈنۈم ھېلىمۇ ئېسىمدە، قارا ئاپرېلنىڭ 13-كۈنى، جۈمە ئىدى، ئۇ مېنى شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، نەدىن بىلەي شارابقا بىھوشى دورىسى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانىكەن... ئۇ ھۆڭرەپ يىغلىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ

چاغدا مەن ئەمدىلا 15 كە كىرگەنىدىم، ئاشۇ ئەپتى ئىنسان، قىلمىشى ھايۋان ساختىپەزنىڭ دامىغا چۈشتۈم. مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋەتتى. ئاتا-ئانام ئۆيدىن قوغلىۋەتتى. سەنئەتكار بولاي دېسەم لاياقىتىم توشمىدى. پاھىشە ئايال بولۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىپلاس شەھەر باشلىقىنىڭ خۇسۇسىي تويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالدىم! ئۇنىڭ قانداقلارچە شەھەر باشلىقى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ سابىلام رىتايەتچىسىنىڭ كەينىدىن شۇملۇق ئىشلىتىپ، ئۇنى خوتۇنى ئارقىلىق خان ئوردىسىغا چاققان. ئۇنى خوزىمىن، گاۋارالارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق دەپ، ئەنەي قىزىل قالپاق كىيگۈزگەن! بۇنى ئۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئۇ مېنى ئويۇنچۇق قىلىپ تويىنغاندىن كېيىن، يو ئېيتىپ، مېنىڭ قولۇمدىن ھەر ئىش كېلىدۇ دېدى!

— بىراق ئېھىملا دېگەن بىلەن ئۇ ماڭا زىيان سالىدىغان ئىش قىلىپ باقمىدىغۇ! — دېدى ئېيتىر.

— ھاھاھا، ھوھوھو! — كىيۇتانىمى تازا قاتتىق كۈلگەندىن كېيىن سۆزلىدى، — سىز ئېخچە ئۆزىڭىزنى ئالداپ يۈرەمسىز! سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز ماڭا بەش قولدەك ئايدىڭ. سىز يېڭى كەلگەندە، ئېتىڭىز ھېلىقى راست توپ چولپىنىنىڭ ئېتىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى، ئۆزىڭىزمۇ ھەقىقەتەن قامەتلىك بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئۇلار سىزنى راست ئېيتىرغا ئوخشىتىپ قالغان. بەزىلەر ئاۋۋال سىز بىلەن پاراڭلىشىپ راست-يالغانلىقىڭىزنى بىلىپ باقايلى، راست توپ چولپىنى بولغاندىمۇ، يۇرتىدىن ئايرىلىشنى خالامدۇ-يوق بىلىپ باقايلى، ئۆزىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلايلى دېگەن نەكلىپنى بەرسە، قىبرى خۇمپەر ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىماي، داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ، بولار ئىشنى بولۇپ بولغان ئىش، يالغان ئىشنى راست ئىش قاتارىدا قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىپ ھېچ بولمىغاندا ئۆز ئادەملىرىمىزگە يەل بېرەلىسەكمۇ ھېساب دەپ تۇرۇۋالدى. مۇبادا سىز توپ تېپىشنى بىلسىڭىز ئۇ تالانت ئىگىسىنى تاپتى. تالانت ئىگىسىنى ئىشقا سالدى

دېگەن چوڭ ئاتاققا ئىگە بولماقچىدى. مۇبادا سىز مەيدانغا چۈشۈپلا جاندۇرۇپ قويسىڭىز، شۇ يەردىلا ئورنىڭىزغا ئادەم ئالماشتۇرۇپ قالماي، سىزنى ئۇدۇل قاماقخانىغا يوللاپ، ئالدامچى دېگەن گۇناھنى ئارتىپ جازاغا تارتماقچىدى! ئۇ ماڭا تۈز ئاغزى بىلەن: ئەلنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈنمۇ، ئالدى بىلەن شۇ ئىشنى قىلىدىغانلاردىن بىر-ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىماي بولمايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئادەملەرنى جالالاندۇرۇپ، بىر سەنتكە كەلتۈرۈپ، روھىنى ئۆستۈرۈپ، ئاجىزلىقنى كۈچىيىپ، جاھاننى تازا ئوڭشىغىلى بولىدۇ دېگەن، ئۇ ماڭا: باش قاتۇرۇپ يۈرگىنىمگە توپتوغرا بىر يىل بولدى، شەھىرىمىزدىن كاللىسىنى ئالدىغانغا بىرەر جىنايەتچى تاپالماي كېلىۋاتىمەن دېگەن!

— ئايىزە ئىش مۇنداق ئىكەندە، راست شۇنداقمۇ ھوي؟ — دېدى ئېنىر كۆزلىرىنى يوغان چەكچەيتىپ.

— ھە، سىزگە گەپنىڭ راستىنى ئېيتاي، ئەخمەق! مېنىڭ سىز بىلەن بوي قىلىشىمىز شۇ ئورۇنلاشتۇرغان. كىم سىزنى بالغاننى راست قىلىپ. ھەقىقى توپ چولپىنى بولسۇن دەپتۇ؟ بەبە كېلىپ سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز ئۇچقاندەك ئۆرلەپ ئاتىڭىز ئوڭدىن كېلىۋەردى! بىلىپ قويۇڭكى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇ دىياردا پۈتبول ئېيىنى ھاكىمىيەت تۇتۇشىنىڭ ئەپچىل ۋاسىتىسى، ھاكىم بولۇشنىڭ مۇقەررەر يولى! باش ۋەزىر، ۋەزىر، ۋىلايەت، شەھەر، يالاتا، مەھكىمە باشلىقلىرىنىڭ قايسىبىرى پۈتبول تەپمىگەن؟ دېمەك ئۇ سىزدىن ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولالماي قالغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇ مېنى سىزنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىڭىزگە كۆز-قۇلاق بولسۇن دەپ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى... بۇنىڭدا ئۇ بەبە بىر پايدىلىق تەرىپىنىمۇ كۆزدە تۇتتى، يەنى سىز بولسىڭىز ھۆرىيەت تەرەپدارى، كۆز قاراشلىرىڭىز يېڭى، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسامۇ بەرىبىر چاقىرىقىغا تەييار تۇرغان خىزمەتلاردەك ئۇنىڭ چاقىرىقىغا لەببەي

دەپ، ھەم كۆڭلىگە ھۇزۇر يەتكۈزۈپ، ھەم ئۆزىگە سىز توغرىسىدىكى مەلۇماتنى يوللاپ تۇرۇشۇمنى كۆزدە تۇتتى...

— سەن...

— سىز ئۆزىڭىزنى ئاقكۆڭۈل دەۋاتامتىڭىز؟

ئۆزىڭىزنى پەزىلەت ئىگىسى دەۋاتامتىڭىز؟ پەزىلەت خاتىرىلىرىڭىزنى پاك-پاكىز دەۋاتامتىڭىز؟ ئەمدى ئەجەب گەپ قىلمايسىزغۇ مەن بارغۇ، خورلۇق، دەرت-ئەلەمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، بولۇشىغا كۈن ئۆتكۈزۈپ، سىزنىڭ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئويغىنىشىڭىزنى كۈتۈپلا كېلىۋاتاتتىم! بالدۇر ئېيتقان بولسام ماڭا ئىشىنەتتىڭىزمۇ؟ خۇددى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، سىز ئەۋلىيا بولمىسىڭىزمۇ، ئەمما ھەرگىز جىن-ئالۋاستىلاردىنمۇ ئەمەسكەنسىز. توي قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا مەن سىزگە ئىشەنچ باغلىدىم، سىز تەرەپتە تۇرۇپ ئاشۇ قېرى ئوغرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا باشلىدىم! يۆلەنچۈكۈممۇ، ئۈمىدىممۇ بىرلا سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم! سىزمۇ پەسكەش قاتارىغا كىرسىڭىزمۇ لېكىن ئاشۇ قېرى ئوغرىدىن ئۇن مىڭ ھەسسە ئالىيجاناب ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم! ئۇنىڭ نەرى گراف بولسۇن؟ ئۇ ئوغرى-لۈكچەكلەردىنمۇ ئەسكى نېمە! ئۇنىڭدىن كۆرە مويسىپىت، چەۋەنداز يىگىت. گراف دەپ سىزنى دېسە بولىدۇ! ھەق گەپنى ئېيتسام، پۇتبولچىلارنىڭ داھىيسى، پۇتبول تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئەلۋەتتە سىز بولۇشقا تېگىشلىك. ئاشۇنداق بىر ئەبلەخنىڭ شىللىڭىزغا مىنىپ ئۈستىڭىزدىن بېسىپ تۇرۇشىغا يول يوق! سىزنىڭ بىردىنبىر ئەيىبىڭىز — سىز بەكمۇ ساددە، بەكمۇ پاك، بەكمۇ كۆڭۈلچەك، بەكمۇ بىپەرۋا! سىز گۆدەكلىكتىن ئاق بىلىجانغا، ساددىلىقتا تۈكى چىقمىغان چۈجىگە ئوخشايسىز، قېرى ئوغرى ئۆزىڭىزگە قەست قىلىۋاتسا، ئۇنى تىرىقچىلىك تاش ئاتقىنى دەۋاتىسىز. شۇ سەۋەبتىنمۇ مەن سىزگە ھەممە ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتىشقا پېتىنالماي كەلدىم، تۇرمۇشىمىزدا تۈرگۈن-تۈرگۈن تېپىشماقلار يېشىلمەي كەلدى، ھەممە ئېغىرچىلىقنى ئۆزۈملا كۆتۈرۈپ

كەلدىم، سىزنى دەپ شۇنداق قىلدىم جۇمۇ قەدىرلىك غوجام!

ئېنتىر كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، خۇددى جۇگازىغا قوشقان ئېشەكتەك ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىشقا باشلىدى،

— قانداق قول سېلىش ئۈستىدە بېشىڭىز قېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن ئېرىم، سىز قولىڭىزنى پاسكىنا قىلىشنى خالىمايسىز، سىزنىڭ دىلىڭىز ئالىيجاناپ! بۇنىڭدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان ئادەم تەييار...

— ئادەم تەييار؟ كىم ئۇ؟

— دەل بېبىلىنىڭ ئۆزى!

— بېبىلى؟ بېبىلى دېگىنىڭ تازىمۇ تەخسىچى، چېقىمچى، نۆھمەتخور! بېبىلى دېگىنىڭ گرافنىڭ ئەزىز ئادىمى!

— سىزچۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپىنىلا بىلىپ، يەنە بىر تەرىپىنى بىلمەيدىكەنسىز، غوجام! بېبىلى قانداقمۇ ھەممىلا ئادەمگە سادىق بولۇۋەرسۇن؟ كىمنىڭ شېخى ئېگىز بولسا، ئۇ شۇنىڭغا كېلىپ قونىدۇ، كىمنىڭ قولىدىكى قارت كۈچلۈك بولسا، ئۇ شۇنىڭغا قاراپ دو چىقىدۇ، كىم پۇلنى جىق بەرسە، ئۇ ئۆزىنى شۇنىڭغا ساتىدۇ. ئۇجۇر-بۇجۇرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، گەپ بەك شاخلاپ كەتمىسۇن. ئىشقىلىپ مەن بىر-بىرسىم بىل ئىچىدىلا بېبىلىنى جاڭگىلىمغا كىرگۈزمەي قويمايمەن. ۋاھ، جاھاندا يامان ئادەملەر كەم بولسىمۇ بولمايدۇ جۇمۇ! مۇبادا ھەممە يەلەنلا ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىدىغان بولسا، نۇرغۇن مەنسەپ ئورنى بوش قېلىپ، بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىشقا ئادەم چىقماي قالىدۇ، تارىخ ئىلگىرى باسمايدۇ، ھەتتا يەر شارىمۇ ئايلانماي قالىدۇ. بەزىدە يامانىنىڭ ئەدىبىنى يامانىنىڭ قولى بىلەن بېرىش. يامانىنىڭ ئەدىبىنى ياخشىنىڭ قولى بىلەن بېرىشكە قارىغاندا ئۈنۈملۈكرەك بولىدۇ! سىز چىداپ تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن! سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بىرغىنا، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش مەھكىمىسى ئالدىڭىزغا كەلگەندە، قېرى ئوغرىنىڭ ئۆزىگە گايزاردىن مەخپىي تېلېگرام كەلگەنلىكىنى ئېيتقىنى راست

دەپ گۇۋاھچىلىق قىلىپ بەرسىڭىزلا بولدى! دەرۋەقە، سىز قىرى ئۇغرىنىڭ ئالدىدا ئانچە-مۇنچە ياخشى گەپلەرنى دەپ، يۈزخاتىرىسىنى قىلىپ، ئۆزىڭىزنى كەڭ قورساق كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ، بۇ ئىشلارمۇ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇنىڭ راست يالغان ئىكەنلىكىنى ئېنىق ۋەقەسى بىلەن توغرىدىنتوغرا ئالاقىسى يوق، سىزنىڭلا ھەقىقىي ئېنىق ئىكەنلىكىڭىزگە گەپ كەتمەيدۇ! ھېلىقى ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلگەن ئەرسىنىڭ ئەرۋاھى سىز بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرەلمەيدۇ-دە!

ئېنىق كاللىسى يوغىناپ، باش لىڭشىتىپ خوپ دېيىشكە مەجبۇر بولدى، چەكسىز ھاياجانلانغان كىيوتانىمى ئېرىنىڭ چىچىدىن يۇتقىچە سۆيۈپ چىققاندىن كېيىن:

— بۈگۈن ئاخشامۇ قىرى ئۇغرىنىڭ قېشىغا بارمىسام بولمايدۇ! بۇ ھالقىلىق پەيتتە قىلچە چاندۇرساق ئىش چاتاق! سىز ئاي ئىچىدىلا ئۈچىنچى ئېلىپ، ئۇ ئۇغرىنى ئۆلۈكنى قويىدىغانغا يەر چىقماس قىلىۋېتىمەن! قەدىرلىكىم! مەن ئالدىڭىزدا خىجىل، مېنىڭ تېنىم پاسكىنا، يۈرىكىم زەھەر، ھەممە ئىش بۈتۈپ، سىز ئېسىلزادىگە، پالانى ئەزاسىغا ئايلانغاندا، مەن ئىنتىقامىمنى ئېلىپ گرافنى كۆزۈمدىن يوقاتقاندا — بېيلىنىمۇ كۆزدىن يوقىتىمەن، چىن مەنىدىكى قەرەللىك، قەرەلسىز بومبا بولغان شۇنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن. چۈنكى سىزنى بۇلغىسام بولمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، سىز ئاپئاق قاردەك پاكىز مەلىكە سۈپەتلىك ئابرويى بار قىزدىن بىرسىگە ئۆيلىنىڭ، سىزگە خوتۇن بولۇشقا شۇنداق قىزلا لايىق! ئىككىڭلار ناۋاتتەك تاتلىق، ھەسەلدەك شېرىن ئۆي تۇتۇپ، بىر-بىرىڭلەرگە ھەمدەم بولۇپ، ئۆمرىڭلەرنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ئۆتۈڭلار، سىز ھەر يىلى مەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاشۇ قارا ئاپرېلنىڭ 13-كۈنى مېنى «بىچارە كىيوتانىمى!» دەپ تىلغا ئېلىپ قويسىڭىزلا، مەن خوتۇنىڭىز شۇنىڭدىن مىڭ-مىڭ رازى. ئاھ خۇدايىم، ئاھ مۇھەببىتىم! — ئۇ ئاخىرقى ھەسرىتىنى

«توسكا» ناملىق رومانتىك كۈينىڭ ئاھاڭى بىلەن ئېيتتى.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى قۇچاقلىشىپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ ئالەمنى زىلزىلىگە سالدى، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاممىباب ناخشا چولپىنى كلاسسىك ئوپېرا ناخشىسىنى ئېيتسىمۇ بولۇۋېرىدىكەن.

ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، گرافنىڭ ئىشى تەگلىپ، ئۇ قولغا ئېلىندى ۋە ئۇستىدىن شىكايەت قىلىندى. ئېنتونى قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، شىكايەتنامىدە ئاخبارات ۋاسىتىسىغا قول تىققانلىق ۋەقەسى زادى تىلغا ئېلىنماي، خىيانەتچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەتكەسچىلىك دېگەندەك ئوخشاش ئادەتتىكى جىنايەتلەر كۆرسىتىلگەنىدى. ئىككى ئايغىچە سوراق قىلىپ، باش سۇدىيە گرافنى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ئەتكەسچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى بىلەن 14 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ گرافلىق نامى بىكار قىلىنغانلىقىنى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئالتە يىلغىچە مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، گراف تۈرمىدە بېشىنى يېدى، ئېنتو گرافنىڭ قەبرىسىگە گۈل چەمبىرەك قويدى، يەنە تىبخى گرافنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە مىڭ دوللار تەزىيە پۇلى تەقدىم قىلدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، ئېنتو خانلىق پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پۇتبولچىلار كۇلۇبىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلىنىپ، لورد ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلاندى. خانلىق پۇتبولچىلار كۇلۇبىنىڭ زالىدىكى گرافنىڭ بىرىم بوي مىس ھەيكىلى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئېرىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېنتونىڭ يېرىم بوي ھەيكىلى ناھايىتى ھەيۋەتلىك قىلىپ قاتۇرۇلدى، پادىشاھ ئالىيلىرى قوبۇل قىلغاندا، ئېنتو يەرگە يۈكۈنۈپ، لاسىدە بوشاپ، قولتۇقىدىن يۆلىسىمۇ قوپالماي قالدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ھەممە ئادەم ئېنتونى ساقتىلىققا ئۇستا ئىكەن، ئۆزىنى بىچاكار قارا سادىق كۆرسىتىپ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە يېقىۋېلىپتۇ دېگەن تونۇشقا كەلدى. شۇنىڭ

بىلەن بىللە ھەممە بىردەك ئىنتېرنى ئىچى زەھەر، قولى ۋەھشىي، يۈزىنىڭ تۈكى يوق، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئادەم ئىكەن دېگەن يەرگە كېلىشتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئىنتېرنى تېخىمۇ ئىززەتلەيدۇ، ئىنتېر ئەمدى پۇتبول دۇنياسىنى خاتىرجەم سورايدىغان بولدى دېيىشتى.

ئىنتېر چولاق ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، پۇتبول ساھەسىنىڭ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، قاتتىق باشقۇردى، تەمىناتىنى كۆپەيتىپ، ئاماقىنى ياخشىلىدى. ھەر بىر كىشىگە كۈنىگە جۇڭگونىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە ئىشلەنگەن، ساغلاملىق گۆھىرى دەپ ئاتالغان ساغلاملىقنى ئاشۇرغۇچى ھېكمەتلىك سۇيۇقنى ئۈچ لىتىردىن تارقىتىپ بەردى ھەمدە جۇڭگونىڭ خاڭجۇ شەھىرىدە ئىشلەنگەن «ياشلىق گۆھىرى» دېگەن دورا بىلەن دائىم تەمىنلەپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرىجىگە ئايرىپ ئولتۇرماي، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەردىن كۆپلەپ ياش ۋە يېڭى پۇتبولچىلارنى قوبۇل قىلدى، بىر تۈركۈم قورساق باقتى، روھى چۈشكۈن، ئىبقىر شەخسىيەتچى، بوشاڭ كونا كوماندا ئەزالىرىنى قىسقارتىۋەتتى. مەملىكەت بويىچە ھەممە پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ كەتتى. ئىنتېر گراف ئاغدۇرۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى يىغىپ كېلىپ، 40 يىلغىچە ئۇدا ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ۋىزانتىيىچە 4-2-3 لىك ئەركەك-چىشى بىلىقدەك كىچىك ئايلانما دائىرە ھاسىل قىلىدىغان سەپنى كونىلىقنى سۆپۈرۈپ تاشلايدىغان جاسارەت بىلەن ئىنكار قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن سىلىقلىق بىرلەشتۈرۈلگەن، رەڭ بىلەن جەڭ جىپسىلاشتۇرۇلغان بىرمۇنچە پۇتبول سېپىنى بارلىققا كەلتۈردى، پۇتبول ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى تەھرىر ھەيئىتى «توپ چولپىنى ئىنتېر» دېگەن سۆزلەرنى قامۇسنىڭ قايتا نەشرىگە تولۇقلاپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن نەچچە دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرىنى يىغىنغا ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتېر

بىرمۇنچە سۈرەتكە چۈشۈپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تاللىشى ئۈچۈن لوندۇنغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئىنتىر قاتناشچىلىقتىن بوشايدىغان ۋاقتى چىقىسلا خوتۇنىنى قولتۇقلاپ، ئوغلىنى يېتىلەپ، ئائىلىۋى بەختىنى ھۇزۇرلاندى. ئۇ ھەر كۈنى كۆزى بىلەن بۇرنىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ، كىيىۋ تانى ئالدىدا ئۆز كۆڭلىنى ھەددى-ھېسابسىز، قايتا-قايتا ئىزھار قىلىپ:

— ۋاھ! خوتۇنۇم، تاتلىقىم، ئىرىكىنىڭ بۈگۈنكىدەك كۆڭلەرگە ئىگە بولۇشى پۈتۈنلەي سىنىڭ ئەقىللىق، كەسكىنلىك، كەڭ قورساقلىق شارائىتىڭدىن بولدى! مەن بۇ ئالەمدىكى ئۆمرۈمدە ساڭا ئەڭ سادىق، ئەڭ ئىتائەتمەن ئەر بولىمەن، ئۇ ئالەمگە بارغاندا پارسىلارنىڭ سىرىق ئىتتىغا ئايلىنىپ، كارىۋىتىڭنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ يېتىشقا رازىمەن! — دەيدىغان بولدى.

— ئەر-خوتۇن ئىنتىرنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى — ئۇلارنىڭ پۇتبول كوماندىسى 19 ياشلىق، بۇدۇر چاچلىق، كالپۇكلىرى قىپقىزىل كەلگەن ئادەتتە ئازىنىن ئاياللارغا ئوخشايدىغان، توپ مەيدانىدا شىردەك باتۇرلۇق كۆرسىتىدىغان ياش پۇتبول ماھىرى بورد نى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇ كانچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن گاز پارتلىشىدا ئۆلۈپ كەتكەن، ئانىسى باشقا بىرسىگە ياتلىق بولۇپ، بوردنى دارىلئامغا ئەكىرىپ قويغان، بورد دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شاختىغا چۈشۈپ كۆمۈر قازغان، ئىش سىرتىدا پۇتبول تەپكەن، بۇ دۆلەتنىڭ قائىدىسى بويىچە مۇنداق ئادەملەرنى دۆلەتلىك، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك كوماندىغا قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىنتىر ھوقۇق تونۇتقاندىن كېيىن. ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تۆۋەنگە چۆككۈر چۆكۈپ، بوردنىڭ پۇتبول ماھارىتىنى بىۋاسىتە كۆزەتتى ھەمدە ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ، 47 مىنۇت سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ ئائىلىرىغا مەلۇمات بوللاپ، بوردنى

www.ughurkitap.com

كوماندىغا دەرىجە ئاتلىتىپ قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئالىيلىرى تەستىق سېلىپ، مەخپىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى بۇيرۇدى، ئېنتىر بەس-مۇنازىرىگە ئىشتىراك قىلىپ، مۇتەئەسسىپلىكنى تۈگىتىش، تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىش زۆرۈرلۈكىنى يۇخادىن چىققۇچە شەرھلەپ، بىر قانچە مۆتىۋەرنى خاپا قىلىپ قويدى. بەختىگە يارىشا ئېنتىرنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۆزىمۇ خېلى ئاڭلىق كەلگەن مەخپىي ئىشلار باش ئەمەلدارى پۈتبول ساھەسىنىڭ ئىشلىرىغا بەك تەپسىلىي ۋە كونكرېت ئارىلىشىۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭدەك ئېنتىر ماھىرنىڭ ئاللىقاچان دۇنياغا قەدەم قويغان ۋە دۇنيادىن مەزكۇر ئەلگە قەدەم قويغان كاتتا توپ چولپىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ نامى يېڭىدىنلا بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋازغا قويماستىن ھەممە ئىشنى ئېنتىرنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئېنتىرنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىشنى، سەپەرۋەرلىك بىلەن خالىغانچە ئىش قىلىپ، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇشتىن ساقلىنىشنى قايتا-قايتا جېكىلىدى.

ئۇتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى يىلدا بىر ياش ياشىرىپ تۇرىدىغان بىر ئايال يازغۇچى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، بورد بىلەن بىرنەچچە قېتىم، ئېنتىر بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلىشىپ خەۋەر توپلىدى، ئېنتىر ئائىلىسىنىڭ قەھۋە، پەملە چاي، پەمدۇر مۇرابباسى، سودا سۈيى ۋە شامپانسكىلىرىنى كۆپلەپ ئىچىپ ۋە يەپ، ئاخىرى «بۆسۈش» دېگەن ئويدۇرمىسىز كاتتا ئەدەبىي ئەسەرنى يازدى، بۆسۈش دېگىنى كۆپ قىرلىق سۆز بولۇپ، بىرىنچىدىن بوردنىڭ مەيدانغا كېلىشى پۈتبول ئىشىدىكى بۆسۈش دېگەننى بىلدۈرەتتى، ئىككىنچىدىن، ئېنتىرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بوردنى قوبۇل قىلغانلىقى خەلق ھوقۇقى كۆز قارىشىدىكى بۆسۈش دېگەننى بىلدۈرەتتى، ئۈچىنچىدىن،

ئادەم ئىشلىنىش تۈزۈمىنى بىلدۈرەتتى. ئۆتنىچىدىن، سىنىپىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرەتتى. بەشىنچىدىن، ئاپتور ئۆزىنىڭ شېئىر ۋە دراما يېزىشتىن ئويدۇرمىسىز ئەدەبىي ئەسەر يېزىشقا كۆچكەنلىكىمۇ بۇسۇش دېگەننى بىلدۈرەتتى. دېگەندەك بۇ ئەسەر بەش قىتئە بىرلەشمىسىنىڭ بۇسۇش دېگەن كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇكاپات سوممىسى 150 مىڭ دوللارلىق ئۆتكەلنى بۇسۇپ ئۆتتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ ئايال يازغۇچىنىڭ يېشىدىمۇ بۇسۇش يۈز بېرىپ، يەنە بىر ياش ياشاردى، ھەتتا ئۇ بوردقا ناھايىتى ئەسىرلىك مۇھەببەت خېتىنى يېزىپ، ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇپ، كېچىلىرى جىنىدىن قورققاندەك ئۇخلىيالماس قىلىپ قويۇش بىلەن بۇ نەۋقىران يىگىتنى كاتتا ئىستىقبالدىن مەھرۇم قىلىشقا تاس قالدى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەر-خوتۇن ئېنترلار كۈلەي دېسە تېخى، يىغلاي دېسە تېخى، چۈشىنى يەۋالغاندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— بۇ ئايال يازغۇچىمۇ تازا غەلىتە بەندىكەن، — دېدى كىيۇ نامى ئېنترغا قاراپ. بەلكى كۆڭۈل ئاچقۇسى كېلىپ كەتكەن بولسا كىچىكلا بالىنىڭ بېيىغا چۈشكىچە سىزگىلا خەت يازسا بولماسمىدى؟

— ئالدىرىماي تۇر خوتۇن، — دېدى ئېنتىر، — ئۇ بوردتىن جاۋاب ئالالمىسا بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ماڭا خەت يازمايدۇ دېيەلەمسەن؟

ئىككىسى تەڭ كۈلدى. ئېنتىر ئۆز ۋاقتىدا مەيكىر بىلەن كېنىمىر سۆزلەپ بەرگەن بىر ۋەقەنى ئىلغا ئالدى. بىر كۈنى مەيكىر بىلەن كېنىمىر ئىككىسى ھاراق ئىچىپ، غەرق مەست بوپتۇ، مەستلىكتە ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت خېتى يېزىشقا ئۇسىلىقىنى ماختاپ، بىرسىنى شاھىتلىققا چاقىرىپ، شۇ يەردىلا يېزىشقا كىرىشىپتۇ، ھەر بىرى بىر پارچىدىن يېزىپ لىپاپىلىغاندىن كېيىن ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، قىزلار يېتىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ تەرسالىقتا داڭقى چىققان ئايال باش تەيتىشنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا

بارغاندا، ئىككى پارچە خەتنى خەت ساندۇقىغا سېلىپ قويۇپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا ھەر ئىككىسى جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ، جاۋاب خەتنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئىلتىپاتىڭىزغا مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن يۈرەكلىرىم ئويناقلاپ ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم، دېگەن ۋاقتىڭىزدا ھۇزۇرىڭىزغا بېرىپ، سىز بىلەن شېرىن كېچىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە تەييارمەن ۋە ئۆمۈرلۈك ئاشىق-مەشۇقلاردىن بولۇپ قېلىشنى تىلەيمەن» دېيىلگەن. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى پىرىلغۇدەك قورقۇپ كەتكەن ئىككى يىگىت بىر-بىرىگە دۆگگەپ، ھېچقايسى بېرىپ كۆرۈشۈشكە پېتىنالمىغان. ئېنىتر مۇشۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئەر-خوتۇن ئىككىسى مەيكېر بىلەن كېنىمىرنى يادىغا ئېلىپ، ئۇلار ھازىر تەلەردە يۈرىدىكىن. ئايال مۇخبىر باشتىكىدەك ساداقەت كۆرسىتىۋاتامدىكىن دەپ ھەر ئىككىسى ئۆكۈندى. ئۇنىڭدىن كېيىن كېيۇتانىمى:

— ھىم، خوب بولدى! — دېدى.

گەپ ئەمدى يەنە بوردىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى، كېيۇتانىمى يەكشەنبە كۈنى بوردىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، يېڭى يېلىق گۆشى بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئېنىتر خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردى. بورد مېھمان بولۇپ كەلگەن كۈنى ئاھايىتى كۆڭۈللۈك تائاملاندى. تائامدىن كېيىن ئۇ ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇشقا ھەمدەملىشىپ، داستىخان، سالفېتكىلارنى تازىلىدى، ئۆينى پاكىزلىدى، ئۇ قولى ئەپچىل، پۇتى چاققانلىقى، كۆزىدىن ئۆتكۈرلۈك چىقىپ تۇرغانلىقى بىلەن كىشىنىڭ مەنىلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ تاماقتىن كېيىن يەنە كىچىك ئېنىتر بىلەن توپ، جۇپلەشمەك، چارلاش، ياش قىلىش ئويۇنلىرىنى ئوينىدى. يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان كىچىك ئېنىتر بوردىنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

بورد خوشلىشىپ كەتمەكچى بولغاندا كىچىك ئىنتىر ۋار-ۋار يىغلاپ، بورد بىلەن كوماندا تۇرۇشلۇق يەرگە بارىمەن دەپ تۇرىۋالدى. بورد بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە كېلىمەن، سىزنى بېلىق تۇتۇشقا ئېلىپ بارىمەن دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىنلا ئاران قويۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بورد ئىنتىر ئائىلىسى بىلەن تونۇش بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ كىچىك ئىنتىر بوردنى ئايرىلالماس بولۇپ قالدى. بورد بەك تولا كېلىۋەرسە ھەر خىل سۆز-چۆچەك چىقىشى، بىيلى ئىنتىرغا گەپ توشۇپ، ئۇنى بىئارام قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

گراف يىغىلغاندىن كېيىن، بىيلى ئەر-خوتۇن ئىنتىرلارغا بۇرۇنقىدىنمۇ ساداقەتلىك كۆرسىتىپ، ھەمىشە خۇشامەتچىلىك قىلىدىغان، خۇشامەتنى كېيىن ئۆزىچە خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ماختىنىپ مۇرىسىنى چىقىرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ باشقا يۈتىۋلچىلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، تۇرۇپ بىلدۈرۈپ، تۇرۇپ بىلىندۈرمەي يوغانچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنتىرلورد ۋە لورد خانىم كىيۇتانىي بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مەخپىيەت مەھكىمىسى، كاتتا ئەربابلار بىلەن تۇتىشىدىغان مەخپىي «يولى» بار ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان بولدى. ئۇ يۇقىرى قاتلامنىڭ سىرلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىلا بىلىپ، ئېغىزىدىن چىقىرىشقا بولمايدىغان ۋەزىيىتى بار ئىدى. ئۇ ھەممىلا ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان، ئىشىنىشكىمۇ، يۈزلەي ئىشەنمەسلىككىمۇ بولمايدىغان قىياپەتكە ئىگە ئىدى.

ئىنتىر مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋە بىردىنبىر خەتەرلىك ئادەمنى كۆزدىن يوقىتىش چارىسى ئۈستىدە جونۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى ئاللىقاچاندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئادەمگە ھەرقانداق تەدبىر قوللىنىلسا، ئىنتىرنىڭ قىلچە يۈرىكى ئاغرىمايتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بىيلى باۋۇز، زەھەرخەندە ئادەم بولغانىنىڭ ئۈستىگە قىلچە نومۇس قىلىشنى

بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەرقانداق سېسىق گەپ چىقاتتى، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ياسكىنا ئىش كېلەتتى. ئالدىنقىدا يالاقچىلىق قىلىپ تاپىنىنى يالىغۇدەك بولسا، يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن پىچاق كۆتۈرۈپ پارە-پارە قىلىۋېتىشتىن يانمايتتى. بېيلى ئېنتېرغا كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئىتائەتمەن بىلىنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ئېنتېر تەق دەللىگە ئىگە بولمىسىمۇ لېكىن بېيلىنىڭ سىسىلىيە ئارىلىنىڭ پالېرمو شەھىرىدىكى گېزىتلەر پارتىيىسىنىڭ باش شتابى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەڭگىللىك بىلەن قول سېلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى.

ئېنتېر خوتۇنىغىمۇ يەڭگىللىك بىلەن مەسلىھەت سېلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى، ئۇ خوتۇنىنىڭ ھاياجانلىنىپ كەينىدە ئېيتقان ھېلىقى سۆزىنى، يەنى ئەڭ ئاخىرقى خەتەرلىك ئۇنسۇر بېيلىنى كۆزىدىن يوقاتقاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇمىغانىدى. بۇ ئۇنىڭدىن بىر ئېھتىماللىققا ئىگە، ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىلغان سۆز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېنتېرنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغانىدى، گرافنى ئۇجۇقتۇرۇش ياكى ئۇجۇقتۇرماسلىق توغرىسىدا بولغان ھېلىقى مۇنازىرىدىن كېيىن، ئېنتېر ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئىنتايىن جىددىي بىر ئىچكى ھېسسىياتقا ئىگە بولدى. ئۇ ئۆزى كىشىلىك ھاياتى ئۈستىدە تېخى ئىپتىدائىي ساۋاتقىمۇ ئىگە بولمىغانلىقىنى، كېيۇنانىمىنىڭ ئازابلىق مەھشەرگاھتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كامالەتكە يەتكەن ھەقىقىي پەرزەنتقا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭ خوتۇنىغا نەزەر سېلىشىمۇ باشقىچە بولۇپ قالدى، ئۇ سەيلى قىلغان چاغلىرىدا، ئۆز قەدىمىنى خوتۇنىنىڭ قەدىمىگە ئاراپ تەڭشەيدىغان، خوتۇنىدىن سەل ئارقىدىراق ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئاددىي پۇقرا ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇنغا زوقى كېلىپ، ئۇلارنى ماختاشتى:

— قاراڭلار، — دەيتتى كىشىلەر، — ئېرى ھە دېسە، خوتۇنى لەببەي دەپ تۇرىدۇ، ياھ، خۇدايىم بىلىپ ياراتقان ئىكەن بۇ

جۈپتەكلەرنى!

«خوتۇنى ھە دېسە، ئېرى لەببەي دەپ تۇرسا» نېمە بولغۇدەك دەپ ئويلايتتى ئېنېر ئىچىدە.

بىر يىلدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە ياش ئەزىمەتلەرنىڭ يۈزبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇرد ئەڭ ئېسىل يۈزبولچى دېگەن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ماراگۋاي زوگتوڭ زىيارەتكە كېلىدىغان بولۇپ، ئالدىنقى كۆرۈپىسى ئۇنىڭ بىر مەيدان توپ مۇسابىقىسىنى كۆرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. زوگتوڭ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرگەن يۈزبول مۇسابىقىسىدە ھەممىدىن بەك كۆزگە كۆرۈنگىنى بۇرد بولدى. بۇرد كەينىچە تۇرۇپ توپنى بېشىدىن ھالقىتىپ تېپىپ ۋاراتاغا كىرگۈزگەندە، پۈتۈن مەيدان ھاياجان بىلەن تەنتەنە كۆتۈرۈۋەتتى. زوگتوڭ بۇ يېڭى چولپان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ ئالىيلىرى زوگتوڭغا ھەمراھ بولۇپ بۇردنى قوبۇل قىلدى، ئېنېر ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ بۇردقا ئەگىشىپ بېرىۋىدى، خالىق مۇھاپىزەتچىلەر ۋە زوگتوڭنىڭ ئۆۋكەللىرى ئۇنى توسۇپ قوبۇلخانىغا كىرگۈزمىدى.

نەسى ھەممە گېزىتلەر پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن زوگتوڭنىڭ بۇردنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى سۈرەتلىرىنى باش سىنونغا بېسىپ چىقاردى. بەزى گېزىتلەر: «ئۇستۇن ماھارەتلىك تەڭدىشى يوق تالانت ئىگىسى پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن زوگتوڭنىڭ مۇبارەك كۆڭلىنى ئىنتايىن خۇش قىلىۋەتتى»، «ئىنسانىيەت يۈزبول تارىخىدىكى چوڭ پارتلاش — خالىق تەنتەربىيە سارىيىدىن چولپان يۇلتۇز ئاستا-ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى»، «ماھارەتتە ھەممە ئەزىمەتلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان بۇرد پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ ياشلىق گۈلى ئېچىلدى، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئاخشامدىن ئېتىبارەن يېڭى سەھىپە باشلاندى» دېگەندەك ئوخشاش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ماۋزۇلارنى ئىشلەتتى. تېلېۋىزىيە، رادىئو يېڭى خەۋەر پروگراممىسىدا، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە پروگراممىلىرىدا ئۇدا

ئۈچ كۈنگىچە بوردنىڭ توپ تېپىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشىغا دائىر 154 قېتىملىق، 61 سائەتلىك خەۋەر بېرىلدى.

خۇشاللىقى ھەددىدىن ئاشقان ئىنتىر خونۇنى بىلەن كېلىشىپ، ئۆزخانىسىدىن بوردنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان-شۆھرىتى ئۈچۈن كاتتا زىياپەت بەردى، زىياپەتتە يالغۇز بىلجان كونسىبرۋاسىدىن بەش نوك سەرپ قىلىندى. زىياپەتتە لورد ئىنتىر خانىلىق يۇتبول كۇلۇبىنىڭ ھازىرلا بوردنىڭ يېرىم بوي مىس ھەيكىلىنى قاتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى، ئەمما ھەيكەلنىڭ ئۈلچىمى گىراف غوجاملارنىڭكىدىن يېرىم ھەسسە كىچىك بولۇشى لازىملىقىنى جاكارلىمىدى.

مېھمانلار قىزغىن چاۋاك چېلىپ، بەس-بەس بىلەن تەبرىكلىمەكچى بولۇپ قارىسا بورد يوق. بىر پەس ئىزدەشتۈرگەندىن كېيىن شۇ مەلۇم بولدىكى، كۆپچىلىك چاۋاك ئۇرۇپ تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، بورد قول چىرىغىنى ئېلىپ، كىچىك ئىنتىرنى باشلاپ ئارقىدىكى باغچىغا كىرىپ نۇتقىلى چىقىپ كەتكەنىكەن.

زىياپەت ئاخىرلاشتى، ئەر-خوتۇن ئىنتىرلار ئىشىكتە ئەزىز مېھمانلار بىلەن قول ئېلىپ خوشلاشتى. گالستۇكىنى قىڭغىر باغلىۋالغان بېيلى لۇكىچە كەلەرچە قىيابەتتە ئىنتىرغا قاراپ:

— سېر① جانابى ھەزرەتلىرى، — دېدى ئۇ، — ئاڭلىشىمچە، ئاكۆيى ئاخشىمى پادىشاھ ئائىلىرىنىڭ قوبۇلخانىسى ئالدىدا ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسىز، ئۆزىڭىزچە بوردنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى سىزگە ئابروي كەلتۈرىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ كۆرگەنسىز، شۇنچە كۆپ بىلجان كونسىبرۋاسى يېيىلگەن بۇرۇقلۇق، بورد دېگىنىڭىز قىلچە يۈزىڭىزنى قىلمىدى، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى بىر كىرپىگىمۇ تەلەك كۆرمىدى!

مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنتىر قاتتىق ئاچچىقلاپ،

① سېر — ياۋروپادىكى پادىشاھلىق ئەللەردە ئەڭ تۆۋەن ئۇنۋان.

بىيلىنى ئەنىلا چىكىندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

— ھۇ چوشقا! ھۇ ئېشەك! تەپ تارتماي دەۋاتقان گېپىنى قارا! — دېدى مېھمانخانىدا ۋارقىراپ-جارقىراپ.

— ئۇنداق پەسكەشنى كۆزدىن يوقىتىش ئاسانلا گەپ! — دېدى كىيۇتانىي، ئېنىرىنىڭ ئاچچىقى شۇنىڭدىن كېيىنلا بىر ئاز پەسەيدى.

شۇ كېچىسى تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە، كىيۇتانىي ئېنىرنى ئويغىتىپ:

— قەدىرلىك لورد جانابلىرى! مەن ئويان تۆرۈلۈپ، بۇيان تۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، مېنىڭچە بىزنىڭ ھاياتىمىزدا قانداقتۇ بىر پېشكەل ئىللەت باردەكلا قىلىدۇ. بىيلىنىڭ ئىشى ناھايىتى ئابان، ئۇنىڭ ئۈستىدە دات ئېيتىۋاتقان ۋە دات ئېيتماقچى بولغان ئادەملەر سانماندەك كۆپىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلى بوش. مەن ئۇنى قاچان يوقالسۇن دېسەم، شۇ چاغدا يوقىلىدۇ، سىزگە ھەقىقىي خەۋپ كەلتۈرىدىغىنى بىيلى ئەمەس، شۇ تاپتا سىزگە چىندىن خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقىنى يۇھانمۇ ئەمەس، باكېمۇ ئەمەس، بەلكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىڭىز بورد! — دېدى.

ئويقۇلۇق كۆزلىرى خىرە-شىرە بولۇپ تۇرغان ئېنىر بىردىنلا ئويغىنىپ:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئەمدىزە كىچىك بوردىنىڭ پېيىغا چۈشەي دەپسەن-دە! ئۇنىڭغا شۇملۇق قىلىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە! — دېدى.

— ئۆيكىڭىزنى بېسۇۋېلىڭ قەدىرلىكىم! بۈگۈن كېچە بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشمەي تۇرايلى. ھەقىقەتەن سىز بىلەن بىر ئايغىچە بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشمەكچى ئەمەسمەن، ئەمما لورد بېگىم، شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، راست گەپ تولا چاغلاردا كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. گەپنىڭ راستى ئەنە شۇ! بولدى. ئەمدى ئويقۇڭىزنى ئۇخلاۋېرىڭ.

كۆڭلۈمگە كەلگەن بىگۈ خىيالنى سىزگە ئۇقتۇرۇپ قويدۇم، ئەمدى ئۆزۈممۇ ئويلاۋېرىمەن.

شۇ گەپتىن كېيىن كىيوتانىي ئۇياققا ئۆرۈلۈپ دەم ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ نەپەس ئېلىشى تەكشى، كۆڭلى خاتىرجەم، چاچلىرى چۇۋۇق، جاۋغىيىدا تەبەسسۇم، ئىنتايىن چىرايلىق، ئېسىل ئۇخلاۋاتاتتى. بولۇپمۇ كۆزلىرى يۇمۇلغاندىن كېيىن. گويا ئۇپۇقتىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئايدەك يايى ھاسىل قىلىپ، ئىنتايىن نازاكەتلىك، ھەددىدىن زىيادە يېقىملىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەتۇرىچە ئىنتىرنىڭ ئويقۇسى كەلمەيۋاتاتتى، ئۇ مېڭىسىدە ۋە ئاغزىدا: غالجىرلىق، غالجىرلىق، ئوچىغا چىققان غالجىرلىق! دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى.

ئەتىسى ئىنتىر چىرايى تۇتۇق، كەيپى ناچار، ئاغزى ئاچچىق، ئىشتىھاسى يوق ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. ناشتا ۋاقتىدا كىچىك ئىنتىر ئاغزىغا تەگمەي، بورد توغرىسىدا، كىرپە توغرىسىدا سۆزلىگىلى تۇردى ۋە بوردنى دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئادەم دېدى.

— بىر نەرسە يەۋاتقاندا قۇرۇق گەپنى ئاز قىل! — دېدى ئىنتىر بىردىنلا ۋارقىراپ، كىچىك ئىنتىر قورققىنىدىن يۈزى قىزىرىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. كىيوتانىي ئۆز خىيالىغا بەنت بولۇپ، كۆڭلىگە نېمىلەرنىدۇر پۈكۈپ، گەپ-سۆزلەرگە پەرۋا قىلماي جىملا ئولتۇراتتى. ئىنتىر ئوغلىغا ۋارقىرىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، لوردنىڭ سالاپىتىگە لايىق ئىش قىلمىدىم دېگەن يەرگە كەلدى.

ئىنتىر ئۇدا نەچچە كۈنلەرگىچە بىئارام بولۇپ، ئۇيقىدىن، يا تاماقتىن لەززەت ئالالمىدى. شەرىپىگە شۇنچە كاتتا زىياپەت بېرىلىۋاتسا بوردنىڭ غېپىدە قىلىپ كىرپە تۇتۇشقا چىقىپ كەتكەنلىكى ئادەمگەرچىلىككە توغرا كېلەمدۇ؟ ئۇ مايمۇن، توز ياكى تىمساھ تۇتقىلى چىققان بولسىمۇ بىر تۈرە ئىدى. يا مۆرەشنى، يا قېچىشنى، يا ئادەم يېيىشنى بىلمەيدىغان، قول سېلەن سىلاشقا بولمايدىغان ئاشۇ كىرپىنى تۇتۇشقا چىقىپ كېتىشى ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئا كۈنى ئىنتىر بوردغا ئەگىشىپ پادىشاھ ئالبېتىرى ۋە

زوڭتوڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا ئۇنى كىرگۈزمەي تۇسۇپ قويۇشتى، ئېنىر بۇنى كۆڭلىگە ئالمىغاندى، ھەتتا ئەستايىدىل ئويلىنىپ، نەدىمۇ پادىشاھ چاقىرمىغان يەرگە بارىدىغان قائىدە بار؟ يۇقىرى تەبىقە ئىچىدە ئىشلەۋاتقىنىمغا بىرەر-يېرىم يىللار بولغىنى يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ قائىدىسىنى چۈشەنمىگىنىم نېمىسى؟ ئۆزۈم تەنتەكلىك قىلىپتىمەن دېگەن يەرگە كەلگەندى، لېكىن ئۇ زىياپەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ھېلىقى چاغدا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئىتتىرىۋەتكەن ھالىتىنى ئويلىسىلا يۈزى ئوتتەك قىزىشىپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ ھاقارەت، چوڭ ئۇيات دەپ بىلىدىغان بولدى. يەنە ئۆزىنىڭ يالغاندىن راستقا ئايلىنىپ، كاتتا توپ چولپىنى بولۇپ، ئەنتەربىيە، ئەپكار ئامما، ئاخباۋات، ئىلىم ئەھلى ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ. لېكىن مىكىر جاپا مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، 6-7 يىلغىچە تەرەپ-تەرەپتە قاتتىق ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بەختىگە يارىشا جەمئىيەت ياشلىقى، كۇلۇب مۇدىرى بولغان، لورد ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان چاغدىلا ئاندىن پادىشاھ ئائىلىرىنىڭ 5 مىنۇتلۇق قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقىپ ھازىرغىچە رەسمىي مۇسابىقىلەردە 20 توپمۇ كىرگۈزمىگەن بورد شۇمەنكىنىڭ شۇنچىۋالا شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئويلاپ، جاھاندىكى ئىشلار نېمە دېگەن ئادالەتسىز، ئادەمنى ئادەمگە سېلىشتۇرسالىڭ جېنىڭ چىقىدۇ دېگەن گەپ راست ئىكەن-دە! دېگەن يەرگە كەلدى. ئېنىرغا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتقىنى بېيلى ئىدى، ئۇ: مۇشۇ سولتەك، پەزىلىتى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغىمۇ يەتمەيدىغان مۇشۇ ئالۋاستى جېنىمدا مېنىڭ ئالدىمدا تەپ تارتماي لۈكچەكلىك قىلىپ ھېلىقىدەك سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ-ھە. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا نېمە ھەددى! ئۇنىڭ باش مەخپىيەت ئەمەلدارى بىلەن نېمە چاتىقى بار زادى؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا باش مەخپىيەت ئەمەلدارىنىڭ جىنسىي

ھالىتى نورمال بولمىغاچقا، خوتۇنى بىلەن توي قىلغاندىن بۇيانقى 30 يىل مابەينىدە ئايرىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن گەپ بار، بىرسى ئالۋاستى، يەنە بىرسى جادۇگەر مىكىن تاڭ خوش، بىبىلىنىڭ كىيۇتانمى بىلەن نېمە چاتىقى بار زادى؟ بولىسا ئۇ ماڭا تەپ تارتماي ئاشۇنداق غالدۇر-غۇلدۇر سۆزلەمدۇ، نېمە دېگەن دەھشەت، ئۆچەكەشكەندەك كىچىك ئېنتىرنىڭ بوردقا ئىجىل بولۇپ قالغىنىچۇ تېخى، ئۇنىڭ كۆزىدە دادىسىمۇ ئانىسىمۇ يوق، بىرلا كىرىپە تۇتۇپ بېرىدىغان بورد بار، جاھاندىكى ئىشلارنى نېمە دېگۈلۈك-ھە؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

لورد ئېنتىرنىڭ ئاچچىقى بارغانچە يامانلىشىپ كەتتى. بوردنىڭ ياكى بىبىلىنىڭ، ياكى خوتۇنىنىڭ ۋە ياكى ئوغلىنىڭ ياكى زۇكنوكنىڭ ۋە ياكى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ، ياكى بېلىجان كونسېرۋاسىنىڭ ۋە ياكى كىرپىنىڭ ئېتى چىققان ياكى ئۇلارنى كۆرگەن ھامان، ئۇنىڭ ئوغىسى تۇتىدىغان بولۇپ قالدى.

خۇددى كېلىشىۋالغاندەك، كوماندا ئەزالىرىدىن بىرقانچەيلەنمۇ پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن زۇكنوكنىڭ بوردنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن چىشى قىرىشىپ، توختىماي تەنە ۋە مەسخىرە قىلىشىپ يۈردى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا كەلگە تارقالغان ئېنتىر ھەققىدىكى ناخشىنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، كۆيلىگەن چوشقا غىڭشىغاندەك ئاۋازدا ئېيتىپ يۈرۈشىدىغان بولدى:

سوئال سوراپ ئاسماندىن، سورايمىزكى زېمىندىن،
نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئاھ نېمە ئۈچۈن،
بىز مىڭ ئۆلۈپ تىرىلسەك ھېچكىمنىڭ كارى يوق،
بىردىن سولتەك بېشىغا قوندى دۆلەت نە ئۈچۈن؟

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، خانلىق پۇتبول كۇلۇبى يىللىق يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىننىڭ 1-كۈن تەرتىپى بويىچە ئېنتىر نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقى ئەسلىدە «زامانىمىزنىڭ پۇتبول سەنئىتىدىكى يېڭى

ئاينتى» دېگەن ماۋزۇدا ئىدى، ئىنتىر سۆزلەپ كېلىۋېتىپ بىردىنلا
قايناپ كەتتى ۋە: «ياش كىشى دېگەن كەمتەررەك بولسا بولىدۇ!
ئازغىنا نەتىجىگە ئېرىشىپلا قۇيرۇق كۆتۈرۈۋالسا، ئۆزىچە يېڭى
چولپان بولۇۋالسا، ئۆزىچە يېڭى سەھىپە ئېچىۋالسا قامالاشمايدۇ!
يۇنبول سەنئىتىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ! ناھايىتى چوڭ! ئۆزى
ساز، مەنىسى چوڭقۇر! سېنىڭ ئاشۇ ئىككى تال ھۈنىرىڭ دېڭىزنىڭ
تامچىسىغا، كۆجلۈك بۇقىنىڭ بىر تال تۈكىگىلا تەڭ كىچىككىنە گەپ!»
دېدى. بۇ گەپلەرنى يەستە ئاڭلاپ ئولتۇرغان. كوماندىدىن
چېكىنگەنلەرنى ئاساس قىلغان ئاڭلىغۇچىلار قاتتىق چاۋاك چېلىپ
كېتىشتى.

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى بوردىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندۇر؟ بۇ ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن؟ ياكى يەتمىگەندۇر؟ بۇ ئېھتىمالدىن يىراق؟ لېكىن بوردىنا قىلچە ئىنكاس بولغىنى يوق، ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئادەتتىكىچە مەشقىنى قىلىپ، ئامقىنى يەپ، كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈۋەردى، ئادەتتىكىدەكلا ھەر يەكشەنبە كۈنى ئېنىرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى ئۇستاز قاتارىدا ھۆرمەتلەۋەردى ھەمدە كىچىك ئېنىرنى باشلاپ، بىللە ئويناپ، ئۇزمەي كۈلۈشۈپ ئۆتتۈۋەردى. بۇ ئىككىسى كىرىپىنلا ئەمەس، بىگىناغۇچ. قارا چېكەتكىلەرنىمۇ تۇتتى، تۇتقانلىرى كۆڭلى سوۋۇپ زېرىكتى. پادىشاھ ئالىيلىرى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، باش ۋەزىر پادىشاھ ئالىيلىرىغا ۋەكالىتەن بوردىغا پارىس سېرىق ئىتىدىن بىرنى تەقدىم قىلغاندى، بوردى شۇ ئىتنىمۇ كىچىك ئېنىرغا بېرىۋەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئېنىر ئائىلىسىگە يېقىن قالدى.

بىر كۈنى كېيۇتامى ئېنىردىن:

— قەدىرلىك جانابى لورد، ئاڭلىسام كۆلۈۋىنىڭ يېللىق يىغىنىدا بوردىنى تەنقىدلەپسىزغۇ... — دەپ سوراپ قالدى.

— كىم دەيدۇ؟ يوق گەپ! ھازىرقى ئادەملەر نېمە دېگەن پەسلىشىپ كەتكەن، سېپىق كاللىسىنى يوق يەردىن كاۋاك

ئىزدەشكىلا ئىشلىتىدۇ! مەن ئومۇمەن ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىش
ھەققىدە توختالغان تۇرسام، نېمە دەپ بوردىنى تەنقىدلىدى
دەيدىكەن؟ ھۆ ئىپلاسلار! پەسكەشلەر!
— ئىپلاس بولامدۇ، پەسكەش بولامدۇ بولىۋەرسۇن. توپتوغرا
بىر ئايغىچە سىزگە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىنىم يوق. ئەمەلىيەتتە
سىز مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ توغرىلىقىنى سېزىپ بولغان يەردە،
ئەمما گۆدەكلەرچە شۆھرەتخورلۇقىڭىزنى يەنىلا تاشلىمايۋاتىسىز.
قەدىرلىكىم، سىزچۇ چۈجىنىڭ ئۆزى! ھېلىقى «بۆسۈش» كە
ئوستا ئايال يازغۇچىدەك يىلىغا ئىككى باش ياشىرىپ تۇرۇش سىزگىلا
لايىق جۇمۇ!
— يوقال كۆزۈمدىن! ئارامىمغا قوي! جادى!
كىيوتانىمى كۆلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا كەينىگە ئۆرۈلۈپ،
سۆيۈشتى دورىغاندىن كېيىن:
— بۇ توغرۇلۇق ئۈچ ئايدىن كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، پۇتبول ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى ھەققىدىكى
يومشاق پەن-مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئاتاقلىق پۇتبول توبزورچىسى،
ئىلگىرىكى شەھەر باشلىقىنىڭ مۇلازىمى ۋە ھازىرقى مەخپىي ئىشلار
ئەمەلدارىنىڭ نەۋرە ئوغلىنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ماگىستىر براسېبى
ھاياجان بىلەن ئىككى چېكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— ھازىر توپ ئىسنىلى بەك بۇزۇلۇپ كەتتى! — دېدى ئۇ. —
مۇھاكىمە ئىستىلى بەك بۇزۇلۇپ كەتتى! ئادەملەرنىڭ ئىستىلى بەك
بۇزۇلۇپ كەتتى! بولۇپمۇ خەۋەرچىلىك ئىستىلى ھەممىدىن بەك
بۇزۇلۇپ كەتتى! ھەممىڭ ئېغىزىدا پۇتبولدا يېڭى چولپان چىقتى،
پۇتبول تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى دېگەن گەپ يۈرىدۇ.
ئەجەب مەن بىلمىدىمغۇ؟ ئەجەب مەن كۆرمىدىمغۇ؟ ئەجەب مەن
سەزمىدىمغۇ؟ قېنى ئۇ يېڭى چولپان؟ قېنى ئۇ يېڭى سەھىپە؟
مەن زادى ئېتىراپ قىلمايمەن. مەن زادى قايىل ئەمەس! ھېلىقى
سېرىق تۈلك كىرگۈزگەن ئۈچ توپنىڭ سىنئالغۇسىنى كۆردۈم،

كۆرگەندىمۇ ھەر بەش سېكۇنتتا بىر توختاپ، يېرىم مىنۇتتا بىر قايناپ شۇنچە تەپسىلىي كۆردۇم، بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلدىم، سېرىق تۈكنىڭ تۇتقان يولى توغرا ئەمەس! ئۇ پۇتۇنلەي رەڭۋازلىق، تەۋەككۈلچىلىق، تالەيدە بوغبۇق قىلىش، پۈرسەتپەرەسلىك يولىنى تۇتقان! كەينىچە توپ تېپىشى تەتۈر يول ماڭغانغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئاساسىي قائىدىگە، ئىشانغا زىت! ئۇ ئۆز قىنتەيمىزنىڭ پۇتبول تېپىشنىڭ 600 يىللىق شانلىق ئەنئەنىسىگە تامامەن خىلاپ! ئەنە شۇنداق بولۇشىغا تەپكەن توپ، ئەنئەنىگە زىت تەپكەن توپ، سېرىك ئويىنغاندەك تەپكەن توپ ۋاراتاغا كىرگەن ھالەتتىمۇ بەك سەت كۆرۈنىدىكەن! — ئۇ بەك سەت كۆرۈنىدىكەن دېگەن سۆزنى قىلغىنىدا، ئۆز چېچىنى قاماللاپ ۋە ئىككى قۇلقىنى چۆجۈپ ئۆز بېشىنى ئويۇنچۇققا ئوخشاش چايقاشتۇردى، ئاندىن جىددىي قىياپەتتە دۇق بىلەن سۆزلىدى، — ئەنە شۇنداق قىلىپتا سىغمايدىغان توپنى تەپكەندىن كېيىن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كۆرۈشۈش كۆز بوياپچىلىقنى باشقا نەرسە ئەمەس!

ئەنە شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن مەيداندىكىلەر چۆچۈپ كەتتى. سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز بۇرۇنىمۇ قات قىلىپ قالدى. ئۇ سۆزلە-سۆزلە قايناپ كېتىپ، پوسۇققىدە ئىچىدىكىنى ئېيتىپ سېلىپ باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ قورقۇشۇەتكەندەك قىلاتتى.

بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئاخىرىدا خۇلاسە چىقىرىشقا ئېيتتىر تەكلىپ قىلىندى. ئېيتتىر ئۆزىنى ناھايىتى سالاپەتلىك تۇتۇپ سۆزلىدى:

— كىشلەرنىڭ بەزى ھادىسىلەرگە تۈز قارشىنى ئېيتىشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما ئەڭ ياخشىسى ئالدىراپلا «كۆز بوياپچىلىق» دېگەن قالپاقنى كېيگۈزمىگەن تۈزۈك. دۇرۇست، ھەقىقەتەن كۆز بوياپچىلىق كۆرۈلسە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويساق بولىدۇ، ئوتتۇرىغا قويمىساق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسىتىمۇ ئۇنداقلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بېرىش! بوردى ئالساق، ئۇنىڭ ئۆزى بىر تالانت. مۇنداق تالانت بىزنىڭ

ئېلىمىزدە كۆپ ئەمەس، بەلكى بەك ئاز. مەن ھەرقايسى دائىرىلىرىمىزنىڭ ياردىمىدە بوردىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىشىنىمەن.

لورد ئېنتر ئۆزىنىڭ ئالدىرىماي-تەمتىرىمەي، تازا قاملاشتۇرۇپ جايىدا سۆزلىگەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردە، يېڭى چولپان. يېڭى سەھىپە ھەققىدە ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ كەلگەن بىر گېزىتنىڭ 1-بەتتىكى باش ستونىغا ئەتىسى «قانداق قىلغاندا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگىلى بولىدۇ؟» دېگەن باشماقالە بېسىلدى. ئۇنىڭ ئەتىسى يەنە «ئاسانلا بارلىققا كەلگەن چولپان بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ» دېگەن ماقالە بېسىلدى. ئۆگۈنى «بىزگە قانداق يېڭى سەھىپە كېرەك؟» دېگەن 3-ماقالە بېسىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن بەش پارچە يوشۇرۇن ئوق ئېتىلغان، تىلى ئاچچىق ماقالە ئېلان قىلىندى.

پۇتبول ساھەسىدىكىلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قاتتىق چۇقان كۆتۈرۈشتى. بەزىلەر غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان بولسا، بەزىلەر چاۋاك ئۇرۇپ خۇشال بولۇشتى، بەزىلەر تاماشا كۆرمەكچى بولغان بولسا، بەزىلەر بۇ مۇنازىرىنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق دېگەن ئىپادىنى بىلدۈرۈشتى. بىز بىلەن ئالاقىسى يوق دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى: بىز بىلەن ئالاقىسى يوق بۇ تالاش ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە پايدىلىق، بىرىنچىدىن، تالاشقۇچىلار بىزنى ئۆزىگە تارتىشقا تىرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، تالاشتا كىملا يېڭىلسا شۇ ئاجىزلىشىدۇ، تالاشتا ئىككىلا تەرەپ زىيان-زەخمەت يېسە ئىككىلا تەرەپ ئاجىزلىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ئۆزىمىزنىڭ نەپ ئېلىشى ئۈچۈن تازا پايدىلىق دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئەمما بۇ ئىشتا تۇتقان مەۋقەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممەيلەن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتىكى، لورد ئېنتر بوردىنىڭ بىراقلا يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىشىگە يول قويمايتتى، لورد ئېنتر بوردىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى زور خەۋپ دەپ بىلىۋاتاتتى،

لورد ئېبىتىر ئۆزىنىڭ تەسىرىگە تايىنىپ، ۋىزانتىيىچە سەپ قۇراشتۇرۇپ، بوردىنى يىراقتىن قورشاۋغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، لورد ئېبىتىر ئاخىرى بوردىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ يۇخادىن چىقماي قويمايتتى. ھەممە ساھەنىڭ ئورتاق تونۇشى ئەنە شۇنداق ئىدى، بۇنىڭغا جامائەتچىلىكنىڭ ئىنكاسى يامان، ئېبىتىر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىسىز ئىدى.

بۇ خەۋەرلەر ئېبىتىرنىڭ قۇلىقىغا ئۇدۇل بېرىپ يەتتى، ئۇ قاتتىق خاپا بولۇپ، ھەسرەتلىنىشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپلا خوتۇنىنى سوراققا تارتىپ:

— بۇنىڭ بەرى سېنىڭ پالاكىتىڭ! ھەممە يەرگە يۈز كېتىپتۇ! مەن تالانت ئىگىسىگە ئىچى تارلىق قىلىدىغان مۇتتەھەم بولۇپ قاپتىمەن! بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تىرىشىپ، سەككىز يىلدىن بۇيان تىرىشىپ يۇتبولچىلار قوشۇنىدا ئاران بارلىققا كەلتۈرگەن خاتىرجەملىك، روھىي جانلىنىش، تالانت ئىگىلىرىنى كۆيلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىيىتى بىراقلا يوققا چىقتى! پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يۇتبولچىلىق ئىشى ئالدىدا مەڭگۈلۈك گۇناھكار بولۇپ قېلىشىمغا سەن سەۋەبچى بولدۇڭ! — دېدى.

كىيوتانمى ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ نېرىقىنى ئېلىشنى نوختاپ قالدى ۋە:

— غوجام، نەسىللىك دۆلدۈلۈم! ئەجەپ باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوقلا بىر قىسمى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ، — مەن نېمە قىپتىمەن؟ نەچچە ئايدىن بېرى بىرقانچە گىراف ئاغىچا، بەگزادە-خېنىملارنىڭ ئات قويۇش، قۇدا چۈشۈپ چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىگە ۋە تاسا-زىياپىتىگە قاتنىشىپ، شۇ ئولتۇرۇشلاردا بىرنەچچە پارە ئاچچىق خاڭگا يېگەندىن، بىر پاتمان خۇشامەت گەپلەرنى قىلغاندىن باشقا تالا-تۈزگىمۇ چىقماي، بىرەر ئىشكىمۇ دۇقۇرماي. يېڭى يوسۇندىكى كىيىملەرنى كىيىپ-يېچىش بىلەنلا بولدۇم. ئاندىن قالسا ئوغلىمىزغا روياڵ، بىرىدژ، خەلقئارا شاھمات ئۆگەتتىم، سىرىق ئىتىنى ئويناتتىم، مەندەك ئېپچىل خوتۇن،

ئاقكۆڭۈل ئانا بولامدىغان. پۇتبولچىلار توغرىسىدا قىلچىلىك تىنىپ باققان يېرىم بارمىكەن؟

ئېنتىر بولغان ئەھۋالنى ئۇ يەر-بۇ يەردىن بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئەل-جامائەتنىڭ قارىشىكەن، مەن بىلەن ئالاقىسى يوق. مەن سىز بىلەنلا سۆزلىشىپ، گەپنىڭ ئۇچىنىلا چىقىرىپ قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەردە تىنىپ باقمىدىم. سىز بىلەن كېلىشۋالمىغان ئىشنى سۆزلەپمۇ يۈرمەيمەن، ھەم قىلمايمەن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بورد دېگەن بۇ بالىنى ئۆزۈممۇ بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئاشۇ ئىشنى بىزگە بىرنۇەنكەن نۇرسا قانداقمۇ ئۇنى باخشى كۆرمەي تۇرالاي. ئۇ بەرگەن ئىت راستىنى ئېيتسام تۇغلىكىزدىنمۇ ئۇماق جۇمۇك! بىز بوردقا ئادەتتىن تاشقىرى مېھرىبانلىق كۆرسەتسەك بولىدۇ. قانداق دېدىم خوجايىن؟ ئەل-جامائەتنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇنداق قاراشتا بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ قىزىقارلىق تەرىپى بار دەڭچۇ. — ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، زور قىزىقىش بىلەن سۆزلىدى. — بۇنىڭغا ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك دېگەن تەمسىل توغرا كېلىدۇ!

— ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك ئەمەس، رەڭلىك، قىسماق، موخو! ئەلنىڭ مېكىسى دۆت! ئۇچىنى قوشساڭ بىرسىچىلىكمۇ ئەقلى يوق، كالۋا. قاشاڭ. ئىشنى تۈزەشتىن بۇزۇشى كۆپ! تەرى ئەل-جامائەت ئۇلارنىڭ؟ سەن كۆمۈرنى قارا دېسەڭ، ئۇلار ئاق دەپ تۇرىۋالىدۇ. سەن بىز بىر-بىرىمىزگە مېھرىبان. قەدىردان دېسەڭ، ئۇلار بۇنى بىر-بىرىمىزنى قىرىشقا چاقىرغانلىق دەپ تۇرىۋالىدۇ. ئەل-جامائەتنىڭ پىكرى ئىتنىڭ قاۋىشىغىمۇ يەتمەيدۇ!

— ئۇپكىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ قەدىرلىكىم. سىز بەك جارچاپ كېتىپسىز. نېرۋىڭىز بەك جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. كۆزىڭىزنى يۇمۇپ قارلىق تاغ ئۈستىدىكى كۆك ئاسماننى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈڭ بولامدۇ؟ قارلىق تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرغان بىر تۇپ قار لەيلىسىنى كۆز

ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. قار لەيلىسى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە ئېچىلغاندەك بولدۇ. سىز قارلىق تاغ چوققىسىدىكى ۋە كۆك ئاسمان ئاستىدىكى بىر تۈپ قار لەيلىسى ئىچىدە ئولتۇرغاندەك بولىسىز، قار لەيلىسى ئىچىدە ئولتۇرغان سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە يەنە بىر تال قار لەيلىسى ئېچىلغاندەك بولدۇ. سان-ساناقسىز قار لەيلىسى ئىچىدە سان-ساناقسىز سىز ھۆرمەتلىك لورد غوجام تۇرغاندەك بىلىنىدۇ! سان-ساناقسىز لورد غوجامنىڭ كۆڭلىدە سان-ساناقسىز قار لەيلىسى تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئوكەي! قەدىرلىكىم! ماتا ئەمدى سىزگە لىمون-قارىغاي مېغىزى شارابىغا سودا قوشۇپ بىر ئىستاكان قۇيۇپ بېرەي، كەيپىڭىز خېلى ئوخشىلىپ قالغاندۇر دېرسىم؟

«بۇ خوتۇن جادۇگەرنىڭ ئۆزى... مەن بولسام شىكسپىر تەسۋىرلىگەن قارا نىيەتچى ماكبېسقا ئايلىنىپ قالدىم، — دەپ ئويلىدى ئېنتىر ھارغىنلىق ئىچىدە، — مېڭەمگە قان قۇيۇلۇش كېسىلىم ھازىرلا قوزغىلىپ. ھېلىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن» ، لورد ئىچىدە ئۆزىگە ئەيىۋن ئوقۇشقا باشلىدى.

— ھەببەللى، ناھايىتى ياخشى! — دېدى كىيوتانمى، — ئەمدى ئارام تېپىپ قالدىڭىز، روھىي داۋا ياشىسۇن! كېلىڭا بىر سۆيۈشۈۋالايلى، ئىم! دىلىڭىز سەل يۇمشاپ قالغاندۇر؟ ئەل-جامائەتكە قىلغان ھاقارىتىڭىزگە ئەمدى رەددىيە قايتۇرىمەن، دۇرۇست، براسىپ بوردقا ھۇجۇم قىلىپ، قىڭغىر يولغا ماڭدى، ئۆز بۇيامچىلىق قىلدى دېگەندە، سىز ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، بوردنى قوغداپسىز، ھەتتا بوردنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى خالايىقنىڭ ئالدىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپسىز... تۇرۇپ تۇرۇمسىز گېپىمنى تۈگىتىۋالاي. سىزنىڭ سۆز-ھەرىكىتىڭىز، سىزنىڭ قەلبىڭىز بوردقا زوقلىنىش، كۆيۈنۈش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن باشقا ئەمەس. سىز بوردنى ئاكىلارچە، ئۇستازلارچە، ئاتىلارچە كۆڭلىڭىز بىلەن قانات ئاستىڭىزغا ئېلىۋاتىسىز، بۇ تامامەن توغرا، بۇ دۇرۇست. بىراق بۇ قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى شۇنداق بىر ئوبيېكتىپ پاكىتنى

ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ پاكىتنى مەن سىزگە ئېيتقان، سىز ئاڭلىغان، سىز ئەمەلدە ئۇنى قوبۇلمۇ قىلغان، ئەل-جامائەت ئۇنى بىر قاراپلا ناھايىتى ئوچۇق بىلىۋاپتۇ. بۇ ئوبيېكتىپ پاكىت قايسى دېسىڭىز، بوردىن سىز ئۇچۇن ئەڭ زور خەۋپ، چۈنكى بوردىنىڭ ھەممە جەھەتتىن سىزنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقى تولىمۇ ئايدىڭ! قەدىرلىكىم، ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، يەنە بىر ئاز بېسىۋېلىڭ! سىز توپ ماھارىتى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى بەدەن، سالاپەت، تەربىيەت، زېھىن، بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسى، ئالىيجانابلىق ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيسىز. مۇبادا يەنە 15 ياش ياشراق بولغان بولسام، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان بولاتتىم. مۇبادا بىرەر سىڭلىم بولغان بولسا، ئۇنىڭغا چېتىپ قويغان بولاتتىم. ھەتتا ئۈچ سىڭلىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۈچىلىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىنى خالىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ قانات-قۇيرۇقى تېخى تازا يېتىلمىگەن، ئورنى مۇقىملاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن پارلاق نۇرى كۆز چاقنىتىپ، ئاللىقاچان سىزنى كۆمۈپ تاشلىدى، سىز بوردىنىڭ سايىسىدە ياشاۋاتىسىز، بۇ تەقدىردىن قۇتۇلمەن دەپمۇ قۇتۇلالمايسىز! تىرە تاراقشىتىپ ئۇنى كۆزگە ئىلمايمەن دېسىڭىزمۇ، زورىغا ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدىن دانا سانايمەن دېسىڭىزمۇ، ھەتتا ئۇنى تەربىيلەيمەن، ئۇنىڭغا تەلىم بېرىمەن، ياردەم بېرىمەن دېسىڭىزمۇ... بۇنىڭ ھەممىسى بىكار! قەدىرلىكىم! ئوبيېكتىپ پاكىت ئالدىدا روھىي ھىيلە-مىكىر دېگىنىڭىز ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئويۇن! شۇنداقمۇ-ھە؟ ئۇنىڭ قانات-قۇيرۇقى يېتىلىپ، ئورنى مۇقىملاشقان كۈن سىزنىڭ يەرگە يىقىلىدىغان ۋاقتىڭىز بولىدۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئالدىن ئېيتىپ قويمايسەن دەپ يۈرمەڭ! مەيكېر، كېنىمىر، گرافلار سىزگە تەھدىت سالغاندا، پەسكەشلەرچە يوبۇزا قىلىش يولى بىلەن يېغىرىڭىزنى ئېچىشتىن باشقىنى قىلالمىدى، بۇ ئۇلارنىڭ سىزدىنمۇ ناكەس، سىزدىنمۇ زەئىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قورقۇدەك يېرى يوق. سىزگە مەن قوشۇلسام ئۇلارنى مات قىلىشىمىزدا گەپ

يوق. ئەمدى بوردچۇ، ئۇ ناھايىتى ياش، ساددا ۋە ئوماق، ئۇ ھېچقاچان سىزگە تەھدىت سالغىنى يوق، سىز بىلەن دۈشمەنلەشكە- نى يوق، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا دەسسىمەكچى بولغىنى يوق! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يوت تېپىشىدىغان، قورساق سوقۇشتۇرىدىغان، ئىچى تارلىق قىلىدىغان، خەقنى يەكلەيدىغان قىلىقنى ئەسلا تاپقىلى بولمايدۇ. دېمەك ئۇنىڭغا نەق كەلمەك تەسىرەك، عىيلە ئىشلەتسىڭىز، ئۇنداق ھىيلىڭىز ھاۋاغا يۇرۇلدە ئۇچۇپ كېتىدۇ. بىرقانچە ھىيلىڭىز ئىشلەپ قالغان ھالەتتىمۇ ئۇ بەربىر كۆككە سورۇلىدۇ. بېشىڭىزنىڭ قېتىقى چىققۇچە تىرماشسىڭىزمۇ بەربىر بىكار! ئۇ ھەممە جەھەتتىن بىجىرىم، ئۇ پېگىلمەس! ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ نادانلىقىڭىزنى. ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكىنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ رەزىللىكىڭىزنى، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ ئىچى تارلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ پەسكەشلىكىڭىزنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا لايىق ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. چۈشەنگەنسىز ئېرىم، ۋادەرىخا! ئېيتىڭچۇ. مانا بۇ ئادەمنى تىرىك ئۆلتۈرۈپ خۇن تۆلىمىگەنگە باراۋەر ئەمەسمۇ؟

ئېنىر بېسى ئايلىنىپ بېرىم بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ، يۈرىكى دەرمانسىزلىنىپ، چىرايى ئۆلۈككىنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى.

— قانداق قىل دەيسەن؟ چىنىم خوتۇن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۇنى ئۆلتۈرىمىز! دەرۋەقە ھازىرلا ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ھەي ئېست.

ئېنىر خوتۇنىنى چاڭگىدە بىر شاپىلاق سېلىپ، ئۆزى ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىپ قالدى.

ئۇ خۇدىنى بىلمەي ياتقاندا. كىمدۇ بىرى ئۇنى كارىۋاتتىن زورمۇ زور تارتىپ تۇرغۇزدى. ئۇ بىر ھازاغىچە خىيال سۈرۈپ، ئۆز يېنىغا كەلگەن كىشىنىڭ بېيلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بېيلى ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر پېشىل سۇلياۋ قۇتىنى سۇنۇپ:

— بۇ ئۇنىغا دورىسى. پەمىچە سىزگە شۇ تاپتا مۇشۇ كېرەك. خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا جىنىم تەسەددۇق، — دېدى ۋە قىلچە ئىزاھلاپ ئولتۇرماي كەينىگە بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى، بىپى تايىلىپ ھوشىنى بىلەلمەيۋاتقان ئېنتىر ئىنتايىن قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە يېشىل سۇلياۋ قۇتىنى ۋارشاۋادا ئىشلەنگەن خرۇستال گۈلدانىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تامامەن ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، بېيلىنىڭ دورا بەرگەنلىكى راستمۇ ياكى چۈشۈممۇ دەپ ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ بېرىپ گۈلداننى ئاختۇرۇۋېدى، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە چىقمىدى.

« بۇ ئۆزۈمنى مۇداپىئە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىستىھكام، بۇ چېكىنىپ تۇرۇپ ساقلىنىشقا تېگىشلىك دەرۋازا. مۇبادا مۇشۇ ئىستىھكام، مۇشۇ دەرۋازا بۇزۇپ تاشلىنىدىغان بولسا، ھاياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ، ئادەمنىڭ قۇرت-قوڭغۇزدىن نېمە پەرقى بولىدۇ، تىرىك ياشىشىمىزنىڭ نېمە قەدرى بولىدۇ؟» ئېنتىر ھەر كۈنى ئەتىگىنى ۋە كەچلىكى كىمنىلا كۆرسە ئەنە شۇ گەپلەرنى تەكرار-تەكرار ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى، ئېيتقاندىمۇ شۇنچە ئېچىنىشلىق، شۇنچە سىرلىق ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنلىكى ئۇنى روھىي جەھەتتىن داۋالاشقا تاناپلىق روھىي كېسەل مۇتەخەسسىسى، يېڭى فرېيدىزم تاساسچىلىرىنىڭ 2-ئەۋلاد مۇخلىسى دوكتۇر بوررىپونى تەكلىپ قىلدى.

— نېمە ئۈچۈن خەلقلەر مېنى توغرا چۈشەنمەي، — دېدى ئېنتىر دوكتۇرغا، — قەستەن خاتا چۈشىنىدۇ. يەنى قەستەن ھاقارەتلەيدۇ؟ بوردىنى تاپقانمۇ، بوردىنى تەربىيلىگەنمۇ مەن، بورد بىزنىڭ ئائىلىنىڭ يېقىن دوستى، مېنى ئۇنى سىغدۇرمايۋاتىدۇ دەيدىغان كىم ئىكەن ئۇ؟ كىمكى شۇنداق دەيدىغان بولسا شۇنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلايمەن، كېكىردىكىنى ئۈزۈۋېتىمەن. سىز مېنى داۋالايمەن دېمەي ئاشۇنداق ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان

ئەبلەخلەرنى داۋالىسىڭىز بولىدۇ!

دوكتۇر خوش-خوش دەپ، گېپىنى ئەگىتىپ، ئىنتىرغا جىنسىي ھالەت مەسىلىسىنى بۇراتتى. ئىنتىر قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ خوتۇنىڭىزنى ئەكىلىپ سىناپ باقمىڭىز كېلىۋاتامدۇ يا؟ — دېدى گەپ ياندۇرۇپ.

لورد بولغان كىشىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپ چىقىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان دوكتۇر غىپپىلا قىلىپ تىكىۋەتتى، دوكتۇر بورىيو ئۇدا بىر ھەپتىگىچە يۈرىكى ئېگىز-پەس سوقۇپ، فۇنكسىيىلىك ئارىلاپ يۈرەك توختاپ قېلىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى. ئۇ ئۆز نەزەرىيىسى بويىچە دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدىغان، ھەر كۈنى ئۆزى باققان كۆك قۇچقاچقا بىرنەچچە سانىتكىچە قاراپ ئولتۇرىدىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن رافېيچىلارنىڭ مۇنۇ بىر شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىدىغان بولدى:

چۆپلۈكتە قۇياش جۇشىدە كۆردى ۋىگنىيونىڭ
ياغسىزلانغان تۆگمە-تويچىسىنىڭ
جۇپلە شىكىنىنى.
ئورمان ئىچىدە كەپتەر تۇخۇمى
چىقاردى ئوتتۇرا ياز ئاخشىمى
ئۇرۇش ئەسىرىنىڭ سۇلغىندىلاشقان
ئويما ياقىلىق كۆڭلىكىنى.

ئۇ بۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرنى 1359 قېتىم دېكلاماتسىيە قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

ئىنتىر جەمئىيەت ۋە كۈلۈپسىن دەم ئېلىشقا رۇخسەت سوراپ، ئەلەڭ كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب ئالدى. باش مۇدىرنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئورمان مېھمانخانىسى ئىنتىرغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ، ئۇنىڭدىن 40 پىرسەنت كېمەيتىپ ھەق ئالىدىغان بولدى. ئىنتىر كۆپ يىللاردىن

بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىلىيانس قارلىق چوققىسىغا ئۆزى، خوتۇنى ۋە بالىسى بىلەن بىللە چاڭغا تېيىلىش ئۈچۈن بىرىشقا بوردۇنىمۇ تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ 11 سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن ئورمان يويىزىغا ئالمىشىپ ئۈچ سائەت ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىيرىلما رېلىسلىق ماشىنىغا چۈشۈپ يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان چوققىغا كېلىپ، ياغاچلاردىن جۈپلەپ ياسالغان، ئورمان ئاسىرىغۇچىلارنىڭ داچىسى دەپ نام ئالغان بىرنەچچە ئېغىزلىق مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار تېيىلىدىغان چاڭغىلىرىنى، بەدەن چېنىقتۇرۇش سايمانلىرىنى، تەننەربىيىدە ئىشلىتىدىغان ئوقيالىرىنى، چىڭداپ ياسالغان يېمەكلىكلىرىنى ۋە قويۇلدۇرۇلغان ئىچىملىكلىرىنى ھەمدە كىيۇ تانىمنىڭ كۆڭۈل ئەمكى — نەسلى ساپ، توكى بۇدۇر پارىس سىبىرىق ئىتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

يېڭى مۇھىت-ئاپتاپتا پارقىراپ تۇرغان كۆك ئاسمان ۋە ئاق قار ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ناھايىتى شادلاندۇرۇۋەتتى. ساپ ھاۋا، ئوچۇق مەنزىرە، پاك-پاكىز رەڭدار كۆرۈنۈش، جىمجىت تاغ ئورمىنى كىشىنى باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. ئۇلار سەكرەپ-يۈگۈرۈپ ئوينىدى، ناخشا ئېيتتى، ھۇشقۇيتتى، چاڭغا تېيىلدى، تاغ ئارىسىدا تۇرۇپ كۈننىڭ چىقىشىنى ۋە ئولتۇرۇشىنى، ئايدىڭنى، سەلكىن شامالنى تاماشا قىلدى، ئورمان ئاسىرىغۇچىلار پىشۇرغان بولكا ۋە بۇغا گۆشىنى يېدى، ئۇرغۇن قېتىق ۋە يېڭى سۈت ئىچتى. ئۇلار پادىشاھ ئائىلىلىرى، كابىنېت، پارلامېنت، مەخپىيەت مەھكىمىسى، خانلىق پۇتبولچىلار جەمئىيىتى ۋە پۇتبولچىلار كۇلۇبى دېگەنلەرنى، ھەتتا پۇتبولنىڭ ئۆزىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشتى. كىشىنى شۇنچە قىزىقتۇرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان ۋە مەپتۇن قىلىدىغان پۇتبولنىڭ مۇشۇ قارلىق چوققىدا، كۆك ئاسمان ئاستىدا نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بۇ يەردە ئارقا-ئارقىدىن 15 توپىنى تېپىپ كىرگۈزگىنىنىڭ بىلەنمۇ، يېڭىنە يوپۇرماقلىق دەرەخ



www.uyghurkitap.com

شاخلىرىغا بېغىلىپ قالغان قارنىڭ سەلكىن شامالدا سىلكىنىپ يەرگە تۆكۈلگىنىچىلىك ياكى بىرەر بۈركۈتنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ سەندىن 15 مېترچە نېرىغا قونۇپ، بىر پەس خىيالغا چۆكۈپ جىم تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۇچۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگىنىچىلىك ۋە ياكى ئۇخلاۋېتىپ، ياغاچ ئۆيىنىڭ ئاراشلىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسىنى كۆرگىنىچىلىك كۆڭلۈكىنى خوش قىلالمايدۇ.

ئېنىتر جىمجىتلىقتا ياتقان قارلىق چوققىنى بىر پەس سەيلى قىلغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ھاۋادا لەيلەپ تۇرغان بۈركۈتنى؛ بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىپ تۇرغان شاخلىرىنى قار باسقان قېرى قارىغاينى؛ قارىغايلارنىڭ كۈن چىققاندا ۋە ئاي تۇغقاندا يورۇپ، كۈن بىلەن ئاي پاتقاندا قاراڭغۇلىشىشىنى، قىزىل تېيىنلارنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ۋە بەستە غويۇلداپ مېڭىشلىرىنى ۋە ئادەمدىن يېتىرقىمايدىغان قىزىل تىيىنلارنىڭ يېقىنلا يەرگە كېلىپ، ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ بىر يەس قاراپ تۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر ھەسرەت چۇلغىۋالدى. ئۇ: جاھاندىكى مەۋجۇدات، مۇشۇ تاغدىكى ھەممە نەرسە مەيلى جانلىق بولسۇن ۋە مەيلى جانسىز بولسۇن، ھەرقايسىسى ئۆز نەسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ، ئار-نومۇس دېگەننگە پەسەنت قىلمايدۇ-يۇ، نېمە ئۈچۈن ئادەملەرلا شۇنچە نىيىتى يامانلىق، شاللاقلىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، بىر-بىرىگە ئورا كولايدۇ؟ مۇنداق لورد بولغىنىمدىن كۆرە بىر تۈپ قارىغاي، بىر دانە بۈركۈت، كىچىككىنە بىر تىيىن بولۇپ قالغان بولسامچۇ كاشكى! دېگەنلەرنى ئويلىدى.

كېيۇ نامى كۆپچىلىككە مۇنۇ ناخشىنى ئۆگەتتى:

مېنىڭ ئۆيۈم تاغ يېنىغا جايلاشقان —
ياغاچ ئۆيدۇر ئۆگزىسىنى قار باسقان،
بۈركۈت ئۇچار سايە تاشلاپ ئۈستىدىن،

ئىشكىمگە قارىغايلار ياندا شقان.
مەن ئۆزۈم بىر ئاق تۆلكە، ياۋا توشقان،
تاغ شامىلى، ئۇچقۇندىغان قارمۇ مەن،
بۇ دۇنيانىڭ بارچىسىگە خۇشتارمەن،
بىراق، دۇنيا مېنىڭ ئەمەس بىلىمەن،
بۇ دۇنيادا بىرەر ئىزنا قالدۇرۇش
ئارزۇيۇم يوق، ئارزۇ قىلماي كېتىمەن!

— سېنى سۆيىمەن، ساڭا كۆيىمەن، باغرىمغا تاڭىمەن دېگەنىدەك كونا مۇقامدىن باشقا مۇنداقمۇ ياخشى ناخشىنى ئېيتالايدىكەنسەن-ھە! — ماموق جاپان كىيىۋالغان ئېنىر شۇنداق دېگەندىن كېيىن، خۇددى شۇنداق جاپان كىيىپ دۇپدۇمىلاق بولۇپ قالغان كىيىز تانىسىنى قۇچاقلاپ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى.
— خانىم، ئېيتقان ناخشىڭىز بەك ياخشىكەن، قالتىس ئىكەن! — دېدى يولۇق پوپايكا كىيىۋالغان بورد ھۆرمەت-ئېكرام بىلەن.
— ئانا بەك ياخشى ئېيتتىڭ، بەك ياخشى ئېيتتىڭ! — دېدى كىچىك ئېنىر قار ئۈستىدە خۇشال دۈمىلىنىپ.
— بورد، مېنىڭ بۇرۇن ناخشىچى ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟
— نېمە؟ ناخشىچى دەمىلا؟ لورد خانىم، بۇنى سىلىدىن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن.
— بورد، سىز بىزنىڭكىگە دائىم كېلىپ تۇرىۋاتىسىز، مېنىڭ ئۆتمۈشۈم توغرىسىدا بىرەر گەپ ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟
بورد سەل ئويلانغاندىن كېيىن كۈلدى ۋە:
— بەزىلەر ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن؟ بىراق ئېسىمدە قالمانتۇ، كەچۈرسىلە، — دېدى، ئاندىن سۆزىنى يۆتكەپ، — سىلىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، مېنىڭمۇ بىر ناخشا ئېسىمگە كەلدى، ئېيتىپ باقاي، زاڭنىق قىلىپ كۈلمىسىلە جۇمۇ؟ — دېگەندىن كېيىن ناخشىنى

باشلىدى:

بىلەمسىز نېمە ئۈچۈن ئاق قار شۇنچە ئاق؟
ئاسماننىڭ نۇرىدا بولغاندۇر ئۇ پاك.
بىلەمسىز نېمە ئۈچۈن ئاسمان شۇنچە كۆك؟
ئاق قارنىڭ نۇرىدا تۇرار ئۇ چاقناپ،
بىلەمسىز نېمىشقا كۆڭلۈم شۇنچە شاد؟
سىز، سىلەر تۇغقاندەك ياپقاچقا قانات.

ئانا-بالا ئېنتىر ئۆزمەي چاۋاك چېلىشتى. كىيوتانىي ناخشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ لام-جىم دېمىدى.

— لورد خانىم، — دېدى بورد، — سىلىچە بۇ ناخشىنىڭ گاما-رىتىملىرىنى جايىدا چىقىرىپ ئېيتالىدىممۇ؟ ئاۋازىمدا ناخشىچى بولغۇدەك ئۈمىد بارمۇ؟ كەسپىمنى ئۆزگەرتىپ ناخشا ئېيتسام، نان تېپىپ يېيەلەرمەنمۇ؟

ئۇ كېچە، ئېنتىر چۈشىدە كىيوتانىنىڭ ھېلىقى يېشىل سۇلياۋ قۇتىدىكى ئۇيغا دورىسىنى قىزىق ناخشا ئېيتىۋاتقان بوردىنىڭ ئاغزىغا قۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، قارىسا يېنىدا كىيوتانىي يوق. سىرتتىن ئىتنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ قالدى، ئېنتىر كىيىمىنى يېپىنچاقلاپ يەرگە چۈشۈپ، ئىشىكنى غىچىرلىتىپ ئاچقاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ قارىدى، ئۇ يىراقتىكى چوڭقۇر سايغا يېقىن بەردە بىر ئىتنىڭ قارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ تەرەپكە دەلدەڭشىگەن پېتى چېپىپ دېمىنى ئالالماي قالدى، قارىسا راستلا كىيوتانىي ئىكەن. ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان، بېلى مۈكچەيگەن ھالدا توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئەمما نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ بولمايتتى، سول قولىدا ئىتنى بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىنى ھەدەپ ئىت تەرەپكە شىلتىيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەدىمىنى ئاستا ئېلىپ، بىر جايدا پىرقىراۋاتاتتى.

— كىيوتانىي، نېمە بولدى ساڭا؟ — دېدى ئېنتىر ھەيران

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇ باشقىلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋازىنى ئىمكان قەدەر پەس چىقىرىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

كىيۆتانىمى ئۇنىڭ گېپىنى زادى ئاڭلىغىنى يوق.

ئىنتىر يېقىن بېرىپ كىيۆتانىمنى تارتتى، ئەمما كىيۆتانىمى گويا يەرگە مىخلاپ قويغاندەك جايىدىن قىمىر قىلمىدى.

ئىنتىر ئەمدى كىيۆتانىمنى قۇچاقلىۋالماقچى بولۇۋىدى، كىيۆتانىمى بېلىنى بىرىككىنە بىر تولغاپ ئىنتىرنى نەچچە مېتىر يەرگە قاڭقىتىۋەتتى. كىيۆتانىمى بىردىنلا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان، يولۋاستەك كۈچلۈك بولۇپ كەتكەنىدى.

ئىنتىر كىيۆتانىمنىڭ تۇساتتىن سىرىق ئىتتىنىڭ گېلىنى قوش قوللاپ بوغۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئىت كاڭشىپ، دېمى سىقىلىپ خارقىراپ قالدى. قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئىنتىر ئۆز ۋاقتىدا ۋاراتالىق قىلغان گۇمپىسى بىلەن كىيۆتانىمنىڭ قولىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋىدى، ئۇنىڭ قوللىرى بوشىشىپ، ئىت قۇتۇلۇپ كەتتى، كىيۆتانىمنىڭ ئۆزى قارغا تىك موللاق چۈشۈپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى.

ئىنتىر ئىچ كىيىمىنىلا كىيگەن، بەدىنىدىن ئوت چىقىپ تۇرغان كىيۆتانىمنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگەن پېتى ئىتتى ئەگەشتۈرۈپ ياغاچ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ماموق يوتقانغا ياتقۇزۇپ قويدى. ئىنتىر تامدىكى چىراغنى ياندۇرۇپ، كىيۆتانىمنىڭ غەيرى ئەھۋالدىن خالىي خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ دەرگۇمانلىق ئىچىدە ئاستا-ئاستا ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئىنتىر كىيۆتانىمدىن دەم ئېلىشى قانداق بولغانلىقىنى ئىنتايىن كۆيۈمچانلىق بىلەن سورىدى. كىيۆتانىمى ئۆزىنىڭ تاڭ ئاتقۇچە بەك ئوبدان ئۇخلىغانلىقىنى، ئەمما تاغدىكى كېچە ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلۇقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ھېلىغىچە ھاردۇقى چىقمىغانلىقىنى ئېيتتى. كىيۆتانىمى ئىتقا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى ۋە:

ھوي، بۇ يەردە بۆرە بار ئىكەن، بولمىسا ئىتنىڭ پۇتلىرىدىكى، بويىنىدىكى شۇنچە تۈك نېمىشقا چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

دېمىسىمۇ بۇ ئەتىۋارلىق كۆچۈكنىڭ تۇرقىدىن قاتتىق ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ قورقۇپ كېتىپتۇ! — دېدى كېيۇ تانمى.

ئەنسى كېچىدە يەنە تۈنۈگۈنكىدەكلا ۋەقە يۈز بەردى.

ئېنتىر باشقا گەپ قىلىشقا ئاغزى بارماي، ئۆزىنىڭ مىجەزى ئانچە جايىدا ئەمەسلىكىنى، تاغدىن تېزرەك كېتىشنى ئېيتتى ۋە بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان چاقىرىشنى تاپىلىدى.

تىك ئۇچار ئايروپىلان تېخى كەلمىگەنىدى. 3-كۈنى كېچىسى كېيۇ تانمى يەنە ھېلىقىدەكلا يا تۈن سەيلىسى كېسىلىگە ئوخشايدى-غان، يا جادۇگەرلىككە ئوخشايدىغان قىلىقنى تەكرارلىدى. ئېنتىر ئۆزى تېپىپ يىغىشتۇرغان كېيۇ تانمىنى قۇچىقىغا ئالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بورد بىلەن كىچىك ئېنتىر يېتىۋالغان ياغاچ ئۆي تەرەپتىن چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ئېنتىر كېيۇ تانمىنى تاشلاپ، ھاپىلا-شاپىلا بالىسى ياتقان ئۆي تەرەپكە چاپتى. قىپيالىڭاچ پېتى قېچىپ قارىغا يىقىلىپ قالغان كىچىك ئېنتىر «بۆرە! ۋاي بۆرە!» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

ئېنتىر بىر پارچە ياغاچنى ئېلىپ، ئۇچقاندەك ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، كۆزىگە ئىككى بۆرە كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىرى بورد قاتتىق تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۆرە ئىدى. يەنە بىرى بوردقا ئېتىلىپ ئۇنى گېلىدىن چىشلىۋالغان بۆرە ئىدى. ئېنتىر ھە دېگەنىدىلا بۆرىنىڭ سۆڭگەكچىگە ياغاچ بىلەن تازا بىرنى سىلىۋىدى، بۆرە ھۆركىرەپ ئېنتىر تەرەپكە ئېتىلدى، ئېنتىر بۆرىنىڭ گېلىغا ۋاقتىدا بىرنى تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بورد ئەتىيانلىرى تىتىلىپ، قانغا مىلىنىپ ئاراڭلا تىنىپ ياتاتتى. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئورمانچىلار دەرھال يېتىپ كېلىشتى. كېيۇ تانمىمۇ يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ھوشى جايىدا ئىدى. كۆپچىلىك بوردنى كارىۋات ئۈستىگە ئېلىپ، يارىسىنى تاڭلاپ دورا سۈرتۈپ قويدى. بورد قەغەزدەك تاترىپ، ھوشىنى بىلمەي ياتاتتى. جاۋغىيىنىڭ ئاران قىمىرلىشىدىنلا «كىچىك ئېنتىر»

www.uyghurkitap.com

دەۋاتقانلىقى ئاران-ئاران ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

كىچىك ئېيتىر يىغلاپ تۇرۇپ، بوردنىڭ ئۆزىنى پىداكارلىق بىلەن قوغدىغانلىقىنى ۋە بۆرە بىلەن ئېلىشىش جەريانىنى دادىسى بىلەن ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى: بۆرە ئۆيگە يېقىن كىرگەندە، كىچىك ئېيتىر قورققىنىدىن پۇت-قولىدا جان قالماي قېتىپلا قاپتۇ. بورد كىچىك ئېيتىرغا يېقىنلا كېلىپ قالغان بىر بۆرىنى بىر تېپىك بىلەنلا ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، كىچىك ئېيتىرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىپتۇ. بىراق بۆرىنىڭ يەنە بىرسى ئارقىدىن كېلىپ بوردنىڭ يوتىسىدىن ئاپتۇ. بورد كىچىك ئېيتىرنى ئۆيدىن يىراقراق يەرگە كۈچەپ تاشلىۋېتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بۆرە بىلەن ئېلىشىپتۇ ۋە كىچىك ئېيتىرغا زەخىم يەتكۈزمىسۇن دەپ بۆرىنى كاپلا قىلىپ قۇچاقلىۋاپتۇ. بورد ئىككىنچى بۆرە بىلەن يەردە پومىداقلىشىپ بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاخىرى بۆرە كۈچلۈك كېلىپ قاپتۇ.

ئورمانچىلار قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، ئەر-خوتۇن لوردلاردىن ئەپۇ سورىدى. ئۇلار بۇ يەردە بۆرە پەيدا بولۇپ قېلىشنى ھەقىقەتەن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردە كەم دېگەندە 30 يىلدىن بۇيان بۆرىنىڭ قارىسى چىقىپ باقمىغانىكەن. ئۇلار بۇ بۆرىلەرنىڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە لورد ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئوبدان قوغدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نېمە جازاغا تارتىلىشىنى بىلەلمەي ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى.

بورد ئېغىر يارىلانغانىدى. ئېيتىر يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ، تىك ئۇچار ئايروپىلاننى سۆيلەپ تېلېفون ئۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن جايىدا تاشتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، ئاغزىدىن زۇۋان چىقمىدى. كىيوتانىمۇ ئېرىگە تەسەللى بېرىپ:

— ھېلىمۇ شۈكرى، بالا ھېچنېمە بولماي ساق قاپتۇ! — دېدى ئۇ، — بورد دېگەنگە ئۈنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ! سىز ئۇنى دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلدىڭىز، شۇ ياخشىلىقىڭىزمۇ يېتىدۇ،

ئەلۋەتتە. بىرەر ۋات-ۋات چىقىپ يۈرىنى بىزنى كۆشكۈرتكەن دەپ يۈرەمتى؟ بىززە بالىمىزنى دېمەي، بوردنى دەپ يۈرەمتۇق؟ بۇدا بورد مەيلى ئۆلسۇن، مەيلى مېيىپ بولسۇن، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشمەيدۇ. ھېلىمۇ سىز يەتكىچە رەھىم-شەپقەت كۆرسەتتىڭىز، مۇبادا سىز باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشمىغان بولسىڭىز، بورد ئاللىقاچان يۈرىگە يەم بولغان بولاتتى! بورد بالىمىزنى قۇتقۇزغان بولسا، سىزمۇ بوردنى قۇتقۇزدىڭىز. بىزدە ئۇنىڭ ھەققى قالغىنى يوق. مۇبادا ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن توپ تېپەلمەس بولۇپ قالسا، بۇمۇ ياخشى. بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقتىن خالاس بولىمىز. بىز ھېلىقى نېمىس ئوقۇتقۇچىنى چېكىندۈرۈپ، بوردنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى قىلىۋالساق بولۇۋېرىدۇ...

غەزەپتىن ئەسەبىلىكى تۇتقان ئېنتر كىيونانىمنىڭ قولىنى كاپپىدە تارتىپ، سول قولىنىڭ چىمچىلىقىنى گاچلا چىشلەپ ئۈزۈۋالدى. كىيونانى ئاغرىقتا چىدىماي چىرقىراپ كەتتى، ئېنترمو ۋارقىرىۋەتتى.

تىلك ئۈچار ئايروپىلان كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى، بوردمۇ، كىيو نانىمۇ تېز قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خانلىق تاشقى كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىندى، ئىككىسى قوشنا ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كېچە. ئېنتر شەھەر ئەتراپى رايونىغا جايلاشقان، ئۆگزىسى سايىسىرىق كەلگەن بىر قەدىمكى چېركاۋدا بىر كېچە ئىستىقامەتتە بولدى. ئۇ مەريەم ئانا بىلەن ئىسامەسىھنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ:

— ئېھ ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممىگە قادىر مۇقەددەس ئانا، مۇقەددەس مەسىھ، ئەرشتىكى ئاتا. — دېدى ئۇ. — گۇناھكارلىك ئېنترنىڭ پەسكەش روھىغا نەزەر سالغايسەن، ئۇنىڭ ئازابلىنىپ قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغايسەن! ئېنترنىڭ زادى نېمە بولدى؟ ئېنترنىڭ داۋاملىق خىرىستىئان مۇخلىسى بولالامدۇ؟ ئۇ

گۇناھكارلىق چەھەننەمگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدى، نۇرغۇن يامان نىيەتلەردە بولدى. بۇلار زادى قانداق باشلاندى؟ ئىنترىك يالىڭاچ تۇغۇلىدىغان چېغىدا مۇشۇ گۇناھلارنى ئويلىغانمىدى؟ ئەگەر ئۇ شۇ گۇناھلارنى بىلگەن بولسا، تۇغۇلۇشقا جۈرئەت قىلارمىدى؟ ئۇ تۆۋەن قاتلامدا پالاكەت بېسىپ يۈرگەن چاغلىرىدا مۇشۇ گۇناھلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باققانمىدى؟ ئەجەبا، ئىنسان جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا جان تالىشىپ يۈرگىنىدىلا ئاندىن ۋىجدانىنى ئامان ساقلاپ قالالامدۇ؟ ئاچ قورساق، يالىڭاچ قىلىپ، چەكسىز ئازاب چەككىنىدىلا ئاندىن مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ رەھمىگە ئېرىشەلەمدۇ؟ ئىنترىك خەققە زىيان ئۇرۇشنى، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنى، ئالدامچىلىق بىلەن شۆھرەت قازىنىشنى، مەككارلىق بىلەن نەپ ئېلىشنى، بىلمەي تۇرۇپ بىلەرمەنلىك قىلىشنى، ئۇدۇل كەلگەن يەردە لالملىق قىلىپ يۈرۈشنى، ياشقىلارغا رەھىمسىزلىك قىلىشنى نەدىمۇ ئويلىغان؟ دۇرۇس، ئىنترىك گۇناھكار. ئىنترىك ئۇدا نەچچە كۈنلەرگىچە ئەخلەت دۆۋىسىدىن بېلىق باشلىرىنى تېرىپ كېلىپ شورپا قىلىپ قورساق تويغۇزۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا بەش يۇلتۇزلۇق رېستورانلار ۋە ھەر خىل-ھەر ياڭزا خانلىق كۇلۇبلىرىنىڭ ئاشخانىلىرى ئالدىدا تەلمۈرۈپ، ئېچىقاپ. شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ۋاي دات دېگىچە ئازابلانغانمىدى! دۇرۇس، ئىنترىك چاكىنا! ئىنترىك پەسكەش! ئىنترىك دىتسىز! ئىنترىك قورساق باقتى، شەھۋەتپەرەست، شۆھرەتپەرەس، مەنپەئەتپەرەست، ئۇ ياخشى يېمەكچە، ياخشى ياتاقلاردا يېتىشقا. چىرايلىق سەتەڭلەر بىلەن ئاشنا ئوينىشقا خوشتار بولدى. يانچۇقىدىن خەجلەپ تۈگەتكۈسىز پۇل ئاجرىمىدى. ئىنترىك بۇزۇلۇپ قالغان، ئېچىپ قالغان نەرسىلەرنى يېيىشنى، كۆۋرۈك ئاستىدا يېتىپ ئۇخلاشنى، قانچىق ئىتلارغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈشنى خالىمىدى! ھەتتا جامائەت تېلېفونىنى ئۇرالماي قېلىشنىمۇ خالىمىدى! ئىنترىك ماختاشنى، ئۇچۇرۇشنى، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى،

چوڭ ئەرباب، ئېسىلزادە بولۇشنى، خانلىق زىياپەتلەرگە قاتنىشىشنى ياخشى كۆردى، ئەڭ ئاخىرى ئۆزىمۇ لورد بولۇپ، پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى! مېنىڭ چېكىدىن ئاشقان گۇناھلىرىم نەنە شۇ، مەن ئۆزۈم، ھەممە ئەزايىم گۇناھنىڭ ئۆزى، ھەممە ئەزايىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارزۇ-ئارمىنى بار، مېنىڭ روھىي دۇنيايىمنىمۇ ئارزۇ-ھەۋەس چۇلغىۋالغان، مېنىڭ تۇرغان-پۈتكىنىم، مېنىڭ گەۋدەم، مېنىڭ ئەزالىرىمنىڭ ئۆزى گۇناھقۇ؟ پالاكەت باسقان چاغلىرىمدا ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى بوتۇلكىغا قاچىلاپ، چوڭقۇر دېڭىزنىڭ تەكتىگە تاشلىۋەتكەندەك خوپپىيانە تۇتقان بولسام، پۇرسەت كېلىشى بىلەنلا ئارزۇ-ئارمانلىرىم قارا ئۆتەك چىقىرىپ، ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان، پەلەككە غادايغان ئالۋاستىغا ئايلاندى! ئېھ، كىر قونمىغان مۇقەددەس ئانا، ئېھ، بىز ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئىسامەسىھە، ئېھ، ئەرشتىكى ئانا! مەندەك بىر ھاماقەت بەندىگىزنىڭ جۆيلۈشلىرىگە قۇلاق سالغايسىز، مېنى قاتتىق جازالىغايسىز! مەن ئۆزۈمنى راست ئېنتىر قىلىپ كۆرسىتىپ، راست ئېنتىرنىڭ ئۆلۈشىگە زامىن بولدۇم، بىر كوماندىردىكى دوستلىرىمغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزدۈم، باشپاناھىم گرافقا سۇيىقەست قىلدىم، مانا ئەمدى ئالىيجاناب بوردىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلدىم، ئۆزۈمگە شۇنچە سادىق خوتۇنۇمغا زىيان ئۇردۇم! شۇنچە نۇرغۇن ئەقلى چولتىلار، تەييارتاپلار، مىراسقا تايىنىپ ئىسراپخورلۇق قىلىدىغانلار، ھە، ھە دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلار، خۇشامەتچىلەر، خەقنىڭ سايىسىدا جان باقىدىغانلار، خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان-لار... ئەتىدىن كەچكىچە قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىپ، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدۇ، تەييار راھەتكە بېرىلىدۇ، مېڭە ئىشلەتمەيدۇ، ئىككى تايىن بولۇپ يۈرىدۇ، ئەپلەپ-سەپلەپ سان توشقۇزۇشقا تۇرىدۇ، سۆرەلمىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمە ئۈچۈن تەلىيى ئوڭ، كۆڭلى خاتىرجەم، ئۇيقۇسىزلىقتىن خالى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ،

uyghurkitap.com

چەكسىز بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ-يۇ، مەن ئۇنىڭ پوقىغا تەڭ كەلمەيدىغان كىچىككىنە بىر مۇدىر بولغىنىمغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، شۇنچە كۆپ باش قاتۇرۇپ، شۇنچە كۆپ ئادەمگە زىيان سالىمەن؟ باشتا دېگىنىمدەك، مەن زادى كىمگە زىيان سېلىشنى ئويلاپ باققان؟ مەندە باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئوي قاچان پەيدا بولدى؟

ئىبە، بىز ئۈچۈن مۇقەددەس ئانا، مۇقەددەس مەسىھ، مۇقەددەس ئاتا! مېنى گۇناھكار جىسمىمدىن، قاراڭغۇ روھىي ئەرۋاھىمدىن جۇدا قىلغايسىز! ئەمدى مۇنداق ئىپلاس ياشاشنى خالىمايمەن، مەن دوزاخ جازاسىنى تارتىشقا ئاللىقاچان لايىق بولۇپ قالغانمەن، مېنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىم پەرۋەردىگارىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈردى، خالاس! قەلبىمدىكى ئازاب ئىگەمگە دۇئا قىلىشقا دەۋەت قىلدى خالاس! ئەي ئىگەم، كاتتا ھىممىتىڭىز، كاتتا شەپقىتىڭىز، كاتتا مەغپىرىتىڭىز بىلەن مېنى ئۆز دەرگاھىڭىزغا ئېلىپ كەتكەيسىز! ئامىن!.

ئېنتىر دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، خىزمەتكارى ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدىن كەلگەن خۇش-خەۋەرنى مەلۇم قىلدى: بىرسى بورد خەۋپتىن قۇتۇلۇپتۇ، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭدا ئانچە چوڭ كېسەل ئاسارىتى قالمايدىكەن، يەنە بىرسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شاڭخەي شەھىرىدىن ئۈزۈلگەن بارماقنى قايتىدىن ئۇلىغۇچى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىنغان ئىكەن، ئۇ مۇتەخەسسىس كىيۇ تانىمىنىڭ بۆرە چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن چىمچىلاق بارمىقىنى ئۇلاپ قويۇپتۇ، پەرەز قىلىنىشىچە، ئۇلانغان بارماقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بۇرۇنقىسىدىن بىرەر مىللىمېتىرمۇ پەرق قىلمايدىكەن، ئۇ ئادەتتىكىدەكلا ئىشلەۋېرىدىكەن. خىزمەتكار يەنە بېپىلىنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە مۇھىم بىر نەرسىنى گۈلدان ئىچىگە سېلىپ قويغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئېنتىر ئۇدۇل ياتاق ئۆيىگە كىردى-دە، خرۇستال گۈلداننى ئېلىپ دۈم كۆمتۈردى، ئۇنىڭدىن بېپىلى ئۆزى

ئەكىلىپ قويغان، سۇرغۇچ تامغا بېسىلغان لىپاپە چىقتى. لىپاپىنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە خەت پادىشاھ ئالىيلىرى يۇقىرى پالاتاسىنىڭ باشلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنترنىڭ يۇقىرى پالاتا ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەنلىكى تەبرىكلەنگەن ۋە پادىشاھ ئالىيلىرىنىلا ئوكەي قىلىۋەتسە (بۇ بىر رەسمىيەت خالاس)، ئىنترنىڭ كېيىنكى يەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يۇقىرى پالاتا مۇنازىرىسىگە قاتنىششى مۇمكىنلىكى ئېيتىلغان. لىپاپىنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى نەرسە بىر يېشىل سۇلياۋ قۇتا ئىدى، بىيلى ئۇنىڭغا بىر پارچە يوشۇرۇن خەت قوشۇپ قويغان، يوشۇرۇن خەت ئوتقا قاقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا: «ئۇبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ! ئاشۇ چالا ئۆلۈك، مۇرىسىدىن ئايرىلغان ناكارنى جۆندىۋېتىڭ! ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، يۇقىرى پالاتا ئەزاسى لورد جانابلىرىغا ھەممىدىن زور خەۋپ تۇغدۇرىدۇ» دېگەن سۆزلەر ئايان بولدى.

لىپاپىدىن چىققان ئاشۇ ئىككى نەرسە ئىنترنى ئويغا پاتۇرۇپ قويدى. ئىنتر بۇ يەردىن كېيىن، باشقا ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن يېشىل سۇلياۋ قۇتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پالاتا ئەزاسى بولىمەن دېسە بولۇۋېرەتتى. ئۇ يېشىل سۇلياۋ قۇتىنى ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويسىمۇ بولۇۋېرەتتى، چۈنكى، پادىشاھ ئالىيلىرى ئوكەي قىلغاندىن كېيىن، بىيلىمۇ، بوردىمۇ ئۇنىڭغا خەۋپ كەلتۈرەلمەيتتى. يېشىل سۇلياۋ قۇتا كەلگۈسىدە يۇقىرى پالاتىدىكى رەقىبلىرىگە ناقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولاتتى. ئىنتر بوردنى جۆندىۋېتىپ، كېيۇ تانىنى بىلەن يارىشىۋالسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئۇ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولسا، كېيۇ تانىنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى بويىچە كېيىنكى قەدەمدە پالاتا باشلىقىنىڭ ياكى باش ۋەزىرىنىڭ ھەتتا ئالىي پادىشاھنىڭ ئورنىنى باسالىشىغا كۆزى يېتەتتى. مۇبادا ئىنتر پادىشاھ بولسا، كېيۇ تانىنىڭ كېيىنكى نىشانى ئىنترنىڭ ئۆزى بولۇپ، يېشىل قۇتا ئۇنىڭ ئۆزىگە نىشانلىنەتتى. پادىشاھ ئالىيلىرى دېگەن ئاتاق يۈرىكى قاپەك، ئاۋازى بۇلبۇلنىڭكىدەك ئايال پادىشاھتا

قالاتتى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئوغا دورىسىنى شاق-شۇقلا كىيۈتانىمغا ئىشلىتىپ، ئۇنى بېلى بىلەن تېنىك جۆندىۋەتكەن تۈزۈك ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىر پالانا باشلىقنىڭ ھەممىنىڭگە تەشەككۈر ئېيتىپ، جەمئىيەت باشلىقى، مۇدىر، ئوردا دېگەن ۋەزىپە-ئۇنۋانلىرىدىن ئىستىپا بېرىپ، بالىسى بىلەن شۋېيسارىيىنىڭ لاۋسان شەھرىگە بېرىپ قاۋاقخانا ئاچسا، قاۋاقخانا ئېچىپ زىيان تارتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى باشقا بىرسىگە سېتىۋېتىپ، باشقا بىرسىنى خوجايىن قىلىپ، ئۆزى بالىسى بىلەن خىزمەتچى بولسا بولۇۋېرەتتى. مۇنداقتا پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىدىكى پۈتبولچىلىق ئىشنى ئاخىر بىر كۈنى بوردقا ئوخشاش ئالىيجاناب كىشىلەر باشقۇرىدىغان بولاتتى.

ئۇنىڭدىنمۇ تەلتۆكۈس، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكۈر چارە يېشىل قۇتىسىدىكى ئەتىۋار نەرسىدىن ئېھتىرنىڭ ئۆزىلا بەھرىمەن بولۇپ، ئاللانىڭ جازاسىنى نامايان قىلىشتىن، كىشىنى تاقەتسىزلەندۈرىدىغان بۇ دۇنيانى شۇ دۇنيادا تىرىك ياشاشقا تېخىمۇ لاياقەتلىك كىشىلەرگە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دۇنيانىڭ ئۆگىنىلىش يولىنى ئۆزى تېپىشقا قويۇپ، ئېھتىر كەشىنى توغرىلىشى كېرەك ئىدى.

يەنە بىرمۇنچە قوش-قوش ئۇسۇللارنى ئېھتىر ئۆز ئالدىغا بەلگىلىمەكچى بولدى. بۇدا ئۇ بىبلى سىبوستونىنىڭ ئېلېكترون مېڭىسىنى ئەتىۋارلاپ يۈرمەسلىك، بولۇپمۇ كىيۈتانىمنىڭ پىكرىنى ئېلىپ يۈرمەسلىك، مۇزاكىرە ۋە ئاۋازغا قويۇپ يۈرمەسلىك، ئۆز ئالدىغىلا قارار قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ راستىن ئۆز ئالدىغا قارار قىلالامدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيۇقسىز يېڭى كۆتۈرۈلگەن سەھەر قۇياشىدەك يورۇق ئىستىقبال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك سەلتەنەتلىك، قۇدرەتلىك، نوپۇزلۇق سەزمىگەنىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە قانداق خوجا بولۇشنى بىر سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ خۇداغا بىر كېچە دۇئا-تىلاۋەت قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى — ئۆزى خۇداغا ئايلانماقتا.

# يازدىكى ماجىرا

**ئالدىنقى بىر مىنۇتنى، ئالدىنقى ئونمىڭ يىلنى كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈش، مەڭگۈ غايىپ بولغان تارىخ دېمەكتۇر.**

**دېمەك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئونمىڭ يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەن سۆز.**

شۇ يىلقى ياز ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئىسسىق بولدى، بولغاندىمۇ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار يەرگە يۇقۇلداپ چۈشۈپ ئۆلگۈدەك ئىسسىق بولدى. كۈننىڭ كۆيدۈرۈشى سەرەتان قەپىسى ئوت ئېلىپ كەتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. كەچلىك گېزىتلەردىن بىرى ئازادلىققا تەشنا بىر سەرەتاننىڭ ئۆزىگە ئىنسان قورغان ئاسارەتكە قارشىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئوتتا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ئەشۇ گېزىتنىڭ شۇ يىلى ئېلان قىلغان ئەمەلىيەتكە ھەممىدىن يېقىن خەۋىرى ئىدى.

كىشىلەر ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى دەستىدىن قايناپ كېتىشتى. ئۇلار ئېلىمىزدە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان دارامەت سەۋىيىسىنى ھېسابلاپ كۆرۈشتى ھەمدە 60-يىللاردا بىزدە مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ياپونىيىنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، تاڭ سۇلالىسى زامانىدا بىزدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئاساسەن ياپونىيىنىڭكىدىن يەتمىش ھەسسە دېمىگەندىمۇ ئاتمىش ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ۋە كاربون سۇ بىرىكمىلىرىگە

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىۋاتقان قۇياش نۇرى ئېنېرگىيىسى ئۈستىدىكى ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي كەڭلىكىنىڭ 20 گرادۇسىن شىمالىغا جايلاشقان كەڭ رايونلىرىدا ھەر مو يەردىن 20 مىڭ جىڭ بۇغداي ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى، مۇشۇنى ئورۇندىيالىساق دۇنيا بويىچە قايتىدىن بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىيەلەيدىغانلىقىمىزنى بىر ئالىم 50-يىللاردىلا كۆرسەتكەن. شىئەن ئەتراپىدىن تېپىلغان چىن دەۋرىگە خاس مىس ئات ھارۋىسىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ مىتال تاۋلاش، ھارۋا ياساش ۋە ئات بېقىش تېخنىكىمىز تاكى سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشتە دۇلدۇل باقىدىغان مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك يارەمچى مىراخورلۇقنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئۇدا ناھايىتى كۆپ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن.

بىز مۇزاكىرە يىغىنىدا ئاڭلىغان كىشى ئۇخلىيالماي قالىدىغان ئەنە شۇ ئەمەلىيەت، ئەنە شۇ تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە سۆزلەشتۇق ھەمدە ئەگەر باقىۋەندە تاماق قاچىسىنى، داشقازاننى چاقىدىغان بولساق، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى سۆزسىز توققۇز ھەسسە ئاشۇرالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بۇ رەقەمگە بىر مىليارد خەلقنىڭ 900 مىليونى تاماشادا، ئاران 100 مىليونى تەرەققىياتتا دېگەن كىچىك باللارغىچە بىلىپ كەتكەن تەرىپ گەپ ئاساس بولدى. ھەممەيلەن ئاشۇ 900 مىليون كىشىمۇ ئىشلەيدىغان، كۈنىگە سەككىز سائەتتىن توشقۇزۇپ ئىشلەيدىغان بولسىلا ھەپتىسىگە بەش كۈن ئىشلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا، يەر شارىدا تېزدىن ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈشكە بولىدۇ دېيىشتۇق. ھەممىمىز شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتىدە دېسپېتچېرلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلسە، بېلەت ساتقۇچىلارنىڭ خاپا بولۇپ بېلەت ساتمىغانلىقىنى سۆكتۇق. شياۋجاڭ تۈنۈگۈن ئاخشام 358-يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشىدا، بېلەت ئالاي دەپ پۇل تەڭلىسە، بېلەت ساتقۇچى دېمىنى سەت قىلىپ بېلەت بەرمەپتۇ. شياۋجاڭ دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشكە پۇل قالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىش بىلەن بىللە:

«جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن كەم بولۇۋاتقىنى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش بولۇپ قالدى!» دەپ غەزەپلىنىپ، ئەگەر بەش پىرسەنت ئادەم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە يوللانسا، ئىش «بىردىنلا يۈرۈشۈپ كەتكەن» بولاتتى دېدى.

ھەممەيلەن دۆلەتنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ تەقدىرى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، ئىنتىزام، ئۈنۈم، پىرسەنت، مۇتلەق قىممەت دېگەنلەر ئۈستىدە ئاغزى ئۈزىراپ، جىمى چۈشۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاقشىدى، قايغۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن «يېقىنقى بىر قانچە يىلدا ئەھۋال ياخشىلىنىپ قالغانلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن لاۋدۇڭ سۆز ئېلىپ: «يېقىنقى بىر قانچە يىلدا ئەھۋال كۆپ ياخشى بولۇپ قالدى، ئەگەر ئون يىل بۇرۇنراق شۇنداق بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى!» دېدى. بۇنى «قۇرۇق گەپ!» دەپ ھەممە بىردەك ئەيىبلىدى. ئاندىن ھەممەيلەن: «ئېيتمىساق دەرد بولىدۇ، ئېيتساق گېپىڭ بىكار كېتىدۇ» دەپ ئۇھسىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىراپ-سالدىراپ يول تاللىشىپ چېپىش باشلاندى. ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىغا 20 مىنۇت قالغاندا، ئىشخانىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەي قالدى. ئاپتوبۇسقا چۈشۈش تىقما-تىقماق بولۇپ كېتىدىغان ۋاقىتتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئىشتىن بالدۇر چۈشۈش، ئىشقا كېچىكىپ كېلىش باشلاندى. ھەممەيلەننىڭ خىيالى شۇ بولغاچ، تىقما-تىقماق ۋاقىتتىن قۇتۇلۇشتىمۇ تەڭ ھەرىكەت قىلىپ، ئىشتىن بالدۇر چۈشۈشنى توغرا تاپسا بالدۇر چۈشۈۋېرىدىغان، كېچىكىپ كېلىشنى توغرا تاپسا كېچىكىپ كېلىۋېرىدىغان بولۇۋالدى. مېنىڭ ئالدىمدا باشلىق بولغان، يىراقنى كۆزلىمەسلىكى 1500 گرادۇسقا يەتكەن لاۋ دۇبۇ ئەھۋالنى ئوڭشاشقا تىرىشىپ باققان، ئۇ ھەتتا خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ يوقلىما قىلىپ كۆرگەن. ئۇ نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن چولڭ ئىشخانىغا چىقىپمۇ ئىشلەپ باققان. ئۇ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، خەلققە قارشى

uyghurkitap.com

تەرەپكە ئۆتۈپ قالغان. ئىدارە بويىچە يېشى توشقاندا ۋاقتىدا ئىشتىن چېكىنگىنى بىرلا شۇ بوپتۇ. ئۇنى ئىشتا قىلچە يېپەرۋالىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مانا ئەمسە دەپ...

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەچلىك گېزىتتە ئون مىڭ يۈەنچى دېھقانلارنىڭ رويال سېتىۋالغانلىقى، ماشىنا سېتىۋالغانلىقى، ئايروپىلان سېتىۋالغانلىقى، بەلكىم ئاتوم بومبىسى سېتىۋېلىشىمۇ مۇمكىنلىكى خەۋەر قىلىندى. تېلېۋىزور خەۋىرىدە يېزىلاردىكى موتسىكلىت كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسى كۆرسىتىلىدىغان بولدى. بۇنى كۆرۈپ بىزدىكى ئادەملەر تېخىمۇ تىت-تىت بولۇپ، تېخىمۇ قايناپ: بىز بولساق ئالىي دەرىجىلىك مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، نېمە ئۈچۈن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسايدىغانلار تۇخۇم شورپىسى ئېتىپ ساتىدىغانلارغا يەتمەيدۇ؟ دېيىشتى. گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، تۇخۇم شورپىسى ساتىدىغان بىر قىزچاق ئۆز پۇلى بىلەن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېتىپتۇ، ئۇ ئايروپىلان بېلىتىنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بىزدىكىلەر، ئۇ كىشى ھايات ۋاقتىدا، بىلىمىڭ قانچىكى كۆپ بولسا شۇنچە ئەكسىيەتچى بولاتتىڭ، ئەمدىچۇ، بىلىمىڭ قانچىكى كۆپ بولسا شۇنچە گاداي بولىدىغان گەپمۇ؟ دېگەن سوئالنىمۇ قويۇشتى. لاۋدۇڭ پۈتى بىلەن يەرنى تاپىلدىتىپ: ئەجىبا خەق قېرىغانسېرى قۇۋۋىتى ئېشىپ كۈچلىنىدىغان مېھرىگىياھدىن، بىز بولساق قېرىغانسېرى رەنجى-ئەلەم تارتىپ سولىشىدىغان لوبۇدىن تۆرەلگەنمۇ؟ دېيىدى، ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى. لاۋدۇڭ پۈتى بىلەن يەرنى ئۈزمەي تاپىلدىتىۋېرىپ، پولنىڭ تاختىيىنى تېشىۋەتكەچكە، ئىچىدىن بىر ئاق چاشقان قېچىپ چىقىۋىدى، كۆپچىلىك كۈلۈپ كەتتى ۋە مانا تۇرمۇش ھەقىقەتەن ياخشىلانغان گەپ، چاشقان جىنىدا ھەر كۈنى قۇۋۋەت بېرىدىغان ۋە سەمىرتىدىغان ئازۇ-نېمەت يېگەندەك ئاپئاق سەمىرىپ كېتىپتۇ دەپ ماختاشتى.

مەن رەھبەرلىكنىڭ 7-، 8-ئايلارنى ئىسلاھات ئېيى قىلىش، ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىش، ھۆددىگەرلىك، ئىش ئورنى

مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، پىرسەنت ئايرىپ بېرىش، ئىشقا تەكلىپ قىلىش، ئىشتىن بوشىتىش، ئىش بېشى ئىش ھەققى ۋە پىرسەنت ئىش ھەققى، مۇكاپات، ئاساسىي نومۇر، ئۈچىنچى دولقۇننىڭ جۇڭگو ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن پۇرسىتى، ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن يوقلىما قىلىش، دادىل سىناق ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق ياراتقۇچى زەكىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، يېڭى قىياپەت، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، ئالغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلاش... دېگەنگە ئوخشاش يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدۈم.

شۇنىڭ بىلەن گويا ئاسماندىن نۇرت، گۈشنان ياغمىغاندەك، دەريالىرىمىزدا ماۋتەي ھارىقى بولدۇقلاپ ئاقمىغاندەك، ھەممە بىلەن تېخىمۇ ھايانجانلىنىپ، قازاندەك قايناپ كەتتى. ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئۇچۇرلار ھەممە يەرنى بىر ئالدى. پۈتۈن ئەس-خىيالىمىزنى باي بولۇشقا قارىتايلى، ئىشلەشنىمۇ بىلەيلى، خەجلەشنىمۇ بىلەيلى، ئۈچىنچى دولقۇن قاينىمىغا بىۋاسىتە قەدەم تاشلايلى دېگەنگە ئوخشاش يېڭى شوئار-چاقىرىقلار ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى، پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ھەر بىرىگە جىلتكە ۋە گالستۇكى بىلەن قوشۇپ بىر قۇردىن كاستيۇم تىكتۈرۈپ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش يېڭى تەدبىرلەر بارلىققا كەلدى. ھېچقانداق ئۇسكۈنە-جابدۇق ۋە ئىمارەت تەلەپ قىلمايدىغان، ھېچقانچە مەبلەغمۇ كېرەك قىلمايدىغان يېڭى شىركەتلەر — ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىك شىركەتلىرى مەيدانغا كەلدى، ئۇچۇرغا ئىگە بولغانلار پۇل تېپىپ بېيىيالايدىغان بولدى، ئىدارىدىكى خادىملارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىدارىدە تۇرۇپ ئىشلەيدىغان، ئۈچتىن بىرى جايلارغا بېرىپ جۇملىدىن چەت ئەلگە چىقىپ كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان، ئۈچتىن بىرى تىجارەت قىلىپ پۇل تاپىدىغان يېڭى «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. باي بولغانلار مۇبارەكلەندى، يوقىرى ئىستېمال قىلىش شەرەپلىك ئىشقا ئايلاندى. ھازىر زامانىنىڭ نەگە بېرىپ يەتكەنلىكىگە قارىماي تېخىچە ئىرىشچانلىق — ئىقتىسادچىللىقنى تەكىتلەپ يۈرۈش — بەئەينى ئەكسىيەتچىل!

دەيدىغان گەپلەر بولۇندى. بەزىلەر ئەسلىدە ئۆز ئىدارىمىزنى چوشقا فىرمىسىغا ئايلاندۇرغان بولساقمۇ ئاللىقاچان قالتىس بېيىپ كەتكەن بولاتتۇق دېسە، بەزىلەر، ياق، چوشقا بېقىش بىلەن پاسكىنا ئىش، ھەممىدىن ياخشىسى چۈشىن باققانغا يەتمەيدۇ — بىز پۈتۈن دۇنيادىكى تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مەخسۇس چۈشىن يېتىشتۈرىدىغان بولساق، بۇ يەر شارى بويىچە يېڭى ئىجادىيەت بولىدۇ، شەنىمىزگە مىس ھەيكەل قاتۇرۇلىدۇ، ئىككى قولىمىزنى كېرىسەك، ئالقىنىمىزدا رەڭمۇ رەڭ چۈشىنلار مىغىلداپ تۇرىدىغان بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادىكى بىئولوگىيە، ئېكولوگىيە، ئىرسىيەتشۇناسلىق، ئىرسىيەت تېخنولوگىيىسى، تىببىي ئىلىم، بىئوخىمىيە... بويىچە پەننىي تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە پەن ئەرباپلىرى بىزگە زاكاس بۇيرۇيدىغان بولىدۇ. بىز ئادىل باھا قويۇپ، خەلقئارا ئۆلچەملىك ھەر بىر چۈشىننى 1.5 ئامېرىكا دوللىرىغا ياكى 2.5 غەربىي گېرمانىيە ماركىغا ساتساق بولىدۇ، دېيىشتى.

— بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز دېموكراتىيە يولى بىلەن، يەنى سايلام بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىشى كېرەك. ھەممىنى يوقىرىدىن بەلگىلەپ بېرىدىغان بولسا، سەرخىللارنى قالدۇرۇپ، ناچارلارنى ئۆستۈرىدىغان ئىش بولىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن قابىلىقىنى ياكى قابىل بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالايدىغان بىرمۇ رەھبەر يوق. مۇشۇ دېگىنىمىزدەك بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئاغمىخاندىن توغۇلغىنى چاشقان بولىدۇ دېگەندەك رەھبەرلەر بارغانچە ئۇساللىشىپ بارىدۇ، — دېدى شياۋجاڭ ناھايىتى مەردانىلىك بىلەن. ئۇنىڭ خۇبىي تەلەپپۇزىدا سۆزلىشى گەپلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى.

شياۋ جاڭنى ماڭا: ئۇ تالانت ئىگىسى، يەنە كېلىپ «ئەمەل تۇتۇشقا لايىق» تالانت ئىگىسى دەپ تونۇشتۇرغۇچىلار بارغانچە كۆپىيىپ قالغانىدى، شياۋجاڭنىڭ ئۆزىمۇ: «ئەگەر مەن ئۆلكە باشلىقى بولىدىغان بولسام...» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن

چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.
— بىز ئۆزىمىزنى زامانىۋىلىشىشقا، بېيىشقا يېتەكلەيدىغان بىرەر
قابىل، يېڭى تىپتىكى رەھبەرنى سايلاش ئارزۇسىدا بولۇپ كېلىۋاتىمىز...
شۇنداق قابىل ئادەم بار تۇرۇپ سايلىمايدىغان بولساق ئېيىب ئۆزىمىزدە
بولغان بولىدۇ... بىراق كىمنى سايلىساق بولار؟ — دېيىشتى ھەممە.
— كىمنى سايلىساق بولار؟ دېگەنمۇ گەپمۇ، ھەممە ئادەم
سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشى كېرەك! ناپالېيون: سەردارى لەشكەر
بولۇشنى خالىمىغان جەڭچى ياخشى جەڭچى بولالمايدۇ! دەپتىكەن.
خۇددى شۇنىڭدەك، رەھبەر بولۇشنى خالىمىغان كادىرمۇ ياخشى
كادىر بولالمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇ ئاي، مۇشۇ
كۈنلەردە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش پروگراممىسىنى
ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقسا بولىدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى خالىمايدىغانلار،
بىلمەيدىغانلار ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا يارىمايدىغانلار كەشىنى
توغرىلاپ، شياڭگاڭنىڭ يىپەك پايپاقلىرىنى ھايىنغا ساتقىنى تۈزۈك!
— قوي ئۇ گەپنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا كەلگەندە
ھايانكەشلەرنىڭ زېھنى ئۆتكۈر تېخى...
بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى.
— شياۋ جاڭ، ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز بىرىنچى بولۇپ سايلام
رىقابىتى قىلىپ باقامسىز، قېنى ئېيتىڭچۇ، ئەگەر ئىدارىمىزنى سىزگە
ھۆددىگە بەرسەك، قانداق قىلماقچىسىز؟
— مەن گەپ قىلماي تۇراي... ئاۋۋال باشقىلار دەپ باقسۇن! —
دېدى شياۋ جاڭ ئۆزىنى سىرلىق تۇتۇپ.
— شياۋ جاڭ توغرا ئېيتتى، زادى سايلام رىقابىتى قىلىش
كېرەك، مۇشۇنداق روھقا ئىگە بولمىغانلار شىرتىڭ-پىرتىڭنى قويۇپ
كەشىنى توغرىلىسا بولىدۇ، — دېدى ياشلاردىن بىر قانچىسى
قايناپ ۋە ئاۋاز قوشۇپ.
— مەن سايلام رىقابىتى قىلمايمەن، كەشىنى توغرىلايدىغان
ئىش بولسا كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىمەن، — دېدى لاۋدۇڭ.

يەنە پاراقىدە كۆلكە كۆتۈرۈلدى.

ئەنە شۇ تەرىقىدە ھەممەيلەن تەڭچە قايناپ، نەتىجىدە پەسەيگەندىن كېيىن، شىياۋ جاڭ زەردە بىلەن سۆزلەپ:

— مېنى ھۆددىگە ئال دېسەڭلار، بۇمۇ بولىدۇ، بىرىنچىدىن، ھەر يىللىق خىراجەتنى كۆپەيتىپ ئۈچ قاتلايمەن. ئىككىنچىدىن، خادىملارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى قىسقارتىمەن؛ قېرىلارنى، گەپكە كىرمەيدىغانلارنى، سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلارنى، شۇ قاتاردا سىزنى، — دەپ ئۇ ئۆڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن مېنى سانجىغاندەك كۆرسىتىپ سۆزلىدى، — قويماي قىسقارتىمەن. قىسقارتىلغانلارنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن زادى كارىم يوق. ئۈچىنچىدىن، ھوقۇققا — مالىيە ھوقۇقىغا، ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىغا، قارار قىلىش ھوقۇقىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ھەقىقىي تۈردە ئىگە بولۇشۇم شەرت، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلاشماسلىقى كېرەك. مىسال ئۈچۈن ئادەم ئىشلىتىشنى ئالسام، ماڭا بويسۇنىدىغانلار روناق تاپىدۇ، ماڭا قارشى چىققانلار تۈگىشىدۇ دېگەن يولنى تۇتىمەن، ئۇنداق بولمىسا، رەھبەردە نېمە نوپۇز بولسۇن، ئىشتا نېمە ئۈنۈم بولسۇن؟ ئىش ھەققىنى ئالسام، مەن كىمگە قانچىلىك ھەق بېرىشنى خالىسام شۇنچىلىك بېرىۋېرىمەن، ئۇنداق بولمىسا، ئىش ھەققىنى ھەر قانچە كۆپ بەرگەن بىلەن ياخشى كۆڭۈلنى كىم چۈشىنىدۇ؟ كىم سەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ؟

ئولتۇرغانلارنىڭ كەم دېگەندە يېرىمى شىياۋ جاڭنىڭ گەپلىرىگە چاۋاك چالدى. «بىز شىياۋ جاڭنى ھىمايە قىلىمىز!» «شىياۋ جاڭ ھۆددىگە ئالسۇن!»، «شىياۋ جاڭ بىزنى بالدۇر بېيىشقا يېتەكلىسۇن!» دەپ ۋارقىرىۋەتكەنلەرمۇ بولدى.

مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. بەلكىم راستىنلا «قابىللارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش» ۋاقتى كەلگەن بولسا، بوپتۇ دەيلى شىياۋ جاڭغا ئورۇن بەرسەم، ئۇ سىناپ كۆرسە قانداق بولار؟ بەلكىم ئۇلار تۇرمۇشنى پۈتۈنلەي يېڭى تۇسقا كىرگۈزۈشىمۇ

مۇمكىن؟ بىراق ئۇ نېمە دەپ ئاغزىنى شۇنچە سەت ھىجايتىپ ئادەم قورققۇدەك سۆزلەيدىغاندۇ! دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

رەھبەرلىك بەنزىسى كىچىچە مەجلىس ئېچىپ تالاش-تارتىشتىن باش كۆتۈرەلمىدى. شياۋ جاڭ باشلىق بولىدىكەن دېگەن خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە يەرگە پۇركەتتى.

شياۋ جاڭ باغاچچى ئۇستامنىڭ ئۆيىدىن سىر بىلەن لاڭ «ئوغرىلىغان»، شياۋ جاڭ «قىزىل قوغدىغۇچى» بولغان چېغىدا چايكوۋسكىنىڭ «ئاققۇ كۆلى» دېگەن پلاستىنكىسىنى چېقىۋەتكەن، شياۋ جاڭ ئامېرىكىلىقلا خەت يېزىپ، چەت ئەلگە چىقىشقا ھەرىكەتلەنگەن، شياۋ جاڭ بىر شوپۇرغا پارە بېرىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن شۇ شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ 125 كىلومېتر يىراقلىقتا سەيلە-تاماشا قىلىشقا چىققان دېگەنگە ئوخشاش ئەرز خەتلەر كەلگىلى تۇردى.

شياۋ جاڭنى تەۋسىيە قىلىپ ۋە ھىمايە قىلىپ: شياۋجاڭ يېڭىلىق ياراتقۇچى ئەزىمەت، شياۋ جاڭ 1968-يىلىدىلا يېزىلاردا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش كېرەك دېگەننى ئېيتقان، بىر كۈنى ئىشخانىغا ئوت كېتىش خەۋپى تۇغۇلغاندا، شياۋ جاڭ كۆيۈۋاتقان ساپاغا ئۆزى يالغۇز بەش داس سۇ چاچقان، ھەتتا ئۇ جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ، شەيكىسى كۆيۈۋاتقان كىچاكنىڭ بېشىغا توكۇرۇلۈك قاچىسىنى كۆمتۈرۈپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغان، شياۋ جاڭ كەسپىنمۇ بىلىدىغان، تەشكىلاتچىلىقمۇ قولىدىن كېلىدىغان «تۆتلەشـ كەن» تېپىلماس كادىر، شياۋ جاڭ ئېغىلدا يېتىۋاتقان دۇلدۇل، ھازىر زۆرۈر بولۇۋاتقىنى دۇلدۇلنى تونۇيدىغان بولىچە ئۆتكۈر كۆز ۋە بولىچە ئىرادە دەيدىغان خەتلەرمۇ كېلىشكە باشلىدى.

شياۋ جاڭ باشلىق بولسا پايدىسى تېگەرمۇ ياكى زىيىنى يېتەرمۇ، شۇ تاپتا «شياۋجاڭغا قارشى» مەيداندا تۇرۇش توغرىراق ۋە ئىشەنچلىكرەكمۇ ياكى «شياۋ جاڭنى ھىمايە قىلىش» مەيداندا تۇرۇش توغرىراق ۋە ئىشەنچلىكرەكمۇ، پالانى بىلەن

پۇستانى ئاشكارا قارشى تۇرۇپ ئاستىرتتىن قوللاۋاتامدىغاندۇ ياكى ئاشكارا ھىمايە قىلغان بولۇپ ئاستىرتتىن قارشى تۇرۇۋاتامدىغاندۇ ۋە ياكى ھەم ھىمايە قىلىپ ھەم قارشى تۇرۇۋاتامدىغاندۇ، مۇنداق ئىشتا باشقا ئىشلارغا ئوخشاش زىخمۇ كۆيمىسۇن، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن دەپ ئىككى كېمىگە دەسسەپ كېيىنلىكىنى ئويلاپ قويۇش ئاقىللىق بولامدۇ ياكى كىشىلىك ئىززىتىنى يوقاتقانلىق بولامدۇ، مۇبادا راستىنلا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ئۆزۈم تەكلىپ قىلىنماي قالارمەنمۇ دېگەن ئويلار بىلەن كىشىلەر دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قېلىشتى. بەزىلەر ھازىرلا شياۋ جاڭغا بىر ئاز ئالقات ۋە «باشلىق گۆھىرى» سوۋغا قىلسام بولىدىكەن دېگەن يەرگە كەلدى، بەزىلەر ھەممە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىگە تۈرلۈك پايدا يەتكۈزگەن تۈزۈلمىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقنى مەردانە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىدى، بەزىلەر ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىدىن ئابرويلۇق بولغان كونا رەھبەرلىرىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ ھال سوراپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ شياۋ جاڭدىن زەربە يېگەنلىكىنى شىكايەت قىلىشتى. كونا رەھبەر: «شياۋ جاڭ تېخى ۋەزىپىگە قويۇلمىدىغۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇلار: «شياۋ جاڭ ۋەزىپىگە قويۇلماي تۇرۇپلا زەربە بېرىشكە باشلىدى، ۋەزىپىگە قويۇلسا بىزدەك قېرىلارغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە بەرمەي قالمايدۇ» دېيىشتى. بەزىلەر شياۋجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئالاقە باغلاش خەرىتىسىنى ۋە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكىدەك «مەنسەپدارلىق تۇمارى» نى ھەمراھ تۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەت كۆرسەتتى. بەزىلەر ئەگەر ئۆزى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنمىسا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا قالدۇرىدىغان خەتلەرنى يېزىش بىلەن ئۇنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشكە تەييارلاندى. بەزىلەر بولسا شياۋ جاڭ بىلەن مېنى قارىتىپ تۇرۇپ: «مېنى تەكلىپ قىلمىساڭلار مەيلى! يا مۇكاپات پۇلى يوق، يا چەتكە چىقىش پۇرسىتى يوق مۇنداق ئورۇندا زادى ئىشلىگۈم يوق!

بىراق بىر شەرتىم بار، لاۋلىنى تەكلىپ قىلامسىلەر — يوق، ھەر ئىككىمىزنى تەكلىپ قىلمىساڭلار بوپتۇ دەيمەن، مېنى تەكلىپ قىلىپ لاۋلىنى تەكلىپ قىلمىساڭلار بۇ بوللۇق! لاۋلىنى تەكلىپ قىلىپ مېنى تەكلىپ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرگە جېنىمنى تىكىپ پىچاقنىڭ بىسىنى قان قىلىمەن — پىچاقنى باشقىلارغا سالماي، ئۆزۈمنىڭ كۆكسىنى يېرىپ بەرسەمغۇ بولار؟» دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، شياۋ جاڭ تاقەت قىلىپ تۇرالماي رەسمىي دوكلات يېزىپ: «مەن تولىمۇ رەھبەر بولمايمەن يۇقىرىنىڭ مېنى قانداقتۇ باشلىق قىلىش توغرۇلۇق ئويلاشماسلىقىنى سورايمەن. مەن قايناپ چوڭ گەپ قىلىشقا يارايمەن، نەق ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ! مېنى مەلۇم كىشىلەرنىڭ داۋرىڭىغا قاراپلا تەكلىپ قىلماسلىقىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، مېنى تەكلىپ قىلىش خەلقىمۇ، دۆلەتكىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيان پەيدا قىلىدۇ!» دېدى.

شياۋ جاڭ تۆۋەندە ئاغزىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ: «ھۇ ئاناڭنى خۇمپەرلەر! ۋاي دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيمىز، ئىسلاھاتقا تەشنا بىز، ئىسلاھاتنى ئالغا سۈرىمىز، ئىسلاھاتنى قولدىن بەرمەيمىز دەپ ئاغزىمىزدا تازا گەپ سانىدۇ-يۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىسلاھاتقا پايدا يەتكۈزۈش يولىدا بىرەر تال تۈكىدىن كېچىشنى ھېچقايسى خالىمايدۇ! ھەممىسى ئاسماندىن ئىسلاھات مانتىسى چۈشسە يېسەم دەپ قاراپ تۇرىدۇ! مېنىڭچە، ئەمدى شامال يەپ بوران كېكىرىپ يۈرسەكلا بولىدۇ!» دەپتۇ.

رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر ئاخىرى شياۋ جاڭنى نامزات قىلىپ كۆرسىتىشنى رەت قىلدى.

رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر يەنىلا مېنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى ھەتتا داغدۇغىلىق تەكلىپنامە تارقىتىش مۇراسىمىمۇ ئۆتكۈزدى. ئەسلىدە بۇ ئىدارىدە رەھبەر بولۇۋاتقىنىمغا

ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى.

بۇرۇن مەن رەھبەر بولغان بولسام ئەمدى كۆتۈرە ئېلىپ ھۆددىگەر بولدۇم، يەنە كېلىپ ئۈچ يىللىق ھۆددىگە ئالدىكەنمەن، ھەممە ھوقۇقنى ماڭا بېرىدىغان بولدى. «جازالاش ياكى كەڭچىلىك قىلىش» مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدىغان بولدى.

كىمنى تەكلىپ قىلىش، كىمنى تەكلىپ قىلماسلىق ئالدىمدا تۇرغان بىرىنچى مەسىلە بولۇپ قالدى.

مېنىڭ ھەممىدىن بەك تەكلىپ قىلغۇم كەلمەيدىغىنى لاۋجاڭ. ئۇ ئۆيمۇ-ئۆي قاتراپ سوۋغا تەقدىم قىلىشنى، مېھمان چاقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، يەنى «ئۇلپەتچىلىك قىلىش» قا، «باغاق تارقىتىش» قا، «سالام-تازىم قىلىش» قا ئۇستا. ئۇ ھەر قانداقلىكى ئەمەلىي ئىش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسەتمەيدۇ ۋە ئۇنى باش بولۇپ ئىشلىمەيدۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلمايدۇ، ئەمما ھەر قانداق ئىشتا ئۆز پايدىسىنى زىغىرلايدۇ، ئالدىنى تالىشىدۇ، قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ھەربىر بۆلۈمگە بىر قۇتىدىن تېز ئېرىيدىغان قەھۋە بەرسەك بولامدۇ-يوق دېگەننى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ: «قەھۋە ئىچسە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەنلىك بولىدۇ، قەھۋە ئىچمىسە كونىلىقنى ساقلىغانلىق، قېتىپ قالغانلىق بولىدۇ دېيىشكە بولماس» دېدى. ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ قەھۋە تارقاتماسلىق قارارىغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئۇ قوپۇپ: «قەھۋە ئىچمەسلىكنى مىللىي ئەنئەنىنى قوغدىغانلىق، قەھۋە ئىچىشنى ئەجنەبىيلەرگە، ياۋروپالىقلارغا چوقۇنغانلىق دېگىلى بولماس» دېدى. بىز ئۇنىڭدىن زادى پىكرىڭىز نېمە دەپ سورىساق، ئۇ: ھېچقانداق پىكرىم يوق، «كۆپچىلىك نېمە دېسە مەن شۇنىڭغا بويسۇنىمەن» دېدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇنى تەكلىپ قىلماي ئىلاجىم يوق. تەكلىپ قىلمايدىغان بولسام ئۇ ئىش تېرىيدۇ. ئۇنى تەكلىپ قىلمايدىغان بولسام ئالاقىدار رەھبەرلەر، ئالاقىدار زاتلار ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ-دە، ياتلارنى

چەتكە قاقتى، ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتمىدى دېگەن يامان ئاتاققا قالىمەن. بىر مۇنچە كىشىنى رەنجىتكەن بولىمەن. لاۋجاۋغا جان-جەھلى بىلەن ئۇدا «قارشى» تۇرۇپ كەلگەن شياۋ جاڭلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتا چۈشىنىپ، خاتا ھۆكۈم قىلىپ، خۇدىنى يوقىتىپ، ھەددىدىن ئېشىپ دۇرۇس ئىشنى كۆرە ئەسكى ئىشنى جىقراق قىلىشقا كاۋاك تۇغدۇرۇپ بەرگەن بولىمەن. لاۋدۇڭلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتا چۈشىنىپ، خاتا ھۆكۈم قىلىپ، ھە دەپ يۆتكىلىشنى، رۇخسەت سوراپ دەم ئېلىشنى، دوختۇرخانىدا يېتىشنى تەلەپ قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن بولىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە يلەن يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇپ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلغىلى تۇرىدۇ، مەن بولسام ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايدىغىنى.

ئۇنىڭدىن قالسا تەكلىپ قىلىشنى ياقتۇرمايدىغىنىم لاۋدۇڭ. بۇ ئايال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا مېنىڭ ئۈچ ئەۋلادىم كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدىن، ئۆزۈم يەتتە يېشىمدىن تارتىپ بالا ئىشچى بولغان دېگەن ئىسپاتنى تولۇقلىتىۋالدى. بۇلتۇر يەنە، ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا، 50-يىللاردا كەچلىك داشۆنىڭ ئاساسىي كۇرسىنى پۈتتۈردۈم، ئالىي مائارىپ بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش سالاھىيىتىگە ئېگىمەن دېگەن ئىسپاتنى تولۇقلىتىۋالدى. ئۇ كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىمىغان يېغىسى، قىلمىغان جېدىلى قالمىدى، ھەتتا بىر مۇنچە يلەننى قارىتىپ تۇرۇپ دىيەۋىي دورىسىنى ئىچىۋالدى. ئاخىرى ھەتتا شياۋجاڭمۇ قايىل بولۇپ: «بولدى باھالايلى، كۆزنى يۇمۇپ بولسىمۇ ئۇنى كاندىدات تەتقىقاتچى دەپ ئېتىراپ قىلايلى... ئەمما بىر تەكلىپىم بار، ئىدارىمىز لاۋدۇڭغا شۇنداق بىر ئالاھىدە ئىنتىزام بەلگىلەپ بەرسۇن: ئۇ بىر كۈن ئىشقا كەلسە مائاشىدىن بىر يۈەن تۇتۇلسۇن، بىر كۈن ئىشقا كەلمىسە بىر موچەن مۇكاپات بېرىلسۇن، بىر يىل ئىشقا كەلمىسە تولۇق ئىشقا چىققان ھېسابلىنىپ، يىل ئاخىرىدا

www.uyghurkitap.com

مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقاپ، تولۇق ئىشقا چىقىش مۇكاپاتى بېرىلسۇن» دېدى.

بۇ گەپلەر سەل ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايال ئىشقا كەلسە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقى ھەقىقەتەن راست.

شۇنداقتىمۇ ئۇنى تەكلىپ قىلماي ئىلاجىم يوق. ئۇنى تەكلىپ قىلمايدىغان بولسام، جېدەل چىقىرىپ ئىدارىنى بېشىغا كىيىپ ئۆگىنەي-تۆگىتەي قىلىۋېتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تاغىسى جامائەت ئېتىراپ قىلغان مۇرۇۋۋەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى، چوڭ ئەرباب. بۇ ھۆرمەتلىك كىشى كىچىك چېغىدا ئۆزىدىن بەش ياش چوڭ، كىچىك پۇتلۇق، ساۋاتسىز بىر يېزىلىق خوتۇن ئالغان. ئىككىسى بىر-بىرىنى "مېھماندەك ھۆرمەتلىشىپ، تا چېچى ئاقىرىپ قېرىغىچە ئۆي تۇتقان. مۇشۇنداق بىر ئەربابنىڭ جىيەن قىزىغا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا بولامدىغان، ئاشۇنچىلىك يۈز خاتىرىمۇ قىلمايدىغان بولسام، ئەھلى-جامائەت ماقۇل كۆرمەيدۇ.

تەكلىپ قىلغۇم كەلگەنلەرنى تەكلىپ قىلالىشىم ناتايىن، تەكلىپ قىلغۇم كەلمىگەنلەرنى تەكلىپ قىلماي ئىلاجىم يوق. جازالاش ۋە كەڭچىلىك قىلىش ئۆز ئىختىيارىمدا دېيىلگەن تولۇق ھوقۇق مېنى تېخىمۇ تەڭلىككە سېلىش، تېخىمۇ پەرىشان قىلىشتىن باشقا ھېچنېمىگە يارىمايدىكەن. چۈنكى، مەن ئۈچۈن خەقنى رەنجىتكەنلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان غايىبانە «يۇقىرى ئورۇن» ئەمدى تېپىلمايدۇ. ھەممەيلەن ئىش قىلغاندا ئىمكانىيەت قالدۇرمىساق بولمايدۇ! دېيىشىۋاتىدۇ. ئۆزۈممۇ ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ ئەسكەرتىۋاتىمەن. قەدىناس دوستۇم K.A نىڭ راك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خۇددى تۈپتۈز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان ھېچبىر خەۋەرسىز ئۇشتۇمتۇت پارتلاپ كەتكەندەك تۇيۇقسىز خەۋەر بولدى.

بۇ دوستۇم ھېلىقى كۆرەشكە تارتىلىپ يۈرگەن يىللاردا،

ھەجۋى شېئىرلارنى يېزىپ، «مېنىڭ ئالدىدا ئىچەي ئانا بىر چىنە شارابىڭنى» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، «ساداقەتلىك» ئۇسسۇلىنى ئويناپ بەك شوخلىشىپ كەتكەن، ياغاچچىلىقنى ئوبدان ئۆگىنىۋالغانىدى، ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئۆز خىزمەت ئورنىغا قايتقاندا ئۆزى بىلەن بىر سېختا بولغان پېشقەدەم ياغاچچى ئۇستام خۇرسىنىپ: «مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق قولى ئەپچىل شاگىرتنى ئېلىپ باقمىغان، بۇ 8-دەرىجىلىك ئىشچى بولۇشقا پۈتۈنلەي لايىق ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ ئاشۇنداق باۋا كادىر بولۇپ يۈرگەنلىكى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش!» دېگەنىدى.

بىر ئوبدان ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان ھېچبىر سەۋەبسىزلا تۇيۇقسىز پارتلاپ كېتىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

مەن زادى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي قالغىنىم يوق.

رەئىسىمىز ئۇلۇغ ماۋزېدوڭ: «ئۆمىدسىزلىك نۇقتىئىنەزەرى، توختاپ قېلىش نۇقتىئىنەزەرى ۋە ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەر — ھەممىسى خاتا» دېگەنىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، كىشىلەر قىزىل كىتابچىكى ئۆزۈندىلەرنى سۆدەك يادلىيالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. گېزىتلەردىمۇ ئۇياقنىڭ تەلىملىرى كەمدىن كەم نەقىل كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىدە شۇنچە دەۋران سۈرگەن ئۇلۇغ زات مانا ئەمدى قېنى؟ ئۇ ئاتىمىزنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

مەن يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەنمۇ، ھەقلىق مۇلازىمەت بىلەنمۇ، ئۈچىنچى كەسىپ بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بىر «مەركەز» قۇردۇم، قابىل كىشىلەرنىڭ تۆتتىن بىرىنى مۇشۇ خەتىرىمۇ، ئاۋارىگەرچىلىكىمۇ بولغان ئەمما نەپىنىمۇ قۇرۇق قويمايدىغان شۇ ئىشنى قىلىشقا قويدۇم. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە قابىل خادىملارنىڭ تۆتتىن بىرىنى قىسقارتىۋەتتىم. بۇ ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەن: بۇ قىسقارتقانلىق ئەمەس، قىسقارتقانلىق ئەمەس... دەپ

www.uyghurkitap.com

نەچچە-نەچچە قېتىم تەنتەنە بىلەن جاكارلىدىم. تاكى ئاغزىم ئۆپراپ، قۇلاقلار ياداپ كەتكىچە شۇنداق دەۋەردىم. ئۇنداق قىلمىغان بولسام، ئىش چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولاتتى.

ياش ئاتا-ئانىلار گۆدەك بالىسىغا دورا ئىچكۈزىدىغان چاغدا، بەزىدە: «بۇ دورا ئەمەس، شېكەر، مېۋە شەربىتى» دەپ ئەسكەرتىدۇ، گۆدەك بالا يىغلاپ: «ئۇ دورا» دەيدۇ.

بىزنىڭ جوڭلار كىچىك بالىدىنمۇ گۆدەك. نېمىدېگەن ياخشى خەلق-ھە!

خېلى كۈنلەرگىچە ۋارقىراپ-جارقىراشقاندىن كېيىن، ئاخىرى ئىككى كىشى تەكلىپ قىلىنمىدى. ئۇنىڭ بىرى شىياۋلۇ، ئۇ يۆتكىلىپ كېتىمەن دەپ ئۈچ قېتىم دوكلات يازدى، ئۇ توي قىلىش تەييارلىقىدا ئالدىراپ يۈرۈپتۇ، ئۇ بىزنىڭ بۇ ئىدارىدە ئۆستۈرۈلۈپ ئەمەل تۇتۇش ئىمكانىيىتىمۇ، نام چىقىرىپ ئۇنىۋانغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ، پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىمۇ يوقلىقىدىن زارلىنىپ: «بولدى، بېرىپ تىجارەت قىلىمەن! مېنىڭ بولۇم بار! رەڭلىك تېلېۋىزور قوبۇللىغۇچنى ھايىنغا ئېلىپ-ساتىدىغان بولساق، ھەر دانىسىدە مىڭ يۈەن تاپىمىز!» دېدى. شىياۋجاڭ: جوڭگونىڭ كېلەچىكى شىياۋلۇغا باغلىق، دېدى.

يەنە بىرسىگە لاۋجاڭ تەكلىپ قىلىنمىدى. بۇ ئايالنىڭ كېسەل بىلەن دەم ئېلىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولغان ئىدى. يەنە بېرىم يىلدىن كېيىن پېنسىيىگە چىقىش يېشى توشاتتى، ئۇنى تەكلىپ قىلمىغانلىقىمىزنى قوبۇل قىلالماي قالمىسۇن دەپ، ئاۋۋال دەرىجىسىنى ماتاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا كۆتۈردۇق، ئاندىن كېيىن ۋاقتىنچە تەكلىپ قىلمىغانلىقىمىزنى، ئەمما باشقارما دەرىجىلىك كادىرلىق تەمىناتى ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى جاكارلىدۇق.

پىژ-پىژ ئىسسىق ياز كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتتى. «ئىسلاھات ئېيى»، «ئىسلاھات پەسلى» ئەنە شۇنداق ئۆتتى. بېيدەيخېغا، چىڭداۋغا، داليەنگە ۋە خاربىننىڭ سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدىكى قوياش ئارىلىغا دەم ئېلىشقا كەتكەنلەر كەينى-كەينىدىن قايتىپ

كېلىشتى. كىشىلەر مېنىڭ غەيرەت-شىجائىتىمنى، چوڭ قەدەم تاشلىغانلىقىمنى ماختىدى. قول ئاستىمدىكىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ: «قولىڭىزدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن» دېيىشتى. لاۋجاڭ بەزى يىغىنلاردا مېنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى بەك ئاستا دەپ تەنقىدلىسە، يەنە بەزى يىغىنلاردا مېنى ئىسلاھاتقا بەك ئالدىراپ كەتتى دېدى. ھەتتا دېرىزە ئەينەكلىرى پاكىز سۈرتۈلمەپتۇ، شوپۇرلارغا ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن كىيىم تىكتۈرۈپ بەرمەسلىك كېرەك ئىدى دەپ تەنقىد قىلغان بولسا، يەنە شوپۇرلارنىڭ كىيىمنى ياخشىلاش كېرەك، بۇ يالغۇز كىيىم مەسىلىسى ئەمەس دەپمۇ كۆرسەتتى. لاۋدۇڭ مەن بىلەن سۆزلىشىپ، لاۋجاڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان يەردە، مەن نېمىدەپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولالمايدىكەن-مەن؟ دېدى. ئۇ ئۆزى پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن (يەنە بىر يىل ۋاقتى قالغان) مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق تەمىناتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش شەرتلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

تەڭ دەرىجىلىك بىرقانچە ئورۇندىن بىرسىنىڭ كادىرلىرىدا بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىدا ھۆددىگەرلىكنى بۇرۇنقى رەھبەرلەر ئۈستىگە ئالدى، بۇرۇنقى خادىملار تەكلىپ قىلىندى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ۋە تەكلىپ قىلىنىش ۋەقتى جاكارلاندى، ئۇنۇمدارلىقنى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىمىز، داشقازان تامىقى ۋە ياقىۋەندە تۆمۈر تاۋاق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىمىز دېگەن گەپلەر بولۇندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە كونا پەدىگە قايتتى. گېزىتلەردە مۇقامى باشقىچە ماقالىلەر پەيدا بولدى. تۆمۈر تاۋاق ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشنىڭ مېۋىسى، ئۇنى نومتاقلا ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، كاستيۇم كىيىشنى تەشەببۇس قىلىش ئىستېمالىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقتۇرغانلىق، يېڭى پېتى ئۈچ يىل، نىمكەش پېتى ئۈچ يىل، تۈنەپ-ياماپ يەنە ئۈچ يىل كىيىش روھى مەڭگۈ ياشىسۇن دېگەن گەپلەر بولۇندى.

تومۇزغىنىڭ سايرىشىمۇ ئاستىلاپ، ئۇرغۇسىمۇ ئازلاپ كەتتى، چىرقىلىپ چەكسىز ئۇزۇن سوزۇلىدىغان ئاۋاز بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا قىلىپ، ئىشەنگۈسىز ئاجىزلاپ قالدى.

ۋاقىت ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ بەش ئاي ياكى بەش يىللىقىنى بىلمەيمەن.

تۇيۇقسىز كەينى-كەينىدىن مۇسىبەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كونا دوستلىرىمنىڭ بىر-بىرلەپ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. يەنە بىرەيلەن چوڭ مېڭىسى يىمىشاپ كېتىپ ئۇسۇملۇك ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتىكەن، ئۇنى ساقىيدۇ دەيدىغانمۇ، ئۇنىڭ بالدۇرراق ئالەمدىن ئۆتۈپ ئارام تېپىشىنى خالايدىغانمۇ بىر ئادەم چىقماپتۇ. بۇنىڭدا كەم دېگەندە تەمىناتنى كۆزدە تۇتقان. ئۆلگۈچى ھەرقانچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىدىمۇ تىرىكلەرنىڭكىدەك تەمىناتقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۆلگۈچى ھەرقانچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىدىمۇ بىزنىڭ بارغانسېرى كونىرىۋاتقان ۋە بارغانسېرى بالا مىجەز بولۇپ قېلىۋاتقان بۇ دۆلىتىمىزدە بەرىبىر تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، يەندى-خۇاگدى ئەۋلادىنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!

مەن چاچ ئالدۇراي دەپ ساتىراشخانىغا بېرىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ، نۆۋەت كۈتۈپ ئىرادە ۋە مىجەزىمنى چېنىقتۇردۇم. ساتىراشتىن:

— سىلەر ئېچارىگە ئېلىپ، كۆتۈرۈۋالغان ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدۇم.

— شۇنداق، ھەممىنى كۆتۈرۈۋالدۇق، ھەي، قۇرۇق شەكىل-دە.

— شەكىل؟ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساتىراشخانىنى شەخسكە كۆتۈرە بېرىش شەكىل بولامدۇ؟

-- بەرىبىر موللام ئېيتقان بايىقى بولۇۋاتىدۇ.

— سىلەر ئىش بېشىغا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئەمەسمىدىڭلار؟ ساتىراشلىقنى ئىش بېشى بويىچە ھېسابلاش ھەممىدىن ئاسان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتىراشلىق ھەققى

هازىر بىر باراۋەردىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدىغۇ؟

— ئىش بېشىغا قاراش نەدە تۇرۇۋېتۇ؟ پېشقەدەم ئۇستىلارنى قانداق قىلدىغان گەپ؟ كۆتۈرە ئالغانلارنىڭ قايسى بىرى پېشقەدەم ئۇستىلارنى رەنجىتىشكە جۈرئەت قىلسۇن؟ ئۈچ يىللىق كۆتۈرە ئالغىنىڭ بىلەن ئۈچ يىلدىن كېيىن ساڭا جان كىرەكمۇ-يوق؟ كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئالىدۇ دېگەن نەدە تۇرۇۋېتۇ؟ كۆپ ئىشلىگەنلەر خەقنىڭ چىشىغا كۆپ تېگىۋاتىدۇ! ئاز ئىشلىگەنلەر كۆپ پۇل تېپىۋاتىدۇ!

ئۇ بەك تولا قايناپ كەتتى، تۇرۇپ ئىشەنسەم، تۇرۇپ ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى.

ئۆزۈم «كۆتۈرە» ئالغان بۇ ئىدارىدىمۇ ھۇجۇم قىلىش باشلاندى. ماڭا باشلامچى بولۇپ ھۇجۇم قىلغىنى دەل شىياۋ جاڭ بولدى.

— ئۇنداق ئىسلاھات، مۇنداق ئىسلاھات دەيدۇ! شۇنچە ۋاقىت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يا ماڭاشىمىزنى ئۆستۈرمىدى! يا بىزگە جۇۋا تارقىتىپ بەرمىدى! قاراڭلار، پالانى مىنىستىرلىك ھەربىر كىشىگە بىردىن رويال تارقىتىپ بېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن مەن چۈشەندىم. ئىسلاھات دېمەك ماڭاش ئۆستۈرۈش دېگەن گەپ ئىكەن. ئىسلاھات دېمەك يەتتىنگە، مىس يەل قازان، توڭلاتقۇ، رويال تارقىتىپ بېرىش دېگەن گەپ ئىكەن. ئىسلاھات دېمەك ھەر ئەرگە ئىككىدىن خوتۇن، ھەر ئايالغا تۆتتىن ئاشنا تېپىپ بېرىش دېگەن گەپ ئىكەن. ئىسلاھات دېمەك قىش بولسا جۇدۇن چىقمىسا، ياز بولسا بىڭگورغا پۇل ئالمىسا دېگەن گەپ ئىكەن. ئىسلاھات دېمەك ھەممە ئادەم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا، ياپونىيىگە، ئاۋستىرالىيىگە، كاناداغا، ئىتالىيىگە، شۋېتسارىيىگە ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ساياھەتكە بارسۇن، بالىلىرى، نەۋرە-چەۋرىلىرى شۇ يەرلەردە ئۆز پۇلى بىلەن ئوقۇسۇن دېگەن گەپ ئىكەن، ئىسلاھات دېمەك ھەممە ئادەم ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغا پىۋا، ماۋتەي ھارىقى، مېھرىگىياھ — ئانا ھەرە

شىرنىسى، مېۋە شەربىتى، كالا سۈتى ئۈزۈلمەي قۇيۇلۇپ تۇرسۇن دېگەن گەپ ئىكەن. ئىسلاھات دېمەك ھەربىر كىشىگە بىردىن نېيترون مىلتىق بېرىلسۇن، ئۇ گالنى قارالاپ، 75 سانتىمېتر ئارىلىقنى چەنلەپ ئېتىلسۇن دېگەن گەپ ئىكەن!

شىياۋ جاڭلار بۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى ماڭا گويا ئاچلىقتىن ۋىچىرلاۋاتقان ئۈچار قۇشتەك قادىلىپ:

— قېنى ئىسلاھات قىلمامسىز! — دەپ ئالدىراتتى.

مېنىڭ تەشەببۇسىم بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەقلىق مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى «مەركەز» قۇرۇلۇپ، يوشۇرۇن كۆچىنى جارى قىلدى، ئىش تۈرىنى كۆپەيتتى، دارامەتنىمۇ ئاشۇردى. بىراق شىياۋ جاڭ: «چارچاپ ئۆلەي دەۋاتىمىز! ئۆلەي دەۋاتىمىز!» دەپ ۋايسىغىلى تۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇقتۇرۇش كەلگىلى تۇردى: بىز «مەركەز»دىن ئايرىلىپ چىقىشىمىز كېرەك دېگەن ئۇقتۇرۇش، بىر پاتمان باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇڭلار دېگەن ئۇقتۇرۇش، ئايرىپ قالغان پىرسەنتنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇڭلار دېگەن ئۇقتۇرۇش، «مەركەز»نى باشقۇرغۇچىنىڭ ھېساباتى ئېدىتلىق، ئىستىلى توغرا بولمىغان، ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش كېرەك دېگەن ئۇقتۇرۇش، «مەركەز» ئىشخانىنى دەرھال بوشىتىپ بەرسۇن ياكى 260 پىرسەنت ئۆي ئىجارىسىنى تولۇقلاپ تاپشۇرسۇن دېگەن ئۇقتۇرۇش، «مەركەز» نىڭ توك ھەققى، ترانسپورت ھەققى، پوچتا ھەققى چىقىملىرى 300 پىرسەنت ئاشۇرۇلسۇن دېگەن ئۇقتۇرۇش، يېڭىباشتىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ گۇۋاھنامە ئېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەڭلەر، ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر قانۇنسىز ئورگان قاتارىدا چەكلەپ تارقىتىۋېتىمىز دېگەن ئۇقتۇرۇش، «مەركەز» نىڭ ئاپتوموبىلى قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتناش دادۇيى تۇتۇپ قالدى دېگەن ئۇقتۇرۇش، «مەركەز» نىڭ ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى ۋە ئاشخانا تازىلىقى ئۆلچەمگە لايىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشنى توختىتىپ

تەرىپكە سىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى دېگەن ئۇقتۇرۇش كەينى-كەينىدىن كېلىۋەردى.

شۇڭا «مەركەز» نىڭ مەسئۇلى ئون يەتتە قېتىم زىياپەت ئۆتكۈزۈپ 200 دىن ئارتۇق ئەزىز مېھماننى كاتتا كۈتۈۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، «مەركەز» نىڭ ناتوغرا ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زىياپەت بېرىپ ئورغۇن كىشىنى مېھمان قىلغان سەتچىلىكنى پاش قىلىمىز دەپ مۇخبىرلار كېلىشكە باشلىدى، شۇڭا «مەركەز» بەش قېتىم زىياپەت بېرىپ مۇخبىرلارنى مېھمان قىلدى.

ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، غەيرەت-شىجائەتلىك بولغان مەن: «مەركەز ئىشتىن توختىسۇن» دېگەن قارارنى چىقاردىم، قۇدرىتى چەكسىز دەلىل سۈپىتىدە: «تۈرمىگە كىرىشنى خالامسىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سوئال قويدۇم.

ئارىدىن يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتتى، باشقا مۇسىبەت خەنلىرىمۇ كەلمىدى، ئەزرائىل دەم ئېلىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار بىر پەس ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن ھەممىسى ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

شىياۋلىيۇچۇ؟ شىياۋلىيۇ ئاغزىدا كېتىمەن دېگىنى بىلەن ئەمەلدە كەتكىنى يوق. ئۇ ئۆيىدە ئۇزاق ۋاقىت ئەركىن-ئازادە دەم ئېلىپ، شۇ جەرياندا ئۆيلىنىپ بالا يۈزى كۆردى، ئانىسىنى كۆمۈپ قويدى — ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندى. ئۇ ئۆيىگە سەرەمجان ئالدى، تاملىرىغا سۇلياۋ قەغەز چاپلىدى، ياتىدىغان ئۆيىدىكى كۈن نۇرى لامپىسىنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي زىننەتلىك چىراغلارنى يەڭگۈشلىدى. شۇ ئارىدا ئۇ يۇرتىغا ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى، ئىلمىي ھېكمەت ئەسىرىدىن بىرنى تەرجىمە قىلدى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزورلارنى ھايىنغا ئېلىپ-ساتىدىغان دوستلىرى كەينى-كەينىدىن تۈرمىگە كىرىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ تېلېۋىزور سودىسىغا زادى قاتنىشىپ باقمىغانلىقى ئاخىر ئىسپاتلاندى. ئۇ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئاللىقاياقتا تۇرغان

سودا توغرىسىدا مەردانە پاراڭ قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. شۇ جەريانىدا... ئۇ ئاشۇ پىژ-پىژ ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە تېخى تۈزۈك قىلىنمىغانىدى، ماڭا ئەمدى بالىسىغا سەككىز تال چىش چىقىپ بولدى.

لاۋجاڭچۇ؟ ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان لاۋجاڭ تەكلىپ قىلىنمىغاندىن كېيىن، سالامەتلىكى بارغانچە ئۇڭشىلىپ قالدى. دوختۇر ئۇنىڭغا بۇرۇن تېنى كېسەلدىن بارغانچە ئاجىزلىشىۋاتىدۇ ھەتتا بۆتۈنلەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاي دەۋاتىدۇ دەپ قانداق ئۇزمەي ئىسپات يېزىپ بەرگەن بولسا، ھازىر بارغانچە ساغلاملىشىپ قالدى ھەتتا پۈتۈنلەي ساغلام بولۇپ كەتتى دەپ ئۇزمەي ئىسپات يېزىپ بېرىپ تۇردى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى داۋاملىق تەكلىپ قىلمىساق بولارمۇ؟ ئۇلار ئۆيىدە داۋاملىق دەم ئالسا ئەمما ماڭاشىنى ئېلىپ تۇرسا قانداق بولار؟

ماڭاشنى توختىتىپ قويايلى ياكى ماڭاشىنىڭ بىر قىسمىنى تۇتۇپ قالايلى دېسەك، بىرىنچىدىن ئۇنداق بەلگىلىمە يوق، ئىككىنچىدىن ئۇنداق قىلىش ئۇلارنى تار يەردە قىستىغانلىق بولمامدۇ؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككىسى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، كونا سەپداشلىرى ۋە كونا باشلىقلىرى ئالدىمغا كېلىپ ياخشى گەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىشىگە يول بەرمىسەم قانداق بولىدۇ؟

يەنە كېلىپ ئۆزۈمنىڭمۇ تەكلىپ قىلىنغان ۋاقتىم توشۇپ ئۆتۈپ كەتتى، مېنى يا قايتا تەكلىپ قىلمىدى، يا چۈشۈرۈۋەتمىدى. باشقا ماڭا تەكلىپ گۇۋاھنامىسى تارقاتقان كىشى تەكلىپ قىلىش مۇددىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ. بوپتۇ، بوپتۇ دېدىم-دە، ئۆزۈمنى توختىتىپ، تەجرىبەمنى ئىشقا سېلىپ، چىرايىمنى گۈل قىلىپ، ئەدەپ-ئەردەمگە توغرىلاپ، شياۋلىيۇ بىلەن لاۋجاڭنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ كەلدىم. ئارىدىن يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، لاۋجاڭ يېرىم كۈنلا ئىشلەپ يېرىم كۈن دەم ئالسا بولىدۇ دېگەن ئىسپاتنى ئەكىلىپ بەردى. شياۋلىيۇ

يۆتكىلىپ كېتىش ئىلتىماسىنى تاپشۇردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ھېلىقى تېلېۋىزور سېتىپ يۈرگەن دوستلىرى قويۇپ بەرماگەنمىش ۋە تېخىمۇ روناق تېپىۋاتقان ئىمىش. شياۋجاڭ تراللىبۇستا خەق بىلەن سوقۇشقاچقا پەيچۇسو سولاپ قويۇپتۇ، ئۇنى ئۆزۈم بېرىپ ئېلىپ چىقتىم، بىراق ئۇ زادى گەپ بەرمەي مېنى ئەيىبلەپ: يامان ئادەم، يامان ئىشقا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلمىدىڭىز، پەيچۇسونىڭ باشلىقىنى بىر مۇشت قويۇپ يىقىتۋەتمىدىڭىز دېدى.

بىزگە بەش يۈرۈش ئۆي تەقسىم قىلىنغانىدى. نەچچە-نەچچە قېتىملىق باش يارغۇدەك قاتتىق ئۇرۇش-تالاشتىن كېيىن، لاۋ جاڭ، لاۋ دۇڭ، لاۋ جاڭ، شياۋ جاڭ، شياۋ ليۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېڭى ئۆي تەقسىم قىلىپ بەردۇق. ئۇلار ئۆي كۆچكەندە بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، «كەمبەغەللىكتىن قاقشاپ» ھەممىدىن بەك زارلاپ كەلگەن شياۋ جاڭنىڭ ئائىلىسىدە توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، رەڭلىك تېلېۋىزورلا ئەمەس، بەلكى رويال، ئېلېكترونلۇق گىتارمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بالىسى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن تۇرۇپ مۇزىكا تەربىيىسى ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇلا ئەمەس، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى شۇكى، ئۇ «ئادەم باشلىق ئات» ماركىلىق براندى ئىچىدىكەن، «555» ۋە «مارلبورو» ماركىلىق ئېسىل تاماكىلارنى چېكىدىكەن.

لاۋ دۇڭ ئەمدى ئۈچ ئەۋلادى كەمبەغەل دېھقان، ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇغان دېگەنلا ئەمەس، بەلكى تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ تۇغقىنى دېگەن يېڭى ئىسپاتنى ئېلىپ كەلدى، يۇقىرىدىن مېنى ئۇنى ئۆستۈرۈشكە ئالدىراتتى.

مەن ئاخىرى ئۆز كۈچۈمنى نامايان قىلدىم — ياق! دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدىم.

ياز ئۆتتى. خەير-خوش، ئاق يول بولسۇن. بەلكىم قايتىدىن ئۇچراشقاندا بىر-بىرىمىزگە ئىككىنچى تونۇشلۇق بەرمەسمىز.

دولقۇن دېڭىز قۇدرىتىنىڭ ناماياندىسىمۇ؟ ھەر قانداق زور دولقۇننىڭ ئاخىرى پەسەيمەي قالمايدۇ.

ھەر قانداق تېپتىنچ دېڭىزدىمۇ شاۋقۇنلۇق زور دولقۇن كۆتۈرۈلمەي قالمايدۇ.

خاتىرجەم ئەمما دولقۇنغا تەشنا يۈرەكنى قەدىرلەڭ! چايقا دېڭىز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكىنىدە، ئۇنىڭ دېڭىزدىن كۆتۈدىغىنى نېمە؟ ئۇنىڭ ئالدىدا دېڭىزنىڭ رەت قىلىدىغىنى نېمە؟

ياز يەنە كېلىدۇ. ياز ئەمدىلا باشلاندى. ياز ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇيۇن باشلىنىش ئالدىدىكى پاراكەندىچىلىك بېسىلغان تۇرسا، ياخشى ئويۇن ئوينالماي قالامدۇ؟ سىز دېڭىز دولقۇنىنىڭ بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىشىگە زەن سېلىپ قارىغىنىڭىزدا، ئىلاجىسىز بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئاشۇ ياز ئۈچۈن بىر پەس ئېسىگىزنى يوقىتىپ تۇرۇپ قالىسىز.

# قۇراشتۇرما

## بېشى

### 1

داقا-دۇمباق ساداسى كۆكنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى. ئوت يورۇقىدا يۈزىڭىز قىپقىزىل نۇرلانغانىدى. سىز ھەممە كىشى ئوينايدىغان ياڭگىر ئۇسسۇلنى ئويناۋاتاتتىڭىز. پۈتىڭىزنىڭ كالتىلىقى ۋە بېلىڭىزنىڭ ئىنچىكە بولمىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇسسۇلچى ئارتىس بولۇش «ئىسكەتىڭىز» خېلىلا كەمدەك قىلاتتى. ئەمما شۇ چاغدا سىز غەلىبە، شادلىق تەنتەنىسى، ياشلىق ئىپتىخارى ۋە قانائىتى دېگەنلەردىن باشقىنى بىلمەيتتىڭىز. ماڭا شۇنىسى مەلۇم ئىدىكى، دادىڭىز چوڭ پومىشچىك، چوڭ بيۇروكرات ئىدى، سىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا پىكاپىڭىز بار ئىدى، سىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىدىغان ۋە مەكتەپتىن ئېلىپ كېلىدىغان ئايال خىزمەتچى بار ئىدى. ئەمما سىز ئىنقىلاب قىلىپ، ئۆز سىنىپىڭىزدىن يۈز ئۆرۈگەن، يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىغا مۇھىم ئاخباراتلارنى توپلاپ بەرگەن ئىدىڭىز، بىراق پارتىيە ئەزاسى ئەمەس ئىدىڭىز، بۇ ئادەمنى ئېچىندۇراتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، سىز ياردەم بېرىلمىدىغان، ئۆزگەرتىلمىدىغان نىشان ئىدىڭىز، خالاس. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، مەن سىزگە قانداق ياردەم بېرەلەيتتىم؟

بىراق ھۆسنىڭىز قاش تېشىدەك سىلىق ھەم سۈزۈك بولۇپ، قوللىرىڭىزمۇ، چىرايىڭىزمۇ پارقىراپ تۇراتتى. دېھقان ئاياللىرىغا ئوخشاش گۈللۈك ياغلىق ئارتىپ، كۆيۈپ تۇرىدىغان يېشىل تاۋار شاراۋار كىيىۋېلىپ تىكىلداپ مېڭىشلىرىڭىزغا قارىسام، باللارغا،

قاپ-قارىسىغا ئوسسۇل ئويناۋاتقان بالىلار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىغا ئوخشاپ قالاتتىڭىز-دە، ئىچىم ئاغرىپ يىغلىغۇم كېلىپكەتتى. ئۆزۈمنى خۇددى چوڭلارچە ياشاۋاتقان بالىغا ئوخشاتسام، سىزنى بالىلارچە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چوڭلارغا ئوخشىتاتتىم... ئەمما ناخشىڭىز شادىيانە، كۆڭۈلگە يېقىملىق، قىزغىن، ئاۋازىڭىز بوراندەك ۋە لاۋۇلداۋاتقان ئوتتەك شاۋقۇنلۇق ئىدى.

كىشىنى ھەممىدىن بەك زوقلاندۇرىدىغىنى ۋە ھوزۇرلاندۇرىدىغىنى كۈلكە-تەبەسسۇمىڭىز ئىدى، كۈلىدىغان بولسىڭىز ئېچىلىپ يېيىلىپ كېتەتتىڭىز، لېكىن ئۆزىڭىزنى شۇنچە نازاكەتلىك تۇتاتتىڭىز. كېلىپ چىقىشىڭىز بىلەن كۆرگەن تەربىيىڭىز ئەنە شۇنداق پەرقلىق ئىدى! مەن ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلابىدىن پەخىرلىنەتتىم! ئىنقىلابتا تۆكۈلگەن قان ۋە يانغان ئوت ئىچكىرى سارايلاردىكى پادىشاھ قىزلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى، ئىنقىلاب بايرىقى گۈللۈك باغچىلاردا يۈرىدىغان ئاق سۆڭەك قىزلىرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغانىدى، سىزنىڭ كۈلكە-تەبەسسۇمىڭىز ئىنقىلابقا، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ليوخولەن ۋە دۆلەت سۈنرۇيلەرگە قايتۇرۇلغان جاۋاب ئىدى. سىزنىڭ كۈلكە تەبەسسۇمىڭىز ئىنقىلاب قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئەتىسىدىن بىر ملگەن بېشارەت ئىدى. بۇ نېمىدېگەن مۇقەددەسلىك، نېمىدېگەن خالىسلىق-ھە! ھەممە خەلق بىر ئۆينىڭ ئادەملىرىدەك بىر-بىرىگە مېھرىبان ئىدى! سىز مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكەن چېغىڭىزدا ماڭا قاراپ قېشىڭىزنى ئوينىتىپ قويغان ئىدىڭىز، ھەتتا خۇددى مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغاندەك قىلغانىدىڭىز.

كۆزلىرىڭىز ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇلاقتەك سۈزۈك ئىدى، بۇرنىڭىز چىرايلىق كەلگەن پىلتە يېپقا ئوخشايتتى. تەلەپپۇزىڭىز تورۇپ جەنۇبلۇقنىڭكىگە، تورۇپ شىماللىقنىڭكىگە ئوخشايتتى. ھەممەيلەن سىزنى ئىنگلىزچىنى ئوبدان سۆزلەيدۇ دېيىشەتتى. سىز خىرىستىئانلارنىڭ ئىناقلىق پائالىيىتىگە قاتناشقان ۋە شۇنىڭدىن يەر ئاستى پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىگە ئىگە بولغان. سىز رويال چېلىشنى ئۆگەنگەن. سىز

ئۆز ۋاقتىدا كىچىكرەك بىر ياۋروپاچە قىزىل بىنادا تۇرغان ئىكەنسىز، شۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئوتتۇرا زالدا چەت ئەلدىن ئەكەلدۈرۈلگەن بىر رويال بار ئىكەن. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن قىرغاقتا جايلاشقان، دەرەخ يوپۇرماقلىرى قاپلاپ تۇرغان بىر كۆل كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

سىز غەيرىي ئىنقىلابىي روياللىنى تاشلاپ، ئىنقىلابىي ياڭگىر ئۇسسۇلغا قەدەم قويۇش بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ كارامەت پارلاق ياشلىق باھارىڭىزنى باشلىغان.

## 2

سىزنىڭ بويىڭىز ئېگىز، كۆز چانىقىڭىز چوڭقۇر، چېچىڭىز كالتە ئىدى. ھەممىدىن ئۇلۇغى ئۈچىڭىزغا قوڭۇر رەڭ، ئۆزى كەڭ پىنجەك كىيىۋالغان ئىدىڭىز. شۇ قامىتىڭىز ۋە پىنجىكىڭىز مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى، سىزنىڭ ئوبرازىڭىز شۇئان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مېنىڭ قەلبىمگە ئورناپ قالغان ئايال ئىنقىلابچىسى سوفىيا پاكى سوۋېتلاناغا ئوخشاپ كەتتى. ئەزبادا سىز چار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغانلىقى ئۈچۈن پالاندى بولغان يارىڭىزنى يوقلاپ سىبىرىيىگە بارىدىغان بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇنىڭ مەڭزىنى ئەمەس، كىشەن-كويزىسىنى سۆيۈپ قويغان بولاتتىڭىز. مۇبادا سىزگە جاللات «باش ۋالىي» نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن چىراغنى ياندۇرۇپ بېشارەت بېرىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن يارىڭىز بومبىنى پارتلىتىپ باش ۋالىي بىلەن بىراقلا تۈگىشىپ كەتسۇن دېگەن تەلەپ قويۇلسا، سىز ھېچ ئىككىلەنمەستىن شۇنداق قىلغان، كۆز ياشلىرىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇۋەتكەن بولاتتىڭىز.

دېگەندەك سىز يەر ئاستى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى دەپ جاكارلاندىڭىز، قول ئاستىڭىزدىكىلەر بىلەن، ئۆز پىدائىلىرىڭىز بىلەن ئازادلىقتىن كېيىن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتىڭىز. ئەلۋەتتە، سىز رەھبەر ئىدىڭىز، بىز كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش

www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى پەرمانىڭىزنى كۈتۈپ تۇردۇق.

شۇنىڭ بىلەن سىز سۆزلىدىڭىز، تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق ئەھۋاللىرىنى كەسكىن تەنقىد قىلدىڭىز. ئاۋازىڭىز سەمىمىي، سالماقلىق، گەپلىرىڭىز ئىخچام ۋە كۈچلۈك ئىدى. كۆلكىلىك يەرگە كەلگەندە ئۈچىمىز ئۈزۈلۈپ، ئارقا پەردىڭىز يىرتىلغۇدەك كۈلگەنتىڭىز.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، سىزنىڭ يارىڭىز پارتىزان ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ چېكىنگۈچى قىسىمنى ھىمايە قىلىدىغان بىر توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قۇربان بوپتۇ. سىز بىر خەتەرلىك ئېلىشىش جېڭىدە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىدىن بىرسىنى موللاق ئەتكۈزۈپ يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىنى قوغداپ قاپسىز.

مەن سىزگە كۆز ئۈزمەي سەپسالدىم. سىزنىڭ ئويان-بۇيان بۇرۇلۇشىڭىز، بېلىڭىزگە گىرە سېلىپ تۇرۇشىڭىز، ئالقانلىرىڭىزنى كەڭ ئېچىشىڭىز، ئورۇندۇقنىڭ قىرىدىلا ئولتۇرىدىغان ئادىتىڭىز ۋە كۈچلۈك كەلگەن پۇتلىرىڭىز، قانداقتۇ پىكىرلەرنى ئىنكار قىلغان چېغىڭىزدا دىمىغىڭىزنى قىقىشىڭىزدىن تارتىپ تاكى چاي ئىچىدىغان چاغدا ئىستاكاننى ئېلىش ھەرىكىتىڭىزگىچە مېنى مەپتۇن قىلىپ ئېسىمنى يوقاتتى. ئۆزۈمنىڭ سىزگە ئۆمۈرۋايەت يېتىشەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدىم.

## 3

بىرمۇنچە كۈنلەرگىچە قۇرغاق ھاۋا ئىچىدە سەپەر بولدى. قۇم بارخانلىرى بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەنىدى. تىكەنلىك ئاق گىياھلار قۇرغاق ھاۋانى تېخىمۇ قاقجىراق كۆرسىتەتتى. كىچىككىنە بۇلۇتلارمۇ خۇددى جاھاننى بىردەمدىلا يۇتۇپ كېتىدىغان مۇدھىش بوران-چاپقۇندىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. تۆگىلەرمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يىراق-يىراقلاردا دەرەخ قارىسى، كىشىنىڭ

ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان يېقىملىق جانلىق مەنزىرە، زۇمرەتتەك كۆپكۆك كۆل كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كۆلدىكى ئاق بۇلۇت ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتتىنمۇ يارقىن ۋە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چۆلدىكى ئېزىتقۇ ئەمەستۇر؟ دەپ ئويلايتتى كىشى.

سىز ئەنە شۇ كۆلدە، قەدىمكى سال ئۈستىدە يېڭى هاياتنى كۈيلەيدىغان ناخشىلاردىن بىرقانچىنى ئېيتسىڭىز بولۇۋېرەتتى. سىز قىلچە ياسالمىلىق قىلماي، هېچنېمىدىن تەپتارتماي، ئاۋازىڭىز قانداق بولسا ناخشىنى شۇنداق ئېيتىۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىز قانداق ساددە بولسىڭىز ناخشىنىمۇ شۇنداق ساددە ئېيتىۋەرسىڭىز بولۇۋېرەتتى.

سىز گۈللۈك دوپپا كىيىپ، ئۇزۇن چاچلىرىڭىزنى تارىۋالغان، قۇلىقىڭىزغا هالقا ۋە بىلىكىڭىزگە كۈمۈش بىلەيزۈك تاقىۋالغان. سىز ئۆزىڭىز بىر مىللەت، ئۆزىڭىز بىر رايون ئىدىڭىز. بىپايان قۇملۇقنىڭ مۇهاسىرىسىدە دەل-دەرەخ، سۇ، زىرائەتلا ئەمەس، بەلكى توپ-توپ ئەتىرگۈللەرمۇ، سىزنىڭ سۇدەك لەرزان ۋە راۋان ئاۋازىڭىزمۇ، گۈلدەك تەبەسسۇمىڭىزمۇ بار ئىدى. سىز سەممىيلىك ۋە ئەسلى خۇسۇسىيەت ھەممىدىن ئەۋزەل تەبەسسۇم دېمەكتۇر دەپ ماختايتتىڭىز. سىزنىڭ ماختىشىڭىزنىڭ ئۆزى ئۆزىڭىزدىن مەمنۇن بولغانلىقىڭىز ئىدى. سىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىڭىز تەبىئىي خۇسۇسىيىتىڭىزنىڭ ئىپادىسى ئىدى. سىزنىڭ قولىڭىزنى سوزۇپ، قەدەم ئېلىشىڭىزنىڭ ئۆزى ئۇسسۇل ئويناش دېمەك ئىدى. ئاۋاز چىقىرىشىڭىزنىڭ ئۆزى ناخشا ئېيتىش دېمەك ئىدى. سىزنىڭ پەيدا بولۇشىڭىزنىڭ ئۆزى مۇشكۇل تەبىئەتنىڭ كەمىنى تولدۇرغانلىق، ئۇزۇن سەپەر باسقانلارنىڭ هاردۇقىنى چىقارغانلىق ئىدى.

سىز ئۆزىڭىزمۇ مەخلۇقلاردىن بولۇپ ھەممە مەخلۇقاتنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن تۆرەلگەن ھەربىر تاش، ھەربىر گىياھ، ھەربىر موزاي ۋە ھەربىر ئۆردەك بالىسىدىن تارتىپ ھەممىسى سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلىغانلىقى بىلەن شادلىنىپ، تەڭ ھۇزۇر سۈرىدۇ، هاياتى كۈچكە تولۇپ-تاشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 4

سىز ھەررەڭ-سەررەڭ گەپلەرنى قىلىشقا ئامراقتىڭىز، سىز پۇرژىنىسى چىڭىتىپ قويۇلغان كىچىك ماشىنا ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتىڭىز، چىچىڭىزنى شۇنچە كالتە قىلىۋالغانىدىڭىز، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانى زويانى دورىغانلىقىڭىز ئىمىش. سىز توساتتىن پائال ھەرىكەتكە كېلىپ كۈنىگە 20 قېتىم تېلېفون ئالىسىز، 20 قېتىم تېلېفون بېرىدىغان، قولىڭىزدىن خاتىرە دەپتەرنى چۈشۈرمەي، ھەر كۈنى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنى ئىجىر-مىجىر خاتىرىلەپ ماڭىدىغان، يول ماڭسىڭىز بورانداك پۇتىڭىزنى يەرگە تەگدۈرمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىز. كىيىنىشىڭىزمۇ زويانىڭكىگە ئوخشاپ، كەڭ كەمەر باغلاپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك ئاچ كۆك رەڭ كۆڭلەك كىيىۋالىدىغان بولدىڭىز. ئاق كۆڭلىكىڭىزنى بولسا پاك-پاكىز — «بۇرژۇئازىيىچە» دېگۈم كېلىدۇ — ساقلاپ كەلدىڭىز.

بىراق سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغانلار بارغانچە كۆپەيدى. سىزنى بىر كىشىلا ئەمەس، ئىككىسى، ئۈچ، تۆت كىشى، بارغانچە كۆپرەك كىشى: «ئۇ راستىنلا بارغانسېرى تەكەببۇرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ!» دەيدىغان بولۇشتى. ئۇ قانداق تەكەببۇرلىشىۋاتىدۇ؟ دېسە، تەكەببۇرلاشتى دېگەننىڭ مەنىسى ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدىغۇ، ئۇنى مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈش ۋە بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېيىشىدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن سىز خۇددى غىل-پاللا كۆرۈنۈپ بىردەمدىلا غايىب بولغان ئاقار يۇلتۇزدەك بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتىڭىز.

كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاڭلىساق سىز ئارمىيىگە قاتنىشىپسىز. ئەمما سىز شۇنچە ئارزۇ قىلغان چاۋشيەنگە بارالماپسىز. ئاڭلىساق ئىشقى-مۇھەببەت تورىغا چىرمىلىپ، مەجنۇن ساراڭلاردەك ئاشىقىڭىزدىن ئايرىلالماس بولۇپ كېتىپسىز. ئاڭلىساق چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزى گۇمانلىق

بىرسى بىلەن ئاشنا ئويناپ تۇغۇپ قويۇپسىز، دېمەك ئاخىرى ئالدىنىپسىز.

بۇ ئەپسۇسلىنىشقا ئەرزىمدۇ؟

سىز ھامان ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئىشىنىپلا يۈرۈپسىز.

## 5

بىز باغچىدىكى چىملىقتا ئۇچراشتۇق. سىز ئاشىقىڭىزنى باشلاپ كەپسىز. ئۇ ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىكەن، ئۇچىسىغا ئاچ سېرىق يامغۇرلۇق چاپان كىيىپ مۈرىسىگە فوتو ئاپپاراتىنى ئېسىۋاپتۇ. ئۇ ھەر يوغان گەپلەرنى قىلىپ مەن زادى بېرىپ باقمىغان بىر كۆلۈبنىڭ گېپىنى چىقاردى. سىزنىڭ قاپقارا كۆز قارىچۇقلىرىڭىز گويا سۈزۈك سۇغا تېمىپ تېخى يېيىلىپ بولالمىغان ئىككى تېمىم سىياغا ئوخشايتتى. قىزغىنلىق ئوتىڭىز خۇددى كىرپىكلىرىڭىزدە، قېلىن ئەتلىك چاۋغىيىڭىزدا ۋە ئاپئاپتا قىزىرىپ، قارىداپ كەتكەن ئەتلىرىڭىزدە لاۋۇلداۋاتقاندەك ئىدى. قول-پۇتلىرىڭىز چوڭ بولسىمۇ ھەرىكىتىڭىز نازۇك ئىدى. ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەيتتىڭىز، كۈلەتتىڭىز، ئەمما نازاكىتىڭىزنى يوقاتمايتتىڭىز. سىز ئەدەبىيات، رەسساملىق ۋە مۇزىكا توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدىڭىز، سىز يەنە ئەسكى نامى چىققان بىر ئارتىس ئايال توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۇنىڭغا ناھەق بولغانلىقىنى ئېيتقانتتىڭىز — سىز ئېيتمىغان مەرد، راستىنى ئېيتسام مەن سىزنى قەلەم قاشلىرىنى دىك قىلىپ، دۈگىلەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ ناھەقچىلىققا تىغ ئۇرۇۋاتقان ئايال پالۋانغا، ئايال جاھانكەشتىگە بەكرەك ئوخشاتقانىدىم. مەن تۇرۇپلا سىزدىن نېمىشقا كىنودا رول ئالمايسىز دەپ سورىغىنىمدا، سىزمۇ، ئاشىقىڭىزمۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىڭلار، ئۆزۈممۇ گېپىم جايىدا بولمىغانلىقىنى تۇيۇپ چىكەمدىن تەر چىقىپ كەتتى. سىز ناخشا ئېيتىشقا باشلاپ، يايلاقنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىنى ئېيتتىڭىز. مەن باغچىدىكى چىملىق بىلەن يايلاقنىڭ زادى ئوخشايدىغان يېرى

يوقلۇقىنى تويلاپ كۆلگۈم كەلدى. تەڭ ئاخىرىدا ئىككىڭلار كېلەر شەنبە ئاخشىمى توي قىلماقچى ئىكەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ، مېنى توي مۇراسىمىڭلارغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدىڭلار، بۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ، تەبرىكلەيدىغان سۆزۈمنى ئېيتىشقىمۇ ئاغزىم كەلمەي قالدى.

كېيىنچە مەن بەزىلەر نېمە ئۈچۈن زاتىدىن ھەدەنى، تەبىئي ۋە خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ-يۇ، يەنە بەزىلەر نېمە ئۈچۈن پەرىشان، مۈشكۈل ۋە موھتاجلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ... دەپ سىلەرنىڭ باشقىلار ھەم زوقلىنىدىغان، ھەم قىزغىنىدىغان تەقدىرىڭلاردىن ھەسرەتلەندىم.

# بېلى

## 1

كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن قەدىناس جاينى قايتىدىن سەيلە قىلىپ سىزنى يادىمغا ئالدىم، ئىسمىڭىزنى، سۆلەت-سۇباتىڭىزنى تەكرار ئەسلىدىم. چوڭ قورۇغا كىرىپ، بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىۋېتىپ، مەشەگە دەسلەپ كەلگەن چېغىمدىكى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، بۇ ئىمارەتنىڭ ئادەمدىنمۇ ئېزرەك قېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. قارىسام قەددى-قامەتلىك، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان بىر ئايال بىنانىڭ كارىدورىدا بىرسى بىلەن تاكاللىشىپ قالغانمۇ ياكى ئۆز پىكرىنى ۋارقىراپ بايان قىلىشقا ئادەتلەنگەنمۇ ئەيتاۋۇر، ۋارقىراپ-جارقىراۋېتىپتۇ. مەن بۇ نانونۇش، ھەدەپ قايناۋاتقان ئايالغا قاراشقا ئەپسىزلىنىپ ئۇنىڭ قىلىقىدىن ئۆزۈمچە ئىزا تارتىپ، دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدىم-دە، ئۆزۈم كىرمەكچى بولغان ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى تاپتىم...

بۆلۈم باشلىقى ھۆكۈمەت ئىشىنى مۇھىم بىلىپ ماڭا يېقىنقى

يىللاردىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. ئەمما تونۇشتۇرغانلىرىنى «ئەھۋال» دېگىلى بولمايتتى، يەنى ئۇ تونۇشتۇرمىسىمۇ بىلىشكە بولىدىغان، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلايمىز، بىز ئۆگىنىش قىلدۇق، ھەممەيلەن ھىمايە قىلىپ ھەرىكەتكە كەلدى. خۇشاللىنارلىق ھالەت بارلىققا كەلدى، دەرۋەقە تەكشى ئەمەس، بىز ئەپ، ئۆزئارا كېلىشىپ ئۆتۈۋاتىمىز دېگەنگە ئوخشاش بىر قېلىپتىكى ئەھۋاللار ئىدى.

مەن ئۆزۈمنى بېسەرۋا كۆرسىتىپ سىزنىڭ مۇبارەك ئىسمىڭىزنى چىقاردىم، خۇددى سۆزۈك بۇلاق سۈيى يۈرىكىمگە سىڭىپ كىرگەندەك ھوزۇرلىنىپ كەتتىم.

— باياتىن كارىدوردا ۋارقىراۋاتقان ئايال شۇ ئەمەسمۇ، سىزگە ئۇچراشمىدىما؟ سىز ئىشخانامنىڭ ئىشىكىنى چەككەندىمۇ ئۇ ۋارقىراشتىن توختىمىغان! — دېدى بۆلۈم باشلىقى.

مەن دالڭ قېتىپ قالدىم.

«راست شۇ ۋارقىراۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئۇ نېمىگە ۋارقىرايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ۋارقىرىشى ناخشا، ئۇسسۇل توغرىسىدىمۇ ئەمەس، غايە، سەنئەت ۋە ئىنقىلاب توغرىسىدىمۇ ئەمەس، ئۇ بىلەكلىرىنى تۈز سوزۇپ، بويىنىنى غادايتىپ ۋارقىراۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇزمەي بەرنى تاپىلدىتىپ تېپىۋاتقاندەكمۇ قىلىدۇ» ، «ئۇ شېرىن چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنمۇ نېمە؟ بەلكىم مەن ئەپىز ۋاقىتتا كېلىپ، بىردەملىك ئوسال ئەھۋالغا توغرا كېلىپ قالغان ئوخشايمەن. بۇ شېرىنلىك بەك تېز قولدىن كەتكەندەك قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا بۇنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق.»

## 2

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق. قارىسام سىزنىڭ يوغان كۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ چاقناپ، كۆز قارىچۇقلىرىڭىز بالدۇرقىدىنمۇ چاققان ھەرىكەتلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاۋازىڭىز

ھېلىمۇ ياڭراق تۇرۇپتۇ، بالدۇرقىدىنمۇ جاراڭلىق ۋە يېقىملىق سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىپسىز. كۆكسىڭىز ئىچىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغاچقا، قىسقا بېلىڭىز بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئىنچىكىلەپ قاپتۇ. ئىككىمىز «كونا قەدىناس» لاردەك — دېمىسىمۇ «كونا قەدىناس» ئىدۇق — نەچچە ئون يىللارغىچە زادى ئايرىلىپ باقمىغاندەك كۆرۈشۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن سىز ماڭا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، گېزىتلەردە ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ئىچكى يېڭى خەۋەرلەرنى ئېيتىپ بەردىڭىز. ئىشەنگەنلىكىڭىزدىن ھەققەتەن مىننەتدار بولدۇم. سىز بىلەن بولغان بىر سائەتلىك سۆھبەت مېنى بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بىر ئويۇنچۇققا، بىرەر كۈچ سىڭىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈردى. بىراق، مېنىڭ ئەسلى خىيالىم سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بالىلىق چاغلىرىمىزنى ئەسلەش، بىر-بىرىمىزنىڭ ئەگرى-توقاي كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈش ئىدى...

ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىڭىزغا بارىكاللا. مەنمۇ بىر ئويۇنچى ئىكەنمەن. سىزنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يېقىملىق تەبەسسۇمىڭىزنى قەدىناس دوستىڭىزغا، ئويۇنچىغا ئىزھار قىلىنغان بەك جىددىي، بەك مىختا، راھىتىمۇ چەكسىز، جاپاسىمۇ چەكسىز تەبەسسۇم دېيىشكە بولاتتى.

سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلىدىم... خوشلىشىدىغان چاغدا، سىز ماڭا سەل — «قورقۇنچلۇق» تۇيۇلۇپ كەتتىڭىز.

## 3

سىز مەجلىسكە ياماق چۈشكەن كىيىلەڭسىز ياختىلىق كىيىم بىلەن كەپسىز، چىرايىڭىز سارغىيىپ، ئۆزىڭىز جۈدەپ قاپسىز، يۈزىڭىزدە تەقۋادارلارغا خاس نۇر جىلۋىنىپ تۇرۇپتۇ. سىز ئۆزىڭىزدىن ياشتا چوڭ، داڭقى كاتتا، مەرتىۋىسى ئۈستۈن كىشىلەرگە بىر-بىرلەپ تەزىم قىلىپ، ياخشىچاق بولدىڭىز، ئۇلارنى سالىمىتى قوبۇل قىلماي

قالمىسۇن دېگەندەك ئۇستازدىن ئۇستازغا سىلىپ تىلغا ئالدىڭىز. سىز بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلا-قىلمايلا جىددىيلىشىپ قىلىدىغان گېپىڭىزنى تاپالماي قالدىڭىز — ئەزەلدىن مۇنداق سورۇندا سۆزلەپ باقمىغىدىم دېدىڭىز، بەختىڭىزگە پېشقەدەملەردىن بىرقانچىسى سىزنى سەممىي ماختىدى، تۆھپىڭىزنى، تالانتىڭىزنى، شۇنداقلا پاكلىقىڭىزنى ۋە چىڭ ئىرادىڭىزنى داڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۆزلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈردى. كۆز چانقىڭىزدا ياش مونچاقلار ئەگىدى... ئۆزىڭىز چوقۇنىدىغان، تەلمۈرىدىغان، تەلپۈنىدىغان شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ سىزگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنى ئويلاپ باقمىغانلىقىڭىزنى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئاشۇ كىشىلەرگە سالام بېرىش پۇرسىتى تۇغۇل، ئۇلارنىڭ جامالىغا بىر قاراش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالماي كەلگەنلىكىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ ئەرزىمەس ھاياتى ئويلىمىغان يەردە ئاشۇ قالتىس ئەربابلارغا باغلىنىپ، بەختىيارلىق ھېسسىياتى دەستىدە كالىڭىز ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەجلىس تارقالغاندىن كېيىنلا سۆزلەپ كەتتىڭىز...

تەبەسسۇمىڭىزغا ۋە كۆز نۇرىڭىزغا ئەلەم يۇراپ تۇرغان كەمتەرلىك يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىز بەختلىك ئىدىڭىز.

## 4

سىز «دائىمىي كومىتېت بىناسى»غا مۇھاپىزەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدىڭىز. بالدۇر ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىڭىز ئوبرازىڭىزنى يېقىملىق ھەم ھۆرمەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۆز ئىرىڭىزنىڭمۇ باشتا مۇشۇ بىنادا ئىشلىگەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى. سىز كارىدوردا تۇرۇپلا ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئاغزىڭىزدىن گەپ چىقىشى بىلەن تەڭ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتىڭىز. سىزنىڭ يىغىڭىزنى ئاڭلاپ مەھكەم يېپىقلىق تۇرغان، قاپتى ئېغىر ئىشىكلەر كەينى-كەينىدىن ئېچىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقارغان كىشىلەر سىزگە ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراش ئىچىدە كۆز تىكتى. بىز دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بەك روھلىنىپ كەتتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن ماڭا ئۇۋال قىلدى، دەپ رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ شىكايەت قىلدىڭىز، ئاغرىندىڭىز، سىز ئاغزىڭىزنى ئۇمچەيتىپ يىغلىدىڭىز، ئاندىن يېشىڭىزدىن كۆپرەك ئاققان ماڭقىڭىزنى يەرگە، ئىشىكلەرگە تاشلىدىڭىز، بىنا پەلەمپىيىنىڭ تۇتقۇچىغا سۈركىدىڭىز. يەرنى تەپكۈچىلەپ خىزمەتتىكى رەھبەرلەرنى تازا تىللىدىڭىز... ئاخىرى سىز ئاساسىي مەسئۇل كىشىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىغا ھۆرمەت بىلەن ئارىغا ئېلىپ كىرىلدىڭىز.

ئەسلىدە مۇنداق ئۇسال تەدبىر قوللىنىش نىيىتىڭىز يوقلۇقىنى، ئىشىڭىزنى كەينىگە سۈرەپ ھەل قىلىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا يۈزىڭىزنى قېلىنلىتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىڭىزنى ئىش ئۆتكەندىلا ئېيتتىڭىز. ھەتتا ئاۋازىڭىزنى پەس چىقىرىپ: بۇداقى چارەمنىڭ ئېقىشىغا ماڭقامنى تاشلاش مۇھىم سەۋەب بولدى، ماڭقامنى قانچە كۆپ، قانچە ياسكىنا تاشلىساق، مەسىلەڭ شۇنچە ئاسان ھەل بولىدىكەن دېدىڭىز. دېگەندەك، ماڭقىڭىزنى تاشلاپ بىر ئايدىن كېيىنلا يېڭى ئۆيگە ئەمەلىيلەشتى. كاتتا بىناغا كۆچۈپ چىقىپ ھۇزۇرلاندىڭىز.

## 5

خېنىڭىزدە دېيىشىڭىزچە، پارتىيىگە كىرىپسىز، بۇنىڭ خۇشاللىقىدا نەچچە كۈنلەرگىچە ئۇخلىيالماپسىز. ياش چاغلىرىڭىزدا پارتىيىنى خۇددى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ئاشىقلارچە ئۈزمەي قوغلىشىپ، پارتىيىنىڭ سىناپ كۆرۈشىگە تەشنا بولۇپ يۈرگەن ئىكەنسىز. ھەتتا ئۆلۈم يا كۆرۈم سىنىقى بىلەن بولسىمۇ پارتىيىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇشنى ئىستىگەن ئىكەنسىز. نەچچە-نەچچە قېتىم چۈشىڭىزدىمۇ ئۇلۇغ قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ قەسەم بەرگەنلىكىڭىزنى

كۆرگەن ئىكەنسىز. كېيىنچە ئاخىرى ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈۋەتكەن ئىكەنسىز. «سىز، پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلار قاتارىغا كىرىسىز، ئائىلىڭىز، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىڭىز چاتاق، پارتىيە سىزنى دەپ ئۆز سېپىنىڭ پاكلىقىنى بۇلغىيالمايدۇ» دەپ گەپىنىڭ ئۇچۇقىنىلا ئېيتقان يولداشتىن مىننەتدار بولغان ۋە يىغلىغان ئىكەنسىز.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە باشلاپسىز. دېھقانلار كەبى توخۇ بېقىپ، ھەر ئەتىگەنلىكى توخۇنىڭ كۆتىنى تۇتۇپ باقىدىكەنسىز، كەچلىكى تۇغۇلغان تۇخۇملارنى ساناپ ئۇنىڭ مۆلچەرىڭىزدىكىگە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىكەنسىز. قۇرۇلۇش ئورنىدىكى خىش ۋە ياغاچ ماتېرىياللارنى «ئوغرىلاپ» ئۆزىڭىزگە كىچىك ئۆي سېلىۋاپسىز ۋە تارتىنماستىن: «ئۆزىمىز ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى تۇرساق، ھۆكۈمەتنىڭ ياغاچلىرىنى ئىشلەتكەنگە نېمە بولاتتى» دەپسىز. ئۆزىڭىز داۋالىغان ئاغرىقلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىپسىز ۋە «سوۋغا بەرگەن شەخسنىڭ، دورا دۆلەتنىڭ» دەپ ئۇلارغا قىممەت باھا دورىلارنى يېزىپ بېرىپسىز، مىجەزىم يوق دەپ كەلگەنلەرگە دەم ئېلىش دەپ شارت-شۇرتلا ئون-يىگىرمە كۈنلۈك ئىسپات يېزىپ بېرىپسىز، پارتىيىگە كىرىدىغان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىز شەرتىم توشمايدۇ دەۋاتىسىز، ئۇلار شەرتىڭىز ئاللىقاچان توشتى دەپتۇ...

ئىككىمىز ئۇچراشقان چاغدا، سىز خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئىكەنسىز.

## 6

جامالىڭىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم قاتتىق غەش بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىدىغان گېپىمنى تاپالماي قالدىم. چىرايىڭىز چوغى ئۆچكەن كۆلگىلا ئوخشاپ قاپتۇ، چوغى ئۆچكەن كۆلنى كۆرگەن بولسامۇ كۆڭلۈم مۇنچىلىك غەش بولمىغان بولاتتى. سىز ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق كىچىككىنە تار ئۆيدە خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇستەك

تونۇۋېتىپسىز. ئۇمۇر بويى ئىشقا ئۆزىنى ئاتقان، جاپا-مۇشەققەتتىن باش تارتمىغان، بايرام ھارپىسىدىمۇ ئۆيگە قايتماي كەلگەن سىزدىن ھەتتا ئوغلىڭىزمۇ تېنىپ كېتىپتۇ، سىزنىڭ كەينى-كەينىدىن باغلىغان ئىرادىڭىزگە ئامىمۇ، رەھبەرلەرمۇ، قېيىنئانىڭىزمۇ سىزدىن ھەسەت قىلىدىغان، خىزمەتداشلىرىڭىزمۇ... ھەتتاكى ئۆز ئېرىڭىزمۇ يول قويماپتۇ، ئېرىڭىز سىزدىن ئاجراشماقچى بوپتۇ. ئۇن نەچچىگە كىرىپ قالغان ئوغلىڭىز جېنىدا سوتتا سىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

مانا بۈگۈن، مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتى سىزنى ئاخىرقى ھېسابتا «ئۆلۈم»گە ھۆكۈم قىلدى. سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىزنى، دەلىل-ئىسپاتلىرىڭىزنى، تەجرىبىدىن قالدۇرغان خاتىرىلىرىڭىزنى تامامەن پەنگە زىت دەپ ئىشەنچىسىزگە چىقاردى. پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇش باشتىلا پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. يەنە كېلىپ ئاشۇ نەرسىلىرىڭىزدىن ئىنتايىن نومۇزلۇق، ئىنتايىن بىلمىسىز بىر چوڭ ئەرباب پايدىلىنىپ، سىزگە يول كۆرسەتكەن. ئەمدىلىكتە بۇ چوڭ ئەرباب بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. تۈنۈگۈنلا تېخى شۇ ئەربابقا خۇشامەتچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەر بىر كېچىنىڭ ئارىلىقىدا يېڭى مەزھەپكە، ئەڭ مودا تەنقىدچىلەرگە، نىجادچىلارغا، ئاۋانگارتلارغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ چوڭ ئەربابنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بولۇپ كەلگەن سىز بىر كېچىنىڭ ئارىلىقىدىلا «ئىرادىسى پەلەكتىن ئۈستۈن، ۋۇجۇدى ھەممىدىن پەس» ھارامزادىگە، ئارزۇ-ئىستىكىگە لايىق ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان بىچارە پەررەندىگە ئايلىنىپ قالدىڭىز. ھەتتا ئېرىڭىز بىلەن ئوغلىڭىزمۇ سىزگە دەل شۇ پەيتتە پۇت ئاتتى.

سىز يىرىلىپ كېتەي دەۋاتىمەن، دېدىڭىز.

سىزنى كونا سەبداشلىرىڭىز، كونا خىزمەتداشلىرىڭىز تىلغا ئالغىنىدا گەپىنىڭ تېگىدىكى گەپنى قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

— خوداغا شۈكۈر، ئۇ ئۈچرىغان پالاكەتكە بىز ئۈچرىمىدۇق!

# پۈتى

## 1

بۇ مەخپىي مەلۇماتنى سىزنىڭ يازغانلىقىڭىزغا ئىشەنگۈم كەلمىدى.

سىز يوق يەردىن تولا ئۈندۈرۈپ، تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسىتىپ، بىر تالاي ئادەمنى سىياسىي جەھەتتە گۇمانلىق دەپ قارىلاپسىز. ئايرىم ئادەم ۋە ئايرىم ئىشلارنى بىر توقاي قىلىپ كۆرسىتىپ، «بۆرە كەلدى، بۆرە كەلدى» دەپ ھەممە مىلتىق-زەمبىرەكلەرنى ئوت ئېچىشقا ۋە ئوۋ ئىتلىرىنى ئېتىلىشقا چىللىغاندەك داۋراڭ سېلىپسىز ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ ئېيتقۇسىز ئەلەم تارتقانلىقىڭىز ئۈستىدە جار سېلىپسىز.

سىز شۇنچە چوڭ ئادەمنىڭ ئېتىنى ئاتاپسىز، ئۇلار ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىدا ئۆزىڭىز بىلەن راھەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولغان يولداشلىرىڭىز ئىدى. ئۆزىڭىزگە قانچىكى يېقىن دوست بولغانلارغا شۇنچە ئۆچمەنلىك قىلىپسىز، ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىڭىزگە يامانلىق قىلغان قاتاردا كۆرۈپسىز.

بۇرۇن شاد ناخشىلارنى ئېيتقان بولسىڭىز، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا نەپرەتلىك ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولۇپ قاپسىز. بۇرۇن قىزغىنلىققا تولغان مۇھەببەت خەتلىرىنى يازغان بولسىڭىز، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا چىشىڭىزنى غىچىرلىتىپ، ھەربىر سۆزنى زىغىرلاپ پاش قىلىش خەتلىرىنى يازىدىغان بولۇپ كېتىپسىز. بۇرۇن گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلگەن بولسىڭىز ئەمدى تەرىڭىزدىن شۇملۇق ياغدۇرىدىغان بولۇپ قاپسىز. يۇمشاق-مۇلايىملىقىڭىزنى تاشلاپ قانخور بولاي دەۋاتامسىز؟

يەنە كېلىپ بۇ قىلغانلىرىڭىز ئۆزىڭىزگە شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە سەمىمىيلىك، شۇنچە مەردانىلىق بولۇپ كۆرۈنگەن. سىز چىدىماي قاپسىز، بۇ ئەلەمنى ئىچىڭىزگە سىغدۇرالماي قاپسىز،

سىز يەرنىڭ تەۋرەپ كېتىشىنى، ۋۇلقانلارنىڭ پارتلىشىنى تىلەۋېتىپسىز... ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ تەڭ گۇم بولسىڭىز، مەيلى دەۋېتىپسىز، يەرگە يېتىپسىز.

## 2

سۇ ئۈزۈش كۆلدە سىز سۇدا لەيلەشنى، شوڭغۇپ نەپەس چىقىرىشنى، سۇ سىيرىشنى ۋە سۇنى تېپىپ قىسىشنى، ئوڭدا يېتىپ ئۈزۈشنى ئۈزمەي مەشىق قىلدىڭىز.

بۇ ئالەمدە ئۆمۈر بويى ياشاپ سۇ ئۈزۈپ باقمىساڭ يوشايمانغا قالامسەن؟ دېگەن ناھايىتى ئاددىي سوئال ئالدىڭىزدا تۇراتتى.

سىز سۇنى ياخشى كۆرەتتىڭىز. دەريا-كۆللەرنى، دېڭىزنى ياخشى كۆرەتتىڭىز. بالىلىق چاغلىرىڭىزدىكى شېرىن خىيالىڭىز دەريالاردا، كۆللەردە، دېڭىزلاردا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈش ئىدى، كىنولاردىن سۇ ئۈزۈشنى، سوغا سەكرەشنى كۆرگەن چاغلىرىڭىزدا ئۇ سىزگە كارامەت چوڭ بولۇپ تۇيۇلاتتى.

بىر مۇنچە تەگتۇشلىرىڭىز: بۇرۇن چىشلىرىمىز ساپساق چاغدا بەيلى دېسەك خوۋاسىمىز مېغىزى تېپىلمايتتى، مانا ئەمدى قايەرگە قارىساڭ خوۋاسىمىز مېغىزى تۇرىدۇ، لېكىن يەيلى دېسەك چىشىمىز يوق، دەپ ھەسرەتلەنگەنلىكىگە قارىماي سىز بالىلىق چاغلىرىڭىزدا دېڭىزغا چۆشكەن ئىشتىياقىڭىزنى قاندۇرۇش يۈرسىتىگە، يېنىسىگە چىقىش يېشىڭىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئىگە بولغانلىقىڭىزدىن قىلچە گۇمانلانمىسىڭىز كېرەك.

سىز ھەسرەت چېكىش ئورنىغا نياۋن سۇ ئۈزۈش كىيىمىدىن بىرنى، رەڭدار رېزىنكە قۇتقۇزۇش بالونىدىن بىرنى، ھەتتا ماتورلۇق رېزىنكە قېيىقتىن بىرنى سېتىۋالدىڭىز. سىز قاچانلا قارىسا مېھمانخانا ئۆيىڭىزدە ماتورلۇق رېزىنكە قېيىققا توشقىچە يەل بېرىپ تۇرىدىغان بولدىڭىز، يەرگە سالغان گىلىمىڭىز زۇمرەت دولقۇنغا ئايلانغاندەك بولۇپ قالدى.

ئالغا بېسىشىڭىز راستىنلا تېز بولدى، سىز باقىچە ۋە ئوگدىسىغا ئۆزۈشنى ئۈگىنىۋالغاندەكلا قىلدىڭىز. بىراق سىزنى رەڭدار قۇتقۇزۇش بالونى چەكلەپ قويۇۋاتاتتى. بىللە سۇ ئۈزگۈچى ھەمراھلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنى قۇتقۇزۇش بالوننى تاشلىۋېتىشكە دەۋەت قىلىشتى. سىز ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى تامامەن قوبۇل قىلىپ، بالوننى تاشلىۋېتىشكە ھەركۈنى بەل باغلىدىڭىز، بالوننى تاشلاپ سۇدا بىمالال ئۈزۈشكە پۈتۈنلەي ئىشەندىڭىز. بىراق سىز رېزىنكە بالونغا يېپىشىشقا ئۆگىنىپ قالغاچقا، بالوننى تاشلاشنى ئويلىغان شۇ مىنۇتتا تۇتقۇچى يوق، تۇسالغۇسى يوق بىمالال غەرق بولۇش تەھدىتىنى بىردىنلا كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈردىڭىز-دە، بالوننى تاشلاش ۋەزىپىسىنى كېيىنكى نۆۋەتكە قالدۇردىڭىز.

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى يەنە كېلىپ قالدى، سىزنى دېڭىز كۈتمەكتە.

## 3

تۆت يۈەن بەش موغا تۆت يۈەن ئۈچ مونى قوشسا، ئۇنىڭغا يەنە بەش مو تۆت فۇڭنى قوشسا قانچە پۇل بولىدۇ؟

ئۆگىنىش، ئۆگىنىش دەيدۇ، تاۋار ئىگىلىك دېگىنى نېمە؟ نېمىدەپ ئەمدى تاۋار ئىگىلىكىنى ئۆگىنىدىكەنمىز؟ ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلىپ، ئەمدىزە...

تاھېلىغىچە ماناۋىن ئىدارە باشلىقى دەرىجىسىدە توختاپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ مەن بىلەن ئىنقىلابقا تەڭ قاتناشقانلارنىڭ بەزىلىرى مەركەزگە رەھبەر بولۇپ قالدى، ھەتتا ئاشۇ كىچىك شۇمتەك چېغىدا بىر تۈلكىنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ.

ئۆزۈڭ تالاشماڭ، خەقنىڭ سەن بىلەن نېمە كارى؟

مېنى دۆت دېگەن كىمكەن ئۇ؟ قېنى قانداق دۆتلۈك قىپتىمەن؟ ئايروپىلان بېلىتىنى يوقىتىپ قويغىنىمغا دۆت بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟ يېپەك پايپاقنىڭ ھۆججىتىنى دورا پۇلى ھۆججىتى دەپ ئۆتكۈزگىنىمگە دۆت

بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟ مېنى كەم دېگەندە يەنە ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈش كېرەك! نېمە، ئۆستۈرۈپ بولدى دەمسەن؟ قاچان ئۆستۈرۈپتۇ؟ ئۆستۈرگەن بولسا نېمىدەپ مائاشىمنى قوشۇپ بەرمەيدۇ؟ قوشۇپ بەردۇق دېگەن كىمكەن ئۇ؟ قوشۇپ بەرگەن پۇلى قېنى؟

دورا! تېز بولۇڭ، دورامنى ئەكىلىپ بېرىڭ! ئىچىم قېتىپ قاپتۇ، دۈرۈس، ئىچىم قېتىپ قاپتۇ! قان بېسىمى، دۈرۈس قان بېسىمى بولۇپ قاپتىمەن! تومۇر ئېلىش، تومۇرغىمۇ پۇل ئالغىنى نېمىسى؟ سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان تۇرساق! تانسا دەمسىلە، كىم سەنلەرنى تانسا ئوينا دەپتۇ؟ تېلېۋىزوردا دەمسەن؟ تېز بول تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەت، ساپلا ئەز بىلەن ئايال بىر-بىرى بىلەن كىشنىشىپ-چىشلىشىپ يۈرىدىغان ئىشلار...

## 4

سىز پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنلا ياشىرىپ قاپسىز.

چېچىڭىزنى قارا بوياپ، بويىنىڭىزغا ئالتۇن زەنجىر، بىلىكىڭىزگە جىگتەبلىيەن بىلەيزۈك تاقىۋاپسىز. ئۈستىڭىزگە شەپەرەڭ پاسونلۇق ئالا كۆڭلەك، ئاستىڭىزغا تار ئىشتان كىيىۋاپسىز. شۇنچە ئىسكەتلىك بويىڭىزنى تەگرىم ياناھىمدا ساقلىسۇن، كەينىڭىزدىن قارىسا شۇنچە زىلۋا كۆرۈنىسىز. بىردىنبىر كەمچىلىكىڭىز چىشىڭىزدا ئىدى، سىز بۇنىڭغىمۇ ئىنقىلابىي تەدبىر قوللىنىپ، مەڭگۈ سەدەپتەك ئاپئاق تۇرىدىغان چىش سالدۇرۇۋاپسىز، سىز قايتىدىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ، ئىككىنچى ياشلىق باھارىڭىزنى باشلاپسىز.

ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئىككىنچى جاپاغا سالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. ئىنقىلابمۇ، كەسىپمۇ، ئاممىنىڭ ئىنكاسىمۇ، ھەتتا مۇھەببەتمۇ ئۆزىڭىزنى جاپاغا سېلىشقا، قۇربان قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالدى. «ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىنقىلابچى بولۇشى ھاجەت ئەمەس ياكى مۇمكىن ئەمەس. ھەممىلا ئادەمنىڭ كىيۇرى خانىم بولۇشى ھاجەت ئەمەس ياكى مۇمكىن ئەمەس (بىر دۆلەتتىكى ئاياللارنىڭ

ھەممىسلا كىيۇرى خانىم بولۇپ كېتىدىغان بولسا، بۇ ھەممىسى چايچى ئايال بولۇپ كەتتى دېگەندىمۇ بەكرەك ئەقىلگە سىغماي قالامدۇ؟! ھەممىلا ئادەمنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ، ئاۋازغا ئىگە بولۇشقا بېرىلىپ كېتىشى ھاجەت ئەمەس — سايلام رىقابىتىگە قاتناشقانلار قانچە كۆپ بولسا، سايلامدا قېيىقىلىش ئېھتىمالى شۇنچە كۆپ بولۇۋاتامدۇ؟ مۇھەببەتنى دەپ ئازابلىنىش، ئەسەبىيلىشىش ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇش ياكى ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ئۆزىڭىزنى ئۆزۈڭ بالاغا تىققانلىق بولۇۋاتامدۇ؟ مۇھەببەتتە ئۇتتۇق قازانغانلارنىڭ، ئارزۇسىغا قانغانلارنىڭ بەختى قانچىلىك ئۇزاق ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ؟ ئاسمان-زېمىننى تەسىرلەندۈرۈپ جىن-ئالۋاستىلارنى يىغلىتىدىغان مۇھەببەت ئەسەرلىرىنى يازغانلار ئۆز مۇھەببىتىگە كەلگەندە ھەممىدىن كۆپ شاللاقلىق ۋە ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتامدۇ؟ ئەنە شۇلارنى چىقىرىۋەتسەم، قالغىنىنىڭ ھەممىسى خۇشاللىق دېگەن سۆز.» شۇنداق قىلىپ سىز ئانىسخانىلاردا، ئاشخانىلاردا، كۇلۇبلاردا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، قېرىغاندا قاش ئېتىپ نازلىنىپ يۈرۈش نېمدېگەن يامانلىق ھە، سىز ياش چاغلىرىڭىزدا قېرى ئاياللارنى كۆرسىڭىز بۇلار نېمىشانداق ئۆزىنى تۇيماي، قېرىغىنىغا تەن بەرمەي تىرىك يۈرىدىغاندۇر، بۇ بەئەينى مۇتتەھەملىكقۇ! دەپ ئەجەبلىنەتتىڭىز. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە يېڭى بىر دۇنياغا كۆز ئېچىپسىز. بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىڭىزگە خاس ئىجتىمائىي ئالاقىگە، ھاۋايى-ھەۋەسكە، ناز-جىلۋىگە، ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئىگە بولۇپ قاپسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرلاشقاندا ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇپ خەير-خوش دېسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇنچىۋالا غەمگە پېتىپ نېمە قىلىسىز؟

## 5

سىز ئاچچىقلاندىڭىز، نەرسىلەرنى چۆرۈپ ئاتقىلى تۇردىڭىز.

داڭقىڭىزغا قىزىقىپ كەلگەن بىرسى بىلەن ئەل-جامائەت ئالدىدىلا تۇساتتىن ۋارقىرىشىپ كەتتىڭىز، ئاغزىڭىزدىن ھەتتا

www.uyghurkitap.com

ئەرلەر ئاڭلىسىمۇ نېرى قاچىدىغان ئېپلاس گەپلەرنى ياغدۇردىڭىز، سىز ئۆتمۈشىڭىزنى ئەسلىگەن، ئەسلىگەنچە پەيكىرىڭىز ئۆچقانىدى، ئەمدى ئۆزىڭىزنى داڭقى ئالەمگە مەشھۇر ئاققۇ ھېسابلاپ، سەت ئۆردەك بالىسىغا ئوخشاپ قالغان چاغلىرىڭىزدا تارتقان ئەلەملىرىڭىزنىڭ ئۆچىنى خورازدىن، ئاق مۈشۈكتىن، دېھقاندىن، دېھقان ئايالدىن، ئۆزىڭىزگە تاش ئاتقان كىچىك بالىلاردىن ئالماقچى بولۇۋاتاتتىڭىز. سىز بارغانلا يېرىڭىزدە كۆسۈلداپ، كۈنگە ئون ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز. جامائەت سىزگە قاراپ چاۋاك چالسا، بويىنىڭىزنى قىسىپ، تىلىڭىزنى چىقىرىپ قويدىڭىز، ئاندىن كېيىن بىردىنلا ئاغزىڭىزنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— سەنلەر قانچىلىك نېمىتىڭ؟ — دەپ ئاھانەت قىلدىڭىز.

ئوتتۇقلىرىڭىز چوڭايغانچە، شۇنچە قورۇنۇپ ياشايدىغان، شۇنچە ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىڭىز!

## 6

سىز بىلەن مۇشۇنداق «قېرىلار سورۇنى» دا ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدىم.

قارىسام چاچلىرىڭىز كۈمۈش رەڭگە ئۆزگىرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە جەھەتتە قىرىق يىلنىڭ ئالدىدىكى پەدىڭىزدە تۇرۇپسىز.

پارقىراشىڭىز، يۇمشاقلىقىڭىز، كۈلكە خۇمار كۆزلىرىڭىز، بۇرۇلۇش ھەرىكىتىڭىز، تەلەپپۇزىڭىز، ئاپئاق چىشلىرىڭىز، جاۋغىيىڭىزدىن ئىزھار بولۇپ تۇرغان ئاق كۆڭۈللۈكلىكىڭىز، تولۇرۇشلىرىڭىز پېتىدىن ئۆزگەرمەپتۇ.

بىراق سىز ئېرىڭىزنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە ئون يىل بولغانلىقىنى ئېيتتىڭىز. ئۆزىڭىز پېنسىيىگە چىققىلى ئۈچ يىل بوپتۇ. نەۋرىڭىز مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۆزىڭىزگە نەۋرىڭىزگە قاراشتىن باشقا ئىش قالماپتۇ.

— ھېلىمۇ مۇزىكىنى شۇنچە ياقتۇرامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.
سىز بىر قاراشتا باش لىڭشىتقاندەك، بىر قاراشتا باش چايقىغاندەك قىلدىڭىز. ئۇنىڭدىن كېيىن سىز ماڭا ئۇغلىڭىزنىڭ نەۋرىڭىزگە رويال ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتىپ:

— رويال ئاسان تېپىلارمۇ؟ — دەپ سورىدىڭىز ۋە پۇراقلىق چايدىن بىر-ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئالەمدىن ئۆتكىڭىز بارلىقىنى ئېيتتىڭىز، چۈنكى، «نەۋرەم مېنى نەگىلىككە سىلىۋاتىدۇ» دېدىڭىز.

— ئۆزىڭىز تېخى ياشلا تۇرۇۋاتىسىز...، — دېدىم مەن تىلىمنى چاينىپ.

سىز خۇددى بىرەر ھاشاراتنى قورۇغاندەك قول شىلتىپ كۈلۈپ قويدىڭىز.

سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب قىرىق يىللىق، ئەللىك يىللىق، ئاتمىش يىللىق ۋاقتىنىڭ ئىزناسى سىزنىڭ تەمكىنلىكىڭىز ئالدىدا قاياققىدۇ يوشۇرۇنغان.

## قۇيرۇقى

ئەچچە كېچىدىن بىرى ئۇيقىڭىز قېچىپ كەتكەچكە، شاقلا چاپان يېپىنىپ ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن چۈشقىتا توقۇلغان ئۇرۇندۇقنى يۆتكەپ كېلىپ قورۇدا ئولتۇردىڭىز.

قورۇدا تىكىلگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان بىر تۈپ چىلان دەرىخىڭىز بولۇپ، بۇرۇن نۇرغۇن مېۋە تۇتىدىكەندۇق، قورۇغا قىزىل ۋە ئالا تاغىل چىلانلار تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەندۇق. بۇ دەرەخ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئانچە مېۋە تۇتمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. تازا كۈچەپ ئىزدىگەندىلا ئۇ يەر-بۇيەردىن ئانچە-مۇنچە چىلان تاپقىلى بولىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى چىلانلىرىڭىز بۇرۇنقىدەك تەملىك، چۈرۈك بولماي قاپتۇ.

پۈتۈن قىش بويى ئوبدان تۇرغان بىر تۈپ مىلان گۈلىڭىز ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن ئۈچەكەشكەندەك سوغۇق شامال تېگىپ بىخ چىقىرالماي قاپتۇ. سۇندۇرۇۋېتەي دېسىڭىز سۇندۇرالمايسىز، پوستىنى سويۇپ يېشىل رەڭگىنى كۆرگەندىن كېيىن سىزدە ئۇنىڭ قايتا ياشىرىدىغانلىقىغا ئۈمىد تۇغۇلۇپتۇ.

كىچىك چېغىڭىزدا مومىڭىز تومۇز يامغۇرى ياغقان ھامان ئۆلۈپ قۇرۇپ كەتمىگەن ھەممە نەرسە باشقىدىن ياشىرىدۇ دەيتتىكەن.

مىلانىنىڭ ھىدىنى يەنە پۇراش ئىمكانىيىتى بولارمىكىن؟

ئاسلان چېغىدا بەك پاسكىنا بىلىنگەن بىر مۈشۈكنى تاشلىۋېتىشنى ئويلىغان بولسىڭىزمۇ قىيالمىغان ئىدىڭىز. كىم ئۇنى بۇ ئۆيگە كەلسۇن دەپتۇ؟ بۈگۈنىنىڭ ئەتىسى، ئەتىنىڭ ئۆگۈنى بار دېگەندەك كۈنلەر كەينى-كەينىدىن ئۆتكەنسېرى «تەقدىر» دېگەننىڭ كاشىلىسى كۆپىيىپ كەتتى.

يېقىندا ئاسلان مۈشۈك ئاقىرىپ، كۆز چاقنىتىدىغان قاردەك ئاپئاق ئۇزۇن مويلۇق بولۇپ قاپتۇ. ئاڭلىسام بۇ مۈشۈك ئىشقى مۇھەببەتكە چىرمىلىپ ھەر كېچىسى جېدەل تېرىيدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئوغرىلىقمۇ ئۆگىنىپتۇ. چاغان مەزگىلىدە توڭلىتىلغان تاسما بېلىقتىن تۆت جىڭنى يەپ كېتىپتۇ. يەنە بىر قېتىم نەپرىتىڭىز قايناپ تېشىپ ئۇنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ پۇخادىن چىقماقچى بولۇپسىزۇ، لېكىن ئاخىرى چىدىماي ئېلىپ قاپسىز.

ئۆزى كەلگەننى تاشلىۋېتىپ نېمە قىلغۇلۇق؟ تاشلىۋېتىش تولىمۇ رەھىمسىزلىك بولىدۇ.

غۇر-غۇر شامال بۇرۇنقىدەكلا يەلپۈپ تۇرماقتا.

يىل-يىل قىلغان يۇلتۇزلار تۇرۇپ ئوچۇق كۆرۈنسە، تۇرۇپ تۇتۇقلىشىپ، بىردەم يىپتەك، سۈرەتتەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلسا، بىردەم يەنە باشقىچە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلماقتا. ئۇنى قورشاۋ شاھمەتى قاتارىدا تاماشا قىلسىڭىزمۇ، ئاتلاپ چاپار قاتارىدا تاماشا قىلسىڭىزمۇ بولىۋېرەتتى، نەچچە ئون يىلنى ئەنە شۇنداق تاماشا

قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئىدىڭىز.

ھەممە ئۇيقۇغا چۆكۈپ جىمجىتلىقتا ياتقاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنى بىردىنلا ئويغاق سەزدىڭىز. سىزگە ھەممە ئىش شۇنچە ئاسان تۇيۇلدى.

سىز بۇ يۇلتۇز ۋەقەسى بىلەن ئۇ يۇلتۇز ۋەقەسىنى ئايرىيالماي قالدىڭىز، بۇ يىلقى يۇلتۇز ۋەقەسى بىلەن مۇندىن ئەللىك يىل بۇرۇنقى ياكى بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇلتۇز ۋەقەسىنى تېخىمۇ ئايرىيالمايتتىڭىز.

ئالايلۇق، مانا ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا ئاتمىشىنچى ياز ۋاقتى بولۇپ قالدى.

بۇ يازدا يامغۇر كۆپىيىپ كەتتى، ئۇچار قۇشلارمۇ بۇرۇنقىدىن جىقلاپ قالدى، ھېلىقى داقا-دۇمباق ياڭرىتىپ، بايراقلارنى لەپىلدىتىپ ئەسەبىيلىك بىلەن قۇشقاچ يوقاتقان يىللاردىكى ئەھۋالنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ يىراقتا قالغانىدى.

ئۇچار قۇشلارنىڭ بىزنى ئەپۇ قىلغانلىقىغا ئىشىنىدىغانسىز؟

— قۇرۇلما دېگەننى ئۆزگەرتىشكە ۋە ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ، — دېگەنىدى ياخشى زامانىنى كۆرەلمىگەن بىر ھېكايىچى سىزگە:

ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

كىچىك چېغىڭىزدىكى ياز كۈنلىرى ئاخشىمى شەھەرلەردىمۇ يالتىراق قوڭغۇزلار، شەپەرەڭلەر بولىدىغان، پاقىلار كۈركىراپ تۇرىدىغان، قاتتىق يامغۇر ياغقاندىن كېيىن خالتا كوچىلارغا تىزغا كەلگۈدەك سۇ يىغىلىپ قالىدىغان، قىش كۈنلىرى قورۇيىڭىزدا ئاغمىخانىلارمۇ كۆزگە چېلىقىدىغان ئىدىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر چۈشكۈرۈكتە مىڭ جىلۋە

## 1

راستىنى ئېيتسام «بۇ ئادەم» نى يېزىش خىيالى مەندە ئۇزۇن يىلنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. شۇ چاغدا ماڭا ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئاتاقلىق جۇڭيى دوختۇرى بىلەن ئالاقە باغلاش نېسىپ بولغانىدى. بۇ پىشقەدەم دوختۇر دادامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغاچقا، كېيىن ئىككىمىز تونۇشۇپ قالدۇق، يەنە كېلىپ ئۇ ھېكايە ئوقۇشقا خۇشتار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىر كۈنى قۇرۇق گەپتىن گەپ چىقىپ گېزىت خەۋەرلىرىدە ئىسمى چىقىپ تۇرىدىغان، بەك كاتتا دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما كىچىك دېيىشكىمۇ زادى بولمايدىغان بىر ئەرباب ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق.

— مەن ئۇنىڭ تارقىلىشچان زۇكام كېسىلىنى داۋالاپ قويغان. بۇ ئادەم ھەتتا چۈشكۈرۈكنىمۇ شۇنچە قاملاشتۇرۇپ ئىسكەتلىك چۈشكۈرىدىكەن، — دېدى پىشقەدەم دوختۇر.

پىشقەدەم دوختۇرنىڭ شۇ گېپى مېنى ئويقۇسىزلىققا مۇپتىلا قىلىپ قويدى. كاللامنى «چۈشكۈرۈشكە ئۇستا كىشى»، «ئىسكەتلىك چۈشكۈرۈك»، «ئىسكەتلىك سالاپەت چۈشكۈرۈكتە»، «ئېسىل چۈشكۈرۈك» دېگەن بىر قاتار تېمىلاردا ھېكايە يېزىش، زاۋىن يېزىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، لىرىك ۋە گۇڭگا شېئىرلارنى يېزىش خىيالى چۇلغىۋالدى. بەلكىم ئىنسپىرەيشىن — ئىلھام دېگىنى شۇ بولسا كېرەك، بەلكىم بۇ مۇھىم بىر بېشارەت ھەم ئاچقۇچ بولسا كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا نيۇتون ئالمىنىڭ ئۆز شېخىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى، ۋات سۇ پارغا ئايلىنىپ چۆگۈنىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە، تولستوي بىر ئايالنىڭ ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ھەققىدىكى ئىجتىمائىي يېڭى خەۋەرنى گېزىتتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن «ئاننا كارېنىنا» نى يېزىش ئىلھامىنى ئالغىنىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇشۇنداق ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنمۇ-يوق، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ.

## 2

بۇ ئادەم خۇددى جۇڭگولۇق، كۇڭزى، جۇڭبىياڭلارنى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدىكى ئۇستازلىرىمنى ۋە «لېنىن ئۆكتەبىر-دە»، «لېنىن 1918-يىلدا» دېگەن فىلىملاردىكى سۆيۈملۈك كىشى ۋاسىلىنى چۈشۈمگەندەك كىرىشكە باشلىدى. چۈشۈمدە بۇ ئادەمنىڭ بوي-تۇرقى ۋاسىلىغا ئوخشايتتى، ئۇ بۇرۇت-ساقاللىرىنى پاك-پاكىز قىرىۋالغانىدى. بۇ چۈش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ تەپسىلاتلىرىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىق ۋە گەۋدىلىك بولماي قېلىشى تۇرغان گەپ، يەنى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ پاكىز پارقىراپ تۇرۇشى ئۆزىنىڭ پۇختىلىقى، تىرىشچانلىقى، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدىغانلىقى ۋە ئېسىل ساقال ئالغۇچ ئەسۋابلارغا ئىگە بولغانلىقى شارائىتىدىن بولغانمۇ ياكى ساقال چىقماسلىقىدىن بولغانمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېيىشكە بولمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، ئۇنىڭ چېچى شالاڭمۇ ئەمەس، قويۇقمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، ئاقمۇ ئەمەس، قۇرغاقمۇ ئەمەس، ھۆلمۇ ئەمەس دەل جايىدا بولۇشى كېرەك. شۇنىسى سەمىڭىزدە بولسۇنكى، چېچى بەك قويۇق بولۇپ كەتسە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىمۇ ئۆزىنى تۇتالمايدىغانلىقى ۋە نېرۋا مىجەزلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. چېچى بەك شالاڭ بولۇپ كەتسە، ھىيلە-مىكىرگە ياكى جىنسىي تۇرمۇشقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ قويىدۇ. چېچى بەك قۇرغاق بولۇپ كەتسە، بۇ سۆزسىز مەرتىۋىسى تۆۋەنلىكىنىڭ، تارىخىي ھەرىكەتلەردە ئىپادىسى دېگەندەك ئوبدان بولمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالىدۇ. چېچى بەك مايلىق، بەك پارقىراق بولۇپ كەتسە ئۇندا ناھايىتى

مەرتىۋىلىك بولۇپ كەلگەن، يەنە كېلىپ ئۆزىمۇ ئۆزىنى سەممىيلىك بىلەن مەرتىۋە ئىگىسى ھېسابلاپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى چۈشۈرۈۋېتىشى شەكسىز.

ئۇنىڭ چىچى بېجىرىم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ يۈزى ۋاسىلىچىدە قەددى-قامىتىگە ناھايىتى ياب (تەڭكەش؟ ماس؟) كېلىدىغان ياپىلاق، چاسا چوڭ يۈز بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ كۆزلىرىچۇ، ھە، مېنىڭچۇ ئۇنى ئاياللارغا خاس، مەڭگۈ يۇلتۇزدەك، ئايدەك ۋە كۆلدىكى شولىدەك خىرە-شىرە پىلىلداپ، چاقناپ، مىتىلداپ، ئىچ-ئىچىدىن ئامراقلىق بېغىشپ تۇرىدىغان، سىزگە خۇددى ناتىلىققىنە بىر سۆيۈپ قويۇشنى ھەرۋاقىت كۈتۈپ ياكى شۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىتىدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆز بولسا دېگۈم كېلىدۇ. ئەمما ئۇ زادى قانداق كۆز بولۇشى كېرەك؟ ئۇنى قوش قاپاق يوغان كۆز بولۇشى كېرەك دېمەكتىن باشقا چارە يوق. چۈشۈمدە كۆرگەن ئادەمنى ئاخىرى كېلىپ مۇشۇنداق قوپال تىل بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكىم ئۈچۈن، رېئالىزم راستىنلا ئاتچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالغانمۇ نېمە دەپ گۇمانىي خىيال سۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

## 3

يېشىغا قاراپ ھەددە دېيىشمىگە توغرا كېلىدىغان بىر ئايال بولداش بار ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا تۇرمۇشنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى-نى يەتكىچە تارتقان، ئالتە يېشىدىن باشلاپلا بالا ئىشچى بولغان، ئون بەش يېشىدىلا يوشۇرۇن پارتىيە تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان. ئۇ گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە تۈك بىلەن ئازابلىغاندا ئادالەت يولىدا مەردلىك كۆرسىتىپ زادى تىز پۈكمىگەن. بىراق ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ راست گەپ قىلىشقا خۇشتار، پىكىر بېرىشكە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن بىرنەم ئۆمرى ئەلەم بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ھاك خۇمدىنىدا ھاك كۆيدۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ھېلىقى بىر يىلى ھارۋا بىلەن ھاكتاش توشۇۋېتىپ ئېگىزدىن خۇمدان تېگىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ

كەتكەندىمۇ ھېچنېمە بولماي ساق قالغان. بۇ ئايالنىڭ ئوبرازىنى نەپىسلىي تەسۋىرلەش قەلەم ھەققى ئۈچۈن پايدىلىق — يەنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇشنى زۆرۈر تاپمىدىم. بىر كۈنى ئۇياق بىلەن ئىككىمىز بىر كىشى توغرىسىدا، يەنى گېزىتلەردە شۆھرەت-داڭقىسى دائىم كۆزگە چېلىقىپ كېلىۋاتقان بىر كىشى توغرىسىدا، يەنى گېزىتلەردە شۆھرەت-داڭقىسى دائىم كۆزگە چېلىقىپ كېلىۋاتقان بىر كىشى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق.

— بۇرۇن، — دېدى ئايال يولداش، — گېزىتلەردە «روھىي ئاق سۆڭەك» لەرنى تەنقىد قىلىدىغان ماقالىلەر چىققاندا، روھىي ئاق سۆڭەكنىڭ نېمىلىكىنى زادى چۈشەنمەي كەلگەنتىم، ئۇ كىشىنى بىرلا كۆرۈپ، روھىي ئاق سۆڭەك دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالدىم.

ھەدىمىزنىڭ سۆزىدە مەنتىمۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ كەم ئىدى، شېئىرىي پىكىر ۋە پەلسەپىۋى چوڭقۇر مەنا تېخىمۇ كەم ئىدى. ئاڭلىشىمچە بۇنى تۈز تەپەككۇر، ھېسسىي تەپەككۇر، مۇجمەل تەپەككۇر دەپ ئاتايدىكەن. بۇنداق تەپەككۇر ئالاھىدە ئىقتىدار بىلەن، تەپەس گۈمبىسى ۋە يىگنىدە داۋالاش بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچى يارىتىلىدىكەن. بۇ گۇمانلىنىشقا دەيمەن. ھەممىدىن مۇھىمى، ھەدىمىز دېۋاتقان ئاق سۆڭەكنىڭ مېنىڭ چۈشۈمدىكى كىشى بىلەن ئوخشاشلىقى، ئالمىشىش مۇمكىنلىكى ۋە سېلىشتۇرۇش مۇمكىنلىكى بار-يوقلۇقىنى چۈشەنمىدىم. چۈش بىلەن چىنلىق پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، پسىخولوگىيە ۋە ئىلاھىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك سىرى. مەسىلىنى مۇشۇنداق قويۇش ئالىي دەرىجىلىك چۈشكۈرىدىغان ئەلپازدا بولغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ.

## 4

قورۇق مۇز — قاتتىق ھالەتتىكى كاربون ئوكسىدى پەيدا قىلغان، ئادەم بەدىنىگە زەھەر يەتكۈزمەيدىغان ئىس-تۈتەك

www.uyghurkitap.com

تارقىلىپ كېتىپ، بېغىررەڭ دۇخاۋا دېرىزە پەردىسى لەپىلدەپ، جىمجىت جايدىن «ھا...» دېگەن سۆزى يوق خور ئاستا-ئاستا ياڭراشقا باشلىغان پەيتتە چۈشۈمدىكى شۇ كىشى پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ چاسا يۈزىدە تارتىنىش تەبەسسۇمى پەيدا بولدىيۇ، لېكىن راست بىلەن يالغانىنىڭ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى بۇ تەبەسسۇم زەن قويۇپ قاراپ بولغىچىلا غايىپ بولدى. پۈتۈن زالدىكى كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇ كىشى كېچىكىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ھېچكىشىگە نەزەرمۇ سالماي پەلتوسىنى يېشىۋەتتى. ئۇ قاراپمۇ باقماستىن پۈتۈنلەي ئۆز سېزىمىنىڭ باشلامچىلىقىدا جامائەت ئارىسىدىكى ھەممىدىن مۇھىم، دەرىجىسى ۋە مەنسىپى ھەممىدىن ئۈستۈن بىر قانچە ئەربابنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ ئەھۋاللاشتى. ئۇ يول يۈرگىنىدە ئالدىغا بىلىنەر-بىلىنمەس ئېڭىشىپ ماڭاتتى، بۇ ھەرىكىتى ئاز-تولا قېرىلىقىدىن، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىززەت-ئابرويىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ يول يۈرگىنىدە ئۆزىگە مەلۇم دەرىجىدە ماي توپلىغان قۇيرۇقنى بىلىنەر-بىلىنمەس تولغاپ ماڭاتتى. بېلىنى بولسا خۇددى داتلىماس پولاتتىن ئومۇرتقىسىنى ئاسرايدىغان ئوق ئورنىتىپ قويۇلغاندەك راۋرۇس ۋە قاتتىق تۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى مەنىسىنى بىلىپ بولمايدىغان نۇر چاقنىتىپ بۇ ياققا كەلگەندىن كېيىن ئالدىدىكى كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سوزغان قولى مۇزدەك سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارماقلىرىنى ئېگىپ قىسىدىغان ياكى ئېگىشكە تەمشىلىدىغان ھېچقانداق ھەرىكىتى يوق ئىدى. ئۇ خالىساڭ تۇت، قولۇڭنى تەگدۈرۈپلا قوي، خالىمىساڭ تۇتما، تەگدۈرمە دېگەندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن تۆت بارمىقىنى سۇنۇپلا قوياتتى. ئۇنىڭ بەشىنچى بارمىقى يەنى مايمۇندىن ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ دىئالېكتىك سەكرەش رولىنى ئوينىغان باش بارمىقى قالغان تۆت بارمىقىدىن شۇنداق يىراق ئىدىكى، كۆزىڭىز يەتسىمۇ قولىڭىز يەتمەيدىغان بۇ باش بارماققا يېقىن يولاش ئارزۇسىدا

بولۇشقىمۇ. شۇنداق ئارزۇنى كۆڭلىڭىزگە پۈكۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىڭىز. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنداق ئۇزۇن، شۇنداق يوغان، شۇنداق سېمىز ئەمما شۇنداق بوش ھەم كۈچسىز ئىدىكى، مۇنداق يۇمشاق، لۆم-لۆم ھەم موس-موس ماددىغا قولىڭىز تېگىپ كېتىدىغان بولسا، يۈرىكىڭىز قاتتىق-سىقىلىپ كېتەتتى. قوللىرىڭىز مۇنداق ئوقۇرى ئېگىز قول بىلەن تونۇشۇشنى رەت قىلغان ھەمدە تونۇشۇشقا زادى جۈرئەت قىلمىغان بولاتتى. قوللىرىڭىزنىڭ تۇيغۇسى ۋە تەپەككۇرىڭىز ئۆز قولىڭىزنىڭ ئۇنداق قول بىلەن بىر تېپتىكى ماددا ئەمەسلىكىنى، ئۇنداق قول بىلەن سېزىم ئالماشتۇرىدىغان، ئىما-ئىشارە قىلىشىدىغان، تۇتۇشىدىغان، سوقۇشىدىغان ۋە ئەقەللىيسى بىرەر قېتىم كۈچ سىناشماق ئوينايدىغان ھېچقانداق ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئاللىقاچان پايقاپ بولغان بولاتتى. ھەتتا قوللىرىڭىزنىڭ تۇيغۇسى تەپەككۇرىڭىز بىلەن بىرلىشىپ، شۇنداق بىر خەۋپنى، يەنى سىز ئۇ كىشى بىلەن ئەستايىدىل قول ئېلىشىدىغان بولسىڭىز ئۆز قولىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىزنى — قولىڭىزنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان بوش پەلەيگە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالىنى ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغان بولاتتى.

مانا بۇمۇ چەكسىز ئىززەتلىك بىر قول توغرىسىدا، باشقا ھەر قانداقلىكى قول تېگىپلا كەتسە ئۇنى غايىپ قىلىۋېتىدىغان بىر قول توغرىسىدا يېزىلسا بولىدىغان ھېكايىچىلىقنىڭ زامانىۋى ھېسسىياتقا باي بېگى بىر ئاچقۇچى. مەن مۇشۇنى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىپ ھەر قىسمى كۆپ توملۇق، ھەر تومى ئۈچ كىتابلىق كاتتا ئەسەردىن بىرنى ياكى بىر قانچىنى يېزىپ پاتېنت ئېلىش ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قالىمەن.

## 5

بولۇپمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۇنىڭ كۆزلىرى. ئۇنىڭ سىزگە سوزغان يۇمشاق قولىنى تۇتقىنىڭىزدا ياكى ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقىنىڭىزدا، قولىڭىز ئاشۇ مۇزدەك سوغۇق لۆم-لۆم نەرسىگە سەللا تەگكەن چېغىدا، ئۇ كۆزلىرىنى دەرھال

باشقا ياققا بۇرايدۇ. قول ئېلىشىش ۋە تىنچلىق سورىشىش ئادىتى كۆپ ھاللاردا ئاددىي كىشىلەرنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئاۋۋال قول بېرىپ تىنچلىق سوراشقا سايلا ئاددىي كىشىلەر ھەممىدىن ئاسان ئادەتلىنىپ قالغان. پېقىرنىڭمۇ ئۆتمۈش يىللاردا ئاشۇنداق ئۇسال ئەھۋالغا قېلىپ ئازابلانغان چاغلىرىم كۆپ بولغان. ئەمما بۇنىڭدا قانداقتۇ كەمسىندۈرۈش مەنىسى بار دەپ خۇدۇكسىنىپ يۈرمەسلىك لازىم. كۆزنى ئېقىپچىش بەلكىم ئىزا تارتقانلىقتىن، ئالاھىدە بىر خىل ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكتىن، چېچەن پاكىزلىقتىن بولىدىغاندۇر. كۆز نۇرى بىلەن كۆز نۇرى ئۇچراشسا بەلكىم قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى يوقتۇرغاندۇر. نەپەسلىنىش ئەزالىرى بىر-بىرى بىلەن ئالاقە باغلىسا بەلكىم نەپەس يولىنى يۇقۇملاندۇرۇپ، ئۆپكە سىلى، ئۆپكە كېسىلى يوقتۇرىدىغاندۇر. ھەزىم قىلىش ئەزالىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشسا بەلكىم جىگەر كېسىلى، باكتېرىيىلىك ۋە ئامېبالىق تولغاق يوقتۇرىدىغاندۇر. جىنسىي ئەزالار ئەيدىز كېسەلنى ھەممە يەرگە تارقاتقۇچى كۆۋرۈكتۇر، بۇ ئۆزۈكنىڭ شورى! ئۇنداقتا كۆز نۇرىچۇ، تېببىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى كۆز نۇرىنىڭ ئۇچرىشىشى، ئۆتۈشۈشى ۋە بىرلىشىشى قانداق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى نېمىشقا تەتقىق قىلىپ باقمايدىكىنا! ئالايلۇق، رادىئاكتىپ نۇر كېسىلى، خامۇشلۇق كېسىلى ۋە چېچىلغاقلىق كېسىلى، ئەر-ئاياللارنىڭ بۇزۇقلۇق كېسىلى ۋە مىش-مىش خەۋەرلەرنى تارقىتىش كېسىلى شۇنىڭدەك غوجامنىڭ چىرايىغا، شامالنىڭ ئېقىشىغا، خەقنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىش كېسىلى ھەممە يەرگە سۆزسىز كۆز نۇرى ئارقىلىق يوققان.

ئۇ كىشى ئەزەلدىن ئاددىي كىشىلەرگە نەزەر سېلىپ باقمايتتى.

## 6

ۋەقەلىكنىڭ تەسىرلىك [illegible]نى ھەرگىز چەتكە قاقماسلىق كېرەك. پېقىرنى قانداقتۇر «ئۇچتىن خالى» ھېكايە يېزىشنى ۋە

ۋەقەلىكنىڭ سۇس-نەمسىز بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ دېگەنلەر بولدى، بۇ ماڭا ھەقىقەتەنمۇ يامان غەرەز بىلەن ئارتىلغان تۆھمەت. مېنى ئېغىر بىر ئويغا تارتىشنىڭ ئۆزى بىر پارچە ھېكايە بولالايدۇ دېگۈچىلەرمۇ بولدى، مەن بۇنداق دېگۈچىلەرگە ئويغا تارتىپمۇ قويمايمەن، ھېكايىنىڭ خام ماتېرىيالى تەجرىبىلىك ھېكايە يازغۇچىلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى بىلەن ۋەقەلىكى ئەگرى-توقاي، مۇكەممەل ھەم كىشىنى زوقلاندۇرۇپ ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان ھېكايىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۇ مۇنداق ھېكايە بولۇشى كېرەك: ئاتاقلىق بىر روھىي كېسەل دوختۇرى بولغان بولسۇن — بۇ دوختۇرنىڭ ئوبرازىنى، كەچۈرمىشىنى، خاراكتېرىنى، جانلىق تىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى، دوست-دۈشمەنلىرىنى سىزىپ كۆرسىتىش ھېكايە يازغۇچىلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلىدۇر — ئەنە شۇ ئاتاقلىق دوختۇر بىر ئاغرىق ئايالنى كۈتۈۋالغان بولسۇن — مانا بۇ ھېكايە قالتىسمىكەن؟ ئۇنى ئاخىرىغىچە ئوقۇشنى خالامسىز-يوق؟

ئاغرىق ئايال ئوبدانلا تەربىيە كۆرگەن، كاللىسى ناھايىتى ساز، كېلىپ چىقىشى، كۆرگەن تەربىيىسى، خىزمەت تارىخى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، روھىي ساپاسى، مۇھەببەت كەچۈرمىشى ۋە جىنسىي جەھەتلىرىدە تىل تەگكۈزگۈدەك يېرى يوق، ئۇ ئۆزىنى ساغلام ھېسابلايدىغان بىر مۇنچە كىشىلەردىن ساغلامراق ئايال. ئۇنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىشىدىكى سەۋەب، يېقىندىن بۇيان ئۇ قاتتىق ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋېتىپ تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ كېتىدىغان، قېرىنداش قەلەم ياكى قايچا دېگەندەك قولىغا چىققانلا نەرسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ كۆزىگە سانجىدىغان، ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئۆزى زەخىملەندۈرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالغان. ئۆزىگە تولىمۇ ئامراق ۋە بەك كۆيۈنىدىغان ئېرى (بۇنداق ئەرتۇرمۇشتا ئاز تېپىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئالاھىدە كۆچ چىقىرىپ ئوبدان يېزىش لازىم) نىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدىلا، ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆز قارىچۇقى ئامان قالغان، يېقىندىن

بىرى ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئۇتتاقلىقى تولا قوزغىلىۋەرگەچكە، ئۇخلىغاندىن كېيىن قانداقتۇ بىر قاملاشماسلىق بولۇۋاتقاندەك قىلغانلىقىنى ئايالىنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرى سېزىپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە كېلىشى ئەنە شۇ ۋەجىدىن بولغان.

شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، مانا بۇلار ھېكايىنىڭ ناھايىتى ئوبدان باشلانمىسى بولالايدۇ، ئۇنى شۇ تەرىقىدە يېزىۋېرىش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھېكايە يېزىشنىڭ ئەنە شۇنداق ئاجايىپ ياخشى يولى يېڭى ئېقىمغا ئاللىقاچان ۋەكىللىك قىلالماس بولۇپ قالغان، ئاپتورنى خىجىل قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئىزا تارتىش ئىنسانىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن چوڭ دۈشمەندۇر.

## 7

مىسال ئۈچۈن كىشىلەر مەجلىس ئېچىۋاتقان، سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان، مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان، مۇكاپات تارقىتىلىشىنى كۈتۈۋاتقان... ياكى باشقا بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقان چاغلارنى ئالايلى، ئۇ كىشى كېچىكىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشى ھەممىنى بىئارام قىلىدۇ. ئارىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئاخىرى مۇراسىم ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ، كىشىلەر ئۇ كىشى بىلەن بىر ئۆينىڭ ئىچىدە بىللە ئولتۇرۇش تەسلىكىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇ كىشى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زالنى تەشۋىش قاپلايدۇ. قىزىق سۆزلەۋاتقانلار سۆزلىرىم جايىدا بولماي قېلىۋاتامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئابرويلۇق كىشىلەر تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان قوپال گەپلەرنى قىلىپ سالىدۇ. تاماكا چېكىۋاتقانلار ئوتى قولىدا قىسقىلىق تۇرغان تاماكىسىنى دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، چاي ئىچىۋاتقانلار بولسا، چاي گېلىمىزدا سەت غورتۇلداپ ئاشۇ جانابنى خاپا قىلىپ قويمىسۇن دەپ يۇتۇشنى توختىتىدۇ. دەرۋەقە ئۇلار ئىستاكاننى يەرگە قويۇپ،

ئاغزىدىكى چاينى ياندۇرۇۋېتىشكىمۇ پېتىنمايدۇ. ئۇلار ئەھۋالدا بولىدىغان ئۆزگىرىشنى ئېنىق بايقىمىغىچە، ئىچكەن پېتى قىل ئۇيان-قىل بۇيان قىلماي تۇرۇۋېرىدۇكى، گويا ۋاقىتمۇ، چايمۇ ۋە يۈرەكمۇ ئاشمايدىغان-كېمىمەيدىغان، ئۆرلىمەيدىغان-پەسەيمەيدىغان قىلىپ ئۆز جايىدا توختىتىپ قويۇلغاندەك، يەنى ھەممە نەرسە توڭلىتىپ قويۇلغاندەك بولىدۇ.

ئۇ كىشى كېيىم ئاسقۇچنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، گويا ئۇ ئېلىشقا قول سوزمىسىمۇ پەلتوسى ئۇچۇپ كېلىپ مۈرىسىگە قونغاندەك، ئۇ مۈرىسىنى قىمىرلىتىش بىلەنلا پەلتوسى ئۈچىسىغا يېپىنچاقلىنىپ قالغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ بوش پەلتوسى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆشنىسىگە لىككىدە چۈشكەندە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قېتىپ تۇرغان پېتىدىن ئۆزگەرمەيدۇ، ئورنىدىنلا قوزغىلىدۇكى، چىرايلىق قېلىپىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيدۇ، بۇنى «مۇتلەق قاتتىق جىسىم» ھەرىكىتى دېسە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. پەلتونى ئەنە شۇنداق لىككىدە يېپىنىشنىڭ ئۆزى ئاددىي ئادەملەرنى قاتتىق ئىزاغا قويىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ، قىزغاندۇرىدۇ، تەلمۈرتىدۇ، ئاددىي ئادەملەر ئۇنى ھەر قانچە دوراپمۇ ئۆگىنىۋالالمايدۇ. بۇ ھەرىكەتتە ئىسكەتلىك دېگەن ئۇقۇم تولىمۇ كەملىك قىلىدۇ. ئۇنى بىر خىل جاسارەت، تۇغما تالانت، چەبدەسلىك، ئۆزىگە ئىشەنگەنلىك، سەگەك شېرىن مەستلىك دېيىشكە بولىدۇ. پۈتۈن زالدىكىلەر بۇنداق گۈزەل ھەرىكەتتە ھەيران بولۇپ قېتىپ قالىدۇ.

ئۇ پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ ئەرلەر تارەتخانىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.

## 8

ئوڭۇشسىزلىقنى كۆپ تارتقان ۋە زاتىدىن تەرسا مىجەز كەلگەن بىر قېرى كىشى ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ياكى شۇ تىپتىكى چۈشكۈرۈكچى كىشى بىلەن دوست بوپتىكەن، جەڭ مەيدانلىرىدا بىر-بىرىنى قۇتقۇزۇۋاپتىكەن، تۇرمۇشتا سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەپتىكەن، بىر-بىرىدىن بىلىم ئېلىپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپتىكەن.

www.uyghurkitap.com

شۇ قېرى كىشى سۆزلەپ بەرگەن بىر ۋەقە زادى خىيالىمدىن كەتمەيدۇ.

ھېلىقى بىر يىلى بۇ قېرى كىشى ئۇخلۇشسىزلىققا ئۇچراپتۇ. ئۇ ئەيىبلىنىپ، گۇمانغا قېلىپ، تەنقىدلىنىپ بەك يالغۇز قاپتۇ، دەردىنى ئېيتىدىغان يەر، ھالىغا يېتىدىغان ئەر تاپالماپتۇ. ئۇ بىر دەملىك ئاچچىقنىڭ كۈچى بىلەن بىرىنچى قەۋەتتىن يەتتىنچى قەۋەتكە چىقىپ چىقىپ ئۆزىنى پەسكە تاشلىۋالماقچى بوپتۇ. ھالقىلىق پەيتتە قايتىدىن ئەقلىنى تاپقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش دوستلار چاققانلىق بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بەختسىزلىكتىن ئامان قاپتۇ. بىر بەس ياخشى گەپلەر بىلەن نەسىھەت، يامان گەپلەر بىلەن تەنقىد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ جان بىلەن تويىنىشىدىغان ئۇنداق خىيالنى ئىككىنچى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ ھەمدە ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇۋالغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ قۇتقۇزىمىز دەپ بىكار ئاۋارە بولغانلىقىنى، مۇبادا ئۆزىنى راستىن پەسكە ئاتقان بولسا ھېچكىمنىڭ تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەر خاتىرجەم بولۇپ ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ، ئۇ ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئۇخلۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى بۇ كىشى ھېلىقى چۈشكۈرۈكچى بىلەن دەرۋازىسى بىر قورۇنىڭ ئىچىدە، يەنى «ئۇخلۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» ئالدىنقى قورۇدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيدە، «چۈشكۈرۈكچى» ئارقا ھويلىدا تۇرىدىكەندۇق. ئىككىسى لالما ئىتتەك پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان «ئۇخلۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» خالتا كوچىغا كىرگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز كەينىدىن ماشىنا چاقىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كەينىگە قارايلا ئۇنىڭ «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. ئۇ ماشىنىدا ئولتۇرغان «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ سىم تور توسۇپ تۇرغان ئېگىز ھەم كېلىشكەن قەددى-قامىتىنى كۆرۈپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بۇ ياخشى دوستى بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلگەن بولسىمۇ لېكىن كاشىلا

بولغۇسى كەلمىگەن «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۈتمىگەندە دەرۋازا ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ھېچ بولمىغاندا «چۈشكۈرۈكچى» گە: بۇرادەر، ئازابلىنىۋاتىمەن، كاللامدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ! دېگەن بولسا، «چۈشكۈرۈكچى» بۇنىڭغا جاۋابەن: «مەن سېنى چۈشىنىمەن، تولا غەم قىلما» دېگەن بولسا، ياكى: «كەچۈرگىن، مەن بۇ ئىشنى نەچچە ۋاقىتتىن سۈرۈشتۈرۈپ باقمايمەن، باشقا بىر ۋاقىت چىقىرىپ سۆزلىشەيلى، بولامدۇ؟» دېگەن بولسا، ياكى ھېچ بولمىغاندا: «كاللاڭدىن ئۆتمىسمۇ ئوبدان ئويلان! سېنىڭ مەسىلەڭ بەك ئېغىر، سەندىن بەكمۇ رايىم قايتتى!» دېگەن بولسا، شۇنىڭ ئۆزىمۇ كۆڭۈل ئۈلگىلىكى بولار ئىكەندۇق. «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» ئەزەلدىن خۇشامەتچىنى ئەمەس، چىن دوستىنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەن.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇ بوپتۇكى، ئۇنىڭدىن ئۇن قەدەمچە نېرىدا توختىغان ماشىنا شۇ جايىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قاپتۇ. ئىشىكى چىڭ يېپىلغان، دەرىزىسى مەھكەم ئېتىلگەن، پەردىسى تولۇق تارتىلغان پېتى خۇددى ئۆلۈك نەرسىدەك قىمىر قىلماي تۇرۇپتۇ. «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» ئۆز خىيالىدا ماشىنىدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ دەپ، ئۈچ قەدەمنى بىر ئاتلاپ بېرىپ ماشىنىنى ئىتتىرىشىپ بېرىشكە تەمشىلىپتۇ-يۇ، بىردىنلا...

ئۇ «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلمەيۋاتقانىدەك قىلغانلىقىنى بىردىنلا چۈشىنىپتۇ! مۇبادا ماشىنىدىن چاتاق چىققان بولسا شوپۇر ياكى ماشىنىدا ئولتۇرغۇچى يەرگە چۈشۈپ قاراپ باققان بولاتتى دېگەن يەرگە كەپتۇ!

«ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» ئۈچ مىنۇت قىرىق بىر سېكۇنتقىچە كۈتۈپ تۇرۇپ بېقىپتۇ. بۇ ئۈچ مىنۇت قىرىق بىر سېكۇنت ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۇنى ھەممىدىن چوڭ ساۋاققا ۋە ھەممىدىن چوڭ

ھاسىلاتقا ئىگە قىلغان ۋاقىت بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ ساددا، تولىمۇ زەئىپ ئىكەنلىكىنى، دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيانلىق خام خىيال، قۇرۇق ئۈمىدكە ... بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەنە شۇ ئۈچ مىنۇت قىرىق بىر سېكۇنتتىن كېيىنلا چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئارىدىن بىر يېرىم مىنۇت ئۆتكەندە — نېمە دېگەن چوڭ سەۋر-تاقەت — «چۈشكۈرۈكچى» جاناب جىددىي ئەمما چىرايلىقىنا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

## 9

پىشقىلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىنكى پىكىر بويىچە، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» بۇ كىشى تېمىنىڭ سىرتىدا قالغان، خالىغاندا ئەكىلىپ قوشۇپ قويساڭ بولىدىغان شەخس بولماسلىقى كېرەك. ھېكايە يېزىش داۋامىدا شەخسىيەرنى خالىغانچە قوشۇپ قويۇش، ئۇلارنىڭ نام-ئاتىقىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى بېكىتىش ھەقىقەتەنمۇ «بوياقچىلىق» بولىدۇ. پەقەت «ئاسمان ئېگىز، زېمىن قېلىن، قىش نېمە دېگەن سوغۇق، دېڭىز بىپايان» دېگەنگە ئوخشاشلارنى كۆپرەك يازغاندىلا ئاندىن ئاددىي — ساددىلىقتا ۋە چىنلىقتا توغرا كېلىدۇ.

مەن «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نى روھىي كېسەل ئايالنىڭ تاغىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باققانىدىم. لېكىن ئۇنداقتا ئۇنىڭ ۋە ئايالنىڭ جەددى-جەمەتىدىن روھىي كېسەل بولغان تارىخقا دارتىملاپتۇ دېگەن گۇمان پەيدا بولاتتى. «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇ-چى» ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىگىنىدە چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئېغىر-بېسىقلىقى، خالىسلىقى ۋە تەمكىنلىكى مېنى شۇنداق ئىش راست بولغانمىدىكىنا دېگەن گۇمانغا سېلىپ قويىدى. بەلكىم سېھىرلىك رېئالىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن رېئاللىق بىلەن خىيالىي سېزىمنى ئايرىۋالالمىغان بولسا كېرەك، بەلكىم كىمكى ئۆز قاملىسىنىڭ نېمىلىكىنى، تۇرار جايىنىڭ نەدىلىكىنى،



www.uyghurkitap.com

نىمىنىڭ ئەمەلدە يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە نىمىنىڭ خىيالىي سىزىمدىن يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەپ قانچىكى جاكارلىسا، شۇنىڭ دۇنياغا قەدەم قويغان ئەدىب بولۇشى ئېھتىمالغا شۇنچە يېقىن بولسا كېرەك دېگەننى ئويلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن باشقىچە يول تاللاپ، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نى ئاتاقلىق روھىي كېسەل دوختۇرىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاكىسى، يەنى قېيىنئاغىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم. دوختۇر بىر كۈنى قېيىنئاغىسى بىلەن كېسەللىك ئۈستىدە سۆزلىشىپتۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ دوختۇرلۇق ئەخلاقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئاغرىقنىڭ ئىسمىنى چىقارماپتۇ.

قېيىنئاغىسى بولۇنغان گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئاغرىقنى ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ قالتىس ئىسكەتلىك چوشكۇرگۈچىنىڭ يېنىدا ئىشلىگەن شىياۋ تيەنگە ئوخشىتىپ ھەيران قاپتۇ. شىياۋ تيەن ھازىر قېرىپ لاۋ تيەنگە ئايلىنىپ قالغان. قېيىنئاغا بولغۇچى بۇ ئاغرىقتا تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز غەمخورلۇق بىلەن جان كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نىڭ خەيرىخاھ، كۆيۈمچان كۆڭلىنى ئۇنىڭ ئوڭۇشسىز كەچۈرمىشلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، بىر قىسىم ھېسسىياتىنىڭ رېئال تايانچىسىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى بىلەن چۈشۈندۈرۈشكە بولىدۇ. ھەتتا ھازىرقى رومانلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بويىچە، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نى شىياۋ تيەنگە ئاللىقاچان بىر كېچىدىلا باشقىلارغىمۇ تۇيدۇرماي، ئۆزىمۇ سەزمەي ئاشىق بولۇپ قالغان، يۈرىكىگە بىر چوغ يوشۇرۇنغان،... كۆڭلى تولىمۇ مەيۈس، ئىشقى تولۇپ تاشقان، ئەمما ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن ھەممە جەھەتتىن غەپلەت بېسىپ، 30 يىلغىچە غەپلەتتە ياتقان، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرىكىدىكى ئوت يانغان، ئۆزى ھەرىكەتكە كەلگەن، ئازابلانغان ۋە:

ئىخ، مۇھەببەت، مۇھەببەت
ئۇيغاتتى ھەممىنى سېھىرلىق كۈچۈڭ

www.uyghurkitap.com

دەپ شادلانغان قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ.

فرىدچە ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم يېڭى ئېقىم ھەم ئەنئەنىۋى مىراس بولۇش جەھەتتە قالتىس جۇمۇ.

## 10

دوختۇر ئاغرىق ئايالغا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ.

بۇ ئۇسۇل ھەيران قالغۇدەك روھىي تەسىر قوزغاش كۈچىگە ئىگە. بەزىلەر ئادەمنىڭ روھىي پائالىيىتىنى «ئىچكى ئالەم» دەيدۇ، مەن بولسام ئۇنى كۆپرەك چوڭقۇر قۇدۇققا ئوخشىتىمەن بۇ يەردە قاتلامنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىكى قىممەتكە باھا بېرىشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. بەلكىم كىشىلەر قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ياغاچ قاپقاق، قۇدۇق سۈيىنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا ۋە قۇدۇق تېمىنى مۇھىم ئەمەس دېيىشەر؛ ئەمما قۇدۇق سۈيىنىڭ تېگىگە ئورناپ قالغان قۇمنى قىممەتكە ئىگە دەپ دەۋا قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىرادە ۋە ئەقىل ھەممە كىشىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى. ئەمما ھەممە كىشىنى تەڭشەپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر. ئىرادە ۋە ئەقىل بىر خىل سىقىلىشقا ئايلىنىپ خىلمۇ خىل ساختا ۋە غەيرىي ھالەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىرادە ۋە ئەقىل بىر خىل ئورۇنلاشتۇرغۇچىغا، يورۇتقۇچىغا، ئەقىل-پاراسەتكە مۇۋاپىق ھوشيارلىق ھەم شاد-خۇراملىق باشلامچىسىغا ئايلىنىپ، خىلمۇ خىل گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق مېۋىسىنى ھاسىل قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، مېنىڭچە، يورۇتقۇچىدىن مەھرۇم بولۇپ ياكى ۋاقتىنچە مەھرۇم بولۇپ، ئۆزىنى قالايمىقانچىلىق ۋە توقۇنۇشتىن خالىي قىلالماي قالغان كىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان ئىچكى ھېسسىياتىغا دۇچ كەلگىنىدە، خۇددى چوقىدا تۇرۇپ تېگىگە كۆز يەتمەيدىغان قاراڭغۇ ھاڭغا قاراۋاتقاندەك قورقۇنچقا چۈشىمەن، خۇددى موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتسەڭ ئاقىۋىتىڭنىڭ نېمە بولارىنى بىلمەيۋاتقاندەك بېشىڭ قېيىپ، كۆزلىرىڭ ئالا چەكمەن بولۇۋاتقانلىقىنى

ھېس قىلسەن، ئۇنىڭ ئۇتىنەك يالقۇنلۇق، زىددىيەتلىك، ئۆز تەپسىگە تاقىلداۋاتقان ئارزۇسىنىڭ ۋە شۇ ئارزۇدىن پەيدا بولغان ھەسسەتخورلۇق، قورقۇنچاقلىق، شۇملۇق ۋە چاپلاشقاقلىقتا گۇۋاھچى ئىچكى دۇنيا سىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئادەم دىققەت قىلىشتىن قورقىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى، كىشىلىك مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسەن. ئىرادە ۋە ئەقىلدىن مەھرۇم بولغان ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۆلگەن تۇشقانغا قاراپ يىغلىغان تۈلكىنىڭكىدەك ئىچ ئاغرىتىش، ئازابلىنىش ھېسسىياتىنى بىرلا ۋاقىتتا دېمىگە خاس «ئىچىنىش» يەنە كېلىپ تۇغما «ئىپتىدائىي ئىچىنىش» جۇشقۇنلۇقى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. سەھرادىكى كالا پادىسىنى ئالساق، باققان يەردىن قايتىۋېتىپ كېلىۋاتقان كالىلار ئەتىگەندە كالا بوغۇزلانغان يەرگە كەلگەندە، بېشىنى سىلكىپ، يەرنى چاپچىپ، پۈتۈن ئەزايىنى تىترەپ ناھايىتى ئېچىنىشلىق مۆرەشكە باشلايدۇ. مانا بۇ ئۇلار تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆرگەن تەربىيىنىڭ ۋە قوبۇل قىلغان تەسىرنىڭ نەتىجىسى بولماستىن بەلكى مۇتلەق «ئىپتىدائىي ئىچىنىش» دېمەكتۇر.

## 11

ناغرىن ئايال لاۋنىيەن مۇنداق دەيتۇ:

— كۆز، كۆز، ئۇ نېمىشقا كۆزىنى ھەمىشلا يوشۇرۇۋالىدۇ ھە! ئۇ مېنى ئالداپ ئۆزىگە چوقۇندۇردى، ئۇ مېنىڭ قىزغىن كۆڭلۈمنى، شېرىن چۈشۈمنى ئالداپ كەتتى! مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆردۈم، مەن ئۇنى كۆردۈم!

مەن ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىدىم، ئۇ ناخشا ئېيتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى مىزگاننىڭ ئۆزى! ① ئۇ دولقۇن ئۈستىدە ماڭدى، ئاسماندا ماڭدى، ئاسماندا ئۇچتى، ئۇ بۇلۇت ئارىسىدىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم، شۇ تەرەپكە

① مىزگان — سۇغا يىلىق مۆزىكىنىڭ بىر خىلى، جانلىق تىلدا شۇنداق دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

قوغلاپ ماڭدىم، مەن ئۇنى چۆرىدەپ چاپتىم، قول ياغلىقىمنى ئويناپ ئاتتىم، ئۇ مېنى قوغلاۋاتقاندەك، مەن ئۇنى قوغلاۋاتقاندەك بولدۇم! مەن ئۇنىڭغا گۈل تۇتماقچى بولدۇم، ئۇنى قۇچاقلىماقچى، ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشمەكچى بولدۇم. ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزمەكچى، تويلىمىنىڭ بوغۇچىنى چىگىپ قويماقچى بولدۇم، ئۇنىڭغا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم. ئۇ ئاغزىنى ئۇمچەيتتى، ئۇنىڭ ئاغزى ئىتنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدۇ! بۆرىنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدۇ! چوشقىنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدۇ! ئۇ مېنى چىشلىمەكچى، قول-پۇتلىرىمنى، بەدىنىمنى چاينىماقچى بولۇۋاتىدۇ! مەن ئۇنى سۆيەتتىم، ياخشى كۆرەتتىم، سۆيەتتىم... ئۆمرۈمدە بىرلا ياخشى كۆرگەن ئادىمىم شۇ... بىراق ئۇ مېنى ئالدىدى، ئۇ بۆرە! ئۇ بۆرىدىن تۆرەلگەن نەرسە! ئۇ ئادەم يەيدۇ! يەپ بولغاندىن كېيىن قولىنى ماڭا يۇغۇزىدۇ، بويىنى يۇغۇزىدۇ، پۇتىنى يۇغۇزىدۇ! ئۇ مېنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىمەن، مەن ئۇنىڭغا تالىق، مەن ئاللىقاچانلا ئۇنىڭغا تالىق بولۇپ كەتكەن. بىراق ئۇ ماڭا ئەزەلدىن بىرەر قېتىممۇ نەزەر سېلىپ قويغىنى يوق! ئۇ ئەزەلدىن ھېچ كىشىگە بىرەر قېتىم نەزەر سېلىپ باققان ئەمەس! ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىنىلا كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ تىرناقلىرىنى، يېڭىنىڭ ئۇچىنى، پۇتىنى، بويىنىنى، ساغرىسىنىلا كۆرىدۇ، ئۇ قاچانلا قارىسا ئۆزىنىڭ ساغرىسىغىلا نەزەر سالىدۇ. ھاھاھا! ئۇ نېمە دەپ ماڭا بىرەر قېتىم نەزەر سېلىپ قويمايدۇ ھە! مەن ئۇنىڭ ھېسابىغا پۇل تۆلەپ قويغان! ئۇنىڭدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلىپ باقمىغان. مەن ئۆلۈك، مەن ئۆلگەن كىشى بىلىۋاتامسىلەر؟ مېنى ئاشۇ ئادەم قەستلەپ ئۆلتۈردى، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىمەن دېگەن بولۇپ، پىچاق بىلەن مېنى نەچچە پارچە قىلىۋەتتى، يەنە تېخى پارچىلانغان گۆشۈمنى چايناپ كۆرۈپ ما يېرى بولمايدىكەن، ما يېرى ئەسكىكەن دەپ يېگەنلىرىنى بىراقلا ياندۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر مۇنچە بەلغەممۇ ياندۇردى، مەن ئۇنى قول ياغلىقىم بىلەن پاكىز سۈرتۈۋەتتىم، ماڭا بىرەر

قىتىم قاراپ قويۇڭ دەپ يالۋۇردۇم، كېيىن ئۇ ماڭا ناھايىتى ئېچىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ مەن ئۇچۇن يىغلىغانمۇ بولدى، بىراق ئۇنىڭ يېشى كۆزىدىن ئاققىنى يوق، ئۇنىڭدا كۆز نەمىش قىلسۇن، ئۇنىڭدا بارى ملتىقنىڭ تۆشۈكى...

بۇ بىر ئابىزاس ئېرىسپ بولمىغان قارنىڭ پۈرىقىغا ئوخشاپ قالغانمۇ-يوق بىلمىدىم.

## 12

لۇشۈن ئۆزىنىڭ «نىكاھدىن ئاجرىشىش» دېگەن ھېكايىسىدە چى دارىنىنىڭ چۈشكۈرۈش ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە بىر مۇنچە سەھىپە ئاجراتقان. دېھقان ئايال ئەي گۇ خېلى ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە، ھە دېسىلا ھايۋاندىن ھايۋانغا سېلىپ تىللايدىغان، «باش كېسىشتىن قورقماي، خانىنى ئاتتىن سۆرەپ چۈرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان» ناھايىتى جىگەرلىك ئايال ئىكەندۇق. بىراق چى دارىن بىرلا چۈشكۈرگەن ھەمدە «كەلە» دەپ ۋارقىرىغان. ھامان، ئۇ ئىختىيارسىز بويسۇندىكەن. گەرچە بۇ ھېكايىدە چى دارىننىڭ چۈشكۈرۈشى دېگەندەك جانلىق، ئىنچىكە تەسۋىرلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋە ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىلا ئۇنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان. شۇنچە قارام-جىگەرلىك دېھقان ئايالنى بىردىنلا بويسۇندۇرالىغان چۈشكۈرۈك نېمە دېگەن سۈرلۈك، ئامانلىق ۋە تەرتىپ ساقلاشتا نەقەدەر پايدىلىق چۈشكۈرۈك ھە!

شاڭخەيدە چىقىدىغان «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1988-يىل 4-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى سانىنىڭ 3-بېتىگە — يەكشەنبىلىك سانىنىڭ چەت ئەل خەۋەرلىرى سەھىپىسىگە مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى:

«ئەنگلىيىدە 26 ياشلىق ھامىلدار ئايال ژىن.كيۇداش بىر يەرنى ئاجايىپ قاتتىق چۈشكۈرگەنلىكى... ئۇچۇن تولغىقى تۇتۇپ مۇددىتىدىن ئىككى ئاي بۇرۇن... ئېغىرلىقى ئاران ئىككى قاداق ئالتە ئۈنسىيە كېلىدىغان بىر ئوغۇل بالا تۇغقان... سولدىكى

سۈرەتتە: قىزىق چۈشكۈرۈۋاتقان ژىن، كېيۇداش ۋە ئۇنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇپ نەھۋالى تۇراقلىشىپ قالغان بوۋىقى...»

خەلقئارالىق خەۋەر قىممىتىگە ئىگە مۇنداق چۈشكۈرۈك دۆلىتىمىزدە ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ! چەت ئەلنىڭ ئېيى دۈگىلەك، تارەتخانىسى يۇراقلىق بولۇپلا قالماي، چەت ئەلنىڭ چۈشكۈرۈكىمۇ نوچى! بۇنىڭغا قايىل بولمىسىڭىز، قېنى چۈشكۈرۈپ بېقىڭ، بالدۇر تۇغۇۋېتەمسىز كەن - يوق؟!

پېقىر «ھەرىكەت ئادەمنىڭ ئىسكەتىنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن يارىماس نەسىرىمدە مۇھىم بىر ئەرباب (ئايال) جىڭ جېنىنىڭ چۈشكۈرۈشىنى تەسۋىرلەپ بىر مۇنچە سىياھ سەرپ قىلغان بولساممۇ، لېكىن بەربىر كۆڭلۈمدىكىدەك چىقماي قالغانىدى، بۇنى ئۆزۈمنىڭ ماھارىتى بەك ناچارلىقىدىن كۆرىمەن. مۇبادا بالزاك ياكى تولستويىنىڭكىدەك پىششىق ماھارىتىم بولغىنىدا، جىڭ جېنىنىڭ چۈشكۈرۈشىنى چوڭقۇر، تەپسىلىي، جانلىق قىلىپ ناھايىتى ئۆتكۈر، تەسىرلىك يازالامدىم-يوق، بىر كۆرۈپ باققان بولاتتىم!

مەزكۇر ئەسەردىكى چۈشكۈرۈكنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپلا يېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. يەنە كېلىپ پېشقەدەم جۇڭيى دوختۇرىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست-يالغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇنىڭ «ئىسكەت» نىڭ قىممىتىگە باھا بېرىشتىكى خاھىشىنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلسۇن؟ تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان جانلىق ھېسسىياتىڭ كەم بولسا، خۇددى يازغۇچى دېڭ يۇمېي ئېيتقاندەك، خىيال لاچىنلىرىڭنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سۇرلۇك چۈشكۈرۈككە، قۇدرەتلىك چۈشكۈرۈككە، قىزىقچى ھەييارلارچە چۈشكۈرۈككە ھەر ھالدا يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان مىساللار تېپىلدى، ئەمدى ئىسكەتلىك نازۇك چۈشكۈرۈك قانداق بولۇشى كېرەك؟

بىز ئۇنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئۇ چۈشكۈرۈكچى باشتا ھەممە مەۋجۇداتلارنى گىياھچىلىك كۆزگە ئىلمايدىغان بىپەرۋالىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، كۈلۈمسىرەۋېتىپ ئىختىيارسىز قانداقتۇ



www.uyghurkitap.com

بىر قاملاشماسلىقنى سەزدى. بۇرۇن بوشلۇقنىڭ ئىچكى تەرىپى بىلەن كۆز چانىقى يېقىن تۇتاشقان جايدا كىچىككىنە سىگنال پائالىيىتى، كىچىككىنە پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. ئۇ ئەسلىدە دەرھال چۈشكۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولغىنىدىمۇ دەرھال چۈشكۈرۈۋەتكەن بولاتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئامېرىكانلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇرۇش رىقابىتىگە توغرا كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئۇرۇش رىقابىتىگە ئۇستا نەيرەڭۋازلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى، پۇرسەتتىن بولسا زىياپەتتە ئويۇن كۆرسەتكەندەك ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشى — ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسكەتىسىز ئىكەنلىكىنى بۇرنىنى يۇرۇشتۇرۇش-كېرىش يولى بىلەن ئىپادىلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يېنىدىن قول ياغلىقىنى چىقاردى. ئۇ قول ياغلىقىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ پاكىزلىقتا ئالىيجاناپلىقىنى ۋە ھەممە ئەرسىنى تەللىكىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن چىقارغانىدى. ئۇ ئۆز قول ياغلىقىنىڭ پۈتۈن مەيدانىنىڭ مەركىزىگە، ھەممە خالايىقنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلىنىشىنى، كىشىلەرنىڭ يىغىن مەزمۇنىنىمۇ، بارلىق يىغىن ئەھلىنىمۇ. ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىنىمۇ، تار قاراشلىرىنىمۇ، شەخسىي غەرەزلىرىنىمۇ. ھەممە چاكىنىلىق ۋە ئالىيجاناپلىقنىمۇ دەرھال يادىدىن چىقىرىپ، جاھاندىن بىخەۋەر بولۇپ، ئاشۇ قولياغلىقىلا كۆز تىككىنىنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتى. ئۇ قول ياغلىقىنى ناھايىتى زور ئىشەنچ بىلەن بىر سىلكىپ قويدى ھەمدە بۇرنىنىڭ، قاڭشىرىنىڭ ۋە يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرىنى يۇرۇشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانداقتۇ كۆرەڭلىك بىلەن ئۆز-ئۆزىدىن ھوزۇرلىنىشقا ئايلاندۇردى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشكۈردى. بۇ چۈشكۈرۈكتىن ئاۋاز چىقمىدى ياكى دۇخوۋوي چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن قاچقان يەلدەكلا ئاۋاز چىقتى. ئەمما ئۇ ئوبرازلىق،

ئۆز-ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتۇرغۇدەك ئوبرازلىق بولدى.

ماناا ئەمدى ئىسكەت دېگەننىڭ سىرى ۋە ماھىيىتىگە يېتىشكە باشلىدۇ. ئىسكەت دېمەك ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش دېگەن سۆز ئىكەن، ئىسكەت دېمەك ئۆز-ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىش دېگەن سۆز ئىكەن، ئىسكەت دېمەك ئۆز-ئۆزىنى مەڭگۈ ئوبدان، مەڭگۈ ئېسىل ھېس قىلىش دېگەن سۆز ئىكەن. شۇنچە ياخشى شەرتكە ئىگە ئاشۇ كىشى تۈگۈل، سەن بىر ھېيىپ كىشى بولغىنىڭدىمۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خان دەپ راستىن ئىشەنگىنىڭلا بولساڭ، خانغا لايىق ئىسكەتكە ئىگە بولىدىكەنسەن. بۇنىڭدا ھەرىكەت مەشقى ھەتتا مۇسكۇلنى كونترول قىلىش مەشقى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز. بۇنىڭدا ھەممىدىن مۇھىمى شەكىل ئەمەس مەنە، بۇ شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىپ مەنىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان شاگىخەيلىك دوستلارنىڭ پىكرىگە زىت. مۇبادا سەن ئۆز-ئۆزۈڭنى چىندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئاكاڭ قارىغاي جامائىدا بىرىنچى دېگەن مەنىگە ئىگە قىلساڭ، خانىرەك جەم بولسۇنكى، بىر چۈشكۈرۈش بىلەنلا خۇددى ئۇن يىللىق مۇھەببەت بىلەن سايلانغان زۇڭتۇڭ ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىدىن چەكسىز ھۇزۇرلانغاندەك ھۇزۇر سۈرىسەن.

## 13

ئەمدى ئاشۇ يادرولۇق ئەرابىنىڭ چۈشكۈرىكى ئۈستىدىكى تەسۋىرىمىزنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سىلجىتايلى. ئۇنىڭ ئىپادىلىگىنى چۈشكۈرۈك ئەمەس، بەلكى قىل سىغمايدىغان سوغۇق ئەمما تولىمۇ نازاكەتلىك كۈلكە، ھەم مۇھەببەت باغلاۋاتقاندىكىدەك سىلىق-سىپايە. ھەم ئادەم ئۆلتۈرۈۋشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقان چاغدىكىدەك سوغۇق كۈلكە ئىدى.

خۇددى «ھېچنېمىنى نەزەرگە ئىلماسلىق» ئۇنىڭ كۆز ئىپادىسىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى بولغاندەك، سوغۇق كۈلۈشمۇ ئۇنىڭ

چىراي ئىپادىسىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ قىزغىن، ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى قىلغىنىدىكى سوغۇق كۈلۈش ئىپادىسى شۇنچە گەۋدىلىك تۈس ئالاتتى.

ئۇ قىزغىن، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى قىلىشقا ئامراق ئىدى، سۆزلەشتىن بۇرۇن مۇنداق دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى: مەن بەك ھاياجانلىنىۋاتىمەن، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يالقۇنلۇق بىر نۇر لاۋۇلداۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن.

مېنىڭ ئۇلۇغۋار دەۋرىمىز، ئۇلۇغۋار دۆلىتىمىز، ئۇلۇغۋار تۇرمۇشىمىز، ئۇلۇغۋار ئاددىي كىشىلىرىمىز توغرىسىدا توختالغۇم كېلىۋاتىدۇ. مۇنداق ئۇلۇغ تېما ئۈستىدە توختىلىش ماڭا باب كەلمەيدۇ، چۈنكى مەن ئەرزىمەس ئادەم. مەن ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز يولىدا ئۆزىنىڭ باشلىق باھارىنى، ھاياتىنى، بەختىنى تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ باتۇرلارنى ئويلىغىنىمدا ھەمىشە كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىيالماي قالىمەن. دېمىسىمۇ بىزنىڭ ئۇخلاپ يېتىشقا، ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ بىغەم يېتىشقا، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىشكە ھەققىمىز يوق. بىز غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ قالساق بولمايدۇ... (بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇۋالدۇ!) بىز شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئالدىدا، گۈزەل زېمىن ئالدىدا، ئۇۋاقلىرىمىزنىڭ تەبەسسۇمى ئالدىدا ياشانغان كىشىلىرىمىزنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار ئالدىدا... يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشىمىز لازىم. ھازىر راھەت كۆرىدىغان پەيت ئەمەس، نام-شۆھرەت ۋە مەرتىۋىدىن ئېغىز ئاچىدىغان پەيت ئەمەس، قول ئۇزىتىپ ھەق تەلەپ قىلىدىغان پەيت ئەمەس، بولۇپمۇ شەرەپ قوغلىشىپ سودىلىشىپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەس... ھىم، مېنىڭ يۈرەك قېتىمدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ جامائەتنىڭ يۈرەك تېشىدا بولسىمۇ يېنىپ، ئۇچقۇنلاپ، نۇر چېچىپ كۆز چاقنىتىدىغان ئالامەتكە ئايلىنىشىنى تىلەيمەن...

ئۇنىڭ ھەممىدىن تەسىرلىك سۆزلىگەن ۋاقتى سوغۇق كۈلكە ئالامىتىنىڭ ھەممىدىن روشەن چېلىقىدىغان ۋاقتى بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەتەي قىلىۋاتقان، بولۇپمۇ ياساملىق بىلەن قىلىۋاتقان ھەرىكىتى

ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. بەلكىم ئالىيجاناب غايىچىنىڭ سەمەرىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقى، قاشلىرى، بۇرنى، بولۇپمۇ ئاغزى يۇرۇشۇشقا، ئۆمچىيىشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ راستىنلا يىغلىغۇسى كېلەتتى، دېمىسىمۇ ئۇ يىغلاڭغۇ ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئاۋۇ ئۇچرايدىغان چىراي ئىپادىسى، ئۇنىڭ ئۇسسىگە سۆزى ۋە ئاۋازى بىلەن ئۆزىنىڭ ئايال كاتىپىنى، بىر كېيىنكى كۈنلەردە ئاغرىق ئايالغا ئايلانغانلىقىنى تاماغا ئالغان شىپاۋ تېپەنىنى — يەنى لاۋ تەيىنى مەيۈن قىلىۋالغانىدى. ئەنە شۇ ئاغرىق ئايال تۇرغان يەردە مەزكۇر ھېكايىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى «قىزىقتۇرالىشى» تۇرغان گەپ.

## 14

ئۇ كىشىنىڭ ئاۋازىمۇ ناھايىتى جايىدا ئىدى. ئۇ ئەتەي كونترول قىلىنغان ۋە پەسەيتىلگەن، ساددا، مۇلايىم كەلگەن، ھېسداشلىق قوزغاش ۋە مۇكەممەللىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئوبدان، 10 گېرتستىن 30 مىڭ گېرتسقىچە ئاۋاز چىقىرالايدىغان. ئەمما ھەممە كونۇپكىلارنى تۈز بىلەن بىر ئارىلىقتا بۇراشنى چىقىدىغان ناۋۇشتا ئوخشايدىغان ياس ئاۋاز ئىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى ئۆلچەملىك بولۇپ، ھەر بىر سۆزنى دانە-دانە ئېيتاتتى. سائىتىگە ئۈچ مىڭدەك سۆزنى تەلەپپۇز قىلاتتى، توختايدىغان يېرى ۋە رېتىمى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كىشى ھەر بىر سۆزنىلا ئەمەس، بەلكى تىنىش بەلگىلىرىنىمۇ پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىگە قېنىق سۆسۈن رەڭلىك شايىنى، مۇقامى تۆۋەن ئەمما سىزىلىش سىستېمىسى ئېنىق ماي بوياق رەسىمنى (خۇددى روسىيىلىك بىر رەسسام سىزغان، يېقىندا نوي قىلغاندا يېڭى ھوجرامغا ئاسقان «ئىشىك يېنىدا» دېگەن رەسىمگە ئوخشاش رەسىمنى) ئەسلىتەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئاۋازى ساغا شالىيابىن بىلەن پول روبسوننى ۋە ۋاتىكان پاپىسىنى ئەسلىتەتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بىردىنبىر كەمچىلىكى سەل سەھنە يۈرىقى. سەل قەدىمىي دراما يۈرىقى، سەل دېكلاماتسىيە يۈرىقى چىقىپ تۇرغانلىقىدا ئىدى. ئۇ بۇ دېكلاماتسىيىسىنى چىن دىلىدىن ئېيتاتتى. ئۇ ئۆمۈر بويى شېئىر ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ باقمىغانلىقىغا قارىماي شائىر ئىدى. ئۇ قايناق شېئىرىي ھېسسىياتتىن چىن كۆڭلى بىلەن ھوزۇرلىناتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر ئويغىنىپ، ياتقىدا باشقا ھېچكىم بولمىسىمۇ: ۋاھ، مانا قالتىس يېڭى بىر كۈن باشلاندى! دەيتتى.

مۇبادا ئۇ كۆكتات سېتىۋېلىشقا چىقىدىغان بولسا مۇنداق دېگەن بولاتتى:

سۆيۈملۈك كۆكتات ساتقۇچى قىزچاق، قېنىقىزىل پەمىدۇرىڭىزدىن بىر جىڭ سېتىپ بېرەمسىز؟

بۇ بىر توقۇلما. چۈنكى ئۇ كەم دېگەندە ئايال كاتىپقا ئىگە بولغاندىن كېيىن كۆكتات سېتىۋېلىشقا چىقمايدۇ. شياۋتيەن كۆكتات ئېلىپ كەلسە، ئۇ كىشى پۇلنى تۆلەيدىغان چاغدا زوۋانى تۇتۇلغاندەك پەس كارتىلدىغان ئاۋاز، ھاۋا سىلكىنگەندەك بىر خىل سىرلىق ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئاندىن كېيىن چىرايىدىن بىرلا تەگرى ئىپادىلىيەلەيدىغان مەنىۋەتلىك تەبەسسۇم، ناھايىتى سوغۇق تەبەسسۇم ئىزھار قىلىدۇكى، ئايال كاتىپ ھوشىدىن كېتىشكە قىل قالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايال كاتىپ كۆكتات ئېلىپ كەلسە ھەرگىز ھېساب ئۆتكۈزمەيدىغان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭمۇ مۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسى تەگمەيدۇ.

چەت ئەللىك بىر مۇخبىر ئۇ كىشى بىلەن ئاسادىيىپى يەتتە مىنۇتلا ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم بەئەينى كومېدىيە چولپىنىغا ئوخشايدىكەن دېگەنمىش.

دراما ئارتىسىدىن بىرى ئۇ كىشى بىلەن 20 مىنۇتلا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزىدىن ئىززا تارتىپ، ئۆز-ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ

ئارتۇقچە تەرلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شوك بولۇپ قېلىشقا تاس قالغانمىش.

## 15

يازغۇچى جاڭ شىنشىن ئۆز ۋاقتىدا ماڭا جۇڭگوغا خاس سىياسىي ئاتالغۇلارنى ۋە سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى يازماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەنىدى. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پىكرنى «ئەدەبىي ئوبزور» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 1-سانىدىكى بىر ماقالىدىنمۇ كۆردۈم. بۇ ماقالىدە بىر مەزگىل ئاققان سىياسىي تەكەللۇپ سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئىنتايىن تەسكە توختايدىغانلىقى، ئۇلارنى ھەر قانچە ئوبدان تەرجىمە قىلغان ھالەتتىمۇ چەت ئەل كىتابخانلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا چۈشىنىشلىك بولمايدىغانلىقى، «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش»، «بىرگە زەربە بېرىپ ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «جانلىق ئۆگىنىپ جانلىق ئىشلىتىش، جىددىي ئېھتىياجلىقلىرىنى ئاۋۋال ئۆگىنىپ دەرھال ئۈنۈم قازىنىش» دېگەنگە ئوخشاشلارنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە ھەقىقەتەن يوتىلىكاشاڭ، «ئۆتكىلى بولمايدىغان» ھاڭ بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئوبزورچى جى خۇڭجېن پىقىرنىڭ «قىش ھەققىدە پاراڭ» دېگەن يارىماس ئەسىرىگە باھا بەرگەن چېغىدا پىقىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قىلىپ مودا بولۇپ قالغان سىياسىي تەكەللۇپ سۆزلەرنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا ۋە قوراشتۇرۇپ پايدىلىنىشقا ئۇستا (ئاساسىي مەنىسى شۇنداقتەك قىلغان) دېگەننى كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يارىماس ئەسىرىدە چوڭ ئۈمىد يوقتەك قىلىدۇ.

مەن چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق مەسىلىنى سەزدىم. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك ئاتاقلىق ئايال يازغۇچى دورىس لېسسىڭنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئوقۇغان چېغىمدا، ئۇنىڭدا لىبېراللار پارتىيىسى، كابىنېت، پارلامېنت

توغرىسىدا يېزىلغان سۆزلەر ماڭا سىرتتىن قوشۇلۇپ قالغاندەك بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان تۇيۇلدى. بۇلارنى يېزىپ بولغىچە يېمەك-ئىچمەك، ئەر-ئاياللارنىلا، نېرۋا ۋە كۆز ياشلىرىنىلا يازغان بولسا نېمىشقا ياخشى بولماسىمىدى؟ دەپ ئويلىدىم.

بىراق پاكىت ئۇنداق ئەمەس. ۋەقەلىك قاتناشچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىياسەت ھەم كونكرېت ھەم جانلىق نەرسىكى، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكىمۇ، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۆزۈڭنى قاچۇرىدىغان بولساڭ شەخسلەرنىڭ رېئاللىقىنى تامامەن يوققا چىقارغان بولىسەن. تەلەيچان تەنقىدچى ئۈچۈن ئېيتقاندا رېئاللىقنى يوققا چىقىرىشنىڭ ئۆزى سىياسىي خاراكتېرگە ياتىدۇ.

ئاشۇ جۇشكۇرۇكچى دوستىمىزنىڭ كۆز يېشى پۈتۈنلەي سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغان ۋاقتى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەڭ داڭلىقى ئۈچ قېتىم.

ئۇ ئۈچىنچى قېتىم 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئاشۇ سىياسىي ھەرىكەت ۋاقتىدا ياش تۆككەن. شۇ چاغدا ئۇ سۆزگە چىقىپ ياشىنىپ قالغان ۋە ئىككى كۆزى كۆرمەس دېگۈدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان بىر تارىخچىنى پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان. داڭقى تونۇلغان ئۇ تارىخچى مۇنەپەككۇر گويا تۈرلۈك پاكىتلارنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە تارىخىي دەلىللەرنى ئىسپاتلايدىغان ۋەقەلىكنى ئۆزگە ھېچقانداق داۋلىسى ئاڭلاشنى خالىمىغان بولسا كېرەك. بۇ تارىخچىغا «ياردەم بېرىش» قارار قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشۇ «جۇشكۇرۇكچى» قارار قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشۇ «جۇشكۇرۇكچى» جاناب ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ ئاۋانگارات بولۇشقا ئالدىرىمىغاندەك قىياپەتتە تۇرغان. ئۇ باللارچە خام ئىش قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن-دە. ئۇ ئۆزىنى سىرلىق ۋەزمىن تۇتقان. بولۇپمۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاشۇ قارا باستان تارىخچى مۇنەپەككۇرگە ناھايىتى

ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يۈرگەنلىكى سىياسىي جەھەتتە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق تارىخچى مۇتەبەككۇرنى گاڭگىرىتىپ قويغان. «مۇتەبەككۇر» ئاشۇ «چۈشكۈرۈكچى» جانابىنىڭ قېشىغا غۇدۇراپ ھال ئېيتقىلى بارغان ۋە ئۇنىڭ خەير-خاھلىقىغا، ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان. دېمەك چۈشكۈرۈكچى سۆزگە چىقىشنى ئەنە شۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە تەلەپ قىلغان.

ئۇ بۇ قېتىمقى سۆزىدە باشقىچە يول تۇتۇپ ئۆز ھاياجىنىنى ۋە يۈرىكىدە يېنىۋاتقان ئوتنى تەكىتلىمىگەن، مۇلايىم ھەم سىلىق ئاۋازدا سۆزلىگەن. ئۇ «مۇتەبەككۇر» نىڭ ئۇنىڭغا غۇدۇراپ ھال ئېيتقانلىقىنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دېگۈدەك پاش قىلغان ھەمدە بۇنداق شەخسلەر ئارىسىدا بولغان غۇدۇراشنى ئالاھىدە ئىش قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىللە باشقىلارنىڭمۇ تارىخچى مۇتەبەككۇرنىڭ مەسىلىسىنى بېكىتىشتە، ئۇنىڭ خەلق دۈشمەنلىرى قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەن-كەتمىگەنلىكىگە باھا بېرىشتە يالغۇز ئۇنىڭ غۇدۇراپ ئېيتقان بىرنەچچە ئېغىز گېپىنىلا ئاساس قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەن. ئۇ: مېنىڭ بۇ يەردە سۆزلەۋاتقانلىرىمنىڭ مەنىسى «مۇتەبەككۇر» غا مەسلىھەت بېرىش، مەن ئادەمنىڭ ھەممە ئوي-ھەرىكىتى پاك بولۇشى، ئاشكارا بولۇشى، خۇددى خرۇستالدەك سۈزۈك ھەم مەزمۇت بولۇشى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى ھەممە نەرسىنى يورۇققا ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتىشى كېرەكلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن دېگەن.

ئۇ تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەن: سىز تاقەت قىلىشنى ئېيتتىڭىز. سىز نېمىگە تاقەت قىلماقچى؟ تاقىتىڭىزنى كىمگە قاراتماقچى؟ ئىلىم ئىشىدا تاقەت قىلماقچىمۇ؟ سىزنىڭ سەۋر-تاقەت بىلەن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىڭىزغا كىم توسقۇنلۇق قىپتۇ؟ تاقەت قىلىمەن دېگەنلىك بىئارام بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. بىئارام بولغانلار تاقەت قىلىشقا موھتاج. مۇبادا ئۆزىڭىز شاد-خۇرام، كۆڭلىڭىز

كۆتۈرەڭگۈ، كەيىمىز باختى بولىدىغان بولسا، سىزگە تاقەت قىلىش نېمىگە كېرەك بولاتتى؟ دېمەك بۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى، خاپا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى، ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. قېنى ئېيتىڭچۇ، سىز نېمىگە ئازابلىنىسىز؟ خەلق ئاممىسى غەلىبە قازانغان بۈگۈنكى كۈندە قانداق ئادەم خۇددى دوزاخقا چۈشۈپ ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلىنىپ تاقەت قىلىش دېگەن پروگراممىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ تاقەت قىلىپ نېمىنى كۈتمەكچى، نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ كۈتكىنىڭىزگە ئېرىشەلمىسىڭىز قانداق قىلماقچى؟ سىزنىڭ تاقىتىڭىزنىڭ چېكى بارمۇ ياكى چېكى يوقمۇ؟ چېكىدىن ئېشىپ كەتسە قانداق قىلماقچىسىز؟

## 16

ئاز نەرسە قىممەتلىك دېگەن گەپ بار. «تاقەت» ئۇستىدىكى تەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەھلىللەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ھەرگىز ئازغا كىرمەيتتى. شۇڭا يۇقىرىدىكى ئەسلىمە ياكى توقۇلمىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېر ۋە ئالاھىدە رول يارىتىشقا پايدىسى يوق. ھېكايە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزگىچىلىك (شەخسلىك) بىرىنچى مۇكاپات چىققان لاتارىيە بېلىتىگە ئوخشىسا، ئومۇملۇق مۇكاپات چىقماي بىكار كەتكەن «لاتارىيە بېلىتى»گە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مىقدار نىسبىتى 1:1500000 بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككىسىنىڭ قىممەت نىسبىتى 0: ا خەلق يىلى| 1000000 بولۇشى مۇمكىن. دىففېرېنسىئال-ئىنتېگرال قائىدىسى بويىچە ئالغاندىمۇ چەكسىز چوڭ سانىنىڭ نۆلگە نىسبىتى بولۇشى مۇمكىن. خاراكتېر ھەققىدىكى ھەر بىر ئابزاس نەسىر ئازدۇر-كۆپتۇر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندەك، ھەر بىر لاتارىيە بېلىتىمۇ قۇرۇق ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ... ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ بىرىنچى مۇكاپات چىققان ھەقىقىي لاتارىيە بېلىتىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن بىر مىليون بەش يۈز مىڭ مىتىر يىراق تۇرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ «ئاشۇ» جانابى «چۈشكۈركۈچى»نىڭ تاقەت

قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان چاغدىكى كەيپىياتى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان. خۇددى بەزى كاتتا سىياسەتچى كارلارنىڭ: ئاساسىي گەپ نېمە ئىش قىلىشتا ئەمەس، شۇ ئىشنى قانداق قىلىشتا دەپ ئاللىقاچان كۆرسەتكىنىدەك، ئۇنىڭ سۆزى باللىققا خاس ئاددىيلىق ۋە قوپاللىقتىن خالىي بولغان. ئۇنىڭ سۆزى ئالدىراقسانلىقتىن، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ۋە خىزمەت كۆرسىتىشكە نەپسى تاقىلدايدىغان چاكىنىلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان. ئۇ پۈتۈن زالنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ، ئۆزىنى ئۆزى تىترەككە سېلىشنىمۇ كۆزلىمەي، ئاۋازىنى پەسىرەك چىقارغان. ياق، ئۇ سۆزلىگەندە باشقىلاردا جۈملىدىن تارىخچى مۇتەپەككۇردا قوزغايدىغان تەسىرنى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز بىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشنى كۆزلىگەن. ياكى بولمىسا، بىر مەزگىل قالتىس داغ چىقارغان بىر يازغۇچىنىڭ ئامېرىكىدا «مەن بېزىقچىلىق قىلىشتا ئۆز ئارزۇيۇمنى قاندۇرۇشنى كۆزلەيمەن» دەپ ئېيتقىنىدەك ئىش قىلغان. ئۇ ھەر بىر سۆزنى دانە-دانە ھەم توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان، پېقىر بايا ئېيتقىنىمدەك، ھەتتا تىنىش بەلگىلىرىگىچە ئېنىق پەرق ئېتىشكە بولىدىغان دەرىجىدە ئېنىق سۆزلەيدىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇشقا قارىماي، ئاۋازىنىڭ سىغىمچانلىقىنى شۇ قەدەر ئاجىزلاشتۇرغانكى، بەزىلەر تۇرۇپ-تۇرۇپلا ھېلى نېمە دېدىڭىز دەپ سوئال قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ «تافەت قىلىش» دېگەن سۆزنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تارىخچى مۇتەپەككۇرنىڭ باشقا خاتالىقلىرىنى تەھلىل قىلىپ سۆزلىشى خۇددى پۈۋەك كەمپۈت يېيىشكە ئوخشاپ قالغان، يەنى ئۇ ئۆز تەھلىلىنى خۇددى پۈۋەك كەمپۈتنى بىردەم تىلى بىلەن يالاشتۇرۇپ، بىر دەم ئۇتتۇر چىشى بىلەن يوش چىشلەپ، بىردەم ئېزىق چىشىغا ئېلىپ چايناپ، بىردەم سول قوۋۇزىغا. بىردەم ئۈستۈنكى ئولۈك تاڭلىيىغا يۆتكەپ، گويا ئاغزىدا ئاق گۈل ئېچىلدۇرغان كەبى پۈۋەك چىقىرىپ چايناپ سۆزلىگەن. بىراق ئۇنىڭ

ئۆزى چىقارغان يۈۋەكنى ھەرگىز بىرىلدۈرمايدىغانلىقى، يۈۋەكنى يۇقىرى-تۆۋەن، ئالدى-كەينى، ئوڭ-سول، دېگەن ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقتا ئايلاندۇرۇپ ھەربىكەتكە سالىدىغانلىقى ھەمدە ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ تۆتىنچىسىدە خىيالى ۋاقىتقىچە ھەرىكەتكە سالغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئىچىگە شورىۋالىدىغانلىقى، بۇ شوراشتىن يۈۋەكنىڭ قارسىلداپ يېرىلىش ئاۋازى ئەمەس، بەلكى چاكىلداش ئاۋازى چىقىدىغانلىقى، ئېنگلىزچە «موزى» دەپ ئاتىلىدىغان مۆتىۋەرلەرچە خاراكتېرگە ئىگە بۇ جانابىنىڭ قارسىلدىغان ئاۋاز ئەمەس، چاكىلدىغان ئاۋاز چىقىرالايدىغانلىقى ئېسىڭىزدە بولسۇن.

ئۇ ناشىلارنىڭ خاتالىقىنى تەھلىل قىلسا، ھەقىقەتەن تەھلىلدىن كۆل چىقىرالايدۇ.

## 17

ئۇ يۈۋەك كەمپۈتنى قانچە چايقىغاندىن كېيىن، سەل چارچىغانلىقىنى، ئاۋازى سەل پۈتۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نەسىرلىنىشكە، ھاياجانلىنىشقا باشلىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:

— سىز مەن ھۆرمەتلەيدىغان ئالىم، سىز بىزگە پېشۋا. مەن سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتىم. بىز ئالىملارغا بەكمۇ موھتاج. بىز ھەقىقىي، ئالىيجاناب، كەمتەر، ئوچۇق-يورۇق، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئالىملارغا موھتاج. بىز سىزنىڭ ئالىملىق يۇقىرى ئابرويىڭىزنىڭ ناپۇت بولۇشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايمىز. بىز سىزنىڭ بويىنىڭىزدىكى، يېڭىڭىزدىكى، تىزىڭىزدىكى مەينەتلەرنىڭ يوقىلىشىنىلا ئۈمىد قىلىمىز. بىز سىزنىڭ روھىي دۇنيارىڭىزدىكى مىكروبلارغا، ۋىرۇسلارغا، راكقا ئايلانغۇچى ھۈجەيرىلەرگە يول قويۇپ تۇرالمايمىز. مۇبادا سىزدىكى مىكروبلارغا، ۋىرۇسلارغا، راك ھۈجەيرىسىگە يول قويۇپ بېرىدىغان بولساق، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا رەھىمسىزلىك ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. سىز نېمىشقا بىزنىڭ ياردىمىمىزنى قوبۇل قىلىپ،

ئىچكى دۇنيايىڭىزنى پاكپاكىز تازىلىمايسىز؟ سىز نېمىشقا ئۆز قۇسۇرىڭىزنى ئاسرايسىز؟ سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، قەتئىي ئىرادە باغلاپ، خەقتىن يوشۇرىدىغان ھەممە ئىپلاس نەرسىلىرىڭىزنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇڭ، شامالغا سېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز يېڭى ئادەمگە ئايلىنىپ، بىزگە قىممەتلىك بىر كۈچ بولۇپ قوشۇلىسىز... مەن بۇ گەپلەرنى قىلىپ ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى نۇقساندىن خالىي مۇكەممەل ئادەم قىلىپ كۆرسەتمەكچى ئەمەسمەن. ئۇنداق ئەمەس، نۇقسانسىز مۇكەممەل ئادەم جاھاننىڭ نەرىدە بار؟ مەنمۇ مۇنچىغا چۈشۈپ، يۈزۈمنى يۇيۇپ، پۇتۇمنى چايقاپ، چىچىمنى ئالدۇرۇپ... ئۇستۇمدىكى چاڭ-توزانلارنى، ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تازىلاپ تۇرۇشۇم كېرەك، ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى كەمچىلىكلەرنى ئويلىساملا خىجىل بولۇپ كېتىمەن، پېشقەدەملەر ئالدىدا، خەلق ئالدىدا... يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى سېزىمەن.

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ يىغلىۋەتكەن، ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالغان، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز يېشىنى سۈرتكەن. ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، باشقا بىرقانچەيلەنمۇ ھەقىقەتەن كۆز يېشى قىلغان.

## 18

غەربتە مۇھەببەت ۋە كىشىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئالىم بار. ئۇنىڭ تاللىۋالغان تېمىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى غەلىتە ھېسابلىنىشى مۇمكىن. ئۇ مۇھەببەت ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى دېمەكتۇر، مۇھەببەتكە بەنت بولۇش ئۇيقۇغا بەنت بولۇش دېمەكتۇر دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلاردىن مەيلى رومېئو بىلەن جۇلىيە بولسۇن، ۋە مەيلى جيا باۋيۈي بىلەن لىن دەيۈي بولسۇن، مەيلى لياڭ شەنبو بىلەن جۇيىڭتەي بولسۇن، ۋە مەيلى ئاننا كارېنىنا بىلەن ۋرونسكى

بولسۇن كىتابتىن سەكرەپ چىقىپ بۇ ئالەم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە تۇيغۇ كەلتۈرۈش دېگەن گەپ كلاسسىك، رومانتىك، كۆڭلى ساپ، گۈزەللىكنى ئەتىۋار، ھېسسىياتنى ئەلا بىلىدىغان ئاشىق-مەشۇقلار ئۈچۈن نېمە دېگەن قەبىھ ھۆرمەتسىزلىك ھە! سادىق، قىزغىن، خالىس مۇھەببەتنى راستىنلا تۇيغۇ كەلتۈرىدىغان كۆز باغلامچىلىق دېيىشكە بولامدۇ؟ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن مۇھەببەت داستانلىرىنى، مۇھەببەت ناخشىلىرىنى تۇيغۇ كەلتۈرىدىغان ئەپسۇن قاتارىدا كۆرۈشكە بولامدۇ؟ دېگەن بولاتتى.

ئاشۇنداق غەزەپلىنىش ھەقلىق. ئەمما كىتاب سەھىپىسىدىن سەكرەپ چىقىپ رېئاللىققا ئېتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇيغۇ كەلتۈرۈشنى ھىيلە-مىكىر ۋە ۋاسىتە ھېسابلاپ سەلبىي مەنىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان رامكىدىن سەكرەپ چىقساڭ، يەنى تۇيغۇ كەلتۈرۈشنى سادىقلىق، قىزغىنلىق بىلەن، تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل تۇيغۇ ۋە ئەڭ گۈزەل ئىستەك بىلەن قارىسا قارىشى قىلىپ قويۇش ئادىتىدىن قۇتۇلساڭ، بىرەر يېڭى ئىلھامغا ئىگە بولۇشۇڭ مۇمكىنمۇ-يوق؟ ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە، ئىنتايىن چەكلىك بولۇشقا قارىماي ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىنتايىن سەزگۈر كەلگەن ئۆتكۈر كۆزگە ئىگە بولۇشۇڭ مۇمكىنمۇ-يوق؟ ئەدەبىي ئوبزورچى خۇاڭ زىپىڭ «كىتاب ئوقۇش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە ئەنە شۇنداق «بىر تەرەپلىمە چوڭقۇرلۇق» قا بولغان ئامراقلىقنى كەم دېگەندە ئاسىراش ھېسسىياتىنى بىلدۈرگەن.

ئايال كاتىپ ئاشۇ «چۈشكۈرۈكچى» جانابنىڭ قېشىدا توپتوغرا ئون يىل دېگۈدەك ۋاقىتنى ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈش ھالىتىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ جانابنىڭ قامىتى، تاشقى كۆرۈنۈشى، يۈرۈش-تۇرۇشى، چىرايى، ئاۋازى، گەپ-سۆزى، ۋەزمىن ھەم نازاكەتلىك ھەممە ئۇسلۇبى ئايال كاتىپنى كېچە-كۈندۈز مەپتۇنلۇق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. ئايال كاتىپنىڭ كۆزىگە جاھاندا ئاشۇ جانابتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەي

قالغان. ئايال كاتىپ ئۇنىڭدىن يولۋورۇق سورىغان ياكى ئۇنىڭغا ئۆز ئىشىدىن دوكلات قىلغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى ۋە يۈرىكى ئويناۋاتقانلىقىنى، ئوڭ قولى تۇرۇپ-تۇرۇپ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئايال كاتىپ ئۇنىڭ ھېكمەتكە، زوقۇقا تولغان نۇتقىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، چوقۇنۇش، قايىل قىلىش، تەسىرلىنىش دەستىدىن كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ، يۈزى ئوت ئېلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، بەرىبىر ئۆزىنى تۇتالماي تارام-تارام ياش تۆككەن. كاتىپ ئۆز ھېسسىياتىنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق تولىمۇ ئۇششاق-چۈششەكلىكىدىن خىجىل بولغان، ئاۋۇ جانابنىڭ ھېسسىياتى بولسا كاتىپقا چەكسىز كاتتا، ئالىي، ئۇلۇغۋار بولۇپ تۇيۇلغان! ئۇ ئىزا تارتىپ ئۆزىنى قويۇشقا جاي تاپالماي قالغان. ئايال كاتىپ ئۆزىنىڭ ئۇ جانابنى سۆيۈشكە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى، لاياقەتسىزلىكىنى، ھەتتا ئۇ جانابقا چوقۇنۇشقىمۇ مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى، لاياقەتسىزلىكىنى بىلىپ، پۈتۈن دۇنيادا، پۈتۈن جۇڭگودا كىممۇ ئۇنىڭغا چوقۇنمايدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى، ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشنى كىممۇ زۆرۈر تاپمايدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمايدىغان ۋە پاراڭلىشالمايدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ۋە تەۋرەنمەس زات بارلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟ تارىخچى مۇتەپەككۇر ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغىنىدا بەرگە يېتىپ ئۆملىمەي، ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلىماي نېمە قىلغىنى؟ تارىخچى مۇتەپەككۇر ئۇنىڭ نۇتقى ئالدىدا تىلىنى چايناپ، ئۆزىنى قاچۇرغىنى نېمىسى؟ دېگەنلەرنى ئويلىغان. شۇ ئوي بىلەن چاچراپ بىرىپ تارىخچى مۇتەپەككۇرنىڭ كېكىردىكىنى سىققۇسى كېپكەتكەن!

بىراق ئۇ جاناب ئايال كاتىپقا بىرەر قېتىممۇ توغرا كۆزىدە قاراپ قويمىغان. ئۇ جاناب ئايال كاتىپ بىلەن سۆزلەشكەن چاغلىرىدا ئاۋازىنى دېمىغىدا توختىتىپ بۇرنىنىڭمۇ، ئاغزىنىڭمۇ سىرتىغا چىقارماي سۆزلەشكەن. ئايال كاتىپ ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى ئۇنىڭ چالا-چۈشتە ئاۋازىغا ۋە يۈزىنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ جىق

كۆچ ۋە جىق ۋاقىت سەرپ قىلىپ پەملەيمۇ توغرا پەملىيەلمىگەن.
بۇ ھال ئايال كاتىپنى ئۇ جانابنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تېخىمۇ قايىل قالدۇرغان.
ئايال كاتىپ ئۇ جانابنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھەمىشە قۇرت قاتارىدا
كۆرۈپ، ئۇ جانابنى ئەۋلىيا بىلىپ يۈرگەن.

## 19

ئەمدى بىز يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى
قېتىم يىغلىشى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغان چاغدا، ئىدارىلەرگە
خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ ئورۇنلاشقان كۈنلەردە بولغانلىقىنى
توقۇشىمىز مۇمكىن. تۆۋەندە توقۇغانلىرىمىز بەلكىم بەك يالىڭاچ
بولۇپ قېلىشى، بەك ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. توقۇشنىڭ ئەترابلىق
بولماسلىقى بەدىئىي جەھەتتە گەپ يوشۇرالماسلىقتا سەۋەب
بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىرچە مۇنداق دەپ تۇرايلى: شۇ چاغدا ئۇ
ئەللىك نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان، رەتلىك ۋە چىرايلىق كىيىنىپ،
ئۆزىنى سىپايە ۋە نازاكەتلىك تۇتۇپ، سەللا چىقىپ تۇرىدىغان
قورسىقىنى مۇلايىم ۋە تارتىنچاقلىق بىلەن تومپايتىپ، بېلىنى رۇسلاپ،
قەدىمىنى يوغان ئېلىپ ماڭىدىغان، خاتىرىلىۋالسىلا قېلىپلاشقان
ئەدەبىي تىل بولالايدىغان ساز ۋە مۇكەممەل گەپلەرنى قىلىپ
يۈرىدىغان كىشى بولغان. ئەنە شۇ كىشى خىزمەت گۇرۇپپىسى
چاقىرغان بىرىنچى قېتىملىق يىغىندا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلغان.
ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تولىمۇ زەئىپلىك، رەھىمدىللىك
قىلغانلىقىنى، سەۋىيىسىنىڭ بەكمۇ تۆۋەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئۆز
ئەترابىدىكى بەزى كىشىلەرگە، بەزى ئىشلارغا، بەزى گەپ-سۆز-
لەرلەرگە ئاللىقاچانلا پىكرى بولغانلىقى، ناتوغرا كەيپىياتلارنى
ئاللىقاچانلا سەزگەنلىكى، ئۆز مىجەزىدىن ئالغاندا، ئاشۇنداق ئادەملەر
بىلەن تىنچ بىللە ياشىيالمايدىغانلىقى، بىراق 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى
سىياسىي ھەرىكەتتىن كېيىن، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھېلىقى تارىخچى
مۇتەپەككۇر ئىككى كۆزى ئاساسەن كۆرمەس بولۇپ قالغان بۇ

www.uyghurkitap.com

تارىخچى ئۇ ياردەم بەرگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاغا بەرگەن ياردىمى ئۈستىدە ياپونا گەپلەرنى قىلىپ، بىر مۇنچە ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقانلىقى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەكلىپ — خاتا تەكلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇرژۇئاچە ئىنسانپەرۋەرلىك، ئومۇمىي مېھرىبانلىق دېگەندەك ئەبجەق چىققان نەرسىلەر بىلەن بىسىم ئىشلەتكەنلىكى، ئۇنى ئېرىتمەكچى بولغانلىقى... ئىشقىلىپ ئۆزى بۇرژۇئازىيىگە قايتۇرما زەربە بېرىشتە باشلامچىلىق بىلەن ئوت ئاچالمىغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەتراپىدىكى ئۆزى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەھلىل قىلىپ چىققان، ئىشلەتكەن سۆزلىرى شۇ چاغلاردا ئېقىپ يۈرگەن «غالجىرانە ھۇجۇم»، «ياۋۇز قىياپەت»، «باسىق سۆڭەك جىن»، «قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان چىلبۆرە»، «قويرۇقى كۆرۈنۈپ قالغان تۈلكە»، «تېشى پالپال ئالۋاستى» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلىق، ئەدەبىيلىك، سىمۋوللۇق، ھەيۋەتلىك خۇسۇسىيەتكە باي سۆزلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر، ھەتتا ئىنتايىن «يېقىملىق» سۆزلەر بولغان. ئۇ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق سوئاللارنى قويغان: «قېنى ھەممەيلەن يۇراپ باقايلى، ئويلاپ باقايلى، ئۆزىمىز ئويلاپ باقسۇن، ×× يولداشنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يۇراق زادى كىمگە پايدىلىق؟ زادى قايسى گۇرۇھقا، قايسى سىنىپقا، قايسى سىياسىي كۈچكە پايدىلىق؟ ×× يولداش كىمنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ؟ خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتامدۇ ياكى دۈشمەن مەنپەئىتىگىمۇ؟ خوش، تارىخنىڭ تۇسۇۋېلىشقا بولمايدىغان ئۆزگىرىشلىك قاينىمىدا ×× يولداشنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن ئەزىمەت دېيىشكە بولامدۇ؟ دولقۇنغا ئەگىشىپ ماڭغان ئوغۇل بالا دېيىشكە بولامدۇ؟... بولمامدۇ؟ ئۇنداق دېيىشكە بولمىغانىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ كەم دېگەندىمۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە خەلقنىڭ قارشى تەرىپىگە

ئۆتۈپ كەتكەن بولامدۇ؟ مەيداندىن تېپىپ كەتكەن بولامدۇ؟ مۇشۇ مەيدان مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ باشقىسىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئېچىشقا بولسۇن؟ بىز بولساق...»

ئۇ لوگىكىدىن ۋە ئىستىلىستىكىدىن گەپ يورغىلىتىشقا خۇشتار بولغان. ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى «تەتۈر ئىسپاتلاش ئۇسۇلى» بىلەن بايان قىلىشقا خۇشتار بولغان. يەنى ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى ياردەم بېرىۋاتقان كىشىنى ئاقلايدىغان، ياقلايدىغان، پەردازلايدىغان تۈرلۈك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ مۇنداق پەرەزلەرنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنى ئالا قويماي قايلاپ كەتكەن كەسكىن، ئاچچىق ۋە «قان چىقارماي جان ئالغۇچى» سۆزلۈك كەيپىياتقا، ھەربىر بېغىن ئەھلىنىڭ ۋە ئۆزى ياردەم بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىغا زادى ماس كەلمەيدىغان، ھەتتا ئاڭلىغۇچىغا شۇ قەدەر كىنايىلىك بولۇپ تۇيۇلىدىغان، ياردەم بېرىلگۈچىلەرنىڭمۇ «مەندە ئۇنداق گۈزەللىك، ئۇنچىۋالا چىرايلىقلىق ئەسلا يوق» دەپ ئۆز خىجىللىقىنى تالىشىپ ئىزھار قىلغۇسىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىدە قالتىس گۈزەل، ئاجايىپ چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىگەن. ياردەم بېرەي دېسە قولىدىن كەلمەيۋاتقان ئۇ جاناب كۆزلىرىگە جىق ياش ئېلىپ، ئۆزى ياردەم بەرمەكچى بولغان ئادەمنى قىيالماسلىق، يېتىمچىلىق ۋە ئىجىدىكىنى ئىشىغا چىقىرالماسلىق يولى بىلەن شۇ دەم شەكىللىنىۋاتقان سىياسىي دوزاختا ئىتتىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يەنە كېلىپ ئۇ مۇجمەللىككە قىلىپ يول قويماي ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ سۆزلىگەن. ئۇ ئۇجۇر-بۇجۇرنى بىلىپ بولمايدىغان، يىپ ئۇچى يوق غەلىتە ئەنزە توقۇشتىن، «بەزىلەر ئۇنداق-مۇنداق» دەپ پەرەز بىلەن ئوق ئېتىشتىن قەتئىي ساقلانغان، كىمنى دېمەكچى بولسا شۇنى ئېنىق ئاتاپ، ئەقىلگە سىغارلىق، ھەق ھەم ئاچچىق سۆزلەر ھەم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇ قېتىمقى ئاۋازسىز ئېچىنىشلىق يىغا ئارىلاش سۆزىدە ئۆزىنىڭ ئايال كاتىپىنى، يەنى بىز ئاتاپ ئۆتكەن كېيىنكى كۈنلەردىكى ئاغرىق ئايالنى تىلغا ئالغان. ئۇ سۆزىنى ئايال كاتىپقا توغرىدىن توغرا قاراتمىغان، ئايال كاتىپنى قۇسۇرىنى كولاپ ئەيىبلەيدىغان، تەھلىل قىلىدىغان، ياردەم بېرىدىغان گەپلەرنى قىلمىغان. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ «ئوغچىل» لىق قىلغانلىقىنى، يۈز خاتىرىدىن كېچەلمەي كۆڭۈلچەكلىك قىلغانلىقىنى تەكشۈرگەن. ئۇ ئۆز كاتىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل دېھقان-تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن ئەمەسلىكى، ئوبدان چېنىقىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ باقمىغانلىقى، «ھېسسىياتىنى ئۆزگەرتىش» جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن خاراكتېر-خۇسۇسىيەت، خۇلق-مىجەز جەھەتتە مەخپىي خىزمەت ئىشلەشكە مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، ئۇنى ئاللىقاچانلا يۆتكىۋېتىشنى ئويلىغانلىقى... ئەمما يۈز ئاۋايلايدىغان، كۆڭۈلچەكلىك قىلىدىغان تۈرلۈك ئويلارنىڭ كاساپىتىدىن... زادى ئېغىز ئاچالمىغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىگەن.

شىياۋتيەن گويا بىر پارچە مۇز تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك ھالەتكە كەلگەن. شىياۋتيەن ئۇ كىشىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مانا ئەمدىلا ئۆز ئىسمىنى تۇنجى رەت تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، ئاجايىپ شادلىنىپ، پۈتۈن ئەزايىغا ئوت تۇتاشقاندەك ھاياجانلانغان. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ ئون يىلدىن بېرى شىياۋتيەننىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى مانا مۇشۇنداق سىلىق-يۇمشاق ئاۋازدا تىلغا ئېلىشى تۇنجى قېتىم بولغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ كىشى شىياۋتيەن بىلەن سۆزلەشكىنىدە ساپلا «ھەي»، «ھوي»، «سە... سىز»، «ماياۋ... ماياققا كېلىڭا» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، شۇنداقلا دېمىگىدا «ھىم، ھىە» دەپ خىڭىلداش بىلەنلا ئىپادە بىلدۈرگەن، ھەتتا بەزىدە قۇرۇق يۆتەل بىلەنلا بېشارەت بەرگەن. شىياۋتيەن شۇنىمۇ ئۆزىنى چاقىرغانلىق دەپ بىلىپ، بەلكىم بىرەر پارچە خەتنى سىلىتۋېتىش، يا بولمىسا

بىرەر ئۇستاكان چاي قۇيۇپ بېرىڭ دەپ چاقىرغانمۇ دەپ ئويلىغان، گەرچە قايناقسۇ، چاي ۋە ئۇستاكان ئۇ كىشىنىڭ يېنىدىلا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شياۋتيەن چاي قۇيۇپ بېرىشنى كاتىپنىڭ بۇرچى ھېسابلاپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ ۋە خۇشاللىق دەپ بىلىپ كەلگەن.

دېمەك ئۇ كىشى مانا ئەمدى شياۋتيەننىڭ ئىسمىنى پەس ئەمما ھېسسىياتلىق، پۈتۈن ئەمما يىغا ئارىلاش ئاۋازدا تىلغا ئالغىنىدا، شياۋتيەن ئۇ ياقنىڭ ئۆزى توغرىسىدا توختىلىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلغان، مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ، نەچچە ئايلاپ، نەچچە يىللاپ كۈتۈپ كەلگەن شياۋتيەن: ئۇياق مېنىڭ توغرامدا ئەل-جامائەت ئالدىدا سۆزلىسۇن! ئۆز كۆڭلىدە مېنىڭ بارلىقىمنى كۆپچىلىككە بىلدۈرسۇن! ئۆزى ماڭا ياردەم بەرسۇن، مېنى قاتتىق تىللىسىمۇ مەيلى، ئۇ ياقنىڭ ماڭا بولغان كۆز قارىشىنى بىر بىلىپ قالاي، مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى پۈتۈنلەي ناتوغرىغا چىقىرىۋەتسىمۇ مەيلى، ئۆزۈمنىڭ قانداق ناتوغرا جايلىرىم بارلىقىنى ئۇ ياقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسامالا كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ ھوزۇرلىنەمەن، چۈنكى خاتالىقنى ئىقرار قىلىش ۋە تونۇش خاتالىقنى تۈزىتىپ ئالغا بېسىشنىڭ، يېڭى ھاياتقا، يېڭى قىياپەتكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى ئۇياق ماڭا ئاللىقاچان ئېيتقان، بۇ ئەنە شۇنداق مۇھىم شەرت بولغانىكەن، ئۆزۈمنىڭ ناتوغرا جايلىرىنى ئۇياق ئۆز ئاغزى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغانلا بولسا، نېمە دېسىمۇ ماقۇل دەيمەن، نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىمەن، نېمىنى قىلما دېسە شۇنى چۆرۈپ تاشلايمەن! ئۇياق ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ھەممە ئەزايىنى چۇۋۇپ باشقىدىن قۇراشتۇرۇپ ياساشقا توغرا كەلسىمۇ ياق دېمەيمەن دېگەنلەرنى ئويلىغان.

بىراق ئۇياق شياۋتيەننىڭ ئۆزىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان!

www.uyghurkitap.com

# 20

ئەنئەنىۋى رېئالىزم قارىشى تۇرۇپ بولمايدىغان قۇدرەتكە ئىگىمۇ-قانداق؟ مەزكۇر ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئەسلىدە ئارىنى ئايرىيدىغان ئۈنۈم يارىتىشقا تىرىشقانىدى. ئاپتوردا بىرقانچە جانلىق شەخسنى مەركەزلىك يېزىش نىيىتى يوق ئىدى، بىرەر توپنىڭ بۆلىكىنى يېزىپ، ئۇنى-بۇنى قوشۇپ، پارچە-پۇرات ۋەقەلىكلەرنى قۇراشتۇرۇپ، كىشى قەلبىنى ئەركىن پەرۋازغا سالغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئاپتور كۈنلۈكسىمان قۇرۇلمىغا يېڭىچە رېئالىزمنى تەجرىبە قىلغانىدى. ئۇ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، كەم دېگەندە ئىككى شەخس ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر-ھېسسىياتى ھەتتا سىياسىي باغلىنىشى، بولۇپمۇ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزى ئاپتورنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە شەكىللىنىۋاتقاندەك قىلدى، بۇ خۇددى ئاپتور بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن بىرېختنىڭ خۇاڭ زولىن ئۇستام رېژىسسورلۇق قىلغان، دۇپىڭ باش رول ئالغان داڭلىق سەھنە ئەسىرى «گالىلېي تەرجىمھالى» نى كۆرگەن چېغىدا، ئويۇن كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ بەرىبىر مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ، ئىستېتىكىنىڭ ئارىنى ئايرىش قانۇنىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئوخشاش بولدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، جىڭجۈي تىياتىرىنى كۆرگەندە، تاماشىبىنلارنىڭ سەھنىگە ئېتىلىپ چىقىپ «قاشتاشنى بىلەيۈزۈك تېپىۋېلىش» دېگەن ئويۇندا دەللال رولىنى ئالغان ئەرتىسنى قوغلاپ چۈشۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «ئارىنى ئايرىش» نى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن دورۇس ئوخشايدۇ. ئەمدى مەزكۇر توقۇلما ئەدەبىي ئەسەرگە كەلسەك، بىر قىسىم كىتابخانلار خۇمارىدىن چىقماي: ئاپتور ئەنەي سىرلىق قىلىپ يۈرمەي، لىيۇ شاۋتاڭغا ئوخشاش مۇھەببەتكە سىياسەت قوشۇلغان ھېكايىدىن بىرنى، ئىككىدىن تۆتكىچە جانلىق، ئەينەن شەخسنى ھەممە ھىجران قايغۇسى ۋە ۋىسال شادلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم

ئاشكارا ھەم يېنىق ۋەقەلىكلەرنى يازسا بولمامسىدى؟ نەدىكى بىر ئالىتاغىل كىنايە گەپلەرنى قوشۇپ يۈرگىنى نېمىسىدۇر؟ يۇمۇرلۇق گەپنى كۆپەيتكىنى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۆز سۆيىتىنى چۈشۈرۈۋەتسە كۆرۈڭ! دېسە، يەنە بىر قىسىم كىتابخانلار قانائەت قىلماي: ئاپتور شىرتنىڭ-پىرتىڭنى قويۇپ، زاماندىن، ماكاندىن، شەخستىن، دۆلەت تەۋەلىكىدىن، ئىجتىمائىي شارائىتتىن خالىي مەڭگۈلۈك، سىرلىق، چۈشىنىكسىز ئادەملەرنى يازغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئامېرىكىدا ياكى ماركىستا يۈز بەرگەندەك قىلىپ، كىتابخانلار ئوقۇغىنىنى چۈشىنەلمەيدىغان، چۈشىنەلىگەنلىرى ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ يازغان بولسا بوپتىكەن، ئۇيان يېزىپ، بۇيان يېزىپ ئاخىرى يەنە شەخس — خاراكتېر — ۋەقەلىك — ھېكايە ئۇۋۇسىغا كىرىپ قالغىنى نېمىسىدۇر؟ دېيىشى مۇمكىن.

شۇنداق، «مودېرنىزم» قالپىقى ھېچقانچە شۆھرەت قازىنالماي قالغان ھەتتا قىياپىتى گۇمانلىق بولۇپ قالغان چاغدا، ھەقىقەتەن بەزى ياخشى كىشىلەر مېنىڭ «مودېرنىزم» كۆلەڭگىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇشۇمغا ئاشكارا ۋە ئاستىرتتىن ياردەم بەرمەكچى بولۇشتى. بۇنداق ياردەم بىر مەزگىل خېلىلا قىزىپ كەتكەنمۇ بولدى. مەلۇم يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىنقىلارنى بېسىپ چۈشكۈچى ئەزىمەتلەر ئۆزلىرىچە مودېرنىزمنىڭ ھەقىقىي ئەڭگۈشتىرىنى (ئۆزۈكنى ئېگىز بىنادىن خام سۇرۇپ ئۆستىگە تاشلىساڭلار بىر پارچە مايلىق رەسىم پۈتىدۇ دېگەنگە ئوخشاش نەندى-نەسىھەتلەرنى) تېپىۋالغاندەك، «مودېرنىزم» مودا «تاج» غا، خەلقئاراغا بارالغان نۇسخا، كۆڭۈل تەلپۈنىدىغان مەلۇم مۇقەددەس جايغا بېرىشتىكى يول خېتىگە ئايلانغاندەك تونۇشتا بولۇشتى، ئۇشتۇمتۇت كارامەت كۆرسىتىپ جاھاننى سىردىنلا ھەيران قالدۇرۇشقا ئالدىراپ كەتكەن بۇ دوستلار ئەمدى ئاپتورنى ھەقىقىي مودېرنىزم تەرەپدارى ئەمەس، يالغان مودېرنىزم تەرەپدارى دەپ ئەيىبلىگىلى تۇردى. بۇ ئۇلار ئوچۇن تېپىدىگەن ئاسان ۋە تېپىدىگەن ئارزۇسىغا

www.uyghurkitap.com

باب ئىش-ھە! بۇ خۇددى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ قاراڭغۇ بازاردىكى باھاسىنى «دۇڭياڭ» (تويو)، «دوسوڭشيا» (ماتسۇسىتا)، «رىلى» (ختاچى)، «دۇڭجى» (توسىبا)، «كاسىيو» دېگەن داڭلىق ئەسلى نۇسخىسىغا قاراپ ئايرىشقا ئوخشاش ئايرىلغاندەك، ھەتتا چەت ئەل ماللىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ماركىسىنى كۆپرەك بىلسەم تەنقىدچى بولىمەنغۇ دەپ، ئۆزىمۇ قىلچە چۈشەنمەي يەتمىگەن بىرەر چەت ئەل ئۆلچىمىنى قولىدا تۇتۇپ، شۇ ئۆلچەمگە چۈشىدۇ دەپ بىلگىنىنى قوللىغاندەك، شۇ ئۆلچەمگە چۈشمەيدۇ دەپ بىلگىنىنى ئەيىبلىگەندەك بىر ئىش. خوش بۇنىڭدا كىم ئىقتىدارسىز؟ ئۆلچەنگۈچى نەرسە ۋە ئۇ نەرسىنى ئىجاد قىلغۇچى ئىقتىدارسىزمۇ؟ ياكى ئۆلچەم ۋە ئۇ ئۆلچەمنى قولىدا تۇتقۇچى ئىقتىدارسىزمۇ؟

كىتابخانلارنىڭ تەسىراتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ ئەر قەھرىمانىمىز — ئىسكەتلىك سالاپەتتە چۈشكۈرىدىغان ئاشۇ كىشىمىز ھەر ھالدا خېلى روشەنلىككە ۋە تەشەببۇسكارلىققا ئىگىدەك قىلىندۇ. ھالبۇكى، ھەرقانداق ھېكايىدىكى روشەنلىك غەيرىي روشەنلىكنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا بارلىققا كېلىدۇ. غەيرىي روشەنلىك دەل رېئاللىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى دېمەكتۇر. رېئالىزم روشەنلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما رېئاللىقنىڭ روشەن بولۇشى ناتايىن. بۇ بەلكىم نەزەرىيىچىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان چىن مەنىدىكى زىت مۇھاكىمە بولماسلىقى مۇمكىن. تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، «چۈشكۈرۈكچى» جاناب توغرىسىدىكى، بەزى تەسۋىرلەر مۇبالىغىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاپتور توقۇلما شەخس «چۈشكۈرۈكچى» جانابنى يېقىندا چۈشىدە بىر كۆرۈپ قالدى، ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ھەتتا ناھايىتى ئوبدان ئاسرىغان پاكىز چىشلىرى كۆرۈنگىچە ھىجىيىپ تۇرغىدەك. ليۇ شىنۋۇ يېقىندا يازغان «ئاپئاق چىش» ھېكايىسىدە ئاپئاق چىش مەدەنىيلىكنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتقان. «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ سوغوق

چىراي ئەمەسلىكى بەزىدە ئۆزىنى خېلىلا يېقىملىق تۇتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەمدى ئاپال قەھرىمانىمىز (ھازىرچە «ساختىلىقنى خالى مۇدىرنىزمچىلار» قوبۇل قىلالمايدىغان مۇشۇ كونچە ئۇقۇمنى ئىشلىتىپ تۇرايلى، ئۇنىڭ توغرا ئاتىلىشى بەلكىم ئۇچۇق قۇرۇلمىدىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇچۇر توشۇغۇچى سىستېما دېيىلسە كېرەك)غا كەلسەك، ھازىرقى ئاساسىي قىيىنچىلىق ئۇنىڭ چىراي شەكلىدە. توشۇغۇچى سىستېمىنىڭمۇ چىراي شەكلى بار، بولغاندىمۇ كىشىنى ئاجايىپ مەپتۇن قىلىدىغان چىراي شەكلى بار. مەيلى ئامېرىكا كىنولىرىدىكى «ئاق لەھەڭ»، «يات پلانېتا ئادىمى»نى ئالايلى، ۋە مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا بىر-بىرىگە تۇتىشالايدىغان ئۇچقۇلىرىنى ۋە ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ماشىنا ئادەملەرنى ئالايلى، ھەممىسىنىڭ چىراي شەكلى بارغۇ؟ ئومۇمەن ئالغاندا، ئۆزۈم تەسۋىرلىگەن بەزى كەچۈرمىش، ئۆزگىچىلىك ۋە سۈپەت دېگەنلەر بويىچە، ئاپال توشۇغۇچى قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆزگە، ئىچكى گۈزەللىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئادەتتە قارىساق رەڭگىنىڭ قىلچىلىك تايىنى يوق، ئاددىي-ساددىلىقتا ياغاچقا ھەتتا ئۆلۈككە ئوخشاپ قالغان، غەرىبنىڭ ھەر مىنۇت-ھەر سېكۇنتتا نازلىنىپ، نايناقلاپ ئەرلەرنى خۇشاللاندۇرغۇچى، ئاياللارنى قىزغاندۇرغۇچى، تۇرمۇشنى ئۆزگىچە پۇراققا ئىگە قىلغۇچى ئاياللار قۇرۇلمىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ھەرگىزمۇ تىرىك ئاياللار دېيىشكە بولمايدىغان ئاياللار سىستېمىسى ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى ئاساسەن مۇھەببەتتە ئىپادىلىنىدۇ. گۈزەللىك ئۇيقۇغا پاتقان مەۋجۇدىيەت، مۇھەببەت ھاياتلىققا دەم بەرگۈچى باھار شامىلى، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى دېمەكتۇر، «مەۋجۇدىيەت ماھىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ»، ژان پائۇلنىڭ ھۆكۈمى مانا بۇ يەردىمۇ ئىسپاتلاندى. بۇ ئاياللار مۇھەببەت باغلىغان، مۇھەببەت تورىغا چىرمالغان ھامان، قاپىقىنى تۈرۈشىمۇ، كۈلۈشىمۇ، قول

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈشمۇ، قەدەم بېسىشمۇ، ئاچچىقلىنىشمۇ، چىچىنى سىلكىشمۇ، قىسقىسى ھەممە ھەرىكىتى شۇ قەدەر تەسىرلىك، شۇ قەدەر كۆزگە يېقىملىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى قىزىل قىياق بولسا، مۇھەببەت ھاراق، ئىچىنقۇسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، كونىلار: ئاياللار ئۆزىنى سۆيگەن ئادەمى ئۈچۈن ياسىنىدۇ دەپ ئېيتقان، ئاياللارنىڭ ئۆزىنى سۆيگەن ئادەمى ئۈچۈن ياسىنىشى شەرقچە سىرلىق ئەندىزىدۇر. ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ھەممە كىشىگە سۆيدۈرۈش ئۈچۈن ياسىنىشى بولسا زامانىۋى ئاڭغا، زامانىۋى ھېسسىياتقا ئىگە بولغان زامانىۋى ئەندىزىدۇر. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى بىر-بىرىگە ئەنە شۇنداق قارىمۇ قارشى ۋە بىر-بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق سىڭىشىپ كەتكەن.

ھەرقانچە ئىنچىكىلەپ يازغان تەقدىردىمۇ ئىنچىكە بولماپتۇ دېگەن نۇرغۇن سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ. مەسىلەن، ئايال قەھرىمان كىيگەن ئاياغنىڭ رازمېرى قانچە؟ دېگەندەك ئوخشاش، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىغا تەن بېرىشنى نومۇس كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يىگىمىدىن مەيدانغا كەلگەن بەزى ئەدىبلەر ئۆز ھېكايىلىرىدە بەزى يېڭى بەلگە، يېڭى سىمۋول، يېڭى فىستۇرما رەسىملەرنى يارىتىشقا كىرىشتى. زۇۋۇپى، جاڭ شىنشىن، فېڭ جىسەيلەرنىڭ ھېكايىلىرىدە ئەنە شۇنداق نەرسىلەر ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئاڭلىشىمىزچە ئاۋازلىق ھېكايىلەر (يەنى لېنتىغا ئېلىنغان ئەدەبىي دېكلاماتسىيە ماگنىتلىق لېنتىلىرى) كونىچە ھېكايىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەۋاتقانمىش. دۇرۇس، قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى ھېكايىلەر نېمىمۇ چىن ۋە مەزمۇنغا باي بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغقا بارغاندا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى ماگنىتلىق لېنتا، سىنئالغۇ قوشۇپلا ئەمەس، بەلكى رەڭگۈڭمۇ قەسىرنىڭ كۆكتات، مېۋە-چېۋىلىرىدىن ئىشلەنگەن، يېڭى يېنى ساقلىغۇچى يۇمشاق قاچىغا قاچىلانغان كونسېرۋالارنىمۇ، تۆگرېيىنالئ دورىخانىسى ئىشلەپ بەرگەن جوڭگى دورىسى «لېڭشياڭ-ۋەن» نىمۇ، زىب-زىننەت دۇكىنى ياساپ بەرگەن «يوقاتماڭ،

ئۇنتۇمالىق، پەرىزات كەبى ئەبەدىي ياشالىق» ، «تاشلىمالىق،
ئايرىلمالىق. ئۇزۇن ئۆمۈرگە پەرۋازلار ياسالىق» دېگەننى بىلدۈرىدىغان
قاشتاش ۋە چاچ قىستۇچلارنىمۇ قوشۇپ سېتىشقا بولىدۇ. ئاخىر بىر
كۈنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» كە نەزەرگاھ قەسىرىگە
ئوخشايدىغان، كېچە-كۈندۈز ئۇلگە بولارلىق خىزمەت قىلغۇچى
(قانۇن يول قويسا) چۆرە قىز-يىگىتلىرى تەييار دائىمدىن بىرنى
قوشۇپ بېرىشكە بولىدۇ. بۇ شەخسلەر ئىچىدە باھاسى ھەممىدىن
ئۈستۈن تۇرىدىغىنى بىر كۆرۈنۈشى نەش مىڭ يۈەن چەت ئەل
پۇلىغا، بىر مىنۇتلۇق سۆزلىشىشى يىگىرمە يەتتە مىڭ ئالتە يۈز
يۈەن چەت ئەل پۇلىغا توختايدىغان چىن كېچىن بولۇشى ئېھتىمال.
ئۇ چاغقا بارغاندا، ھېكايە راستىنلا جەۋھىرىي كارامەتكە
ئايلىنىدۇ.

## 21

كۆپ قېتىم دورا بىلەن داۋالاش، روھىي داۋالاش، جۈملىدىن
ئۇيقۇ كەلتۈرۈپ داۋالاش ئارقىسىدا، بىزنىڭ ئاغرىق ئايال كىشىمىزنىڭ
كېسىلى كۆپ ئوڭشىلىپ قالغان، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتساق،
ئۇ ئەسلىدىنلا ھېچقانداق ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولمىغان.
بۇ ئايالنىڭ ئەسلەپ ئېيتىشىچە، «جۇشكۇرۇكچى» جانابىنىڭ
ئىككىنچى قېتىم كۆز يېشى قىلىشى ئايالدا ئۈمىدسىزلىك ۋە گۇمان
تۇغدۇرغان، كەم دېگەندىمۇ ئايال يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاپ
كەلگەن ئاشۇ «جۇشكۇرۇكچى» جانابىنىڭ مۇكەممەل ئوبرازىدىن
بىردىنلا بىر قۇسۇر سەزگەندەك بولۇپ، ئۇ جانابىنىڭ كۆز يېشى
قىلغانلىقىغا ئىچىدە نارازى بولغان، شۇنچە ئۇلۇغۋار، شۇنچە قەيسەر،
شۇنچە ئالىيجاناب ئەرمۇ يىغلاپ يۈرەمدۇ؟ ئۇزا تارتامدۇ؟ ئۇز
ئىسكەننى، ئوبرازىنى بۇزغىنى نېمىسى؟ دەپ ئويلىغان.
بىراق ئايالنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان گۇمانلىنىش ئۇرۇقى بىخ
ئۇرماي، كۆكلەپ ئاۋۇماي جايىدىلا قېپقالغان. چۈنكى، «جۇشكۇرۇك-

چى» جاناب ئىككىنچى قېتىم كۆز يېشى قىلىپ ئۈچىنچى كۈنىگە بارغاندا تارتىپ چىقىرىلغان ۋە «ئىشتىن ئايرىلىپ تۆۋە قىلىش»قا بۇيرۇلغان.

ئۇ ئىشتىن شۇ ئايرىلغانچە كۆپ يىللارغىچە تۇرۇپ قالغان! ئايال كاتىپ مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۇزەمەي پاش قىلىش ماتېرىيالى يازغان. گەرچە ئۇ ئەمەلدە ھېچنېمىنى «پاش» قىلمىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن تەھدىتكە، ھاقارەتكە ئۇچرىغان، ھەتتا چوڭ خەتلىك گېزىتتە «چۈشكۈرۈكچى» جانابنىڭ «ئاشنىسى» دەپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پاش قىلىش ماتېرىيالى يازدۇرىدىغان شۇ شەكىلنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدا ناھايىتى زور روھىي تەسىر قوزغىغان، ئۇ پاش قىلىش ماتېرىيالىنى ئەپلەپ-سەپلەپ يېزىۋەرگەنسېرى «چۈشكۈرۈكچى» جانابنىڭ ئوبرازىمۇ قەلبىدە سۇسلىشىپ، ئاجىزلىشىپ بېرىۋەرگەن، ئاخىرىغا بېرىپ ئۇ «چۈشكۈرۈكچى» جانابقا چوقۇنمايدىغان، ئۇنى سېغىنمايدىغان ھەم چۈشىدىمۇ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان. شەكىلنىڭ ھاياتتا، سەنئەتتە ۋە دىندا ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي چاغلايدىغان مەسىلە ئەمەس. شەكىلگە سەل قاراش كۆپ ھاللاردا مەزمۇنغا سەل قارىغانلىق بولىدۇ. شەكىل بەربىر شەكىل، شەكىل دېمەك ھەممە دېمەك دەپ ئېيتىش، ئەمەلىيەتتە، مەزمۇننى چەتكە قېقىش مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىۋەرمەسە كېرەك. ھايات، تەڭرى، مۇھەببەت دېگەنلەر مەۋجۇدىيەت شەكلىمۇ قانداق؟ ماھىيەتلىك مەزمۇنمۇ قانداق؟ ئۇلار ئۆزگىرەمدۇ ياكى ئۆزگەرمەمدۇ؟

ئاغرىق ئايال ھەتتا ئۆزىنىڭ چۈش (تۈن) سەيلىسى ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ جانلىق ياشاش ھالىتىگە قەدەم قويۇشقا سەۋەب بولغان ئەنە شۇ پاش قىلىش ماتېرىيالى يازدۇرۇشتەك شەكىللەردىن بىر مەزگىل مەمنۇن بولۇپمۇ يۈرگەن. شۇڭا ئۇ نوي قىلىپ بالا يۈزى كۆرگەن، بەدەن ئېغىرلىقى ئاشقان، بۇرۇن شۇنچە داۋالاتسىمۇ ساقايمىغان ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدىن ۋە ئاشقازان سىپازمىلىنىش

(تارتىشى) كېسەلدىن تۇگەل قۇتۇلغان. ئاتاقلىق روھىي كېسەل دوختۇرىمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا تامامەن قايىل بولغان، ھەتتا بۇ دوختۇر ئاغرىق ئايالنىڭ دېگەنلىرىنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈپ: ئۇن يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىر قىسىم ئادەملەردە روھىي كېسەل پەيدا قىلىش، قوزغاش ۋە كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ روھىي كېسىلىنى ھەقىقەتەن داۋالاپمۇ ساقايتتى دېگەن. بۇ دوختۇر كلىنىكىلىق ستاتىستىكا قىلىپ كۆرۈپ، كېيىنكىلىرىنىڭ (ساقايغانلىرىنىڭ) ئالدىنقىلىرىدىن كۆپلىكىگە، يەنى تەخمىنەن 3:1 نىسبەتتە بولۇشىغا ئىشەنگەن. دەرۋەقە ئۇ بۇ گېپى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا قوشۇلمايدىغانلىق-دىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ پەقەت «سولچىل»لىق بىلەن روھىي ساغلاملىق دېگەن مۇشۇنداق ئوبدان تېمىنى تەتقىق قىلىش پسىخولوگلارنىڭ ۋە تېببىي پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەرلىك دىققىتىنى تارتقىنى يوق، مۇشۇ تېما تەتقىق قىلىنىدىغان بولسا، سىبىرىق توپىلىق ئېگىزلىكىنى، ھاراققا سېيگەنلىكىنى ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قۇدۇق ئاستىدا مۇھەببەتلىشىشنى كىنوغا ئالغان پەيدىدە جاھانغا قاراپ قەدەم تاشلىساق ئەجەپ ئەمەس دېمەكچى بولغان. ئۇ مۇبادا مۇشۇ ھېكايىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەن ئىلھام ئالغۇچىلار ھەممە شۇ ئىلھام بويىچە بوشاشماي تىرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار چىقىپ قالسا، شۇ مۇۋەپپەقىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆز مۇكاپات پۇلىدىن 15 پىرسەنت ئاجرىتىپ ئۇنىڭغا بېرىشنى ئۈمىد قىلغان، ئۇ بۇ 15 پىرسەنت مۇكاپات پۇلغا يەنە 15 پىرسەنت قوشۇپ، ئۇنى قەلەمكەشلەرگە بەرمەكچىكەن.

## 22

كىتابخانلار ۋە ئوبزورچىلار بەلكىم ئاپتور «چۈشكۈرۈكچى»نى يېزىشتا بىرەر «سولچى» جانابىنى مەسخىرە قىلىش ۋە قامچىلاش (ئەسكەرتىش: ئاپتور «قامچىلاش» دېگەن سۆزنى زادى

uyghurkitap.com

ياقتۇرمايدۇ، تەنقىد قىلىشلا بولمىدىمۇ، قامچىلاپ نېمە قىلغۇلۇق، بۇ نېمە دېگەن مەدەنىيەتسىزلىك!)نى مەقسەت قىلغان دەپ ئاسانلا ھۆكۈم قىلىشى مۇمكىن.

ياق، مۇنداق قاراش قېلىپلىشىپ قالغان بىر خىل تەپەككۇر، بىر خىل قاتمال قۇرۇلما، خالاس. شۇ سەۋەبتىن پەرزەندىكى بىر كىتابخان ئۆزىگە ئوخشاش پەرزەندىكى ئايال قەھرىمان لاۋتيەن بىلەن بىر قېتىم پاراڭلاشقان. مۇنداق ئۇسلۇبتا يېزىش گرېتسىيىلىك سوقراتنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئوبزورچى نادىرى ۋۇلياڭنىڭ ئىلھامى بىلەن بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

**كىتابخان:** ھېكايىنىڭ يېزىلىشى ھەر ھالدا بولىدىكەن. دەرۋەقە، ئىنچىكىلەپ ئىشلەش جەھەتتىن تېخى يېتەرسىز ئىكەن. شۇنىڭدەك ئۇسلۇبىمۇ تېخى پىشماپتۇ، يەنى يازغانلىرى ئۆزىنى تونالماي قاپتۇ. «چۈشكۈرۈكچى» جانابىنىڭ ساختىلىقىنى پاش قىلىپ كۆرسىتىشنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. تېگىنى ئالغاندا بۇمۇ خەقنىڭ رايىغا ماسلاشقانلىق. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىر بۇنداق ئادەملەرنى ئاما ياقتۇرمايدۇ.

**لاۋتيەن:** ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، مېنىڭ ئۇنى ساختا دېيىشكە ھېچقانداق دەلىلىم يوق، ئۇنىڭ ئەھۋالى سىجىل شۇنداق، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن ئۇنى سەمىمى دەپ ھېسابلاشنى ئەۋزەل كۆرىمەن، ھەتتا يازغۇچىنىڭ بەزى يازمىلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزى قىزارغانلىقتىن بولدىمىكىن دەپ گۇمان قىلغۇم كېلىدۇ. مەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن بۇ يەردە قىزغانچۇقلۇقى تۇتقانلىقىدىن دېمىدىم. يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پەس قىلىقلىرىنى ئەتىرگۈل قىلىپ يېزىشقا ئۇستا ئادەملەر. يازغۇچىلارنىڭ تولىسى قولى يەتمىگەن ئۈزۈمنى ئاچچىق دەيدىغان تۈلكىلەر. ئاساسىي گەپ شۇ يەردىكى، مەزكۇر يازغۇچى ۋە بىرمۇنچە تەنقىدچىلەر «چۈشكۈرۈكچى» دېيىلگەن كىشىنىڭ سالاپىتىگە، قەددى-قامىتىگە ۋە كەچۈرمىشلىرىگە تەلمۈرۈپ ئۇنىڭغا تەڭ

كېلەلمىگەن.

**كىتابخان:** بۇ قىزىق گەپ بولدى، «چۈشكۈرۈكچى» جانابنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياردىمى ئۇلارنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

**لاۋتيەن:** ئۇنىڭ سىزگە سەممىي ياردەم بەرمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ ئۇ دېگەن چوڭ ئەرباب، چوڭ ئەربابلارنىڭ ياردەم بېرىش ھەققىدىكى ئوي-پىكرى سىز بىلەن مېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مەن يىگىرمە سوغلۇق رەڭلىك تېلېۋىزور ئالالماي قالغان بولسام، سىز ماڭا «بىلەت» تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز بۇنىڭ ياردەم ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، بىراق كەسكىن تەنقىدنى ياردەم دېيىشكە نېمە ئۈچۈن بولمايدىكەن؟

**كىتابخان:** بىراق «چۈشكۈرۈكچى» جاناب گەپ دېگەننى بەكمۇ تەپسىلىي، بەكمۇ قاتتىق، بەكمۇ رەھىمسىز قىلىدىكەنغۇ.

**لاۋتيەن:** چۈنكى ئۇمۇ رېئالىي-دە. ئۇ ياردەم توغرىسىدىكى بىر خىل ئالىيجاناب چۈشەنچىنى سەممىي ئۆزلەشتۈرگەن ۋە شۇ چۈشەنچىسى بويىچە ئىش قىلىپ كەلگەن. ئۇ قىلغان ئىشنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي شۇنچە ئەستايىدىل قىلىدۇ. ئۇ كوچىدىكى پەس ئادەملەردىن ئەمەس، ئۇ «ھېلىقى بەش خىللار» دىن ئەمەس، «چايخانا» دېگەن ئويۇندىكى ۋاڭ جاڭگۇيدىمۇ ئەمەس، ئۇ ئەپلەپ-سەپلەپ بولدى قىلىش دېگەننى بىلمەيدۇ، ئەپلەپ-سەپلەشنى بىلىدىغانلار ئۇنى بىلمەيدىغانلارغا قارىغاندا ئاسان ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ، «چۈشكۈرۈكچى» دە ئەنە شۇنداق جاھاندارچىلىق قىلىدىغان پەم بەكمۇ ئاز، ئۇ ئۆز پرىنسىپىنىڭ ۋە ئۆز غايىسىنىڭ ئۆزگەرمەس قېلىپىدا ياشايدۇ، ئۇ ھۆرمەتكە لايىق كىشى.

**كىتابخان:** ئۇنىڭ سۆز بىلەن ھەرىكىتى بىر بەردىن چىقمىغانلىقىنى بىرەر قېتىممۇ بايقاپ باقمىدىڭىزمۇ؟

**لاۋتيەن:** بۇنى......

**روھىي كېسەل دوختۇرى:** (چىداپ تۇرالماي سۆز قىستۇرىدۇ)

مەن لاۋتيەنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىراق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مېنىڭچە، تېگىنى ئالغاندا «چوشكۇرۇكچى» ئىچ پۇشۇقى بار ئادەم. ئۇ تۇرلۇك ئوبدان شەرتلەرگە، مىسلىسىز كۆركەم گۈزەللىككە ئىگە بولۇشقا قارىماي، بەرىبىر ئىش پۇشۇقىدىن خالىي بولالمىغان. ئېھتىمال ئۇ تولىمۇ تالىپ مىجەز بولسا كېرەك. ھالبۇكى، ئېلىمىزدە ئىككى يۈز مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ساۋاتسىز، چالا ساۋات. شۇ سەۋەبتىن چوشىنىڭ ئىچى پۇشقان. ھەتتا ۋاڭ گوۋېي، لۇشۇنلەردىن ياكى چوچيو بەيلەرگىچە قانداقمۇ ئىچى پۇشمىغان دېگىلى بولسۇن؟ لۇشۇن ئۆز شېئىرىدا مۇنداق دېگەن:

زېرىكىپ پۇشتى ئىچىم يېڭى ئەدىبلىك باغدا،
تىنچ-ئامان ئۆتكەنىدىم ئۆتكەنكى جەڭلەر بابىدا.
خۇددى يالغۇز پېشكەدەك ئىككى ئاراغا سىغمىغان،
يۈرىمەن ئۆشنەمدە تىغ تەنھا تېڭىرقاپ گاھىدا.

## 23

ئايال قەھرىمان قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئاخىرى «چوشكۇرۇكچى» نىڭ سۆز بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئەمەس دەپ گۇمان قىلىشقا بولىدىغان بىر ئىشنى يادىغا ئالغان، بۇ ئىشنى ئايال قەھرىمان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا ئۆزى يازغان بىر «پاش قىلىش» ماتېرىيالىغا كىرگۈزگەن. شۇڭا بۇ ئەسلىمە ئايال قەھرىماننىڭ ئۆزى ئۆچۈنمۇ ئۇيات بىر ئىش ئىكەن.

60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىش ھارپىسىدا، مەملىكەت بويىچە سىنىپىي كۆرەش كەيپىياتى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقان ھەمدە تېخىمۇ جىددىي ئىشلار ئۈستىدە غۇلغۇلا بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ھۆرمەتكە لايىق «چوشكۇرۇكچى» جاناب بىر كۈنى نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا باش قېيىش كېسىلى قوزغىلىپ بەرگە يىقىلىپ قېلىشقا قىل قاپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ بىر

مەزگىل دەم ئېلىشنى تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ قوبۇل كۆرۈپتۇ. ئۇ يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرى ئىكەن. «چۈشكۈرۈكچى» خوتۇن-قىزلىرىنى ۋە كاتىپىنى ئېلىپ شىمالدىكى بىر مەنزىرىلىك جايغا بېرىش بىلەن ناھايىتى جايىدا دەم ئاپتۇ، شۇنىڭدەك يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن يەرلىك زاتلارنىڭ ئوبدان كۈتۈشىگە ئېرىشىپتۇ، چوڭ شەھەرلەردە ئاسان تېپىلمايدىغان مايمۇن بېشى، زەمبۇرۇغ، قىرغاۋۇل، مولۇن، قارلىغاچ ئۇۋىسى، ئۈچار يىلاندىن تارتىپ ئادەمگىياھ، بۇغا مۈڭگۈزى دېگەنلەرگىچە ھەممىنى تېتىپ كۆرۈپتۇ. «چۈشكۈرۈكچى» غوجام ئۆزى ئوبدان دەم ئاپتۇ، بىللە ئېلىپ بارغان ئادەملىرىنىمۇ خۇشال قىلىپتۇ. ئەمما كاتىپ يولداش نازۇ-نېمەتلەرنى ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا يېيىش، «چۈشكۈرۈكچى» غوجامنى كۈتۈش باھانىسىدا بىرمۇنچە قورساق باقىلارنىمۇ قوشۇۋېلىش گېزىتتىكى تەشۋىقاتقا توغرا كەلمەيۋاتقانلىقىدىن سەل ئەنسىرەپتۇ-يۇ، لېكىن «چۈشكۈرۈكچى» غوجامنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىدىغان، كۈچ-قۇۋۋىتى ئېشىپ-تاشىدىغانلا بولسا، ئۇ ياقنىڭ ئامىغا، دۆلەتكە يېڭى خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ ياقنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئالدىدا كىچىككىنە مايمۇن بېشى قانچىلىك نېمىدى دېگەن يەرگە كەپتۇ.

دەم ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «چۈشكۈرۈكچى» غوجام بىرمۇنچە يېڭى دوستلىرىنى قوبۇل قىلىپتۇ، بەزى يىغىنلاردىمۇ سۆزلەپتۇ. ئۇ ياقا يۇرتتىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈستىدە توختالغىنىدا ئومۇمەن مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ:

— مەن شىيۇجېڭجۇيىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ كەلدىم، مەن شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا بېرىپ كەلدىم. مەن ئۈچ چوڭ ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ كەلدىم. بىزنىڭ خەلقىمىز ھەقىقەتەن بەك ياخشى خەلق ئىكەن، بىزنىڭ تاغ-دەريالىرىمىز ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەن، بىزنىڭ ئىشىمىز، كۈرىشىمىز ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەن! مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم خەلق

بىلەن بىللە بولۇش، ئاددىي بىر جەڭچى بولۇپ مەڭگۈ رەڭگىمنى ئۆزگەرتمەسلىك! مەڭگۈ دات باسمايدىغان ۋىنتا بولۇش!

كاتىپ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھېچقانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوقلۇقىنى بارغانچە بەكرەك ھېس قىلغان. چۈنكى ئۇ ئامىنلىك نەزەرىدە پەيغەمبەر ۋە پىداكار قەھرىمان ھېسابلانغان، ناتوغرا ئۇستىللارنى سۆكۈپ، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلغان كاتتا يازغۇچى، كاتتا باتۇرلارنىڭمۇ ئىجارىسىنى باشقىلار تۆلەپ قويىدىغان كاتتا مېھمانخانىلاردا يېتىپ، تېلېفونلارنى ئۆزمەي جىرىڭشىتىپ، ئەر-ئايال ئەزىز دوست-يارەنلىرىنى يىغىپ، ئېسىل ئاشخانىلاردا تويغىچە يەپ-ئىچىپ، زامانىنىڭ ئىللەتلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكۈشكەندىن كېيىن ھېساب تالۇنىنى كۈتۈۋالغۇچى ئورۇننىڭ گەدىنىگە ئىتتىرىپ قويۇپلا تارقىلىپ كېتىشكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇلار تويغىچە يەپ-ئىچكەندىن كېيىنلا قەلىمى كۈچلىنىپ ناتوغرا ئۇستىللارنى سۆكىدىغان ماقالىلارنى ئاندىن تەسىرلىك، ئۆتكۈر ۋە ھەيۋىسى كۈچلۈك يازالايدىكەن دېگەن يەرگە كەلگەن.

## 24

كۆرۈش بۇلۇڭى مەسىلىسى بېگى مەسىلە ئەمەس. «كۆرۈش بۇلۇڭى ئىلمى» نى ناھايىتى سەۋىيىلىك تەزەربىچىلەر بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. مەسىلەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چېخوپنىڭ بىر داڭلىق ھېكايىسى بىر بالىنىڭ قولۇپنىڭ تۆشۈكىدىن كۆرگەنلىرى (باشقىلارنىڭ نومۇس قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان، مانا بۇ كىشىنى، بولۇپمۇ جوڭگولۇقلارنى نەقەدەر جەلپ قىلىدىغان كۆرۈش بۇلۇڭى ھە! جوڭگولۇقلارنىڭ قىزىقىشىنىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن «نەگە باردىڭ» دەپ سورايدۇ، بولۇپمۇ پاھىشىۋازلىق قىلمىۋاتقانلارنى تۇتۇۋېلىشقا خۇشتار، جۈملىدىن «فورۇڭ كەنتى» دېگەن ئويۇندا جياڭ ۋېن بىلەن لىۋ شياۋچىڭ

ئويناپ چىققان ئەر-ئايال قەھرىمانلىرىمىز ھارماي شۇنداق قىلىشقا خۇشتار. رېژىسسورنىڭ ماھارىتى ۋە ئاپتورنىڭ تەسۋىرى شۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن ئېكراننى زوق-شوق قاپلايدۇ، ئاڭلىشىمىزچە كىشىلىك ھاياتنى بىرەر ئىت، بىرەر مۈشۈك ۋە بىرەر بۆرىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يازغان بىرمۇنچە داڭلىق ئەسەرلەر بار ئىمىش. ھەممە مەۋجۇدات ئۆتكۈر سەزگۈرلۈككە ئىگە تۇرسا، ئادەم بىلەن چايان قانداقمۇ ئالاقە باغلىمىسۇن؟

كۆرۈش بۇلۇڭى بولۇپمۇ خاھىشقا — خاھىش دېگەن بۇ سۆزنى يېڭى ئەزىمەتلەرنىڭ ئىشلىتىشتىن ئىزا تارتىدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر — تەسىر كۆرسىتىدۇ. ساقچىلارنى ئوغرىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يازسىڭىز ۋە ئوغرىلارنى ساقچىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يازسىڭىز، ئۇنىڭدىكى خاھىش بىر-بىرىگە ئەسلا ئوخشاش بولماي چىقىدۇ، يازغۇچىنىڭ ھەقىقەتەن ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماسلىقى، خاھىشسىز، مۇھەببەت-نەپرەتتىن خالىي بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن، شۇنداقلا ھەم خەقنىڭ يانچۇقىنى كولايدىغان، ھەم مەخپىي تېلېفون سوقۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىكى خاھىش بىر-بىرىگە ئەسلا ئوخشاش بولماي چىقىدۇ.

يەنە مەسىلەن، كىتابخان ئەزىمەتلەر بىلەن سىزنىڭ جورىڭىز، ئەپەندىڭىز ياكى خانىمىڭىز ئوتتۇرىسىدا ئاسان بېسىقا بولمايدىغان ئۇششاق كېلىشمەسلىك ياكى چوڭ زىددىيەت يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەن شۇ ئىككىيلەننىڭ بىر-بىرىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىنى ئاساس قىلىپ بىر توقۇلما ھېكايە ياكى ۋەقەلىكى چىن ئەدەبىيات يېزىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئىككىيلەندە ھەقىقەتەن ئەدەبىياتقا خاس بىرقانچە ئامىل بولىدىغانلا بولسا، ھېكايىسىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆڭلى ئېرىپ، بىر-بىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاشماي قالمايدۇ.

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، مەزكۇر ھېكايىنىڭ ئېغىر بىر كەمچىلىكى

بارلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈندۇ، بۇنىڭدا ئايال كاتىپنىڭ، شۇنداقلا «ئۇگۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» بىلەن پىشقەدەم جۇڭيى دوختۇرىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يېزىلغىنى بەك كۆپ، «چۈشكۈرۈكچى» جانابنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يېزىلغان ئابزاسلار كەمدىن-كەم بولۇپ قالغان.

ماۋزۇ چىقىرىپ ئىنشا يازغاندەك، تۆۋەندە بىر مىساپ كۆرمەكچىمەن. مەن «چۈشكۈرۈكچى» گە ئۆز دەرت-ھەسرىتىنى سۆزلىتىپ باقماقچى، ئۇ پىسسىڭىمدە كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭچە بىر مۇنچە گەپلەر پىسەنت قىلىشقا ئەرزىمەيدىكەن، بىرمۇنچە دەرتلەرنىمۇ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ لازىمى يوقكەن، ئىنسان ئېچىدىكىنى تۆكمەي، بىلىندۇرۇشى كېرەككەن.

مەن مېڭەمنىڭ قېتىقى چىققۇدەك باش قاتۇرۇپمۇ بىلىندۇرۇش دېگەننى قانداق قىلىپ ئوبدان يېزىشنى بىلەلمىدىم. ئاخىرى خەقنىڭ ئىشىغا چات كىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا قاتتىق ۋارقىراپ داۋراڭ سالدىم. قاتتىق ۋارقىراپ داۋراڭ سېلىش ئۇياقنىڭ خىسلىتى ئەمەسلىكى كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسۇن.

## 25

— مەن ياش ۋاقتىمدىلا ئۆزۈمنى خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئىگە قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلىدىم. مەن «ئۇگۇش-سىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» بىلەن ئىنقىلابىي كادىرلار كۇرسىدا تونۇشتۇم، شۇ چاغدا بىز خۇددى «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىدا:

ھەممە مەنسۇپ ئەمگەكچىلەرگە
تەبىيارتاپلارنىڭ يوق ھەققى!
قالدۇرماي يوقاتساق ئۇلارنى،
قىزىل كۈن يورۇتار جاھاننى!

دەپ ئېيتىلغاندەك، ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش غايىسى بىلەن ئىنقىلاب ئىشىغا ئاتلانغانىدۇق.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇ جۇڭگو خەلقى مىللىي ۋە سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارشى باتۇرانە جەڭ قىلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى، قان تۆكۈپ قۇربان بولغانلار ھەر كۈنى چىقىپ تۇراتتى. بىز كۆرمەشكە، ئۆلۈمنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويۇپ قاتناشقان ئىدۇق. تا بۈگۈنگىچە ساق قالغانلىرىمىزغا كەلسەك بۇنى تەلەي ئۇلۇغ كەلگەنلىك، تاسادىپىيلىق دېيىشكىلا بولىدۇ. مەن ھەر كۈنى باشقا كىشىلەر بىلەن ئەمەس، ھەتتا ئۆز خوتۇن-باللىرىم بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قۇربان بولغان شېھىتلەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك، بىللە سۆزلىشىۋاتقاندەك، پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك، بىللە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىزگە تەلەپ قويۇشقا، بىزنى ئۆزگىرىپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسىلەر دەپ ئەيىبلەشكە شۇلار ھەقلىق!

كۆرسىتا مۇھەببەت باغلاشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىراق «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» — شۇ چاغدا ئۇنى «ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقى ئاز» ياكى «ئىشى ئوڭۇشلۇق ياش» دېيىشكە بولاتتى — كىچىكىدىن ئەركىنلىكتە ئۆستۈرۈلگەن، ئىشى ئوڭۇشلۇق ھەممە ھېچقانچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمىغان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىنقىلابقا ئىرىكچىلىك يولى قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىرىكچىلىكنى زېرىككەنلىكى ئۈچۈن قاتناشقان — رومانتىك غايىگە ئېرىشىشنى كۆزلىگەن.

«ئىشى ئوڭۇشلۇق» بۇ ياش كۆرسىتا كىرىپ بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا مۇھەببەت باغلاشقا باشلىدى. بۇ ۋاقتى ئۇزۇن بولغان ئىش بولغاچقا تەپسىلاتى يادىمدا قالماپتۇ. قىزنىڭ ئېتىنى شياۋشى① دېگەندەك قىلغان. ئۇ چىچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابىي ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان قىز ئىدى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز قالتىس پاك ئىدى!

«ئىشى ئوڭۇشلۇق ياش» ئەتىگەندىن كەچكىچە رەڭگى

① شياۋشى — ئۇششاق تاش دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

شوخ ئادەتتىكى ئۇششاق تاشلارنى تېرىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كارتونىنىڭ ئاستى ئۇششاق تاشلارغا تولۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ نېمە قىلغىنىڭىز دەپ سورىسام، ئۇ شياۋ شى دېگەن قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئاشۇ تەرگەن تاشلىرى خۇددى شياۋ شىنىڭ ياشلىق گۈزەللىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنىدەك يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

مەن بۇ ئەھۋالنى شۇ ھامان سىياسىي يېتەكچىگە مەلۇم قىلدىم — ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، گېپىمنى دەۋالاي، مېنىڭ مۇقەددەس، كەسكىن، قىلچە يۈز خاتىرە قىلمايدىغان مىجەزىمنى سىلەر چۈشەنمەيسىلەر. چاكىنا تەنقىدلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇڭلار، مېنىڭ كۆڭلى-كۆكسىمنى ئۆزۈڭلەرنىڭ كۆڭلى بىلەن ئۆلچىمەڭلار.

سىياسىي يېتەكچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنىڭ سىنىپتا تەنقىد يىغىنى ئاچتۇق. مەن بىرىنچى بولۇپ سۆزلىدىم، «ئىشى ئوڭۇشلۇق ياش» جازالاندى، شياۋ شى يۆتكىلىپ كەتتى.

چىرايىڭلارنى سەت پۈرۈشتۈرۈۋاتىسىلەر تېخى! شۇ چاغدىچۇ «ئىشى ئوڭۇشلۇق ياش» ئۇن مىڭ خەتلىك خاتىرە يېزىپ ماڭا كۆرسەتتى، مېنىڭ كۆرسەتكەن ياردىمىمگە، دوستلۇقۇمغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مېنىڭ ياردىمىم بىلەن ھېلىقى قىلچە قىزىقتۇقچىلىكى يوق ئۇششاق تاشلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتتى، دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئالدىنقى سەپتە قىزىق قان تۆكۈلۈۋاتاتتى. كۆرسى ئۈچ ئايدىلا ئاخىرلىشىپ، كۆرسانتلار تەرەپ-تەرەپكە تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئارىمىزدا ئۇن پىرسەنت كىشىلا ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ تىرىك قالدۇق، قالغان توقسان پىرسەنت يولدىشىمىز قۇربان بولۇپ كەتتى. يالقۇنلۇق ۋە قانلىق كۆرەش بولۇۋاتقاندا بىر-بىرىمىزگە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە كۆيۈدى-پىشتى بولۇپ يۈرۈشكە ھەققىمىز يوق ئىدى. ياشلىق باھارىنى ۋە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان تەڭتۇشلىرىمىزگە سېلىشتۇرغاندا، دەسلەپكى مۇھەببەتنى قۇربان قىلىش قانچىلىك ئىش بولسۇن! بىز قۇربان

بەرمىگەن بولساق، بۇگۈنكى كۈندە گۈللۈكتە، ئايدىڭدا، دېڭىز ياقىسىدا، تاغ بېشىدا مۇھەببەت باغلاپ يۈرۈش، شېرىن ئاي سەيلىسى قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك راھەت ۋە ئازادىچىلىكتىن بەھرىمەن بولۇش سىلەرگە قانداق نېسىپ بولسۇن! ئەجەبا مەن ھېچ نەرسەمنى قۇربان قىلمىغانمۇ؟ بىرەر ئايال يولداشقا جۈملىدىن كېيىنكى كۈنلەردىكى شىياۋ تيەنگە كۆڭلۈم چۈشۈپ باقمىغانمۇ؟ بىراق كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىشكە ھەققىم يوق ئىدى، سىلەر تېخى ئۆزۈڭلەرنى بىزنى مەسخىرە قىلىشقا ھەقلىق دەپ بىلىۋاتامسىلەر؟ سىلەردە بىزنى ئاق-كۆك دەيدىغان نېمە لاياقەت بار، مېنىڭ ئۈنجى رەپىقەم ئۇرۇش جەريانىدا قۇربان بولدى. دەرۋەقە جەڭ مەيدانىدا ئەمەس. 1948-يىلى پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىش ھارپىسىدا، فۇزويى جياڭجۇنىڭ شىجياجۇاڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ قالدۇق. بىز كېچىلەپ يۆتكىلىپ، ئۆزىمىز پىيادە ئاپتوموبىللار بىلەن بەسلىشىپ مېڭىپ جىددىي يۈرۈش قىلدۇق، شۇ چاغدا مېنىڭ رەپىقەم جىلغىغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈكى شۇ يەردە قالدى، ھازىرقى رەپىقەمنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇرۇپ بېلىنى سۇندۇرۇپ قويدى. ئۇ نا ھېلىغىچە يېرىم پالەچ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ھەلەك... خوش، سىلەردەك ئىنقىلابنىڭ تەييار مېۋىسىگە ئىگە بولغانلار زادى نېمىنى بىلىسىلەر؟ نېمەڭلەرگە ۋارى-ۋارى قىلىسىلەر؟

«ئىشى ئوڭۇشلۇق ياش»، «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ياش» قا ئايلاندى، «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ياش»، «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان قېرى» غا ئايلاندى، ئۇ ھەممە ھالقىلىق پەيتلەردە تەۋرىنىپ كەلدى. ئۇ 1947-يىلدىكى يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا، پومېشچىكلارنى كۈرەش قىلىش سورۇنىدىن قورقۇپ كېتىپ نېرۋا كېسىلى بولۇپ قالدى، ئۇ داۋالىنىپ دەم ئالىمەن دەپ دوختۇرخانىغا بىر كىرگەنچە يېرىم يىل ياتتى! ئۇ ھەتتا كىچىككىنە ئىتتىرىشلارغىمۇ

تۈزۈك رىئايە قىلالمىدى، يېزىغا چۈشۈپ ئون كۈنگىچە گۆش يېيەلمەي قالغاندا، يۇقرالارنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلاپ يېيىشتىن يانمىدى، يەنە تېخى قول سائىتىمگە تېگىشتىم دەپ لاپ ئۇردى... بۇ ئۇششاق ئىشلارنى سۆزلەپ نېمە قىلاي!

ھەي! مەن ئۆمرۈمدە «ئۆگۈشسىزلىقتا ئۇچرىغان قېرى»غا ئوخشاش مۇنداق ئىچىلىك سىيرىلىدىغان چاكىنا ئادەملەردىن، مۇنداق مەڭگۈ بەختى قارا كوت-كوت شەيتانلاردىن يۈزلەپ ئەمەس، مىڭلاپ ئۇچراتتىم دېسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ! ئۇلار نېمە دېگەن مېشچان، نېمە دېگەن نېرۋا، نېمە دېگەن قۇرۇق سۆلەت ۋە نېمە دېگەن قابىلىيەتسىز! ئۇلار ئىنقىلاب، ھەققانىيەت، دېموكراتىيە توغرىسىدا قۇرۇق گەپ سېتىشنى بىلگىنى بىلەن ئەمەلدە قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ ئۇلار بىر تۇرۇپ ئالدىڭدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ساڭا مەدھىيە ئوقۇسا، رەھمەت ئېيتسا، تۇرۇپلا يەنە قاپقىنى تۇرۇپ گويا راستتىن بىرەر ئىش بولغاندەك ساڭا تىل تەگكۈزىدۇ. بىر تۇرۇپ شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ، قوللىرىنى شىلتىپ قاراسلىغان چاۋاكقا ئىگە بولسا، تۇرۇپ يەنە ھاڭۋېقىپ، تۇتۇتلەپ، تىترەپ ھەتتا ئۆزىنى كاچاتلاپ ئەپۇ سوراپ، باشقىلارنى پاش قىلىدۇ. بىر تۇرۇپ نېمىدىندۇر مىننەتدار بولۇپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، بىز-بىرىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزسە ۋە بىرسى ئەمەل تۇتسا باشقىلىرى پاناھ تارتىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، جېنى ياشارسا، تۇرۇپ يىغا-زارە قىلىپ، دەرد-ئەلىمىنى تۆكۈپ، قايناپ-قاقشاپ ئۆزىنى ئىزچىل زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بىر تۇرۇپ خۇددى ئەلنىڭ نىجاتچىسىدەك ئۆزىنى داڭلاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ يوغان گەپ قىلسا، تۇرۇپ يەنە بىنادىن سەكرىۋالماقچى، ئۇيقۇ دورىسىنى يەۋالماقچى، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ... ئۇنداقلارنىڭ گېپىگە كىرىشكە بولامدىغان؟ ئۇنداقلارغا پىسەنت قىلىپ يۈرەمدىغان؟ ئۇنداقلارنىڭ قۇترىتىشىغا، قىلتاققا چۈشۈرۈشىگە، ئېرىتىشىگە يول قويۇپ بولامدىغان؟ ئۇنداقلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى

تۇتۇپ تۇرۇشقا بولامدىغان؟ بىز بولساق پولات بازغان، ئۇلار بولسا بۇدۇر-چوقۇر چويۇن! بىز بولساق پولات ھەرە، ئۇلار بولسا ھەرە كېپىكى! بىز بولساق يول چىگداش ماشىنىسى، ئۇلار بولسا شېغىل ۋە شېغىل ئارىسىدىكى قۇرۇق ئوت-چۆپ! بىز بولساق، دەريا قايىنىمىدىكى قورام تاش، ئۇلار بولسا شامال چاچراتقان سۇنىڭ كۆپىكى! بىز ھەممىنى تەل قىلىپ ئۇلارنى تەييار تاماقتا، تەييار شورپىغا ئىگە قىلساقمۇ بولامدىكەن؟ ئۇنداقلارغا قولى يۇمشاقلىق قىلىشقا، يۈرىكى يۇمشاقلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ! مۇبادا ھېلىقى بىر كۈنى ئۇياق يولىمنى توسقاندا ماشىنامدىن چۈشۈپ سالاملاشقان، ئۇنىڭ كوت-كوت گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھېسسىداشلىق قىلغان، چىرايلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ياسىغان بولسام، خىزمەتلەرگە داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلىشىم، ھەرىكەتنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىم مۇمكىن بولاتتىمۇ! يىگىرمە يىل، ئوتتۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى خاتا بولغان دېسە بۇنىڭغا كېيىم يوق، ئۇ ياققا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىمەن... بىز قەدىمىزنى ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر-بىرلەپ بېسىپ كەلگەنلەرمىز، ئەنە شۇ بىر-بىرلەپ بېسىپ كەلگەن يولنى ئىنتراپ قىلمىغانلارنى ماتېرىيالىست دېيىشكە بولامدۇ؟

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر بارغانسېرى بىزنى چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. مۇنداقتا كىممۇ پرىنسىپقا ئەھمىيەت بەرسۇن؟ كىممۇ ئىشىمىزغا ئەھمىيەت بەرسۇن؟ كىچىك گۇرۇھ، مەنپەئەت، تاۋارلاشتۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش ساپلا چاكىنا ئىشلار، ئەجەبا زامان ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ؟ ھەممىلا ئىش چالا-بۇلا، بېشى بار ئايىغى يوق بولۇۋاتىدۇ، مەن سېنى، سەن مېنى ئالداپ يۈرىدىن چولۇق ئۆتكۈزۈدىغان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. مىلەر «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، ئوقۇغۇچى، سودىگەر، سالماقتا مەركەزگە ھەممىسى نەزەر!» دېگەن قوشاقنى ئاڭلىغانسىلەر؟ ھازىر ھەتتا باللار باغچىسىدىكى باللارنىڭ بىكتىشمۇ كەمچىلىكسىز ساپلا ئوتتۇق بىلەن يېزىلىۋاتىدۇ. قىز نەۋرەم جېنىمدا ماڭا ساۋاقداشلىرىغا پىكىر

بېرىدىغان، خەقنى رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن! دەۋاتىدۇ. كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان بىرسى ماڭا: بىر كادىرنىڭ ئون ئېغىز گېپىنىڭ بىر ئېغىزى راست بولسا ئۇنى ياخشى دېيە بولىدۇ! ئون ئېغىز گېپىنىڭ ئىككى ئېغىزى راست بولسا، ئەلاچى ھېسابلاپ كۆتۈرسە بولىدۇ! ئون ئېغىز گېپىنىڭ ئۈچ ئېغىزى راست بولسا، راست گەپنى جىق قىلىدىكەن، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىكەن دەپ يۆتكۈۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ! دېدى.

كەبىيان شۇ قەدەر بۇزۇلغان تۇرسا بىز غەم يېمەي تۇرالايمىزمۇ؟ روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ بىزگە بېسىمى بولماي قالامدۇ؟ بىزگە ھەر كۈنى ئاۋار توغرۇلۇق سۆزلەپ، بىزنىمۇ جياگيۇ، ئاچچىقسۇ سېتىۋالغاندا پۇل تۆلەشنى، ھېسابلاشنى، پۇل قايتۇرۇشنى بىلمەيدۇ دېمەكچىمۇ؟ تۇرمۇش ياخشىلىنىۋاتقىنى بىلەن ئىدىيە بۇزۇلۇۋاتسا، نەپسۋازلىق ئەدەپ كېتىۋاتسا، ئۆلسەك كۆزىمىز يۇمۇلامدۇ؟ مۇبادا تەدەپ-تەركان ۋەيران بولسا، ئەل خارابلاشسا ئۆلسەك ئۆلۈكىمىزنى قويۇشقا يەر چىقامدۇ؟ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئىناقلىق توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەش بىلەن سايلامدا قانچىلىك ئاۋازغا كۆپرەك ئىگە بولۇش مۇمكىنلىكىنى بىلمىدىم تاڭ؟ مەن باشقىسىنى بىلمىسەممۇ چاكىنا ھاماقەتلەرگە ياخشىچاق بولماسلىقنى بىلمەيمەنمۇ؟ ھەر كۈنى ئاۋات بىرىنىڭ گېپىنى قىلىدىغانغا زادى قانچە تونۇنا شېكىرىنىڭ بولسۇن! كۈن بويى ئۇششاق-چۈششەك نەپكە، ئۇششاق-چۈششەك جېدەل-ماجىراغا بېرىلىش ئىشلىرىمىزنى كۈچەيتىپ، ئورنىمىزنى مۇستەھكەملەمدۇ ياكى ئۆزىمىزنى ئاجىزلاشتۇ-رۇپ ۋەيرى-ۋەيران قىلامدۇ؟ مانا، مانا، مانا! مەن ئابرۇيۇمدىن كېچىپ، گۇمانغا قېلىشتىن قورقماي ھەممە قىلغان ئىشلىرىم بىلەن تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇۋاتىمەن.

## 26

بىز ئۆزىمىزدە كونا رايونلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆرسىتىپ ئىشلەنگەن



www.uyghurkitap.com

كىنو فىلىملىرىدىن خوتۇنىنىڭ (ياكى توي قىلماقچى بولغان لايىقىنىڭ) ئېرى (ياكى يىگىتى) ئۈچۈن خەي چەمى شىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. تازا ئېسىمدە قالماپتۇ، سون لىشېنىڭ «نىلۇپەر كۆلى» دېگەن داڭلىق ئەسىرىدىمۇ شۇنداق تەسۋىر باردەك قىلغان، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندىم.

مەن بىر جۈپ ياشانغان ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈچىسىنى قاشلىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر ياغاچ ئويما رەسىمنىمۇ كۆرگەن (تەسەۋۋۇر قىلغان؟!). ئىسسىق سۇ يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەنلىكى ۋە مۇنچا سېلىپ بېرىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان بۇ سەت كۆرۈنۈش تەيۋەنلىك بەي ياڭنىڭ «بەتبەشىرە جۇڭگولۇقلار» دېگەن ماقالىسىنىڭ داۋامىنى يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال بولۇپ بېرىشى مۇمكىن. مۇبادا مۇشۇ رەسىم چەت ئەلدە مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان بولسا، باھالىغۇچىلارنىڭ سۆزسىز يامان غەرەزلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق مەن ئەنە شۇنداق رەسىمدىنمۇ تەسىرلەندىم.

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەندىمكى، ھېسسىياتقا ھەرۋاقىت تايانچۇق كېرەككەن. بۇ بىگىز، يىڭنىگە، شوينىغا تايىنىدۇ؟ ئون بارماققا ۋە تىرناققا تايىنامدۇ؟ بىگىز بىلەن شوينىنىڭ ئۆلپەتچىلىكى بولغان يەردە، ئون بارماق بىلەن يۈرەكنىڭ ئالاقىسى تېخىمۇ يېقىن بولىدىكەن!

ئاپتور تالانت دېمەك كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مۇجەسسەملىنىشى دېمەكتۇر دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. ھېسسىياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. جۇڭگودا غەربنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئىستىبدات» دېگەن سۆز بار، ئىستىبدات تايانچىغا، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك دىققەت كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە موھتاج، بۇ پۈتۈنلەي شەكسىز. مىللەر يۈزى قاغىنىڭكىگە ئوخشايدىغان، قۇلىقىنىڭ گىجىكى كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، دۈمبىسى ئىچىگە كىرىپ، بېلى مۈكچىيىپ قالغان بىر زىيالىي جانابىنى كۆرگەن ئىدىڭلاركى؟ ئۇ ئادەتتە ئاغزىغا ئىسسىق ياخيۇ چىشلىۋالغاندەك تىلىنى چايناپ سۆزلەيتتى، يات جىنس ئارىسىغا

كىرگىنىدە كەينى-كەينىدىن ئامەت قازىنىپ ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايتتى؛ ئۇنىڭ ئىستىبداتى باشقا ياقتا، كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ مەركىزى باشقا قولاقتا ئىدى. ئۇ يات جىنس بىلەن بىللە بولغىنىدا ئىستىبداتىنى ئىشقا سېلىپ، نوچىلىقىنى بىمالال كۆرسىتىپ، سورىغان گەپكە سودىلىك جاۋاب بېرىپ، زېرەكلىشىپ باشقا بىر قىياپەتكە كىرىپ قالاتتى.

«چۈشكۈرۈكچى» غوجامنىڭ ئىستىبداتى پۈتۈنلەي باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە قارىتىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ تولىمۇ ئىچى پۇشۇپ كەلگەن! بۇنىڭغا جاھاننىڭ ئىشى تولا ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقى، ئەسلىگە قايتقۇچىلار چىققانلىقىغا قارىماي، تولىراق كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكى سەۋەب بولغان. ئۇ ئۇزۇن-ئۇزۇن يىللاردىن بېرى باشقىلارغا ياردەم بېرىش پۇرسىتىنى تاپالماي كەلگەن. ئاخىرى پۇرسەت تېپىلغاندا دەل «ئۇگۈشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» قېرىنغا ياردەم بېرىشكە توغرا كەلگەن. ھەممە يەلەن «ئۇگۈشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» نىڭ ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك بەرلىرى كۆپ دېيىشكەن.

«چۈشكۈرۈكچى» غوجام ئاخىرى رولىنى ئوبدان كۆرسەتكەن. ئۆتمۈشنىڭگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ ئادەمگەرچىلىك تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلىگەن. ئۇ «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» نىڭ ئەللىك يىل مابەينىدىكى سۆز-ھەرىكىتىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋېتىپ «چۈشكۈرۈكچى» بىلەن تېز-تېز قول ئېلىشقان چاغدا قىلغان ياپىا گەپلىرىنى ئەسلىگەن. ئۇ «ئوگۈشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى» نىڭ ئەللىك يىل ئۆتكەنگە قەدەر تېخىچە خەلقنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى شەرھلەپ كۆرسەتكەن. ۋە ئۇ مۇنداق دېگەن:

— مەن قېرىدىم، سەنمۇ قېرىدىڭ! چاچلىرىمىز ئاپئاق ئاقاردى، كۆزلىرىمىز نۇرلاشتى، ئۆمرىمىز چاغلىقلا قالدى، ئاخىرى بارىدىغان يېرىمىز كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئىككىمىز ھايات-ماماتتا بىللە بولغان، جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان دوستلارمىز. شەخسىي

ئۇقتىدىن ئېيتقاندا، سەن بىلەن قول ئېلىشىپ، كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىشنى، ماۋتەي ھارىقىنى تەڭ كۆتۈرۈپ، كونا دوستلۇقىمىزنى يادلاپ، گۈل-گىياھلارنى تاماشا قىلىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىشنى قانداقمۇ خالىماي! سېنىڭ كاۋىكىڭنى كولاپ ئەيىبىڭنى ئېچىشنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ باشقىلارغا نېمە پايدىسى؟ مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە كۆز تىكىپ تۇرۇشقانلىقىنى قانداقمۇ بىلمەسلىككە سالاي، مۇبادا سېنى كۆرۈنۈشتە تەنقىد قىلغان بولۇپ ئاستىرتتىن قوغدايدىغان، كۆرۈنۈشتە پاش قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن ياپىدىغان بولسام سېنىڭ رەھمىتىڭگە، دوستلۇق ھۆرمىتىڭگە، ياخشى ئادەم، كەڭ قورساق، دانا دېگەن چىرايلىق ئاتاققا ئىگە بولۇشۇم تۇرغان گەپ... بىراق مۇنداق قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ مۇنداق قىلسام مەن، مەن بولالايمەنمۇ؟ مەن ئۆز دوستۇمنى سۆيىمەن، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ھەقىقەتنى سۆيىمەن، ھەقىقەت تەۋرەنمەس، سودىلىشىشقا ئورۇن يوق! — ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن، سېنىڭ ئەيىبلىرىڭنى كۆرسىتىپ بېرىش ماڭا قانچىلىك شۆھرەت كەلتۈرەلىسۇن؟ مەن ئۆزۈمنى قالتىس ياخشى، قالتىس توغرا چاغلاۋاتقىنىم يوق، ھازىرقى ئەھۋالىمغا قاراپ ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ نامۇۋاپىق يەرلىرى كۆپلۈكىنى سېزىپ، يىگەن تاماقىم تېتىماي، كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي قالىدۇ!

ئۇ ئۆز گېپىدىن تەسىرلىنىپ، ئىچىدىن ئۈن چىقارماي يىغلىغان. ئۇ ھەقىقەتەن قىيىن قالغان، ئۇنىڭ يىغىسى باشقا بىر ياردەم بەرگۈچىنىمۇ يىغلىتىۋەتكەن.

سابىق ئايال كاتىپ ئۇنىڭ ئاشۇ 3-قېتىملىق يىغىسىدىن كېيىن روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان، ئايال كاتىپنىڭ باشتا «چۈشكۈ-رۈكچى» نىڭ كۆزىنى ئويۇۋالغۇسى كەلگەن بولسا، كېيىن-كېيىن ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالغۇسى كېلىدىغان بولغان.

# 27

ئاپتور 1985-يىلى بېرلىندا خەلقارا ئەدەبىيات مۇھاكىمىسى پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئىككى سائەت ۋاقىتنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مۇخبىرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۆزئارا سوئال سوراپ ۋە جاۋاب بېرىپ، كۆلۈشمەك ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.

سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ماڭا تەرجىمان ۋە ھەمراھ بولغان خانىم ماڭا سىز ناھايىتى ئوبدان ئويۇن كۆرسەتتىڭىز دېدى.

ئۇنىڭدا مېنى قىلچە مەسخىرە قىلىدىغان نىيەت يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ مەن بىلەن ئىككى ئەۋلاد دوستلاردىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېپى سەل يېغىرىمغا تەگكەندەك بولدى-دە، بەللى، مەن ئويۇن كۆرسىتىۋاتىمەنمۇ؟ مېنىڭ دوستلۇقۇم، ئىستىداتىم، ئاقكۆڭۈللۈكۈم، زېرەكلىكىم ۋە ئۆزۈمنى چوڭچىلىقمۇ قىلماي، پەسمۇ كۆرمەي تۇتالىشىم مەن كۆرسىتىۋاتقان «ئويۇن» مۇ؟ دەپ ئويلىدىم. كېيىنچە «كىتابخانىلار مەجمۇئەسى» سەھىپىسىدىن ئامېرىكىلىق بىر پىسخولوگنىڭ بىر ماقالىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ شۇ ماقالىسىدا: سىز كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققان چاغلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ خۇشاللىقىنى، كەڭ قورساقلىقىنى ئەتەي ئىپادىلەشكە بەكرەك تىرىشىڭ، تەقدىرنىڭ زەربىسىگە پىسەنت قىلمايدىغانلىقىڭىزنى، ئۆزىڭىزنى بىغەم-ئازادە ۋە خۇشال تۇتۇشقا شۇ قەدەر ماھىرلىقىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ «قىلچە بوشاشمايدىغان» دەرىجىدە ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىڭىزنى بولۇپمۇ جامائەت سورۇنلىرىدا ئىپادىلەپ كۆرسىتىڭ. بەلكىم باشتا ئويۇن كۆرسەتكەندەك كۆرۈنۈشىڭىز مۇمكىن، ئەمما بىر-ئىككى نۆۋەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ پىسخىك كرىزىستىن ھەقىقەتەن ھالقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى سېزىسىز-دە، يېڭىباشتىن پۈتۈنلەي جانلىنىپ كېتىسىز، شادلىنىپ قالىسىز، دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

سىز كۈچلۈكلەر بىلەن، ئاجىزلار بىلەن، ياشلىقىڭىز بىلەن، قول ئاستىڭىزدىكىلەر بىلەن، بىر جىنىستىكىلەر بىلەن، يات جىنىستىكىلەر بىلەن، ئاتا-ئانىڭىز بىلەن، ئوغۇل-قىزلىرىڭىز بىلەن، چەت ئەللىكلەر بىلەن، ۋەتەنداشلىرىڭىز بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىڭىزدا ئاۋازىڭىزنى، چىرايىڭىزنى ۋە ھەرىكىتىڭىزنى تەڭشەپ-ئوڭشاپ تۇرىدىغانلىقىڭىز يالغانمۇ؟ بۇنداق تەڭشەشنى ئويۇن كۆرسەتكەنلىك دېيىشكە بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئويۇن كۆرسەتكەنلىك دېيىلسە، ئۇنى سەممىيلىك دېيىشكە بولامدۇ-يوق؟ سەممىيلىك دېگەننى قوپاللىق بىلەن ئىپادىلەش كېرەكمىكەن؟ ياۋروپاچە تاماق يېگەن چېغىڭىزدىمۇ ھەمىشە ئۆز قېرىنداشلىرىڭىز (ھەتتا ستاۋلىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى)غا شورپا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن قاچا-قۇچىلارنى جاراڭشىتىپ يۈرىدىغانلىقىڭىز، گاھ تۈرلەپ، گاھ بەسىيىپ تۇرىدىغان شاۋقۇنلۇق مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە قىسىلىپ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرىدىغانلىقىڭىز يالغانمۇ؟ ئۆز دادىڭىز بىللە شورپا ئىچكەن ۋاقتىڭىزدىمۇ غورتىلدىتىپ سۈمۈرىدىغانلىقىڭىز، شالاپشىتىپ، شىرىلدىتىپ ئىچىدىغانلىقىڭىز يالغانمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، پالانى سەممىي، پالانى ياسالما دەپ يۈرۈشكە نېمە ھەققىڭىز، نېمە ئاساسىڭىز بار؟ بولۇپمۇ ئۆزىنى ھەدەپ سەممىي كۆرسىتىپ، بازارغا سېلىپ، باشقىلارغا ياسالما دەپ ھەدەپ زەربە بېرىدىغان ئادەملەرگە ھەرگىز ئاسان ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ!

ھەي ئويۇن! شۇنداق ئىش بولغانىكەن، شۇنداق ئادەم بولىدۇ، شۇنداق ئادەم، شۇنداق ئورۇن بولغانىكەن، شۇنداق ئويۇن بولىدۇ. دېمەك، چۈشىنىش مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ياشىسۇن چۈشىنىش بىز زادى قانچىلىك ئادەم ۋە قانچىلىك ئىشنى چۈشىنىمىز، باشقىلار بىزنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟

يېتەرلىك چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ كىشىگە ئەڭ ياخشى تىلەك بىلدۈرىمەن.

## 28

كۆرۈش بۆلۈڭنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش شېئىر ۋە پروزا ئۈچۈن پۈتۈنلەي يېڭى، مەزمۇنغا كۆپ باي ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

لى بەيىنىڭ كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان «جىمجىت كېچىنى سېغىنىش» دېگەن شېئىرىنى ئالايلى. ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق:

كارىۋىتىم ئەتراپى غىچ ئاي شولىسى،
ئاق قىرۇۋ ياغقان چېغى دەيدۇ كىشى.
تىكىلىپ سۇتتەك سۈزۈك ئاي ھۆسنىگە،
باش سېلىپ يۇرتنى سېغىندىم شۇنچىكى.

مانا بۇ شېئىر شائىرنىڭ — مۇساپىرنىڭ كۆرۈش بۆلۈڭىدىن يېزىلغان. مۇبادا ئاينىڭ كۆرۈش بۆلۈڭىدىن يېزىلغان بولسا قانداق بولاتتى؟ مانا مۇنداق بولاتتى:

بىلمەيمەن زىمىستان ۋە يا تومۇزنى،
ئايرىش يوق مەن ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزنى.
قايغۇرۇش، شادلىنىش ھەركىمنىڭ ئىشى،
يوق ئۇنىڭ ھېچقاچان ماڭا دەخلىسى.

ئەمدى ئالىقاچان ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئۇنىڭ ئۈستىگە كىملەردۇر تولا كۆز-كۆز قىلىدىغان مۇنۇ تاڭ ناخشىسىنى ئالايلى:

چوكانتال مەزگىلى يامغۇر ياغار سىم-سىم قىلىپ تىنماي،
يولۇچى يول ئازابىدىن پەرىشاندۇر سېلىپ ۋاي-ۋاي.
سورايمەن نەدە مەيخانا ئېلىشقا دەمنى بىردەم دەپ،
ئەنە دەيدۇ كىچىك چوپان: كۆرۈنگەن شۇ ئۆرۈكلۈك جاي.

مانا بۇ شېئىر شائىرنىڭ — يولۇچىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يېزىلغان. مۇبادا ئۇ شېئىرىيەتتىن قىلچە خەۋىرى يوق، پايدىنى كۆرسە دۇم چۈشىدىغان مەيخانىچىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يېزىلىدىغان بولسا مۇنداق بولۇپ چىقاتتى:

چوكانتال مەزگىلى يامغۇر يېغىپ تىنماي شارىلدايدۇ،
تىجارەت-ئوقەتىم ئاقماي، دارامەتمۇ ناچارلايدۇ.
ساتاي دەيمەن قوشۇپ يامغۇر سۈيىنى ھارىقىمغا،
لېكىنزە قورقىمەن مۇخبىر گېزىتتە بەك كاچاتلايدۇ.

ۋە ياكى ئۇ شېئىرىيەتتىن قىلچە خەۋىرى يوق بىر يولۇچىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىن يېزىلسا، مۇنداق بولۇپ چىققان بولاتتى:

چوكانتال مەزگىلى يامغۇر شارقىرايدۇ، تىنمايدۇ،
يولۇچى كېچىپ پاتقاق موللاقلايدۇ، ۋاي دەيدۇ.
قېنى دوختۇرخانا نەدە مېنى ئاپار دېسەڭ دەرھال،
كىراكەش شوپۇرۇڭ شۇ دەم قېنى ۋەيخۇي چىقار دەيدۇ.

مانا بۇلارنى ئەسلىدىكى شېئىرغا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ قانداق ئىكەن؟

ئاپتور نەچچە-نەچچە قېتىم مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باققانىدى: لۇشۇن ئا Q نى تەسۋىرلەپ، «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» نى يېزىپ چىققان. مۇبادا ئا Q تەلەيلىك زاماندا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېز ساۋات چىقىرىدىغان مەلۇم سىرتتىن ئوقۇش مەركىزىدە تەربىيىلەنگەن بولسا، ئۇ جاھاندىكى ئادەملەرنى، لۇشۇننى قانداق يازغان بولاتتى؟ ئۇ بەلكىم مۇنداق دېگەن بولاتتى:

دوستلار، ئەپەندىلەر، يولداشلار، سىلەر خەقنىڭ دامىغا

چۈشۈپ كەتتىڭلار! مەن راستىنلا شۇنچە قالاقمۇ؟ جەت ئەللىكلەرنىڭ لۇشۇننى ئاQنى ياخشى يازغان دەپ ماختىشى يامان غەرەزلىك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ خىزمەتكار ئايال ۋۇماغا ئىچ-پەش تارتقانلىقىم ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ ئويغۇنىشى، مۇھەببەتنىڭ ئويغۇنىشى، «قىزىل قوناق»، «كونا قۇدۇق»، «سېرىق تۇپراق» دېگەن ئويۇنلاردىكىگە ئوخشاش ئويغىنىش بولماي نېمە؟ ئانا بولغۇچى مەسخىرە قىلسا ماڭا نېمە چارە! ھەممىڭلار ئېگىز قول كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك ۋارقىرايلى:

ئاQنى مەسخىرە قىلغانلار ئاQدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئاQ!

ئاQنى مەسخىرە قىلغانلار جاۋ بېگىمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن جاۋ بېگىم!

چېيەن شىيۇسەينى مەسخىرە قىلغانلار يالغان ئەجنەبىي شەيتانلارغىمۇ يېتەلمەيدۇ!

مەن ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق بىر مەسىلىنى توقۇپ، ئەزەلدىن تاماقتىن غەم يېمەيدىغان ئائىلىلەرگە، داڭلىق يازغۇچىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان، پاكلىقتا ئۇلۇغۋار بىر زاتنىڭ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋىتىدىلا تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى، ئۇ ئون يەتتە قەۋەتلىك — بۇنى ئانچە ئېگىز دېگىلى بولمايدۇ — بىر بىنانىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىدىكى بىرىنچى ئىشىك 15-نومۇرلۇق ئۆيگە ئورۇنلاشقىندىن كېيىن، ئون ئالتىنچى قەۋەتتىن تارتىپ پەستىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن ئىدىم.

كۆرۈش بۇلۇڭىنى يۆتكىسەك، بۇ ھېكايە مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ: خەلققە نىجاتلىق تىلەشكە ۋە مۇتلەق باراۋەرلىككە خۇشتار بولۇپ كەلگەن بىر مېھىر-شەپقەتچى زات بىنانىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتىدە ئولتۇرۇشقا ھامان قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ پىكرىچە بىنائەن ئون يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتى چېقىپ تاشلانغان، ئون ئالتىنچى قەۋىتى ئەڭ ئېگىز قەۋەت بولۇپ قالغاچقا

ئۇمۇ چىقىپ تاشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئون بەشىنچى، ئون ئۈچىنچى قەۋەتلىرىدىن تارتىپ پەستىكى قەۋەتلىرى چىقىپ تاشلىنىۋەرگەن. ئەڭ ئاخىرىدا قەۋەتلىك بىنا پۈتۈنلەي غايىب بولغان.

ئاپتورنىڭ كۆپ يىللار مابەينىدە ھاسىل قىلغان سىر زاۋىيە تېمىسىمۇ بار. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئەقىللىق كىشىلەر تۇرمۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىق كىشىلەر تۇرمۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلماي، تۈرلۈك قاراشلاردىن يۇناق ئىزدەيدۇ. قاراشلار توغرىسىدىكى قارىشىنىلا بايان قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئەقىل يۆلۈنمىسىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ھەممە كىشى ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئۆز قارىشىنى بايان قىلىشىنى، باشقىلار قارىشىنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ ئالدىنقىلارنىڭ قارىشىدىكى نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى جىملا كۈتۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىغا بېرىپ جاھاندا كاتتا پاراسەتنىڭ ھېچنېمىگە يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان — جىمجۇرلۇق ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان ئومۇمىي تونۇشتىن باشقا ھېچقانداق كۆز قاراش ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان بولىدۇ.

ئەمدى بۇنىڭدا كۆرۈش بۆلۈكىنى يۆتكىسەك قانداق بولىدۇ؟

كۆرۈش بۆلۈكىنى يۆتكىسەك، ئەقىل ۋە قەلبىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاقىي كۈچى ۋە ئىرادە قۇۋۋىتىنى چوڭ سىناش بولىدۇ. شۇنداقلا چوڭ تەرەققىيات بولىدۇ، ئەلۋەتتە. كۆرۈش بۆلۈكىنى يۆتكەش قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بىنا قىلىنغان ئەدەبىيات بىناسىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىگە سەۋەب بولامدۇ-يوق؟ چېخوپ ئۆز ئۆمرىدە شۇنچە كۆپ چاكىنا ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ مۇلى قۇلۇلىسى ۋە قارىقات يېيىشكە ئامراقلىقىنى يازغان. مۇبادا ئاشۇ قۇلۇلە ۋە قارىقات خۇمارلىرىنىڭمۇ ئەيلىك قەلىمى بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ چېخوپنى زەنسىپ، ئەرلىكى قالمىغان، ۋالاقتەككۈرلۈك قىلىپ ئاشقازىنى ئاجىزلاپ كەتكەن (شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ قۇلۇلە ۋە قارىقات يېيىشىنى يامان كۆرىدىغان)،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى پاك ئاتىۋالغان چاكىنا ئادەم قىلىپ يازالماسلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ لېۋ بىگىيەن ۋاڭ شۈشىننى يېرىمى ئادەمگە، يېرىمى ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان غەلىتە مەخلۇق، كالۋا مەخلۇق قىلىپ يازغان. مۇبادا ۋاڭ شۈشىنمۇ قولىغا ماھارەتلىك ياكى بادىرىدەك چوڭ قەلەمنى ئالغان بولسا قانداق بولاتتى؟ قولىغا شۇنداق قەلەم ئاللىماسلىق دەل ئاپتور ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز سەلبىي قەھرىمانلىرىنى ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۇزخادىن چىققۇدەك قاملاشتۇرۇپ، مەردانە تەنقىد قىلىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەبمىكىن دەيمەن؟ بۇ نېمىدېگەن يارامسىزلىق، نېمىدېگەن كالتا پەملىك، نېمىدېگەن بىمەنە كۆڭۈلچەك-لىك ھە! ئۆزىنىڭ مەسخىرە قىلغان ئادىمىگىنىڭ ئۆزۈگىنى قانداق مەسخىرە قىلىشى ئادەمنى نەقەدەر جەلپ قىلىدىغان مەسىلە ھە! ئاخىرى شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۆزلىرىنى ھېسسىياتقا باي قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئەمما ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ بىلىدىغان يازغۇچىلار (ئاپتور مۇشۇنىڭ ئىچىدە) تەرىپىدىن ناھەق، ناتوغرا تەسۋىرلەنگەن كىشىلەر بىرلىشىپ، يازغۇچىلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ، يازغۇچىلارنىڭ زەھەرلىك تىلىنى كېسىپ تاشلايدۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئۈچەي-قارنىدىكى ئاشۇ ئىپلاس يىرىڭنى چۇۋۇپ، چاۋىسىنى چىققا يايىدۇ!

# بىر چۈشكۈرۈكتە مىڭ جىلۋە

(قوشۇمچىسى)

28 (1-قوشۇمچە)

فرېيد ئۆز-ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسىنى جىنسىي روھىي ھالەت سۈپىتىدە تەتقىق قىلغانمىش ۋە ئىسپاتلىغانمىش، بۇ پسىخولوگىيىدىن خەۋەرسىز قالغان، مېنىڭ زادى كاللامدىن ئۆتمىدى.

بەلكىم ياشلىق دەۋرىدە بولىدىغان ئۆز-ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسىنى فرېيد جانابىنىڭ ئىلىم سىستېمىسى بىلەن كۆپ چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاش تۇيغۇسىچۇ؟ روھىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاش تۇيغۇسى ئورگانىزم ۋە ئىچكى ئاجراتمىدىن ھاسىل بولغانمۇ؟ يەنە، قېرىغاندىن كېيىن قانداق بولماقچى؟ ئائىلىۋى، جىنسىي تۇرمۇش توختاپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن قانداق بولماقچى؟

زامان بەربىر ئۆزگەرگەن. «چۈشكۈرۈكچى» جانابىنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىققىنى شۇ بولغانكى، ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ياش تۆكۈشى، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى»غا كۆرسەتكەن چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە ياردىمى ئۆزى ئويلىغاندەك نەتىجە بەرمىگەن، ئۇنىڭ «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى»نى سىجىل خەلقنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن تەھلىلى ئاغزىدىن گرانات ئاتقاندەك جاراڭلىق چىققان، ئۇ قولاقتىن كىرىپ بۇ قولاقتىن نەگىدۇر غايىپ بولغان، ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە ھېسسىياتى ھاۋادا جاراڭلاپ،

ھاۋادا تارقىلىپ كەتكەن. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، «ئۇخۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» تۆۋەنگە غۇلاشقا تېگىشلىك دېيىلگىنى بويىچە تۆۋەنگە غۇلاپ خارابىلىشىش ئورنىغا پېگىدىن تەقدىرلىنىپ بېگى ئۆي تەقسىم قىلىنىپ، ھەتتا قانداقتۇ داڭلىق جەمئىيەتلەرگە «باشلىق» بولۇپ سايلىنىپ ئوبدانلا روناق تېپىپ قالغان. ئادەتتىن خالى بولالماي كېلىۋاتقان «مەنسەپ مەرتىۋىسى» قارىشى بويىچە مەمۇرىي دەرىجىگە سالغاندا، «ئۇخۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» «چۈشكۆرۈكچى» جانابىنى «يېرىم دەرىجە» ئېشىپ كەتكەنمىش.

— بۇ قىزىقچىلىقتا نېمە دەيسىز؟

ئۆتمۈشتىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغىنى — ياردەم بېرىلگۈچى بولغان «ئۇخۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نىڭ قەدىر-قىممىتى ياردەم بېرىلگەنسېرى ئېشىپ بارغان. ئۇ ھال سوراش خەتلىرىنى، ھال سوراپ بېرىلگەن تېلېفونلارنى، يۈزلەپ جىلىتكە، غەربنىڭ ئادەمگىياھ — ئانا ھەرە قىيامىدىن تارتىپ قەۋزىيەتنى داۋالىغۇچى شېكەر يالىتىلغان يالپاق دورىلارغىچە ھال سوراش سوۋغىلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە خۇشتار «چۈشكۆرۈكچى» بولسا بىر مۇنچە مەسخىرە ۋە ئاھانەتكە قالغان — سېسىق گەپلەر بىلەن ئىسمىسىز يېزىلغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغان، قەدىناس دوستلىرى ئۇنىڭغا «سەممىي مەسلىھەت» بەرگەن، خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ: مۇشۇنداق ئىشلارغا جان كېرىشكە ئامراقلىق قىلغان ئۆزىڭىز، كۆردىڭىزمۇ، نېمىدېگەن سەتچىلىك؟ چىڭ تۇرىمەن دەپ نېمە پايدا كۆردىڭىز؟ باشقىلار ھەدېسە يۇمشاقلىق قىلىپ، ھەدېسە قوشقۇنغا تولتۇرۇۋېلىپ، سىزنى ئالدىغا چىقىرىپ قويدى! دېگەن.

تۈنجى قېتىملىق چاي بېرىلگەندە، بىغىن تەشكىللىگۈچىلىرى، ئىسىملىكشۇناسلار، ئورۇنشۇناسلار «چۈشكۆرۈكچى» بىلەن «ئۇخۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نى بىر جۈزگە ئورۇنلاشتۇرغان. غەربنىڭ دىپلوماتىيە قائىدىسى بويىچە كۆزەتكەندە، «ئۇخۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى»، «چۈشكۆرۈكچى» دىن خېلىلا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا

ئولتۇرغۇزۇلغان. «چۈشكۈرۈكچى» نى يامان كۆرىدىغانلار خوپ بولدى دەپ خوش بولۇشۇپ، «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ ئۆزى ياردەم بەرگەندىن كېيىن قەدىر-قىممىتى ئۆرلەپ كەتكەن «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نى كۆرگەن چاغدىكى پەرىشان ھالىتىنى تاماشا قىلماقچى بولۇشقان. ياش مۇخبىرلاردىن بىرى: يەردىن بىرەر يوچۇق تېپىلسا «چۈشكۈرۈكچى» شۇنىڭغا كىرىۋېلىشتىن يانمايدۇ! دەپ ئالدىن ئېيتقان.

«چۈشكۈرۈكچى» ئادەتتىكىدەكلا كېچىكىپ كەلگەن. ئۇ يىغىن زالىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەتتىكىدەكلا تارتىنىشلىق، زەن سېلىپ بولغىچە كۆزدىن غايىپ بولىدىغان، راست بىلەن يالغاننىڭ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا قالغان تەبەسسۇم ئالامىتى پەيدا بولغان. زالدىكىلەرنى ھېچكىم ئۆرە تۇرۇپ قويمىغان، بىراق «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» بىئارام بولۇپ، قويماي ئولتۇرۇۋېرەي دېسە تېخى، قوپاي دېسە تېخى، ھېچقايسىسىغا جۈرئەت قىلالماي، گويا قورقۇتۇلغان راكېتەك. گويا داۋالاش بۆلۈمىدە مىڭە پەردە يالقۇغىنى ياكى تارقىلىشچان B تىپلىق مىڭە يالقۇغىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن بۇلۇڭنى ئېلىشنى كۈتۈۋاتقاندەك مۈكچەيگىنىچە جوزىغا يېپىشىپ قىينالغان. «چۈشكۈرۈكچى» قورۇنماي، ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي پەلتوسىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن، قاراپمۇ ياقماستىن پۈتۈنلەي ئۆز سېپىمىزنىڭ باشلامچىلىقىدا جامائەت ئارىسىدىكى ھەممىدىن مۇھىم، دەرىجىسى ۋە مەنسىپى ھەممىدىن ئۈستۈن بىرقانچە ئەربابنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ ھال سوراشقان... ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆز جوزىسىغا كېلىپ «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» غا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويغان، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، دىققەتتە تۇرۇشقا تاس قالغان.

«چۈشكۈرۈكچى» ، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نىڭ ئالىقاچان سۇنغان ياغاچ قولىنى قىسىپ، ئۇنىڭغا يېرىم يانا قاراپ: «نەۋرىڭىزنىڭ پۇرىكىنىڭ جۆرىسىگە ئىسسىقلىق چىقىپتۇ دەيدۇ راستمۇ؟» دېگەن.

«ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» پوكاندەك قىزىرىپ، بەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق ئۇزاق قول ئېلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ باقمىغان. ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق ئىللىق كۆزىدە «قارايدىغان» ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ باقمىغان. ئۇ مۇشۇ بۇرادىرىنىڭ ئەزەلدىن مۇنداق سەممىي، قالتىس ئادەمگەرچىلىك بىلەن ھال سورىشىنى ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇ ھاياجان دەستىدە، خۇددى نەۋرىسىنىڭ ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىچى-تېشىنى ئىسسىقلىق قاپلاپ، قىپقىزىل مۇدۇرچاقتا ئايلىنىپ كەتكەندەك ئۆزىنى باسالماي قالغان. ئۇ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، ئاۋاز پەردىسى ئىشلىمەي قالغاندەك ئاغزىنى ئېچىپ قېتىپلا قالغان.

«چۈشكۈرۈكچى» پىسسىڭىدە كۈلۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەممىي دوستلۇقنى بۇرنىنىڭ قىسىلىش-كېرىلىشىش ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ قولياغلىقنى چىقارغان ۋە زوق-شوقى بىلەن سىلكىپ قويغان. ئۇ بۇرنىنىڭ، قاڭشىرىنىڭ ۋە يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرىنى پۈرۈشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئۇستىلىق بىلەن ئامراقلىق، مېھرىبانلىق، كەڭ قورساقلىق كۆرسىتىشكە ئايلاندۇرۇپ، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى»نى ئالاھىدە پۇرسەتكە ئىگە قىلغان يەنى يەل قاچۇرماي، ناھايىتى چاققان ئۈنلۈك قىلىپ بىرنى چۈشكۈرگەن.

بۇ ئۈنلۈك چۈشكۈرۈك بىلەن تەڭ تىترەك باسقان «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» ئالدىدىكى ئۇسسۇزلۇق ئىچىدىغان ئىستاكانلارنى ئۆرۈۋەتكەن، ئۇسسۇزلۇق جوزىغا تۆكۈلۈپ، ئىستاكانلار تاراڭشىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئايلىنىپ ھوشىدىن كەتكەن.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ھېلىقى ياش مۇخبىر ئۆز تەسىراتىنى گراممatikىغا يات گەپلەر بىلەن بايان قىلىپ: «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى»غا ئوخشاش مۇشۇنداق قېرىلارمۇ 19 ياشلىق قىزلارنى ئەمرىگە ئېلىپ خەقنىڭ ئۆمرىنى بىكار كەتكۈزگەن، بۇ تازا راھەت-پاراغەتنى زايا قىلغانلىق!» دېگەن.

قاراپ تۇرۇڭلار، بارلىق مۇخبىر ۋە يازغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن، تىلى كېسىلىپ دوزاختا تاشلىنىدۇ.

**ئاپتورنىڭ قوشۇمچە ئەسكەرتىشى:** «بىر چۈشكۈرۈكتىن ئىلمىك جىلۋە» دېگەن بۇ يارىماس ئەسىرىم «خوسۇل» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇپ كۆرۈپ كەم قالسا بولمايدىغان بىر بۆلىكى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى سەزدىم. ئالدىراشلىقتىن بولغان دېيىش شۇ قەدەر بىپەرۋالىق قىلغانلىقىمغا باھانە بولالمايدۇ، تەھرىر ۋە كىتابخانلاردىن ئەپۇ سورايمەن ھەمدە يولداش تەھرىرنىڭ بۇنى قوشۇپ قويۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. بۇ بۆلەك 28-دىن كېيىن بېرىلسە ئەمەلىيەتتە 29-سى بولىدۇ، ئەسلىدىكى 29-دېگەن ئاخىرقى رەت نومۇرى 30-بولۇشى كېرەك.

1988-يىل 1-سېنتەبىر.

## 29

يازغۇچى جاڭ شيەنلياڭنىڭ «ئەرنىڭ يېرىمى ئايال» دېگەن ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قىزغىن مۇھاكىمە قوزغىدى، بۇ ھەقنە يېڭىلىق دېيىشكە ياكى يېڭىچە كۆرۈش بولۇشى دېيىشكە لايىق بىر ئوبزور يېزىلدى، بۇ ئوبزور بىر تىببىي ئىلىم ژۇرنىلىغا بېسىلدى، ئاپتورى مەلۇم دوختۇرخانىدا ئاتاقلىق تېرە كېسەللىكى ۋە سۆيدۈك ئاجرىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىكەن، كاندىدات ئالىي ئۇنۋانىغا ئىگە ئىكەن.

بۇ ئاپتور ئاشۇ ھېكايىنىڭ تىببىي ئىلىم، كىلىنىكا، كېسەل تارىخى جەھەتتىكى خۇددى بالزاكنىڭ «كىشىلەر ئارىسىدىكى كومېدىيە» دېگەن ئەسىرى ئىقتىسادىي پەن قىممىتىگە، سىمونوۋنىڭ «كۆزلەر ۋە تۈزلەر» دېگەن ئەسىرى تاكتىكا ئىلمى مۇستەھكەم شەھەر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىش ئىلمىي قىممىتىگە ئىگە بولغىنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھېكايىنىڭ ئەۋلەردىكى جىنسىي كېمەللىكى، ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە ئۆلگە دېيىشكە لايىق كېلىدىغان. بىل تەڭكۆزگۈدەك يېرى تېپىلمايدىغان چىملىقتاۋە توغرىلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرە كېسەللىكى ۋە سۆيدۈك ئاجرىتىش بۆلۈمىنىڭ باش دوختۇرى كىشىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ دىلىنى يورۇتىدىغان بىر نۇقتىئىنەزەرنى، يەنى جىنسىي قابىلىيەت جەھەتتىكى كېمەللىك بىر تەرەپتىلا بولمايدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ بۇ نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: بىر تەرەپنىڭكى جىنسىي ئاجىزلىق ئىككىلا تەرەپنىڭكى جىنسىي ئاجىزلىق دېمەكتۇر. بىر تەرەپنىڭكى جىنسىي سوۋۇش ئىككىلا تەرەپنىڭكى جىنسىي سوۋۇش دېمەكتۇر، بىر تەرەپنىڭكى جىنسىي قابىلىيەتسىزلىك ئىككىلا تەرەپنىڭكى قابىلىيەتسىزلىك دېمەكتۇر. بىر تەرەپنىڭكى جىنسىي مەغلۇبىيەت ئىككىلا تەرەپنىڭكى مەغلۇبىيەت دېمەكتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر تەرەپنىڭ جىنسىي قانائەتلىنىشى ئىككىلا تەرەپنىڭ جىنسىي قانائەتلىنىشى دېمەكتۇر، بىر تەرەپنىڭ جىنسىي ھاياجانلىنىشى ئىككىلا تەرەپنىڭ ھاياجانلىنىشى دېمەكتۇر، بىر تەرەپنىڭ جىنسىي مۇۋەپپەقىيىتى ئىككىلا تەرەپنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېمەكتۇر.

بۇ نۇقتىئىنەزەر ھەددىدىن زىيادە مۇتلەقلەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن بۇ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن نۇقتىئىنەزەرگە قارشى بەزى گېزىتلەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا بېسىلىپ يۈرگەن ماقالە ئاپتورلىرىغا ئوخشاش پۈت ئاتىدىغان ئىش يۈز بەرمەيدىغانلار بولسا، بۇ دوختۇرنىڭ نۇقتىئىنەزەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتىنى ۋە مېتودولوگىيىلىك ئەھمىيىتىنى بايقىۋېلىشقا بولىدۇ. سۆيۈش-كۆيۈش، ئاغرىنىش-رەنجىش؛ جان كۆيدۈرۈش، ياردەم بېرىش، تونۇشۇش، يىراقلىشىش، يېقىنلىشىش، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، تالاش-تارتىش قىلىش، مەمنۇن بولۇش، ئۈمىدسىزلىنىش، كۆڭلىنى ياساش، سەگەكلىشىش... دېگەنگە ئوخشاش قىسمى-قىسمى ئىشلار ئادەتتە بىر تەرەپتىلا بولىدىغان ئىشلار

ئەمەس. شۇ سەۋەپتىنمۇ جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپ «تۆزۈككە تەلەپچان بول» دېگەنگە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن.

مىسال ئۈچۈن «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» بىلەن «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالايلى. بۇنىڭدىكى چاتاق بىر تەرەپتىلىمۇ؟ قانۇنىيەت بويىچە، ئاپتورنىڭمۇ، كىتابخانلارنىڭمۇ كۆڭلى «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» غا ھېسداشلىق قىلىشقا مايىل. «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆزرىغۇچى» ئورۇق، «چۈشكۈرۈكچى» سېمىز. «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» ئارانلا بىر زىيالىي، «چۈشكۈرۈكچى» بولسا ئۇنۋان-مەنسەپلىرى بىتەرلىك، پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يەنە قانداقتۇ كومىتېتلارغا ئەزا، مەسلىھەتچى بولغان ئادەم. «چۈشكۈرۈكچى» نىڭ ئاللىقاچاندىن بېرى ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ماشىنىسى بار، «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» بولسا بىر مۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ كۆپ دېگەندە قاتناش ساقچىلىرى كۆرسە قوشۇمىسى تۈرۈلىدىغان «شاڭخەي» ماركىلىق ماشىنا چاقىرىپ ئولتۇرالايدىغان كىشى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» نىمۇ، «چۈشكۈرۈكچى» نىمۇ «باشقۇرغان» بىر بورادەر ماڭا «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» نىڭ قىزىق بىر ئىشىنى سۆزلەپ بەردى.

«7-ماي» كادىرلار مەكتىپىدە بولغان كۈنلەردە، بىر كۈنى «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» قاچىسىغا سەي ئېلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمدەرد ئىككىنچى بىر «ئوغۇشسىزلىقتا ئۆچىرىغۇچى» ئاشپەز ئىكەنىدۇق. بۇ ئاشپەز بىر چۆمۈچ سەينى ئۇسۇپ جىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، چۆمۈچنى ئىرغاڭشىتىپ، كونا گەپ بىلەن ئېيتقاندا قولىنى تىترىتىپ سەينىڭ ئارتۇقىنى ياندۇرۇۋەتمەكچى بوپتۇ. قولىنى بىر تىترەتكەنىكەن، توپتوغرا بىر پارچە ئېسىل نەرسە — بىر پارچە ئورۇق قىيما گۆش بېسىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى ئېچىشقان

«ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» ئىختىيارسىز كوتۇلداپ: «ئەجەب قولۇڭنى تىترەپ كەتتىغۇ، بىر تال قىيما گۆشكىمۇ...» دەپتۇ.

ئاشپەزلىك قىلغۇچىمۇ بېشىغا جىق دەرد-ئەلەم كەلگەن پىشقەدەم كادىر، پىشقەدەم زىيالىي بولۇپ، كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇپ ئىچىدىكىنى تېشىغا چىقارماي يۈرىدىغان، مىجەزى كاجىراق كىشى ئىكەن. ئۇ «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» نىڭ غودۇڭشىنى ئاڭلاپلا چىشى قېرىشىپتۇ دە، چۆمۈچىنى قاتتىق بىر ئىرغىتىپتىكەن، خۇددى ياش مەدەنىيەت تارىخشۇناسى خې شىن ئۆز مۇلاھىزىسىدە كۆرسەتكەن، ئېلىمىزنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن «نادىرلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش» كە ۋە «ناچارلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش» كە ئوخشاش، چۆمۈچتە قالغان بار-يوق ئىككى تال قىيمە تىلىك تاللىنىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭدىن ئوغىسى تۇتقان «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى»: «نېمىدەپ چۈشۈرۈۋېتىسەن؟ سەن مېنى بوزەك تېپىۋالىسەن! مۇنتە ھەملىك قىلىۋالىسەن! مانا قاراپ باق، ماڭا بەرگەن سىپىگىدە بىر تال قىيما بارمىكەن؟» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئاشپەزلىك قىلغۇچىمۇ ئوغىسى قايناپ: «مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ شۇنچە قايناپ كېتەمسەن؟ نېمىدېگەن ئىچىڭ تار سېنىڭ! زىيالىي بولۇپ قالغىنىڭغا ئېيت!» دەپ توۋلاپتۇ.

ئۇقساق، بۇنىڭ ئەكسىچە، «چۈشكۈرۈكچى» ئۇنداق سەتلىشىدىغان ئىشلارنى قىلماپتۇ. بىرلا يېرى «چۈشكۈرۈكچى» بالدۇرراق ئازاد قىلىنىپتۇ، ئۇ ئازاد قىلىنغان ھامان تېخى ئازاد قىلىنمىغانلارنى يوقىدىن چىققۇچە پاش قىلىپ تەنقىدلەپتۇ. بىراق ئۇ نەدىن بىلسۇن، ئارىدىن بەش يىل، يەتتە يىل ئۆتكەندە ئۇ پاش قىلغان — تەنقىدلىگەنلەر ۋە ئاللىقاچان چېكرا ئاجراتتىم دېگەنلەر كەينى-كەينىدىن ئازاد قىلىنىپتۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» ۋە ھېلىقى ئاشپەزلىك قىلغۇچىلا ئەمەس، بەلكى 50-يىللاردا تارتىپ چىقىرىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارمۇ،

خۇ فىگچىلارمۇ بار ئىكەن. بەزىلەر «چۈشكۈرۈكچى» نى ئەمدى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان بولدى دېسە، كۆپرەك ئادەملەر ياق، ئۇنداق بولمايدۇ دەيتۇ.

ماڭا ھېلىقى بىر چۆمۈچ سەي ماجىراسىنى سۆزلەپ بەرگەن كىشى بىر مۇخبىر ئىكەن، كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل دېھقان، ياش ۋاقتىدا تىلەمچىلىك قىلغان، كېيىن ئارمىيىگە قاتناشقان، پىلىنزى ساپ، ئۆزى قىزىللاردىن ئىكەن. بۇ دوستۇم مۇنداق ئىش ۋە مۇنداق ئادەملەرنى بەك جىق كۆرگەنلىكىنى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى نۇرغۇن-نۇرغۇن كاتتا ئەربابلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىنى، شۇڭا «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» ۋە «چۈشكۈ-رۈكچى» گە ئوخشاشلارنىڭ ھەرقانداق يەنە چوڭ گەپ قىلما ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ، كۆرۈش بۇلۇڭىنىڭ ئەھمىيىتى ئەدەبىي تەسۋىر ماھارىتى ۋە ئەدەبىي توقۇلما دائىرىسىدىن ھالقىپ، پەلسەپىگە — بىلىش نەزەرىيىسى ۋە مېتودولوگىيىگە، ئەدەب-ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، شۇنداقلا سىياسەتكە ئالاقىدار بولۇپ چىقتى. بىز «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» بىلەن «چۈشكۈرۈكچى» - نىڭ بىر-بىرىگە تەبىرى زادى قانداق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە، ئاندىن قالسا، «ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچى» بىلەن «چۈشكۈرۈكچى» دېگەن بۇ تىپلارنىڭ قايسىسى دۆلەتكە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىقراق، كىمرەكلىكرەك، بىر چۆمۈچ سەي ماجىراسىنى چىقارغان زىيالىي ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىكمۇ-يوق؟ — گەرچە ئۇ ئۆمۈر بويى ئىچىڭ ئاغرىپ يىغلىغۇدەك ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ — دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز لازىم.

دەرۋەقە، ئىككى تەرەپلىمە مۇناسىۋەت، ماھىيەت، قىممەت، دەرىجە جەھەتتىن ئوپمۇ-ئوخشاش دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بولۇپمۇ «بۇنىڭمۇ توغرا-خاتالىقى ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ توغرا-خاتالىقى ئوخشاش» دەپ مۇئەللەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان نىسبەتچىلىكنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك

www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ. مەزكۇر ھېكايە پەلسەپىۋى ماقالە ئەمەس، بۇ ھېكايە بولغانىكەن، ئۇنىڭدا خۇددى باردەك قىلغان تۇرلۇك قىياپەتتىكى كىشىلەرنى توقۇپ قويۇشنىڭ ئۆزى بىر قىزىقچىلىق. مەسىلەن: خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشال بولغان كۈنى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئازابلىنىدىغان ۋاقتى بولىدۇ دېگەن ھەممىزگە مەلۇم ھېكمەتلىك سۆزنى ئالساق، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق.

ئەمدى شۇنىڭدىن كېيىن ئازابلانماق دېگەننى بىئارام بولماقتا ئۆزگەرتسەك قانداق؟ ۋاقىت تېز يورغىلاپ ئۆتۈۋاتىدۇ، ھەممەيلەن قېرىۋاتىدۇ. «چۈشكۈرۈكچى» سۆڭەك ئۆسۈپ قىلىش كېسىلىگە مۇپتىلا بوپتۇ، قاندىكى شېكەر ماددىسىنى ۋە ماي ماددىسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىجابىي بولۇپ چىقىپتۇ. «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى»نىڭ يۈرەك كېسىلى بارغانچە ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. ئايال كاتىپ لاۋ تېيەن ئۇستىرىتسا (دېڭىز ھايۋىنى) يېمىگەن ۋە شاڭخەيگىمۇ بارمىغان بولسىمۇ، لېكىن دوختۇرخانا ئۇنىڭ جىگىرىنىڭ ئىشلىشىدە چاتاق بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەتتا روھىي كېسەل دوختۇرىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيقۇ دورىسى يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولۇش ئالامىتىدىن قورقۇپ قاپتۇ. دېمىسىمۇ خۇددى ھېكايىنى تولا يېزىۋەرسەڭ ئۆز تۇرمۇشۇڭ ۋە ئىشىڭغا ھېكايە تەرىقىسىدىكى ئويدۇرما سىڭىپ قالغاندەك، روھىي كېسەل دوختۇرلىرىغا روھىي كېسەل «يۇقۇپ» قالىدىغان ئىشلار كۆپ بولغانىكەن.

قىسقىسى، بېيجىڭنىڭ بىر لەھجىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ھەر كىمنىڭ دەردى ئۆزىگە ئايان،

.................................

# كرېست داردا

مۇبادا بىرسى كېلىپ ئۆزىمىز تەرغىپ قىلغان ئىيمانى ئەمەس، باشقا بىر ئىيمانى تەرغىپ قىلسا، ياكى ئۆزۈڭلەر باشتا ئىگە بولغان ئەمەس، باشقا بىر ئەرۋاھقا ئىگە بولساڭلار، ياكى ئۆزۈڭلەر باشتا ئېرىشكەن ئەمەس، باشقا بىر ئىنجىلغا ئېرىشسەڭلەر، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلساڭلار بولغىنى...

«گادولىنىڭ ئاخىرقى كىتابى، ئون بىرىنچى پاراگراف»

## 1

مەن ياۋروپادا ساياھەتتە بولغان كۈنلىرىمدە، چىركاۋلارنى ۋە مۇزېي، گۈزەل سەنئەت سارايلىرىنى كۆپ قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بىر كۈنى چىركاۋنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چېغىمدا شەپكەمنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كېيىن بىرسى سەمىمگە سېلىۋېدى، ئالاھىدە ناماقۇللۇق بىلدۈردۈم. ئېگىز بويى نارتقان چىركاۋنىڭ گۈمبىزى ئادەمنىڭ ئەقىل-ھوشىنى ئۆزىگە تارتىپ قاتتىق جەلپ قىلىۋالىدىكەن. ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى قارا كىيىملىك خورچىلار مۇخلىسلارغا يىراق، گۈمبەزگە يېقىن يايى شەكىللىك ئېگىز پەشتاقتا تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەمدۇسانا ناخشىسى خۇددى ئاسماندىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندەك بەك ئوبدان ئاڭلىنىدىكەن. مۇشۇلارنى يېزىپ مۆرتى كېلىپ قالغاچقا شۇنى تەكلىپ قىلماقچىمەنكى، جوڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئاۋاز سىستېمىسىنى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلار بۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرالايدىغان، كەم دېگەندە تورۇسقا ئېسىپ قويۇشقا ئەپلىك بولغان يېڭى تىپتىكى رادىئو كانايلارنى ئىشلەپچىقارسا. بۇنىڭ ئۈچۈن باغلىنىش سىمى (بۇ ئاتالغۇ توغرا بولدىمىكىن تاڭ؟) نىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تۆت مېتىردىن

ئۇزۇنراق قىلسا، ستىرېئو ئاۋاز لايىھىلىگۈچىلەر ئالدى-كەينى، ئوڭ-سولنىلا ئەمەس، بولۇپمۇ يۇقىرى-تۆۋەنلىرىنى ھېسابقا ئالسا، مۇشۇ تەكلىپىم قوبۇل قىلىنسا، ئالاقىدار ئورۇن مېنىڭ پاتېنت ئېلىش ھوقۇقۇمنى ئويلىنىپ كۆرسە.

چىركاۋدىكى ئورگان دېگەن مۇزىكا بۇ دۇنيادىكىدىن ئۆزگىچە، ئەمما ھەممىلا ئادەم تەلپۈنىدىغان، مۇقەددەس، قۇدرەتلىك، كامالىغا يەتكەن ئاخىرەتلىك خەير-ئېھسان ۋە ۋاپادارلىقنىڭ يەنە بىر تارقاتقۇچىسى ئىكەن. چوڭ-كىچىكلىكى بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان، نەچچە يۈزلىگەن پارقىراق مىس نەيچىلەر يوپ باشقۇرۇۋاتقان شامالدۇرغۇچنىڭ تەنسىرىدە تەرەپ-تەرەپتىن شاۋقۇن كۆتۈرگىنىدە تەنتەنىلىك، چەكسىز مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچىدىن يىغلىغۇم، ئۆلۈۋالغۇم، يەنى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغۇم كېلىپ كېتەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ ئەڭ جانلىق نامايەندىسى ئۆزلىرى ئالدىدا جىمجىت ئىزاغا قالىدىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغانلىقىدا، 2-تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجاد قىلىنغان نەرسىلەر ئىجاد قىلغۇچىلارنى ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالمايدىغان دەرىجىدە ئىزا تارتقۇزىدۇ. بۇ گۆدەكلىكمۇ؟ ئۇلۇغۋار ئاچقۇچىمۇ؟

ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى گۈزەل سەنئەت ئىكەن. مايلىق رەسىملەر، تام سىزمىلىرى، قاپارتما نەقىشلەر ۋە ھەيكەللەر چىركاۋ بىلەنلا چەكلەنمەي، مۇزېي ۋە گۈزەل سەنئەت سارايلىرىمۇ بار ئىكەن. مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ ئوبرازى كىشىنى زوقلاندۇرىدىكەن. بولۇپمۇ ئۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن سىزىلغان، پەرىشتىنىڭ خەۋەر يەتكۈزگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدىغان سىزما قالتىس ئىكەن: ئۇنىڭدا قاناتلىق ئانگېلنىڭ پاك، مەسۇم قىز مەريەمگە ئۇنىڭ روھىلقۇدۇستىن (مۇقەددەس روھتىن) ھامىلدار بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقى، مەريەمنىڭ ئەرشتىن كەلگەن بۇ خەۋەرنى بەختىيارلىق ئەمما تارتىنىش بىلەن كەم-كۈتىسىز قوبۇل قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، ئەنە شۇ ئايال ئىنسانلارغا، كەم دېگەندە



www.uyghurkitap.com

ياۋروپالىقلارغا ئىيسا پەيغەمبەرنى بەخش ئەتكەن.

كىشىگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغىنى كرېست دارىغا مىخلانغان ئىيسا ئىكەن. ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئالقىنى ۋە تاپىنىغا قېقىلغان مىخلار راستلا تۆمۈر مىخلارمىكىن تاڭ؟ ئۇنىڭ ئۇلۇغ كۆكرىكى زىيدىلەنگەن، زىيدىلەنگەن يېرىدىن مەڭگۈلۈك قان ساقىپ تۇرىدىكەن. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا ئۇستازلىرىمدىن كرېست دارى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىنغان ۋە غال-غال تىترەپ كەتكەنىدىم. ئوبزورچىلاردىن بىرسى مېنى «غال-غال تىترەش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە ئامراق دەپ توغرا كۆرسىتىپتۇ. بىراق بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمغا باغلىقمىدى؟ ئىيسانىڭ ئەنە شۇ ئوبرازى دۇنيانىڭ ئوقۇتۇشىنى ئېچىش رولىنى ئويناۋاتقاندەك قىلىدىكەن. ئىيسا ھەممىدىن بەك ئازاب چەككەن پەيغەمبەر بولسا كېرەك. سېلىشتۇرما دىنىي ئوبرازشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەۋلىيا ئاتاكاتانىڭ نېمىدېگەن روھى ئۈستۈن، ئەۋلىيا مايتىرى نېمىدېگەن خۇشخۇي، غەۋسىلئەزەم نېمىدېگەن دانا، ئىشك مۇئەككىلى نېمىدېگەن قۇدرەتلىك، ئىسلام ئەھلىنىڭ غايىپ خۇداسى ئۇلۇغلۇقتا نېمىدېگەن ئۈستۈن ھە! ئىيسادىن باشقا بىرەر پەيغەمبەر-ئەۋلىيانىڭ ئۇنىڭدەك ئازاب چەككەنلىكى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ئادەم ئاناتومىيىسى قانۇنىيىتىگە تامامەن ئويغۇن، ئەمما كەيپى مۇقەددەس قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئېچىنىشقا تولغان. ئۇ گويا ئەي قۇتقۇزۇشقا شىپالىق تېپىلمايدىغان بەندىلەر، مەن بولسام سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەۋاتىمەن دەۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. قىسقىسى ئاتاكاتامۇ، شەيقەت مەبۇدىسىمۇ، ئەرشىلئەزەم ۋە غەۋسىلئەزەممۇ، تۇتېم قىلىنغان يىلان بىلەن زەكەرمۇ ئىيسادەك ئازاب چېكىپ باقمىغان. جۇڭگونىڭ ئىلاھ-ئەۋلىيالىرى ھەتتا ئالاھىدە ئەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان، ئوچاق مۇئەككىلى تاڭگازا بېگەن بولسا، ئەگرى ئاتا ئوماي خىسلەتلىك شاپتۇل يېگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ۋەيخۇي

www.uyghurkitap.com

تۆلەپ يۈرمىگەن.

ئىسانىڭ ئوبرازىنى كۆرۈپ، بۇ پەيغەمبەر نېمشقا مۇنچە ئازاب چەككەندۇر دەپ تەئەججۇپلەندىم ۋە گاڭگىراپ قالدىم.

## 2

— مانا مەن ئىسا. ئىسا قەلبىمدە. مۇقەددەس روھ قەلبىمدە. دېمەك مەن مۇقەددەس.

مەن يەھۇدىيمۇ، ئىسرائىلمۇ، ياكى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىمۇ ياكى ئەمەسمۇ بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. مېنىڭچە بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق: بۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنى تونۇشتا تەنگە قارىمايدىغان بولايلى. ئىسا مەسىھ ھەممە ئەل، ئەۋلادنىڭ مەسىھى، ئۇنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە مىللىتىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭغا پاسپورت، نوپۇس ۋە ئىدارە تونۇشتۇرۇشى كېرەك ئەمەس.

كىچىك بالىلارنىڭ ھەمدۇسانا ناخشىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئىسا قاچانكى دىلىمغا ئورناشتى،
ئىسا قاچانكى دىلىمغا ئورناشتى،
شادلىقىم قايناپ دېڭىزدەك تاشتى...

مەن مۇقەددەس، مەن مەسىھ. ئەي شەرقنىڭ دېڭىزلىرى، سۆزۈمگە ئالدىرىماي قۇلاق سېلىڭلار!

كىچىكىمدە ئىسمىنى بىلگەن ۋە تىلغا كىرگەندىن تارتىپ ئەلەڭ دەسلەپ ئۆگەنگىنىم ئانا دېگەن سۆزمۇ ئەمەس، سۈت ئېمەمەن، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىمەن دېگەن سۆزمۇ ئەمەس، بەلكى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دېگەن سۆز بولغانىدى. ئاتامۇ، دادامۇ، تاغىلىرىممۇ، كىچىك ئاپىلىرىممۇ، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىممۇ، بىر يۇرتلۇق قوشنا-قولۇملارمۇ، دوست-ئاغىنىلىرىممۇ مېنى شۇنداق دەيتتى. تۆت ياشقا كىرگەن چېغىمدا: مەن نېمىدەپ مەسىھ بولىدىكەنمەن؟ مەسىھ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ مەن كىچىك بالا، ئادەم ئەمەسمىكەنمەن؟ دېگەن سوئالنى قويدۇم. بۇنى

ئاڭلاپ ئانام كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكتى. «ۋاي... دات!» دېدى ئۇ.

قوزام قوي نەدىكى ئۇنداق سوئالىڭنى،
ئانالىق باشتىن سۆزلىسۇن ئاڭلا ھالىمنى.
ئانالىق يۆشت-يۆشتىدىن ئەدەبكە يولداش،
ئۆمۈر بويى يەھۇەگە باغلىغاچ ئىخلاس،
تەڭرىنىڭ بولىدىن ماڭغانىدى ھەق-راس.
ئاناڭنىڭ جامالى تولغان ھۆسنىگە،
نەقىلايىن ياتلىقمۇ بولماستىن تۇرۇپ،
قورساقتا قالدىڭسەن، بولدۇم ھامىلە
ئاھ دېدىم بۇ دېگەن بەكمۇ چوڭ گۇناھ!
ئۆلگىنىمدە بەرلىكمۇ تېپىلمايدىغان!
يۈرنۈمدا توي قىلماي تۇغۇپ قويغانىنى،
جازالاش چارىسى بەك ئىدى يامان!
يالىڭاچ، تۆشكىچە كۆمەتتى تىرىك،
قوياتتى ئۆلتۈرۈپ چالما-كېسەك قىلىپ —
ھەتتاكى جوڭگوچە ياغاچ ئىشەككە —
مىندۈرۈش دېگەندىن كېتەتتى ئېشىپ!
بەختىمگە داداڭنىڭ كىرىپ چۈشىگە،
چۈشۈپتۇ پەرىشتە ياغاچچى ئۆيىگە.
دېدىكى پەرىشتە: بۇ ئۇلۇغ بالا،
ئىسرائىل شاھىدۇر، بۇ بىر مەسىھا،
ھامىلە ياقلىقتۇر روھلۇقۇدۇسقا
تەڭرىگە خالايىق قىلىپ تەنتەنە،
يۇلتۇزلار پارقىراپ جانلاندى ھەممە.
تۇغۇلغان چېغىڭدا نۇرلار چاقنىدى،
ئەۋلىيا يوھاننىڭ ئۆزى پاكلىدى.

خالايىق مەدھىيە ئوقۇپ نامىڭغا،
باش ئۇرۇپ، سەجدە قىپ كەلدى ئالدىڭغا.
قورقۇشۇپ قەستىڭگە چۈشنى مەلئۇنلار،
ھېرودىس ئەمرىلە كەلدى قاتىللار.
قوغداشقا جىنىڭنى قالسۇن دەپ ئامان،
كەتتۇق بىز مىسىرغا قېچىپ شۇ ھامان.
خالايىق ئىنىدىكى ساڭا بەك تەشنا،
بولغاندەك يامغۇرغا قۇرغاقتا تەشنا.

سەن بۇ سوئاللارنى نەدىن تاپتىڭ، نەدىن تاپتىڭ، بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ. دېدى — ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، 1900 نەچچە يىلدىن كېيىن سوۋېت يازغۇچىسى كوچېتوۋ سورىغاندەك: ساڭا زادى نېمە كېرەك؟ دېدى.

سوئالىم شۇنىڭ بىلەن يوقالدى.

ئالنە ياش ۋاقتىمدا ئاغىنەم كائىللى بىلەن بىر تال ئەنبەھ (مېۋە)نى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدىم. مەن كائىللىنى يەرگە ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ ئەنبەھنى تارتىۋالدىم-دە، يېيىشكە تەمشەلدىم. كائىللى يىغلاپ:

— ئۇ ئەۋلىيا ئەمەس! مەسىھ ئەمەس! ئۇ مېنىڭ ئەنبەھىمنى تارتىۋالدى! — دېدى.

مەن قاتتىق چۆچۈپ ئاتىرىپ كەتتىم! ئۆزۈم خالايىقنى دەرد-ئەلەمدىن قۇتقۇزىدىغان ئەۋلىيا تۇرۇپ، بىر بالا گۇناھكارنىڭ ئەنبەھنى تارتىۋالغىنىم نېمىسى! دېگەننى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئەنبەھنى جىددىيلىك، قايغۇرۇش، قورقۇش، ئېچىنىش ئىچىدە قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇ ھەيران بولۇپ ماڭا خېلىغىچە قارىغاندىن كېيىن ئالدىمدا تىزلاندى.

شۇ ئاخشىمى كائىللى ئۇخلاش ئالدىدا دەريا بويىغا يۈز يۇيۇشقا بارغاندا تېيىلىپ كېتىپ دەرياغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ سوئاللىرىم يوقالدى.



www.Uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

3

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇزمەي مۆجىزە كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بىر ئەما مەندىن شىپالىق تىلەپ كەلدى، قانداق قىلىشىمنى بىلمەي ئۇنىڭ پېشانىسى ۋە كۆزىنى سىلىۋىدىم، ئۇ شۇ ھامان كۆزۈم ئېچىلدى، كۆككۆچ ئاسماننى كۆردۈم دېدى، بىر توكۇر مەندىن شىپالىق تىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ توكۇر پۇتىغا دەسسەپ قويۇۋىدىم، ئۇ دەرھال ھاسا تاياقنى تاشلاپ ئۆيىگە يۈگرەپ قايتالايدىغان بولغانلىقىنى ئېيتتى. گادايلىق دەستىدە ئۆلەي دەپ قالغان بىر قەلەندەر ئالدىمنى توسۇپ، يەنە بىر تۇۋەتلا شاراپ ئىچىپ ئۆلۈپ كەتسە ئارمىنى يوقلۇقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان قاپاق نوگىيىنى كۆرسىتىۋىدىم، ئۇ بىر نوگاي دەريا سۈيىنىڭ شۇ ھامان ئېسىل ئۈزۈم ھارىقىغا ئايلانغانلىقىنى ئېيتتى.

سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ نېمىدەپ ئىشەنمەيسىز؟ بۇنى سىلەرنىڭ ئالاھىدە ماھارەت دېگەن گېپىڭلار بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغۇ! بەزى ئالاھىدە ماھارەت ئىگىلىرى ئىشەنمىگۈچىنىڭ قول سائىتىنى باشقا ئۆيدە پۇرۇيكىسى مەھكەم ئېتىكلىك تۇرغان تېرمۇس ئىچىگە خىيالىي بىلەنلا دەرھال كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ دەۋاتامتىڭلار؟ ئالاھىدە ماھارەت ئىگىلىرى كۆزى بىلەن ئىچ-قارنىنى، ئىچكى ئەزايىڭدىكى كېسەلنى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆرەلەيدۇ دەۋاتامتىڭلار؟ يىرىم كېچىدە سۇ ئۈستىدە مېڭىپ ئارخىمېد قائىدىسىنى بۇزۇۋەتكەن بىرسى بار دەۋاتامتىڭلار؟ يىراق ياقا يۇرتتا تۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاھايىتى ئاسانلا ئاغرىتالايدىغان بىر ئەۋلىيامۇ بار دەۋاتامتىڭلار؟ مۇشۇلارغا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنىڭ ئىشەنمەيدىغان نەرى بار؟

دەرۋەقە ھەممىلا ئاغرىقنىڭ كېسىلىگە شىپا بولالايمەن دېمەكچى ئەمەسمەن. شىپا بولالمايدىغانلىرىم شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار گۇناھ قىلغانلار، بۇلغانغانلار، ۋاپاسىزلار، ساختىپەز قارسىيلار،

مەنئىي قىلىنغان نەرسىلەرنى يىگەنلەر، كەمتەرلىكنى بىلمەيدىغانلار، ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىغانلار، يولدا كېتىۋېتىپ خوتۇن-قىزلارغا يامان نىيەتتە قاش ئاتقانلار، ئۇلارنى تەڭرىنىڭ ئەمرى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلغان تۇرسا مەندە نېمە ئىلاج؟

گۇناھكارلارنىڭ تەقدىرى مېنى ھېلىمۇ قايغۇغا سېلىۋاتىدۇ. مەن نېمىدېگەن گۇناھ ئىشلىگەن ئىشلارنى، يەھۇدىي غەزەپلەندۈرىدىغان ئەلدە ياشاۋاتىمەن ھە! مىسىرلىقلار، فىلىستىلار، فارىسىلار، ئاسىرىيلار، بابىلۇنلار، رىملىقلار بەس-بەس بىلەن زېمىنىمىزنى بېسىۋالدى، خەلقىمىزنى قۇردى ۋە قۇل قىلدى، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ يات دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى، زىناخورلۇق، قاتىللىق، بۇلاڭ-تالاڭچىلىق قىلدى. ھەممە ئادەمنى ئەتىگىنى تۇرسا كەچكىچە كۆزى يەتمەيدىغان، ئاخشىمى ئۇخلىسا ئەتىسى نېمە بولۇشىغا كۆزى يەتمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئېلىمىزدە ئىسرائىللار بىلەن يەھۇدىيلار، قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەر، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن جېدەل-ماجىرا قىلىشتى. يالغانچىلىق راست گەپ قىلىشنى كۆمۈپ كەتتى، سەممىيلىك ھىيلىگەرلىكنىمۇ چۈشىنىكسىز بولۇپ كەتتى، ئالدىنقىدا ھېجىيىپ كەينىدىن قەست قىلىدىغان، ئەدەبىي تالانت بوھتان خەتلىرىنى يېزىشقا سەرپ قىلىنىدىغان ئىشلار ئەۋج ئالدى، يولدىنمۇ كۆپرەك ئورا، شېكەردىنمۇ جىقراق ئوغا يامراپ كەتتى، دوست تونۇش گويا ھالقىلىق پەيتتە خائىنلىق قىلىشنى كۆزلەپ بولىدىغان بولدى، دۇئا-تىلاۋەت ئۆزى ھەسسەن قىلىدىغان ئادەمنى بالدۇرراق ئەيدىز كېسىلى بولغايمەن دەپ قارغاشنى مەزمۇن قىلىدىغان بولدى. قىلچە دەسمى كەتمەيدىغان سودا باشقىلارنى بوقىلاك ئىشلار بىلەن گۇناھقا ئىتتىرىش بولۇپ قالدى، ھەممىدىن ئاقىدىغان كەسىپ بىرقانچە يىلەنى ئەتراپىغا تويلاپ پىننە-ئىغۋا توقۇش، بولۇپ قالدى، قولى قانغا بويالغانلار خەير-ساخاۋەتچى تۈسىگە كىرىۋالدى. قورسىقىدا ئۇماچنىڭ يۇقى يوق نادانلار دەۋران سۈرىدىغان بولدى. كىشىنى ھۇزۇر-

لاندۇرىدىغان مۇنۇ ھېكايىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ تەڭرى ئۆزىگە سادىق مۇخلىسىنى مۇكاپاتلىماقچى بولغان. بۇنىڭدا مۇخلىسىنىڭ قوشنىسىغا قوشلاپ ئارتۇق بېرىشنى شەرت قىلغان. مۇخلىس ئازا باش قاتۇرۇپ ئويلانغاندىن كېيىن: ئەي ھەممىگە قادىر ئىگەم، مېنىڭ بىر كۆزۈمنى قارىغۇ قىلغايسەن! دەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلغان.

بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئەنە شۇنداق! يەھۇە غەزەپلىنىپ بىزنىڭ ئەلنى خۇددى سودوم بىلەن گومورا شەھىرىنى گۇمران قىلغاندەك گۇمران قىلىشنى نەججە قېتىم ئويلىغان. بىراق ماڭا ئېلىمنى، خەلقىمنى، ھەممە ئەل، ھەممە خەلقنى تەڭرى ئاتىسىنىڭ مۇقەددەس ئوغلى بولغان بىرلا مېنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىم مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى! ماڭا بەيئەت قىلغانلارنىڭ ئامىتى كەلدى. ئۇلار ھەممە مەخلۇقاتنى سۆيىدىغانلار، گۇناھنى ئەپۇ قىلىدىغانلار، سول يۈزىگە ئۇرسا ئوڭ يۈزىنى تۇتۇپ بېرىدىغانلار. كەلگۈ دالادا ئالۋاستىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغانلار، «ئىنسان بىمەك-ئىچمەككىلا ئەمەس، ئەۋلىيالارنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىكى گەپلەرگە تايىنىپ ياشايدۇ» دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلار، ھوقۇق ۋە بايلىق-دۆلەتنى رەت قىلىپ، «ئۆزۈڭنى ئىدارە قىلغۇچى تەڭرىگە بەيئەت قىل، پۈتۈنلەي شۇنىڭ خىزمىتىدە بول» دەيدىغانلار، باشقىلارغا چېقىلىش ۋە چېشىغا تېگىشنى رەت قىلىپ، «ئۆزۈڭنى ئىدارە قىلغۇچى تەڭرىنى سىنايمەن دەپ يۈرمە» دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلار، ھەممە قوينى ئاسراپلا قالماي، ھەتتا ئېزىپ قالغان بىرەر قوزىنىمۇ مېھرىدىن كەچمەيدىغانلار، يالغانچى ساختىپەز فارىسىيلار بۇنىڭ سىرىدا!

ئۆچمەنلىك ۋە ئالدامچىلىق كىشىلەرنى ۋەھشىي ھەم ھېيلىگەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندا، مېنىڭ ۋەزىيپەمنىڭ نەقەدەر مۈشكۈللىشىپ ۋە ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى نەسەۋۋۇر قىلالىشىڭىز تۇرغان گەپ!

مەن مۇشۇ ۋەزىيپىنى ئورۇنلىغان چېغىمدىلا ئاتىدىن تەڭرىم بېشارەت قىلغان مۆجىزە-كارامەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان، جەننەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

تىشكى ئۆلۈغ ئېچىلغاندىن كېيىن پەرۋاز قىلىپ قونىدىغان خاسىيەتلىك كەپتەرلەرنىڭ خاسىيىتىنى يەردە قويمىغان. ئاخىرى دىنىي ئەقىدە يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغان يوھاننا ئەۋلىيانىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان، ھەممىدىن گۈزەل، ھەممىدىن پاك، ھەممىدىن مەسۇم، ھەممىدىن ئاقكۆڭۈل، ھەممىدىن مۇقەددەس ئانامنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان بولاتتىم!

## 4

مەن ئۆتكەن يىلى قىشتا شەرقىي شىمالىي ياۋروپادىكى بىر دوستانە دۆلەتتە زىيارەتتە بولدۇم. بۇ دۆلەتنىڭ فرانسىيە بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، پايتەختىنىڭ ۋاقتى فرانسىيىنىڭكىدىن ئەمەلىيەتتە بىر سائەتكە يېقىن پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ئەنئەنىسى پارىژنىڭكىگە يېقىن كېلىدىكەن. دېمەك، قىشتا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتە بولمايلا (ئەمەلىيەتتە يەتتە بولمايلا دېيىش كېرەكتەك قىلىدۇ) جاھان يورۇپ كېتىدىكەن، كەچلىكى سائەت ئۈچ بولمايلا (ئەمەلىيەتتە تۆت بولمايلا دېيىش كېرەكتەك قىلىدۇ) قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىكەن.

بۇ دۆلەتتە ساياھەتكە چىققان كۈنۈم چۈشتىن بۇرۇن ئۇزاقىچە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يەنە بەزى چىركاۋ ۋە مۇزېيلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم، بۇ چىركاۋ ۋە مۇزېيلاردا ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى يوق ئىكەن، ياسىنىشنى كۆزلەپ پەلتو، كاستيۇم، كۆڭلەك كىيىپ، گالستۇك ئاسقاندىن باشقا ئۆز قېرىنداشلىرىمىز قىشتا كىيىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان پاختا رەخت، يۇڭ رەخت چاپان ۋە يۇڭ يوپايكا، يۇڭ ئىشتان كىيمىگەن ئىدىم، پەلتويۇممۇ بەك نېپىز ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇدا مۇزلاپ قول-پۇتلىرىم ئۇيۇشۇپ قالدى. چۈشتە سائەت بىردىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە كۆزلىگەن يەرگە ئاران يېتىپ بېرىپ، بىر ئاق سۆڭەكتىن قېپقالغان قەلئەگە چۈشتۇق، ھەم توڭۇپ، ھەم ئېچىرقاپ ھالىم قالمىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا

نەملىك ۋوتكىدىن جىقلا ئىچتىم. تاماقتىن كېيىن ئۆزۈمنى تاشلاپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، قانچە ۋاقىت ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، باشقىلار ئويغاتقاندىلا تۇرۇپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا كىرىشتىم. تۈن قاپقاراڭغۇ، تاشيول ئوڭغۇل-دوڭغۇل ئىدى. مەستلىك قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەچكىمىكىن، ئويقۇم ھېچلا يېشىلەي دېمەيتتى، بىلىكىمدىكى كونا سائەتكە قارىسام چۈشتىن كېيىن سائەت ئەمدىلا ئۈچتىن چارەك ئۆتۈپتۇ.

ئۆزۈم تۈن سەيلىسىگە ياتقاندەك، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنىمۇ، ۋاقىت قانچىلىك بولغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

بىرىنچىسىگە مەبۇد سارىيىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدىكى فۆكەد بەگلىكىنىڭ قورۇق ئىگىسى، ھەيۋىسى سۈرلۈك ئاق سۆڭەك بۇلىنى ئاياپ تۇلتۇرماي مەملىكەت بويىچە قەدىمكى مەبۇدلارنى بىغۇۋالغان، ئۇنىڭ رەڭلىك تەسۋىر قىلىپ ئەينەككە سىزىلغانلىرىمۇ، تاختايغا سىزىلىپ، بارا-بارا رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەنلىرىمۇ، قەدىمي تۇشتە قوي تېرىسىگە سىزىلغانلىرىمۇ. قوبال قىلىپ تامغا سىزىلغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئىيسانىڭ رەڭگا-رەڭ سۈرەتلىرى، كرېست دارىنىڭ، جۇملىدىن ۋە شەكىلدە توغرىسىغا تۇرغان كالتە كرېست دارىنىڭ خىلمۇ خىل سۈرەتلىرى بار ئىكەن. ئىيسانىڭ كرېست دارىغا مىخلىنىپ بېشى ساڭگىلاپ تۇرغان، مىخلانغان بىلەكلىرىنى سوزۇپ بەندىلەرنى قۇچاقلاشقا ئۇمتۇلگەن بولسىمۇ قۇچاقلىيالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سۈرىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىدا تىكەن تاجمۇ، نۇر چەمبىرەكمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن، كۆكرىكىدىن، پۇتلىرىدىن قان ساقىپ تۇرىدىكەن. بۇ مەبۇدلارنىڭ بەزىلىرى ساددا، بەزىلىرى پۇختا، بەزىلىرى ئالىيجاناب، بەزىلىرى يېقىملىق قىلىپ، بەزىلىرى بەكرەك ئادەمگە ئوخشىتىپ. بەزىلىرى بەكرەك ئىلاھقا ئوخشىتىپ. بەزىلىرى ياش، بەزىلىرى قېرى قىلىپ ھەرخىل ئۇسلۇبتا سىزىلغان. نۇرغۇنلىغان ئىيسا، نۇرغۇنلىغان كرېست دار. قان ساقىپ تۇرغان نۇرغۇن كۆكرەك

بىراقلا مەن تەرەپكە ئۆلشىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. تىنىم جۇغىدا قېپقالدى. مەن تەسەۋۋۇرۇمنى ئىشقا سېلىپ. بۇ كىرىپت دارىغا مىخلىنىش ۋەقەسىنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم.

ئۆزۈم كېيىنچە ئېكسكۇرسىيە قىلغان باشقا بۇيۇملارغا، جۇملىدىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە كېيىنكى ئەۋلادى قالمىغان ئاشۇ ئاق سۆڭەكنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بايلىقلىرىغا، تۈرلۈك سەنئەت بۇيۇملىرىغا، بولۇپمۇ كىشىنى قايىل قالدۇرىدىغان، يۈزلىگەن ھەرخىل ھەشەمەتلىك مەپلىرى ا ئۆۋلارنىڭ ھەر بىرى بېشى، سېپراي، نىسان پوبىدىلىرىدىنمۇ ھەيۋەت اگە سېلىشتۇرغاندا. يەنىلا ئاشۇ مەبۇدلار خىيالىمنى بەكرەك چۇلغىۋالدى. توپتوغرا بىر كېچىنى گويا قان ساقىپ تۇرغان ئىيسانىڭ ۋە ئىيسا مىخلانغان كىرىپت دارىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدە ئۆتكۈزگەندەك بولدۇم. مەن مۇنداق بىر شېئىر يازدىم:

كىرىپت دارىغا قايسىز مىخلىنىپ،
مەڭگۈگە پەسكە چۈشەلمەس قىلىپ.
قايتۇ ساڭگىلاپ غەمكىن بېشىڭىز،
بوپتۇ ئەبەدىي كۆتۈرۈلمەس ئېگىز.

بەيئەت قىلغانغا رەھمەت ئېيتالماي،
خائىن بولغاندىن قىساس ئالالماي،
قان تۆكۈپ دەردتە ئۆلۈپ كېتىپسىز،
بىرەر ئېغىز سۆز ئىزھار قىلالماي.

سىزنى سۈرەتلەپ ھەمدە نەققاشلاپ،
بەزىلەر ئاقلاپ، بەزىلەر قاقشاپ،
يۈرۈپتۇ شۇنداق، ئىقرار قىلىپسىز —
قوبۇل كۆرۈپسىز ھەممىنى قاتلاپ.



www.uyghurkitap.com

ئۈمىدلىك قىلىش، ئۈمىدسىز قىلىش،
ھەسرەتكە سېلىش بورچى ئىشىمىز،
ھەممىنى مەيلى دەپلا چۈشىنىش —
كېچىرىم قىلىش ئىكەن دىلىمىز.

تەلەپ يا ئارزۇ يوق ئىكەن سىزدە،
تەلەيمۇ كۆزگە كۆرۈنمەس سىزدە.

## 5

ئىسا كىرىست دارغا قانداق مىخلانغان؟ ئىنجىلى ماتتاي، ئىنجىلى ماركوس، ئىنجىلى لۇكاس ۋە ئىنجىلى يوھاننالاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئومۇمىي ئەھۋال مۇنداق بولغان: ئىسا يول بويى «تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز، تەڭرىنىڭ نامى بىلەن كەلگۈچىگە ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز!» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەيئەت قىلغان مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېرۇسالىمغا بارغان، بەيتۇلمۇقەددەستە يايما يېيىپ تىجارەت ۋە سەرراپلىق قىلىۋاتقانلارنى ھەيدىۋەتكەن، «ئۆچكە سادىق، تۆت چەكسىز» دېگەن شەكىلۋازلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان فارىسىي مەزھىپىنى قاتتىق سۆككەن ھەمدە «ئىبنى ئىنسان» نىڭ بۇلۇتلارغا ئولتۇرۇپ (ئالاھىدە شەرق تۈسىدە) كېلىدىغانلىقى ۋە ئېرۇسالىمنى سوراققا تارتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

بۇ ھال شۇ يەرلىك رىم ئەمىرى (پاكى باش ۋالىسى)نى قاتتىق چۆچۈتىۋەتكەن. بىر توپ ئەسەبىي ئادەملەر ئىسانى مەسىھ، پەيغەمبەر، ئېرۇسالىمنىڭ پادىشاھى دەپ جار سالغان. ئىسانىڭ شاگىرتلىرى ھەتتا ئىسانىڭ ئوڭ-سول يېنىغا يېقىن تۇرىدىغان، ئوڭ قول ۋەزىر، سول قول ۋەزىر دېگەنگە ئوخشايدىغان ئورۇننى جان تىكىپ تالاشقان. مانا قاراڭ، ئورۇن-مەرتىۋە بۇ دۇنيادىكىلەر ئۈچۈنمۇ، ئۇ دۇنيادىكىلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەن! بۇ ھال رىم ئىمپېرىيىسى ۋە يەرلىك جەمئىيەت ئامانلىقى

uyghurkitap.com

ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ-ھە؟ بولۇپمۇ باش كاھىنلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئەنئەنىۋى يوپلار ئېيساغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن تۆلگىدەك قورقۇپ كەتكەن. ئۇلار ئېيساغا: بىزنى تىغ كۆتۈرۈپ چىقىپ، ساڭا قايتۇرما زەربە بېرىشكە سەن مەجبۇر قىلدىڭ، بىز سەندەك ياغاچچىنىڭ بالىسى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايمىز، دېگەن. ئۇلار ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىپ، باش ۋالىيغا كەينى-كەينىدىن جىددىي ئەرز-دات يوللىغان، شۇنىڭ بىلەن باش ۋالىي پىلاتۇس يۇختا پىلان قۇرۇپ ئېيسانىڭ ئون ئۈچىنچى شاگىرتى يەھۇدانى ئوتتۇز دىنارغا سېتىۋالغان. ساختىپەز يەھۇدا تۇتقۇن قىلغۇچىلار بىلەن مەخپىي بەلگە ئۈستىدە كېلىشكەن يەنى «مەن بېرىپ كىمنى سۆيسەم، ئېرۇسالىمنىڭ پادىشاھلىقىنى تەمە قىلغان خەتەرلىك كىشى ئېيسا شۇ ئىكەن دەپ بىلىڭلار» دېگەن... شۇنىڭدىن كېيىن ئېيسا تۇتقۇن قىلىنىپ، كرېست دارىغا مىخلانغان. يەھۇدا بولسا جامائەتنىڭ ۋە ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. خائىن ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ، دېگەن ئەنە شۇ.

بولشالىق بىر زامانىۋى ھېكايە يازغۇچى — كەچۈرۈڭ، ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ — دېلو ئاغدۇرۇش دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ھېكايە يېزىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ: تارىختا — مەيلى دىن بولسۇن يەكى تەقدىر بولسۇن ۋە ياكى كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان باشقا سەۋەبلەر كۈچ بولسۇن، ھەممىسىگە — يەھۇدادەكلەر كېرەك، بىراق شۇنىڭدەك رول ئېلىشنى خالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئاخىرقى ھېسابتا ئېيسا غەزەپكە كېلىپ بېشىغا تارتىلغان نىقابىنى يەھۇداغا ئالماشتۇرۇپ قويغان، نەتىجىدە مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگىنى ئەمەلىيەتتە يەھۇدا بولغان...

مەن ئىنجىلدىكى بايانلارغا ھۆرمەت قىلىمەن، ھېكايە يازغۇچىنىڭ يەرەز گەپلىرىنى زىنھار ئۆلتۈرمايمەن. بىراق بۇلار بەرىبىر

يۈزەكى ۋە تاشقى جەريان خالاس. مېنىڭ ئېيسايىم، يەنى ئۆز چۈشەنچەم ۋە ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئېيسا ماڭا مۇنداق دەيدۇ:

— كىرېست دارىغا ئېسىلىشنى خالامسەن؟

مەن ئۆزۈمگە يېنىشلاپ-يېنىشلاپ شۇنداق سوئال قويۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇدا تەچچە يىللاپ يىغلىق ۋە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، كىشىلەر نېمە دېگەن باش-ئاخىرى يوق ئېغىر ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدۇ-ھە! پوپلار كەينى-كەينىدىن كىشىلەرگە جەننەت ۋە ئەرۋاھنى قۇتقۇزۇش توغرۇلۇق ۋەدە بېرىدۇيۇ، لېكىن كىشىلەر ئەمدىلا بەيئەت قىلىپ تۇرغىنىدا پوپلارنىڭ راھىبلىق تونى ئاستىدىن قۇيرۇقى كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالدۇ. ھەركىم باشقىلاردىن نارازى بولىدۇيۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نارازى بولۇشىنى توسۇپ قالالمايدۇ؛ ھەركىم باشقىلارنى ھېيلىگەر، پەسكەش سانايدۇيۇ، لېكىن ئۆزلىرى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھېيلىگەرلىك، پەسكەشلىك قىلماسلىققا جامىسى يەتمەيدۇ؛ ھەركىم باشقىلارنىڭ چۈشكۈنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇيۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى چۈشكۈنلىشىشتىن توختىتالمايدۇ. قەدىمكى، ئەنئەنىۋى پۇرىتانچىلارغا خاس پاكلىق قائىدىلىرى بارغانچە مەسخىرىدەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ رىۋايەت ۋە ھېكايىلەردە كونا، ساددا خەلق ئادەتلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان تەسۋىرلەر كىشىلەرنى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان زامان كەيپىياتى ئۈستىدە ھەسرەتكە سېلىۋاتىدۇ. يوغان گەپلەر سېتىلغانچە كىشىلەر شۇنچە ئىشەنمەيۋاتىدۇ. قۇرۇق گەپلەر كۆپەيگەنچە، كىشىلەر شۇنچە پەسكەشلىشىۋاتىدۇ. ئاخىرىغا كېلىپ ئەڭ ئەقەللىي سەممىيلىك ۋە ئەخلاقمۇ گويا ھېچكىم ئىشەنمەيدىغاندەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىرلا ھايۋانلارچە قىپيالىڭاچ شەخسىيەتچىلىك چىنلىقتەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇمۇمىي تۈردە شۇنداق قاراشقا كەلدىكى، ئىش مۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ، ئاخىرى ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. مەسىھ يېتىپ كېلىدۇ، تەڭرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن كىشىلەر ئۇلۇغۋار نىجادلىققا ئېرىشىدۇ، تەڭرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئومۇمىي

يوسۇندا ئېتىراپ قىلىندۇ، ئۇنىڭ ئادىل ئىرادىسى كىشىلەر قەلبىدىن ۋە تۇرمۇشتىن ئەڭ ئالىي ئورۇن ئالىدۇ. تىنچلىق، ئادالەت، ئەخلاق، ئاۋاتلىق تولۇپ تاشقان ئەنە شۇنداق دۇنيا گۇناھكارلارنى ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ. مەسىھ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچنېمىسى قالدۇرماي ئۆلۈغ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش ئېلىپ بارىدۇكى، خۇددى خاماندا بۇغداي سورىغاندەك، سامىيرىق ئالتۇن داننى ئايرىپ قېلىپ، پۇچەك دان ۋە توپانلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىدۇ، شاللاپ چىقىرىۋېتىشتىنمۇ ئېغىرراقى شۇ بولىدۇكى، ئۇ گۇناھكار پۇچەك دانلار ئىلاھىي ئوتقا تاشلىنىپ، قايتا كۆكلىيەلمەيدىغان، يەنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ پاك-پاكىز كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ئەڭ زور قورقۇنچ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزى ئالتۇن دان بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ گۇناھكار پۇچەك دان ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالماسلىقىدا. ئەخلاق-پەزىلەتكە تايىنىش يولى بىلەن پۇچەك دان بولۇشتىن ساقلىنىپ ئالتۇن بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداقتا كىمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى مۇكەممەل؟ ئەخلاق-پەزىلەتكە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ مۇبادا سىز دائىم ئېلىش كۆڭلىڭىزدە قىيىنچىلىقى بار ئادەملەرگە ياردەم بەرسىڭىز، ئىشلىسىڭىز، بۇ گۈزەل پەزىلەتكە ياتامدۇ ياكى يامان پەزىلەتكە ياتامدۇ؟ ئۆزىڭىزچە ئۆزۈمنىڭ ئالتۇن دانغا خاس سايلىقىمنى قوغداپ قالدىم دەۋاتقان ۋاقتىڭىز يامان يولغا كىرىپ پۇچەك دانغا ئايلىنىپ قالغان ياكى ئايلىنىۋاتقان ۋاقتىڭىز بولسا بۇنى نەدىن بىلىسىز؟

مانا مەنلا، پەقەت مەنلا ئاشۇ باغرى تاش، زەھەرخەندە، چاكىنا قائىدە-يوسۇنلارغا چىرمالغان يوپلارنىڭ تەھدىت سېلىشى، قورقۇتۇش ۋە يوپوزا قىلىش يوللىرىنىڭ تەتۈرىچە مېھرىبانلىقنى، كەمتەرلىكنى، تەقۋادارلىقنى ۋە مەغېرەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلدىم. ئادەملەر جان-جەھلى بىلەن ئۆزئارا كۈرەش قىلىپ كۆزلىرى قىزارغاندا، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ئۆز جېنىنى

قوغداشتىنىمۇ ئەۋزەل بىلىۋاتقان چاغدا مەن ئارىغا چۈشۈپ ياراشتۇردۇم. مەن ئېيتتىمكى:

بىز ھەممىمىز گۇناھ قىلغانلار. شۇڭا باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئەيىبلەپ يۈرمەيلى. بىز ھەممىمىز چالا-كېسەك قىلىنىشقا تېگىشلىكلەر. شۇڭا زىناخورلۇق گۇناھىنى ئۆتكۈزگەنلەرگە تاش ئېتىپ ئۇلارنى چالا-كېسەك قىلىساق بولمايدۇ. ئېغىر گۇناھ قىلغانلارنى كەچۈرۈم قىلىش كىچىككىنە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى كەچۈرۈم قىلىشتىنمۇ خاسىيەتلىك بولىدۇ. ئىنىڭىز بىزگە خۇشياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، سىز تۆپىلەپ ئۇنى ئەيىبلەيدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ئاداۋەتلىشىپ قالامسىز؟ سىز دەماللىققا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن، بىراق دەماللىققا ئىگە بولغان ئۇستۇنلۇكىڭىز مەڭگۈ داۋاملىشالامدۇ؟ سىز دەماللىققا يول قويۇشىڭىز مۇمكىن، بىراق مەڭگۈ يول قويۇۋېرەلەمسىز؟ سىز باشقىلارنى پۇچەك دان دېسىڭىز، باشقىلارنىڭمۇ سىزنى پۇچەك دان دېمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ سىلەر بىر-بىرىڭلارنى ئەيىپ قىلماڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ئەيىپ قىلمەن. سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ گۇناھىڭلارنى ئۆزۈم يالغۇز ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازىمەن. سىلەرلا ئوبدان ياشايدىغان بولساڭلار، مەن كرېست دارىغا مىخلىنىشقا رازىمەن.

ئادەملەر ماڭا ئىشەندى. مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمدىن ئۈمىدلەندى. چوڭ شاگىرتىم پېتروس ماڭا: ئۇستازىم. مەسىھ سىز ئىكەنسىز، نىجاتچى سىز ئىكەنسىز! دېدى. مەن بۇ گەپلەرنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭلەر دېدىم. بىراق شاگىرتلىرىم شۇنداق دەۋەردى، باشتا پىچىرلىشىپ دېگەن بولسا كېيىن داۋراڭ كۆتۈردى، خالايىق بىر ئېغىزدىن: «ئۇياق نىجاتچى ئىكەن، ئۇياق بىز ئۈچۈن كرېست دارىغا مىخلىنىشقا تەييار ئىكەن!» دېيىشتى.

سىز ئەجەب تېخىچە كرېست دارىغا مىخلانمايسىزغۇ؟ مۇبادا كرېست دارىغا مىخلانمايدىغان، خالايىققا ئوخشاش سۇ ئىچىپ، كىيىم كىيىپ، پىتىر نان ۋە پاقلان گۆشى يەپ يۈرىدىغان، خالايىققا

ئوخشاش تومۇز كۈنلەردە تەرلەپ، زىمىستان كۈنلەردە تىترەپ يۈرىدىغان بولسىڭىز، نېمە پەرقىڭىز بولسۇن، نەرىڭىز مۇقەددەس بولسۇن، پىكىر بايان قىلىشقا نېمە ھەققىڭىز بولسۇن، قانداقمۇ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىڭىز بولسۇن؟

مېنىڭ كرېست دارىغا مىخلىنىشىم شەرت بولۇپ قالدى، دۇنياغا كەلگەن كۈنۈمدىلا شۇ تەقدىر پېشانەمگە پۈتۈلگەن. مىللىتىمىز، قەبىلىمىز ۋە ئىپتىدائىي دىنىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىدە مەسىھنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، كېيىن تىرىلىپ تەڭرىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن. تىرىلىشنىڭ شەرتى ئۆلۈش، كرېست دارىغا مىخلىنىش دېمەكتۇر. ئۆلۈم بولمىسا تىرىلىشمۇ بولماس ئىدى. ئۆلۈم بولمىسا مۇقەددەسلىكمۇ بولماس ئىدى، ئۆلۈم بولمىسا ئېتىقادمۇ بولماس ئىدى. ھەممە ئېتىقاد تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۆلۈمگە بولغان ئېتىقاد دېمەكتۇر. مەيلى كىمنىڭ قولى بىلەن بولسۇن، مەيلى خائىننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ياكى كۆرسىتىش يولى بىلەن، ياكى شەخسنىڭ ئىختىيارلىق ئاساسىدا تەلەپ قىلىشى بىلەن بولسۇن، مەيلى خېرىدار چاقىرىش ۋە خېرىدار بولۇش يولى بىلەن ياكى مەخپىي سوئال چىقىرىپ بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن بولسۇن ۋە مەيلى ھەرقانداق كونكرېت يول بىلەن بولسۇن كرېست دارىغا مىخلانماق كېرەك! ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئەنە شۇ، مەن بەش ياش ۋاقتىمدىلا، «ئىنجىل نەزمىلىرى» دىن مەسىھنىڭ ئۆلۈمگە دائىر پارچىنى ئاڭلىغان چېغىمدىلا ئۇنىڭدىن باشقا يول يوقلۇقىنى بىلگەنمەن.

ساڭا نېمە كېرەك؟ ساڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!

بۇ يەردىكى سوئال جۈملە سوۋېت يازغۇچىسى كاچىتوۋ رومانىنىڭ ماۋزۇسى، جاۋاب جۈملە جۇڭگولۇق ياش ئايال يازغۇچى لىيۇ سولانىڭ پوۋېستىنىڭ ماۋزۇسى. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈشكىلارنى سورايمەن.

## 6

ئۇ شۇنداق كاتتا مۇراسىم بولدى.

ھەربىي ئوركېستىر، مىللىي ئەلنەغمىلىرى ۋە ئېلېكتىرونلۇق بىرىكمە چالغۇ ئەسۋابلىرى مەدھىيە ناخشىسىنى ئورۇنلىدى، دېڭىزدەك تاشقان تاماشىچىلار: بىز — قۇتۇلدۇق دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن رەڭلىك چاۋاك چېلىندى. چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بوۋايلار ماڭا ماتەم تۇتۇپ، تىزلىنىپ تەزىم قىلىشتى. مومايلار مۇڭلۇق، سەممىي ئاۋازى بىلەن مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئاياللارنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىشىغا جور قىلىپ مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

چەكتىڭىز بىزنى دەپ ئازاب ۋە يىغان،
بىزنى دەپ قوزىدەك بولدىڭىز قۇربان.
شۇنچە خەق ئايرىماي ياخشى-يامانني،
ياخشىلىق ئورنىغا ئاپقىنى چايان.

ھاۋا ئوچۇق، كۈن يارلاپ، غۇر-غۇر شامال چىقىپ تۇراتتى. تولۇق قوراللانغان ياساۋۇللار ئۇلاش-چولاش مېنى كرېست دارىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ چەكسىز شانلىق مىنۇت ئىدى. مېنىڭ چىرايىمدا سىرلىق ئەمما ھەددىدىن زىيادە ئىپتىخارلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، مەن ئەركىن قەدەم تاشلاپ، قول-پۇتلىرىمنى ئازادە ھەرىكەتكە سېلىپ، ئۆزۈمنى قالتىس كۆركەم قىياپەتتە تۇتتۇم، باشقا يول تېپىلمىغاچقا مەردانە ھەرىكەت قىلدىم، مەيداندا مالائىكىلەر ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى، مېنى چۆرىدەپ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى نەق كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇردۇم.

رىمنىڭ باش ۋالىيسى پىلاتوس خالايىققا مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ئۆتۈپ كېتىش بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى، قائىدە بويىچە گۇناھكارلاردىن سىلەر خالىغان بىرسىنى قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ، قېنى پۇقرالار، سىلەر دەڭلار، قايسىسىنى قويۇپ بېرەيلى؟ شۇ دەم قولاق تۈۋىدە شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى، مېنى قويۇپ بېرەمدىكىنا؟ — دەپ ئويلىدىم مەن، — خالايىقنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى بويىچە،

مېنى قويۇپ بەرسۇن دەپ تەلەپ قىلىشقا كەپ كەتمەيدۇ. ئۇنداقتا بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمنى، مۇقەددەس ئانام ۋە مۇقەددەس ئاتامنىڭ تەلىملىرىنى، ئۆزۈمنىڭ ھەمدە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمنى، ھەممە تەركىي دۇنيالىقلىرىمنى، ھەممە مۆجىزىلىرىمنى، تەرىقەت توغرىسىدىكى ھەممە چۈشەنچە ۋە تەرغىباتلىرىمنى، ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلغان ۋەزىپەمنى، مېھرىبانلىقىمنى ۋە ئوبرازىمنى، بېشىمدىكى نۇرنى، ئۆزۈمنىڭ كىر قونمىغان پاك تەرجىمھالىمنى-تىلى ئىنگلىز تا لىدا سۆزلەيدىغانلار دېيىشتى ياخشى كۆرىدىغان «قىسسە» لىرىمنى، بولۇپمۇ ئاشۇ بىلىمسىز، نادان، ئالاقزادە بولۇپلا يۈرىدىغان، ئاسانلا خۇشال بولۇپ، ئاسانلا غەزەپلىنىدىغان، گۇمانخور، شەخسىيەتچى، كىم كۈچلۈك چىقسا شۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالىدىغان ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان ئىرغاڭشىپ يۈرىدىغان بەندىلەرگە بولغان ھېسداشلىقىمنى، ئېچىنىشىمنى ۋە كەڭچىلىك — مەغپىرەتلىرىمنى قانداق نامايان قىلىمەن؟ مۇبادا ئۆزۈم كىرىست دارىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، بەنە كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇ يەردىن ئامان چۈشۈپ كېتىدىغان، باشقا بىر قانخور-بۇلاڭچى قاراقچىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئۆلۈشىنى، ھېچقانداق چوقۇنغۇچىسى يوق، ئۆلۈمىنىڭمۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ۋەھشىي بىر قان-گۆش جىسمىنىڭ ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا قانلىق جەسەتكە ئايلىنىشىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولسا، ئۆزۈمنىڭ كىرىست دارىغا مىخلىنىشى نام-شۆھرەتكە ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئالدامچىلىققا ئايلىنىپ قالمامدۇ؟ مۇبادا قويۇپ بېرىلسەم، شۇنچە كۆپ ئازاب چەككەن تۇرۇپ ئاخشاملىقتا بۇرۇنقىدەكلا سۇ ئىچىپ، گۆش يەپ، يۇيۇنۇپ، ئۇخلاپ، خورەك تارتىپ يۈرسەم، شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن ياش تۆكۈپ، سەجدە قىلىۋاتقان بەندىلەر مېنىڭ مېھرىبانلىقىمغا، كۆيۈمچانلىقىمغا ۋە مەغپىرەت توغرىسىدىكى تەلىملىرىمگە قانداقمۇ داۋاملىق ئىشەنسۇن؟ باشقىلارغا مەغپىرەت توغرىسىدا تەلىم بەرگەن كىشىنىڭ مەغپىرەتكە ئېرىشىشى ھەممىدىن تەس، چۈنكى، باشقىلارنى

مەغپىرەت قىلىڭلار دەپ دەۋەت قىلغانلىق ئۆزۈڭنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا، پەيغەمبەرلەرچە ئورۇنغا، قولمۇ يانىدۇرالمايدىغان، تىلمۇ قايتۇرالمايدىغان مۇداپىئەسىز ئورۇنغا قويغانلىق بولىدۇ، دېمەك ھەممە ئوق ئاتىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ قالغان بولسەن. مەغپىرەتكە ئېرىشىشلىك قىيىن بولىدۇ. بىر-بىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ كۆزى قىزارغان كىشىلەردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئۇلارنىڭ جېنىنى تەلەپ قىلغاندىمۇ تەسكە توختايدۇ. ئۇلار مەغپىرەت قىلىشنى خالىمايدۇ ھەم مەغپىرەت قىلالمايدۇ. ئۇلار تولىراق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سېنىڭ مەغپىرەت قىلىش-قىلالماسلىقىڭغا، تاقەت قىلىش-قىلالماسلىقىڭغا قارايدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، مۇبادا رىم باش ۋالىيسى پىلاتوس مېنى قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ئارىدىن ئون كۈنمۇ ئۆتمەي، مېنىڭ سادىق مۇخلىسلىرىم مېنى پارە-پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈشتىن ياكى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن يانمايدۇ.

يىراق شۇنىڭدىن كېيىن يەنە: ئەگەر راستىنلا قويۇپ بەرسە خويمۇ ياخشى بولاتتى! دېگەنىنىمۇ ئويلىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۆز مۇخلىسلىرىمغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىمنى تېخى دېمىگەنلىكىمنى، نۇرغۇن قائىدىلەرنى تېخى تېگىگىچە ئويلاپ، تولۇق دەلىللەپ بولالمىغانلىقىمنى كىرىست دارىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا يادىمغا ئالدىم. شۇڭا ئويلىدىمكى، دىن جەننەتكە بېرىش يولىنى، بۇ ئالەمدىكى گۇناھ، نەپسانىيەت ۋە قوپال ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەيدۇ. ئەمما دىن بۇ ئالەمدىكى بەندىلەر ئۈچۈن يارالغان. بۇ ئالەم بولمىسا دىننى نەدە تەشۋىق قىلىدىغان گەپ؟ جەننەتكە نەدىن بارىدىغان گەپ؟ مېنىڭ سۆيگەنلىرىم كىملەر ئىدى؟ مېنىڭ ئىچ ئاغرىتقانلىرىم كىملەر ئىدى؟ مېنىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىرىم كىملەر ئىدى؟ بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئۆزۈم تارتماقچى بولغانلىرىم كىملەر ئىدى؟ دەل مۇشۇ جىسمى قان بىلەن گۆشتىن ھاسىل بولغان، جىسمى ئاددىي يول بىلەن تۆرەلگەن خالايىق ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى

داۋاملىق سۆيەلەمدىمەن؟ داۋاملىق جەبرى-زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرالامدىمەن؟ ئۇلار ئۈچۈن داۋاملىق ياش تۆكەلەمدىمەن ۋە ئۇلارنىڭ تېۋىنىشى ھەم تۇۋىسىنى قوبۇل قىلالامدىمەن؟ ئۆزۈم تىرىلگەندىن كېيىن ئۆز پېتىمغا كېلەلەمدىمەن؟ ئۆزۈمنىڭ تېنىمنى خالايىقنىڭ تېنى بىلەن ئالاقە قىلدۇرالامدىمەن؟

كۆڭلۈمنى پاراكەندىچىلىك چۇلغىۋالدى، شۇنداقتىمۇ: مېنى قويۇپ بەرمەڭلار! دەپ قاتتىق ۋارقىرىدىم.

خالايىق تەۋرەپ كەتتى. بەزىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ، مېنى قويۇپ بېرەيلى دەپ تۇۋلىسا، بەزىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ، قۇربان بولۇشۇمنى تىلەيتتى. يەنە بەزىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ: «ئۇ ئالدامچى! پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە يول قويمايلى!» دەپ ۋارقىرىسا، يەنە بەزىلەر: «ئۇ بەك ئەقىللىق، بۇ ئۇنىڭ سېھىرگەرلىكى، ئۇ ئىشنى ئۇڭغا تارتقۇزماق ئۈچۈن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماقچى!» دەپ تۇۋلايتتى. يەنە بەزىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ: «ئۇ بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيتتى! بىز بولساق كۆزى كور، كۆڭلى قارا قوتۇر ئىشەكلىك قىلىۋاتىمىز!» دەپ ۋارقىرايتتى. شۇنداق قىلىپ مالىمانچىلىق ۋە مۇشتلىشىش باشلىنىپ كەتتى، خالايىق: «ئال پىچاقنى، تىق قورساققا، بىرنى ئۆلتۈرسەك دىرى چىقىدۇ، ئىككىنى ئۆلتۈرسەك بىرى ھايىنغا قالىدۇ!» دەپ ۋارقىراشتى.

شۇنىڭ بىلەن باش ۋالىي پىلاتوس سۈرلۈك قىياپەتتە مۇنداق جاكارلىدى: كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە بىنائەن داڭلىق مەھبۇس باراباس قويۇپ بېرىلسۇن! ئۆزىنى مەسىھ، يەھۇدىيلار پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغان ئىيسا قاتتىق جازالانسۇن!

شۇنىڭدىن كېيىن چوقان-سۈرەن كۆتۈرۈلدى، بەزىلەر چاۋاك چالسا، بەزىلەر يەرنى تاقىلدىتىپ تېپىشكە باشلىدى، بەزىلەر تەنتەنە قىلسا، بەزىلەر ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى، بەزىلەر نەزمە ئوقۇسا، بەزىلەر ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بەزىلەر ئاھ ئۇرسا، بەزىلەر قارغاشقا باشلىدى. بۇنىڭ قالتىس بۆلەكلىرى

تۆۋەندىكىچە :

بىزنى ئارزۇ قىلسىڭىز شۇنى تاپىسىز،
ئۆلۈمىڭىزدىن سائادەت قۇچىسىز.
مۇبارەك نامۇ-شەرىپىڭىز بىلەن
ئاشىدۇ بىزنىڭ مەسلەك — زوقىمىز.

يەنە بىرى:

ئۆزۈڭنى ھەدېسلا دانا چاغلاپ،
بىزگە غەمخور قىلىپ كۆرسەتتىڭ،
بىز سېنىڭ غەم يېيىشىڭگە موھتاج ئەمەس،
ھەممىگە چات كىرىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

يەنە بىرى:

جىسمىڭ قان بىلەن گۆشتىن تۇرسىمۇ،
ئەتەي ئۆزۈڭنى مۇقەددەس دېدىڭ.
سەن تىراگېدىيىدىكى قەھرىمان!
كومېدىيىدىكى يولۋاس!

يەنە بىرى:

ئەرشكە قاراپ سورايمىز:
باراباس بىلەن سېنىڭ
قايسىڭدا نەپ جىقراق،
قايسىڭدا نېمەت جىقراق؟

يەنە بىرى:

ئازاب مۇھەببەتنىڭ چىن مەنىسىدۇر،
ھاياتنىڭ چىن مەنىسىدۇر،
سىز تارتقان ئازاب ئىنسانىي
مۇھەببەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىدۇر!

يەنە بىرى:

سېنى مەڭگۈ خاتىرىلەيمىز،
سېنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز.

بىراق بۇ ئەسلەش
تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر!

يەنە بىرى:

ئەگەر سىمۇول بولسا
مەڭگۈ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ،
ئەگەر مەڭگۈلۈك ئوبراز بولسا،
پايدىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟

يەنە بىرى:

بۇ دۇر ئۈندەش بەلگىسى،
ھەم سوئال بەلگىسى،
دېمەك بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى،
تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟

## 7

سول تاپىنىمغا بىرىنچى مىخ مىخلانغاندا، شۇ ھامان ھوشۇمدىن كەتتىم، مۇنداق ئاغرىشنى ئويلىماپتىكەنمەن: ئويلىغىنىمدىن بەكرەك ئازابلاندىم!

مىخ ئالقىنىمغا مىخلانغاندا، ئۈنكۈر ئاغرىق دەستىدىن ۋارقىراپ كەتتىم، ئالقىنىم، پۈتۈن بەدىنىم پىرىلغاندەك بولدى. يەنە ۋارقىراي دېدىممۇ، لېكىن تېشىمغا چىقارماي ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم! پۈتۈن ئەزايىم سوغۇق تەرگە چۆمۈلدى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى، شۇنداقتىمۇ نۇ ۋاي-دات سېلىپ زارلىنىدىغان ۋاقىت ئەمەس، زارلىنىشقا ھەققىم يوق! مەن خالايىقنى تەسىرلەندۈرمەكچى ئەمەسمىدىم؟ خالايىق ئۈچۈن قۇربان بولماقچى ئەمەسمىدىم؟ كائىناتنىڭ ئىناقلىق ۋە مېھرىبانلىق نۇرىغا چۆمۈلۈشنى كۆرمەكچى ئەمەسمىدىم؟ شۇنداق ئىكەن، قانداقمۇ ئاددىي-چاكىنا بەندىلەردەك ۋاي-دات سېلىپ ۋارقىراپ يۈرەي؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇ ئارىدا سۆڭەكلىرىمگە مىخ سانجىلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى ۋە كۆمۈر-

چەكلىرىمنىڭ يىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشۇمدىن كەتتىم،
مىخ ئولۇق ئالقىنىمغا قېقىلغاندا ھوشۇمغا كەلدىم.

سوغۇق تەر ئورنىغا ئىسسىق تەر باستى، تىترەش ئورنىغا ئوتتا كۆيگەندەك بولدۇم. پۈتۈن بەدىنىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئىككى قولۇم قول ئەمەس، چوغقا ئايلاندى.

دەل شۇ پەيتتە بىر ساھىبجامال ئايال قىيناقچىلارنىڭ قامچىلىشىغا ۋە ئىتتىرىشىگە قارىماي پۇتۇمنىڭ ئاستىغا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئۇزۇن چېچى بېلىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇ ھۆكرەپ يىغلاۋېتىپ، مېنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىمغا سۆيۈپ كەتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىللىق، يۇمشاق ھەم پاكىز ئىدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىككى پۇتۇمنى ھۆل قىلدى، ئۇ كۆز يېشىنى ۋە مېنىڭ پۇتلىرىمنى چىرايلىق چېچى بىلەن سۈرتۈپ پاكىزلىدى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاھ، ئىگەم! سىز خالايىقنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى كاتتا مېھرىبان، سىز خالايىققا مېھرىبانلىق قىلغۇچى ئىبنى ئىنسان، سىز ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممە قۇدرەتنىڭ ئىگىسى، ھەممىگە ئىجازەت بەرگۈچى! سىز مەندەك بىر بىچارە قىزىڭىزغا ئىچ ئاغرىتماي تۇرالامسىز؟ مېنىڭ ئاشۇ ۋاپاسىز ئېرىمنىڭ مېنى تاش يۈرەكلىك بىلەن ئالدىشىغا يول قويۇپ تۇرالامسىز؟ مەن ئون ئالتە يېشىمدا ئۆز قىزلىقىمنى ئۇنىڭغا سەممىي كۆڭلۈم ۋە قىزغىن ئىشقىم بىلەن بەخشەندە قىلدىم! لېكىن ئۇ ھازىر ئابروي-مەنپەئەتنى كۆزلەپ، يېڭى قورۇقلۇققا ئاھالە كۆچۈرىمەن دەپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى نىقاب قىلىپ، چىن شىمېينىڭ جىنايەتلىك كونا ئىزىدىن مېڭىۋاتىدۇ! ئى، ئاتا، سىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەلەيسىز، سىزنىڭ قۇدرىتىڭىز بىلەن توكۇرلار يۈز مېتىرلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشالايدىغان، ئەمالار قايتىدىن يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، رەسەتخانىدا تۇمانلىقنى كۆزىتەلەيدىغان بولىدۇ، سىزنىڭ سۇنىڭ يۈزىدە مېڭىشقا ۋە قېرىلارنى ياشارتىپ، ئۇلارغا يېڭىباشتىن سۈت چىشى چىقىرىشقا قۇدرىتىڭىز يېتىدۇ، رېنتگېن ئىشلەتمەيلا ئۆز كۆزىڭىز بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى تەكشۈرۈشكە ۋە توغرا

دېئاگنوز قويۇشقا، لىپاپىسىنى ئاچمايلا ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇشقا ۋە ئۇ خەتنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ، سەككىز قاتلاپ ئاندىن مەھكەم يەملەنگەن، سۇرغۇچ تامغا بېسىلغان قاناتلىق خەتكە ئايلاندۇرۇشقا قۇدرىتىڭىز يېتىدۇ، قۇتىدىكى دورىنى يۇرۇپكا، سۇلياۋ ئىغىز ۋە ماركىسىنى بوزمايلا چىقىرىۋېلىپ، ئورنىغا باشقا دورا[1] قاچىلاپ قويۇشقا قۇدرىتىڭىز يېتىدۇ، سۇنى ھاراققا، ھاراقنى سۇغا ئايلاندۇرۇشقا، ئۇ رومكىدىكى ھاراقنى قۇيۇلدۇرۇشقا، ئۇ رومكىدىكى ھاراقنى سۇيۇلدۇرۇشقا قۇدرىتىڭىز يېتىدۇ. ئادەمنىڭ قېنىدىكى يامان سۈپەتلىك راك ھۈجەيرىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، كىشىنىڭ ئۆمرىنى خالىغانچە ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىشقا قۇدرىتىڭىز يېتىدۇ، مۆشۈنچە مۆجىزىنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قىلدەك خىيال ئەيلىشىڭىز بىلەنلا يۈز بېرىدۇ، سىزنىڭ قۇدرىتىڭىز چەكسىز، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس! سىز تەكلىپكە بىنائەن بۇ كارامەتلىرىڭىزنى تەپچە-تەپچە قېتىم ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇ ئوقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنغان. شۇنداق تۇرۇپ قىزىڭىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى رەت قىلالامسىز، قىزىڭىزنىڭ ئەخمەق قىلىنىش، ئالدىنىش، ئويۇنچۇق قىلىنىش ۋاپاسىزلىققا دۇچار بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلەمسىز؟» دېدى.

بۇرىكىم پىچاق تىققاندەك ئازابلاندى. جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان شۇنچە ساھىبجامال، شۇنچە دىلدار ئايالنىڭ بىۋاپاغا ئاياغ ئاستى بولۇشىنى نويلىماپتىكەنمەن! ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشۇ بىۋاپا ئەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تىلىمدىن بوران-چاپقۇن چىقىرىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگۈم كېپكەتتى! ئۇ ئەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى يەھۇۋە، مۇسا، ساكيامۇنى، ئالپىس تاغلىرى، نىل دەرياسى ۋە يۇفراتېس دەرياسى نامىدىن قارغىۋەتكۈم كېپكەتتى! ئۆز مۇخلىسلىرىمنى، ۋەزىمنى ئاڭلىغۇچىلارنى جۇملىدىن ماڭا قىزىققان ھەتتا مەندىن گۇمانلىنىپ يىپىمگە چۈشۈپ يۈرگەن، ئاۋازىمنى لېنتىغا ئېلىۋالغان، قارا مانيرىيالىمنى توپلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، شۇلارنىمۇ

ئۆزۈمگە گويياكى قىلىپ، ئۆزۈم ئۈچۈن داۋراڭ كۆتۈرگۈزۈپ، شۇلار بىلەن بىللە سوئال سوراپ، مۇنازىرىنى بىللە ئاڭلاپ، بىللە تەنقىد قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىنى ۋە ئاجىزلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى بىللە قوغدىغۇم، ساختىپەزلەرنىڭ ساختىلىقلىرىنى پاش قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن خۇددى يەر تەۋرەشتىن، ئەيدىز كېسەلدىن، دۇنيا ئۇرۇشىدىن ۋە ئورمانغا ئوت كېتىشىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەندەك بېشارەت بەرگۈم كەلگەنىدى! ئۆز نوپۇزۇم ۋە مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ ئاشۇ بەختسىز ئايالنى گۈلدەك ئېچىلغان خۇش چىرايدا قايتا كۆرۈشۈمگە ئىمكانىيەت بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدىم! بىراق مۇمكىن بولمىدى. ئىككى قولۇمدىن قان شورقىراپ ئېقىپ ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك بولدى. مەن مىخلىنىپ جان ئۈزۈشكە باشلىدىم.

ئەمدى ئايپاق ساقال بىر بوۋاي مەن تەرەپكە كەلدى. ئۇنىڭ تەرى سۆرۈن، چىرايىدا كۈلكە ئالامىتى يوق ئىدى، ئۆزى سەل سېمىز بولۇپ، كۆزلىرىدىن خۇددى باياۋاندىكى بۆرىنىڭكىدەك قانتالغۇ چېقىپ تۇراتتى. ئۇ قىلىچە كەمتەرلىك قىلماي، ھېچنېمىدىن تەپتارتماي ئۇدۇل كېلىپ ئايالنى چەتكە ئىتتىرىۋەتتى، ئۇنىڭغا قىيناقچى جاللاتلارمۇ ئارىلىشالمىدى. مەن باشتا ئۇنى ھەممىدىن تېز جان ئالىدىغان يوغان مىخنى مىخلىغۇچى جازا ئەمەلدارىغا ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. بىراق ئۇ يېقىن كەلگەندىن كېيىن، بېشىدا شەپكە يوقلۇقىغا قارىماي، ماڭا قول كۆتۈرۈپ سالام بەردى. ئۇ ناھايىتى ياڭراق يوم ئاۋازى بىلەن: «ئىيسا، قولاق سېلىڭ! مانا مەن قىل سىغمايدىغان ھەقىقىي مۇخلىسىڭىز! مەن مۇخلىسلا ئەمەس، بەلكى پاسىبان، مەن باياتىنقى مۇخلىس بولسىمۇ پاسىبان بولالمايدىغان ئايالغا ئوخشىمايمەن! مەن ھەر كۈنلۈكى سىزنىڭ نامىڭىزنى يادلايمەن، سۆزلىرىڭىزنى تەكرارلايمەن، بەزىدە ئوتتۇز ئىككى رەت تەكرارلىغان چاغلىرىم بار! سىزدە كۆز بولغان بولسا، ئەسلىدە بەختىنى ماڭا ياغدۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى! كۆزىڭىزنىڭ قارىچۇقى يوقلۇقىنى، بەختنى قوشنامغا ياغدۇرىدىغانلىقىڭىزنى نەدىن

www.uyghurkitap.com

بىلەي! قوشنام مەندىن ئون-يىگىرمە ياش كىچىك، ئۇ سىزنىڭ يا نامىڭىزنى يادلىمايدىغان، يا سۆزلىرىڭىزگە ئېباداەت قىلمايدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ گۇمانلىق، ناباب كىشىلەرنى ئۇچراتسىمۇ ئىزىغا چۈشمەيدىغان، مەلۇم قىلمايدىغان، تۇيقا تۇتمايدىغان بەندە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھاراق ئىچىشكە، ياسىنىشقا ئامراق، ئۇ تېخى مۇھەببەت توغرىسىدا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان بىر قوشاقمۇ يازغان! مەن ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت سالسام، ئۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتى! مەن ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقاندا، ئۇ تېخى كۆۋرۈك سۆڭگۈچىدە ئولتۇرۇۋاتاتتى! تەيپارتماي ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارەت سالغىنىنى قارىمامدىغان! ئۇنىڭ ئىمارىتىنى نەدىكى بىر نادان يوقىرالار سېلىپ بەردى! مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي مانا ئەمسە دەپ بەش قەۋەتلىك ئىمارەت سالدىم، ئۇنىڭدىن ئىككى قەۋەت ئېگىز سالدىم! سىز مېنىڭ بەش قەۋەتلىك ئىمارىتىمنى خۇددى ئالتۇن قەسىردەك مەڭگۈ مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلىپ سالغان بولسىڭىز بولاتتى! نەدىكىنى، بەكمۇ ئەخمەقلىق قىلدىڭىز! سېلىنغىنىغا تېخى بىرنەچچە ئايمۇ بولمىغان بەش قەۋەتلىك ئىمارىتىمنى ئۆرۈۋەتتىڭىز! يەنە تېخى ئامراق ئوغلۇمنى باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدىڭىز! ئامراق ئوغلۇمنىڭ چاچلىرى قالتىس بۇدۇر ئىدى! ھويت ئېيسا! قېنى قودرىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ئاشۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن قوشنامنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارىتىنى چاققان ئۆرۈپ تاشلاڭ! ئەگەر ئۇنىڭ ئىمارىتى ئۆرۈلمەي قالسا قاتتىق يەر تەۋرىتىڭ! يەرنى ئۈزۈلمەي زىلزىلىگە سېلىڭ، قىلچە بوش كەلمەڭ! ئۇنى باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈڭ! مىجىپ ئۆلتۈرۈڭ! ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يۈز ئادەم بېسىلىپ ئۆلسىمۇ مەيلى! دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپ ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيگەندەك بولدۇم! ئۇنى خالايىققا كۆرسىتىپ سازايى قىلغۇم كېلىپ كەتتى! ۋاھ بۇ ساختىپەز فارسىيىنىڭ ئۆزى ئىدى! ئۇ نېمىدېگەن نادان، نېمىدېگەن نائىنساپ، نېمىدېگەن مەككار، نېمىدېگەن ھاكاۋۇر!

ئۇ ئۆزىدىن ياش قوشنىسىدىن ھەسەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ كۆزىنى ھەسەتخورلۇق قاپلىۋالغان، كۆڭلىنى شۇملۇق چۇلغىۋالغان! ئۇ شەخسىيەتچى دېيىشكىمۇ لايىق ئەمەس، ئۇ شەخسىيەتچىلىكنى دېمەي، باشقىلارنى ئورنىغا ئىتتىرىشكىلا تۇرغان! پىكرى نېمىدېگەن دەھشەت، ئارزۇسى، سۆزلىرى نېمىدېگەن دەھشەت! ئۇ ئۆزى قايىل بولمىغان قوشنىسىدىن ھەسەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەخمەت يەتكۈزۈش قەستىدە تەگرىگە ئىلتىجا قىلىپ، يەر تەۋرىتىشنى تىلىدى! ئۇ مىڭلىغان ئادەملەرنى گۆرگە ئىتتىرىشتىنمۇ يانمايدىكەن! ئۇ شۇنچە يىللار مابەينىدە مىڭبىر جاپا بىلەن بىنا قىلغان قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىشتىنمۇ ئايانمايدىكەن! ئۇ جاھان مالىمان، زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولسۇن دېگەننىلا تىلەيدىكەن! ئۇ دېموكراتىك — ئىناق كەيپىياتنىڭ داۋام قىلىشىدىن قورقىدىكەن! ئادەمنى ھەممىدىن غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۇ شۇنداق ئەسكى تۇرۇپ ئۆزىنى مېنىڭ مۇخلىسىم قىلىپ كۆرسەتتى، مېنىڭ نامىمنى قالقان قىلدى! نەدىكى بىر ساختا-چاكىنا قائىدە-يوسۇنلارنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ساختا، ھاياسىز گەپلەرنى تەكرارلاپ ئۆزىنى ماڭا ھەممىدىن سادىق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى، خۇددى مەن ئۇنىڭغا راستىنلا ئاتا مىراس جەندە، پاتېنت، ئىجازەت خېتى دېگەنلەرنى ھەدىيە قىلغاندەك، ئۆزىنى مەندىن ھەقىقىي تەلىم ئالغان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى، ھەي، ھەي! بۇنداق ئىشلار بەھۇدانىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيتتى! بەھۇدا چېقىمچىلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي شۇ كۈنى ئاخشىملا ئېسىلىپ ئۆلىۋالدى! ھەي، ھەي! ساختىپەزلەر ئەڭ ئەسكىلەردىنمۇ يۈز ھەسسە ئەسكى ئىكەن! خاپانىباش، سالپاڭ قۇلاق بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقا ئۇدۇل كەلگەننى يەپ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بوركتا چوشقىسىدىن ۋە دىڭگاي چىشى، ئۇچلۇق تومشۇق چۆل بۆرىسىدىنمۇ يۈز ھەسسە ياۋۇز كېلىدىكەن! ۋىجدان، مېھىر، ئادىللىق ۋە كەمتەرلىك دېگەنلەرنى يوقاتقان بۇنداق ئەسكىلەر

قانداقمۇ مېنىڭ مۇخلىسىم بولسۇن! ئۇ ئادەم بولۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپى جەھەتتە مېنىڭ ۋە ھەقىقىي مۇخلىسلىرىمنىڭ پۈتۈنلەي نەتۈرىجە نىش قىلدى! ئۇنىڭ كېيىنكى تىكىشماقلار... دېگۈم كەلدىيۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقارمىدىم. داردىن چۈشەلمەيدىغانلىقىم ئېنىقمۇ ئايان بولدى. ئېسىقلاردا بولسۇنكى، كرېست دارىغا چىقىپ قالغاندىن كېيىن چۈشۈش دېگەن يوق گەپ. ئىككى ئالقىنىم دارغا مەھكەم مىخلىنىپتىلدى. تىلىم كالۋالىشىپ گەپكە كەلگۈدەك ھالى قالمىدى. ئاۋاز پەردەم بوشاپ ئاۋاز چىقىرالماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەزىپىم ئېشىۋاتقان پەيتتە، قىيناقچىلار ئوڭ پۇتۇمنى سول پۇتۇمغا مىنگەشتۈرۈپ، چوڭلۇقى ئالاھىدە بىر مىخنى ئوڭ پۇتۇمنىڭ دۈمبىسىدىن بولقا بىلەن قاققانىدى. مىخنىڭ ئۇ ئۇچى ئوڭ پۇتۇمدىن ئۆتۈپ سول پۇتۇمنىڭ دۈمبىسىنى تېشىپ كىرىپ كەتتى، ئەنە شۇ چاغدا يەنە بىر رەت ھوشۇمدىن كەتتىم.

8

ئارىدىن قانچە كۈنلەر ئۆتتىكىن تاڭ، ئىنتىلىپ ھوشۇمغا كەپتىمەن. تۇبرازىم ۋايىغا يەتكەنىدى. ھەم غەمكىن، ھەم چىرايلىق بېشىم ساڭگىلاپ قالغانىدى. بىلەكلىرىم گويا بەندىلەرنى قۇچاقلىماقچى بولغاندەك تولۇق كېرىلگەنىدى. ئىككى تال ۋەھشىي مىخ بىلەكلىرىمنى مەڭگۈ ئېگىلمەس قىلىپ قويغانىدى. سىياقىم بەندىلەرنى قۇچاقلاي دەپ شۇنچە تەلپۈنسەممۇ لېكىن قۇچاقلاشقا زادى قۇدرىتىم يەتمەيۋاتقاندەك تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. بەندىلەرنى قۇچاقلاش مۇرادىم مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، قوۋۇرغامدىن قان شۇرقىراپ تۇراتتى. غوۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان قوۋۇرغامغا ئىنسانىيەتنىڭ قاتمۇقات، قاتار-قاتار ئازاب-ئوقۇبەتلىرى يىغىلغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئازابلار شۇنچە سەت ئىدى، بۇ سەتلىكنىڭ ئۆزى شۇنچە ئازاب دېمەك ئىدى. قانداق بولۇپ ماڭا مۇنچە سەت، شۇنچە ئازابلىق قوۋۇرغا تۆرىلىپ قالغاندىكىن

تاڭ! بەنە كېلىپ ئۇنىڭ شۇنچە يۇمشاق، شۇنچە ئاسان يېرىلغاق، ھېچنېمىگە دال بولالماس ھالىنى دېمەمدىغان! بىردىنبىر كارغا يارايدىغىنى قاتتىق مىخلىنىپ قالغان ئىككى پۇتۇم ئىدى! پۇتلىرىم بىگىلەپ ۋە قاتتىق مىخلىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۇزۇن سوزۇلۇپ، كۆچىنى، سوزۇلغاقلىقىنى ساقلاپ قالغانىدى! بۇ قانچىلىغان جاپالىق يوللارنى باسقان پۇتلار ئىدى! بۇ جەننەتنى كۆزلەپ، مېھرىبانلىقنى كۆزلەپ، مەغپىرەتنى كۆزلەپ، ئىناقلىق ۋە خۇشاللىقنى كۆزلەپ ھارماي ماڭغان پۇتلار ئىدى! ئەنە شۇنداق مېھرىبانلىققا، خۇشاللىققا تولغان جەننەت تۇرغان يەردە، ئۆز مۇخلىسلىرىنى ماڭا ئەگىشىپ ئەنە شۇنداق ئىناقلىق ۋە مەغپىرەتكە تولغان جەننەتكە يېتىپ بارىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنىدىم. پۇتلىرىمنىڭ يەردىن ماڭا-ماڭا كىرىست دارىغا چىققانلىقى چەكسىز چوڭ قەدەم تاشلىغانلىقى ئىدى، بۇ مەڭگۈ مېڭىپ بىر باشقا چىققىلى بولمايدىغان ۋە مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان چوڭ قەدەم ئىدى، شۇنداقتىمۇ مەن مېڭىپ بىر باشقا چىققان ئىدىم! ئەمدى يەنە مېڭىشىمغا ئىمكانىيەتمۇ، زۆرۈرىيەتمۇ قالمىغانىدى!

بىراق، مەن يەنە بىر قېتىم ھوشۇمغا كەلدىم. ئەتراپتا جەننەت كۆرۈنمەيتتى. قۇتلۇق بۇلۇتمۇ، ھاراققا ئوخشايدىغان خەيرلىك بۇلاقمۇ، قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىشتىلەرمۇ، تەگرى ئاتامۇ، توزقۇش ۋە ساماۋى تۇرنىلارمۇ، ئەرشئالا ئۇردىسىمۇ... كۆرۈنمەيتتى، ساپلا چاڭ-توزان، قۇم-بوران، تۇرۇپ ئۆلگىيىپ، تۇرۇپ پەسىيىدىغان، تۇرۇپ سوۋۇپ، تۇرۇپ ئىسسىيدىغان، تۇرۇپ خۇشپۇراق، تۇرۇپ سېسىيدىغان ھاۋا ئېقىمى، بىردە ئۆرلەپ، بىردە پەسلەپ تۇرىدىغان چوقان-سۈرەن، تۇرۇپ بىر يەرگە جەم بولۇپ، تۇرۇپ تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كېتىۋاتقان ناتونۇش ھەم تونۇش چىرايلاردىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى.

قۇلىقىمغا مۇنۇ ھەمدۇسانا ئاڭلاندى:

www.uyghurkitap.com

ئاھ، شەرەپ! ئاھ، مېھرىبانلىق! ئاھ، ئازاب-ئوقۇبەت!
ھەممىسى پۈتكۈل ئىگەمنىڭ ئۆزىگە تالىق پەقەت!
ماڭدى ئۇ ئۆلمەك يولىغا بىز ئۈچۈن كۆزلەپ نىجات،
نىرىلىپ ئاخىر ئىگە بولدۇ بىزگە ئەبەد!
كىم مۇقەددەس نامىنى ياد ئەيلىسە ئاپقاي نىجات،
كىم تىلەر ھىممەت شۇ زاتتىن ئاڭا كۆپتۇر ئىلتىپات،
كىم ئىبادەتكى ئىگەمگە شول ئۇنىڭ چىن مۇخلىسى،
توۋا قىلماق بولسا ئازغۇن كۆرسىتەر يول ئاشۇ زات.
ئاڭا ئالىق بار شەرەپ! بار مېھرىبانلىق! بار ئازاب!

بۇ ھەمدۇسانا ناخشىسى كۆزلىرىمگە لىق ياش كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنى چەكسىز ئاچچىق ھەسرەتكە مەھكۇم قىلدى. ئەي باللار! ئەي ساددا ھەم شەخسىيەتچى بەندىلەر! راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ نامىمنى يادلاش بىلەنلا گۇناھىڭلار ئۆزلۈكىدىن يېنىكلەپ قالمايدۇ، سىلەر تەلەپ قىلغان، كۈتكەن ۋە تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ نامىمنى يادلاش بىلەنلا ئۆزلۈكىدىن قولۇڭلارغا كەلمەيدۇ! سىلەرگە قانداق ياردەم قىلسام بولىدىكىن؟ سىلەرگە نېمە دەپ نەسىھەت قىلسام بولىدىكىن! دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە.

ھەمدۇسانا ناخشىسىنىڭ مۇقەددەس كۈيى بىلەن تەڭ قۇلىقىمغا قىسمى-قىسمى دۇئا-تەلەپلەر ئاڭلاندى:

ماڭا پۇل ئاتا قىلغايسىز! ماڭا بايلىق ئاتا قىلغايسىز! ماڭا بەخت-سائادەت ئاتا قىلغايسىز! ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلغايسىز! ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغايسىز! كېسىلىمنى سەللىمازا ساقايتقايسىز! قەدىردانىمنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەيسىز! مېنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلغايسىز! ئەمەلىمنى ئۆستۈرۈپ قويغايسىز! كۈتكىنىمگە يەتكۈزگەيسىز! مېنى كۆڭۈللۈك قىلغايسىز! ماڭا شادلىق بېغىشلىغايسىز! خالىغىنىمنى قىلىشقا يول قويغايسىز! ماڭا مۇھەببەت

كېرەك! ماڭا نەپرەتنىڭ كېرىكى يوق! مەن باشقىلاردىن نەپرەتلىنىمەن، باشقىلارنى سۆيمەيمەن! مېنىڭ دەرد-ئەلىمىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، گۇناھسىزلىقىمنى مۇئەييەنلەشتۈرگەيسىز! ئۇنى گۇناھقا مەھكۇم قىلغايسىز! ئۇنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلغايسىز!

قىسمى-قىسمى ئاۋازلار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ۋە بىر-بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ گويا دېڭىز شاۋقۇنلىغاندەك، جەڭ دۇمبىقى گۈمبۈرلىگەندەك، تۆمەنمىڭ ئوقلار تەڭ تاراتلىغاندەك، بوران-چاپقۇن گۈركىرىگەندەك قىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېرىلار ۋە ياشلار، چوڭلار ۋە كىچىكلەر، گادايلار ۋە بايلار، ئەرلەر ۋە ئاياللار دەۋرەپ كېلىپ ماڭا باش ئۇردى، قول سۇندى، ماڭا قاراپ يىغلىدى، نالە قىلدى، مېنى سۆيدى، يېقىنچىلىق بىلەن قۇچاقلىدى، يالىدى، سىلىدى، مەن يەنە بىر رەت ھوشۇمدىن كەتتىم.

مۇبادا ئىچىنىشلىق بىر چىرقىراش ئاڭلانمىغان بولسا، ھوشسىزلىقتىن ئېيشىلمىگەن بولاتتىم.

— ئۇ ئالدامچى! ئۇ بۇزۇق! — بۇ تولىمۇ ئۆتكۈر، كىشىنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتتىدىغان چىرقىراش ئىدى! بۇ ئاۋاز ئازابىنى تېنىمگە ئۆتىسپ لاۋۇلداۋاتقان ئوتنى گويا بىر-ئىككى گرادۇس سوۋۇتۇۋەتكەندەك بولدى، مەن ھەم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك، ھەم سوغۇقتا مۇزلاۋاتقاندەك بولدۇم!

چىرقىراۋاتقىنى ھېلىقى ساھىبجامال ئايال ئىكەن، ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە كۆزلىرىنى مىختەك سانجىپ، مېنى جۇنۇپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— ئۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان ئەخلەتكەن! مەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئىخلاس قىلىپ، دۇئا قىلىپ ئالدىنىپ يۈرۈپتىمەن، مەن ئۇنى ھەرقانداق ئىجازەت، ھەرقانداق ياردەم، ھەرقانداق ئىش قولىدىن كېلىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ئۇنى ھەقىقىي پەيغەمبەر، ھەقىقىي ئىلاھىي ئىنسان، يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى، ھەقىقىي مەسىھ دەپ ئويلاپتىمەن! نەدىكىنى، قولىدىن قىلچىلىك ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلمەيدىكەن! ئۇ بىكار ئورۇن تۇتۇپ ھارام تاماق يەپ يۈرىدىغان ھەيكەلكەن خالاس...

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاۋازغا ھەمدەم بولغان قارغاشلار ئۈستى-ئۈستىلەپ تۆپەمگە ياغدى:

ئەمدى ئالدانمايمىز، ئەمدى گۆل بولمايمىز!
بىزنى بەختكە ئىگە قىلالمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ يەتتۇق!
ئەمدى ساڭا گۆل بولمايمىز! ئەمدى ساڭا ئالدانمايمىز!
تىنچلىققا ئىگە قىلالمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ يەتتۇق!
ئالدىغەي، مۇندىغەي دەپ ۋالاقشۇەردىڭ!
ۋاي! كارامىتىم چەكسىز دەۋاتاتتىڭ...
ئۇنداقتا ئۆزۈڭنىمۇ قۇتقۇزالماي،
ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ھاھاھا...
ئۇلار ئالۋاستىلارچە ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئارىسىدا مېنى قىينىغۇچىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ مېنىڭ قوللىرىمنى، پۇتلىرىمنى، كۆكرىكىمنى ۋە قېيقلغان مىخلارنى كۆرسىتىپ كېدىيىپ-كۆرەڭلەپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دېدى چاچلىرى ئاقارغان ئالىم سۈپەت بىر كىشى پەس ئەمما كۈچلۈك ئاۋازدا — شەرق مۇتەيەككۇرلىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتىشكىمۇ، ئىشەنمەسلىككىمۇ بولمايدۇ دېگەن گەپ بار. يەنە يوقلۇققا ئىشەنگەندىن كۆرە، بارلىققا ئىشەنگەن تۈزۈك دېگەن گەپ بار. دېمەك، سىلەر ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنسەڭلەر ئۇ پەيغەمبەر. پەيغەمبەر ئەمەسلىكىگە ئىشەنسەڭلەر ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس...

— بۇ جۆيلۈگەنلىك! كاززاپلىق! قۇرۇق گەپ ساتقانلىق! ئىككى يۈزلىمىلىك! تۈلكىلىك! كېلىشتۈرمىچىلىك! ئۇسۇرۇق گەپ!

كىشىلەر ۋارقىراشقا باشلىدى. كىمنىڭ كىمگە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى، بۇ ۋارقىراشلارنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلمەي

قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن قۇلىقىمغا تۈرلۈك مۇھاكىمىلەر ئاڭلاندى!

— بۇ ئەپيۈن! بۇ زەھەر! ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرىدۇ، قەلبىمىزنى بۇلغايدۇ، ئۇ جەننەت، ئەبەدىيلىك، روھىي نىجاتلىق ۋە ئۇدۇنيادىكى بەخت-سائادەت توغرىسىدا ساختا گەپ سېتىپ بۇ دۇنيادىكى ئىللەتلەرنى ياپماقچى، بۇ ئالەمدىكى جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشنى يوققا چىقارماقچى، ئۇنى يوقىتايلى! پاش قىلايلى! پىيەن قىلىپ سېتايلى!

— بۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىستىكى، ئىجادىيىتى ۋە يۆلەنچۈكى! ئۇنىڭ قېنى بىلەن جېنى، بېشى بىلەن كرېست دارى — ھەم مەسئۇل ھەم ئاگاھلاندۇرۇش، ھەم ياخشىلىققا مايىللىق، ھەم يامانلىققا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق، بۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ ۋىجدانىغا سانجىلغان سانسىز خەنجەر! بۇ ئۇلۇغۋار ۋە ئالىيجاناب روھنىڭ كاسسى! شۇنىڭدەك بۇ ھەم رەھىمسىزلىك، ھەم جىنايەت، ئىنسانىيەت ئۆزى پەيدا قىلغان ئازابىنىڭ بىۋاسىتە كۆرۈنۈشى!

— بۇ نام-شۆھرەتكە بېرىلگەن كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى! ئۇنىڭ جاپا چەككەنلىكى، يېمەي-ئىچمەي ئىقتىساد قىلغانلىقى، مېھرىبانلىقى، ئەپۇچانلىقى، تەركىدۇنيالىقى پۈتۈنلەي تاكتىكىدىن، قۇۋلۇقتىن. لېۋىنىڭ كىشىلەر قەلبىنى رام قىلىش ئۈچۈن بالىنى چۆرۈپ تاشلىشىدەك ئۇستىلىقتىن، ئاز زىيان تارتىپ كۆپ پايدىغا ئىگە بولىدىغان كۆز بوياماچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس! جاھاندا ياخشى ئادەم نەدە بار؟ ئەۋلىيا نەدە بار؟ ياخشى ئادەم دېيىلگەنلەر ئەيش-ئىشرەتتىن ئۆزگىنى بىلمەيدىغان ئەقلىي زەئىپلەردۇر خالاس! چىن مەندىكى پەلسەپە بىرلا، ئۇ بولسىمۇ بۆرە بۆرىگە قاراپ: سەن مېنى يېمەكچىمۇ؟ مەنمۇ سېنى يېمەكچى! دەپتۇ دېگەندىن ئىبارەت.

— گەپىڭنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ سەن بىلەنمۇ، مەن بىلەنمۇ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئوخشاش، ئۇنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى شۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتساق ئۇ ھېچنېمە ئەمەس، تارىخ نېمە

بول دېسە ئۇ شۇ بولىدىغىنى!

— قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىر غايە، ياخشىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى. رېئاللىقتا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە ھېچقانداق غايىگە ئېتىقاد قىلماسلىق ياخشىلىقمۇ ئېتىقاد قىلماسلىق كەم دېگەندە بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئوساللىقتا يانىدۇ!

— ئۇنى جان تىكىپ قوغدايمىز! ئۇنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشكە يول قويمايمىز! ئىلاھقا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنى قىيما-چىيما قىلىمىز!

— بىدئەتنى يوقىتايلى! ھەقىقىي دىنىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى! ھەقىقىي دىنىمىز كەلگۈسى قانات يايسۇن، بىدئەت قۇرۇپ كەتسۇن!

— ئۇنى ساختا دەۋاتامسەن، ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ بىر سىناپ باقچۇ! قېنى كرېست دارىغا ئېسىلىشتا قايسىڭ جۈرئەت قىلىسەن! جان ئالىدىغان تۆت تال مىخ مىخلانسا ماقۇل دېيىشكە قايسىڭ جۈرئەت قىلىسەن؟

— مىخلانغىنى خوپ بولدى! ئۆلگىنى خوپ بولدى! مىخلانغىنى ئۇلۇغ ئىش! ئۆلگىنى ئۇلۇغ ئىش! مىخلانغىنى ئالىيجاناب ئىش! ئۆلگىنى ئالىيجاناب ئىش! خوپ بولدى، خوپ بولدى، خوپ بولدى!

ئارىدا چىرايى قارامتۇل كەلگەن ئاۋازى قوڭغۇراقتەك چىقىدىغان، بويى مەندەك بىر يىرىم، ئېغىرلىقى مەندەك ئۈچ، سۆز قابىلىيىتى مەندىن ئون بەش ھەسسە ئارتۇق كېلىدىغان — ئون بەش خىل تىل بىلىدىغان بىر دارازا ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئون بەش خىل تىلدا مۇنۇلارنى جاكارلىدى:

— ئەنە قاراڭلار، قۇلاق سېلىڭلار، بىز ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىۋاتىمىز! دەرد ئېيتىۋاتىمىز! سەجدە قىلىۋاتىمىز! تەقەززا بولۇۋاتىمىز! ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىمىز تېشىلەي دەۋاتىدۇ! ئۇنىڭدىن تولا ئۈمىد كۈتۈپ تاقىتىمىز تاق بولۇۋاتىدۇ! بىراق ئۇچۇ؟ ئۇ بىزگە كۆز قىرىنىمۇ سالمايۋاتىدۇ! پەرۋا قىلىپمۇ قويمايۋاتىدۇ! قىمىرلاپمۇ قويمايۋاتىدۇ! بىزنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ! بىزگە يوغانچىلىق قىلىۋاتىدۇ! كرېست دارىدەك غادىيىۋاتىدۇ! دارغا

مىخلانغىنى ئۇنىڭغا بوپ بەردى، بۇ ھارامزادىنىڭ ئوشۇقى ئالچا چۈشكەندەك خورىكى ئۆسۈپ قالدى! بىراق ئۇنىڭ بىزگە بەخش قىلماقچى بولغان بەختى قېنى؟ ئۇ بىزگە نېمە بەخش قىلدى؟ ئالما بەخش قىلدىمۇ؟ ئادەمگىياھ، بۇغا قوپىرۇقى، ئالقات، ۋىتامىن س بەخش قىلدىمۇ؟ بىرىلىيانت، ھېقىق، مۇشۇك كۆز، ئىت يالىقى بەخش قىلدىمۇ؟ چوشقا پاقالچىقى بەخش قىلدىمۇ؟ ئۇ ھەممە ياخشىلىقنى ئۆزى دەم تارتىپ كەتتى! ئېيتىڭلارچۇ، بىر ئۇلاش-چولاش كۆرسەتمىگەن بولساق، ئۇ دارغا چىقالامتى؟

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا خالايىق ئۇنى تارتىپ چۈشۈرۈۋەتتى، ئورنىغا بىر توپ ئايال چىقىپ ماڭا ئېسىلىپ كەلسە-كەلمەس سۆيگىلى تۇردى، تەرەپ-تەرەپتىن سۆزلەپ كەتتى، بەزىلىرىنىڭ ئېرى ئۇزاق كېسەل تارتىپ تورۇپلا ساقىيىپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ ئوغلىغا ئوتتۇر چىشى چىققان، بەزىلىرى تۇخۇم سېتىپ بېيىپ كەتكەن، بەزىلىرى ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتكەندە بېشانىسى ئولۇق كېلىپ ساق قالغان... ئۇلارمۇ شۇ خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېنى قىلغان دېيىشتى.

باشقا بىر توپ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ يۈزىنى تەمرەتكە بېسىپ كەتكەنلىكى، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، مېكيانلىرى قاقىلىسىمۇ لېكىن تۇخۇم تۇغمىغانلىقى، ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، پۇت بارماقلىرى ھۆل تەمرەتكە بولۇپ قىچىشىدىغان ۋە كۆپ نەرلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى، يازغان نەرسىلىرى لو گۇۋەنجۇڭ، ساۋ شۆچىڭ ۋە لۇ شۈنلەرنىڭكىدىن جىق بولسىمۇ، لېكىن كىتابخانلار ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ جىڭ ئەسەرلەرنى تونۇپ يەتمەيۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن يۈزۈمگە تۈكۈرۈشكە باشلىدى،

شۇدەم: مەندىن ئېرى كېتىڭلار، جىم بولۇڭلار، مۇقەددەس نەزىر-چىراغ مېھرابىدا تەنتەنىلىك مۇراسىمنى ئۆز ئالدىمغا ئادا قىلىشقا ئارام بېرىڭلار دېگەن سۆزنىلا قىلغۇم كەلدى.

شۇدەم: سىلەرنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭلەر بىر تال مىخ، مەن سىلەرنىڭ

شۇ مىخنىڭلار ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. سىلەر مېنىڭ جېنىمغا، ئېتىقادىمغا، ئارزۇيۇمغا سانجىغان روھىي مىخلار بەدىنىمگە قېقىلغان تۆمۈر مىخلاردىنمۇ دەھشەتلىك. تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلانغان ئىيسا تىرىلدۇ، تۆمۈر مىخ مىخلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يەر تەۋرەيدۇ، كۈن بىلەن ئاي تۇتۇلىدۇ، جاھان قاراڭغۇلىشىدۇ، چېركاۋلار ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، قەبرىستانلار يېرىلىدۇ، بەيتۇلمۇقەددەستىكى چېدىر-پەردىلەرمۇ يېرتىلىپ ئىككى پارە بولىدۇ. بۇرۇن قازا تاپقان ئەۋلىيالار مەن بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇقەددەس ئېرۇسالىمغا كىرىپ، ئۇرغۇنلىغان ئادەم؛ ھايۋان ۋە تاشلار ئالدىدا ئايان بولىدۇ، ھەممە ھايۋانلارنى ئۇسسۇلغا، تاشلارنى ناۋاغا سالىدۇ، مېنىڭ ئابرويۇم تېخىمۇ ئۆسىدۇ دېگەن گەپنىلا قىلغۇم كەلدى.

بىراق تىرىلگەندىن كېيىن قانداق قىلارمەن؟ ئۆسەك سۆزلەردىن قورقماي يۈرەلەرمەنمۇ؟ تىرىلگىنىنى يالغان، كۆز بويامچىلىقى راست دېگەن گەپتىن خالىي بولالارمەنمۇ؟ ھەتتا بەدىنىمنىڭ بىر-بىرىگە زىت، بىر-بىرىگە توقۇنۇش كېلىدىغان دۇئا-تەلەپلىرىگە يول قويۇپ تۇرالايمەنمۇ؟ تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ بېرىپ، بۆرە، يولۋاس، قاپلانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان ئەھۋال بولارمۇ؟ بىراق ئۇنداق باياۋانغا قېچىپ كېتىش ئىيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە قانداقمۇ ئىسپات بولالايدۇ؟

ئۇ چاقتا بارغاندا ئۆزۈمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىمەن.

## 9

## «ئىنجىل ۋەھىي» گە تەقلىد

ئىيسا ئەۋەتكەن رەسۇل ئۆز خىزمەتكارى يۇھاناغا شۇ ۋەھىينى ئايان قىلدۇكى، مۇشۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشى ھالاۋەت كۆرىدۇ! مۇشۇ ئىشلارغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن كەمتەر يەكۈن چىقارغان كىشى ھالاۋەت كۆرىدۇ!

مەن تەختتە ئۇلتۇرغانلارنىڭ ئۇڭ قولىدا ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، رۇسچە، ئىسپانچە، نېمىسچە، ئەرەبچە، تۈركچە يېزىقلار يېزىلغان، يەتتە دانا ئالتۇن مۆھۈر بېسىلىپ مەھكەم پېچەتلەنگەن كلاسسىك كىتابلار تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مۇنار يۈتكەر لى ھەزرەتنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا: «بۇ كىتابلاردىن پەقەت بىرسىنىمۇ بولۇشقا كىم لاياقەتلىك؟ بۇ كىتابلارنى ئېچىشقا، بۇ كىتابلارنى چۈشىنىشكە لايىق كېلىدىغان ئاسماندىمۇ، زېمىندىمۇ، يەر ئاستىدىمۇ، ئالەم بوشلۇقىدىمۇ، سىرتقى پلانېتىدىمۇ ھېچقانداق كىشى يوق...» دەپ جاكارلىغانلىقىنىمۇ كۆردۈم.

كىشىلەر يىغلاشقا باشلىدى. شۇڭا باشانغانلار ئارىسىدىكى بىر موسىپىت: «يىغلىماڭلار، مەن بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى ھەممىگە قادىر ئىگەمنىڭ نامىدىن خېنىملار ۋە ئەپەندىلەرنىڭ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىنى تىلەيمەنكى، بۇ كىتابلارنى، يەتتە ئالتۇن مۆھۈرنى يەر شارى جامائەسىنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى جۇڭگولۇق جەمئىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن كالا شەيتان جانابلىرى ئېچىدۇ!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەيۋىسى سۈرلۈك، ھەر ئېگىز، ھەر يوغان تۆت كالا پەيدا بولدى. تۆت كالا تەڭ مۆرەپ، تەڭ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن چەت ئەل تىلى شۆبىسىدىكى ھەممە پروفېسسورلارنى ئېلىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇنى چۈشىنەلمەيتتى. ئاخىرى ئۇنى مىلادى 4848-يىلىغا بارغاندىلا ئاندىن ياساش مۇمكىن بولغان بالدۇر ياسالما ماركىلىق ئېلېكترونلۇق مېڭە تەھلىل قىلىپ بەردى (توغرا تەھلىل قىلدىمىكىن تاڭ؟)

بىرىنچى كالا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئاتا-بوۋام ھەققىي كالا شەيتانىدى! بۇرۇنقى رەپىقەم داڭقى مەشھۇر تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە ئىدى! تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە خەلقئارا ۋە يۇلتۇزلارئارا ساھىبجامال تاللاش مۇسابىقىسىدە گۈزەل خانىشلىققا كۆرسىتىلگەن! بىز تاللاپ باھالاش

ھەيئەتتىن تىكلەرگە موزاي گۆشى شورپىسى تەقدىم قىلىشقا چىدىمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇ رەسمىي تاج كىيىشكە مۇيەسسەر بولالمىدى! ئۇنىڭ ئۈچ تۈيۈقلۇق نىسبىتى 13:1:9 ئىدى، بۇندىقىنى تەكشۈرۈپ تاپالايسەن؟ ئۇنىڭ قولىغا مارتىلىن مونرومۇ سۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى! مېنىڭ ئىككىنچى توقالىم تۈلكە جادۇ، ئۇ پىلانېتلار ئارا دىسكو مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەيلا دەپ قالغان! ئۈچىنچى توقالىم توشقان جادۇ، ئۇ ئوت-چۆپ يېيىش بىلەنلا قالماي، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىشلەنگەن قەھۋەنىمۇ ئىچىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مىڭلىغان ئىچى شېكەر ئاشنىلىرىم، ئىچىم كۆيەر ھەمراھلىرىم بار! سىلەر ئۇلارنى ئۇخلاپ چۈشىڭلەردىمۇ كۆرەلمەيسىلەر! ئالتۇن مېدال لائورىياتى ھۆررىئو ئىدرىسىياس بىرىنچى بولۇپ ئېيتقان «ئۆزۈم سۆيگەن ھەممە قىزلارغا» دېگەن ناخشىدىكى پىكىر-ھېسسىيات قېلىپىمۇ ئەمەلىيەتتە مەندىن ئۆگىنىش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن! خەلقئارالىق پاتېنت تەشكىلاتلىرىغا تىزىمىغا ئالدۇرۇلغان يېڭى كەشپىيات، يېڭى تېخنىكىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ پىكىرلىرىمنىڭ ئەمەلدە كۆرۈلگەن مىڭدىن بىرى خالاس! ئاشۇ ناخشىسىنى ئالسام، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بۆلىكىنى ئېگىزلىتىش بەلگىسى C ۋە چۈشۈرۈش بەلگىسى B گە سېلىپ ئېيتىش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى بوۋامدىن، جەددى-جەمەتىمدىن قالغان! بىز خېنىم-قىزلارغا ئۆتنۈكلۈك تېرە تەييارلاپ بەرگەن چېغىمىزدا، ئۇلار تېخى ئىشتان كىيىشنىمۇ بىلمەيتتى! مەن ئۆھۆ دەپ يۆتىلىپلا قويسام جاھاننىڭ رەڭنايى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بەرگە زوڭزىيىپلا قويسام بىر كاما پەيدا بولىدۇ، مەن ئۇسۇرۇپلا قويسام تاغلا تېشىلىپ تونىلغا ئايلىنىدۇ، دېمەك ئۇسۇرۇقۇم ئون تۈمەن تاغ تېشەرنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ! ئۇلۇغ بوۋام ئۆز ۋاقتىدا بىر زىياپەت بۇيرۇتۇپ سەييارىدىكى ئالتۇندىن يېرىم دۇڭنا سەرپ قىلغان! ماۋۇ قاملاشمىسلىقنى كۆرمەمدىغان! بىردەم ئۇلۇغ بوۋام دەپ، بىردەم بوۋام دەپ، بىردەم باشقىسىنى قويۇپ ئۆزۈم دەپ سۆزلەۋەرگىنىمنى قارا! سىلەر

كاۋاك تاپىمىز دېمەڭلەر! مېنىڭ بوۋام ئۆزۈمنىڭ بوۋىسى بولمايمۇ، سېنىڭ، ئۇنىڭ، چەت ئەللىكنىڭ بوۋىسى بولاتتىمۇ؟ مېنىڭ ئاتا-بوۋام دېگىنىم ئۆزۈم دېگەن سۆز!

ئىككىنچى كالا مۇنداق دېدى:

— رىمنى، بابىلۇننى، ئافىنانى ۋە ماداغاسقارنى مەندىن باشقا كىم قۇتقۇزالىسۇن؟ مەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن خەۋەر بېرەلەيمەن، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالالايمەن، چۈنكى مەندە ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ئاللىبۇرۇن ئاۋئاتسىيە باشقارمىسىدا مەسىلە بارلىقىنى كۆرسەتكەنمەن! پارىس قولتۇقىدا جىددىي ۋەزىيەت يۈز بېرىشتىن ئاللىبۇرۇن دېڭىز قولتۇقى ئەللىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ خەتەرلىكىنى پاش قىلغانمەن! مەن يۇلتۇزلار تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمەن، مەن مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى، دۇرۇس ۋە توغرا ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، ئەيدىز كېسىلىنى بىخ-بىنادىن تۈگىتەلەيمەن! مەن بارلىق گادايلارنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق مېهمانخانىلارغا كۆچۈپ كىرىشىگە، ھەممە قەلەندەرلەرنىڭ زۆكتۆك بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيمەن! مەن ھەممە ئىنەك كالىلارنى سۈت بېرىدىغانلا ئەمەس، بەلكى ئەمچىكىدىن توغرىدىنتوغرا فرانسۇزچە ئىرىمچىك ۋە دانىيىچە قايماق تامدۇرىدىغان قىلالايمەن! مەن بارلىق بۇقىلارنى پىۋا سىيىدىغان، بارلىق موزايلارنى ئالتۇن-كۆمۈش زىبۇزىننەتلىرىنى چىچىدىغان قىلالايمەن! مەن ئەرلەرنىڭ بويىنى سوزۇپ ئېگىزلىتەلەي-مەن، ئاياللارنىڭ خام سېمىزلىكىنى قورۇپ ئازايتالايمەن! مەن شىمالىي قۇتۇپنىڭ ھاۋاسىنى باھاردەك مۆتىدىل، ئېكۋاتورنىڭ ھاۋاسىنى كۈزدەك سالقىن قىلالايمەن! مەن مۈشۈك بىلەن چاشقاننى قۇچاقلاشتۇرۇپ، سۆيۈشتۈرۈپ بىر-بىرىگە جىگەر كېسىلى يۇقتۇرمايدىغان قىلالايمەن! بىراق مېنىڭ گېپىمگە كىرىشى، مېنىڭ دېگىنىمنى ئاڭلىشى شەرت، مېنىڭ گېپىمگە كىرمەيدىغانلار دۆتلەر، ئۆكتەملەر، ئەقلىدىن ئازغان بەتنىيەتلەردۇر!

ئۈچىنچى كالا مۇنداق دېدى:

— ئۆتكىنى ئۆتنۈپ كەتتى، ھازىرقىسى سايلا قۇرۇق گەپ، مېنىڭ سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقىنىم — ئەتىكى كۈن! تۈنۈگۈنكى كۈنلەر كونىراپ كەتتى، بۈگۈنكى كۈنلەر پاياۋسەن قەبرىستانلىققا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغىنى دەل ئەتىكى كۈنلەر! ئەتە، ئىخ ئەتە، مېنىڭ بارلىقىم ساڭا بېغىشلانغان، سېنىڭ بارلىقىڭ ماڭا مەنسۇپ! ئەتىلىككە بىز ئالمىزارلىقتا ياشايمىز، ئەتىلىككە مەن پۈتۈن جاھاندىكى سېرىق كالا، سۇ كالىسى، بۇقا، ئىنەك، موزايلارنىڭ ھەممىسىگە كۆچەيتكۈچى ۋىتامىنلىق كۆك ئوت تارقىتىپ بېرىمەن! ئەتىلىككە ھەربىر كالىغا ئون بەشتىن جورا، ئىككىدىن كۆلچەك، بىردىن ئۈزۈپ ئوينايدىغان چاڭجياڭ دەرياسى تارقىتىپ بېرىمەن! ئەتىلىككە يەرلەر ھەيدەلمىسىمۇ سۇلۇلار قىر-قىرى ۋە قاتار-قاتىرى بىلەن ئۈزۈن سەپ تارتىپ، تۈگمەندە ئۇنغا ئايلىنىپ توققۇز تولۇقىمىزغا سىڭىپ كىرىدىغان بولىدۇ. ئەتىلىككە بىز قانات چىقىرىپ بوئىڭ 747 ماركىلىق ئايروپىلان بىلەن بەسلىشىپ، يۇقىرى-تۆۋەن پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان بولىمىز! ئەتىلىككە بىز دېڭىز ئىلاھى لۇڭۋاڭنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن بىزگە گۈل تەقدىم قىلىدىغان ھەمدە ئوردىسىدىكى ئون ئالتە قىزىنى بىزگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىدىغان قىلىمىز... ماڭا ئەگەشكەندىلا ئەتىگە ئىگە بولالايسىلەر! سەللا باشقا ياققا كۆز سالغانلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈكىنى قويۇشقا يەر تاپالمايدۇ!

تۆتىنچى كالا مۇنداق دېدى:

— جۇرۇڭلار، تېز بولايلى! خىزمىتىمىزنى كالا ئالىمىگە يۆنكەپ كېتەيلى! ئۈچ كېچە-كۈندۈز پويىزغا، ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئاپتوموبىلغا، ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئايروپىلانغا، ئۈچ كېچە-كۈندۈز پاراخوتقا، ئاندىن يەنە ئۈچ كېچە-كۈندۈز كۆپ ئۆگىلىك باللىستىلىق راكېتاغا ئولتۇرساقلا كالا ئالىمىگە يېتىپ بارالايمىز! ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن شۇنى بايقايمىزكى، ئۇ يەردە ساقچى-ياپلار سايلا كالىدىن بولۇپ،

ئادەملەر قوتانغا سولاپ قويۇلغان! قوشخانىدا كالىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئادەمنى كالا بوغۇزلايدۇ! ئېتىزلاردا قوشنى كالا ئەمەس، بەلكى ئادەملەر، يولۋاسلار، مۈشۈكلەر سۆرەيدۇ، كالا ئاكا-ئۇكىلار بولسا ئېتىز بېشىدا رېمىنى ماركىلىق براندىلارنى ئىچىشىپ ئولتۇرىدۇ! «دۆلەت كۆرۈش» كە ئادەملەر ئەمەس، كالىلار ئىمتىھان بېرىدۇ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوكسفورد (كالا ئۆتكىلى) داشۆسىنىڭ دوكتورلۇق بىلىم يۇرتىغا ئەۋەتىلىدۇ! ئۇ چاغدا ئولىمپىك تەنتەربىيەت يىغىنىدا پۈتۈنلەي كالىلار رېپېرلىق قىلىدۇ! ئۇ چاغدا سىمفونىيە ۋالىس بولۇپ كېتىدۇ! ئۇنىڭدىن كالىلار ئىچ-ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكىدۇ! ئۇ چاغقا بارغاندا ئەدەبىي ژۇرناللارغا ساپلا كالا ھېكايىسى، كالا تارىخى، كالا ئوبزورى بېسىلىدىغان بولىدۇ. مەن شۇ چاغقا بارغاندا، ئۆزۈم يىلغىچە تەييارلاپ پىشۇرغان. پاكلارنىڭ قولىقىنى ئېچىپ، غايىپلارنى ئويغىتىدىغان «قورۇپ دۈملەپ پىشۇرغان گۆش ياخشىمۇ ياكى ئاق شورپا قىلىپ پىشۇرغان گۆش ياخشىمۇ؟» دېگەن ئىلمىي ماقالەمنى بورۇققا چىقىرىمەن، تەگدىشى يوق مۇتەپەككۇر دېگەن ھۆرمەتكە ئېرىشىمەن... كالىنىڭ تەسىرىدە ھەتتا ئادەملەرگىمۇ مۈڭگۈز چىقىدۇ!

تۆت كالا ئەنە شۇ تەرىقىدە ماختانغاندىن كېيىن ئەمدى بىر-بىرىنى ماختاشقا باشلىدى. «ئا» قويۇپ «ئە» نى، ئاندىن «ب» بىلەن «پ» نى ماختىسا، «ئە» قويۇپ «ئا» نى، ئاندىن «ب» بىلەن «پ» نى ماختىدى. «ب» قويۇپ «ئە» بىلەن «ئا» نى ۋە «ب» نى ماختىسا، «ب» قويۇپ «ب» بىلەن «پ» نى ۋە «ئا» نى ماختىدى. ئۇلارنىڭ قاتىرىغا قانچە قېتىمدىن ماختاشقانلىقىنىڭ ھېسابىنى ئۆزۈڭلەر چىقىرىۋېلىڭلار.

ئۇلار قاتىرىغا ماختىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى كېلىپ ئۇسسۇششكە، بىر-بىرىنىڭ قاچاندۇر بىر چاغدىكى رەسۋاچىلىقىنى

پاش قىلىشقا باشلىدى ھەممىسى ھەممە ئۆزىدىن باشقىسىغا يالدۇر يىچاق ئېگىشى كېرەك دېگەن يەرگە كېلىشتى. ھەممىسى ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ گۆشىنى قورۇپ دۇملەشنى تەۋسىيە قىلىشتى، يەنى ئۇلار ئۆزىدىن باشقىسىنىڭ گۆشى جاڭيۇ، پەمدۇر مۇرەببالىرى، پىياز، زەنجۇۋىل، كاۋاۋىچىن، شاكال بەدىيان، كەررى ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلۇپ، يۇقىرى بىسىملىق قازاندا دۇملەنسە بەكرەك ئازابلىنىدۇ، ئۆزىگە بولسا ناھايىتى زور خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ دەپ بىلسە كېرەك.

ئۇلار بارغانچە قاتتىق ئۇسۇشۇپ، ئۇسۇشكەنسېرى قاتتىق غەزەپلىنىپ، غەزەپلەنگەنسېرى بەكرەك نوچىلىقى تۇتۇپ، بىر-بىرىنىڭ قورسىقىغا، كاسىسىغا، بويىنىغا، كۆكسىگە ئۇسۇشكە باشلىدى، ئاخىرى مۆڭگۈزىنى مۆڭگۈزىگە تىرەپ جىم تۇرۇۋېلىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قالايمىقان تېپىشىپ، چاڭ توزىتىپ كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىشتى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قان تۆكۈلگىچە ئۇسۇشكەچكە يەرگە قان تېمىپ قالغانىدى، بۇ ئۇسۇشمەكنى كۆرگەن، قاننى پۇرىغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىن يولىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى غالجىرلىقى تۇتۇپ، چوقان سېلىپ، غەۋغا كۆتۈرۈپ شۇنداق قاتتىق ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىپ كەتتىكى، بۇنىڭ دەستىدىن ئاسمان-زېمىن قاراڭغۇلىشىپ، ئاي بىلەن كۈننىڭ يۈزى توسۇلۇپ قالدى، قۇملار كۆچۈپ، تاشلار ئۇچۇپ، تاغلار غۇلىغاندەك، يەر يېرىلغاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ھايۋان ئۆز غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار چارچاپ، يەرگە زوڭزايغىنىچە ھاسىراشقا باشلىدى. ئوت بەرسە يېمەي، سۇ بەرسە ئىچمەي قويۇشتى، ھېلىغۇ قامچە ئىكەن، ھەتتا پىچاق سالسىمۇ ئۆزىنى ئېپقاچمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. يەنە كېلىپ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈندى.

شۇنىڭدىن كېيىن دېڭىزدىن ئۆرلەپ چىققان بىر ھايۋانغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ئون مۆڭگۈزلۈك، يەتتە باشلىق بولۇپ، ھەر

مۆڭگۈزىدە بىردىن تاجى تۇراتتى، يەتتە بېشىغا بىھۇرمەتلىك نامى يېزىقلىق تۇراتتى... ئۇنىڭغا زېمىندىكى ئاھالىدىن دۇنيا يارىلىشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن قوزىنىڭ (يەنى ئەيسانىڭ. ئاپتور ئىلاۋىسى: بۇ ئابزاس جۇۋىيجى تۈزگەن «ئىنجىل ئەدەبىي ھېكايىلىرىدىن تاللانما»غا ئاساسەن يېزىلدى) ھايات دەپتىرىگە يېزىلمىغانلارنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلىدىكەن.

قۇلىقى بارلارنىڭ ھەممىسى قۇلاق سېلىڭلار، بۇلغۇچىلار بۇلىنىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەۋلىيالارنىڭ سەۋر-تاقىتى ۋە ئىشەنچى ئەنە شۇنىڭدا (ئاپتور ئىلاۋىسى: بۆش كەلمە سىلكتە).

ماڭا قەسرە ئىچىدىن يەتتە رەسۇلغا: «سىلەر بېرىپ تەڭرىنىڭ يەتتە چىنىدىكى غەزىپىنى يەرگە تۆكۈڭلار...» دېگەن ئۈنلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى (ئاپتور ئىلاۋىسى: ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆرۈنۈش بەك ئېچىنىشلىق بولغاچقا يېزىلمىدى).

ئاندىن رەسۇل ماڭا شەھەر رەسىمىدىكى سۈيى گۆھەردەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئابىھايات دەرياسىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە ئېيىغا بىر خىلدىن ئون ئىككى خىل مېۋە تۇتىدىغان ھايات دەرىخىمۇ بار ئىكەن. دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى ھەممە بەندىگە شىپا ئىكەن! (ئاپتور ئىلاۋىسى: شىپالىق گىياھلار دەستۇرى ئىكەن!) ئەمدى ئەپسۇن ئوقۇش دېگەن ئىككىنچى بولمايدىكەن. شەھەردە تەڭرىنىڭ ۋە قوزىنىڭ تەختى بار ئىكەن، خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدىكەن، ئۇلار تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىكەن، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە تەڭرىنىڭ نامى يېزىلىدىكەن، ئۇ يەردە ئىككىنچى كېچە بولمايدىكەن، چىراغ نۇرىمۇ، كۈن نۇرىمۇ كېرەك بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن.

ئامىن...!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەھۋالى چاغلىقكەنغۇ

ئەھۋالدىن خالى ئەمەس ھېچ ماكان،
يىراقۇ يېقىندا دوستۇڭ بار ھامان،
ئاقىللار كۆڭلىدە چىراغ ياندۇرۇپ،
قىلىدۇ ھالىنى دىلىدا ئايان.

بىر شېئىردا شۇنداق دېيىلگەن:

مەن يازغۇچىلار ئۆلگەندىن كېيىن تىلى كېسىلىدىغان دوزاختا چۈشۈشنى پۈتۈنلەي قۇۋۋەتلەيمەن. بۇلا ئەمەس، يازغۇچىلار ئۈچۈن كۆز ئويۇلىدىغان مەخسۇس دوزاخ بىنا قىلىنىشىنىمۇ قۇۋۋەتلەيمەن. ئىجادىيەت ھەقىقەتەن شەپقەتسىز ئىش. سىز يازغۇچى بولۇپ يېتىشكەن چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزچە ئاق ۋە ئالىيجاناب دەپ بىلسىڭىزمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىز توغرا تاپمايدىغان ئادەتتىن خالىي بولالمىغان كۆڭلىڭىز بىلەن كىشىلەرگە، تۇرمۇشقا يېقىنلاشقان چېغىڭىزدا، زېرەكلىكتە، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشتە، چەكسىز خىياللارغا چۆكۈپ، ئۆز ئۆزىڭىزدىن تۈرلۈك-تۈرلۈك ھېكايىلارنى ھاسىل قىلىشتا سىزنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېچكىم چىقمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن. مانا بۇنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەت بېشارىتى، ئىجادىيەت ماتېرىيالى دېمەكتۇر. ئىجادىيەت بېشارىتى ۋە ئىجادىيەت ماتېرىيالى يازغۇچى ئۈچۈن سۈرى چەكسىز ئالىي بۇيرۇق دېمەكتۇر. ھەتتا ئۆز ئاتا-ئانىڭىز، جېنىڭىزنى قۇتقۇزغان مېھرىبان كىشىڭىز، ئەڭ ئىشەنچلىك سىرداش دوستىڭىزنىڭ گەپ-سۆز ۋە چىرايىدىنمۇ بىرەر-ئىشنى ئەسكە ئېلىپ، بىرەر پىكىر ھاسىل قىلىپ، بىرەر ئەدەبىي ئەسەرگە باشلانغۇچ ئاساس سالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلغىنىڭىزدا ئۇنى يازماي تۇرالمايسىز. ھەرقانداق كىشى ئارىغا چۈشسىمۇ ئىجادىيەت ئوبيېكتىڭىزغا يۈز خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايسىز. ئەدەبىيات قانۇنىدا كەچۈرۈم ۋە كەچچىلىك دېگەننىڭ ئورنى يوق. سىز ئۆزىڭىزنىڭ سۆيۈپ يېتىپ

تەسەۋۋۇرى ۋە سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە يېزىۋېرىشىڭىز شەرت. بەلكىم ئۆزىڭىز يېزىۋاتقان شەخسنىڭ ئەسلى سىياقىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلىۋېتىشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ سەمىمى، قايغۇلۇق ھېسداشلىقىڭىزنى ئىپادىلەيمەن دەپ ئۆز قەھرىمانىڭىزنىڭ كەمچىلىك-نۇقسانلىرىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئەسلىدە ئىجابىي بولغان، ھېچ بولمىغاندا سىپايىلىككە نۇقسان يەتكۈزمەيدىغان بىرەر ھادىسە سىزدە باشقىچە قىياس پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بەلكىم ئەستايىدىللىققا ياتىدىغان ئىشنى مەسخىرە تەلەپپۇزىدا يېزىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم مەلۇم كىشىلەرنىڭ جۇڭگولۇق ئېسىلزادىلەر ۋە ئەنگلىيىلىك مۆتىۋەرلەر تىلغا ئېلىشقا ۋە دارىتىشقا رۇخسەت قىلمايدىغان شەخسىي سىرلىرىنى يېزىشىڭىز مۇمكىن ۋە يېزىشىڭىز چوقۇم. بەلكىم ياش ئۇنىنى يوغان دەرەخ قىلىپ، سەلكىن شامالنى قارا بوران قىلىپ يېزىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. ئوڭ گەپنى تەتۈر، تەتۈر گەپنى ئوڭ قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئۆز قەھرىمانىڭىزغا خۇددى قەدىناس خوتۇنىڭىز ياكى ئېرىڭىزنى ئۇرغىنىم، تىللىغىنىم — سۆيگىنىم، ئۇرمىغىنىم، تىللىمىغىنىم — تەپكىنىم دېگەندەك مۇئامىلە قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى كومېدىيە قىلىپ يېزىپ ۋىجدانسىزلىقىڭىزنى ئايان قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئۆزىڭىزنى ئەمەلىيەتتە قان يىغلاتقان ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىڭىزنى گۈزەللىك نۇرى بىلەن ئورىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم كىتابخانلارغا بولۇپمۇ قەدىردان يېقىن دوستلىرىڭىزغا ئۆتكۈر قەلىمىڭىز بىلەن نەشتەر سانجىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم ساقايغان يارىغا ئەڭ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر بىلەن تۇز سەپكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن... قەدىرلىك كىتابخان، مېنىڭ سەمىمىي مەسلىھىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز: ھېكايىگە يېقىنلىشىڭ، ئەمما يازغۇچىلاردىن يىراق بولۇڭ! مېنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىم يادىڭىزدا بولسۇن:

يازغۇچىنى ئەسلا كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، يازغۇچىنىڭ ئۆز

www.uyghurkitap.com

ئەسىرىدىكى شەخسلەرنى كەچۈرۈشكە ئەسلا ھەققى يوق، قۇدرىتىمۇ يوق، ئەدەبىيات ،يازغۇچىنى ئەسلا كەچۈرمەيدۇ، ھايات ئەدەبىياتنى ئەسلا كەچۈرمەيدۇ، شۇڭا يازغۇچىنىڭ روھى قۇتۇلماستۇر، يازغۇچى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ سىرتىدىلا ياخشىياق ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

سىز مېنى كەچۈرەلەمسىز؟

خوتۇن-باللىرىڭىزچۇ؟

مەن بالا-چاقىلىرىڭىزنى يوقلاپ قوياي دەپ دەرھال ئورۇنلاشتۇردۇم-دە، باردىم. بىرىپ ئىشىكىڭىزنى قاقتىم.

XX— كەپتۇ! — دېگەن سۆز ئاڭلاندى.

«XX» دېگىنى ئىسمىم-فامىلەم ئەمەس ۋەزىپەم ئىدى... خوتۇنىڭىز مېنى كۆرۈپلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن يىل بولغاچقا، خوتۇنىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ئوبرازىنى كۆرۈشكەندىن كېيىنلا ئەسكە ئالالىدىم.

— ھەي ئۇ بىچارە! — دېدى خوتۇنىڭىز.

— مەن ئۇ ياقنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپماپتىمەن، مەشەگە كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ بۇرۇپ ئاندىن بىلدىم، — دېدىم مەن.

— ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۇنىڭدىن XX غا تېلېفون بېرەلەمدۇ دەپ سورىسام، ئۇ ياق، XX بەك ئالدىراش دېدى...، — دېدى خوتۇنىڭىز.

سىزنىڭ كەپسىز كىچىك ئوغلىڭىز بوي تارتىپ ئېگىزلا بولۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن: «مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «تونۇدۇم» دەپ جاۋاب بەردى. قىزىڭىز تېخىمۇ چوڭىيىپ قاپتۇ.

مەن خوتۇنىڭىزنىڭ: «ئاتا-بالا ئىككىسى (سىز بىلەن ئوغلىڭىز) ھە دېسىلا پومداقلىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتەتتى، قايسىسىغا نەسىھەت قىلىشنى بىلمەي قالىمەن...» دەپ نەچچە-نەچچە قېتىم ئېيتقانلىرىنى يادىمغا ئالدىم.

ھەي، سىزنىڭ مېھرىبان ئاتىلىق ئامراقلىقىڭىز، كۆيۈمچانلىقىڭىز، ساددىلىقىڭىزنىڭ، ئاتىلىقىڭىز بىلەن ئاچچىقىڭىزنىڭ تايىنى يوق غەلىتە مىجەزىڭىزنىڭ نېمىسىنى دەي!

سىز بىلەن مەن «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىدە «ئوقۇغان» كۈنلەردە تونۇشقانىدۇق.

بىر دەم ئېلىش كۈنى مەن نۆۋەتچىلىك قىلىپ، ئاشخانىدا سۇيۇقئاش ئېتىپ ئىچىش ئۈچۈن خېمىر يېيىۋاتاتتىم، سىز كىرىپ خېمىر يېيىش ھەرىكىتىمنى كۆرۈپلا: «قالتىس ئوبدان يايىدىكەنسىز!» دەپ ماختاپ كەتتىڭىز، بىر ياقتىن نوغۇچنى ئالدىغا يورغىلىتىپ مېڭىش، بىر ياقتىن ئىككى قولدا خېمىرنى ئوڭ-سولغا تەكشى يېيىش تەجرىبەمنى ئۆگىنىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىڭىز. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلىش ئادەم ئۈچۈن زىيانلىق دېگەن گەپ بار ئىدى، مەن بولسام روھىم كۆتۈرۈلۈپ قىلچە تارتىنماي ئولتۇرمايلا «بىلەرمەنلىك» قىلىشقا باشلىدىم. ئاشپەزلىك سەۋىيەمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى خۇدايىم ئۆزى بىلەتتى! ئەپۇ قىلىڭ دوستۇم، ھازىر ئويلىسام، شۇ چاغدا سىز مەن بىلەن تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن بىرەر باھانە تاپماقچى بوپتىكەنسىز. سىزنى پسىخولوگ دېسە بولىدىكەن، سىز مېنىڭ ئۆزۈم توغرىسىدىكى تاماق ئېتىشكە ئۇستا دېگەن ماختاشلارنى ئاڭلاپ كۆرەڭلەپ كەتكەن روھىي ئالىتىمنى تامامەن ئىگىلىۋالغان ئىكەنسىز. سىز قىل سىغمايدىغان بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا، مەن چېگرا رايونغا بارغاندىن كېيىن كەمدىن-كەم ئاڭلىغان «بېيجىڭ پۇرىقى» دا سۆزلىگەن ئىدىڭىز. بېيجىڭ، يىراقتا تۇرغان بېيجىڭ بىردىنلا ئىككىمىزنىڭ ئورتاق تىلىغا، قىزغىن سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسىغا ئايلانغانىدى.

— سىلەرنىڭ ئۆي بالدۇر نەدە تۇراتتى؟

— شىساخەيدە. سىلەرنىڭ ئۆيچۇ؟

— بېيگۇيەندىكى باۋزى خۇتۇڭنىڭ ئىچىدە، شىياۋرۇڭشيەن تار كوچىسىدا، باجۇر دېگەن يەردە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

— كونا بېيجىڭلىق ئىكەنسىز!

بېيگوپەنىڭ تەدبىلىكىنى، باۋزى خۇتۇڭ كوچىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى ياشلار بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى «جاۋدىڭيۇ كوچىسى» بىلەن «شىسى سىنياۋ كوچىسى».

— مەن باشقىسىنى ئەمەس، كوچىنىڭ ئېغىزىدىكى ناشتىلىقنى — بىر تال تاتلىق ماخۇار، بىر قۇيماق، بىر چىنە پۇرچاق سۈتىنى كۆپ ئويلايمەن.

— جىگەر مانتىسىمۇ يامان ئەمەس جۇمۇ! يەنە تېخى پۇرچاق پىشلىقى... زاگاۋىسى... مېغىز چېيى... ھۆمەل چاي، بۇلماق، قورۇما پۇرچاق، كۆك پۇرچاقلىرى، سېرىق ماي، پىلتە قۇيماقلىرى...

— يەنە تېخى قېتىقنى دېمەمسىز، ئاۋۇ يىلى ئۆيگە قايتقىنىمدا قېتىق دېگەننى بەك كۆپ ئىچتىم... پۇۋسىنىمۇ...

پۇۋنىڭ گېپى چىققاندا كۆزلىرىمىزدىن ياش كېتىشكە قىل قالغانىدى.

دەرۋەقە، ئۆز ۋاقتىدا مەن «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىدە بولغان رايوندا ھازىر قېتىقمۇ، پۇۋىمۇ كۆپىيىپ قاپتۇ، بەلكىم سۈپىتى بېيجىڭنىڭكىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ قۇلماق، ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى، سۈت بېمەكلىكلىرى كۆپ چىقىدىغان جاي. مەن ئۇ يەردە مەن كەتكەندىن كېيىن ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ دەپ چاقچاقمۇ قىلغانىدىم. بىراق مەن خېمىر يېيىپ يۈزگەن كۈنلەردە ھېچ نەرسە تېپىلمايتتى، ئەتراپىمىز ساپلا ياتتاق بېسىپ كەتكەن شورلۇق باياۋان ئىدى. ئەتىياز كۈنلىرى ئۇ يەردە تەمى جۇسەيگە ئوخشايدىغان ياۋا پىياز ئۆسىدىكەن، بىز ئۇنى يۇلۇپ ئەكىلىپ جوۋاۋا تۈگۈپ يېگەنتۇق. ھەتتا چۆلگە بېرىپ ياۋا توشقان زەدىكىنىمۇ تېپىپ كەلگەنىدۇق، دوختۇرلار ئۇنى قۇۋۋەت قىلىدۇ دېگەچكە، بىرمۇنچە يىلەن يەپ ئىچى سۈرۈپ كەتكەنىدى. بىز يەنە بىرنەچچە قودۇق قېزىپ، باھاسى قىممەت يوقىرى بېسىلىق ئېلېكتر سىمى تارتىپ، قودۇقتىن سۇ چىقىرىپ يەر

تىرىغان ئىدۇق، تىرىغان يېرىمىزدە ئۆسكىنى «ئۈچىنچى دەرىجىلىك مايسىلار» بولغانىدى. تۇرغان يېرىمىز شامال ئېغىزى بولغاچقا، ھەر كۈنى شامال سوقۇپلا تۇراتتى، قار كۆپ ياغىدىغان قىش ۋە نەتىياز كۈنلىرىدە شىۋىرغان چىقىپ، قار يېغىپ. ئىشىك ئالدىغا قار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى، ئەتىگىنى ئورنىمىزدىن تۇرغاندا ئىشىكىمىزنى ئىتتىرىپمۇ ئاچالماي قالاتتۇق. بىز كادىرلار مەكتىپىگە كىرگەن چاغ «چاۋىيالڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى» نىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش، ئاتاقلىق ۋالڭ داشۇنىڭ: «بىز تۇرغان بۇ يەردە يىلىغا بىر قېتىملا بوران سوقىدۇ، بىر قېتىملىق بوران 365 كۈنگىچە سوقۇپ تۇرىدۇ...» دېگەن مەشھۇر سۆزلىرىنى ئۆگىنىش قىزىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزگە ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەيۋىتىنى كۆرسەتكۈچى چوڭقۇر، مەردانە ۋە ئۇلۇغۋار سۆز بولۇپ تۇيۇلغانىدى، شۇنىڭدەك ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەنە گەيكە ئۇستا بىر ئەمگەك نەمۇنىچىسى — كاتتا ئەرباب ئۇلۇغۋار يېڭى سىتىلىستىكا ئىجاد قىلغاندەك تۇيۇلغانىدى. بىز ھەر كۈنى ئاسمانىنى يېپىنچا، باياۋاننى سېلىنچا قىلىپ، شامال ئېغىزىدىكى دولقۇن ئىچىدە قىزىل قەلبىمىزنى چېنىقتۇرۇۋاتقانلىقىمىز توغرىسىدا كەڭ-كۇشادە پارالڭ سېلىشاتتۇق. كادىرلار مەكتىپىنىڭ بىزگە تارقىتىپ بېرىلگەن تەجرىبە تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالىدا: «7-ماي» جەڭچىلىرىنىڭ ھارۋا بىلەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇغاندا، ئۆزىنى ۋە قەلبىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن تەييار يول بىلەن ماڭماي ئەتەي ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەر بىلەن ماڭغانلىقى ئېيتىلغانىدى. بىز تەتەنىلىك ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، «چۆل-باياۋاندا يىلتىز تارتىمىز» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتقانىدۇق. «7-ماي» يولىدا بىردەملىككە ئەمەس، ئۆمۈرۋايەت ماڭىمىز دەپ مۇزاكىرە قىلىپ، ئىپادە بىلدۈرۈپ تۇراتتۇق.

سىز بولسىڭىز مېنى يىلتە قۇيماق ۋە مېغىز چاي بىلەن «جەلپ قىلماقچى» بولغان ئىدىڭىز. يۇرت سېغىنىشى بىلەن ناماق نەپسى بىرلىشىپ كەتكەن ۋە «ئەپسىزلىك»، «كۆڭۈلسىزلىك»

غەم-قايغۇسىنى بېسىپ تۇرغان شۇ كۈنلەردە ئاشۇ بىر قېتىملىق كۆلكە-پاراڭنىڭ ئۆزىلا مېنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرۈپلا جاھاندا سىرداش تېپىلمايدىغان يەر يوق ئىكەن دېگەن ھاياجانغا سالغانىدى. «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» ئارقىسىدا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ھەددىدىن زىيادە ناچارلىشىپ كەتكەن شارائىتتا ئىككىمىز بىر كۆرۈشۈش بىلەنلا ناھايىتى ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدۇق.

سىزنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكىڭىز كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىدى. ئىككىمىز ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ پاراڭلاشقاندا — ئەتىسى بولسا كېرەك، بەلكىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن بولسا كېرەك، بەلكىم بىر-ئىككى سائەتتىن كېيىنلا بولسا كېرەك — ئۆزىڭىزنى ماڭا ھېچ نەرسىڭىزنى قالدۇرماي تونۇشتۇردىڭىز. سىز يېتىم قالغان بالا ئىكەنسىز، ئەمما ئوتتۇراھال يۇقىرى قاتلام ئائىلىدىن ئىكەنسىز. كىچىك ۋاقتىڭىزدا بەك كەپسىز ئىكەنسىز (كېيىنكى كۈنلەردە سىزنىڭ دوپ-دومىلاق قىزىل يۈزلۈك كىچىك ئوغلىڭىز يادىمغا كەلدى). سىز كونا جەمئىيەتتىن، ياپونلاردىن ۋە گومىنداڭدىن بىزار ئىكەنلىكىڭىزنى، مەكتەپتە ئوقۇشنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭىزنى ئېيتتىڭىز. سىز 1946-يىلىدىلا ئازاد رايونغا بارغان پېشقەدەم ئىنقىلابچى ئىكەنسىز، ئارمىيىگە قاتنىشىپ لېيەن دەرىجىلىك كادىر بوپتىكەنسىز، شاڭخەي، خاڭجۇلارنى ئازاد قىلىشقا قاتناشقان ئىكەنسىز. سىز قىلچە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، خۇددى كىنولاردا كۆپ قېتىم كۆرسىتىلگىنىدەك كېچىسى كوچىدا تۈنەپتىكەنسىز. سەپداشلىرىڭىز قالدۇق دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئاتقان ئوقىدا ھالاك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئىكەن. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە سىز گەپكە قوشۇق سالمەن دەپ بەك چوڭ چىقىم تارتىپ قاپسىز، ئۆز گېپىڭىز بىلەن ئېيتقاندا، گۆلىڭىز چاتىلىپ كېتىپتۇ. گۆلىڭىزنىڭ كونكرېت «چاتىلىش» ئەھۋالى ماڭا تا ھېلىغىچە قاراڭغۇ، ئۇنى ئىنچىكىلەپ سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىمۇ زۆرۈرىيىتى يوقتەك قىلىدۇ.

مەشەگچە دېگەنلىرىم كۇپايە. سىز ھەربىي سەپتىن قايتىپ چېگرا رايونغا كەپسىز، سىز چېگرا رايونىنىڭ ھېچنېمىسىنى ياقتۇرماپسىز، ھېچنېمىسىگە رازى بولماپسىز، ھېچنېمىسىنى كۆزگە ئىلماپسىز.

— ئەھۋالى چاغلىقكەنغۇ! — دېگەن ئىدىڭىز، — ئاناڭنى، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى راستىنلا چاغلىق ئىكەن!

بۇ يەردە دېيىلگەن ئەھۋال ھەربىيلەرگە خاس سۆز بولسا كېرەك، ھەربىيلەردە «ئەھۋال» دېيىلگىنى دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلدۈرەتتى.

— بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئادىمەتچىلىكى يامان ئەمەسقۇ، — دېدىم مەن سۆز تالىشىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئاغزىڭىز ئېچىلىپ بىر پاتمان ئاچچىق، زەھەرلىك گەپلەرنى قىلدىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ ۋە رەپىقىڭىزنىڭ قوي گۆشى يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتىڭىز. قوي گۆشىنى تىلغا ئالغاندا چىرايىڭىز بەئەينى زىناغا زورلىغان چاغدىكىدەك بولۇپ كەتتى. گەپلىرىڭىز بەك قىزىق تۇيۇلغاچقا تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇ كۈلكە دەستىدىن سىزنىڭ زارلىنىشلىرىڭىز ماڭا يالغاندەك، ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەندەك، كومېدىيە ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. خۇددى تراگېدىيە بىلەن گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى «يوشۇرىمەن دەپ ئاشكارىلاپ قويغانلىقى»دا بولغاندەك، كومېدىيىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ «يوشۇرىمەن دەپ ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقى»دا بولسا كېرەك. ئوۋۇ ياڭشۇ «مەستىنىڭ كۆڭلى ھاراقتا ئەمەس» دېگەن ئىكەن، سىز «زارلامچى»نىڭ كۆڭلى تەبىئىي شارائىتتا ئەمەسكەن.

كېيىن سىز قىزىقچىلارغا خاس غەلىتە قىياپەتتە:

— ياشلا تۇرۇپ گۆلۈم چاتىلىپ كەتتى! — دېدىڭىز ۋە كۆزلىرىڭىزگە چىلىق ياش ئالدىڭىز.

مەن بۇلارنى ئېيتىپ نېمە قىلىسىز! دەپ قول پۇلاڭشىتىپ قويدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن تۆت يىلنىڭ ئالدىدا بېيجىڭغا قىلغان

سەپەرىڭىزنى سۆزلەپ كەتتىڭىز. سىز بېيجىڭغا «ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاش» نامىدا قايتىپسىز — دېمەك، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز مېنىڭكىدىن ياخشى بولغان. يولسىز يېزىغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىدىغان تۇغقان يوقلايدىغان «ئالاقە باغلاش» ھوقۇقىغا ئىگە بوپتىكەنسىز — سىز بېيجىڭغا بېرىپلا بىر ئاشخانىدا پىۋە ئىچكەنلىكىڭىزنى شۇنداق جانلىق سۈرەتلەپ ئېيتتىڭىزكى، پىۋا دېگەن سۆز ئاغزىڭىزدىن چىققاندا ئاغزىڭىزنى تامشىپ، ئېغىز بوشلۇقىڭىزدىن تاكى بوغدىيىكىڭىزگە-چە قىمىرلاپ كەتتى، ھەتتا يۈزىڭىزدىكى قورۇقلىرىڭىزمۇ جانلىنىپ تىترەپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گاچا ئىنىڭىز توغرىسىدا سۆزلىدىڭىز. ئىنىڭىز توغما گاچا ئىكەن، گاس-گاچىلار مەكتىپىدە ئوقۇغانىكەن، شۇ كۈنلەردە بىر ئويۇنچۇق ئىشلەش زاۋۇتىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ، يېقىندا گاس-گاچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ يۇگوسلاۋىيىنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇنۇلارنى ئېيتتىڭىز:

— مەن يۇدا ئۆيگە مۇھىمى ئاشۇ چوكان بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆزلەپ قايتقانىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ××. ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا پىدائىي قىسمىدا بولغان. 1952-يىلى مەن يۈيرۈققا بىنائەن بىر تۈركۈم قىز ئەسكەرنى قوغداپ ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كەلدىم، ئۇلار جىياۋ دۇڭ يېرىم ئارىلىدا ئوقۇماقچى بولغان. مەن ×× بىلەن ئەنە شۇنداق تونۇشۇپ قالدىم. ×× يول بويى بەك كەيپسىزلىك قىلىپ ئەتەي چىشىمغا تېگىپلا ماڭدى. نەچچە رەت ئاچچىقىمغا پايلىماي چىچاڭلاپ كەتتىم. ئۇ چاغدا مىجەزىم ھازىرقىدىنمۇ ئىتتىك ئىدى. بىراق خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇ قىز يىغلاپ سالدى. مەنمۇ يىغلىۋەتتىم. مەن چاۋشيەن ئۇرۇش فرونتىغا قايتتىم، ئۇ قىز بىلەن ھاياتىمدا ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىش-ئۇچراشالماسلىقىمنى بىلمەيتتىم. چاۋشيەندە... ھەي، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ماموق خالتا يوتقانلىرىنىڭ ئىسسىقى دېسىز، قالتىس بولىدىكەن! نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇس سوغۇق بولىدىغان قىش كۈنى تۆپتۈز تاشنىڭ تۆپىسىدە

شۇ خالتا يونقانغا كىرىپ، بېشىمنى چۈمكەپ يېتىۋېدىم، خۇددى تېنىم ئېرىپ كەتكەندەك ئاجايىپ تاتلىق ئۇخلىدىم. تاكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنلا قايتىپ كەلدىم...

ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەن گەپلىرىڭىز ئېسىمدە قالماپتۇ. سىزنىڭ ×× يىلى ئاخىرىغا كېلىپ نېمە سەۋەبتىن قول ئۈزۈشكەنلىكىڭىزنى تا ھېلىغىچە بىلگىنىم يوق. ئۆز خوتۇنىڭىز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ھە دېسە لەببەي دېيىشىپ ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن، خۇدايىم ئەپلەپ ياراتقان جۈپتەكلەر ئىكەنلىكىڭلاردىن باشقىسى ماڭا نامەلۇم.

— مەن زاۋۇتقا ئىزدەپ باردىم، — دېدىڭىز سىز، — ئۇ چوكان شۇ يەردە نۇسخا كۆچۈرگۈچى دېگەن زېرىكىشلىك ئىشنى ئىشلەيدىكەن. ئىككىمىز كۆرۈشمىگەنگە، خەت ئېلىشمىغانغا ئۇزۇن يىل بولغانىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قىلچە ئەجەبلەنمىدى، بىر قاراپلا تونۇۋالدى. ئىككىمىز زاۋۇت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا، كىشىلەر ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان يەردە، پوستىنىڭ يېنىدا بىرقانچە مىنۇتقىچە بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇردۇق. «مېنى كېلەر دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز؟» دېدىم مەن. ئۇ ياق: ئەجەب يولدىشىڭىزنى بىللە ئېلىپ كەلمەپسىز!؟ دېدى. شۇ دەم كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ياق: قارىڭا سىزنى، مەن ئەتەي چىشىڭىزغا تېگىۋاتقىنىم يوققۇ دېدى. مەن كۈلۈۋەتتىم. كېيىن ئىككىمىز بىللە كوچا ئايلاندۇق. ئىنچىكىجۇي ئاشخانىسىغا كىرىپ بەسەي قورۇتۇپ، ماشىنىدا ئاقلانغان گۈرۈچ گاڭپىنى يېدۇق. ئىنچىكىجۇي ئاشخانىسى بۇرۇن «تەنجيا سەي» دەيدىغان لەززەتلىك دېڭىز نازۇ-نېمەتلىرىدىن ئىشلەنگەن كۆكتات ساتاتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار تەنقىدىي ياردەم بەرگەندىن كېيىن، ساپلا چوڭ قازان قورۇمىسى ساتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كېيىن ئىككىمىز كوچىغا چىقىپ شىدەندىن تيەنئەنمېن مەيدانىغا مېڭىپ باردۇق، تيەنئەنمېن مەيدانىنى بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن دۆڭدەن، جەنگومېن، يۈڭئەنلىگىچە ماڭدۇق. ئۇ يەردىن خۇ جيالۇ، سەنلىنۇن تەرەپلەرگە باردۇق، توپتوغرا

بىر كېچە كوچا ئايلاندۇق. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدىكى ئىشلارنى، ئارمىيىدە بولغان ئىشلارنى، ۋەتەنگە قايتقان چاغدىكى ئىشلارنى، ھەر ئىككىمىز بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ چىقتۇق. مەن گېپىمنى 1952-يىلغىچە سۆزلەپ توختاتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى ئۇ ياقمۇ سورىمىدى، مەنمۇ سۆزلىمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياق ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تاماكىنى ئاز چېكىدىغان، ھاراقنى ئاز ئىچىدىغان دەپ ماڭا نەسىھەت قىلغىلى تۇردى. ئۇ مېنىڭ چېچىمنىڭ بەك كۆپ، بەك بالدۇر چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نەچچە يىلدىن بېرى ھاراقنى جىق ئىچىپ، تاماكىنى جىق چەككەنلىكىمنى بىلىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. قارىماامسىز، ئۇ قانداق بىلىۋالدىكىنا؟ ئۇ يەنە بەك تەنلىك گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئاچچىقلىغىنى تاشلاڭ دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ مەندىن دەيدىغان گەپلىرىڭىز تۈگىدىمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن تۈگىدى دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۈگۈندىن تارتىپ ئىككىمىزچى ئالاقە قىلىشايلى، خەت يېزىشايلى، تېلېفوندىمۇ سۆزلەشەيلى، بىر-بىرىمىزنى ئىزدەشەيلى، قېرىغىچە، كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكىچە زادى ئۇچراشمايلى دېگەن تەكلىپنى بېرىپ، مەندىن قوشۇلامسىز دەپ سورىدى، مەن قوشۇلىمەن دېدىم. ئۇ گېپىمىزدىن يېنىۋالامسىز دەپ سورىدى، مەن يېنىۋالمايمەن دېدىم. ئۇ نېمىدېگەن مېھرىبان، نېمىدېگەن پاراسەتلىك، نېمىدېگەن كەسكىن-ھە! ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن! ئۇ ئۇنداق بولسا قەسەم قىلىشايلى دېدى، مەن بولىدۇ دېدىم ۋە قەسەم قىلدىم. ئۇمۇ قەسەم قىلدى. تاڭ خىرە يورۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ناشتا قىلىشقا ماڭدۇق، قاراپ تۇرسام ئۇ بىر ئەتىگەنلىك ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەتتى، مەن شۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا 108-يول تروللېبۇسقا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدىم... ئېيتىڭچۇ، ئۇ مەندىن خېلى جىق كىچىك تۇرۇپ خۇددى ئاچامغا ئوخشاش ھەممە ئىشىمنى قانداق قىلىپ

شۇنچە ئېنىق بىلىپ تۇرغاندۇر؟

مەن بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدىم.

نېمىدېگەن تەسىرلىك. شۇ تاپتا (1987-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دا) يېزىپ مەشەگە كەلگەنىدە بۇرنىم ئېچىشىپ كەتتى. مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى خورچىلار دېرىژورى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. ئاشۇ ئىككىيلەننىڭ مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ بىر كېچە مېڭىپ چىققانلىقىغا ئاتاپ تۆت قىسىملىق، خەتسىز خورغا دېرىژورلۇق قىلغۇم كەلدى.

ئىراق شۇ چاغدا سىزنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىڭىزنى تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدىم. ھەتتا دېگەنلىرىڭىزگە ناھايىتى تولۇق ئىشەنگۈمۇ كەلمىدى. سىزنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكىڭىز ۋە ئىچىڭىزدىكىنى ئېيتىش تەقەززالىقىڭىز قائىدە سىرتىغا چىقىپ كەتتى. ئىككىمىزنىڭ تونۇشقىنىغا تېخى ئىككى سائەتمۇ بولمىغانىدى. سىز ئېيتقاندەك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى خالىغانچە ئاشكارىلاشقا ھەرگىز بولمايدىغان كۆڭۈل سىرى بولۇپ قېلىشى كېرەكمىدى. ئۇنى يەڭگىللىك بىلەن سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى تولىمۇ ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىق بولىدۇ! مەن مۇنداق ئېھتىياتسىزلىقنى كەچۈرەلمەيمەن. مەن ئىزچىل شۇنداق ھېسابلاپ كېلىۋاتىمەنكى، مۇھەببەت، بولۇپمۇ ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەزمىن ھەم مۇقەددەس بولۇشى كېرەك. مەن مۇھەببەتنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئاشۇرۇپ كۆرسىتىشنى ياقتۇرمايمەن. ئۇنداق قىلىش مۇھەببەتنى تولىمۇ ئەرزان چاغلىغانلىق بولىدۇ! ئاندىن قالسا سىزدە بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان «پۇراق» بەك كۈچلۈك ئىدى. بۇنداق پۇراق كۈلدۈرگە ئېيتىدىغانلارنىڭ كومېدىيە ئويۇنىغا ماس كېلىدۇ، جىددى، ۋەزمىن كەيپىياتنى ئىپادىلەشكە زادى توغرا كەلمەيدۇ. بۇ يىل (1987-يىلى) ئەسلى يۇرتى بېيجىڭ، ئەمما ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان تەيۋەنلىك (نېمە دېگەن مۇرەككەپ!) مەشھۇر شائىر جېڭ چوۋيۈي مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولغاندا، بېيجىڭ تەلەپپۇزىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇمۇ ئاشۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ھەتتا مىسال كەلتۈرۈپ، «بىز دۆلىتىمىزنى سۆيىمىز» دېگەن سۆزلەرنى سىچۇەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا ئېيتسىلا، بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا ئېيتقاندىن كۈچلۈك چىقىدۇ، ئادەمگە ئالاھىدە ئىشەنچلىك تۇيۇلىدۇ، دېدى. ئۇ بىرقانچە يەرنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ ئېيتقانىدى، راستتىنلا بېيجىڭ تەلەپپۇزى چېنىپ قالدى. گەرچە بېيجىڭ تەلەپپۇزى ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى بولسىمۇ.

سىزنىڭ بېيجىڭ تەلەپپۇزىڭىز تونۇشۇۋاتقان كىشىنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى. بىز ستانىسلاۋسكىچە ئارتىستتىن كۆرە برېختچە ئارتىستقا بەكرەك ئوخشاپ قالغان ئىدىڭىز. سىز ھېسلا ئەمەس بەلكى ئەقلىي تۇتۇق گۇمان پەيدا قىلغانتىڭىز. بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى شۇ يىللاردا ئۆزۈمنىڭ قىل سىغمايدىغان برېختچە تاماشىبىنغا ئايلىنىپ قالغانلىقىم سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. كىشىلىك ھاياتنىكى قىسمى-قىسمى دراممىلارنى تاماشا قىلغان چېغىمدا، ئۆز ھېسسىياتىمنى تىزگىنلەشكە ئۆگىنىپ قالغانىدىم. ئۇنداق قىلمىغان بولسام ئاللىقاچان جاندىن ئايرىلغان بولاتتىم. شۇ چاغدا سىزنىڭ گەپلىرىڭىز ماڭا باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوق، «ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە» گەپلەردەك بىلىنگەنىدى. ئۆزۈم گويا «كونا جەمئىيەتتىن كەلگەن كىشى» دەك، ئىككىڭلارنىڭ تون بويى سەيلە قىلىپ چىقىۋاتقانلىقىغا پىسەنتسىز كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنگەنىدىم. ئەتراپىمىزنى بوران، يانتاق، چۆل قاپلاپ تۇرغاندا، ھەر كۈنلۈكى «كونا ئۈچ ئەسەر»، «ئىككى گېزىت، بىر ژۇرنال» نىڭ باش ماقالىسى ئۈستىدە ئۆگىنىش بولۇۋاتقاندا، ئېلىپ بارغىنىمىز «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش»، «خاراكتېرىنى بېكىتىش»، «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» بولۇۋاتقاندا، سىز كۈندۈزى چۈش كۆرگەندەك سۆزلىگەن ئىدىڭىز.

شۇنداقتىمۇ مېنى بەرىبىر تەسىرلەندۈرگەن ئىدىڭىز. مەن 1958-يىلدىن بۇيان سىزگە ئوخشاش بىرسىنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم.

1966 - يىلدىن بۇيان يېنىمدا سىزدەك بىرسىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمۇ يېنىماي كەلگەنىدىم. سىزنىڭ ھەممە ھەرىكىتىڭىز ئۆزۈمنى بېيجىڭدىكى چاغدىكى، ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ چاغدىكى ئۆزۈم بىلەن باغلاشتۇردى. سىزنىڭ ھېسسىياتقا بايلىقىڭىز بەزى جەھەتلەردە خېلى تاش يۈرەك بولۇپ قېلىۋاتقان ماڭا تەسەللىي بەرگەنىدەك يېقىملىق تۇيۇلدى، ئۆزۈمنى تەڭشەككە چۈشۈپ، بەختلىلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ھەر كۈنى چېكىدىغان ئالبانىيە تاماكىسىنى، جياڭ شۈيىنىڭ ھەر كۈنى ئۆزۈم ئاڭلايدىغان «گۈگۈزىجا ئالدىدا تۇرغانىدىم قاراپ، ئۆتكەن ئىشلار كەلدى ئەسكە قايچىلاپ» دېگەن ناخشىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىزنىڭ پەيدا بولۇشىڭىز بىلەن ئۆز ھاياتىمدا قايتىدىن بىر ئاز مېھرىبانلىق ئامىلى كۆپەيگەنىدى. شۇ كۈنلەردە جياڭ شۈيىنىڭ ناخشىسىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتىم. شاڭخەي جىڭجۈي تىياتىرىنىڭ ئارتىسى لى بىڭشۇنىڭ ئاۋازى ئاتلىق، تەسىرلىك ئىدى، ئۇ: «تۇساتتىن گۈمبۈرلەپ توپلار ئاۋازى، ئاممىنىڭ روھى جانلاندى شۇئان. ماۋجۇشى بۇيرۇپتۇ ئۈچ ئارمىيىنى، جياڭسۇنى قۇتقۇزۇپ ساقلاشقا ئامان، كەلمەكتە دوڭخەيدە غۇيۇلداپ ئەنە، ماتورلۇق قۇتقۇزۇش كېمىسى بۇيان...» دېگەن پەرگىچە ئېيتقاندىن كېيىن، گويا ئاۋازىنى 16 / 1 لىك ئاھاڭغا پەسەيتكەندەك ۋە گويا ئايال ئوتتۇرا ئاۋازدىكى ئۇستىلىقنى ئىشلەتكەندەك، ياسالما ئاۋازنى بىردىنلا جىڭ ئاۋازغا ئۆزگەرتەتتى، ھەر قېتىم ئاڭلاپ مەشەگە كەلگەندە ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئويناتقۇدەك ئېيتالىلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىمدىن ئاراملا ياش كېتەتتى، ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىشكە قىل-قىل قالاتتىم. مۇزىكىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئابستراكتسىيىلەش خۇسۇسىيىتى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن.

يەنە بىر دەم ئېلىش كۈنى مېنى ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ ئاپاردىڭىز، ھاراق، ئالىي تاماكا ۋە ناھايىتى جايىدا قورۇلغان گۆشلۈك قورۇلمىلار بىلەن مېھمان قىلدىڭىز. خوتۇنىڭىز جەنۇبلۇق

بولۇپ، سەنئەتكار ئىكەن، ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ئوچۇق كۆڭۈل، پاراڭچى ئىكەن. ئۇنىڭ گەپ قىلىش تەلەپپۇزى ۋە سۆز ئىشلىتىشى سىزگە شۇنداق ئوخشايدىكەنكى، ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن كۈچلۈك تەسىرىڭىزدىن ھەيران قالدىم. ئۇمۇ «ئەھۋالى چاغلىقكەن» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، جەنۇب تەلەپپۇزىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىكەن. ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش پۇل يوق دېگەننى «تەڭگە يوق» دەيدىكەن، «كاچىتتىغا بىرنى سالدىم» دېگەننى «قۇلاق تۈۋىگە بىرنى قويدۇم» دەيدىكەن. ئۇ چەت ئەلگە چىققانلىقىنى، ئاۋسترالىيىگە بارغانلىقىنى، ئۆزى ئاۋسترالىيىدە چۈشكەن مېھمانخانىدا ئاپېلسىننىڭ ئۆز تەمىدىكى شەربىتىنى خالىغانچە ئىچىشكە بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايدىغان سۆزلەر ئىدى.

يەنە بىرقانچە مېھمىنىمىز بار ئىكەن، ئۇلارمۇ سەنئەتكار ئىكەن. ئارىدا ئاھايىتى سالاپەتلىك ساقاللىق بىر رەسسام خەتزۇ، رۇستەم بولغان ئەرجەنزە ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى گارمونچى ئىكەن. يەنە بىرى ئوقۇمۇشلۇق مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ قىزى، ئازادلىقتىن بۇرۇن خورېلىك داشۆنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئىكەن. ئۇ پۈتۈنلەي سىدام كادىر چاپىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگىچە ئىسكەتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرى ئاشۇ يىللاردىمۇ يۇمشاق سىپايىلىقىنى قىلچە ئۆزگەرتمەپتۇ. ئۇلار مېنى كەسپداش، قورداش يەنە كېلىپ ئاتاقلىق زات قاتارىدا كۆرۈشتى. بۇ ھال ئابرۇيپەرەسلىكمە-نى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر دەككە-دۈككە بولۇپ خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. ئۇياقتىن-بۇياقتىن ئېچىلىپ پاراڭ سېلىپ، ئاخىرى ناخشا ئېيتىشىدىغان بولدۇق. قانداق بولغان، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سولوۋيوۋ سېدوي ئاھاڭ ئىشلىگەن «دانكو» دېگەن ناخشىنى ئېيتقىلى تۇردۇم. بۇ ناخشىنىڭ باشتىكى ئىككى جۈملىسىنىڭ رۇسچىسى «دالېكو، دالېكو...» دېگەندەك ئىدى، «دالېكو» دېگىنى «يىراق، ئۇزاق» دېگەن بولىدىكەن. مەن

ئۆزۈمچە ئاشۇ سۆزلەرنى دوراپ:

داتىيگو، داتىيگو
يى ماۋچيەن مەي لياڭگې
نىدې تىيگو لۇشۇي
تالەي زەي خۇەن يىگې①

دەپ ئېيتتىم،

مەن بۇ ناخشىنى پۈتۈنلەي رۇسچە ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازىدا، ئېچايېۋ پەدىسىدە، شۇنداقلا سوۋېت ئارمىيىسى قىزىلبايراق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئەرلەر يۇقىرى ئاۋاز ناخشىچىسى گلازۇنوۋ پەدىسىدە ئۇزۇن سوزۇپ غەمكىن ئاھاڭدا ئېيتتىم. ئەمدىلا ئىككى مىسراسىنى ئېيتقىنىمدا سىز «ياھ ماۋۇ يۇراقنى...» دەپ گەپ باشلىدىڭىز. باشقىلارمۇ پەيزى ئۆرغاچ ماختىشىپ كەتتى، مەن توقۇغان تېكىستكە ھەممىدىن كۈلۈپ تىلىقىپ قالدى. بۇ ناخشىنى مۇنداق ئېيتىشىم بەلكىم رۇسچە بىلمىگەنلىكىمنى ياپماقچى بولغانلىقىم، خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغان سۆزى بىلەن ئېيتىشنى خالىمىغانلىقىمدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان سۆزى «يىراقتىكى شۇ ماكان، ئۈستىنى تۇمان قاپلىغان» دېگەندەك گەپلەر ئىدى، بۇ سۆزلەر بىلەن رۇسچە «يۇراق» نى چىقىرىشقا بولمايتتى. بۇ ناخشىنى شۇنداق ئېيتىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئاشۇنداق چاقچاقتا ئايلاندۇرۇپ ئېيتقاندا «كۆڭلى شيۇجېڭجۇيىچىلارغا تەلپۈنىدۇ» دېگەن گۇماندىن خالىي بولۇشقا بولاتتى. كۆردۈڭلارمۇ زېرەكلىكىمنى، مانا شۇنداق «قىلچە چاتمايدىغان» ئىش قىلغانىمەن!

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيانچە خۇش ئاۋازنى دوراپ «مېنىڭ قۇياشىم» دېگەن ناخشىنى ئېيتتىم. بۇ ناخشىنىمۇ ئاشۇنداق

① ئاپتور سۆز ئويۇنى قىلىپ توقۇغان خەنزۇچە قوشاقنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى مۇنداق
«چوڭ قازانۇ چوڭ قازان، ئىككى موچىدىن بېلىق ئەرزان،
تېتىلىپ قالسا ئەگەر، يەڭگۈشلەشمۇ كۆپ ئاسان».

www.uyghurkitap.com

چاقچاقتا ئايلاندۇرۇپ، قىزىق قوشاق توقۇپ ئېيتتىم، ئۇنداق قىلمايدىغان بولسام، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بولۇۋاتقان شۇ كۈنلەردە ھېچكىم ئۆز يارىنى «مېنىڭ قۇياشىم!» دەپ ناخشىغا قېتىشقا پېتىنالمايتتى.

ھەممە بىلەن تونۇشماي چاۋاك چالدى ۋە ناخشا-مۇزىكا بىلەن ئېيتىشماي نېمىشقا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىڭىز دەپ سەممىي سوئال قويدى. شۇ چاغدا مەن ناخشىنى راستىنلا ياخشى ئېيتالامدىمەن-مۇ؟ ياكى سىلەر جىق ئىچىۋېلىپ مەست بولغانلىقىڭلار ھەمدە «سېپسىق توققۇزىنچىلار» بىر يەرگە يىغىلىپ ھەممە پەس بولغانلىقىڭلار قارىسىغا ماختىغانمۇ؟ بەلكىم سىلەر ئۇزاققىچە چەت ئەلچە ناخشا-ئاھاڭلارنى ئاڭلىيالماي كەلگەچكە، مېنىڭ ناخشا ئېيتىش تالانتىمنى ماختاش دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ھەي، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال-ھە!

شۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى سەممىي-ئازادە تۇتۇپ، سۆزلەرنى مارجاندەك تىزىپ تىنماي سۆزلەپ چىقتىڭىز. سىز ھەر بىر مېھماننى يۈزىدىن يۈزىگە ماختىدىڭىز، تونۇشتۇردىڭىز، تۇغرىسىنى ئېيتقاندا نەشۋىق قىلدىڭىز، شۇنىڭدەك خوتۇنىڭىزنى تېگىدە ماختاپ، ئاشكارا جۇشۇرۇپ: «ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، جىگىرى يوق، قول-پۇتى ئۆسكىلەڭ بولغىنى بىلەن كاللىسى ئاددى» دېدىڭىز. خوتۇنىڭىزنىڭ ئەۋزابىدىن قارىغاندا، ئۇ سىزنىڭ ئاشۇنداق باھايىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئۆگىنىپ قالغاندەك ۋە ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ سىزدىن: «ئاغىنىلىرىڭىزدىن ئاز-تولا تەڭگە يىغقان بولسىڭىز، بېيجىڭ-شاڭخەي لەرگە ئۆزىڭىزلا بېرىۋەرمەي، بىللە بېرىپ كەلسەك قانداق؟» دەپ سورىسا، سىز: «قوي ئۇ گېپىڭنى، بىر قېتىم بېرىۋېدىم، يۈيىز بىلىتى ئالماي تۇرۇپلا تۆت يۈز كويچەن قەرزگە بوغۇلۇپ تا ھازىرغىچە قايتۇرۇپ بولالمايۋاتىمەن!» دېدىڭىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەيىبلەپ: «ماۋۇ تەخسىدىكى گۆشلەك قورۇمالىق بەك ئازغۇ، نەچچىلىگەن ئادەمگە قانداق يېتىدۇ؟» دېدىڭىز، خوتۇنىڭىز: «شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر دەڭ، مەن مۇشۇنچىلىك

چوشقا گۆشىنىمۇ ×× نىڭكىدىن ئاران ئەكەلدىم...» دېدى.

سىز ئۇھ تارتىپ: «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى قاملاشمايۋاتىدۇ، يەيدىغان نەرسىلەرمۇ تېپىلمايۋاتىدۇ» دېگەنىدىن كېيىن چوشقا بېشىنىڭ گۆشىدە قورۇلغان قورۇمىدىن بىر تال قىيمىنى چوكا بىلەن قىسىپ ئاغزىڭىزغا سالدىڭىز، گۆچۈك ئاق هارىقىدىن ئاغزىڭىزنى توشقۇزۇپ بىر ئوتلام ئىچتىڭىز، قېڭخۇاڭ ماركىلىق ئېسىل تاماكىڭىزنى تازا بىر شورىدىڭىز، ئاندىن كېيىن: «گۆشنى ئەتەي يېگۈزمەيۋاتىدۇ، هاراقنىمۇ ئەتەي ئىچكۈزمەيۋاتىدۇ، بىر ئاز گۆش يېگەنگە، ئازراق هاراق ئىچكەنگە نېمە بولاتتى؟ كادىرلار مەكتىپىنىڭ ساتقان هاراقلىرى هەم سېسىق، هەم ئاچچىق...» دېدىڭىز.

مەن: كادىرلار مەكتىپىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا سېتىلغان هاراقنىڭ سۈپىتى يامان ئەمەسكەن، ئاكۇنى خېلى قويۇپ چارچاپ بېلىمنى رۇسلىيالماي قالغاندا شۇ يەردىن بىر سۇدان هاراق سېتىۋالغانتىم، شۇنى ئىچىۋالىمەن دېسەم، سىز: «ئۇ هاراقنىڭ نېمىسى ياخشى بولسۇن؟ ئۇ هاراق ساپ يۇندا پۇرايدۇ. مەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئارىلاش-قورىلاش هاراقلارنى ئىچىپ ئۆگەنمىگەن» دېدىڭىز.

مەن:

— ئارىلاش هاراقنى ئىچسە نېمە بوپتۇ، مەن غۇلجىدىكى ۋاقتىمدا مىللىي يولداشلار بىلەن دوختۇرلار ئىشلىتىدىغان ئىسپىرتقا سۇ قوشۇپ ئىچىۋەرگەنتۇق، — دېدىم.

سىز:

— سىز ئىچكەن بىلەن مەن ئىچمەيمەن-دە، سىز تېخى كېسەكمۇ قويالايدىكەنسىز، مەنچۇ؟ كېسەك قويۇشنى ئۆگەنمىگەن، — دېدىڭىز قەتئىي ۋە ئېنىق قىلىپ.

— ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغىنى بىلەن قولىدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ، تۇخۇم پىشۇرۇشتىن باشقا قورۇما قورۇش دېگەننى

بىلمەيدۇ. مەن ئۆيدە يوق بىر كۈنى ئۇ توخۇمنى سۇغا سېلىپ ئوچاقتا قويغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ، ئىككى سائەتتىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا توخۇمنىڭ ئېقى تولا قايناپ سۇ تۈگىگەندىن كېيىن قورۇلۇپ تاشتەك قېتىپ ئازراق سېرىقىلا قاپتۇ، — دېدى خوتۇنىڭىز سىزنى ھەر ھالدا ئىپتىخارلىق بىلەن تونۇشتۇرۇپ.

نېمە دېگەن ئوماق سىز ھە. بىراق سىزدىكى شۇنچە چوڭ «دىت» نەدىن پەيدا بولغاندۇر؟

— كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بۇرۇن ياخشى كۆرەتتىم، — دېدىڭىز سىز، — مېنىڭ ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغىنىم رومىن روللاننىڭ بىر سۆزى ئىدى، ئۇ بۇ سۆزنى بەلكىم ئېنجىلى ماركوستىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ سۆز مۇنداق: «ھەقىقىي يورۇقلۇق ھەرگىز قاراڭغۇ بولىدىغان ۋاقتى مەڭگۈ بولمايدىغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇغا مەڭگۈ تۇسىلىپ قالمايدىغانلىقى بىلەنلا يورۇقلۇقتۇر؛ ھەقىقىي قەھرىمان ھەرگىز پەسكەش خۇلقتىن مەڭگۈ خالىي بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پەسكەش خۇلق ئالدىدا مەڭگۈ تىز پۈكمەيدىغانلىقى بىلەنلا قەھرىماندۇر. جاھاندا ئازاب چېكىۋاتقىنى يالغۇز ئۆزىڭىزلا ئەمەسلىكىنى بىلىپ يېتىدىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزدە مەڭگۈ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈمىد تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ».

سىز بۇ سۆزلەرنى شائىرانە ئاھاڭدا ۋەزمىن ھەم مەردانە ئېيتتىڭىز، كۆزلىرىڭىزگە چىلق ياش ئالدىڭىز. ئاندىن كېيىن سوئال قويۇپ مۇنداق دېدىڭىز:

— ھازىر ئوقۇغىدەك نېمە كىتاب بار دەيسىز؟ «كونا ئۈچ ئەسەر!»، «ئۈچ كونا ئەسەر» دىن باشقا نېمە بار؟ شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە كىم كىتاب ئوقۇسۇن؟ كىم كىتاب ئوقۇسا شۇ جېنىدىن تويغان بولىدۇ...

— ھەر ھالدا ئاستىرتتىن ئانچە-مۇنچە كىتاب تېپىپ ئوقۇشقا بولىدۇ. مېنى ئالسىڭىز. يېقىندىن بۇيان «قەدىمكى ئەسەرلەردىن

ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن. لازىم دېسىڭىز سىزگىمۇ تېپىپ بېرەيمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئوقۇمايلا قوياي، — دېدىڭىز سىز، — مەن ھازىر كىتابمۇ ئوقۇمايدىغان، گېزىتمۇ كۆرمەيدىغان، رادىئومۇ ئاڭلىمايدىغان ئۈچ قىلماسلىق يولىنى تۇتۇۋاتىمەن. ئوغرىلىقچە كىتاب تېپىپ ئوقۇغان بىلەن خەق كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ھازىر مېنىڭ ئىشىم تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، سېپىل قوپۇرۇش...

— سېپىل قوپۇرۇش؟

— ماجاڭ ئويناشنى شۇنداق دەيمىز. مەن ماجاڭ ئويناشقا ئامراق، ھاراق ئامىتىم بەك ئوسال. سىز قانداقراق ئوينايسىز؟— دېدىڭىز.

— مېنىڭ ئويۇنىمۇ چاغلىق! — دېدىم مەن ئىختىيارسىز سىزنىڭ دەيدىغان گېپىڭىزنى دوراپ. بۇمۇ سىزنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچىڭىزدىن بولغان.

— بىراق سىزنىڭ ناخشا ئېيتىشىڭىزنى چاغلىق دېيىشكە بولمايدىكەن! سىزنى ئەدىبلىكتىمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىكەن! مۇشۇ چاتاقلار تۇغۇلمىغان بولسا ئاللىقاچان كاتتا ئەدىب بولۇپ قالارسىز ئىكەن-ھە؟ — دېدىڭىز سىز.

— قويۇڭچۇ، ھېلىمۇ ياخشى «كاتتا ئەدىب» بولۇپ قالمىغىنىمغا شۈكۈر، — دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن سىز ئۆزە تارتىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ، جۈملىدىن جەنۇبلۇق تومپاي خوتۇنىڭىزنىڭ ھەممىسى بىلمىلىك، ماھارەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى، بىرلا ئۆزىڭىزنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقى... ياشلا تۇرۇپ گۇلىڭىزنىڭ چاتالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدىڭىز.

خوشلىشىدىغان چاغدا ئاغزى-ئاغزىڭىزغا تەگمەي ماڭا مۇنۇلارنى ئېيتتىڭىز:

— كېلىپ تۇرۇڭ، كېيىنكى نۆۋەت كەلگىنىڭىزدە بىللە تاماشا قىلىپ كېلەيلى. قەيەرگە بېرىپ دەمسىز؟ خۇگيەنچى كۆلگە بېرىپ

سۇ ئۈزىمىز! سىزگە يەنە بىرنەچچە يېڭى دوست تونۇشتۇراي. ماۋۇ جەنۇبلۇق تومپاي بىر ئاز لومى گۆرۈچ تېپىپ قويسۇن، ×× نىڭكىدىن ئازراق سۇرئەت ئەكىلىپ قويسۇن. ××دىن ئازراق ئىشىك قىلىپ ئازراق بۆرەك سېتىۋالسۇن، بۇ خوتۇن راك گۆشى بىلەن بەسەي ئارىلاشتۇرۇپ قورۇما قورۇشقا ھەممىدىن ئۇستا! بىراق نەدىن راك گۆشى تېپىلاركىن... نېمە، نېمە، سىزدە بارمۇ، بەك ياخشىغۇ، ئەمىسە جىقراق ئالغاچ كېلىڭ. ئۇبدان بىر كۆڭۈل ئاچايلى، ئۆز كۆڭلىمىزنى ئۆزىمىز ئاچمىساق، كۆڭلىمىزنى ئېچىپ قويىدىغان كىم بار دەيسىز؟

سىز نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، نېمىدېگەن دوستانە، نېمىدېگەن قىزغىن، نېمىدېگەن سەممىي، نېمىدېگەن ساددا. بويىڭىز ئېگىز، مۈرىڭىز كەڭ، پۇتلىرىڭىز ئۇزۇن، تەق-تۇرقىڭىز كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. بېشىڭىز ئۇچلۇق، چېچىڭىز شالاڭ، ياڭاق سۆڭىكىڭىز ئۆسكىلەڭ، كۆزلىرىڭىز ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن دائىرىسى خېلى كەڭ ئىدى، كۆز قارىچۇقلىرىڭىز تومپىيىپ بۇلاقتەك تونىناپ تۇراتتى. بۇرنىڭىز راۋرۇس ھەم بەك ئۇچلۇق ئىدى. ھەممىدىن ئاغزىڭىز بەك ئالاھىدە بولۇپ، كۆركەم، چاققان ۋە كىچىك ئىدى. بىرلا بىرى كالپۇكلىرىڭىز، بولۇپمۇ تۆۋەن كالپۇكىڭىز شۇنداق نېپىز ئىدىكى، سۆزلەيدىغان بولسىڭىز ئىككى كالپۇكىڭىز قالتىس چىرايلىق مىدىرلايتتى. قولۇمدىن كەلسە كالپۇكىڭىزغا ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىدىغان بىرەر ئەسۋاب ئورنىتىپ قويغان بولسام دەپ نەچچە-نەچچە قېتىم ئويلاپ كەتتىم. نېپىز كالپۇك كىچىك ئاغزىڭىزنىڭ ھەرىكىتى بەكلا تېز ئىدى، گەپ قىلغىنىڭىزنى كۆرگەن كىشى جارچاپ دېمىنى ئالالماي قالاتتى. ئەمما چىرايىڭىزدىن قاچانلا قارىسا خۇشاللىق بېغىپ، كۈلكە-تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.

سىز كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان كىشى ئىدىڭىز. سىزنىڭ پەيدا بولۇشىڭىز مېنىڭ زېرىكىشلىك، بوغۇلغان تۇرمۇشۇمغا يەڭگىللىك ۋە مېھرىبانلىق بېغىشلىغانىدى. مەن ئۆزۈمگە سىزدەك «خۇشاللىقىمغا

خۇشاللىق قوشقان يېڭى جان دوست» تاپقانلىقىمنى خۇش خەۋەر قىلىپ تېخىچە ئىلىدا تۇرۇۋاتقان رەپىقەمگە شادلىق بىلەن خەت يازغانىدىم.

سىزنىڭ سۇ ئۈزۈش ماھارىتىڭىز ۋە ئۇنى تەشكىللەش — ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزمۇ كارامەت ئىكەن. سۇ ئۈزگەندە كىيىدىغان ناھايىتى ئوبدان ئىشتىنىڭىز بار ئىكەن. سۇ ئۈزۈش ئىشتىنىڭىزنى كىيىدىغان بولسىڭىز بەدىنىڭىزنىڭ ساغلام گۈزەللىكى تېخىمۇ ئوچۇق ئايان بولىدىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، خوتۇنىڭىز سىزدىن شۇنچە گۆش يەپمۇ سەمرىمەيدۇ، قورسىقىنىڭ ۋىجدانى يوق دەپ ئاغرىناتتى، خوتۇنىڭىز ئاۋستىرالىيىگە بارغان تۇرۇپ، نېمە سەۋەبتىن زامانىۋى چەت ئەللىكنىڭ ئورۇقلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان قىممەت قارىشىنى ئۆزلەشتۈرمىگەندىكىن تاڭ؟ سىزنىڭ پاقىچىلاپ ئۈزۈش، غولاچلاپ ئۈزۈش، يانچىلاپ ئۈزۈش، ئوڭدىسىغا ئۈزۈش ھەرىكىتىڭىز خېلىلا مۇنتىزىم ئىدى. سىز ھەتتا كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشنىمۇ خېلى قاملاشتۇرۇپ، سۇدىن مۈرىڭىزنى ۋە كۆكرەك-دۈمبىڭىزنى چىقىرىپ كۆرسەتتىڭىز، ئاندىن ھەسرەپ-ھۆمدەپ كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشكە بەك كۆپ كۈچ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇھ تارتاتتىڭىز. بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى كۆپكۆك ھەم سۈپسۈزۈك ئىدى، بۇ ئېگىز تاغدىكى قارنىڭ ئېرىشى بىلەن كەلگەن سۇ بولغاچقا تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن ئىدى. يازنىڭ تومۇز ئاپتىپىدىمۇ سۇغا كىرسە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق تۇيۇلاتتى، ئەمما ئادەمنى جانلاندۇراتتى. سىز سۇ ئامبىرىنىڭ ھەممە يوللىرىنى ھەر بىر تاشلىرىغىچە بەش قولدەك بىلىپ كەتكەنتىڭىز، قەيەرنىڭ سۈيى پاسكىنا، قەيەرنىڭ سۈيى پاكىز، قەيەردە كىيىم سېلىپ سۇغا چۈشۈشكە بولىدۇ، قەيەرنىڭ سۈيى چوڭقۇر ۋە ئادەم بارمايدۇ، قەيەرنىڭ سۈيى تېيىز ھەم مۇتلەق بىخەتەر ھەممىنى بىلەتتىڭىز، سىز بىلەن بىللە سۇ ئۈزگەن كىشى ئۆزىنى راھەت ئىچىدە، ئازادە ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى ئامان-بىخەتەر ھېس قىلاتتى،

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك سىز ماڭا بىرنەچچە يېڭى دوست تونۇشتۇرۇپ قويدىڭىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەندە ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى خەنزۇ بىلەن رۇستىن بولغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ئەرجەنزە چوكان بولدى. ئۇنىڭ بويى ئەۋرىشىم، ئاۋازى پەس ۋە بوغۇق، كۆكسى تولۇق ئىدى، ئۇ ئۆزىگە خاس، ھازىرقى ئاتلىتىك بىلەن ئېيتقاندا «يۇمشاق» ئاۋاز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئادەم قېنى سۇ ئەمەس» دېگەن فىلىمدىكى ئاساسىي ناخشىنى بەك تەسىرلىك ئېيتىدىكەن. ناخشا تېكىستىدە «بىراق مېنىڭ سۆيگىنىم» دېگەندەك سۆز بار ئىكەن، بۇنى ئاڭلاپ ھەم شادلاندىم، ھەم تەشۋىشتە قالدىم. ئۇنىڭ بالىسى يوقكەن. باشقىلار پالانى-پۇكۇنىنىڭ بالىسى يوق دېگەن گەپلەرنى قىلغىنىدا، ئۇ ئۆزىگە تىل تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن دەرھال ئىجابىي جەھەتتىن ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ: «بالىسى بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ مانا مېنىڭمۇ بالام يوق، بىر ئوبدان ئۆتتۇۋاتىمەنغۇ» دەيتتى كەسكىنلىك بىلەن. بۇنى ھەممە بىلەن ياش لىگىشىنىپ نەمستقلايتتى ۋە بالىسى بولمىسىمۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە جۈرئەت قىلمايتتى.

ئۇ چوكان سۇ ئۈزۈشكىمۇ خېلى ئۇستا ئىكەن. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا سىزنىڭ يولدىشىڭىز سۇ ئۈزۈشكە ناچارراق ئىدى، خوتۇنىڭىز ناھايىتى ئەستايىدىللىق ۋە زورۇقۇش بىلەن سۇ سىرىپتىندە بېشىنى كۆتۈرۈپ نەپەس ئېلىۋالاتتى، ھەر بىر بېشىنى كۆتۈرگەندە ئاۋۋال سۇنى پۈركۈپ كۆپۈكچە چىقىراتتى، جاۋغايلىرىغا ساپلا كۆپۈكچە قاپلاپ كېتەتتى. سىز دەرھال چۈشەندۈرۈپ: ئۇ سۇ ئۈزگەندە خۇددى بىر پالكۆز بېلىققا ئوخشاپ قالىدۇ، ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى كۆپۈك چىقىرىشنىلا بىلىپ ئۈزۈشنى بىلمەيدۇ، بىر ھازا غىچە ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ جايىدىن قوزغالمايدۇ دەيتتىڭىز، بۇ گەپكە ھەممىمىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتۇق. تېگىمنى ئالغاندا، مەنمۇ بەدەن، جىسمانىي كۈچ ۋە سۇ ئۈزۈش تېخنىكىسى جەھەتتە

سىزگە يەتمەيدىغانلىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلاتتىم.

مۇنداق بىر ئىش توغرۇلۇق سىزدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مىننەتدار بولغانىدىم. كادىرلار مەكتىپىنىڭ تۇرمۇشى مەنىسىز — زېرىكىشلىك بولغانلىقى، «7-ماي» يولىدا ئۆمۈرۋايەت مېڭىش دېگەن گەپنىڭ چېكى بولمىغانلىقى، ئىلگىرى بارغىنىمدا ھەمراھ بولۇپ بارغان، ئەمما ئۈرۈمچىگە ھەمراھ بولۇپ كېلەلمىگەن رەپىقەمنى سېغىنغانلىقىم ئۈچۈن، بىر كۈنى مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىكى بىر خادىم بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، بولدىلا، مېنىمۇ ئىلىغا يۆتكىۋېتىڭلارچۇ، ئۆيدىكىلەر بىلەن بالدۇرراق بىر يەرگە جەم بولاي دېگەنىدىم، ئويلىمىغان يەردە بۇ ئىش راستقا چىقتى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مەكتەپ مەمۇرىيىتى ماڭا ئىلى تەرەپنىڭ مېنى قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئىلىغا قارىتىپ قولۇمغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەردى، شۇ چاغدا سىز ئالدىمنى قاتتىق توسۇپ، سىياسىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي شارائىتنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىراپ كەتمەسلىكىمنى، «7-ماي» يولىنىڭ ئاخىرىنى ۋە بىرەر مۇۋاپىقراق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۈتۈشۈمنى ئېيتتىڭىز. مەن: «ئۇنداقتا 7-ماي يولىدا مەشەدە ئۆمۈرۋايەت ماڭىدىغان گەپمۇ؟ شۇ جاينىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرۈش، دېگەن گەپمۇ ئېيتىلىۋاتامدۇ؟» دېسەم، سىز: «ئۇنداق گەپلەرگە ھەدەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ» دېدىڭىز. شۇنداق قىلىپ مەن كەتمەي تۇرۇپ قالدىم. دەرۋەقە كەتكەن بولسامۇ پايدىسى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن كەم دېگەندە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ناھايىتى مۇھىم ھەم توغرا قارارغا كېلىشىمگە ياردەم بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت دېمەي تۇرالمايمەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، خۇددى سىز پەرەز قىلغاندەك، «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىدە ئۇتۇقلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە بۆلۈندۇق. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيدىكىلىرىمىز بىلەنمۇ جەم بولدۇق.

1987-يىل 9-ئايدا، مەن ×× سۈپىتىم بىلەن جۇڭگو سەنئەت بايرىمى — تيانشان كۈزلىكى پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن

ئۈرۈمچىگە باردىم. ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قايتىدىغان كۈنىنىڭ ھارپىسىدا يېيىڭىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر زىيابەتكە قاتناشتىم. ھەممىلەن «يازلىق ۋاقىت»نى ئىشلەتكەچكە، زىيابەت ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن قاراڭغۇ چۈشمىگەنىدى. ئۆزۈم ئولتۇرغان ماشىنا مېنىڭ تەلىپىم بىلەن يېقىنلا كۆرۈنۈپ تۇرغان خۇڭيەنچى يېنى بىلەن ئايلىنىپ ماڭماقچى بولدى. بىز بىردەمدىلا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، بۇرۇنقى ئاقىر پاكار تاغنىڭ يېنىغا شۇنچە كۆپ ئاھالە تۇرىدىغان بىنالار، سودا ماگىزىنلىرى، مەكتەپ، كوللۇبلار سېلىنىپ كېتىپتۇ، قەيەرگىلا قارىساڭ مىغ-مىغ ئادەم، كېلە-ۋاتقان-كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسلار، بۇرۇن بۇ يەردە ئادەممۇ، ماشىنىمۇ ناھايىتى شالاڭ بولىدىغان، بىرقانچە دوقمۇشنى ئەگىپ ئۆتتۇق، قارىسام ساپلا ماڭا تونۇش، مەن بىلىدىغان يەرلەر، تېپىتىنچ خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنى كۆردۈم، ئۇ بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى. كۆز كۆنى بولغاچقا، سۇيى جىقلا تۆۋەنلەپ، دائىرىسى ناھايىتى تارلىشىپ قاپتۇ. پاكىز كۆرۈنمەيدىغان قومساڭغۇ يەرلەر ۋە تەرتىپسىز قىيا تاشلار ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ. كۆن ئولتۇرۇۋاتقاچقا قىيا تاشلار كەلگەك سايە تاشلاپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرى سۇ ئۈزۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ سۇ سىيرىش ئاۋازى خىرە ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شۇ دەم سىزنىڭ بىر كۆنى ئىككى رەسسام بىللە خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەنلىكىمىز ئېسىمگە چۈشتى. شۇ چاغدا ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلالمىغاچقا سۇ ئۈزۈشكە قاتناشمىغانىدىم. سىلەرگە قالتىس مەسلىكىم كەلگەنىدى. سىز سوغۇق سۇدا ساڭ مېتىردەك ئۈزۈپ، باشتىكى قىرغاقتا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭىزدا تومشۇقىڭىز كۆكىرىپ، پۇتلىرىڭىز تىترەپ كەتكەنىدى. رەسسام مەندىن سىز نېمىشقا ئۈزمەيسىز دەپ سورىغاندا، مەن ئۈزۈش ماھارىتىم ناچار دېگەنىدىم. راستىنى ئېيتسام شۇ چاغدا ئىنتايىن خىجىل بولغانىدىم، ھەتتا سىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ دوستلۇقىنى يەردە قويغاندەك تۇيغۇدا بولغانىدىم. مەن سىزنى بىرەر مەسخىرە گەپ قىلىپ، مېنىڭ

ئۇزاقتا ئۈزۈشكە قاتناشمىغانلىقىمنى «توخۇ يۈرەك» لىككە
چىقىرىۋېتەرمىكىن دەپ بەك ئېھتىيات قىلغانىدىم. بىراق سىز خۇددى
مۇنازىرە قىلغاندەك قىزغىنلىق ۋە قۇدرەت بىلەن تەھلىل قىلىپ:
«سۇ ئۈزۈش قانچىلىك ئىش ئىدى؟ بەزىدە ئۈزگۈلۈك كەلسە،
بەزىدە ئۈزگۈلۈك كەلمەيدۇ. بەزىدە جىسمانىي قۇۋۋىتىڭ جايىدا،
ئۈزۈش ماھارىتىڭ نورمال بولىدۇ، بەزىدە ئۈزۈش ماھارىتىڭ جايىدا
بولغىنى بىلەن جىسمانىي قۇۋۋىتىڭ ئاجىزلىق قىلىدۇ، بەزىدە ئۈزۈش
ماھارىتىڭ، جىسمانىي قۇۋۋىتىڭ قالتىس ياخشى بولسىمۇ لېكىن ئېھتىيات
قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ، سۇ ئۈزۈشتە قارامىلىق قىلىپ سۇنىڭ تېگىدىن
چىقالماي دەسسەپ قېلىش ئەرزىمەيدىغان ئىش. بەزىدە ھېچقانداق
سەۋەب بولمىسىمۇ زادى ئۈزگۈلۈك كەلمەيدۇ. بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ
يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېگەن ئىدىڭىز. سەن دېگۈچە مەن
دەۋالاي دېگەندەك مۇنداق ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش
نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلىشتا مېنىڭ ئىززەت-ئەپسىمنى قوغداشنى
مەقسەت قىلغانمىدىڭىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن!

سۇ ئامبىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قىرغاقتىن 400 نەچچە مېتىر
يىراقلىقتا كىچىككىنە بىر ئارال بار ئىدى، مەن ئىككى بالامنى باشلاپ
ئۇلارغا سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇ يەردە
نەچچە-نەچچە قېتىم سۇ ئۈزگەنىدىم. دوقمۇشنى ئەگىسىلا سۇ
يۈزىدىن بەش مېتىرچە ئېگىز چوقچىيىپ تۇرىدىغان بىر يار بار
ئىدى. مەن ئەنە شۇ ياردىن سۇغا سەكرەپ، ئۆزۈمنىڭ دەرىجىدىن
تاشقىرى سەكرەش رېكورتىمنى ياراتقانىدىم. كادىرلار مەكتىپىدە
ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قىلغۇدەك تۈزۈك ئىش چىقمىغاچقا، مەن
1973-يىلى ھەر كۈنى ئەتىگەندە دېگۈدەك بالىلىرىمنى باشلاپ
كېلىپ سۇ ئۈزۈپ يۈردۈم. چۈشلۈكىمىزگە ئىراق خورمىسى ئارىلاشتۇرۇپ
پىشۇرۇلغان قوناق ھور نېنى يەيتتۇق، ھور نان تومۇز ئاپتىپىدا
ئېچىپ ئاچچىق بولۇپ قالاتتى، بىراق سۇ ئۈزۈپ ھېرىپ كەتكەندە
يېمەك بەرىبىر نەملىك تېتىيتتى. قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن

ۋېلسىپىت مىنىپ توپتوغرا ئىدارىغا بېرىپ «لىن بياۋنى، كوڭزىنى
يىپەن قىلىش» ئۆگىنىشىگە قاتنىشاتتۇق. بەزىدە تاكى ئۆگىنىش
تۈگىگىچىمۇ تۇمشۇقىمىزدىن كۆك كەتمەيتتى. چۈنكى خۇڭگيەنچىنىڭ
سۈيى سوغۇق ئىدى. مېنىڭ ئەتىگەندىن تا چۈشكىچە نېمە
قىلغانلىقىمنى ھېچكىم ئۇقمايتتى. مۇشۇ كۆڭۈللۈك ئىشلار ئۈچۈنمۇ
سىزدىن مىننەتدارمەن. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ھەممىدىن ھەشەمەتلىك،
ھەممىدىن راھەتلىك، ھەممىدىن ئازادە-ئەركىن ھېسابلانغان ئاشۇ
سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا سىز باشلاپ بارغان ئىدىڭىز. بىراق ھازىر
ئارىمىزدىن كېتىپ قاپسىز. ھەممە پاكار تاغلار، يەرلەر، قۇملۇقلا
ر، سۈزۈك سۇلار ۋە سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۆتكەندە يوق ھازىر
بارلىققا كەلگەن قەۋەتلىك بىنالار سوغۇق، بۇرۇختۇم، بىراق ھەتتا
يات تۇيۇلۇپ كەتتى. تونۇش نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى
ئۆزۈڭگە بىراق، يات ھېس قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ھەسرەتلىك ئىش يوق
ئىكەن. بۇ نەزەرىمنىڭ ئۈستۈن بولۇپ قالغانلىقىدىن بولۇۋاتامدۇ؟
ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالغانلىقىمدىن بولۇۋاتامدۇ؟

ھەي دوستۇم!

بىراق ئۆز ۋاقتىدا خۇڭگيەنچى ماڭا جاھاندا ھەممىدىن گۈزەل،
ھەممىدىن رەتلىك، ھەممىدىن «ئىشكى ئوچۇق»، شۇنداقلا
ھەممىدىن «ياۋروپاچە» جاي بولۇپ تۇيۇلغانىدى، «تارىختا
مىسلى كۆرۈلمىگەن» ئاشۇ كۈنلەردە ئەر-ئايال بىرلىشىپ ئاشۇ
يەردە تاماشا قىلغانلىقىمىز، سۇ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىمىز، ئەشەددىي
دۈشمىنىمىز ھېسابلانغان «سوۋېت شپيونچىلىرى» نىڭ كىنو
ناخشىلىرىنى «يۇمشاق» ئاۋازدا ئېيتىپ يۈرگەنلىكىمىز نېمە دېگەن
چوڭ يۈرەكلىك، نېمە دېگەن چوڭ ئەركىنلىك-ھە! يەنە بىر
كۈنى بىر نەچچىمىز يىغىلىپ گىتار چېلىپ ئولتۇرغان، گىتارغا جۆر بولۇپ
«تۆگە قوڭغۇرىقى» دېگەندەك ناخشىلارنى ئېيتقانىدۇق. مەن بىرەر
مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنىپ قويمىغانلىقىمغا بەك ئەپسۇسلانغان، دەسلەپ
كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك «خوش ئاۋاز» دا ناخشا ئېيتىپ ھەممىنى

جەلپ قىلالمىغان ئىدىم! گىتار چالغۇچى خەنزۇ بىلەن رۇستەم بولغان، چىرايلىق چېچى بىلەن ساقىلى تۇتىشىپ تۇرىدىغان، ئۆزى سېمىز، ئىسكەتى كېلىشكەن ئەرجەنزە رەسسام ئىدى. 1982-يىلى بېڭى يىلدا يۈننەننىڭ نەننىڭ شەھىرىگە كاماندىروپكىغا بارغان چېغىمدا، ئاخشىمى ئىشىم يوق، رادىئونى ئاچسام، تويلىمىغان يەردە شۇ رەسسامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، ماڭا ئاڭلىنىۋاتقىنى A دۆلەتنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى رادىئوسى ئىدى. ئۇ رەسسامنىڭ شۇ دۆلەتكە بېرىپ ئورۇنلاشقىنىغا ئۇزاق بوپتۇ. ئۇ ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا بەك ئۆگەنگەن قوي گۆشى كاۋىپىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇ ئۆز رەپىقەسىنىڭ ئۆي ئىشى بىلەن قانداق شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ ئۆز رەپىقىسىنى چەت ئەلنىڭ ئادىتى بويىچە ئاتاپ «بىزنىڭ خانىم» ئۇنداق، «بىزنىڭ خانىم» مۇنداق دەيدىغان بوپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ خانىمىمۇ A دۆلەتتىكى رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى، نېمە ئۈچۈندۇر سەل كېكەچلەپ بەزى گەپلىرىنىڭ بېشىنىلا ئېيتىپ توختاپ قالدى، ئۇنىڭ ئېيتالماي قالغان گەپلىرىنى تەجرىبىلىك مۇخبىر تولۇقلاپ قويدى. ئۇ ئىككىسى — ئەپەندىم بىلەن خانىم ئەسلىدە ئىسكەتى قاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن سۆزگە ئۇستا ئەمەس ئىدى! ئۇلار بەختلىك بولسۇن!

قىسقىسى، ئاشۇ بۇرۇختۇملۇق، زېرىكىشلىك تۇرمۇش شارائىتىدا مېنى «سالون»غا سىز باشلاپ كىرگەن ئىدىڭىز. مەندە «سالون» توغرۇلۇق زادى ھېچقانداق تەجرىبە يوق ئىدى. 1957-يىل باھاردا، مەن بېيجىڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىناسىغا، يەنى ھازىرقى جۇڭخۇا كىتاب تەھرىراتى بىلەن تىجارەت باسمىخانىسىنىڭ ئورنىغا بىر قېتىم بېرىپ ئۇ يەردە — يەر ئاستى ئۆيىدەك قىلغان — چاي ئىچىدىغان ئورۇن راسلاقلىق تۇرغانلىقىنى ۋە ئاپپاق ئۇندا ئىشلەنگەن پۈرچاق قىيمىلىق مانتا

ساتىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، بۇ ماڭا ئاجايىپ يېڭىلىق، ئاق سۆڭەكلەرگە خاس قالتىس نازاكەتلىك بولۇپ تۇيۇلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر دائىرىسى»گە كىرمەي تۇرۇپلا مەڭگۈلۈك چەتكە قېقىلغانىدىم.

بىراق سىزنىڭ سالونىڭىزمۇ كىشى ھەيران قالغۇدەك ئاددىي، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، مەزمۇنى پۇچەك ئىدى. ئۇنىڭدا قورۇما يېيىش، سۈپىتى ناچار ھاراقلارنى ئىچىش، «ئەھۋالى چاغلىقكەنغۇ» دەپ تەڭ ۋارقىراش، قېيىپ كەتكەن ئاۋازدا كونىراپ جۇلقى چىققان ناخشىلارنى ئېيتىش، بىيجىڭنى، بىيجىڭنىڭ پىلتە قويماق-پۇرچاق سۈتىنى، جىگەر مانتىسى ۋە پۇرچاق پىشلىقىنى، زاكاۋسى بىلەن مېغىز چېيىنى ئەسلەشتىن باشقا ئىش يوق ئىدى، بىيجىڭنىڭ بۇۋسىنى، چوەنجۈيدىنىڭ تۆردەك كاۋىپىنى، دۇڭلەيشۇننىڭ بەلقازان شورپىسىنى، ئېنچېڭجۈينىڭ تەنجىيا قورۇمىسىنى (ھېلىقى «ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە» ئاجايىپ كېچىنى!)، ھەتتا «شىمالىي جۇڭگو» بىناسىنىڭ كاۋىپىدىن تارتىپ جىسىنلۇڭ، ۋۇفاڭجەي، خۇڭبىڭلۇ، فىگۇربيوەن، خېپىڭ، خېفىڭ، گوچياڭ، موسكۋا ئاشخانىسى، ياۋروپا — ئامېرىكا ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ياۋروپاچە تاماق بۆلۈمى، دوڭجىمېن سىرتىدىكى روسىيە پراۋوسلاۋىيە چېركاۋىنىڭ ئاشخانىسىدىكى ھەممە ھاراق، شورپا، قورۇما، قەنت-گېزەكلەرنى قويماي ئەسلەپ چىققان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ قانچىلىك مەزمۇنى، قانچىلىك پەيزى، قانچىلىك قىزىقى، قانچىلىك ئەھمىيىتى بولسۇن! چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق خەنزۇلار سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان چەت ئەل تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ بىر كۆرۈپلا تونۇشتۇق، ئارقىدىنلا يىراقلاشتۇق دېگەنىدەك ئىش ئىدى. سىز سالونىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە زېرىكىشلىك ئەمەس دېيەلەمسىز؟ ئىستىقبالسىز ئەمەس دېيەلەمسىز؟ «زاۋالغا يۈز تۇتقان سىنىپنىڭ ئېگى» دىن خالىي دېيەلەمسىز؟ قۇرۇق ئەسلەش زەئىپلىك دېمەكتۇر، زوڭتۇك بولۇش، خوتۇن ئېلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش ھەققىدىكى ئەسلەشلەرمۇ، جىيا

باۋيۇينىڭ لىن سىگىل، شۇ ھەدە ھەققىدىكى ئەسلىمىسىگە ئوخشاش ئەسلەشلەرمۇ بەرىبىر. مۇبادا جىيا باۋيۇيمۇ 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىكى چېگرا رايونىدا ياشىغان بولسا، ئەترەتلەرگە ئورۇنلىشىشقا ياكى «7-ماي» يولىدا مېڭىشقا تېگىشلىك بەلكى بەكرەك تېگىشلىك بولماي قالارمىدى؟ كەچكىچە رۇڭگوفۇ، نىڭگوفۇ قەسىرلىرىنى ئەسلەشتىن نېمە چىقىدۇ؟ قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق قۇرۇق ئەسلەش!

قۇرۇق گەپ ساتىدىغان يازغۇچىدىن باشقا ئەسلەشكە نايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ھېچكىم يوق. ئەسلەش كۆپەيگەنسېرى ئادەم ئۆزىنى شۇنچە يۇچەك — مەنىسىز ھالەتتە سېزىدۇ.

شۇڭا مەن سىزگە مەسلىھەت بېرىشكە كىرىشتىم. (بۇ ئادەم ئۈچۈن نېمە دېگەن «ساقايماس» كېسەل-ھە!):

— كىتاب كۆرۈڭ، — دېدىم مەن.

— قويۇڭ، مەن ئوقۇيدىغان كىتاب نەدە تۇرۇپتۇ؟ — دېدىڭىز سىز.

— «ئوۋ ياڭخەي ناخشىسى»، «دەريا بويىدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قوياش» دېگەندەك كىتابلار بارغۇ.

— قۇرۇپ كەتسۇن، ئۇلار ھېكايە، ئەدەبىيات دېگەننىڭ نېمىسىنى بىلسۇن؟

— ئەمىسە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن بۇرۇن يېزىلغان «تۆمۈر يول پارتىزانلىرى» ياكى «قەدىمكى شەھەردە ئۆچمەس ياتغىنلىق كۈرەش» دېگەنلەرنى كۆرۈڭ.

— ياخشى يېزىلمىغان، كۆرمەيمەن.

— كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە قىلاي، پۇل بەرسىمۇ كۆرمەيمەن،

— كۆرۈپ باقماي تۇرۇپ ياخشى يېزىلمىغان دېسىڭىز، بۇ ئادىللىق بولمايدۇ، تولىمۇ كەمتەر بولمىغانلىق بولىدۇ.

— كۆتۈرۈلۈڭ، ئۇنداق كەمتەرلىكنىڭ ماڭا كېرىكى يوق،

www.uyghurkitap.com

كۆرمەيمەن دېدىمۇ، كۆرمەيمەن! ھازىر ئەھۋالى تۈزۈكرەك كىتابتىن بىرەرسىمۇ يوق! ئەھۋالى تۈزۈكرەك يازغۇچىدىن بىرەرسىمۇ يوق!

— چەت ئەلنىڭ ياكى كلاسسىكلارنىڭكىنى كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ، مەن سىزگە خەقتىن يوشۇرۇن تېپىپ بېرەي، تۇرگېنېۋنىڭكىنى دەمسىز، «ئەلگە بېشارە ھېكمەتلەر» نى دەمسىز تېپىپ بېرەي، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئانچە-مۇنچە ئوقۇپ قويۇڭ. مېنىڭ يولۇم بار، «ھولمىس تەكشۈرگەن دېلولار» دېگەننىمۇ تاپالايمەن، — دېدىم مەن.

سىز گەپ قىلماي، تەرىڭىزنى يۈرۈشتۈرۈپ، بېشىڭىزنى تۆۋەن سېلىۋالدىڭىز. ئاندىن كانىيىڭىز يىرتىلغۇدەك جارقىراپ:

— مېنىڭ كىتاب كۆرگۈممۇ كەلمەيدۇ، گېزىت كۆرگۈممۇ كەلمەيدۇ، ھەتتا كىنو ئېلانلىرىنىمۇ بالامغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايمەن. راستىنى ئېيتسام، ھازىرقى كىنولارنىمۇ كۆرگۈم كەلمەيدۇ. 1958-يىلدىن كېيىن كىتاب دېگەننى كۆرمەس بولۇپ قالدىم! — دېدىڭىز.

ئۇنداق قىلماڭ دېگۈم كەلدىيۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقارمىدىم.

— ئۇنداق بولسا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىڭ! — دېدىم مەن.

— ھەي ئەخمەق ھەم مەنمەنچى ۋاڭ مىڭ، بۇ ئۆزۈڭنى ئۆلگە قىلىپ بازارغا سالغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىشنى سەن خالىغان، سەن ئۆگەنگەن بىلەن، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان ھەممىلا خەنزۇ يولداش ئۆگىنىشنى خالامدۇ-يوق، ئۆگىنىشكە بابمۇ-يوق، ئۆگىنىش شارائىتى بارمۇ-يوق، بۇ تەرىپىنى ئېسىڭغا ئوبلاپ باقمايدىغانسەن؟

دېگەندەك، سىز مېنىڭ بۇ تەكلىپىمنى كەسكىن رەت قىلدىڭىز ۋە قاتتىق مەسخىرە قىلدىڭىز، ھەتتا سىز ئۇيغۇرچىنى كەمسىتىپ، شۇ يەرلىك بەزى نادان خەنزۇلار تولىمۇ يۇرمىلاپ سۆزلەيدىغان ئاتالمىش ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن بىرقانچىنى سەت دوراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىڭىز. ئۆزىڭىز ئۆگەنمەي تۇرۇپ، شۇ تىلنى ئۆگىنىش

ھەرىكىتىنى ۋە شۇ تىلىنىڭ ئۆزىنى بىر تىيىنگە ئەرزىمەسكە چىقىرىۋەتتىڭىز! ئۆگىنىشكە خۇشتار، ئۆگىنىشكە ماھىر ۋە ئۆگىنىشكە بېرىلىۋاتقان كىشىلەردىن ئۆزىڭىزنى يۈز ھەسسە ئۈستۈن چاغلىدىڭىز!

— ئۇنداق بولسا ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە يېزىڭ، — دەپ سالدىم تېخىمۇ ئەخمەقلىق ۋە ئۆزۈمچىلىك قىلىپ، — باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، سىز ھېچ بولمىغاندا چاۋشيەن ئۇرۇشى فرونتىدا بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يېزىپ چىقىڭ. سىزنىڭ قەلىمىڭىز جايىدا، ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىسىز، رومېن روللان كىتابىنى ئوقۇپتىكەنسىز، ھېسسىياتىڭىز كۈچلۈك ھەم قىزغىنلىق ئىكەن، سىز ھەرقانداق ۋەقەلىكنى ھەم تەپسىلى، ھەم جانلىق، ھەم قىزغىنلىق بايان قىلالايدىكەنسىز، چامىمچە ئۇبدان يازالىشىڭىزغا گەپ كەتمەيدىكەن، سىز مېۋە بەرمەيدىغان گۈل-گىياھلار بىلەن ھەپىلىشىشنى تاشلاڭ. مۇبادا توقۇشقا تېپىڭىز بولمىسا، بولغان ۋەقەلەرنى شەخسلەرنى ئەينەن ئەسلەپ، ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنىڭ ئۆزىنى يازسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشىڭىزدا گەپ يوق...

مەن سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىپتىمەن.

— ئۇنى يېزىڭ دېگەن گەپنى قويۇڭ! كىم بىلىدۇ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق دەپ باھالىغىلى تۇرسا؟ يېزىپ چىققاندىن كېيىن سىياسەت بىرلا ئۆزگىرىپ، بۈگۈن ياخشى يېزىپسەن دېگەننى ئەتىسى يېپەن قىلغىلى تۇرسا نېمە دېگۈلۈك؟ مانا ھازىر «يەنئەن مۇداپىئەسى» دېگەن كىتابمۇ يېپەن قىلىنىۋاتامدۇ؟ — دېدىڭىز سىز.

سىزگە قاچانلا بولمىسۇن باھانە تېپىلاتتى. قاچانلا بولمىسۇن ھېچنېمىنى قىلماسلىققا باھانە تاپالايتتىڭىز. سىزنى ئېرىنتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ئاغزىڭىز گەپتىن ھارمايتتى، ئىچىڭىزدە زەردە قاينايتتى. سىز شۇ كۈنلەردە ھېچنېمىنى بىر تىيىنگە تەڭ قىلمايتتىڭىز. سىز ئۆزىڭىزنى قەيەر، ھەممىدىن مۇنەۋۋەر، تالانتى باشقىلارغا

تونۇلمىغان، باشقىلاردا ھەققى قالغان كىشى ھېساپلايتتىڭىز. ئۆزىڭىزنى ھەممىدىن بەك ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان، ھەممىدىن بەك ئازاب چەككەن، ھەممىدىن بەك گادايلاشقان، ھەممىدىن بەك دەرد تارتقان، يۈزدە-يۈز ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كىشى دەپ بىلەتتىڭىز. بىراق سىزدىن ئۈمىد قالمىغانىدى، كۆڭلۈم سوۋۇغانىدى. مەن شۇ چاغدىلا سىزدە تۈزۈلۈك دېگۈدەك بىرەر ئەھۋال كۆرۈلمەيدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەنىدىم.

كېيىنكى چاغلاردا بىز چېرنىشېۋىسكىمۇ، لېنىنمۇ كۆڭۈل بۆلگەن «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىككىنچى مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيدىغان بولدۇق.

سىز زاتىڭىزدىنلا ئېرىنچەك بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟ بۇنىڭغا يالغۇز مۇھىت-شارائىت سەۋەب بولغانمۇ؟ بۇ سىزدىكى يۇرمىلىنىشتىن بولغان ئاقىۋەتمۇ ياكى بەك بىشەملىكنىڭ بولغان ئاقىۋەتمۇ؟ بۇ ياتلىشىشمۇ ياكى ئۆز تەبىئىتىڭىزمۇ؟ ھەممىنى «گۈلىڭىز چاتالغان»لىققا دۆڭگۈسىڭىز قاملىشامدۇ؟ مەن «ھەرىكەت كىشىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن رومانىمدا ئۆمۈر بويى ئازاب چەككەن، ئۆمۈر بويى ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان نى ۋۇچېڭنى تەسۋىرلىگەنىدىم. كەچۈرمىشلىرىڭىزنى بىرەر ھېكايە قىلىپ يېزىشقا ۋاقتىم يەتمىگەن بەنە سىزدەك بىر دوستۇمنىڭ مىجەزى ئاشۇ نى ۋۇچېڭنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى راست ئەمەسمۇ؟ ئوبلوموپنىڭ مىجەزىگە ئوخشامدۇ يا؟ كەچۈرگەيسىز، مەن گونچاروۋنىڭ شۇ داڭلىق رومانىنى تا ھازىرغىچە ئوقۇپ چىقالمىدىم، بىرلا دوبروليۇبوۋنىڭ ئوبزورىنى ئوقۇغانمەن. جۇڭگونىڭ ئوبلوموپلىرى روسىيىنىڭ ئوبلوموپلىرىدىن بەكرەك بىچارە بولسا كېرەك، ئۇلاردا شۇنداق مىجەز بولغىنى بىلەن كېلىپ چىقىشى ئۇنداق ئېسىل ۋە شەرت-شارائىتى ئۇنداق ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ئەمەس. ئۇلارنى بەئەينى خېنىم مىجەز، دېدەك تەلەي دېسە بولىدۇ!

مەنمۇ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم گۇمانلىنىپ قالدىم. سىزگە ئوبغۇرچە

ئۆگىنىش ۋە يېزىقچىلىق قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنلىكىم گەپ يوق «باشقا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۆز كۆڭلۈم بويىچە قىياس قىلغانلىقىم، باشقا كىشىنى ئۆز تارازام بىلەن ئۆلچىگەنلىكىم» بولمىدىكەن. تارازا دېمەك ئۆلچەم، قىممەت ئۆلچىمى دېمەكتۇر. باشقىلارغا ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە «كۆيۈنگەنلەر» نىڭ، يېتەكچىلىك قىلغانلارنىڭ، ياردەم بەرگەنلەرنىڭ، ھەتتا ئۆزىچە باشقىلارنى قۇتقۇزماقچى بولغانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا، ئىنسانىيەت تارىخىدا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە ئىشنى ياخشىلىقتا ئۆرۈشى كۆپرەك بولامدۇ ياكى ئىشنى بۇزۇشى ھەتتا ئۆزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ بالايىئاپەت كەلتۈرۈشى كۆپرەك بولامدۇ؟ مۇبادا مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ تەتۈرىچە كېيىنكى ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا، بۇ سىزنىڭ، نى ۋۇجېيىڭنىڭ ۋە ئوبلوموپنىڭ پەلسەپىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم بولامدۇ؟ ئۇنداقتا ئىش تېخىمۇ يامىنىغا ئۆرۈلگەن بولمامدۇ؟

مەن ئەسلەش سالونىدىن ۋە سالونىدىكى ئەسلەشتىن قانائەت ھاسىل قىلمىغانىدىم. سىز قانائەت ھاسىل قىلغانمۇ-يوق، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما بىر كۈنى سىز ماڭا ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دېگەن ئىدىڭىز:

— بىزدەكلەرنىڭ نېمىمىز بار؟ بىز ئىنقىلابنى، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىمىز... كاللىمىزدىن ئۆتمەيۋاتقىنى، كۆڭلىمىزگە ياقمايۋاتقىنى ئۆزىمىزنىڭ كىچىككىنە ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى گەپتىن باشقىسى ئەمەس. بىزدە بىر يەرگە يىغىلىپ يەپ-ئىچىپ، چاقچاقلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا تەلەپ يوق... مېنىڭ كۆڭلۈم ئازادە ئەمەس!

بۇ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىققان، ھەر قاچانقىدىن بەكرەك سىياسىي تۈس ئالغان خۇلاسە خاراكتېرلىك بىر سۆز ئىدى، شۇنداقلا سەل كەيپىلىكتە ئېيتىلغان سۆز ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ ھەققەتەن كارى چاغلىق، پۈتۈنلەي ئەقىلغا مۇۋاپىق سۆز ئىدى، بىراق ھاياتىڭىزدىكى پاجىئەنىڭ يىلتىزى ئەنە شۇدۇر دېيىلمىدىغان

بولسا ئەقلىغا سىغامدۇ؟ بۇ بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولامدۇ؟ مۇبادا سىزنىڭ سىياسىي خىتابىڭىز شۇلا بولىدىغان بولسا، بۇ بەك سەتچىلىك بولامدۇ؟

مەن بالا-چاقىڭىزنى يوقلاپ بارغاندا ئۆزىڭىز ھەددىدىن زىيادە ئامراق كۆرگەن ئوغلىڭىزنى كۆردۈم، ئۇ ئېگىز بوي تارتىپ چوڭلا بولۇپ قاپتۇ، پەقەت كۈلگەن چېغىدىلا كىشىگە بالىلىق ۋاقتىنى، مەسۇملەرچە كەيپىزلىكىنى ئەسلىتىدىكەن. ئاڭلىسام ئۇمۇ ئوبدانلا سەنئەت تالانتىغا ئىگە ئىكەن، ھازىر سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن خاتىرىڭىز جەم بولسۇن دوستۇم!

سىز ماڭا ئوغلىڭىزنىڭ كىچىك چېغىدا ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، كىچىكىدىنلا ئاچچىقى يامان بولۇپ، بىرەر ئىش كۆڭلىگە ياقماي قالسا بىر سوتكىدا، ئىككى سوتكىغىچە توختىماي يىغلايدىغانلىقىنى، تولا يىغلاپ پۈتۈن ئەزايى تارتىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپ، پۇت-قوللىرى تىترەپ ھوشىدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدىڭىز. خۇدا ساقلىسۇن، مۇنداق بالىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. كىچىك ئوغلىڭىز راستىنلا سەل غەلىتە ئىكەن، ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇپ-سوقۇپ يۈرىدىغان ئۆكتەم مىجەزى، ئىچ-ئىچىدىن نەپرەت ۋە نەسەبىيلىك تۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەلپازى بار ئىكەن. بۇ تۇغما خۇلقمۇ؟ سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە ئوخشاپ قالغانمۇ-يوق؟

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىدە ئاخىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. مەنمۇ رەپىقەمنى ئالدۇرۇپ كەلدىم. بۇ 1973-يىلدىكى ئىش، سىزنى تەنتەنە بىلەن يوقلاش ئۈچۈن، رەپىقەم ساتىراشخانىغا بېرىپ چېچىنى ياسىتىپ كەلدى. ئۆيىڭىزگە بارغىنىمىزدىن كېيىن، ئوغلىڭىزنىڭ ئۆزىنى سەممىي ئاۋازدا چاقىرغان «ئايىسى» غا قايتۇرغان جاۋابى شۇ بولدىكى، ئۇ لايغا مىلەنگەن كىچىك قوللىرى بىلەن «ئايىسى» نىڭ چېچىنى تۇتۇپ پاسكىنا قىلىۋەتتى ۋە بۇزۇۋەتتى. سىز دەرغەزەپ

بولۇپ، گويا ئالاھىدە چامباشچى ياكى ئۇسسۇلچىدەك ھاۋاغا مۇشت ئېتىپ، يەرنى تاپىلدىتىپ تېپىپ كەتتىڭىز. ئاچچىقىڭىزدا پوكاندەك قىزىرىپ، گەپلىرىڭىز قولاشماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن: «ئۆل!»، «سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن!»، «تېرەڭنى تىرىك سويىمەن!»، «پەلىكىڭنى يانچىپ تاشلايمەن!»، «ئاپىرىپ ئوكۇل ئۇردۇرىمەن!»، «پۇت-قولۇڭنى چەمبەرچاس باغلىۋېتىمەن!» دېگەنگە ئوخشاش ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى سۈپەت ۋە پىششىق سۆزلەرنى ئىشلەتتىڭىز، ئاچچىقىڭىزغا پايلىماي ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دېدىڭىز، غال-غال تىترەپ كەتتىڭىز. كىچىك ئوغلىڭىز سىزنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان غەزەپلىك قىياپىتىڭىزنى ئېغىر بېسىقلىق ۋە كامىل ئىشەنچ بىلەن تاماشا قىلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ، كۆڭلى بەك ئېچىلىپ كەتكەندى. ياندا تۇرغان خوتۇنىڭىز ئارىغا چۈشۈپ:

— بۇياق ئۆيگە كىرسىلا، بۇ كىشى كىچىك بالىغا مۇشۇنداق قاتتىق ئاچچىقلايدۇ. بەزىدە ئاچچىقلاپ پۇت-قولى ئۆرە قالىدۇ. مەن بۇ ياقتىن بەك قورقىمەن. بۇ ياق بەزىدە بالىنى قاتتىق ئۇرىدۇ، ئۆلگۈدەك ئۇرىدۇ، بىر كۈنى ئۇنى ئۇرۇپ قوپالماس قىلىپ قويدى. كىچىك ئىنىڭىزنىڭ مىجەزى شۇ، تاياقتىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ خاتالىقىنى ھەرگىز بويىنىغا ئالمايدۇ...، — دېدى.

مەن ھە دەپ قويدۇم ۋە تېخىچە ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان رەپىقەمگە يىراقراق ئولتۇر، كىچىك ئىنىمىز قايتا ھۇجۇم قىلىپ يۈرمىسۇن دېگەننى بىلدۈرۈپ كۆز ئىشارىسى قىلدىم.

قىزىڭىز ئېگىز بوي ھەم چىرايلىق ئىدى. بىر كۈنى مۇشۇ زاماندا ياشاۋاتقان بىز ئۆز ئوغۇل-قىزلىرىمىز بىلەن بىر يەردە تۇرۇپ بوي سېلىشتۇرۇپ باقساقلا «سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى»-نى بىلىۋالالايمىز دەپ چاقچاق قىلغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىزنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمىز كونا جەمئىيەتتە ئۆتكەن، ئوغۇل-قىزلىرىمىز يېڭى جۇڭگودا ياشاۋاتاتتى، دېمەك بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە

ئېگىشلىك ئىككى ئەۋلاد ئىدۇق. بىر كۈنى مەن مۇشۇ توغرۇلۇق سۆزلىسەم، ئارىمىزدا ئولتۇرغان بىر چەت ئەللىك دوستىمىز ياپونىيىدە يېقىنقى يىگىرمە يىلدىن بۇيان تۇرمۇش ۋە تۇزۇقلىنىش ئەھۋالى ياخشىلانغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە بويى ئۆسۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى — گېپىم توغرا بولماي قالغان بولسا، ياپونىيىلىك دوستلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن. جۇڭگولۇق شەھەر قىزلىرىنىڭ يىگىت تاللاشتا ئېگىز بوي بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمۇ راست. مۇنداق «ئېگىز بويپەرەسلىك» بەزى مەتبۇئاتلاردا، جۈملىدىن يولداش چۈي شياۋنىڭ تەسىرلىك سۆزىدە تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇچىنى ئۆلچەم قىلىش دېيدىغان گەپلەر ھېلىمۇ تارقىلىپ يۈرىدۇ دېگەن گەپ بار. بىراق ئۆز ۋاقتىدا سىز ۋە خوتۇنىڭىز قىزىڭلارنىڭ تېز بوي ئارتىپ كەتكەنلىكىدىن تولىمۇ غەم يېگەن ئىدىڭلار! قىزىڭلارنى تاغلارغا بېرىش — يېزىلارغا چۈشۈش چاقىرىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شان-شەرەپلىك ھەربىي سەنئەت ئۆمىكىگە ئىمتىھان بېرىش يولىنى تېپىپ بەرگەنىدىڭلار. ئۇ كەملەردە ھەربىي قىسىمدا بولۇش بەكمۇ ئابرۇيلۇق ئىش ئىدى! ھەربىي قىسىمدا ھەممە شەرت-شارائىت نەلۋەتتە ياخشى ئىدى. شۇغىنىسى ئىمتىھان ئالغۇچى خادىملار قىزىڭلارنىڭ يېشىغا سېلىشتۇرغاندا بويى بەك ئېگىزلىكىنى ئېيتقان. سىلەر قاتتىق تىت-تىت بولۇپ، ئۇيان ئۆلچەپ، بۇيان ئۆلچەپ كۆرۈپ قىزىڭلارنىڭ بويىدىن بەش سانتىمېتىر كېسىپ تاشلىغۇڭلار كېلىپ كەتكەن. قېرى مېكىيان ئۆز چۈجىسىنى قانداق ئاسرىسا سىزمۇ قىزىڭىزنى شۇنداق ئاسرايتتىڭىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر كۈنى قىزىڭىز مەكتەپتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ئىكەن، سىز ھەددىدىن زىيادە چېچىلىپ، ئۇدۇل مەكتەپكە بېرىپ چوڭ-كىچىك خادىملار بىلەن تاكاللىشىپسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭكىگە كېلىپ زېرىكمەستىن ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بىر سائەتتىن كۆپرەك سۆزلەپ بەردىڭىز. بۇدا سىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن قىزىڭىزنى

كۆردۈم، ئۇمۇ ھەممە جەھەتتىن ئوبدان تۇرۇپتۇ، خېلىلا چوڭىيىپ قاپتۇ.

چوڭ ئوغلىمىزنىڭ مىجەزى باشقىچىرەك ئىدى، ئۇ ناھايىتى جىمغۇر ئىدى، كىچىككىنە تۇرۇپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپلا يۈرەتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا مىنىڭ رەيىقەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مەكتەپتە ئوقۇغانىدى. سىلەر بۇنى ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئوغلۇڭلارنى مىنىڭ رەيىقەم مۇدىر بولغان سىنىپقا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بار ئامال بىلەن تىرىشتىڭلار. رەيىقەم بۇنداق قىلىشىڭلارغا قوشۇلماي، بۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، بۇ پېداگوگىكا پرىنسىپىغىمۇ ئانچە توغرا كەلمەيدۇ. بالىنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ دېگەنىدى. كەچۈرۈڭ، بۇنى سىزگە بىر تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن دەۋاتىمەن. دېگەندەك، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي رەيىقەم چوڭ ئوغلىمىزنىڭ ئەيىبىنى سېزىپتۇ، ئوغلىمىزدا ياشلارغا خاس قىزغىنلىق ۋە تېتىكلىك قىلچە يوق ئىكەن، ئۇ ئوقۇشقا زادى كۆڭۈل بەرمەيدىكەن، ئوقۇتقۇچى تاپشۇرغان تاپشۇرۇق ۋە باشقا تەلەپلەرنى ئورۇندىمايدىكەن، ھورۇنلۇق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. مەن دەررۇلا بۇنىڭ يىلتىزى ئاتا-ئانىسىدا دەپ ھۆكۈم قىلدىم. سىلەر ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپتە ئوقۇغانىڭ «پايدىسى يوق»، ئوقۇغىنىڭ بىكار كېتىدۇ، ئەتە-ئۆگۈن يېزىغا چۈشىمەن دەپ دەرد تارتىدىغان گەپ. يېزىغا چۈشۈش جاپاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «بىرەر يول» تاپقانغا يەتمەيدۇ دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئوغلۇڭلارنىڭ ئالدىدىلا ئېيتىپ يۈرگەن ئىدىڭلار. مەنمۇ شۇ گەپنىڭ ئۈستىدە بولغاچ ئۇنداق قىلىقىڭلارغا قوشۇلمىغانىدىم. مەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سىلەرگە بالاڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قاخشايدىغان گەپلەرنى قىلماسلىق، شۇ چاغدا مائارىپنىڭ قانچىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بالىلارنى ئوبدان ئوقۇپ، ھەر كۈنى يۇقىرى ئۆرلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەگرى-توقاي كەچۈرمىشى ۋە پاراكەندە كۆڭلى بىلەن

كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە داغ چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى دېگەنىدىم.

سىز ئۇنچىقماي قويغان ئىدىڭىز، دېمەك بۇ گەپلىرىمگە قوشۇلمىغانلىقىڭىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلىڭىز دېگەندەك مەكتەپتىن بالدۇر چېكىنىپ، ئۆزلۈكىدىن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا «قايتا تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن كېتىپ قالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇمران بولدى، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلدى. مەن شۇ چاغدا سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن پۇشايمان قىلدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

1973-يىلى بىز بىرلىكتە «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدۇق، بۇ هال ماڭا ئاجايىپ شادلىق بېغىشلىدى. بىز قايتىدىن ئىشلەشكە باشلىدۇق. سىزنى كۆرگەزمىخانىغا تەقسىم قىلسا بارغىلى ئۇنىماي ئۆيدە يېرىم يىلدىن كۆپرەك بىكار ياتتىڭىز. سىزنىڭ كۆرگەزمىخانىغا بېرىشنى خالىماي بىكار يېتىشنى راۋا كۆرگەنلىكىڭىزگە ئەقلىم يەتمىدى. سىز كىنو ستۇدىيىسىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدىڭىز، بىراق سىز نېمىنى بىلەتتىڭىز؟ كىنو ئەسىرى يېزىپ باققانمىدىڭىز؟ كىنو ئىشلەشكە رېژىسسورلۇق قىلىپ باققانمىدىڭىز؟ ئېكرانغا چىقىپ باققانمىدىڭىز؟ گىرىم قىلىش، لايىھىلەش، دېكراتسىيە، كىيىمچىلىك، سەھنە جابدۇقلىرى تەييارلاش، ئاۋاز باشقۇرۇش ياكى سۈرەت يويۇش، مونتاژلىق، لېنتا ئۇلاش، كۆچۈرۈش ئىشلىرىنى بىلەمتىڭىز؟ ياق، ھېچقايسىسىنى بىلمەيتتىڭىز، ھەممىدىن خەۋەرسىز ئىدىڭىز. ھەتتا مەن سىزنىڭ نېمىنى ئۆگەنگەن ۋە نېمىنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ جاۋاب تاپالماي گاڭگىراپ قالغانىدىم. (ئەسكەرتىش: ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى، سىزنىڭ ھەر ھالدا مەلۇم تەجرىبىڭىز ۋە ئىقتىدارىڭىز بار ئىدى، مەن شۇ چاغدىكى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى دېيىشكە بولمايدىغان خىياللىرىمنىلا تەسۋىرلەۋاتىمەن. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

دوستلۇقنىڭ تونۇشۇشتىن يىراقلىشىشقا قاراپ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايان قىلغىنىمدا ئۆزۈم توغرىسىدا ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئەلۋەتتە).

سىز خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش خىيالىدا يۈردىڭىز. 70-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سىزنىڭ ئەرجەنزە دوستلىرىڭىز كەينى-كەينىدىن A دۆلەتكە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاجايىپ زوقىڭىز كېلىپ كېتىپتۇ! سىزنىڭ بومبا ساقال رەسسام دوستىڭىز چىقىپ كېتىپتۇ. گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇ ماڭىدىغان چاغدا خوتۇنى بىلەن ئىككىسى يىغلاپ ھالى قالماپتۇ، جۇڭگولۇق، ئاھ جۇڭگولۇق، نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇلار يېرىم ئەسىرگىچە جۇڭگولۇق بولۇپ تۇرغان-دە! بومبا ساقال رەسساممۇ سىزگە نوختىشىلا ھېچ ئىش قىلماسلىقنى قۇۋۋەتلەيدىغانلاردىن ئىدى، 1974-يىلى بېيجىڭدا «قارا رەسىملەر كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇ بومبا ساقال ماڭا ئۆزىنىڭ رەسىم سىزماي توغرا قىلغانلىقىنى، رەسسام رەسىم سىزمىغاندىلا پىشكەللىكتىن خالىي بولالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. سىزنىڭ گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇلارنى ئالدى بىلەن A دۆلەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ كونسۇل بۆلۈمى چاقىرىپ ئاپىرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە يۈزمۇيۈز سىناپ بېقىپتۇ، سىزنىڭ دېيىشىڭىزچە، مېيىپ، ئېلىشاڭغۇ بولغانلار ۋە بەش ئەزاسىدا نۇقسان بارلارنىڭ بىرىنىمۇ ئالمايدىكەن — ئاتنى سىنىغاندەك ئىش قىلىدىكەن دېگەن خىيال كاللامغا كەلدى. شۇ چاغدا — ئۇنىڭدىن كېيىن قولىغا ئازراق پۇل بېرىپ ھەممىسىنى شىياڭگاڭغا ئاپىرىپ يېرىم يىل تۇرغۇزىدىكەن، شۇ جەرياندا ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق قىلمىغانلارنى، چوما، خولېرا، چېچەك، ماخاۋ، تاناسىل كېسىلى يوقلۇقى ئىسپاتلانغانلارنى ئاندىن چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىدىكەن. شۇ چاغدا سىز: «ھەي! ئۇلار شىياڭگاڭغا بارغاندىن كېيىن قول بىلەن تىككۈچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپتۇ» دېدىڭىز. يەنە، ئۇلار بىلەن خوشلاشقان چاغدا، A

www.uyghurkitap.com

دۆلەتكە بارغاندىن كېيىن جۇڭگودىن مۇناسىۋەت ئۈزمەسلىكنى، ھەرگىز ×× بىلەن چېتىلىپ قالماسلىقنى... ئالاھىدە تاپىلىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. دېمەك، كىممۇ سىزنى ئېلىمىزنىڭ سىياسىي دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى قوغدىمىغان دەپ ئېيتالىسۇن؟

سىز چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى، چەننەت ئېچىگە بېرىپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇ يەردىكى كىشىلەر كۈنىگە يېرىم كۈنلا ئىشلەيدىغانلىقىنى (ئەسكەرتىش: نەدە ئۇنداق بولسۇن!)، ئۇ يەرگە بارسىڭىز بومبا ساقال رەسسام باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ھېچبىر يوشۇرماستىن ئېيتتىڭىز.

مەن بۇنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال دەپ بىلدىم.

شۇ چاغدا مەن سىزگە ئەڭ بېھۇرمەت گەپلەرنىمۇ قىلدىم، رەپىقەمگە مۇنداق دېدىم.

— ئۇ چەت ئەلگە چىقارمىش؟ چەت ئەلگە چىقسا نېمىمۇ قىلار؟ ئۇ چەت تىل بىلەمدۇ؟ بىر ئېغىزمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ ئەۋرەز يوللىرىنى رېمونت قىلىشنى، چىم قىرقىشنى، چىنە-قاچا يۇيۇشنى بىلەمدۇ؟ بىلمەيدۇ ھەم ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ ماشىنا ھەيدەشنى بىلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخى، ئىلمىي ئۇنۋانى، يازغان ئەسىرى، قىلغان كەشپىياتى بارمۇ؟ ھەتتا مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئېيتىش، موللاق ئېتىپ ئويۇن كۆرسىتىش، كېيمە شەكلىدىكى ئويۇن جاھازىسىدا پانۇس ئويۇنىشتا چاغلىق ئىشلارمۇ قىلىپ قولىدىن كەلمەيدۇ!

مەن ئېيتقان ئەڭ زەھەرلىك سۆز: ئۇ A دۆلەتكە بارسا ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ! دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

سىز 1976-يىلى A دۆلەتكە مېڭىش ئالدىدا مېنىڭ ئىشخانامغا كەلدىڭىز. شۇ چاغدا ھەر ئىككىمىزلا بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشمىكىمىز تەس دېگەندەك تۇيغۇدا بولدۇق. مەن شۇنىڭدىن بۇرۇنلا سىزنىڭ ساقايمىقى تەس كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپقان

ۋە ھال سوراپ خەت يازغانىدىم. سىزدە چېچىڭىز شالاڭلاپ قالغاندىن باشقا ئۆزگىرىش سەزمىدىم. سىز مەن بىلەن جىق گەپلەرنى قىلىپ سەممىمىي خوشلاشتىڭىز. چوڭ ئوغلىڭىزنىڭ A دۆلەت تەۋەلىكىدىكى بىر قىز بىلەن توي قىلىپ A دۆلەتكە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئاللىقاچان خەۋىرىم بار ئىدى. مەن سىزنىڭ A دۆلەتكە چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال دەپ خاتالاشقان ئىكەنمەن، بۇدا سىز تۇغقان يوقلاپ بارىدىغان بوپسىز، سىزنىڭ خۇشال، تېتىكلىكىڭىزگە قاراپ كېسەل بولۇپ قالدىم، دېگىنىڭىزنى يالغان گەپكە ئوخشايدۇ دەپ گۇمانمۇ قىلدىم. سىزدىن سورىسام قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىڭىز، كېسەل بولغانلىقىڭىزغا، راك بولۇپ قالغانلىقىڭىزغا ئەلۋەتتە گەپ كەتمەيتتى. شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى شۇنچىۋالا كەڭ قورساق تۇتقان، ئۆلۈمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرمىگەن ئىدىڭىز. ئالدىڭىزدا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپتىمەن.

ئارىدىن بىرىم يىل ئۆتكەندە كېسىلىڭىز ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىدىن، چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ بېيجىڭدىكى تۇغقىنىڭىز — گاچا ئىنىڭىزغۇ دەيمەن؟ — نىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم. A دۆلەتتە بولغانلىقىڭىز توغرۇلۇق ئۇ يەردە كېسەل كۆرسىتىش بەك قىممەتكە توختايدىكەن دېگەندىن باشقا گەپ ئاڭلىمىدىم.

ئاڭلىسام بېيجىڭدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېيتىشنى خالىماپسىز. شۇنداق بولسىمۇ سىزنى رەپىقەم بىلەن بىللە يوقلاپ باردىم. تۇرغان جايىڭىز بىر خىلدا ئىشىكلىرى ئايرىم قەۋەتلىك بىنا ئىكەن. ئىشىك نومۇرىغا قاراپ سىز يېتىۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاپتۇق. ئىشىكنى چەكسەك ئاۋاز چىقمىدى.

يەنە چەكتۇق.

بىر چاغدا سىز چىقتىڭىز. قارىسام ئورۇقلاپ شالاقشىپلا قاپسىز، سىز ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ، نۇر چىقىپ چىمچىقلاۋاتقان كۆزلىرىڭىز بىلەن بىزگە قاراپلا قالدىڭىز ۋە:

— سىلەر ئىكەنلىكىڭلارنى ئويلىماپتىمەن، — دېدىڭىز.

ئەس-ھوشىڭىز جايىدا ئىدى، ئەلۋەتتە.

كېسەللىكىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشىڭىزدىن قارىغاندا ھوشىڭىز پۈتۈنلەي جايىدا ئىدى. گېپىڭىزدىن قارىغاندا، چاتاق يېگەنلىكى نەرسىنى يۇتالمايۋاتقانلىقىڭىزدا بولۇۋېتىپتۇ. تەملىك، لەززەتلىك نەرسىلەرنى بىلىدىكەنسىز ۋە يېگۈڭىز كېلىدىكەن، بىراق ئاغزىڭىزغا ئېلىپ چاينىغاندىن كېيىن يۇتالماي قالىدىكەنسىز. بۇ ئاجايىپ دەھشەت، ئازابلىق ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن سىز شۇنچە تەمكىنلىك بىلەن تەپسىلىي، جانلىق قىلىپ ھەتتا قىزىق گەپلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بەردىڭىز، چىرايىڭىزدىن كۈلكە ئالامەتلىرى ئۆچمىدى. سۆزلىشىڭىزگە قاراپ بۇرۇنقى پېتىڭىزدىن چۈشمەي تۇرغانلىقىڭىزنى كېسەل بولغاندىمۇ، ئۆلگەندىمۇ شۇ مىجەز-خۇلقىڭىزنى تاشلىيالمايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم.

كېيىنرەك يولدىشىڭىزدىن ئاڭلىسام، سىز تاكى جان ئۈزگىچە غايەت زور ئازابقا چىداشلىق بېرىپ، ئاغرىق توختىتىدىغان دورا يېيىشنى رەت قىلىپسىز. سىز ئۆز كېسىلىمنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىشىم، ئۆمرۈمنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈشۈم كېرەك، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالدىسام بولمايدۇ دەپسىز ۋە بۇ دېگىنىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپسىز. ھەممە ئەھۋالنى پۇختا ئىگىلەپ تۇرۇپسىز. × ئاينىڭ × كۈنىگە كەلگەندە، زۇۋان سۈرۈپ شىنجاڭدىكى تەشكىلگە تېلېگرامما يوللىساڭلار بولىدۇ دەپسىز ۋە ئارقىدىنلا ھوشىڭىزنى يىغىپ ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرەپ، ئۇلار كەلگەن بىلەنمۇ ھەقچان جان ئۈزىدىغان ۋاقتىمغا ئۈلگۈرەلمەيدۇ دېگەن گەپنى قىلىپسىز. راستىنلا دېگىنىڭىزدەك بوپتۇ، قالتىس — ئۇلۇغلۇقىڭىزنى قاراڭ، ئىلگىرى سىزنى ئىرادىسى بوش ئادەم دەپ ھېسابلايتىكەنمەن، سىزنى خاتا چۈشەنگەن ئوخشىمامدىمەن؟

خوتۇنىڭىز سىزدىن ۋاڭ مېڭغا ئۇقتۇرۇپ قويايلىمۇ دەپ سورىسا، سىز رەت قىلىپ، ئۇ بەك ئالدىراش، دەخلى يەتكۈزمەڭلار دەپسىز.

يالغۇز ئالدىراشلىقىمنى كۆزدە تۇتقانسىزمۇ؟ بەلكىم ئىككىمىز بىر مەھەل دوست بولۇشۇپ، كېيىن ئانچە بەك دوست بولۇپ كېتەلمىگەنلىكىمىزنى كۆزدە تۇتتىڭىزمىكىن؟ يا بولمىسا مېنىڭ سالاھىيىتىمدە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، ھېسسىياتىمدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتتىڭىزمىكىن؟ بەلكىم راستىنلا ماڭا كۆيۈنگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رەھمەت.

ئاڭلىسام (خوتۇنىڭىز ئەمەس) بىرسى سىزدىن ھېلىقى چاغدا سىز بىلەن بېيجىڭدا بىر كېچە كوچا ئايلىنىپ چىققان كىشىگە، سابىق پىدائىي قىسمىنىڭ ئايال جەڭچىسىگە (ئۇ مەڭگۈ بەختلىك بولسۇن) ئۇقتۇرۇش قىلالايسىزمۇ دەپ سورىسا، سىز ئۇياق بىلەن ئىككىمىز تا ئۆلگىچە ئالاقە قىلىشماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلىشقان، مەن بۇ قەسەمگە ئۆلگىچە ئەمەل قىلىمەن دەپ ئۇنىڭغىمۇ ياق دەپسىز. سادىقلىق كۆرسىتىپسىز، ۋەدىڭىزدە تۇرۇپسىز، دانالىق قىپسىز. بەزىدە سىزدە باشقىمۇ ئوي بارمىكىن دەپ قىياس قىلغان چاغلىرىم بولدى، بەلكىم «جاسارەت-غەيرەتتە يالۋىجاڭدىن ئۆتكەن» كۈنلەرنى ئەسلەشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانمىدىڭىزكىن، ئۆزىڭىزدە ئۆتكەننى ئەسلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان مادار يوقالغانمىدىكىن... شۇنداقمۇ؟

بىراق مەن چۈشەنمەي قالغان بىر ئىش شۇكى، سىز شۇنچە ۋاقىت ئارزۇ قىلىپ، A دۆلەتكە ئۆمرىڭىزدە بىر قېتىم بارغان تۇرۇپ، رەپىقەم بىللە يوقلاپ بارغان كۈنى نېمىشقىدۇر A دۆلەتنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق زادى ئېغىز ئاچمىدىڭىز؟ A دۆلەتنىڭ ئەھۋالىمۇ چاغلىقمىدىكىنە؟ بەلكىم A دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى جايىدا بولسىمۇ، بىراق ئۆزىڭىز قېرىپ، ئاغرىپ قالغاچقا ئۇنى ئېچىكىرىلەپ بىلىشكە چامىڭىز يەتمەي، باشقىلارنىمۇ ئارماندا قويغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھەي بىچارە دوستۇم! بىز يوقلاپ بارغان ئاشۇ كۈنى كېسىلىڭىز شۇنچە ئېغىرلىشىپ قالغان تۇرسىمۇ ئاغزى-ئاغزىڭىزغا

نەگمەي سۆزلەپ كەتتىڭىز. مەن ئازراق سۆزلەڭ دەپ مەسلىھەت بەرسەم، سىز سىلەرنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتىم، سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ، خۇشلۇقىم تۇتۇۋاتىدۇ دېدىڭىز. سىزنى سۆزلەشتىن يەنە توسۇشقا ئىلاجىم بولماي قالدى. بىراق بۇرۇنقىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئاۋازىڭىز كۈچسىز ئىدى، سۆزلەۋېتىپ ئارىدا تازا بىر تىنىۋالاتتىڭىز. بىراق ئېچىلىپ-يېيىلىپ نى-نى قىزىق گەپلەرنى قىلغانتىڭىز.

شۇ چاغدا يەنە بىرمۇنچە ئادىل گەپلەرنىمۇ قىلدىڭىز. سىز ئاخىرى كىنو ستۇدىيىسىگە بېرىپ ئۇن نەچچە يىلغىچە تىرىشىپ ئىشلەپسىز، نەتىجە قازىنىپسىز. سىز ئەسلىدىلا كىنوچىلىقنى ئۆگەنگەن، كىنوچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىڭىز بوپتىكەندۇق، بەلكىم يەنىمۇ كۆپ نەتىجە قازىنىشىڭىز مۇمكىن ئىكەندۇق. مۇبادا تازا توشقان ۋاقتىڭىزدا پىشكەل ھاياتىڭىزدىن ئايرىلمىغان بولسا، ئەھۋاللار قالتىس ئۆگىشالغان شۇ كۈنلەردە نۇرغۇن پىكىرلىقلارنى يارىتقان بولار ئىكەنسىز. سىزگە يېزىلغان تەزىيە خەتتە ئىنقىلابىي كەچۈرمىشلىرىڭىز ۋە بىرمۇنچە ئارتۇقچىلىقىڭىز تەكىتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى راست. بۇ گەپچە بولغاندا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قالتىس ئىكەندۇق. «ئەھۋالى چاغلىقكەن» دېيىشلىرىڭىز كىشىلىك تەبىئىتىگە خاس خۇرسىنىشتىنلا ئىبارەت ئىكەندۇق. دوستلىرىڭىز ماڭا سىزنى تولىمۇ سېغىنىدىغانلىقىنى، سىزنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى، مىجەزىڭىزنىڭ سەل ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى، ئاچچىقىڭىز كەلسە تۇرالماي قالىدىغان قىلىقىڭىز بارلىقىنى ئېيتتى.

سىزنى مەنمۇ سېغىنىۋاتىمەن. يازغانلىرىمدا — ۋاپات بولغان مەرھۇم دوستۇم توغرۇلۇق يازغانلىرىمدا — نا ئادىللىق، ۋاپاسىزلىق قىلغان يەرلەر بار دەپ ھېسابلارسىزمۇ؟

قېنى جاۋاب بېرىڭ. چۈشۈمدە بېشارەت بېرەرسىزمۇ؟



www.uyghurkitap.com

# تاللاش مۇساپىسى

گەپنى ئاۋۇ يىلى چىشىم ئاغرىپ قالغان چاغدىن باشلاي، چىشىم سەللا ئاغرىپ تۇراتتى. مەن شۇ يىلى تىبابەتچىلىككە پەن دەپ ئىشەنگەنىدىم. پەن ئىنسانلارنى بەخت-سائادەت ۋە ئەركىنلىككە ئېلىپ بارغۇچى يول ئىدى. بىلىم — كۈچ دېمەك ئىدى. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تەنتەربىيە مۇئەللىمىم ياغاچ ئاتتىن سەكرەش بويىچە كۆرسىتىپ بەرگەن ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم سەكرەپمۇ ئورۇندىيالمىغان ئىدىم، شۇڭلاشقا فارسىماي مۇئەللىم دوستلۇق يۈزىنى قىلىپ ماڭا ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىك نومۇرىنى بەرگەنىدى. بۇ بىلىمىمنىڭ كەملىكى ۋە چىشىمنىڭ ئازا ساغلام بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئەمدى سۆز بىلەن ھەرىكىتىمنى بىردەك قىلىمەن دەپ بىرىنچى كۈنى تۈن كېچىدە بېرىپ ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىمغا كېلەيلى. مەن يامغۇرلۇقىمنى ئېلىۋالغان ۋە يامغۇرلۇق ئايغىم بىلەن يامغۇرلۇق چاپىنىمنى كىيىۋالغانىدىم. بىراق شۇ كېچىسى ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرغانمۇ ياكى سىم-سىم يامغۇر چۈشۈۋاتقانمۇ ۋە ياكى يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتقانمۇ، بۇ تەرىپى ئېسىمدە يوق. قاتتىق تەسىر ئاجىز تەسىرنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئالامەتنى تۆۋەندە چۈشىنىسىز. مەن بارغان ئۇ ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى ئىشنى پۇختا قىلىشتا داڭق چىقارغان، ئۇلار ئىش ئىزلىرى گېزىتتە خەۋەر قىلىنغان دوختۇرخانا ئىدى، بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئۇلار ئىش ئىزلىرى خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن ئۆچىرەت تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەن. ئەسلىدە ئۆزۈم ھۆرمەت قىلىدىغان بىر تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى ماڭا ئۆزىنىڭ تاغقا چىقىشتا ئىشلىتىدىغان چېدىرىنى ئېلىپ، نومۇر

www.uyghurkitap.com

ئالدىغان كۆزنەكنىڭ ئاستىغا بېرىپ قونۇشۇم توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن ۋە نومۇر ئالغىچە يەلپ دەپ پىرىسلانغان قوۋۋەتلىك (ۋىتامىن ۋە ئالتۇن، ئاليۇمىن، مىس، تۆمۈر، سىنك ئارىلاشتۇرۇلغان) يېچىنە. تەقدىم قىلغانىدى.

بەدەن ئېغىرلىقى 45 كىلوگراممۇ كەلمەيدىغان ھۆرمەتلىك ئايال چىش دوختۇرى مەندىن بىرەر ئېغىز گەپمۇ سورىماي ئۇستۇنكى تاڭلىيىمنىڭ يۇمشاق توقۇلمىسىغا پروكائىن دېگەن مەست قىلىش ئوكۇلىنى ئۇردى. مەن بۇ دوختۇرنىڭ قوش قاپاق ياكى يالاڭ قاپاقلىقىنى بىلىپ بولغىچە ئۇنى بىرسى چاقىرىپ ئېچىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىر ئۆگەنچى دوختۇر كېلىپ پال-پۇل پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئامبۇرنى ئاغزىمغا سالدى. ئاغرىقلارنىڭ نەزەرىدە ئۆگەنچى دوختۇرنىڭ داۋالاشقا قاتنىشىشى ھەممە بەختسىزلىكنىڭ يىلتىزى ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنۇم ۋە رىتىمنى كۆزلەپ بەلەڭ بالدۇر ھەرىكەتكە چۈشكەن بۇ خادىمنى قارىغىش تەگكۈر ئۆگەنچى دوختۇر دەپ بىلدىم.

— سىز ئۆۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن باش لىڭشىتتىم. ئاغرىغانلىقى سېزىلمىسە ئۇنى قانداقمۇ چىش ئاغرىقى دېيىشكە بولسۇن؟ باشقىلارنىڭمۇ، مېنىڭمۇ چىش دوختۇرى نومۇرىنى ئېلىش ئۈچۈن چېدىر تىكلەپ يېتىشنى راۋا كۆرگەنلىكىمىز گەپ يوق چىشىمىز ئاغرىغانلىقتىن بولۇۋاتاتتى، چىشى ئاغرىمىسىمۇ نومۇر ئالمەن دەپ يۈرىدىغان داناللىق دەرىجىسىگە يەتكەن بىرەر كىشى بولمىسا كېرەك. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تىرىك جان ئادەمنىڭ ھەممىسىدە سېزىم بولىدۇ، تىرىك جان ئادەمنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزىنىڭ ھېچنېمىنى سەزمەس ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆرمەتلىك دوختۇر سەندىن سۆرلۈك سوئال سورىغاندا، بېشىڭنى لىڭشىتماي ئىلاجىڭ يوق. باش لىڭشىتىشنىڭ باش چايقاشتىن نەۋزەل تەكەللىكى كىشىلىك ھاياتتا ئۆزگەرمەس قانۇن بولۇپ قالغان.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالنى تېخىمۇ توغرا بايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆلتۈرمىسىمۇ بولىدىغان ئەھۋالدا زادى ئۆلتۈرمەسلىك، باش لىڭشىتسىمۇ، لىڭشىتمىسىمۇ بولىدىغان ئەھۋالدا جەزمەن باش لىڭشىتىش كېرەك دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىسەك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ چىشىمنى تارتىشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ چىشىمنى تارتىشى ئېڭىكىمنى، بوينىمنى، بېشىمنى قوشۇپ تارتىۋاتقاندەك، يۈتۈن ئېغىز بوشلۇقىمنى تارتىپ پارە-پارە قىلىۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىلمىي نامىنى ئېغىز كېسەللىكلىرى تاشقى بۆلۈمى دەپ ئاتىغانلىقى بىكار ئەمەسكەندە! دېگەن يەرگە كەلدىم. چىش تارتىش بۆلۈمى دېيىلمەي ئېغىز كېسەللىكلىرى تاشقى بۆلۈمى دېيىلگەنلىكى سىزگە نېمە دېگەن سىرلىق، نېمە دېگەن مەدەنىي ۋە نېمە دېگەن كەڭ مەنىلىك تۇيۇلىدۇ-ھە! ئېغىز كېسەللىكلىرى تاشقى بۆلۈمىنىڭ ئامبۇرى مېنىڭ جېنىمنى تارتىپ ئېغىز بوشلۇقىمنىڭ تېشىغا چىقىرىپ قويغاندەك بولدى، مەن سوغۇق تەرگە چۈمۈلۈپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىم.

— سىز نېمە دېگەن مىشچان ھە؟ — دېدى ئۇ.

مەن ھاسىراۋېتىپ، ئۈچ كۈنگە قالماي بىر پارچە تەكشۈرۈش يېزىپ تاپشۇرىدىغان بولدۇم دېگەننى ئويلىدىم. چۈنكى مىشچانلىق گەپ يوق ئېغىر ناپاكلىق ھېسابلىناتتى. پرولېتارىيات زەھەرلىك ئوق نەگكەن سۆڭىكىنى قىرىپ داۋالاشقا چىدىغان گۇەن يۈي (تەخەللۇسى يۈنچاڭ)نىڭ ئەۋلادلىرى-دە. مەن دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندىن كېيىنلا، تارتىلغان چىشىمنىڭ ئەتراپى ياغاچتەك ھېچنېمىنى سەزمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىخ، ئۇلۇغۋار ئىلمىي مەست قىلىش دورىسى، سېنى ياسىغان تىجارەتچى ۋە ئىشچىلار ماتېرىيالىڭنى توغرىلاپ يۈرمەي تولۇق ئىشلىتىپتىكەن جۇمۇ. قاتتىق ئاغرىش ئۇزاق داۋام قىلغاندىن كېيىن قوۋۇزلىرىم ئۇيۇشۇپ ھېچنېمىنى سەزمەي قالدى!

ماناا ئەمدى سىلەر يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قەدەم قويغان پەيتتە ياشاۋاتقان مەندەك بىر سالاپەتلىك پروفېسسورنىڭ چىش ئارتقۇزۇشىنى خەتەرلىك ئىش دەپ، ئېغىز كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرىنى ياپونىيە ژاندارمىلىرىنىڭ قىيناش بۆلۈمى دەپ، ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنى دوزاخ دەپ قارايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئاسانلا بىلىۋالالايسىلەر. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان چىشىمنى ئاسراشقا شۇنداق ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىمەنكى، كىشىلىك ئىززىتىمنى، رەپىقەمنى ۋە چىشىمنى ئاسراش قەلبىمدە ئوخشاش خاسىيەتلىك ئورۇن ئالدى! شۇڭا چىشىمنى كۈنىگە بەش ۋاخ، ئەتىگىنى بىر ۋاخ، كەچلىكى بىر ۋاخ، ئۈچ ۋاخ تاماقنىڭ ھەربىرىدىن كېيىن بىر ۋاخ يۇيۇپ كېلىۋاتىمەن. چىش پاراشوكىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىپ كۆردۈم، ئېيىغا چىش پاراشوكى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلۇم تاماكا، ھاراققا كەتكەن پۇلدىنمۇ كۆپ بولدى. ئۆيۈم چىش چوتكىسى ساقلىغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئوخشاپ قالدى، ئۇزۇن سايلىق، قىسقا سايلىق، تۈكى ئۇزۇن، تۈكى قىسقا، تۈكى ئۆرە، تۈكى يۇمشاق، تۈكى ئاز... چوتكىلارنىڭ ھەممىسى بار. مەن خام، سوغۇق، ئاتلىق-ئاچچىق، بەك قىزىق، بەك قاتتىق، چاپلاشقاق نەرسىلەرنى يېمەيدىغان بولدۇم، گازىر چېقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ياغدا قورۇغان خاسىڭنىمۇ يېمىدىم!

شۇنداقتىمۇ بەختىمگە قارشى چىشىم بەربىر ئاغرىشقا باشلىدى، مېنى خۇدا ئۇردى!

چىشىم ئاغرىسا قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر. دوختۇرغا باراي دېسەم زادى جۈرئەت قىلالماي قالدىم. دېمەك تاللاش جەھەتتە مەنتىقى زىددىيەت تۇغۇلدى. دوختۇرغا نېمە ئۈچۈن بارماقچى؟ چىشىم ئاغرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن. دوختۇرغا بارسام قانداق بولىدۇ؟ ئاغرىقىم يۈز ھەسسىلەپ، مىڭ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. دەرۋەقە ئاغرىق توختىغاندىن كېيىن بىر ئاز ئارام بولىدۇ. تىبابەتچىلىكنىڭ قۇدرىتى

شۇنىڭدىكى، ئۇ كىشى 15 يىللىق ئۆمرىدە پارچە-پۇرات تارتقان ئازابنى يۇقىرى دەرىجىدە ئىخچاملاپ 25 سېكۇنتتا يىغدۇ، بۇنىڭ قايسىسى ياخشىراق؟ ئۇبدان زېھىن قويۇپ ئويلايدىغان بولساڭ، گەپ سېنىڭ قىممەتىنىڭ قانداق تەقلىدىي سىستېمىسىدىن پايدىلىنىشىڭدا.
گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئارىلىشىپ كەتكەن، يېڭى بىلەن كونا تەڭلەشكۈم سۈرۈۋاتقان، پىكىر جانلىنىپ، كۆز قاراش ئۆزگىرىۋاتقان، شەرق بىلەن غەرب توقۇنۇشۇۋاتقان، جەنۇب بىلەن شىمال سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان، مەزھەپلەر مىغىلداپ، تۇغ-ئەلەملەر كۆك يۈزىنى ياپقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەرخىل-ھەرياڭزا قاراشلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئومۇمىي چىش يىغىندىسىدىنمۇ نۇرغۇن ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەن مۇشۇ دەۋردە، چىن كۆڭلۈمدىكىنى تاللاشتا گاڭگىراپ قالدىم.

تارىخ ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان مەسىلىنىلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەن چىشىمنىڭ ئاغرىقى ۋە ئۇنى ساقايتىشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تازا قىينىلىپ تۇرغان ۋاقتىمدا، چىش ئاغرىقى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر باشلىقى مەن تۇرۇۋاتقان بىناغا كۆچۈپ كەلدى. ئىككىمىز كارىدوردا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، ئۇ گويا مالائىكىدەك مۇرىسىنى ئەركىن ئويىنىتىپ، ماڭا مۇنۇ ئادرېس قەغىزىنى بەردى:

جۇڭخۇا خەلقئارا چىش ئاغرىقى ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىنىڭ باشلىقى:

شى شۆيا

ئادرېسى: ئۆز ئورنىدا.

تېلېفونى: 0000000

خۇدايىم ساقلاپ، چىش ئاغرىقىمغا ئامال تېپىلامدۇ نېمە؟ دېدىم-دە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ئېسىل دورىدىن ئىككى بولاق كۆتۈرۈپ شى خۇيجاڭغا سالام بېرىشكە كىردىم. شى خۇيجاڭ بىرمۇنچە تۈزۈت قىلىپ دورىنى ئاراندا ئالدى ۋە:

— چىش ئاغرىقى بەش خىل بولىدۇ، ھەرخىلى بەش تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ، — دېدى ئۇ، — بەش كەررە بەش يىگىرمە بەش، ھەممىسى مەدەن، ياغاچ، سۇ، ئوت — تۆت ئانا سىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شامالدىنمۇ، قۇرتتىنمۇ، ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ بولىدۇ، كالتسىي، ماگنىي، فوسفور، كالىي دېگەنلەر شىپا بولىدۇ، چىشنى ئېچىدىنمۇ، تېشىدىنمۇ تۈزەشكە بولىدۇ. ئېغىز دوختۇرلۇقى ناھايىتى كۆپ. ئېغىز دوختۇرلۇقى ئۈچ مەزھەپ، توققۇز تارماققا بۆلۈنىدۇ. غەربنىڭ چىش دوختۇرلۇقى ياۋروپاچە-ئامېرىكىچە دېگەن ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. كەسىپداشلار بىر-بىرىگە كۈشەندە، بەزىلەر چىشنى تارتىدۇ، بەزىلەر يامايدۇ، بەزىلەر قىرىدۇ، بەزىلەر يۇيۇپ تازىلايدۇ. بەزىلەر زاماسكىلاپ قويىدۇ، بەزىلەر سەدەپ سالىدۇ، بەزىلەر سىمابلىق دورا ئىشلىتىدۇ. ئۆلگەن چىشنىڭ يىلىكىنى چىقىرىپ، تاج كىيدۈرۈپ، مىس سىم بىلەن بېكىتىپ، يېڭى چىشتەك چىرايلىق قىلىۋېتىدىغانلارمۇ بار. جۇڭگو چىش دوختۇرلۇقىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇ يىلتىزىدىن ئۇچىغىچە داۋالايدۇ، ھەرخىل چىش ئاغرىقلىرىغا ئىسسىق ئېشىش سەۋەب بولىدۇ. جىگەر ھارارىتى، ئاشقازان ھارارىتى، يۈرەك ھارارىتى، بۆرەك ھارارىتى، ئۆپكە ھارارىتى، تال ھارارىتى ئىسسىق ئېشىشتىن بولىدۇ. سۇ ئىسسىقنى باسىدۇ، يامان ئىسسىقنى ئاسان باسالمايدۇ. مۆتىدىل ئىسسىققا گەپ كەتمەيدۇ، ئېشىپ كەتكەن ئىسسىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن دوختۇرغا ئىلتىجا قىلىش كېرەك. يۇنۇن ئەلدە ئاتاقلىق دوختۇردىن تۆتىلا بار. خەلق ئارىسىدىكى داۋالاشنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار. چىش ئاغرىقىنى يەل گۇمپىسى بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە، چىشنى تارتقۇزغاندىن كېيىن يېڭى چىش چىقسا، يېمەك-ئىچمەكتە ئىسسىق-سوغۇققا دىققەت قىلىش كېرەك...

شى خۇيجاڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ چىقتى، ئۇ قەدىمكى زاماندىكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەلدىكى ھەرخىل چىش ئاغرىقلىرىدىن، ئۇ ھەقتىكى تۈرلۈك نەزەرىيە،

تۆرلۈك مەزھەپلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىكەن. ئۇ ناپالېيوننىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بەش تال ئۈستۈن چىشىدىن تارتىپ كېتىلىرىنىڭ ئاشىنسى بېۋانىڭ جا چىشىنى سىپتشقىچە، شەرقىي خەن دەۋرىدىكى ئايال جەسەتنىڭ ئۈتتۈر چىشىدىن تارتىپ بودا چىشىنىڭ توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى ۋە تۆرلۈك كارامەتلىرىگىچە سۆزلەپ چىقتى، ئاندىن كېيىن ئۇ چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتىكى كونىلىق ساقلىغۇچى مەزھەپ بىلەن رادىكال مەزھەپنىڭ نەچچە مىڭ يىللارغىچە بەس-مۇنازىرە قىلىش ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ گەپلىرى تازا ئېسىل يەرگە كەلگەندە، مەن بىردىنلا: «ۋايجان،ئاغرىق جېنىمنى ئالىدىغان بولدى» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىم.

شى خۇيجاڭ كېچىرىڭ، كېچىرىڭ دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىش داۋالاش بۆلۈمىنىڭ نۆۋەتچى دوختۇرى ئەمەس، چىش ئاغرىقى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى، ئۇ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي تەشكىلات ئىكەنلىكىنى، ناھىيەدىن تۆۋەندىكى چىش دوختۇرلىرىنى قول سانائەت باشقۇرۇش بۆلۈمى باشقۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا دېھقانچىلىق سودا بازىرى باشقارمىسى كىنىشكا تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، ئۇ مېنى دوستانە ياخشى كۆڭلى بىلەن تەنقىد قىلىپ، سىزنىڭ چىش ئاغرىقىڭىز ناھايىتى كونكرېت، بەكمۇ ئاددىي ئىش قاتارىغا كىرىدۇ، سىزگە «چىش ئاغرىقى قامۇسى» ، «چىش ئاغرىقى قىبلىنامىسى» ، «چىش ئاسراش ھەققىدە قىسقا مۇلاھىزە» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى بېرىپ تۇراي، كۆرۈپ بېقىڭ، كونىلارنىڭ يول كۆرسىتىپ بېرىش ئۇسۇلىدىن، چىشىڭىزنى داۋالاش ئۆزۈڭىزدىن دېگەن گەپنى جايىدا ئېيتىلغان دېدى.

بەك ئاچكۆزلۈك قىلىشقا يۈزۈم چىدىماي، ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت دېگەن گەپكە ئەمەل قىلىپ كىتابتىن ئىككىنىلا ئېلىپ قايتتىم، كىتابلارنى ئوقۇپ خۇددى قېلىن تۇماننىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ھەيران بولدۇم. بىلدىمكى، چىش دېگەننىڭ ھەم چېكى بار ئىكەن،

ھەم چېكى يوقكەن، تارتقۇزغاندا چىشنىڭ بولغان بىلەن، تارتقۇزغاندىن كېيىن چىشنىڭ يوقلىدىكەن، ئەنە شۇنداق چىشمۇ يوق، چىشكىمۇ يوق بولۇپ قېلىشنى ئويلاپ چەكسىز مەيۈسلۈككە چۆمدۈم.

مېنىڭ قېيىن ئاغام چەت ئەلدىكى بىلىم ئېلىش ۋە تەتقىقات ئىشىنى تۈگىتىپ يېقىندىلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ مېنىڭ ئەخمەقلىقىم ۋە نادانلىقىمنى ھەمدە شى خۇيجاڭنىڭ قۇرۇق گەپ سېتىپ چىشىمنى داۋالاشقا دەخلە يەتكۈزگەنلىكىنى قاتتىق سۆكتى. ئۇ چىشى ئاغرىقنى يوشۇرۇپ دوختۇردىن قېچىش خۇددى ئا Q نىڭ تېزىنى داۋالىتىشتىن قاچقىنىغا ئوخشاش گەپ، مۇبادا ئا Q تاز پېشىغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، گرېزېنۇ فۇلۇين، ۋىتامىن ھورمان دېگەن دورىلارنى بالدۇرراق يېگەن ۋە NWS سىستېمىسىدىكى چاچ ئاسرىغۇچى مەلھەم دورىلارنى بېشىغا سۈرتكەن بولسا، بەلكىم چىرايلىق چاچ چىقىپ ساڭگىلاپ تۇرغان بولاتتى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، چىش ئاغرىقنى داۋالاتمىسا چىش چىرىپ، بارا-بارا چىش ئەتراپى كېسىلگە، چىش يىلىكى ياللۇغىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، چىش يىلىكى ياللۇغى بارا-بارا سۆڭەك يىلىكى ياللۇغى، سۆڭەك سىلى ۋە يۈلۈن راكىغا ئايلىنىپ، يېنىكرەكى پۇت-قولنى كېسىشكە زامىن بولسا، ئېغىرى جانغا زامىن بولىدىكەن. ئۇ بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ، 1635-يىلى يالغۇز ياۋروپادىلا چىش ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم 5488گە يەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ گەپنىڭ ئاشكارىسىنى ئېيتىپ، «چىش ئاغرىقى ئىلمىي» دېگىنى ساختا ئىلىم، تەرەققىي تاپقان ئەللەر بۇنداق ئىلىمنىڭ بارلىقىنى زادى ئېتىراپ قىلمايدۇ دېدى. ئۇ ئېغىز دوختۇرلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، چىش ئاغرىقى ئىلمىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاقىدىغان-ئاقمايدىغانلىقىنى دەلىللەش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ھەممىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مىزانى بىلەن ئۆلچەيدىغان مىجەزىنى يوشۇرۇن يول بىلەن تەنقىد قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن بەك مىننەتدار بولدۇم. ياخشى

گەپ قۇلاققا ياقماس دەپتىكەن، ئۇ چىش ئاغرىقىمنى ئۇزاققىچە داۋالاتماي كەينىگە سۈرەپ كەلگەنلىكىمنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى، مەن بىر چىشنى دەپ پۇت-قولدىن ھەتتا جاندىن ئايرىلىپ قالماسلىق توغرىسىدىكى بۇ تەكلىپنى مىڭ مىرتەم ماقۇل كۆردۇم.

مەن قەتئىي بەل باغلاپ چىشىمنى يەنە بىر قېتىم تارتقۇزۇش نىيىتىگە كەلدىم ۋە مۇشۇ ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ چىشنى تارتىشتىن باشقا ئامالى بار-يوقلۇقىغا كۆز يەتكۈزەلمىدىم. بىزنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرى ماڭا ھەممىدىن كۆكۈللۈك، ھەممىدىن ئىلمىي، ھەممىدىن پاكىز، ھەممىدىن ئۈنۈملۈك چارە — ئاغرىغان چىشنى تارتقۇزۇۋېتىشتۇر، چىشنى تەشتۈرۈش، قىردۇرۇش ۋە يامىتىشنىڭ ئازابى چىشنى تارتقۇزۇشنىڭكىدىن چەكسىز كۆپ بولىدۇ ھەم ئۇزاق داۋام قىلىدۇ دېگەن مەسلىھەتنى بەردى، خىزمەتداشلىرىم ماڭا كۆيۈنۈپ، چىشىڭىزنى چوقۇم ئەر دوختۇرغا تارتقۇزۇڭ، ئايال دوختۇرغا تارتقۇزماڭ، چۈنكى چىش تارتىش «كۈچ تەلەپ قىلىدىغان» ئىش، چىش دوختۇرلىرىنىڭ ئاشلىق نورمىسى پىرىستانلاردا يۈك توشۇغۇچى ئىشچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشقا تېگىشلىك دېگەن مەسلىھەتنى بەردى، مەن ئۆتكەن نۆۋەت چىشىمنى تارتقىنى دەل ئەر دوختۇر ئىدى دېگەننى ئېيتىشتىن تارتىندىم. خىزمەتداش، دوست-بۇرادەرلىرىم ماڭا چىشنى داۋالىتىشقا دائىر تۈرلۈك تەجرىبە-ساۋاقلارنى، سەممىي مەسلىھەتلەرنى، ئەپچىل يوللارنى، قائىدە-نىزاملارنى كۆرسىتىپ بەردى، «ئالىيجانابلار باشقىلارغا نەسىھەت بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ، چاكىنىلار باشقىلارغا بايلىق بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ»، «مال تۆرى بىلەن، ئادەم تۈپى بىلەن ئايرىلىدۇ» دېگەندەك، مەن ۋە مېنىڭ ئەتراپىمدىكى كۆپچىلىكنىڭ ئالىيجانابلارغا كىرىدىغانلىقىمىزدا شەك بولمىسا كېرەك. ئالىيجانابنىڭ چىشى شۇنچە ئاغرىۋاتقان، تۇرۇقلۇق نومۇر ئالالمايۋاتقانلىقىنى بىر دېمەڭ!

ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ئۆچرەتتە تۇرۇپمۇ نومۇر ئالالمىدىم! ئاڭلىساق

باشتىكى نومۇرلارنىڭ ھەممىسى ئارقا ئىشكتىن تارقىلىپ بوپتۇ، ئاممىنىڭ زەردىسى قايىندى، چىشىم چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتاتتى، بىر جېدەل چىقىراي دېدىمۇ، لېكىن ئابرۇيۇم تۆكۈلۈشتىن ئېھتىيات قىلدىم. چىشىمنى تارتقۇزمىغاننىڭ ئۈستىگە جېدەل تېرىپ سەتلىشىپ يۈرسەم كۆرۈلۈك، بۇنداق ئىشنى قوياي دېدىم-دە، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى خوتۇنۇمغا ئېيتتىم. خوتۇنۇم: بىزنىڭمۇ ئارقا ئىشكىمىز بار! ئارقا ئىشك، ئارقا ئىشك، نوچىلارغا كەڭ ئىشك دەپ بىزمۇ مېڭىپ باقايلى! دېدى.

شۇ گەپ بىلەن مەن ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقى (ئەگەر جا بولسا جاۋابكارلىق مەندە ئەمەس) نى ئالدىم-دە، خوتۇنۇمنىڭ يىراق تۇغقىنى — سەھىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ليۇ چۈجاڭنى ئىزدەپ باردىم. ليۇ چۈجاڭنىڭ دېيىشىچە، بىرىنچىدىن، ئۇ جۇڭيى دوختۇرخانىلىرىنى باشقۇرىدىكەن، ياۋروپاچە دوختۇرلار بىلەن تونۇشمايدىكەن، بولۇپمۇ ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىكىلەردىن ھېچكىمنى تونۇمايدىكەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ چىش ئاغرىقىنى ياۋروپاچە دوختۇرلارغا كۆرسىتىشكە قارشى ئىكەن. ياۋروپاچە دوختۇرلار ئادەم ئورگانىزمىنى پارچىلارغا بۆلۈپ تەھلىل-تەتقىق قىلىدىكەن، بۇ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى كۆز قاراشقا ياتىدىكەن، ئۇلار چىش ئاغرىسا چىشىنىلا، پۇت ئاغرىسا پۇتىنىلا داۋالايدىكەن، يىلتىزىدىن داۋالىماي يۈزە داۋالايدىكەن، كېسەلنى پىچاق، ئامبۇر، يىڭنە، ئىسكەك، قىسقۇچلار بىلەن داۋالايدىكەن، ئۇلار ئادەمنى زاپچاسلاردىن قۇراشتۇرۇلغان مېخانىزىم قاتارىدا كۆرىدىكەن، ياۋروپاچە دوختۇرلار چىش ئاغرىقىنى داۋالاشنا ئاۋۋال ياماپ كېيىن تارتىۋېتىدىكەن، ئۈستى-ئۈستىگە تارتىۋېرىپ تاكى ھەممە چىشىنى تارتىپ تۈگەتكەندىلا توختايدىكەن، ئۇلاردا شۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىكەن. ئۇنىڭ تەتۈرىچە جۇڭيى دوختۇرلىرى ئادەم ئورگانىزمىنى بىر پۈتۈنلۈك، بىر سىستېما، خوراپ تۇرىدىغان قۇرۇلما، ئېنتروپىيىلىك تەبىرنىڭ ئاساسى دېسكىسى

دەپ قارايدىكەن. ئۇلار بەش ئانا سىر بىر-بىرىنى ھاسىل قىلىپ، بىر-بىرىنى يېڭىپ تۇرىدۇ، ئىچكى بەش ئەزا بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ، كىچىككىنە چېشىنىڭ يىلتىزى بۆرەكتە، ئۆپكىدە ۋە بۆرەكتە بولىدۇ، مۇجمەل ماتېماتىكا، زامانىۋى لوگىكا، بىر پۈتۈن بىۋاسىتە سەزگۈ، تەجرىبە تەسىرى دېگەنلەرنى ساناتئەت دەۋرىدىن كېيىنكى بەشىنچى قېتىملىق دولقۇن كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ بىلىدىكەن. ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىكى بەزى ئاتاقلىق دوختۇرلار چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا چىن مەنىدىكى كەلگۈسى تىبابەتچىلىك جۇڭگودا مەيدانغا كېلىدۇ، جۇڭگودا روناق تاپىدۇ، سىلەر ياندىكى قۇيرۇقسىز يىراقتىكى ئۆپكە ئەلا دېگەندەك تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش ئۈچۈن غەربكە كېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئەسلىدە ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق زاتلار مۇقەددەس جۇڭگوغا كېلىپ تەلىم ئالسا توغرا بولىدۇ! دېگەن ئىمىش. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پىكىرنى ئەسلىدە پىكاسو جاڭ داچيەنگە بايان قىلىپ، دۇنيادا بىرلا جۇڭگودا سەنئەت بار دەپتىكەن. خۇددى شۇنىڭدەك، دۇنيادا ھەقىقىي چىشمۇ جۇڭگودىلا بار. گەپنىڭ قىسقىسى، لىۋ چۈجاڭ مېنىڭ چىشىمنى جۇڭيى دوختۇرخانىسىدا داۋالىتىشىمنى تەكلىپ قىلدى ۋە بۇنىڭغا مانا مەن ياردەملىشەمەن دېدى.

خۇشاللىقىمدا چىشىمنىڭ ئاغرىقى ساقايغاندەك بولدى. كۆزۈمنى چەتكىلا، ئەجنەبىيلەرگىلا تىككەنلىكىمگە ئاچچىقىم كەلدى، ئۆتكەندە ۋەھشىيلەرچە چىش تارتىش ئازابىنى تارتقانلىقىمنى ئۆزۈمنىڭ شورىدىن كۆردۈم، ئۇنىڭدىن كېيىن لىۋ چۈجاڭنىڭ ئاغىنىسىگە قارىتىپ خەت يېزىپ بەرگەنلىكىگە مىڭ مىراتەم تەشەككۈر ئېيتتىم. ھېلىقى چىشىمنى تارتقۇزغان يىلى غەرب پىنىگە، غەرب تىبابەتچىلىكىگە ئىشىنىپ، پەن چىشىمنى ساقايتىدۇ دېگەن باللارچە ئويدا بولغان ئىكەنمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىنىڭ كەينى-كەينىدىن يورغىلاپ بىلىنمەيلا ئۆتۈشى ئارقىسىدا، ھەددى-ھېسابى يوق ئىسسىق-سوغۇقنى

باشتىن كەچۈرۈپ، يەنىلا بولۇپ پەلسەپە بولمىسا، پەن ۋە پەلسەپىلا بولۇپ، مۇناسىۋەت ئىلمى بولمىسا بىرەر چىشنىمۇ ساقايتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

لىۋ چۈجاڭ ئۆز خېتىدە مۇنۇلارنى يازغانىدى:

جاۋ جۈرېن:

ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ بەك ئالدىراش بولۇپ سىزدىن ھال سوراپ تۇرالمىدىم، كەچۈرگەيسىز. سىز تاپىلىغان ئىشلارنى بېجىرىۋاتىدۇ، ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇردۇم، خاتىرجەم بولۇڭ، تورلۇق خەۋەرلەرنىڭ تارقالغانلىقى بىكار ئەمەس، شۇڭا ئەلۋەتتە تەبرىكلەيمەن. پروفېسسور دوستۇم ۋاڭنىڭ چىشى ئاغرىپ قاپتۇ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قوشۇمچە دەيدىغىنىم شۇ.

چىشنى ئەنە شۇنداق يول بىلەنلا ساقايتقىلى بولىدىكەن-دە!

جۇڭگىيى دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچى خۇددى شاڭخەيدىكى چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدەك، كىرىۋاتقان-چىقىۋاتقان ئادەملەرگە تولۇپ كېتىپتۇ، كىشىلەر ھەتتا ئەر-ئايال تەرەتخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىمۇ ئۇزۇن ئۆچىرەت تۈزۈپ تۇرۇپتۇ، تەرەتخانىغا كىرىپ-چىققانلارنىڭ ئىشتان بېغىنى كېتىۋېتىپ ئېتىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئىشتان بېغىنى ئېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي يېنىپ چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن ئىچىمدە ھەيران بولدۇم ۋە ئازادلىقتىن بۇرۇن شۇ قەدەر بازىرى كاسات جۇڭگىينىڭ مانا ئەمدى قالتىس ئەتىۋارلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ خۇرسەن بولدۇم. شۇنچە نۇرغۇن خەقنىڭ ئويان-بۇيان چېپىپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ، بىرلا مېنىڭ قولۇمدا لىۋ چۈجاڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ بەرگەن خەت بولغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ، گويا ئالەم مالىمان بولۇپ كەتسىمۇ مەن تەنھا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈم. بىر سېستىرانى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭدىن:

— جاۋ جۇرپىڭنى ئىزدەيتتىم، جاۋ جۇرپىڭ نەدىدۇر؟ — دەپ سورىدىم.

قۇلىقىمنىڭ دەردى بارمۇ-قانداق، ھېلىقى سېستىرا قىلچە ئىپادە بىلدۈرمەي كېتىپ قالدى. سېستىرا دوختۇرلاردەك ئاق خالات كىيىۋالغان يەنە بىر قانچەيلەندىن سورىسام، ئۇلارمۇ قولاق سالمىدى، قاراپمۇ قويمىدى.

قولۇمدا لىيۇ جۇجاڭ يازغان خەت بار! — دېدىم مەن ئالدىمدىكىلەرنى يوش-يوش دەپ.

بۇنىڭدىنمۇ قىلچە نەتىجە چىقمىدى.

ئادىشىپ باشقا دوختۇرخانىغا كېلىپ قالدىممۇ يا دەپ، دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ ۋىۋىسكىغا قاراپ باقتىم، ئاداشمايتىمەن. قايتىدىن قورۇغا كىردىم، باشتىكى غەيرىتىم لاسىدە بوشاپ كەتتى، توپ-توپ ئاغرىقلار قاتارىدا ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان قېقىلىپ خۇدۇمنى بىلمەي قالدىم، «جاۋ جۇرپىڭنى ئىزدەيمەن، قولۇمدا لىيۇ جۇجاڭنىڭ ئۆزى يازغان خېتى بار» دەپ داۋاملىق بار كۈچۈم بىلەن توۋلىدىم ھەتتا نالە قىلغاندەك بولدۇم، ئىشەنچىم تۈگەپ، سۆلىتىم ئۆچتى.

— بىرىپ نومۇر ئال! — دوختۇرخانا خادىملىرى ماڭا قاراپمۇ قويمىغان بولسا، ئاغرىق جامائەت ئەنە شۇنداق غەزەپلىك ۋارقىرىدى. ئۆپچۆردىمگە قارىسام ماڭا دىققەت قىلمۇاتقان بىرەرسى چىقمىدى. ماڭا كاشىلا قىلىدىغان ھېچكىم يوقكەن دېگەن خىيالدا تىزرىۋاتسام يەنە بايقى يەردە بىر ئېغىزدىن چىققاندەك:

— بىرىپ — نومۇر — ئال! — دېگەن غەزەپلىك ۋارقىراش ئاڭلاندى.

مەن خۇدۇمنى بىلمىگەن ھالەتتە بىرىپ نومۇر ئالدىم ۋە نومۇر تارقىتىش ئۆيىنىڭ كۆزنىكى ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئېگىز غادىيىپ ئولتۇرغان سېستىراغا:

— مەن جاۋ جۇرپىڭنى ئىزدەيتتىم! — دېدىم.

نومۇر تارقىتىش ئۆيىنىڭ كۆزنىكى بەك كىچىك ۋە ئورنى پەستە بولغاچقا مۈكچىيىپ، بېشىمنى پەسكە ئېگىپ، نومۇر تارقاتقۇچىنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. قارىسام تەكە بۇرۇلۇقىدەك ئاغرىقلارنى تىرناقچىلىك كۆزنەككە ئىلمايدىغان بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ قارىسى غۇۋا كۆرۈندى.

— مەن جاۋ جۇربىنى ئىزدەيتتىم، — دېدىم مەن ۋە قولۇمدا مىجىلىپ يۇمشاقلىشىپ قالغان خەتنى چىقاردىم.

— 7-ئۆيدە، — دېدى نومۇر تارقىتىش ئۆيىدە رەڭگىروينى ئۆزگەرتمەي ئولتۇرغان كىشى ئوچۇق جاۋاب بەرمەي.

ئۇ 1-ئۆيدە داۋاتامدۇ! 11-ئۆيدە داۋاتامدۇ؟ ياكى 17-ئۆيدە داۋاتامدۇ؟ ھەر ھالدا بۇنىڭ ھەممىسى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى، بوينىم يۇقىرى-تۆۋەن تەلمۈرۈپ توختىماي ھەرىكەتلەنگەچكە تېلىپ كەتكەنىدى.

يەنە سوراۋېرىشنى يالتايدىم. ئۆچرەتتىكىلەر مېنى تۇرتۇپ چەتكە چىقىرىۋەتتى. مەن ئىزدىگەن ئۆيۈمگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئارىغا قىستىلىپ كىرسەم، باشقا ئاغرىقلار توختىماي تۇرتۇپ مېنى چەتكە چىقىرىۋەردى. غۇزۇندە ئاچچىقىم تۇتتى-دە، مەنمۇ باشقىلارنى تۇرتۇشكە باشلىدىم. ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان ئىتتىرىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى 1-ئۆيگە كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئايال دوختۇر ئولتۇرۇپتۇ، بۇياق جاۋ جۇربىندەك قىلمايدۇ دېگەن يەرگە كېلىپ، ئىشىكتىن بوينىنى سوزۇپ قاراۋاتقان ئادەملەرنى ئىتتىرىپ 1-ئۆيدىن چىقتىم-دە، 7-ئۆيگە كىردىم. قارىسام ئۇ يەردە ياشقىنا بىر دوختۇر ئولتۇرۇپتۇ، ئۇمۇ جاۋ جۇربىندەك قىلمىدى، مەن داۋاملىق باشقىلارنى ئىتتىرىپ ھەم باشقىلارغا ئىتتىرىلىپ ماڭدىم، توپنىڭ كۈچى مېنى سۈدەپ ئېقىتىپ 11-ئۆيگە ئەكىرىۋەتتى، قارىسام چاچ-ساقىلى ئاقارغان بىر دوختۇر ئولتۇرۇپتۇ، «جاۋ جۇربىن مۇشۇ ئىكەن» دەپ تازا خۇشال بولۇۋاتسام، باشقىلار مېنى بىراقلا چەتكە ئىتتىرىۋەتتى. ئەمدى 8-ئۆيگە كىردىم، بۇ يەردىكى دوختۇر بىر ئاغرىق كىشى بىلەن

تاكاللىشۋېتىپتۇ. ئاغرىق كىشى قولى بىلەن دوختۇرنىڭ بۇرنىنى تۇتۇۋېپ: «سەندەك دوختۇرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن!» دېسە، دوختۇرمۇ ئاغرىق كىشىنىڭ بۇرنىنى تۇتۇۋېپ: «مەنمۇ سەندەك ئاغرىقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن!» دەۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى ئۆزىنى باسالماي قىلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭمۇ جاۋ جۇرېن ئەمەسلىكىگە كۆزۈم يەتتى، جاۋ جۇرېن بولغىنىدا ئاغرىق بىلەن تاكاللىشىپ يۈرمىگەن بولاتتى، ئاغرىقمۇ جاۋ جۇرېن بىلەن تاكاللاشمىغان بولاتتى دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ھەتتا بۇنىڭدىن «كۆرۈپ باقمىغان» دېگەن گەپ تېگىدە ئىنتايىن يامان سەلبىي گەپ ئىكەن-دە، كۆرۈپ باقمىغان نەرسە گەپ يوق ئەسكى بولىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن چۈشەنچىنى ھاسىل قىلدىم. بىراق ئۆزۈممۇ جاۋ جۇرېننى كۆرۈپ باقمىغانغۇ، ئۇنداقتا جاۋ جۇرېننى ئىزدەپ نېمە قىلىمەن! دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ئەمدى 9-ئۆيگە كىرىپ ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان بىر يىگىتنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئاغرىقلارنىڭ بەك ئازلىقىغا قاراپ بۇياقتا ئاغرىقلار ئىشەنمەيدىكەن-دە، دەپ ئويلىدىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تىلىمنى چاينىپ:

— مەن ئەسلى جاۋ جۇرېننى ئىزدىمەكچى ئىدىم...—دېدىم.

— جاۋ جۇرېن مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ ياق قەتئىي ئاھاڭدا.

ئىشەنمەسلىككە ئاساسىم بولمىغاچقا ئىشەندىم، ئەمما كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. چۈنكى ئاغرىۋاتقاچقا جاۋ جۇرېننىڭ كىملىكىنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىشقا رايىم بارماي، ئاغرىقىمنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلدىم.

ئۇ يىگىت مۇلايىم ئاھاڭدا ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ دەپ، بىر تال پولات سىمبە بىلەن چىشىمغا توكۇلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى، سىمبە ئاغرىق چىشىمغا تەگكەندە ۋاي دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

جاۋ جۇرېن ئىچ ئاغرىنىش بىلەن باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە

رېتسېپ يېزىشقا كىرىشتى، خەت دېگەننى قالتىس گۈلگە گۈل كەلتۈرۈپ يازىدىكەن. بىر ھازادىن كېيىن يېزىپ بولۇپ ماڭا بەردى، قاراپ باقسام تونۇيالمىدىم. خەتلەرنى تونۇغاچ دورىخانا تەرەپكە ماڭدىم، شۇنداقلا قارىسام 2×3×7 دېيىلگەن ئاغرىق توختىتىش دورىسى يېزىقلىق تۇرىدۇ.

بىلدىمكى، بۇ ئاغرىق توختىتىش دورىسى كۈنىگە ئۈچ نۆۋەت، ھەر نۆۋەتتە ئىككى تالدىن يەيسىز دېگەن سۆز ئىدى، دورىنىڭ مىقدارى بىر ھەپتە يېيىشكە يېتىدىكەن! ئىمزا قويغان يەرگە قاراپ تېخىمۇ تونۇيالمىدىم، بىر تۈرۈپ جۇ دېگەن خەنكە، بىر تۈرۈپ لىيۇ دېگەن خەتكە، بىر تۈرۈپ چۇ دېگەن خەتكە، يەنە بىر تۈرۈپ شۇي دېگەن خەتكە ئوخشايتتى، ئىشقىلىپ شۇنىسى ئايدىڭ بولدىكى، ھېچقايسىسى جاۋ دېگەن خەت ئەمەس ئىدى!

— ئالدامچى! — دېدىم مەن.

كۆڭلۈم بەك ئازار يېگەچكە جېدەللەشتىم. ئۆزىنى جاۋ جۇرېن دەپ ئاتىغان تۆت كىشى — بەزىسى ئەر، بەزىسى ئايال، بەزىسى قېرى، بەزىسى ياش — ماڭا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ئۇلار مۇنداق دېدى:

— جۇڭگىمىزنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق، بولۇپمۇ سوزۇلما، ماغدۇرسىزلىق كېسەللىرىنى داۋالاشتا شۇنداق. ئەمما چىش ئاغرىقىغا كەلگەندە جۇڭگىمىزنىڭ ئالاھىدە دېگۈدەك ئامالى يوق، بۇ تەپسىلىتىشتا تېگىشلىك، لېكىن بۇ پاكىت. دەرۋەقە، بۇ بىر تەرەپىمىزگىلا قارىشى، سىرتقا يېيىشقا بولمايدىغان پايدىلىنىش خەۋىرى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، ياۋروپاچە تىبابەتچىلىكمۇ جۇڭگىنى ئۇلۇغ بىلىدۇ. ئاغرىق توختىتىش دورىسىنىڭ ئاغرىق پەسەيتىش ئۈنۈمى ياخشى. ئەڭ ياخشىسى سىز ئاۋۋال ئاغرىق توختىتىش دورىسىدىن بىر ئاز يەڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ياۋروپاچە داۋالايدىغان دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. سىزنىڭ جۇڭگىغا چىن ئېتىقاد قىلغانلىقىڭىز كىشىنى

تەسىرلەندۈرىدۇ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، جىگىمنىڭ چىش ئاغرىقىغا ھېچقانداق ئامالى يوق دېيىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چىشنىڭ ئاغرىشى يامان ئىسسىقنىڭ كۆچىدىن بولىدۇ. سىز ئىپار، دېڭىزبا، بۆكەن مۈڭگۈزى، كاپۇر، يالپۇز دېگەنگە ئوخشاش سوغۇقلۇق ئاچچىق دورىلارنى يېسىڭىز بولىدۇ. ئەمما شۇنى بىلىپ قويۇڭ، بىرىنچىدىن، بۇ دورىلارنى يېسىڭىز بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۈنۈم بېرىدۇ، چىشىڭىزنىڭ بەك ئاغرىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، بىر ھەپتىگە چىداشلىق بېرەلەمسىز؟ ئىككىنچىدىن، بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسى ئىچ سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئاز يېسىڭىز ئۈنۈم بەرمەيدۇ، جىق يەۋەتسىڭىز، ئىچىڭىز توختىماي سۈرۈپ ماغدۇرسىزلاندۇرىدۇ، ئۇنداقتا چىشىڭىزنى ساقايتىش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ دورىلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن نوچىسى ئىپار، بىراق سەھىيە مىنىستىرلىكى 19××-يىلدىكى ××نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئىپارغا ھەركىم ئۆزى پۇل تۆلەيدۇ، ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ دەپ ئوچۇق كۆرسەتتى. يەنە كېلىپ بۇ دورىنىڭ بەك قىممەتلىكىنى كۆرمەمسىز، دېمىسىمۇ قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ھەققە مەخسۇس ھۆججەت چىقارغان گەپ-تە، ئەرزان بولسا ھۆججەت چىقىرىپ يۈرەتتىمۇ،

— مېنىڭ جاپالارنى تارتىپ، ھەتتا لېۋ چوجاڭنى ئىزىغا سېلىپ ئېرىشكىنىم ئارانلا مۇشۇ 7×3×2 ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىكەن-دە! — دېدىم مەن ۋارقىراپ.

— بولدى، بولدى، سىزنى يىڭنە بىلەن داۋالايلى...

شۇ گەپ بىلەن ئېگەك پەللەمگە ۋە قولۇمغا يىڭنە سانجىپ قويدى، مەن ئىلاجىسىز ئاغرىق توختىتىش دورىسىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەتتىم.

يىڭنە ۋە دورا ھەر ھالدا كۈچىنى كۆرسەتتى، دېگەندەك ئاغرىقنى پەسەيتتى. ئۆزۈممۇ بىر ئاز ئارام تېپىپ قالدىم. چىشىم ئاغرىۋاتقاندا، ئۇ ئانداقكەن، بۇ مانداقكەن دەپ ئايرىپ تېمە

www.uyghurkitap.com

قىلاي، ياۋروپاچە داۋالايدىغىنى بولامدۇ ياكى جۇڭگوچە داۋالايدىغىنى بولامدۇ، كېسەلنى ساقايتقىنى ياخشى دوختۇر، قىممەت بولسۇن، ئەرزان بولسۇن، كېسەلگە شىپا بولغىنى ياخشى دورا دېگەن يەرگە كەلدىم.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتتى، دورىنى يەپ تۈگەتمەي تۇرۇپ چىشىم يەنە ئاغرىشقا باشلىدى-دە، ئۇنىڭ دەردىدىن يۈزۈمنىڭ يېرىمى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. ئارامىمدا ئولتۇرالمايدىغان، گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، ئىشقا قولۇم بارمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ، كارىۋاتتا تاشلىنىپ ئىڭراشقا باشلىدىم. ئىڭراش ئاۋازىم قاتتىق بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئەل ئۇيقۇغا پاتقان تۈن كېچىدە پۈتۈن بىناغا ئاڭلىنىپ ھەممەيلەننى بىئارام قىلىۋېتىپتۇ. مەن تۆپەمدىكى قوشنام — خەلقئارا چىش ئاغرىقى ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شى خۇيجاڭنى بىئارام قىلىپ قويغانلىقىمغا بەك ئۆكۈندۈم.

شى خۇيجاڭ ئۇچىسىغا كاستۇم، پۇتىغا بەتىنكە كىيىپ، گالستۇك ئېسىپ ۋە ئۇنىڭغا بۇلاپكا تاقاپ، سول مەيدە يانچۇقىغا گالستۇكنىڭ رەڭگىدە گۈللۈك قولياغلىق سېلىپ بىر ئۇچىنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇپتۇ، ئۇستى بېشىدىن ئەرلەرگە خاس پارىژ ئەتىرىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇراتتى. كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىرقانچە كۈن بولغانىدى، قارىسام، جەمئىيەت باشلىقى بولغان بۇ ھەزرەت ئادەم ئىچ ئاغرىپ يىغلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ پەرىشان ھالىتىمنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ھەي دەرىخا! كىچىككىنە چىش ئاغرىقىغىمۇ شۇنچە قىلىپ كېتەمدىغان! جەمئىيىتىمىز ئەسلىدە گوللاندىيىنىڭ خان جەمەتى تىبابەتچىلىك جەمئىيىتى بىلەن تونۇرا لىنىيىلىك ئالاقە ئورناتقان ئىلمي ئورگان ئىدى، سىزنىڭ بۇ كونكرېت چىشىڭىز جەمئىيىتىمىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمەيتتى ھەم ئۇنى باشقۇرۇشقىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. بىراق ئامال يوق، سىزنىڭ ئىڭراشلىرىڭىز مېنىڭ دەم

ئېلىشىمغا تەسىر يەتكۈزدى، چاكىنا-چۈككىنە ۋاي-داتلىرىڭىز مۆتىۋەر، ساغلام ئەقىل-پاراسىتىمگە دەخلى يەتكۈزدى. شۇڭا ئىنسانپەرۋەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، سالاپىتىمدىن چۈشۈپ چىشىڭىزنى ئۆزۈم داۋالاشقا مەجبۇر بولدۇم، قۇلاق سېلىڭ:

«جۇڭگوچە داۋالاش سىرلىق، ياۋروپاچە داۋالاش چۈۋالچاق. ئۆز ئەنئەنىمىزنىڭ تارىخى ئۇزاق، چەتتىن كىرگەن داۋالاش قوپال. دورا بىلەن ئاغرىق توختىتىش داۋالاشتىكى چۈشكۈنلۈك. ئىگەك پەللىسىگە يىڭنە سانجىش — باش قېچىشقا بۆكنى تاتىلدىغاندەك ئىش. ياۋروپاچە دوختۇرلار چىشنى ماشىنا قاتارىدا كۆرۈپ، خۇددى سېخلاردا قىرغۇ ستانوكلىرىنى پىرقىرىتىپ بىر نەرسە قىرغاندەك، سلېسارلار ئامبۇر بىلەن بىر نەرسە تارتقاندەك، چىشنى تۆمۈر سايمانلار بىلەن قىرىدۇ، تارتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، خەلقتىن ئۆگىنىڭ، خەلق ئىچىدە ئەپلىك چارە، دانا تېپىپ چىق، خەلق تاغنى تالغان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئالدىدا چىش ئاغرىقى دېگەن قانچىلىك ئىش بولسۇن!» — دېدى.

شى خۇيجاڭ شۇ گەپ بىلەن بىرقانچە مومايىنى چاقىرىپ ئەكىردى، ئۇلار ئۈچ ئويماق (بۇ چوقۇم ئۈچتىن بولۇشى كېرەككەن، ئالىيۇمىن ۋە نىكېلدىن ئىشلەنگىنى بولمايدىكەن) نى ئاچچىقسۇغا ملاپ مېنى سىيرىپ داۋالىدى. مەن بېلىمنىڭ يۇقىرىسىنى يالىڭاچلاپ بەردىم، ئۇلار بويىنىمنىڭ تۆمۈرتقىسىدىن تارتىپ ساغرامغىچە قايتا-قايتا سىيرىپ، ئۇچامغا بېلىق تاز-نېمەتلىرى تاشخانىسىنىڭ باھاسى نەچچە رەت ئۆسكەن، شېكەر سېلىپ پىشۇرۇلغان بېلىق گۆشىنىڭ رەڭگىدىنمۇ توقراق قان ئۇيۇشقان ئۈچ بول سىزىق پەيدا قىلىپ قويدى، پۈتۈن بەدىنىم ئاچچىقسۇ پۇراپ كەتتى. شى خۇيجاڭ ئۇنىڭدىن كېيىن بوي-تۇرقى كۆپتەك دوغىلاق، يوغان داڭقانىنى ئورنىدىن دەس كۆتۈرەلەيدىغان بىر يەل گۆمپا ئۇستىسىنى ماڭا يەل گۆمپىسىنى

ئىشلىتىشكە چاقىرىپ كەلدى. يەل گۆمپا ئۇستىسى سول پۇتىنىڭ ئۇچىنى يەرگە بىلىنەر-بىلىنمەس تەگكۈزۈپ، ئوڭ پۇتىنى ئېگىپ، سول ئالقىنىنى ئالدىغا، ئوڭ ئالقىنىنى كەينىگە قىلىپ، مېنىڭ ھېچنېمە سەزمەس بولۇپ قالغان قوۋۇزىغىمغا گۆمپا ئىشلىتىشكە باشلىدى. مۇنداق گۆمپىنىڭ خىشنى چېقىپ، تاشنى يارالايدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئالتان گۆمپىسى ئاستىدا پولات قىلىچمۇ ئېگىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بولغاچقا، بىر گۆمپا بىلەن پۈتۈن ئېغىز بوشلۇقىمنى ھەتتا بويىنىمنى پارە-پارە قىلىۋېتىشتىن قورقۇپ غال-غال تىترەپ كەتتىم. نەدىن بىلەي، شۇ تىترەك بىلەن تەڭ چىشىمنىڭ ئاغرىقى سەل پەسلەپ قالدى. شى خۇيجاڭ كارىۋاتتا تىرەپ ياتقان مېنى كۆرسىتىپ، خوتۇنۇمغا:

— مانا قاراڭ، يەل گۆمپا نېمىدېگەن قالتىس! ئەنە، ساغلام قوۋۇقەت ناچار قوۋۇەتنى قورقىتىپ ئۆزمەي تىترەككە سېلىۋاتىدۇ! — دېدى.

ھەش-پەش دېگۈچىنىڭ ئارىلىقىدا، يەل گۆمپا ئۇستىسى كۆزلىرىنى سۈرلۈك چەكچەيتىپ، پۈتۈن كىندىك قوۋۇتىنى ئىشقا سېلىپ: «پىرىل!» دەپ ۋارقىرىدى.

چىشىمنىڭ ئاغرىقى توختىدى. بىر قۇر تەرلىدىم، ئۇخلىۋام ئۇيۇتمىستى يەپ ئۇخلاپ قالدىم.

دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىن چىشىم بارا-بارا ساقىيىپ قالدى. مەن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كىملا كۆرسەم ئەل ئارىسىدىكى تېۋىپلىق ھۈنىرىنىڭ قالتىس كارامىتى بارلىقىنى، چەتتىن كىرگەن ياۋروپاچە تىبابەتتىنمۇ، ئۆزىمىزدە باشتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جۇڭيىدىنمۇ ياخشىلىقىنى سۆزلەيدىغان بولدۇم. كەچلىك گېزىتنىڭ مۇخبىرى كېلىپ مېنى زىيارەت قىلدى، زىيارىتى تۈگىگەندىن كېيىن تۆپىدىكى شى خۇيجاڭنىڭ ئۈيىگە چىقىپ پۇختادىن چىققۇچە يەپ-ئىچىپ قايىندى. كېيىن كەچلىك گېزىتكە «شىپالىق داۋا ئەل ئارىسىدىن تېپىلىدۇ» دېگەن مەخسۇس تېمىدا خەۋەر بېسىلىپ چىقتى. بۇ

خەۋەر «سەككىز سائەتنىڭ سىرتىدا»، «مۇشتىرىلار مەجمۇئە-
سى» دېگەن مەتبۇئاتلارغا كۆچۈرۈپ بېسىلدى، چىش ئاغرىقىم
مۇناسىۋىتى بىلەن نامىم چىقىپ قالغاچقا، لوس ئانژېلېستا ياشاۋاتقان
كونا جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن بىرسى ماڭا خەت يېزىپ، چىش ئاغرىقى
دەستىدىن چىدىغۇسىز ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى، يۇقىرىدىكى خەۋەرنى
كۆرگەندىن كېيىن ئۈمىدىنى جۇڭگوغا باغلىغانلىقىنى، يېقىن ئارىدا
ۋەتەنگە قايتىپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، مېنىڭ ئەل
ئارىسىدىكى ھېكمەتلىك تېۋىپ بىلەن يۈز كۆرۈشۈشۈمگە ياردەم
بەرگەيسىز دەپتۇ. چىشىمنى داۋالىتىش تەجرىبەمنىڭ ۋەتەنپەرۋەر
مۇھاجىرلار ۋە چەتتە تۇرۇشلۇق ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە
قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ياردىمى تەگكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەنت
بولدۇم. بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئەھۋال ئىگىلەشكە ئادەم ئەۋەتتى.
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، شى خۇيجاڭ كۆچۈپ كەتتى، ئاڭلىشىمچە،
ئىلمىي جەمئىيەتتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنى
ۋە تۇرار جاي ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپتۇ. پاھ، پاھ. ئارىدىن ئىككى
ئاي ئۆتكەندە، تۇساتتىن شى خۇيجاڭنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى،
خەلقئارا چىش ئاغرىقى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تارقىتىلغانلىقى، شى
خۇيجاڭنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىنىپ ئۇنىڭغا
گۇپپاڭچى بولۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن ئىختىيارسىز تەشۋىشكە چۈشۈپ،
شى خۇيجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ باش-ئايىغى ئۈستىدە
توختىماي قايتا ئويلىنىپ كۆردۈم. شى خۇيجاڭنىڭ پېشكەپ چىشىمنى
داۋالىتىش ئۈچۈن ئېسىلدىمىكىنا؟ شى خۇيجاڭنىڭ يالغان نەتىجىلىرىنى
تەرغىپ قىلدىمىكىنا؟ بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ئېسىل دورىنى
سوۋغا قىلغانلىقىم شەخسىي مەنپەئەتىمنى كۆزلىگەنلىك بولامدىكىنا؟
پارا بەرگەنلىكىم بولامدىكىنا؟ شى خۇيجاڭنىڭ ئابرويىنى دەپ ئۆز
ئىختىيارىم بىلەن ياكى باشقىلارنىڭ تەسىرى بىلەن گۇپپاڭچى
بولۇپ بەردىمىكىنا؟ شى خۇيجاڭنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىن قارىغاندا،

ئۇنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىكەن. مەن شۇ ئالدامچى بىلەن ئاپاق-چاپاق بوپتىمەن، ئۇنداقتا ئۆزۈم قانداق ئادەم بولغان بولىمەن؟ چىشىمنى داۋالىتىشتىن تاشقىرى باشقا نىيىتىمۇ بولغانمۇ؟ كەچلىك گېزىت خەۋىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇمدا باشقا غەرەزنى كۆزلىگەن يېرىم بولغانمۇ؟ دېگەنلەرنى تولا ئويلاپ چىشىم يەنە ئاغرىشقا باشلىدى، ئاغرىغاندىمۇ جېنىمنى ئالغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق ئاغرىدى!

چىشىم ئاغرىش بىلەنلا قالماي، پۈتۈن تەزايىمنى ئاغرىق قاپلىۋالغاندەك بولدى. قىزىتمام 38 گرادۇسقا يېتىپ بېشىم قايدى، كۆزۈم تورلاشتى، كۆڭلۈم ئاينىپ قۇسقۇم كېلىدىغان، ھەتتا تاپىنىمغىچە تىترەيدىغان بولۇپ قالدىم. بارلىق خىزمەتداشلىرىم يوقلاپ كېلىپ، تەلەيدىن كۆرەي دەيدىغان تەۋەككۇلچىلىكنى تاشلىشىم، چىش تارتقۇزۇشتىن قورقماسلىقىم، ئاسان يول تاپىمەن دەپ يۈرمەي، ئۇدۇل ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىشىم توغرىلىق مەسلىھەت بەردى. فاكۇلتېت مۇدىرى ماڭا: جاھاندىكى ھەممە ئىش سەممىي چىنلىق بىلەن پۈتىدۇ، چىشىڭىز ئاغرىغان ئىكەن، ئۇنى چىن ئىش بىلىپ، دوختۇرغا سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىڭ، چىشىڭىزنى سەممىيلىك بىلەن تارتقۇزۇۋېتىڭ، بۇدا يەنە كەينىگە سۆرەيدىغان بولسىڭىز، ئاغرىقتىن قورقۇپ ئۆزىڭىزنى زىيانغا ئۇرغان بولىسىز. ئاغرىقتىن قورققان كىشىدە سەممىيلىك بولمايدۇ، سەممىيلىك بىلەن قىلىنغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئازراق بېسىمغا چىدىماي تۇرۇپ چىشىڭىزنى ساقايتالامسىز؟ بۇ كىچىك ئىش بولغىنى بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقەت چوڭ، ھەق-ناھەقنى قانداقمۇ ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولسۇن؟ دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

مەن بۇ گەپلەرگە قايىل بولۇپ توققۇز تەزىم قىلغۇم كېلىپ كەتتى. سەممىي پوزىتسىيە ئىلمىي پوزىتسىيە دېمەكتۇر. ئىلىم بولمىسا ئېغىزمۇ ساغلام بولمايدۇ، بۇ نېمە دېگەن قالتىس گەپ-ھە! ئىنكارلارنى ئىنكار قىلىمەن دەپ ھەرقانچە ئىنكار قىلساڭمۇ ئىلىمدىن ئايرىلالماي-

سەن! شۇغىنىسى ئۆلمىي ئىش قىلاي دېسەڭ ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ! نومۇر ئالالمايسەن! ئاھالىسى مىليونغا يېتىدىغان شەھەردە مۇنتىزىم ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىن ئارانلا بىرى بار، ئارقا ئىشىكى يوقلار ئالدىنقى كۈنى ئاخشىملا دوختۇرخانا دەرۋازىسىغا بېرىپ ئۆچىرەت تۇتۇشى كېرەك، بىزدەك ياشىنىپ قالغان بوۋاي-موماينلار، كېسەلچان ئەر-خوتۇنلاردا ياش ۋاقتىمىزدىكىدەك ئۆچىرەتكە تۇرىدىغان ئىشتىياق نېمىش قىلسۇن؟ ئىشتىياقىڭ بولمىغان ئالالمايسەن، چىشىڭنى ئۆلمىي ئاساستا داۋالىتىشقىمۇ ئىلاج قىلالمايسەن! تېلېفوندا پالانى قېيىن ئاغا، پوكۇنى تاغا، پۇستانى كىچىك ئاپا دەپ ئېيتىپ قويۇپلا داۋالاش بۆلۈمىگە غادايغان پېتى كىرىۋېرىدۇ-دە، ھەممىدىن ياخشى داۋالىنىپ، ھەممىدىن ئاز پۇل تۆلەيدۇ، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! نېمە دېگۈلۈك!

ئەسلىدە ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ نومۇر بېرىش ئەھۋالىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىدى ۋە ئۇنىڭغا ئانچە پىكرىممۇ يوق ئىدى. بۇرادەرلىرىم مېنى ئۆلمىگە ئەھمىيەت بەرمىدى دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ئۆلمىم ماكانىدىن ئاغرىنىشقا باشلىدىم. بۇ ھەقتە گەپ قىلغانچە غەزىپىم تېشىپ ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا باشلىغان ھامان، يۈزۈمگىمۇ سەل قېلىنلىشىپ قالدىكەن.

فاكۇلتېت مۇدىرى ماڭا شەھرىمىزگە يېڭىدىن جۇ فامىلىلىك بىر باشلىق تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان، زىيالىيلارنى ئاسرايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، بىرمۇنچە پروفېسسور ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ كونكرېت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ، شۇ كىشىگە بىر پارچە خەت يېزىڭ، شەھەر باشلىقى غەمخورلۇق قىلسا، روھ ماددىغا ئايلىنىدۇ-دە، چىشىڭىزغا ئاسانلا شىپالىق تېپىلىدۇ دېدى.

مەن ئارىسالدا بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمىدىم. خىزمەتداشلىرىم ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، مېنى چىشى ئاغرىۋاتقاندا ئۇبدان يازالمايدۇ،

بىز يېزىپ بىرەيلى دېگەن يەرگە كېلىشتى ۋە خەتنى ھەش-پەش دېگۈچىلا يېزىپ پۈتكۈزدى، خەتتە چىش ئاغرىقىنىڭ ئازابى بايان قىلىنىپ، نومۇر ئېلىشتا ئارقا ئىشىكتىن ماڭمىدىغان ناتوغرا ئىستىل تەنقىدلەنگەنىدى. تەسىرلىك ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق يېزىلغان بۇ خەتنى ماڭا ئوقۇپ بېرىشتى، مەن باشقىچە پىكىر بىلدۈرمىدىم. ئۇلار خەتنى دەرھال ئاققا كۆچۈرۈپ، ماڭا ئىمزا قويۇڭ دېدى. مەن مۇنداق خەت يېزىش دۇرۇس بولارمۇ يوق دېگەننى ئويلاپ بولغىچە خوتۇنۇم تامغام بىلەن سۇرۇق قۇتىسىنى ئەكىلىپ، خەتكە تامغا بېسىپ ئۈلگۈردى. خىزمەتداشلىرىم خەتنى مېنىڭ ئورنىمدا تۆت فۇڭلۇق ماركا چاپلاپ پوچتا ساندۇقىغا سېلىۋېتىدىغان بولدى، يولداشلىرىمنىڭ دوستلۇق مېھرىدىن تەسىرلىنىپ كەتتىم.

خەت سېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۆزۈم ناھايىتى سەت، ناھايىتى ئويات بىر ئىش قىلغاندەك دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ بىر تال چىش ئاغرىقىنى دەپ شەھەر باشلىقىنى ئاۋارە قىلغىنىم نېمىسى، پۈتۈن شەھەردىكى بىر مىليون ئادەمنىڭ ھەربىرىدە 36 تالدىن جەمئىي 36 مىليون تال چىشى بار دېگەن سۆز، مۇبادا ھەممىلا ئادەم بىر تال چىشى ئۈچۈن شەھەر باشلىقىنى ئاۋارە قىلغىلى تۇرسا، شەھەر باشلىقى قانداقمۇ ئىشلىيەلىسۇن! بۇنداق قىلىقنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن، ئىسيانچىلاردىن قېپقالغان يامان كەيپىياتنىڭ زەھىرى دېمەي بولامدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ بەك خىجىل بولدۇم.

شۇ خەت سېلىنىپ ئەتىسى شى شۈيا (شى خۇيجاڭ)دىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ خېتىدە ئۆزىدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمىغانلىقىنى، ئۆتكەندە بولۇنغان گەپلەر پۈتۈنلەي ئوقۇشماسلىقتىن بولغانلىقىنى يېزىپتۇ، يەنە خېتىدە چىشىڭىز ئاۋارە قىلسا مېنى ئىزدەڭ دەپتۇ. ئۇ ئەمدى تازلارنى داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتى دېگەن باشقا بىر جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى بولماقچىكەن، ئۇ چەت ئەلدىن 15 مىڭ مارك پۇل ياردەمگە ئىگە بولۇپتۇ ھەمدە چېچىڭىزدا

باشقىچە ئەھۋال بارمۇ-يوق، ئەگەر بولسا خالىغان چېغىڭىزدا ياردەم قىلىمەن دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ يۈرەكئالدى بولۇپ كۈنىگە نەچچە رەت چېچىمنى تۇتۇپ باقىدىغان بولدۇم.

دېگەندەك، شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى شەھىرىمىزنىڭ تېلېۋىزىيە يېڭى خەۋەرلىرىدە تازلارنى داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلدى، قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا جىقلا ئادەم قاتنىشىپتۇ. شى شۇيا چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئۇيان-بۇيان چېپىپ ناھايىتى جانلىنىپ كېتىپتۇ. باشقىلار ماڭا ئۇنىڭ ھەققىدە يېڭىلىق ياراتقۇچى شەخس ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

يەنە بىر كۈنى ئېغىز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ بىر پارچە ئالاقىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

جۇ شىجاڭغا يازغان خېتىڭىزنى بىزگە ئەۋەتىپ بەردى. نومۇر ئېلىشتا ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ئەھۋالىنى تەنقىد قىلغانلىقىڭىز توغرا، ئاساسىي جەھەتتىن پاكىتقا ئۇيغۇن. سىزنىڭ ياشىنىپ قالغان تۆھپىكار زىيالىي ئىكەنلىكىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەر باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، چېچىڭىزنى داۋالاشقا ئاغرىتماي داۋالايدىغان باش دوختۇر دى ۋۇتوڭنى بەلگىلىدۇق، مۇشۇ ئاينىڭ 28-كۈنى ئەتىگەن سائەت 8دە دوختۇرخانىمىزنىڭ ئالىي بۆلۈمىگە قاراشلىق 54-داۋالاش ئۆيىگە كېلىپ كۆرۈنىسىز بولىدۇ. كەلگەندە نومۇر ئالىمەن دەپ يۈرمەي، دوختۇرغا كۆرۈنگەندىن كېيىن تولۇقلاپ قويسىڭىز بولىدۇ، خىزمىتىمىز ھەققىدە داۋاملىق تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىپ تۇرۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز. كېلىپ ھەمكارلىشىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمىز، دوختۇرخانىمىز چىشى ئاغرىغانلارنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن تاللايدىغان ئەڭ ياخشى جايدۇر!

مەن بەك خۇرسەنت بولدۇم. شەھەر باشلىقى نېمە دېگەن

ياخشى، ئۇ خەلقنى ئۆز پەرزەنتىدەك سۆيىدىكەن! دوختۇرخانا نېمە دېگەن ياخشى، نېمە دېگەن كەمتەر! ئىش ئۇنۇمى نېمە دېگەن يۇقىرى، دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى نېمە دېگەن چاققان، بۇ جەھەتتە توكيودىكى چىش دوختۇرخانىسىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىكەن! دوختۇر نېمە دېگەن ياخشى، داۋالايدىكەنۇ-ئاغرىتمايدىكەن، ماڭا خۇدايىمنىڭ رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ! ئۆمرۈمدە جان قىيىشتىن، شەھۋەتخورلۇقتىن ساقلىنىپ، ياخشىلىق، خەير-ساخاۋەتكە بېرىلىپ كەلگەنلىكىمنىڭ خاسىيىتىنى ئاخىرى كۆرىدىغان ئوخشايمەن دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

بىراق تۇرۇپلا يەنە بالدۇرقىدىنمۇ بەكرەك قورقۇشقا باشلىدىم. ئېغىز كېسەللىرى دوختۇرخانىسىغا بارسام راستىنلا تارتماي ساقايتالامدۇ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئاغرىپ، سېسىپ، ئەينەككە قارىسامۇ كۆزگە تۈزۈك كۆرۈنمەس بولۇپ قالغان كىچىككىنە بىر تال چىشىمنى ئامان ساقلاپ قېلىشتىن ئۈمىد بارمۇ؟ چىشىمنى تارتمايدۇ ياكى تارتسىمۇ ئاغرىتمايدۇ دەپ خاتىرجەم بولۇشۇم مۇمكىنمۇ؟ مەيلى ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى بولسۇن ۋە مەيلى جەننەت دوختۇرخانىسى بولسۇن، مەيلى ئاغرىتماي داۋالايدىغان دوختۇر بولسۇن ۋە مەيلى كوچىلاپ تەكشۈرىدىغان دوختۇر بولسۇن، چىشىمنى تارتماقچى بولسا بېھۇش قىلىش ئوكۇلى سالماي قالامدۇ؟ ئامبۇر، سۇمبە ئىشلەتمەي، قان چىقارماي، يوغان كاما پەيدا قىلماي قالامدۇ؟ مېنىڭ شۇنچە كۆچەپ كېتىشىم چىشىمنى تارتقۇزۇشتىن قورققانلىقىمدىن بولغان ئەمەسمىدى؟ شۇنچە كۆچىگەنلىرىم مانا ئەمدى كېلىپ ئاخىرى چىشىمنى تارتقۇزۇپ ئازاب چېكىشكە سەۋەب بولۇۋاتامدۇ؟ ئەمدى ئاق-كۆك دېيىشكە ئورۇن قالمىدى، ئەمدى چىشىمنى داۋالاتماي كېچىكتۈرسەممۇ بولمايدۇ، ئەڭ ياخشى يولنى تاللايمەن دەپ يۈرۈپ ئاخىرى مۇشۇ كۈنگە قالدىم، بۇنىڭدىن باشقا تاللىغۇدەك يول يوق! چىش دېگەنمۇ شۇنچە پالاكەت كەلتۈرىدىكەن-ھە!

مەن ۋاقىتنى سانەتلەپ ھېسابلاشقا باشلىدىم. ئاينىڭ

27-كۈنى ئاخشىمى سائىتىمگە مىنۇتقا بىر قاراپ كېچىچە ئۇخلىماي، كىشىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە چىشتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بولىدىغان ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاپ چىقتىم. ئادەم تۇغۇلغاندا چىشسىز تۇغۇلىدىكەن، تۇغۇلۇپ سەككىز ئايلىق بولغاندا ئۈتتۈر چىش چىقىدىكەن، ئىككى ياشقا تولغاندا قاتار سۈت چىشى چىقىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە چىش يېتىلىپ بارىدىكەن، چىشنىڭ ئۈسۈشى بىلەن بىللە ئاغرىقمۇ يامىشىدىكەن. چىشنى ساقلاشمۇ، ئالدۇرۇۋېتىشمۇ تەسكە توختايدىكەن، چىشنىڭ ئۈسۈشمۇ، يوقلىشىمۇ قىيىن بولىدىكەن! ھەتتا جەسىتىڭ كۆيدۈرۈلۈپ كۈلۈڭ كومزەككە قاچىلانغاندىن كېيىنمۇ ساق چىشلىرىڭ بىلەن خارلانغان ۋە زەخمەت يېگەن چىشلىرىڭ ئارام بەرمەيدىكەن، نېمە دەپ شۇنچە ئوبدان، شۇنچە ئۆتكۈر چىشنى ئىتقا بەرگەندۇر؟ ھەي! ئەنە شۇنداق ئويان ئويلاپ، بويان ئويلاپ ئاخىرى ئاينىڭ 28-كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، قاق سەھەردە خوتۇنۇم ماڭا تۇخۇمنى چېقىپ پۈتۈن پىشۇرۇپ بەردى، ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە پەرىشان ھالەتتە قارىشىپ ئولتۇردۇق.

— ئاغرىشىدىن قورقماڭ! چىداشلىق بېرىڭ، داۋاملىق چىداشلىق بېرىڭ! — دېدى خوتۇنۇم.

«چىداشلىق بېرىڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ يىغلىۋېتىشكە قىل قالدىم. خوتۇنۇم بىلەن ئوبدان خوشلىشاي دەپ:

— مەن كەتتىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! — دېدىم.

يۈرىكىمنى توم قىلدىم! ئاخىرى روھىي جەھەتتىكى توسالغۇلارنى يېڭىپ، چىشىمنى تارتقۇزۇشتىن، ئاغرىشتىن قورقۇشنى تاشلاپ، ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا جاسارەت-غەيرەت بىلەن باردىم. دەرۋازىۋەننىڭ سوئاللىرىغا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئالىي بۆلۈمنىڭ داۋالاش ئۆيىگە كىردىم-دە، سېستىرا قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى يېڭى بىر قىياپەتتە كۆرسىتىپ تۇردۇم.

— چىشىڭىزنى كۆرسەتكىلى كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى سېستىرا قىز كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ ئاپئاق چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ، ئىششىپ كەتكەن ئىڭىكىنى تۇتۇپ تۇردۇم.

نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ، ئالاقىنى چىقىرىپ كۆرسەتتىم.

— ئاپلا، ماۋۇ قاملاشماسلىقنى قاراڭ، زى ۋۇتۇڭ دوختۇر ئاختام مېڭىسىگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە كىرىپ قالدى، شۇ يەردە جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ. باشقا دوختۇرلارنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بىزنىڭ داۋالاش ئىشىمىز پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىز ئالاقىنى قالدۇرۇپ ئۆيىڭىزگە قايتىپ تۇرۇڭ. مەن سۈرۈشتۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن سىزگە ئۇقتۇراي...، — دېدى سېسترا قىز غولىچىنى كېرىپ.

كۆڭلۈم لاسىدە بولدى! جاھاندا مۇنداق ئىشمۇ بولامدىغان! ئادەمنى مۇنداقمۇ ئانىي تاپامدىغان! دەپ ئويلىدىم.

بىراق...

ئېغىز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىن چىقىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا قىستىلىپ يۈرۈپ چىقىۋالدىم. ئاپتوبۇس ئۈچ بېكەت يول يۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا بۈگۈن چىشىمنى تارتقۇزۇپ، ئۇتتا كۆيگەندەك جاننى قىيناپ يۈرۈشۈمگە ئورۇن قالمىدى، قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە تىرىشچانلىقنى كۆرسەتتىم، چىشىمنى بۈگۈن تارتقۇزماسلىق پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئىلاجىم بار؟ ئاغرىغان چىشنى تارتقۇزماسلىق ئاللانىڭ ئىرادىسى دېگەنلەرنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

ئۆز-ئۆزۈمدىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ روھلىنىپ قالدىم. تارتقۇزمىغان چىشىمنىڭ ئاغرىشىمۇ توختاپ قالدى. ئاغرىق چىشىمنى تارتقۇزمىغان بولسامىمۇ، تارتقۇزغاندىنمۇ بەكرەك كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى! قىزىق ئىش-ھە! لاۋزى، جۇاڭزىلارنىڭ نەزىرىدە چىشنى تارتقۇزۇش تارتقۇزمىغانغا، تارتقۇزماسلىق تارتقۇزغانغا باراۋەر دېمەك بولىدىكەن. بۇددا نەزىرىدە، چىش دېمەك قايغۇ دېمەك بولىدىكەن، چوڭ قايغۇ ئازاب دېمەك بولىدىكەن، يەنى ئازاب دېڭىزى

چەكسىز-بىپايان، قايتمالىق ئارقىغا، يوقسەن شۇ زامان دەيدىكەن. ك. ھەزرەتنىڭ نەزەرىدە چىشنى تارتقۇزۇش قىممەتنىڭ كۆپىيىش جەريانىدىن ئىبارەت بولىدىكەن. س. ھەزرەتنىڭ نەزەرىدە ئاغرىش دېمەك چىش ماھىيىتىنىڭ ياتلىشىشى دېمەك بولىدىكەن. سىستېما نەزەرىيەسىنىڭ نەزەرىدە چىشنى تارتقۇزۇش سىستېما قۇرۇلۇشى بولىدىكەن. ب. ھەزرەتنىڭ نەزەرىدە چىش دوختۇرلۇقى جەمئىيەتكە كىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى بولىدىكەن. ن. ھەزرەتنىڭ نەزەرىدە چىش ئاغرىقى پەسىللىك ۋە بەختسىزلىكنىڭ گۇۋاھچىسى، سېپىلنىڭ مىڭى كۆزدە تۇتمىغانلىقنى ئاغرىغانلىقىنىڭ ئازابى، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىگەنلىك ئارقىسىدا روي بەرگەن ئۇلۇغۋار يالغۇزلۇقنىڭ گۇۋاھچىسى بولىدىكەن، چىشقا دائىر مەدەنىيەت كىشىنى چىرىگەن چىشىنىمۇ بەكرەك ئازابقا سالىدىكەن...

چىشىمنى تېخى تارتقۇزمىغان بولسامۇ، لېكىن تارتقۇزغاندىكىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 8679 - نومۇرلۇق مۇھىم دېلو

## (يېڭى يېزىلغان قىياسى ھېكايە)

### 1

1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى. ج ك پ خ ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جېڭ يۇڭپىڭنىڭ ئىش ئۈستىلىدە ئىككى پارچە ماتېرىيال قاتار تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئىز باسار كادىرلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ شاپىگرافتا بېسىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى ئىدى؛ يەنە بىرى تۆت كىشى ئىمزا قويۇپ، قارا قەغەزدە كۆپەيتىپ بېسىلغان شىكايەت خېتى ئىدى. تەكشۈرۈش دوكلاتىمۇ، شىكايەت خېتىمۇ م. شەھەرلىك پارتكومنىڭ يېڭى شۇجىسى جۇ شىچۇاڭ ھەققىدە يېزىلغانىدى.

تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

يولداش جۇ شىچۇڭنىڭ م. شەھەرلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغىنىغا ئاران سەككىز ئاي ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خېلى ئوبدان باھاغا ئېرىشتى. ئۇ ئاكتىپ، قىزغىن ۋە كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە، ئۇ ئامما ئارىسىغا چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن؛ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان، ئىشتا ئادىل بولغان، كىشىلەرگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغان؛ جاپاغا چىداپ ئاددىي-ساددا ياشىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىغان... تەكشۈرۈش دوكلاتىدا بىرمۇنچە جانلىق مىسال كەلتۈرۈلگەن. بىرىنچى

مىسال، ئۇ ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەردىن بايقىغان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، جامائەت ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى باش بولۇپ سادىر قىلغان ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. ئىككىنچى مىسال، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلارنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى ئۆزى بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈپ ھەل قىلغان. ئۈچىنچى مىسال، ئۇ ئۆزى تا ھازىرغىچە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككى ئېغىز ياتاق، بىر دالانلىق كىچىك ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئالتە ئېغىزلىق چوڭ ئۆينى پېشقەدەم يولداشلاردىن بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن...

تەكشۈرۈش دوكلاتىدا جۇ شىچۈنىڭ ئاسان تېپىلمايدىغان ياش، قابىل، ماڭغان يولى توغرا، ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئوبدان كادىر ئىكەنلىكى، ئۇنى ئۆلكىلىك پارتكوم رەھبەرلىكىگە قويۇلىدىغان ئىزباسار كادىرلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

شىكايەت خېتىدە جۇ شىچۈنگە تامامەن باشقىچە باھا بېرىلگەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

بىز ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىمىز بىلەن ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا شۇنى پاش قىلىمىزكى، م. شەھەرلىك پارتكومنىڭ تىك ئۈچار ئايروپىلاندا ئۆستۈرۈلگەن يېڭى شۇجىسى جۇ شىچۈڭ كۆچىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلدى، ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ گۇرۇھ ئويۇشتۇردى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتتى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشقا سېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، م. شەھىرىدە چىقىدىغان كەچلىك گېزىت ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ناۋ شىيۈگىنى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى...

شىكايەت خېتىدە ئېيتىلىشىچە، شۇ شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق يۈەن

www.Uyghurkitap.com

كېپىڭ دېگەن بىر پېنسىيىگە چىققان كادىر بار ئىكەن. يۈەن كېپىڭ جۇ شىچۈڭنىڭ دادىسىنىڭ يېقىن دوستى ئىكەن، جۇ شىچۈڭ بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا يۈەن كېپىڭ بىلەن تونۇش بولغاچقا، ئىككىسى ئاتا ـ بالىدەك يېقىن ئۆتۈشكەن. يۈەن كېپىڭ باشتا پەرزەنت كۆرمىگەچكە، جۇ شىچۈڭنى ئۆز بالىسىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرگەنىكەن. يۈەن كېپىڭ ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ قايتا ئۆيلەنگەندىن كېيىن يۈەن شياۋفاڭ ئاتلىق بىر بالا يۈزى كۆرۈپتۇ. يۈەن شياۋفاڭ م. شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەچكە، ئۇنى كەچلىك گېزىت ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمى ئۆگەنچى ئىش بېجىرگۈچىلىككە قوبۇل قىپتۇ. يۈەن شياۋفاڭ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىمىگەنلىكى ھەمدە تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە ئوخشاش چاتاقلارنى تېرىغانلىقى ئۈچۈن، تاۋ شيۈڭ ئۇنى تەنقىدلەپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يۈەن شياۋفاڭ تۇيۇقسىزلا ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قاپتۇ. يۈەن كېپىڭ ئەدىبىنى بىرىمەن دەپ پەيلىنى بۇزۇپ كەچلىك گېزىتخانىسىغا نەچچە قېتىم بېرىپتىكەن، باشقىلار نەسىھەت قىلىپ قايتۇرىۋېتىپتۇ، جۇ شىچۈڭ م. شەھىرىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، يۈەن كېپىڭنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭلا ئىشىنىپ، ھەدېگەندە كەچلىك گېزىتخانىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئالماشتۇرىۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەنىكەن. ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تاۋ شيۈڭ قاتتىق بېسىم ئاستىدا قېلىپ، ئەھۋالنى يۈزمۇيۈز مەلۇم قىلىپ، پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە جۇ شىچۈڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى نەچچە قېتىم تەلەپ قىلسا، جۇ شىچۈڭ رەت قىلغانىمىش ھەمدە تاۋ شيۈڭنى ئەسكى ئاسىي دەيدىغان گەپلەرنى تارقاتقانىمىش. تاۋ شيۈڭ 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قاپتۇ، گېزىتخانىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى

دەرگۇمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دېگەن تونۇشقا كەپتۇ. بىراق، گېزىتخانىنىڭ يېڭى رەھبىرى، جۇ شىجۇڭنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى جۇ شىشيالڭ تەكشۈرۈشكە ۋە مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا يول قويماي، تاۋ شيۇڭنىڭ جەسىتىنى ھاپىلا-شاپىلا كۆيدۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىپتۇ...

## 2

جېڭ يۈپېڭ ئىككىلا ماتېرىيالنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۇزاققىچە ئويغا پاتتى. تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئەلۋەتتە ئىشىنىشكە بولاتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا ياش كادىرلار باشقارمىسىنىڭ زېرەك، قابىل كادىرلىرىلا بولۇپ قالماي، ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن سابىق باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقىمۇ بار ئىدى. تەشكىلات بۆلۈمى دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا تەلەپچانلىق، پۇختىلىق ۋە تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. تۆت كىشى ئىمزا قويغان خەتنىڭ سۆزلىرى راۋان، مەنتىقى ئېنىق، ئىملاسى ئوچۇق ۋە چىرايلىق ئىدى، ئىمزا قويغانلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىمۇ ھەقىقىي ئىدى، بۇ بىكار تەلەپ مۇتتەھەملەر ۋە ناكەس جۆيۈرەندىلەرنىڭ قارىسىغا تۆھمەت چاپلىشىغا ئوخشىمايدىغان، پۇختا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەھۋال جاۋابكارلىق بىلەن ئىنكاس قىلىنغان ھەرىكەت ئىدى.

جېڭ يۈپېڭ پىنسىيىگە چىقىش يېشىدىن ئۆتۈپ 63 كە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە يېزا باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، ھەر خىل ئېغىر ۋە غەلىتە دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغان، بىراق ئۇنىڭ ھەر ئىككىسى بىرلا كىشى ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىلغان، ئەمما بەرگەن باھاسى بىر-بىرىگە تامامەن زىت كېلىدىغان ئىككى ماتېرىيالنى بىرلا ۋاقىتتا تاپشۇرۇۋېلىشى تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش

ئىدى. گۆدەكلەردىن پەرقلەنمەيدىغان چوپچوڭ تۆت ئادەمنىڭ پاش قىلغانلىرىنى ئۆيدۇرما دېيىشكە بولامدۇ؟ شۇنچە ئېتىبارلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ رەسمىي دوكلاتىنى كىرىكۈنچىلىق دېيىشكە بولامدۇ؟ شۇنچە سالاپەتلىك شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، خەقنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ئىشلارنى قىلغانمىدۇ؟ نەق پاكىت-ئىسپاتى بولمىسا، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى بولغان كىشىنى بىر ئەمەس، تۆت ئادەم بىر ئېغىزدىن ئاشۇنداق ئېغىر جىنايەتنى ئارتىپ شىكايەت قىلامدۇ؟!

تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرىدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى:

— بۈگۈن جۇ شىمچوڭ توغرىسىدا ئىككى پارچە ماتېرىيال تاپشۇرۇۋالدىم...، — ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ تەئەججۇپلىنىش ۋە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈش ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن سىزگە مەلۇم قىلاي دەپ تۇرغانتىم، — دېدى جېڭ يۇڭپىڭ. — شۇنداق، تولۇق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي تۇرۇپ، بۇنىڭغا بېيەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇ تېلېفون بېرىۋېتىپ، خاتىرە دەپتىرىگە «8679— نومۇرلۇق مۇھىم دېلو» دېگەننى يېزىۋالدى.

3

جېڭ يۇڭپىڭ تاۋ شيۇگىنىڭ خوتۇنى ۋۇ يۈيشانى تېپىپ سۆزلەشتى.

سوئال: تاۋ شيۇڭ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدىكى ۋە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى ماڭا بىر قۇر سۆزلەپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

جاۋاب: نېمىسىنى سۆزلەي، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلىنىپ بولدى. مەن ئۇنىڭغا تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى دېگەن ئىشنى قىلماڭ، سىزنى مۇدىر بولۇڭ دېگىنى ئۆلۈمگە

تۈتۈپ بەرگەنلىكى دەپ ئاللىقاچان ئېيتقان ئىدىم، ھەتتا ئەگەر مۇدىر بولمىغان بولسىڭىز، سىز بىلەن ئاجرىشمەن دەپمۇ ئېيتقانىدىم...

سوئال: نېمىشقا ئۇنداق دېدىڭىز؟

جاۋاب: ئۇ ئازابنى باش كۆتۈرەلمىدى، ئۇ ھەربىر ماقالە، ھەتتا ھەربىر سۆزنىڭمۇ دەردىنى تارتتى. ئۇ كېزىتنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسىدىكى ئاق قالغان ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن، بۇزۇلغان تۇخۇمنى قانداق بىلىش ھەققىدە كىچىككىنە بىر تۇرمۇش ساۋاتى بېسىپ، بىر داس سۇغا ھەممە تۇخۇملارنى سالسىڭىز، ساق تۇخۇم تېگىگە چۆكىدۇ، بۇزۇلغان تۇخۇم لەيلەپ قالىدۇ دېگەننى چۈشەندۈرگەن ئىكەن...

سوئال: ئۇنىڭدىن چارە ئىكەنغۇ.

جاۋاب: ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپتۇ، ئۇ كېچىسى ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقىچە ئۈچ قېتىم ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ چىقتى. سەۋەبىنى شۇنچە سورىساممۇ دېگىلى ئۇنىمىدى. كېيىنرەك دەپ بېرىشىدىن بىلدىمكى، مەلۇم بىر كىشى ئاشۇ «تۇرمۇش ساۋاتى» نى ئاكتىپلارغا قارىتىلغان تەنە دەپتۇ.

سوئال: نېمىدېگەن بىمەنىلىك.

جاۋاب: ئۇنى مۇدىر قىلىپ قويغانلىقنى بىمەنىلىك دېسە بولىدۇ. ئىككىمىز توي قىلغاندىن بۇيان، رەھبەرلىكنىڭ ئۇنى بىرەر قېتىم نەزەرگە ئېلىپ قويغانلىقى نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇنىڭ سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، پىكرى ئېچىلمىغان، ئوي-پىكرىنى ئاشكارا قىلمايدۇ، تەشكىلگە يېقىنلاشمايدۇ، باش چۆكۈرۈپ ھارۋا سۆرەشنىلا بىلىپ، قايسى بولغا كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقمايدۇ، كەسپىنى ئەلا بىلىپ، سىياسەتكە سەل قارايدۇ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا مېڭىۋاتىدۇ دېگەنگە ئوخشاش تەنقىدلەردىن بىرەر قېتىم خالىي بولغان ۋاقتىنى بىلمەيمەن؟ 80-يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇ سەل كەم ئەللىككە كىرىپ قالغان چاغدا، ئەنەي ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى بولۇشتى! ۋاقتى كەلگەندە تېخى ئۇنى ئاممىنىڭ رايى

بىلەن سىنىماقچى بولۇشتى. كونا مۇدىر پېنسىيىگە چىققانلىقى ئۈچۈن، 98 پىرسەنت ئامما تاۋ شىيۈگنى مۇدىرلىققا كۆرسەتتى! سىلەر خەلقنىڭ رايىنى سىناش دېگەنگە ھەرگىز قارشىغا ئېتىشىپ كەتمەڭلار! ھازىر ئادەملەر ئەسكىلىشىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقۇرالمايدىغان، ئۆزلىرىگە چىشى پاتمايدىغان ياۋاش، كومۇش، بوزەك بىرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى راھەتتە يۈرۈشنى خالايدۇ، بىراق تاۋ شىيۈڭ... (كۆز يېشى قىلدى)

سوئال: ھەي! يۇمىن شىياۋفالىڭ توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: يۇمىن شىياۋفالىڭ؟ ھە، يۇمىن شىياۋفالىڭ! ئېيتىپ كەلسەم خاتالىق مەندە، تاۋ شىيۈگنى مەن خەيلى قىلدىم. ئۇ يۇمىن شىياۋفالىڭنى ئۇنداق ناچار، مۇنداق ناچار، ئىشقا ئوبدان چىقمايدۇ، قولى ئەگرى، ھۆكۈمەت نامىسىنى خۇسۇسىي ئىشقا ئىشلەتتى، ج ح ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ئىنكاس قىلدى... دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ يۈردى، مەن ئۇنىڭغا: سىز چوپچوڭلا ئادەم تۇرۇپ، كىچىككىنە بىرسىبىرىق تۈكىنىمۇ باشقۇرالامسىز؟ ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى ئېيتىشىڭىز كېرەك-تە! ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى ئېيتسىڭىز، ئۇ ئاڭلىمىسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى بولىدۇ. بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىسىڭىز، بۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرسىڭىز بولىدۇ، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى بولغان ئادەممۇ شۇنچىۋالا توخۇ يۈرەك بولۇپ كېتەمدىغان! دېگەن گەپلەرنى قىلدىم. ئۇنىڭ بىردىنلا يۈرەكلىك بولۇپ كېتىشىنى نەدىن بىلەي... ئىككىمىز توي قىلىپ نەچچە ئون يىلغىچە مۇنداق باتۇرلۇق قىلىپ باقمىغان. ئۇ خۇددى لاۋشېيەن ئالدىنقى سېپىدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋېيتنام ئالۋاستىلىرىدىن ئىككىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن جەڭچىلەردەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يۇمىن شىياۋفاگنى تەنقىدلەپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، دەيدىغان گېپى بولسا دەيدىغانلىقىنى، ئېيتىدىغان پىكرى بولسا ئېيتىدىغانلىقىنى، تەنقىدلەشكە تېگىشلىك بولسا تەنقىدلەيدىغانلىقىنى

ئېيتتى... بىراق يۈەن شياۋفاڭنىڭ كېيىنچە ئېلىشىپ قېلىشىنى كىم
بىلسۇن؟ يۈەن شياۋفاڭ ئېلىشىپ قالغان كۈندىن باشلاپ، تاۋ شيۋىڭ
ئاھ-ئۇھ تارتىپ يۈردى، مانا كۆردۈڭمۇ، خەق مېنى بىر ياشنى
قەستاپ ساراڭ قىلىپ قويدى دېسە قانداق قىلىمەن! دېگەن
گەپلەرنى قىلدى.

سوئال: ئۇنىڭ مۇنداق ئاددىي قاراشتا بولغىنى قاملاشماپتۇ.

جاۋاب: شۇنى دېسلە! مەن شۇنىڭغا ھەيران، باشقا رەھبەر
بولغانلار بىرەر ئادەمنى ئۇيان-بۇيان قىلسا، ھەتتا خاتا بىر تەرەپ
قىلسا، خاتا قولغا ئالسا، خاتا ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولسا، ھېچقانچە
بىئارام بولۇپ كەتمەيدىكەن! رەھبەر دەپ شۇلارنى ئېيتسا بولغۇدەك،
ئادەمنى خاتا بىر تەرەپ قىلغانلارمۇ يەيدىغىنىنى يەپ، ئىچىدىغىنىنى
ئىچىپ، ئۆسىدىغان مەنسىپكە ئۆسۈپ يۈرۈۋاتىدىغۇ! تاۋ شيۋىڭنىڭ
نېمە خاتالىقى بولسۇن؟ ئۇ كىچىككىنە بىر ئاقىنىچىنى تەنقىدلىگىنىگە
خەقنى ساراڭ قىلىپ قويغان بولامدۇ؟ كېيىنچە ئۇنى ھەممىدىن
بەك قورقىتىۋەتكىنى —

سوئال: كېيىنچە نېمە بولدى؟

جاۋاب...

سوئال: كېيىنچە نېمە بولغانلىقىنى سۆزلەڭچۇ؟

جاۋاب: ...

سوئال: ماڭا قاراڭ، باياتىن ناھايىتى ئېچىلىپ سۆزلەۋاتاتتىڭىز؟
مەن سىزگە شۇنى ئوچۇق ئېيتاي، ئېرىڭىزنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق
خەقتە ئىنكاس بار، ھەتتا بۇ ئىشنى ئاشۇ...

جاۋاب: ياق، ياق، بۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى ئېيتمايلا
قويسىلا. بىز بولساق م. شەھىرىنىڭ پۇقراسى، يەيدىغان تامىقىمىز،
ئولتۇرىدىغان ئۆيىمىز، نوپۇسىمىز، ئادىل باھادا ئېلىپ يەيدىغان
تۇخۇمىمىزغىچە ھەممىسى م. شەھىرىدە، ئۆلسەك جەسىتىمىزنى
كۆيدۈرىدىغان يەرمۇ م. شەھىرىدە. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىغا
پىكرى بولسا، نېمىدەپ بىزنى چېتىۋالىدىكەن؟ بىزنىڭ پىكرىمىز يوق،

پىكرىمىز يوق، قىلچە پىكرىمىز يوق، خەق ئۆلۈپ بولغاندا، ئۇشمۇ-ئۇشتىن كەلگىلى تۇرغانىنىڭ، كۆڭۈل بۆلگەنىنىڭ، ئەقىل كۆرسەتكەنىنىڭ، مەردلىك قىلغانىنىڭ... نېمە كېرىكى؟ بىز ھازىرقى ئۆيىمىزگە 83-يىلى كۆچۈپ كەلدۇق. ئۇنىڭ ئالدىدا بىز مېنىڭ ئاتا-ئانام تۇرۇشلۇق ئۆينىڭ بالكونىدا تۇراتتۇق. تۆت جان ئادەمنىڭ ئىككى ئېغىزلا ئۆيىمىز بار ئىدى. ئاكام بۆرۈنلا ئۆيلەنگەچكە بىر ئېغىزنى ئىگىلىگەنىدى، قېينەدەم ئانام بىلەن ھېچلا چىقىشالمىغانىدى، مەن توي قىلماقچى بولغاندا، تاۋ شيۇگېنى ئۆي تاپارمىكىن دېسەم، نەدىكىنى، ئۆي بېرىدىغانلار ئۇنى يېقىنمۇ يولاتمىدى. شۇڭا بالكوننى توسۇپ ھوجرا قىلدۇق-تە، توپتوغرا يىگىرمە يىل ئولتۇردۇق! 83-يىلى ئۆي كۆچكەندە، ماشىنا تاپالماي، تاۋ شيۇڭ ئۆزى ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى ھەيدەپ 16 قېتىمدا توشۇپ بولدى، ياردەملىشىدىغان ھېچكىم چىقمىدى. خەقتىن ئاغرىنىشقا بولامتى؟ ھەممەيلەننىڭ كۈنى تەس ئۆتۈۋاتقان تۇرسا، تاۋ شيۇڭ گومۇشلۇق قىلىپ خەق بىلەن قىلچە ئالاقە قىلىشنى بىلمەيتتى. كېيىن ئۇ مۇدىر بولۇۋېدى، ھەممە ئادەم ئۇنى ئىزدەپ كەلگىلى تۇردى، بىرسى ئۆي تەلەپ قىلسا، يەنە بىرسى ياردەم پۇل تەلەپ قىلاتتى، بىرسى ماشىنا سوراپ كەلسە، يەنە بىرسى مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ كېلەتتى، ئۇ بىرەر ۋاقىتلىق نامىقىنى ئارامىدا يەپ باققان بەندە ئەمەس... ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋېدى باشقىلا يەنە ئۈزۈلمەي كېلىپ، بىرسى ئۇنى دېسە، بىرسى بۇنى دەپ مېنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دەۋاتىدۇ. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، بىلمەيمەن، مېنى ئىزدىمەڭلەر! تاۋ شيۇگېنىڭ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇنى مەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى مەن تەلەپ قىلىپتىمەنمۇ؟ نېمىدەپ ئۇنى تەھرىر بۆلۈم مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپتىكەن؟ ئۇ مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتىگىچە جېدەللەشتىم. بىر چەينەك، ئۈچ پىيالىنى يەرگە تاشلاپ چېقىۋەتتىم! ئۇنى مۇدىر قىلىپ قويغان سىلەر

ئۆزۈڭلەر! ئۇنى يۈرەكتالدى قىلىپ قويغان ئۆزۈڭلەر! ئۇنى رەھبەرلىكنىڭ كەينىدىن چىقماسلىققا دەۋەت قىلغان ئۆزۈڭلەر! ئەمدى ئۇنى تەكشۈرۈپ، چاتاق تاپماقچىمۇ، مەن بۇنىڭغا رازى ئەمەس! مەن بۇنىڭغا ئارىلاشمايمەن! بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ ئالاقەم يوق! نېمە قىلىمەن دېسەڭلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ ئىشى، مېنى ئوتتۇرىغا چىقىرىمەن دېمەڭلەر، مېنىڭ لاياقىتىم توشمايدۇ! مېنىڭ كارىم يوق...

ئۇ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى، سوئال-جاۋاب ۋاقتىنچە شۇ يەردە توختاپ قالدى.

4

جىلىڭ يۈگپىڭ تاۋ شيۇڭنىڭ دادىسى بىلەن سۆزلەشتى.

جاۋاب: شۇنداق، مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچىسى. مەن ئۇزاق ۋاقىت تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئالگېبرا، گېئومېترىيە دەرسلىرىنى ئۆتتۈم، تۆت بالام بار ئىدى، چوڭى تاۋ شيۇڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسى، بىر ئىنىسى بار ئىدى، چوڭ ئوغلۇم، چوڭ ئوغۇل دېگەننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغانسىز؟ مانا مەنمۇ چوڭ ئوغۇل ئىدىم. چوڭ ئوغۇلنىڭ قەدىر-قىممىتى دادىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. چوڭ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى ئاخىرى دادىغا ئايلىنىدۇ. ھەممىلا دادا بولغۇچىلارنىڭ چوڭ ئوغۇللۇق قىلالىشى ناتايىن. چوڭ ئوغۇل بولغانلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئائىلىسى ۋە ئۇكا-سىڭىللىرى ئالدىدا جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئۇكا-سىڭىللىرىغا نەمۇنە بولىدۇ. چوڭ ئوغۇللارنىڭ بېلى كىچىك تۇرۇپلا مۈكچىيىشكە باشلايدۇ. ھەممىدىن بەك ئىچىم ئاغرىيدىغىنى تاۋ شيۇڭ ئوغلۇمنىڭ قاچانلا قارىسام بېلىنى مۈكچەيتىپ يۈرۈشى ئىدى. ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ مۈكچىيىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئېسىمدە يوق، ئۇنىڭ 12 ياش چاغلىرى ئېسىمدىن چىقمايدۇ، تاۋ شيۇڭ 12 ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا مۈكچىيىشكە باشلىغان بولسا كېرەك!

بىراق يىقىندىن بۇيان، قىرىلىق يېتىپ ئەقلىمدىن ئازغان ئوخشايمەن دەپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، خەۋىرىڭىز بارمىكىن-تاڭ، 83-يىلى مېڭەمدە قان نوكچىسى ھاسىل بولۇپ، دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي يېتىپ چىقتىم. پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىپ ساقايدىم، ئەمما ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ياق، ئۇنىڭ 12 يېشىدىن تارتىپلا بېلى مۈكچەيگەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ھازىرقى 12 ياشلىق ئوغۇل باللارغا قارايدىغان بولسىڭىز، شۇنچە شوخ، سەكرەپ ئويناقلاپ يۈرىدۇ، ئۇلاردا يول ماڭغاندا بېلى مۈكچىيىدىغان ئىش نەدە بولسۇن، ئوغلۇمنى ئويلىسام نېمىدېگەن دەھشەت...

سوئال: بۇ گەپچە بولغاندا، تاۋ شيۈك كىچىكىدىن تارتىپلا تەس كۈندە قاپتىكەن، ناھايىتى بوغۇلۇپ ياشاپتىكەن، شۇنداقمۇ؟

جاۋاب: بوغۇلۇش! بوغۇلۇش دېگەن قانداق ئۇ؟ نەدىن پەيدا بولغان مودا گەپ بۇ؟ مەن 80 گە يېقىنلاپ قالدىم، بوغۇلۇش دېگەننى بىلمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ چوڭ ئوغۇللۇقىنى باياتىن سىزگە ئېيتتىم، بىز ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل يەتتە بىر تۇغقان ئىدۇق، ئاتا-ئانىمىز بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەن. مەن ئۇكىلىرىم بىلەن سىڭىللىرىمنى دەپ 11 يېشىمدىلا شاگىرتلىققا كىردىم، 14 يېشىمدا ساراي خىزمەتچىسى بولدۇم، 24 يېشىمدا داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم، بىر تەرەپتىن ئوقۇسام، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر كۈنى ئاخشىمى سارايغا بېرىپ يۇلغا ئىشلىدىم. مەن ئىككى سىڭلىمنى تالاغا چىقاردىم، تۆت ئىنىمگە ياردەملىشىپ ھەممىسىنى ئۆيلەپ قويدۇم، ماڭا ئەڭ ئاخىرىدا ئۆيلىنىش نۆۋىتى كەلدى. يېشىم 36 گە كېلىپ قالغاندا، 42 ياشلىق بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلەندىم، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، تاۋ شيۈك ئەنە شۇ، شۇچاغدا ئۇ ئەمدىلا 5 ياشقا كىرىپتىكەن. مەن توي قىلغاندا، ئۇكىلىرىم، سىڭىللىرىم، ئۇكىلىرىمنىڭ خوتۇنلىرى، سىڭىللىرىمنىڭ ئەرلىرى تولاش-چۇلاش كېلىپ مېنى مۇبارەكلىدى. خۇشاللىقىدا كۆز يېشى قىلدى، مەنمۇ

كۆز يېشى قىلدىم. شۇ چاغدا مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان بولدۇم دېدىم... ئۇ ئۇن ئىككىيلەن بىراقلا ئالدىمغا كېلىپ تىزلاندى... قىرىغاندا ئەقلىدىن ئېزىپتۇ دېگەندەك بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلاتتىم؟ مەندە بوغۇلۇش دېگەن بولۇپ باقمىغان... ھازىرقى ياشلاردەك كۆڭلىگە پۈۋا ئىچكۈزۈپ، ئېسىل شاكىلات يېگۈزۈپ قانچىكى ئەزىزلەپ باقىلاڭ، شۇنچە بوغۇلۇش ھېس قىلىدىغان ئەھۋال مەندە نېمىشقا قىلسۇن!

سوئال: يولداش تاۋ شيۇگېنىڭ...

جاۋاب: ...

سوئال: مەن يولداش تاۋ شيۇگېنىڭ بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا گەپ سورىماقچى...

• جاۋاب: ...

سوئال: بۇ سىزنى ئازابلاندۇرىدىغان ئىش ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم. بىراق يولداش تاۋ شيۇگېنىڭ بەختكە قارشى ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېنىقلاش بىزنىڭ بۇرچىمىز. بۇنىڭدا مەسىلە بار دېگەن بەزى ئىنكاسلارنى ئاڭلىدۇق.

جاۋاب: ماڭا قاراڭغۇ.

سوئال: سىز ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلماڭ... بىز بولساق پارتىيىنىڭ ئىلتىزام تەكشۈرگۈچى خادىملىرى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئادالەتنى ياقلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئىش ئەۋلىياسىغا چېتىلغان ھالەتتىمۇ قىلچە يۈز خاتىرە قىلمايمىز.

جاۋاب: ئەندىشە-پەندىشە دېگەننى قويۇڭ، ماڭا قاراڭغۇ. تاۋ شيۇڭ تۇگەپ كەتتى، ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ تىرىلىپ قالمايدۇ. چېچى ئاقارغانلارنىڭ چېچى قارىلارغا ھازا تۇتۇپ يىغلىشى ئەزەلدىن ئەڭ ئازابلىق ئىش ھېسابلىنىپ كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىشىنى پەملەپلا كەلگەنىدىم، ئۇنىڭ بەك

بالدۇر بېلى مۈكچەيگەن، ئۇنى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان بىرمۇنچە ئادەملەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى، ناھەقچىلىققا چىدىمايۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى، ھەر چوڭ گەپلەرنى قىلىپ، گېزىتخانىنى، شەھەرلىك پارتكومنى، رەھبەرلىكنى تىللاپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ دەردىمگە دەرمان بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى يەل بېرىپ مېنى ئۇچۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم. ئۆزۈمچە ئۇلارنى ئوت قويۇرۇقلۇق قىلغىلى كەلگەن دەۋاتىمەن. ئۇلار تاۋ شيۈگىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە سىر بار، زىيانكەشلىك، سۇيىقەست بار دېيىشتى. مەن ئۇلاردىن ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلسام، ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تاۋ شيۈگىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈشكە يول قويماسلىق كېرەك، جەسىتىنى كۆيدۈرۈشكە زادى ماقۇل بولماسلىق كېرەك، جەسىتى تۇگەپ كەتسە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جەسىتى بولسا، شۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ رەھبەرلىككە شەرت قويۇپ تالاشقىلى بولىدۇ، ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، نەپىقە پۇلىنى جىقراق تەلەپ قىلىش كېرەك، «500 كويىچەن بىلەنلا پۈتتى قىلىمەن دەيدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە بار»، يەنە تاۋ شيۈگىنى مەنىۋى مەدەنىيەت ئۈلگىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىگىزدىكى تەرەتخانىنىڭ زوگزىيىش جايىنى سۇ بىلەن چايقىلىدىغان تەرەت قاچىسىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. تاۋ شيۈگىنىڭ قېيىنئىنىسىنى ۋاقىتلىق ئىشچىلىقتىن مۇقىم ئىشچىلىققا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك، تاۋ شيۈڭ يازغان چوڭ-كىچىك ماقالىلەرنى توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ بېرىشنى، مۇئاۋىنلىقنى رەختىمن قاتۇرۇپ، كىتابىنىڭ ئېتىنى سېرىق ھەل بىلەن بېسىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك... دېگەنلەرنى ئېيتىشتى، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئۇنداق قىلىشقا يۈزۈم چىدىمايتتى. پۈتۈن ئۆلگەنلەر يەرلىكتە ئارام تاپىدۇ دېيىلەتتى، ھازىر ئوچاقتا ئارام تاپىدۇ

دېيىلىدىغان بولدى. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئەندىشىدە ئۆتكۈزگەن تاۋ شىيۈگىنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئارامىدا ياتقىلى قويماي، جەسەتخانىدا بىزنىڭ سۆھبىتىمىز توگىگىچە توڭلىتىپ قويۇشقا چىدىمىدىم... مېنىڭ تۇتقان بۇ يولۇمغا نارازى بولۇپ، تاۋ شىيۈگىنىڭ ئۆكا-سىڭىللىرى مەندىن رەنجىدى، مېنى ئەخمەققە چىقاردى...

سوئال: ھىم، ئۇبدان پوزىتسىيە تۇتۇپسىز، ناھايىتى ئاڭلىق ئىش كۆرۈپسىز. بىراق ئۆزىڭىزنى پاك تۇتۇشنىلا ئويلاپ، يامان ئادەم. ناچار ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى قولدىن بەرسىڭىزمۇ بولمايدۇ. سىز دېگەندەك بەزى دوستلار كېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈشكە قۇتراتقانلىقىنى تاۋ شىيۈگىنىڭ يولدىشى، يەنى سىزنىڭ چوقۇم كېلىشىڭىزمۇ ئېيتتى. سىز ماڭا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يولداشلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: ھە، ياق، ئېسىمدە قالماپتۇ (ئۇ يۆتىلىشكە باشلىدى) ئېيتالمايلا قوياي. كەچۈرۈڭ.

## 5

جىك يوگىيىك ۋۇ زوۋېن بىلەن سۆزلەشتى. ۋۇ زوۋېن شىكايەت خېتىگە ئىمزا قويغان ئوت كىشىنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كەچلىك گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ھازىر پېنسىيىگە چىققان.

جاۋاب: ھەممە ئەھۋالنى خەتتە ئېنىق يازدۇق. سىلەر بۇ ئىشنى بىپەرۋالىق قىلماي، ئوبدان بىر تەرەپ قىلساڭلار بولىدۇ. بىپەرۋالىق بىلەن چالا-بۇلا ئىش قىلىش جانغا زامىن بولىدۇ! ئۆتمۈشتە ھەربىي يۇرۇشتە بولغان بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1947-يىلى جياڭ جيېشى ئوقتىلىق ھوجۇمغا ئۆتۈش دېگەن بىر نېمىنى يولغا قويۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ماشىنلاشقان قوشۇنلىرى تېز سۈرئەت بىلەن ھىلتىققا تايىنىپ جەڭ قىلغۇچى بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئارىدا دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، ئۆتۈشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بىلىپ كېلىش ئۈچۈن

بىر سەركەردە گۈزرۈپپا ئەۋەتىلدى، ئۇلار قايتىپ كېلىپ: «سالام باشلىق، سۇ بەك چوڭقۇر ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېمىمۇ يوقكەن، زادى ئۆتكىلى بولمىغۇدەك! ئېتىشمىساق، باشقا ئامال يوق، ئۇ خۇمپەرلەر بىلەن ئېلىشايلى!» دېدى، ھەممەيلەن شۇ پىكىردە بولدى. بىراق باشلىقىمىز خاتىرجەم بولالماي، ئۆزى بىرىپ تەكشۈرۈشكە كىرىشتى، ئۇ بىر تال بامبۇك خادىنى ئېلىپ، بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا مېڭىپ دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن: ھەي يولداش، سىز نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈردىڭىز؟ ئۆتكىلى بولىدىكەنغۇ! دېدى. باشلىقىمىز كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىۋېدۇق، دەريانىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى ئاران يەلگە كەلدى، ۋاي دېگۈدەك نەرى بولسۇن؟ قوشۇن دەريادىن ئۆتتى، غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتسە جەڭ قىلماقچى، كۆزى يەتمىسە جەڭ قىلماي كېتىۋەرمەكچى بولدى. شۇ چاغدا باشلىقىمىز سەركەردە گۈزرۈپپىسىدىكىلەرگە يولداشلار، بىپەرۋالىق بىلەن چالا-بۇلا ئىش قىلىش جانغا زامىن بولىدۇ! بۇ نۆۋەت سىلەرگە كەڭچىلىك قىلدىم، كېيىن يەنە شۇنداق چالا-بۇلا ئىش قىلىدىغان بولساڭلار، ئېتىپ تاشلايمەن! دېدى.

شۇ چاغدا سىز قايسى قىسىمدا بولغان؟ ھا-ھا، ئىككىمىزلا بىر دالا ئارمىيىسىدە بوپتىكەنمىزدە! قوشۇنىمىز چوڭ، ئادىمى كۆپ بولغاچقا تونۇشمىغان ئىكەنمىز!

سوئال: سىزدىن شۇنى سوراي، سىلەر يولداش جۇ شىچۈڭنى كۆچىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلدى، ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ گۇرۇھ ئۇيۇشتۇردى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشقا سېلىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، تاۋ شيۇگىنى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى دەپسىلەر، بۇنىڭغا دەلىل-ئىسپاتىڭلار بارمۇ؟

جاۋاب: كۈچىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلماي نېمە قىپتۇ! بۇنىڭغا خەلق ئىسپات بولالايدۇ! ئامما ئىسپات بولالايدۇ! ئاممىنىڭ كۆچى ئۇلۇغ، ئاممىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر! جۇ شىچۈڭ بىلەن يۈەن

كېپكىنىڭ قەدىناسلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ! جۇ شىجۈڭ 40 نەچچە يېشىدىلا بىزنىڭ شەھەردە شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى بولۇپ بەك غادىيىپ كەتتى! ئۇ يۈەن كېپكى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا يان باسماي قالامدۇ؟ يۈەن كېپكى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قويرۇق كۆتۈرمەي قالامدۇ؟ جۇ شىجۈڭ تاۋ شيۇگىنى يامان كۆرمەي قالامدۇ؟ تاۋ شيۇلى بۇنىڭدىن جىددىيلەشمەي قالامدۇ؟

سوئال: سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز ناھايىتى مۇھىم گەپلەر. بىراق ھەممىسى قىياس، تەھلىل، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ھەممىدىن زۆرۈرى نەق دەلىل-ئىسپات. دېمەك، زادى بىرەر دەلىل-ئىسپات بارمۇ...

جاۋاب: بۇ قانداقلارچە قىياس بولسۇن؟ قانداقلارچە نەق دەلىل-ئىسپات بولمىسۇن؟ تاۋ شيۇلى مېنىڭ قول ئاستىمدا نەچچە ئون يىللاپ ئىشلىدى، ئۇ خىزمەتكە شۇنچە جان كۆيدۈرەتتى، ئاددىي-ساددا ياشايتتى، سەممىي مۇلايىم ئىدى، ئۇنى مەن ئوبدان چۈشىنەتتىم، ئۇنى مۇدىرلىققا مەن كۆرسەتكەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئۇنى قارىسىغا ئېشىپيون ساناپ، ئېغىزغا سېلىنغان جا چىشنى خەۋەرلىشىش ئەسۋابىغا ئوخشىتىشتى، نېمىدېگەن بىمەنىلىك! ئۇ بۇنىڭغا لام-جىم دېمىدى، تەشكىلگە ئىشىنىدىغانلىقىنىلا ئېيتتى. نېمىدېگەن ئوبدان يولداش! يولداش جۇ شىجۈڭ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى! بىز ئۇنى قوللىغانىدۇق. ئۇ كېلە-كەلمەيلا ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىشقا باشلىدى، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتتى، ئۇ موللاق ئاتماي قالمايدۇ! بولۇپمۇ ئادەمگە ياقمايدىغان ئىشى شۇكى، بىر قىسىم مۇخبىر-قەلەمكەشلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنى ماختايتتى، ھەتتا تەشكىلات بۆلۈمىمۇ ئۇنىڭ داڭقىغا چۈشۈپ قاپتۇ! ئىككى ئېغىزلا ئۆيدە تۇرىدۇ دېگەننى قانداق قىلاي، قانچە تار ئۆيدە ئولتۇرسا، شۇنچە ئىنقىلابىي ھېسابلىنىدىغان گەپمۇ؟ ئۇنىڭدىمۇ يۇقىرى رەھبەرلەر كوچىدا سەرگەردان بولۇشى كېرەكمۇ؟ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ ئىنتايىن سولچىللىققا ياتىدىغان،

ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئىلمىيلىككە يات گەپلەرنى مەن گېزىتخانىدا ئۇرغۇن يىل ئىشلەپ مۇنداق ساختا گەپلەرنىڭ، چوڭ گەپلەرنىڭ، قۇرۇق گەپلەرنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان! ئۆزىڭىز بىرنى كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ، جۇ شىچۇڭ ھازىر بىر قەۋەتلىك بەش ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ، تاملىرى سۇلياۋ قەغەز بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۇنى قارىسىڭىز ماختاپ نېمە قىلىدىغاندۇ! سىز ئىككى پۇتىڭىزنى يىنىك قىلىپ گېزىتخانىمىزغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، سوراپ بېقىڭ، ھەر ئىشنى بىر سوراپ باق دەپتىكەن كۆڭزى. ماۋ جۇشىمۇ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلمىغانلىقنىڭ پىكىر بايان قىلىشقا ھەققى يوق دەپ ئېيتقان. سىز گېزىتخانىغا بېرىپ ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك، تەھرىر، مۇخبىر، قارا خىزمەتچى، باشقا ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ بېقىڭ، جۇ شىچۇڭنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئىشقا ئارىلاشقانلىقىنى بىلمەيدىغان كىم بار؟ جۇ شىچۇڭنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش چۈشكەن ھامان، ئۇنىڭ ئۆزى كېلىپ بولغىچە، گېزىتخانىدا ۋە تالا تۈزدە يۈەن شياۋفاڭنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىكەن! ۋۇ زوۋېن ئۆرۈلىدىكەن! دېگەن گەپ-سۆز تارقىلىپ كەتتى. ئۇ كېلىپ بىر ئاي بولماي، دېگەندەك مېنى ئىككىنچى سەپكە چېكىندۈردى، شەھەرلىك پارتكومدا «يۈەن شياۋفاڭ ۋەقەسى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى! ئىچكى قىسىمدا تاۋ شيۈگىنى ئېتىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىپ، ھۆججەتكە بېسىپ، ئۆلكىگە مەلۇم قىلدى! يەنە تېخى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى! خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ نېمە قىلىدۇ؟ يولداش ئۇ نېمە قىلماقچى بولغان دېمەمسىز؟ ئۇ خەقنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى، خەقنى ئوتقا ئىتتىرىپ قىينىماقچى بولدى! جۇ شىچۇڭ تاۋ شيۈگىنىڭ يۈەن شياۋفاڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويغانلىق ۋەقەسىنى تەكشۈرمەكچى بولدى! نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن!

يولداش ۋۇ زوۋېن بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە نەپەس

ئېلىش سەل قىيىنلاشتى. جېڭ يۈگېنىڭ دەرھال ئۇنىڭ يولدىشىنى چاقىرتتى، يولدىشى ئۇنىڭ بېشىغا ئوكسىگېن قاچىلانغان ياستۇق قويۇپ بەردى. جېڭ يۈگېنىڭ ئۆزمەي ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدىلىك ئىچىدە خوشلاشتى. ئۇ شۇ ئاخشىمى ۋۇ زوۋېينىڭ ئائىلىسىگە تېلېفون بېرىپ، ۋۇ زوۋېينىڭ ساق سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا ئۇھ دېدى).

## 6

جېڭ يۈگېنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئۈچ خىزمەتچى ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى:

سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە، گېزىتخانىمىزدىكى يولداشلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتۇق، نەچچە كۈنگىچە ئۇ يەردىكىلەر بىلەن جەمئىي 40 نەچچە قېتىم سۆزلەشتۇق، گېزىتخانا رەھبەرلىرىدىن ئۈچ كىشى بىلەن، بۆلۈم باشلىقلىرىدىن توققۇز كىشى بىلەن، تەھرىر-مۇخبىرلار (رەسمىي ئۇنۋان ئالغانلار) دىن 13 كىشى بىلەن، ئادەتتىكى كادىرلاردىن يەتتە كىشى بىلەن، سىياسىي خىزمەت خادىملىرىدىن بەش كىشى بىلەن، ئىشچىلاردىن ئۈچ كىشى بىلەن ئۇچراشتۇق. ھەممەيلەننىڭ دېگەن گەپلىرى ئاساسەن بىرىيەردىن چىقتى.

1. كىشىلەر تاۋ شيۇگېدە بىرەر سوزۇلما كېسەللىك بارلىقىنى زادى ئاڭلاپ باقمايتىكەن، بۇدا ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتكەچكە، بۇ تاسادىپىي ئەھۋال ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغدۇرۇپتۇ.

2. كۆپ سانلىق (78 پىرسەنت) كىشى تاۋ شيۇگېنىڭ ئۆلۈمىنى يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىكەن.

3. ھەممەيلەن دېگۈدەك جۇ شىجۈنىڭ يۈەن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن ۋە شۇنداقلىقىغا ئىشىنىدىكەن. جۇ شىجۈنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن

يۈەن كېيىنكى بىلەن يۈەن شىياۋفاڭنىڭ دەردىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەخپىي مەسلىھەتلەشكەنمىش. كۆپچىلىك ۋۇ زوۋېننىڭ ئىككىنچى سەپكە چېكىندۈرۈلۈشى يۈەن شىياۋفاڭنىڭ ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەنگە ئىشىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ۋۇ زوۋېن چېكىنگەن ھامان تاۋ شىيۇڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن، جۇ شىچۇڭ شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، يۈەن شىياۋفاڭنىڭ ئىشىنى تىلغا ئېلىپ، تاۋ شىيۇڭ يۈەن شىياۋفاڭنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك دېگەنمىش، يەنە تاۋ شىيۇڭنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى ئىپادىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك — ئۈچ خىل كىشىلەردىنمۇ ئەمەس دېگەن گەپنى قىلغانمىش. (بىز بۇ توغرۇلۇق بىر قانچە رەھبىرىي يولداش بىلەن ئىنچىكىرەك سۆزلەشتۇق. بىز تەكشۈرۈپ كۆرسەك شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ رەسمىي خاتىرىسى ۋە ئەسلى خاتىرىسىدىن يۈەن شىياۋفاڭ، تاۋ شىيۇڭ دېگەن سۆزلەر زادى چىقمىدى دېسەك، ئۇلار: بەلكىم جۇ شىچۇڭ ئۆز سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە خاتىرىلىمەڭلەر، روھىنى ئىگىلىسەڭلەرلا بولدى دەپ ئالاھىدە تاپىلىغان بولۇشى مۇمكىن دېدى. بىز ئۇنداقتا لېنتىسىنى ئەكەلدۈرەيلى دېسەك، ئۇلار: بەلكىم سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە لېنتىغا ئېلىشنى بۇيرۇق بىلەن توختىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دېدى. بىز بۇنى نەدىن بىلىسىلەر دەپ سورىساق، ئۇلار: بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ ھازىر سىياسىي بيۇرونىڭ يىغىن ئېچىش ئەھۋالىنىمۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇپ كەتتى، يا بولمىسا ئۇنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە لېنتا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇ بالدۇرقى لېنتا تۈگەپ، كېيىنكى لېنتا باشلىنىشى ئارىلىقىدا سۆزلىگەن بولسا، ئۇنى قانداق تەكشۈرەلەيسىز؟) دېدى.

4. ھەممەيلەن جۇ شىچۇڭ تاۋ شىيۇڭنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغان دېيىشتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدا كىملەر بارلىقىغا كەلگەندە،

ھەر كىمنىڭ دېگىنى بىر-بىرىگە ئوخشىماي چىقتى.

5. جۇ شىشياڭنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەم ئۇنى جۇ شىچۇڭنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى، جۇ شىشياڭ جۇ شىچۇڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە تاۋ شيۈڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ بېسىم ئىشلەتكەن، باشقىلار تاۋ شيۈڭدىن جۇ شىشياڭ سىز بىلەن يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلەشتىمۇ دەپ سورىسا، تاۋ شيۈڭ ھەسرەت بىلەن ھېجىيىپ بېشىنى چايقىغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا بېسىم قاتتىق بولغان دېدى.

جۇ شىشياڭ بىلەن سۆزلەشسەك، ئۇ جۇ شىچۇڭ بىلەن تونۇشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ئۆزىنىڭمۇ، جۇ شىچۇڭنىڭمۇ يۇرتى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ۋ. ناھىيىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كەلسە مېنىڭ جۇ شىچۇڭ بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن. چۈنكى ئاشۇ ناھىيىدىكى جۇ فامىلىلىكلەرنىڭ يىلتىزى بىر دېدى، ئايرىم سۆزلەشكەنلىكى توغرىسىدا سورىساق، جۇ شىشياڭ يۈەن شياۋفاڭ توغرۇلۇق قىلچە گەپلەشكىنىمىز يوق، مەن تاۋ شيۈڭ بىلەن ئۇنى كەچلىك گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە ئۆستۈرمەكچى بولغانلىقىمىز توغرۇلۇق سۆزلەشكەن، ئۇ رەت قىلدى دېدى، كۆپ سانلىق (63 پىرسەنت) كىشى ئۇنداق ئەمەس، جۇ شىشياڭ راست گەپ قىلماپتۇ دېيىشتى.

6. كۆپ ساندىكى كىشىلەر دەپنە قىلىش ئىشى بەك تېز، بەك ئالدىراش ئاددىي ئىشلەندى دەپ ھېسابلايدىكەن. تاۋ شيۈڭ ۋاپات بولۇپ 6-كۈنى جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپتۇ. دوختۇرخانىنىڭ جەسەتخانىسىنى باشقۇرىدىغانلارمۇ: جەسەتنى نېمە ئانچە تېز ئېلىپ كېتىسىلەر» دەپ سورىغانمىش (دوختۇرخانىنىڭ تۈزۈمىدە جەسەتخانىدا ساقلاش ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن جەسەتنى جەسەتخانىدا يېرىم يىلغىچە تۇرغۇزىدىغان يۇقىرى رېكورد ياراتقانلار بولغان. ئۆلۈكنىڭ

ئائىلە تەۋەلىرى تەزىيە نامىدىكى بىرەر تىنىش بەلگىسىگىمۇ قوشۇلمىسا، ئۆلۈكنى جەسەتخانىدىن يۆتكەشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالىدىكەن!).

7. بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىز ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيىتىمىز توغرىسىدا گەپ-سۆز كۆپىيىپ كەتتى. بەزىلەر ئەڭ يۇقىرى يەردىن «تاۋ شيۇڭ ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى» دەپ تەستىق چۈشكەن دېسە، بەزىلەر قانۇن دوختۇرىنىڭ قولىدا مەخپىي ئارخىپ، ئۆلۈكنى تەكشۈرۈشتىن چىقارغان مەخپىي خۇلاسە بار ئىكەن، تاۋ شيۇڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنى باشقا بىرسى ئۆلتۈرۈپ قويغان، گېلىدىن تىرناقنىڭ ئىزى سىزىلىپتۇ، بۇ ئۇنى باشقا بىرسىنىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ دەپتۇ. كۆپرەك ئادەم كەينىمىزدە بىزنى قوللايدىغان كىم بارلىقى، بىزگە قانداق ۋەزىپە تاپشۇرغانلىقى ئۈستىدە پەرەز قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىزنىڭ كىملىكى، ئارقا تىرىكىمىزنىڭ ئارقا تىرىكى كىملىكى، ھەممە ئارقا تىرىكىمىزنىڭ كەينىدە تۇرغان باش ئارقا تىرەكنىڭ كىملىكىنىڭ كىملىكى توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. ئۇلار بىزنى بۇ يەرگە جۇ شىچۈڭدىن چاتاق تېپىش ئۈچۈن كەلگەن، جۇ شىچۈڭنىڭمۇ يۆلەنچۈكى، ئارقا تىرىكى بار دەپ، جۇ شىچۈڭنىڭ ئارقا تىرىكىنىڭ كىملىكى، ئارقا تىرىكىنىڭ ئارقا تىرىكى كىملىكى، ھەممە ئارقا تىرىكىنىڭ كەينىدە تۇرغان باش ئارقا تىرەكنىڭ كىملىكى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزنى بىزگە ئارقا تىرەك بولغۇچىنىڭ ئارقا تىرىكىنىڭ ئارقا تىرىكى بىلەن جۇ شىچۈڭغا ئارقا تىرەك بولغۇچىنىڭ ئارقا تىرىكىنىڭ ئارقا تىرىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىنكاسى دەپ ھېسابلاپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەر جۇ شىچۈڭنىڭ سىياسىي تەقدىرى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشىپتۇ.

(جېك يۈگېنىڭ شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن كايىدى: چۆپلۈپتۇ! ھەممە ئىشقا گۇرۇھۋازلىق نۇقتىسىدىن، ئۇ تەرەپ، بۇ تەرەپ دېگەن نۇقتىدىن قارايدىغان ئىش بولسا، پارتىيە پارتىيە بولماي، دۆلەت بولماي قالامدۇ!)

8. بىز ئەھۋال ئۇقۇش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ھازىر ئاما ئارىسىغا چۈشۈپ، تەكشۈرمەن، تەتقىق قىلمەن دېسەك ئورغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىكەنسەن. بىر قىسىم ئاما ئوچۇق گەپ قىلماي ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىرمۇنچە گەپ سورىساق بىلمەيمىز دەپلا تۇرۇۋالدى، بىزدىن يىراققا قاچتى، تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، ئۇلار بىرەر زىددىيەتكە ئارىلىشىپ قېلىشتىن قورقىدىكەن. بىر پېشقەدەم كوررېكتور بىزگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق: «مۇنداق ئىشلارنى مەندىن سورىماي قويۇڭلار، مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە باشقىلارنىڭ ئىشىغا يېقىن يولاپ باقمىغان» دېدى. ئاز ساندىكى بىرقانچەيلەن بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزگە ئاجايىپ بەك قىزىقىپ، ھەرخىل يوللار بىلەن بىزدىن گەپ ئالماقچى، بىزنىڭ كەينىمىزدە كىم بارلىقىنى، ۋەزىپىمىز نېمىلىكىنى، جۇ شىچۇڭ، جۇ شىشياڭلارغا قانداق قارايدىغانلىقىمىزنى بىلمەكچى بولۇشتى. بۇلتۇر تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن بىر ياش بىزنىڭ جۇ شىشياڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا ۋەدە بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ، ئەگەر جۇ شىشياڭنى گېزىتخانا باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلىساڭلار ياكى يۆتكىۋەتسەڭلەر، ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭلار ئەھۋال ئىنكاس قىلمەن دەپ رەھبەرلىكنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان ئىشنى قىلمايمەن دېدى. بىز بىزدە بىرەر پىشىپ قالغان كۆز قاراش يوق، بىز ئەھۋالنى ئوبيېكتىپ ئاساستا ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن كەلدۇق، بولۇپمۇ بىزدە بىرەر كىشىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان پىكىر يوق دېسەك، ئۇ ياش مەككارلىق قىلىپ: بولدى، بولدى، سىلەرنىڭ بىرەر خاھىش، بىرەر مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىڭلار تۇرغان گەپ، ھەرقانداق تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، خۇلاسىسى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇلۇشىنى كىم بىلمەيدۇ؟ تەكشۈرىمىز دېگىنىڭلار ئۆزۈڭلەرگە پايدىلىق ماتېرىيال تاپماقچى بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، راست گەپنى قىلسام، ئەگەر مەقسىتىڭلار جۇ شىچۇڭ بىلەن جۇ شىشياڭنى ئاغدۇرۇش بولسا، مەن سىلەرگە پايدىلىق ماتېرىيال،

www.uyghurkitap.com

يەنى تاۋ شيۇگىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى گۇمانىنى يېشىدىغان ماتېرىيال بېرەلەيمەن. ئەگەر مەقسىتىڭلار ئۇ ئىككىسىنى قوغداش بولسا، ئىش تېخىمۇ ئاسان، مەندە بۇ توغرىسىدىكى ماتېرىيال تېخىمۇ جىق، مەن تاۋ شيۇگىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى گۇمانلارغا بىر-بىرلەپ رەددىيە قايتۇرالايمەن... دېدى.

(جېڭ يۇگېڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق غەزەپلەندىكى، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، ھۇ داپ يۈز، نومۇسسىز، ئۇ پارتىيە ئەزاسىمكەن؟ دېدى).

ياق. دەرۋەقە، سىرلىق يول بىلەن كېلىپ بىزگە ئەھۋال ئېيتقۇچىلارمۇ، كۆز قىسىپ، قېشىنى ئوينىتقانلارمۇ، كۆپتۈرۈپ گەپ قىلغانلارمۇ بولدى، ئۇلارنىڭمۇ نىيىتى ساپ ئەمەستەك...

7

جېڭ يۇگېڭ كەچلىك گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى جۇ شىشياڭ بىلەن سۆزلەشتى.

جاۋاب: گېزىتخانىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمىز، مەن گېزىتخانىغا كەلگىلى ئەمدىلا يەتتە ئاي بولدى، مېنىڭ گېزىتخانىغا كېلىشىمنى ئۆتكەن نۆۋەتلىك شەھەرلىك پارتكوم بەلگىلىگەن، ئۇ چاغدا جۇ شىجۇڭ ھەرگىز م. شەھىرىدە ئىشلىمەيتتى. مەن كەلگەندىن كېيىن، مۇھىمى تەھرىرلىك فاڭجېنى ۋە بەنزە قۇرۇلۇشىنى تۇتتۇم. شۇنى ئېيتماي بولمايدىكى، بىزنىڭ كەچلىك گېزىتىمىز بەك ناچار باشقۇرۇلغان، خادىملارنىڭ ساپاسى بەك تۆۋەن ئىكەن، يەنى ئاخباراتچىلىق كەسپىدە تەربىيە ئالغان ۋە مەلۇم سىياسەت، نەزەرىيە سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان تەھرىرلەر بەك ئاز ئىكەن، باشقۇرۇش خادىملىرىمۇ يېتىشمەيدىكەن. تاۋ شيۇگىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە يۈەن شياۋفاڭنىڭ كېسىلىگە كەلسەك، بۇنىڭ تولىمۇ بەختسىزلىك ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بىراق مەن بۇنىڭغا بىرەر سىر بار دەپ قارىمايمەن. دوختۇرخانىنىڭ ئىسپات

قەغەزدە ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. تاۋ شىيۈڭ يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ كېسەل تۇيۇقسىز قوزغالغان، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ تىقىلىشى كەڭ دائىرىلىك بولغان، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندا ئەمەلىيەتتە نەپىسى توختاپ قالغان، ئۆكسىگېن يۈرۈتۈپ، يۈرىكىنى ئۇۋۇلاپ ئۈچ سائەتكىچە تىز قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىغان، ئېلېكتروكاردىئوگراممىدا تۈز سىزىق ھاسىل بولغان، قان بېسىمى نۆلگە چۈشۈپ قالغان، باشقا ئىلاج تېپىلمىغاچقا جەسەتخانىغا ئەكىرىپ قويۇلغان. يۇمىن شياۋفاڭ ياشلىق دەۋرىگە خاس ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان. ئۇنىڭ بۇ كېسىلىنىڭ نەسىلدىن قالغان تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ ئانىسى، يەنى يولداش يۇمىن كېفىڭنىڭ خوتۇنى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. يۇمىن شياۋفاڭ دوختۇرخانىدا داۋالانغاندىن بۇيان ناھايىتى كۆپ ئوڭشىلىپ قالدى، ھازىر ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتىدۇ. بۇ گەرچە بەختسىز ئىش بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس.

تاۋ شيۈڭنى دەپنە قىلىش ھەققىدە ئېقىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەر پۈتۈنلەي توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەندەك بىر ئىش. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئىپادىسى ئوبدان بولدى. ئۇلار تەخلىككە سالىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى، بۇنىڭ قانداقتۇ غەلىتە يېرى بولسۇن؟ بىز نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى ئىشلىدۇق. بىز گېزىتخانا رەھبەرلىرى تاۋ شيۈڭنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھال سورىدۇق، تەزىيە بىلدۈردۇق، دەپنە قىلىش ئىشى توغرۇلۇق پىكىر ئالدۇق، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى پۈتۈنلەي تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گېزىتخانىمىزدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاۋ شيۈڭنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى. جەسىتىنى كۆيدۈرىدىغان چاغدا،

جەسەتنى ئۆزۈم بىللە ئېلىپ باردىم، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولدى، تاۋ شىيۇگىنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايتتى. ھازىر ھەتتتا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ دەپنە ئىشنى تەشكىل ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇدا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئىش كۆرگەن بولساق، كېيىن باشقىلار ئۆلۈپ كەتكەندە قانداق قىلىدىغان گەپ؟ دېمەك ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلماي بولمايدۇ. ھازىر نورمال ئىشنى نورمالسىز ئىشقا چىقىرىۋېتىدىغان ئەھۋال بولۇۋاتىدۇ! مۇبادا ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىر-ئىككى ئايغىچە يولسىزلىق قىلىپ چاتاق تېرىغان بولسا، مۇنداق غەيرىي نورمال ئىشنى نورمال ئىش دەپ قارايدىغانلار چىققان بولاتتى، ئۇنداقتا بۇ تولىمۇ غەلىتە ئىش بولماسمتى!

مەن بىلىۋاتىمەن، ھەممە ئۆسەك سۆزلەرنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم سىلەرنىڭكىدىن كۆپ. مەسىلەن، بەزىلەر قارىسىغا گەپ قىلىپ، تاۋ شىيۇك خوتۇنى بىلەن ئاراز ئىكەندۇق دېيىشىۋاتىدۇ؛ بايا يەنە بەزىلەر تاۋ شىيۇگىنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئۆگەي ئىكەن، ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تەشكىل ئالدىدا چاتاق چىقارمىغانلىقى ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغان دېيىشىۋاتىدۇ.

مەن سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن شۇنى ئېيتىپ قوياي، سىلەرنىڭ كېلىشكىلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە خىلمۇ-خىل پىكىرلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى، گېزىت ئادەتتە تەرەپ-تەرەپتىن ئەيىبلىنىپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىتخانا رەھبەرلىرى بەش يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم يەڭگۈشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنىڭ سەلبىي تەسىرى بەك ئېغىر. كىشىلەر ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ كەتتى، بىرەر ۋەقە يۈز بەرسىلا داۋراڭ كۆتۈرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھاننىڭ مالىمان بولۇشىنى تىلەپلا يۈرىدىغان ئاز ساندىكى چاتاقچىلار بار. مانا بۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەت. بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ،

جاپا چېكىپ ئىشلىسەك ئۆسمەك تەس، ئۇنىڭدىن كۆرە ئانچە-مۇنچە چاتاق چىقىرىپ، جېدەل تېرىپ ئۆزۈڭنى كۆرسەتكەنگە يەتمەيدۇ دېگەن يەرگە كەلگەن.

يولداش جۇ شىچۈڭغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئوبدان يولداش ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، ئۇنىڭ ماختىمايدىغان ئادەم يوق. ئۇنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى توغرىسىدا ئاشۇنداق ماختاش قەلەمكەشلەرنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇنىڭ يولداش جۇ شىچۈڭ بىلەن ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشتىكى سەۋەب نېمە؟ ناھايىتى روشەنكى، كىم قانچىكى نەتىجە قازانغان، ئوبدان باھالانغان، داڭقى چىقارغان، ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىلگەن، ماختالغان، ئىستىقباللىق بولغان بولسا، بەزىلەر ئۇنىڭغا شۇنچە قايىل بولمايۋاتىدۇ، ئۇنى شۇنچە يامان كۆرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇ شىچۈڭنىڭ ستاژى قىسقا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرز قىلمايدىغانلار چىقماي قالامدۇ؟

... كەچۈرۈڭ، گېزىت سەھىپىسىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، ئەتىكى گېزىتنى قوشۇمچە ساندىن ئىككىنى قوشۇپ چىقارماقچى ئىدۇق، بەت ياسىلىپ بولغانىدى، ئازراق چاتاق چىقىپتۇ، كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ يەنە سۆزلىشەيلى، ئەڭ ياخشىسى ئەمدى سۆزلەشمىسەكمۇ بولىدۇ، ھەممىمىز بەك ئالدىراش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جىددىي ئىش، كۈچىمىزنى يوقىلاڭ ئىشلارغا زايا قىلماي، ئازراق بولسىمۇ تېجەپ قالايلى، ئىشنى نۆلدىن باشلاپ، بىر ھازا ئايلىنىپ ئاخىرى يەنە نۆلگە قايتىپ كېلىدىغان ئىشنى قىلمايلى!

سوئال: توختاڭ، ماڭا ئوچۇق جاۋاب بېرىڭ، يۈەن شياۋفاڭ ۋەقەسى توغرۇلۇق يولداش جۇشىچۈڭ بىلەن سىز بىرەر گەپ قىلغانمۇ؟ بىرەر ئىش ئورۇنلاشتۇرغانمۇ؟ بىرەر ئويدا بولغانمۇ؟ بىرەر پىلان قۇرغانمۇ؟

جاۋاب: زادى ئۇنداق ئىش يوق. يەنە بىر تەكرارلاپ ئېيتايلى، بۇ نۆلگە باراۋەر، پۈتۈنلەي نۆلگە باراۋەر ئىش.

سوئال: رەھمەت. سىزنىڭ مۇشۇ ئېيتقانلىرىڭىزنى يازما ماتېرىيال قىلىپ رەتلەپ چىقىمەن، ئەگەر ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئىمزا قويۇپ بېرىسىز.

جاۋاب: ئېتىراپ قىلىمەن، ئەگەر ئەھۋال ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇپ چىقسا، ھەممە جاۋابكارلىقنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا مەن تەييار. ھازىر ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ...

## 8

جېك يۈنچېڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تارقاتقان بىر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەتبەئەدە بېسىلغان بۇ ماتېرىيالدا مۇنۇلار ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن:

م. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى جۇ شىچۈڭنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تۇغقىنى يۇەن كېفېڭ ئائىلىسىگە يان بېسىپ، م. شەھىرىدە چىقىدىغان كەچلىك گېزىت ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تاۋ شيۇگىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە زامىن بولغان ۋەقەسى پاش قىلىنغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە قىلچە خەۋەر يوق. بۇنىڭدىن شۇنى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: 1. مەنسەپدارلار بىر-بىرىنى قاتات ئاستىغا ئېلىپ، باش-ئۈچىنى بىلىپ بولمايدىغان، چىگىش، بۇزۇلماس ئالاقە تورىنى شەكىللەندۈرگەن، ھەرقانداق كىشى بۇ ئالاقە تورى بىلەن ئېلىشماقچى بولسا، خۇددى جۇ باجىيې تور قاپلىغان غاردا دۆ پەرىلەر قۇرغان تورغا چۈشۈپ قالغاندەك قاتمۇقات چىرمىلىپ پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىدۇ. 2. بەزىلەر ئىشنى كەينىگە سۆرەپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئادەم دېگۈزى تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتمەس-تۈگىمەس تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش، پىكىر ئېلىش، مۇھاكىمە قىلىش، تىزدىنىش دېگەنلەرگە بەنت

بولۇپ، ھەركىم ئۆز كېپىنى يورغىلىتىپ، پارتىيىنىڭ نوپۇزلۇق ئورگىنىنى ئاخىرى چىقمايدىغان بەس-مۇنازىرە كۇلۇبىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. 3. بەزىلەر رەھىمدىللىق، قولى يۇمشاقلىق قىلىپ، نوچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بەزى بولداشلار تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى خاتا قوبۇل قىلىپ، ئىشنىڭ كۆپەيگىنىدىن ئازايغىنى ياخشى دېگەن ئوي بىلەن باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن، ئارىلىشىپ قويسا قۇتۇلالماي قېلىشتىن، ھازىر بىر تەرەپ قىلغان ئىشنىڭ بىر مەزگىل ئۆتكەندە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلمايۋاتىدۇ، سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيۋاتىدۇ. مىڭى توردىن چۈشۈپ قالسا قالسۇنكى، بىرەر سىمگە ئۆۋال بولۇپ قالمىسۇن دېگەن يولنى تۇتۇۋاتىدۇ...

جېڭ يۇڭپىڭ بۇ ماتېرىيالنى باشتىن-ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ سەل نارازى بولدى-دە، مۇنچىزا! ئالدىراپ نېمە قىلماقچى؟ — دېدى.

مۇقاۋىسىغا خوللىۋود ئايال چولپىنىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىرىنچى ئەسەر دەل «توقۇلمىغان ھېكايە» ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئادەم، يەر ناملىرى توقۇلغان، ئەمما مەزمۇنى جۇ شىچۇڭ — تاۋ شيۇلەن — يۈەن كېفېڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدىكى ۋەقەگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى، باكى دەل شۇنىڭ ئۆزى ئىدى، ھېكايىنىڭ خاتىمىسىدە ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېيىلگەنىدى:

ئۇ! ئۇ دېگىنى گويا تاۋ شيۇلەنگە ئوخشايتتى! ئۆلۈپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە زامىن بولغان نوپۇزلۇق ئەمەلدارنىڭ قولىنى تۇتۇۋالالمايمىز. نوپۇزلۇق ئەمەلدار تەھدىتلىك قولىنى سوزماي تۇرۇپلا — بەلكىم مۇنداق قولىنى سوزۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى بولماي تۇرۇپلا — ئۆلگۈچى ئاللىقاچان بەرداشلىق بېرەلمەي، روھىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ، يۈرىكى پارە-پارە يېرىلىپ كەتكەن. مۇنداق بىر كىچىك

شەخسنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن نوپۇزلۇق ئەمەلدارنىڭ قول سېلىشى كېرەك بولامتىمۇ؟ چېخوۋنىڭ ھېكايىسىدىكى كىچىك خىزمەتچى «كاتتا ئەرباب» ئالدىدا چۈشكۈرۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن قورقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭدا «كاتتا ئەرباب»نىڭ نېمە جاۋابكارلىقى بولسۇن؟ «كاتتا ئەرباب» بۇنىڭغا جاۋابكار بولمايدۇ. «كاتتا ئەرباب» كىچىك خىزمەتچىگە زالىملىق بىلەن چاپلىشىۋالغان بولماي، بەلكى كىچىك خىزمەتچى «كاتتا ئەرباب»قا پەسكەشلىك بىلەن چاپلىشىۋالغان. «كاتتا ئەرباب»نى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي ساراڭدەك چاپلىشىۋالغان كىچىك خىزمەتچىگە يېتەرلىك سەۋر-تاقەت قىلمىغان دېيەلەمسىز؟ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! فېئوداللىق ئىمتىياز، جىسمانىي بېقىندىلىق، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئادەمنى ئەنە شۇنداق قان چىقارماي ئۆلتۈرىدۇ! ئۇ بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىش ۋە سەل قارىلىشتىن باشقىغا ھەققى يوق.

ئى ئاجىز، سىزنىڭ ئېتىڭىز كىچىك شەخس جۇمۇ!

تەھرىر خاتىمە سۆزىدە بۇ ھېكايىنى كىشىنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان بېگى ئەسەر، قالتىس ئەسەر دېگەنلەرنى يازغان.

بۇ ھېكايىنىڭ ئېلان قىلىنىشى م. شەھرىدە غايەت زور تەسىر قوزغىۋەتتى، بەزىلەر تىللىسا، بەزىلەر ماختىدى، بىرمۇنچە كىشىلەر جۇ شىچۇڭنىڭ سىياسىي تەقدىرى ھەققىدە پال ئېچىپ، قېنى ئۇ مەنسىپىنى قاچانغىچە ساقلاپ قالالاركىن؟ دېيىشتى، يەنە بەزىلەر جېڭ يۇڭپىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «خەق ئۆز ھېكايىسىدە شۇنچە ئېنىق، شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە مۇپەسسەل تەسۋىرلىگەن تۇرسا، سىلەر يەنە نېمىسىنى تەكشۈرۈۋاتىسىلەر؟» دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، مۇقاۋىسىغا ئاۋسترالىيە قاپچۇقلۇق چاشقىنى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان بىر ژۇرنالغا «يول ئاچقۇچىنىڭ خىسلىتى» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە خەۋەر

ئەدەبىياتى بىسىلدى. ئۇنىڭدا جۇ شىچۇڭ ئىسمى ئاتاپ ماختىلىپ، جۇ شىچۇڭ يول ئاچقۇچىلار تىپىدىكى ئىختىساس ئىگىسى، يېڭى تىپتىكى رەھبىرى كادىر، م. شەھىرىدە تۇرۇپ جاھانغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن كىشى. ئۇ 200 مىڭ شەھەر خەلقىنى يادىدىن چىقارمىغان، تونۇگۈن بىلەن بۈگۈنىلا ئەمەس، بەلكى ئەتە بىلەن ئۆگۈننىمۇ كۆڭلىگە پۈككەن، ئۇنىڭدا جاسارەتمۇ بار، پاراسەتمۇ بار، قىزغىنلىقمۇ بار، زېرەكلىكمۇ بار دېيىلگەن. ئۇ قوياشقا قاراپ پەرۋاز قىلغان شۇڭقارغا، بوران-چاپقۇن ئىچىدە ئۇچۇۋاتقان بورانقۇشقا، بولې① يېڭى ئۇچراتقان تۇلپارغا، يېپيېڭى كەشپىياتقا باشلامچى بولغان سەركەر-دىگە ئوخشىتىلغان. ئىلمىزدە ئىسلاھاتچىلارنىڭ، يول ئاچقۇچىلارنىڭ تەقدىرى رومانىنىڭ پاجىئەدىن خالىي ئەمەسلىكى ئېيتىلىپ، يول ئاچقۇچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى كونىلىققا پېششۋالدىغان، ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايدىغان، ئەيش-ئىشرەتتە ياشايدىغان ھەنىۋا بىيۇروكراتلارغا سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، يول ئاچقۇچىلار بەزىلەر ئۈچۈن كۆزىگە سانجىلغان مىخ، پۇتىغا سانجىلغان تىكەن بولۇپ قالىدۇ، يول ئاچقۇچىلارغا زەربە بېرىدىغانلارنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلار پىتنە-ئىغۋا ئويدۇرۇپ، يوقىلاڭ بەتنام ئارتىپ، پاسكىنا يوندا چاچقاندەك قارا چاپلاپ يول ئاچقۇچىلارنى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى ئاقلىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ ۋە ئاخىرى بېرىپ ناھەق قارىسىغا ئاغدۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جاھاننى تىنچىتتۇق دەپ كۆڭلى ئاجايىپ ئارام تېپىپ قالىدۇ! دېيىلگەن.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، ئەي ھالى ئېچىنىشلىق بىچارە خالايىق، ھوشيار بولۇڭلار! شەھەرلىك پارتكومىڭلارنىڭ يېڭى شۇجىسىنى قوغداڭلار. ئۇنى ئىپلاس ھۇجۇمدىن قۇتقۇزۇڭلار! دېيىلگەن.

## 9

جىڭ يۈكپىڭ ئەنە شۇ ماتېرىيال، ماقالە ۋە ھېكايىلەرنى

① بولې — جۇڭجۇ دەۋرىدە ئات تونۇشتا ئۇستىلىقى بىلەن تونۇلغان كىشى — ت.

ئۇقۇپ چىقىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن رەسمىيىتى ۋە تەشكىلىي سىستېمىسى مۇكەممەل، خىزمەت تەجرىبىسىگە باي تەلەپچان بىر نوپۇزلۇق ئورگاننى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۇ خىلمۇ-خىل ھۆججەت-ئالاقە، ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا ئىگە ئىدى ھەمدە بىرمۇنچە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا كامالەتلىك دېيىشكە بولمىسىمۇ لېكىن قابىلىيىتىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدىغان خادىملار بار ئىدى. ئۇ ھەر خىل خادىم ۋە تۈرلۈك ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا نۇرغۇن قولايلىققا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ م. شەھەرىگە كەلگىنىگە ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىشنىڭ تەگتىنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەكشۈرۈش، ھال سوراش ئىشىنى كەڭ كۆلەمدە ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن تاھازىرغىچە كۆپچىلىكنىڭ گېپى ھەرخىل چىقىپ بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمىدى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتى مۇنداق بولدى: ئىش سەۋەبسىز بولسىغان، ئەمما تەق پاكىت تېپىلمايۋاتىدۇ. بىراق ئاشۇ ماتېرىياللارنى ۋە ماقالىلەرنى يازغان موللاملار قانداقلارچە ئىشنىڭ قارىسىنى قارا، ئېقىنى ئاق دەپ شۇنچە ئېنىق بىلگەندۇ؟ ئىچكى ماتېرىيال ۋە توقۇلما ھېكايە ئاپتورلىرىنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، جۇ شىچۈڭ فېئودال كۈچلەرنىڭ ناماياندىسى، خەلقنىڭ شىلىسىگە مىنىۋالغان تۆرە، قان چىقارماي جان ئالىدىغان ئەزرائىل بولۇپ چىقىدۇ. ھوقۇق دېمەك جىنايەت بولۇپ چىقىدۇ، ھوقۇق دېمەك ھەممە كىچىك شەخسلەرنى بېسىپ يانچىيدىغان نەيشەن تېغىدەك ئېغىر بېسىم بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك ھوقۇق تۇتقانلار گۇناھكار، قەرزدار، يولسىز، ئادالەتسىز بولۇپ چىقىدۇ، ھوقۇق تۇتمىغانلار بولسا يوللۇق، دەلىل-ئىسپات ئىگىسى، ئادالەتنىڭ، ۋىجداننىڭ نامايەندىسى بولۇپ چىقىدۇ، ھەممە جاۋابكارلىقتىن خالىي بولۇپ چىقىدۇ. مۇبادا ئاشۇ ئاپتورنىڭ مەنتىقىگە ئەمەل قىلىنىدىغان بولسا، يولۇققانلا «ھوقۇقدار» نى يوقاتسىلا بولمامدىمۇ؟ تەكشۈرۈپ

بۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ بۇ ئاپتور ھەممىلا ئىشنى نېمىدېگەن ئايدىڭ، نېمىدېگەن ئەبلەك، نېمىدېگەن ئاسان چاغلىغان-ھە! بۇ ئاپتور ئەنزە ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش، ئەلنى ئىدارە قىلىش ۋە جاھاننى تىنچىتىشنى قولنى شىلتىپ قويسىلا پۈتىدىغان ئىش، بىزنىڭ بىرمۇنچە كادىرلىرىمىز ئەنە شۇنداق قول شىلتىشنى خالىمايۋاتىدۇ دەپ بىلسە كېرەك! بۇ نەقەدەر ئەرزان توختايدىغان سىياسىي تەشەببۇس ھە!

كېيىنكى ئاپتورغا كەلسەك، يول ئاچقۇچىنى مەدھىيىلەيدىغان خەۋەر ئەدەبىياتىنى يازغان بۇ ئەپەندى ئۆزىنى پۈتۈنلەي جۇ شىچۇگىنىڭ قويىغا ئېتىپ، جۇ شىچۇگىنى بىراقلا ئىسلاھاتچىلارنىڭ، يول ئاچقۇچىلارنىڭ نامايەندىسىگە، ئۇلۇغ دەۋر ئېقىمىنىڭ، تارىخ چاقىنىڭ ۋەكىلىگە، تەتۈر ئېقىمغا قارشى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن گىگانت زاتقا ئايلاندۇرۇپ قويغان، جۇ شىچۇگغا قارشى تۇرغانلارنى ۋە نارازى بولغانلارنى دۆت، نادان، مۇتەئەسسىپ، كۆزى كىچىك، ياۋۇز، چاكىنا، چەرەندە-پەرەندە... قىلىپ كۆرسەتكەن، ئۇلۇغ زات جۇ شىچۇگنىڭ بىر تالاي رەزىل چەرەندە-پەرەندىلەرنى، دۆت خۇمپەرلەرنى باشلاپ ئالغا چامدىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتساق بىر توپ ئەخمەقلەر، ئەسكىلەر، ئەخلاقىي سەۋىيىسى ۋە ئەقلىي يېتىلىشى تولىمۇ گۇمانلىق نادانلار جۇ شىچۇگ دېگەن ئەزىمەتنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭغا ئايلانغان دېسە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟ بىر ئويلاپلا ۋە بىر قاراپلا بەش قولدەك بىلىۋېلىشقا بولىدىغان مۇنداق ئاددىي، مۇنداق ئايدىڭ، مۇنداق تېز پۈتىدىغان، مۇنداق كۈچ كەتمەيدىغان ئىش بولىدىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى-ھە! مۇبادا ئاشۇ دانىشمەن موللاملار ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىدىغان بولسا، سۆرەلمىلىك، روھسىزلىق دېگەنلەرنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ، «مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى» دەپ ئولتۇرماي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇن ئايدىمۇ پۈتتۈرۈش ناتايىن بولغان ئىشلارنى ئۇن مىنۇتتىلا پۈتتۈرمەي قويمايمىز،

قىرقىدىغاننى تازا قىرقىپ، قىرىدىغاننى تازا قىرىپ، مۇكاپاتلايدىغانلارنى كاتتا مۇكاپاتلاپ، جازالايدىغانلارنى قاتتىق جازالاپ، بىر پەس چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈپ، بىر پەس تازا پەسەيتىپ، بىر تالاي كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، بىر تالاي كىشىلەرنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، بىر تالاي كىشىلەرنىڭ مەنسىپىنى تۆۋەنلىتىپ، بىر تالاي كىشىلەرنى ئۈستۈرۈپ، بىر تالاي كىشىلەرنى تارتۇقلاپ، بىر تالاي كىشىلەرگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئەلنى تازا ئۈگىتاپ، ھەقىقەت، ئالىي ساخاۋەت، ئادىللىق، ئادالەت دېگەنلەرنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن، تۆت كەررە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايمىز دەيدىغاندەك تۇرىدۇ، مانا بۇ ماۋتەي ۋە مارتىن ماركىلىق برانىدىنىمۇ بەكرەك لەززەت بېغىشلايدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۇتوپىيە دېمەكتۇر!

توختاڭ! شۇغىنىسى ئىككى داتانىڭ ھۆكۈمى بىر-بىرىگە دەلمۇ دەل زىت كېلىدۇ! قايسىسىنىڭكىنى ئاڭلاش كېرەك؟ ئىككى موللا ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قالمىغىدى؟ ئالىيجانابلار سۆزلىگەنگە ئۇرۇش چىقىپ كەتمەس؟ ئاغزىدىكى سۆز بىلەن كىممۇ كىمنى قايىل قىلالىسۇن؟ چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدە «ئاغزىنى ئىتقا سېلىش» نىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان بولسا كېرەك، ئۇ چاغدىكى ئۆلۈمالا مۇھىمى «ئاغزى» غا تايىنىپتىكەندۇق، ئۇلار ئاغزىنى ئاچقان ھامان پادىشاھلارنى شادلاندۇرۇپ، تالاي باتۇرلارنى سۆز بىلەن بېسىپ چۈشۈپ، سەردارى لەشكەرلىككە ۋە ۋەزىرلىككە ئېلىنىشىپتىكەندۇق، بىرەر يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىنى يولغا قويۇش بولسۇن، ئەسكەر ئىشلىتىش بولسۇن، ئۇزۇنغا ياكى توغرىسىغا بىرلىشىش بولسۇن، بۆلۈنۈپ ئۇرۇشۇش بولسۇن، شەھەرنى قانغا بويىشى بولسۇن ئېغىزدىن چىققان ھامان روھ ماددىغا ئايلىنىپ ئەمەلدە كۆرۈلۈپتىكەندۇق، ئۆلۈمالا ئاغزىنى ئىتقا سېلىپلا «مىڭ دەن ئاشلىق» «تۈمەن دەن ئاشلىق»، قا ئىگە بوپتىكەندۇق... ھازىرچۇ، ھازىر زامان ئۆزگەرگەن، خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا 40 يىل بولغان جېك يۈگىمىك ئاغزىغا تايىنىپ

غەلىبە قازانغان بىرەر مەسىلىنى كۆرۈپ باقمىغان.

بەلكىم ئۇلار ئالاھىدە بىگىسى بار كىشىلەرمۇ يا؟ ئۇلار ھەم سەزگۈر، ھەم بىلىملىك كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ھەممىدىن توغرا يول — ئۇلارغا تولۇق ئىشىنىپمۇ كەتمەسلىك، ئىشەنمەيمۇ قويماسلىق جىيڭ يۇڭپىڭ ئۆلكىگە تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممىدىن قابىل بىر باشقارما باشلىقىغا ھېلىقى توقۇلما ھېكايىنىڭ ۋە خەۋەر ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورلىرىنى تېپىش، ئۇيلىرىگە بېرىپ ھال سوراپ، ئۇلارغا 8679-نومۇرلۇق مۇھىم دېلو ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا بىرەر يول كۆرسىتىشنى مۇراجىئەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

## 10

جىيڭ يۇڭپىڭ پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىر يۈەن كېفېڭ بىلەن سۆزلەشتى.

سوئال: ئاڭلىشىمىزچە سىزنى شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى جۇ شىجۇڭنىڭ دادىسى بىلەن ئادەتتىن ئۆزگىچە ئالاقىسى بار دەيدىغۇ؟

جاۋاب: ئارىمىزدا جەڭگىۋار دوستلۇق بار. ئىنقىلابىي قۇربان جۇيىڭ مېنى ئىنقىلاب يولىغا باشلىغان كىشى. ئۇنىڭ قوشۇنى بىزنىڭ يېزىغا كەلگەن شۇ كۈنلەردە، مەن مۇشۇ كىچىك بازاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىردىنبىر ئېنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. يولداش جۇ يىڭ مەن بىلەن بار يوق بىر سائەتلا سۆزلەشتى. مەن قەتئىي قارارغا كېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم-دە كومپارتىيىگە، 8-ئارمىيىگە ئەگىشىپ ئىنقىلاب قىلدىم...

ﺍجىيڭ يۇڭپىڭ ئۇ كۈنلەردە «ئاغىز» نىڭ قۇدرىتى ھازىرقىدىن كۆپ ئارتۇق ئىكەن-دە! دېگەننى ئويلىدى! ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى، ئامېرىكىلىقلار «ياراشتۇرۇش» قا كەلدى، مەن

www.uyghurkitap.com

يولداش جۇ يىڭنىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالدىم. ئامېرىكا تەرەپ ۋەكىلى كارتېر شاگۋېي يولداش جۇيىڭغا 15-ئەسىردىكى بىر يەلكەنلىك كېمە مودېلىنى تەقدىم قىلدى، كولۇمبو يېڭى قۇرۇقلۇقنى مۇشۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ تاپقان بولسا كېرەك. 1948-يىلى يولداش جۇيىڭ جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. شۇ كۈنلەردە جۇ شىچۈڭ ئۇن ياشلاردا بارمىدىكىن؟ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋاقتىدا جۇ شىچۈڭنىڭ ئائىلىسىدىن ھېلىقى يەلكەنلىك كېمىنىڭ مودېلى چىقىپ قالغان، تەشكىل سىرتقا چىقىپ تەكشۈرۈشكە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپتىكەن، تەكشۈرە-تەكشۈرە مېنىڭ يېنىمغا كەپتۇ. مەن بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرسەم ھەممە شۇ ئىشنى ئۆز قولۇم بىلەن بېجىرگەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلسام، تازا بوپ بەردى، ئىنقىلابىي قۇربان جۇ يىڭنىمۇ، مېنىمۇ ئامېرىكا ئىشپىيونى قىلىپ بېكىتىشتى... ئالاقەم يوق دېسەممۇ ئىشەنمىدى، ئېنگلىزچە ئۆگىنىپ نېمىمۇ قىلاتتىم؟ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ يۈزىگە شۇنداق قارا سۈۋىسا قانداق بولىدۇ...

سوئال: ئوغلىڭىز يۈەن شياۋفاڭنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

جاۋاب: ئەھۋال مۇنداق. مەن ئىنقىلابقا قاتناشقان چېغىمدا ئاللىقاچان ئۆيلىنىپ بولغان: تويىمىز كىچىك چېغىمىزدا ئاتا-ئانىمىزنىڭ چات كېرىشى بىلەن بولغان. مەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيگە خەت يېزىپ ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنى ئاجراشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بويتاق ئۆتتۈم. ئازادلىقتىن كېيىن تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولغان چاغدىلا يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئانىسى بىلەن توي قىلدىم. توي قىلىپ بەش يىل بولغاندا، يۈەن شياۋفاڭ دېگەن مۇشۇ بىرلا بالا يۈزىنى كۆردۈم. ئۇ ئالاھىزەل ئەللىككە كېلىپ قالغان چاغلىرىم ئىدى. بۇ بالىمىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ بالا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىدىغان چاغدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

باشلىنىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەن «ئامېرىكا ئىشپىيونى» دېگەن گۇمان بىلەن قاماققا چۈشۈپ قالدىم، بالىنىڭ ئانىسى قاتتىق قورقۇپ كېتىپ كېسەل بولۇپ تۈگەپ كەتتى...

سوئال: نېمە كېسەل...

جاۋاب: باشتا روھىي جەھەتتىكى كېسەللىكە مۇپتىلا بولغان، ئۆلۈپ كېتىشى ئۆپكە ياللۇغىدىن بولغان... دەرۋەقە، بۇنى مەن ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاڭلىدىم. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنلەردە مەن قاماقتا، خەۋەرسىز قالدىم.

سوئال: يوغان شىپاۋفاڭ قانداق قىلىپتۇ.

جاۋاب: قارايدىغان ئادىمى يوق، لالما ئىتتەك كوچىمۇ كوچا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ، كېيىنچە ئۇنى چوكا مۇز ساتىدىغان بىر تۇل موماي بېقىۋاپتۇ... مەن قاماقتىن بوشاپ چىققاندىن كېيىن يوغان شاۋفاڭنى مىڭ تەسلىكتە ئاران تاپتىم. بۇ بالا خۇددى بىلمەس دەرىجىدە خامۇشلىشىپ، كۈپكۈندۈزدىمۇ توختىماي ئۇخلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەتتە چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بىر ياتقانچە تاكى كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغىچە ئۇخلاپ، تۇرتۇپ ئويغاتمىسا ئويغانمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەگەر بىرەرسى ئويغىتىپ قويمىسا شۇ ئۇخلىغانچە ئەتىسىگىچە قوپماي ئۇخلايدىكەن. ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىدى، بەك ئىچىم پۇشتى، مەن پۈتۈن ئەس-يادىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈككە خاس ھايات قىزغىنلىقىنى ئويغاتماقچى بولۇپ، ئاشخانىلارغا تاماققا ئەكىردىم، «ئىچكى قىسمىدا قويۇلىدىغان» كىنولارنى كۆرسەتتىم. قولىغا نۇرغۇن پۇل بەردىم. شۇنداق قىلىپ، 1980-يىلغا كەلگەندە ئۇ ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەن بالا بايۋەتچىگە ئايلاندى. 16 يېشىدىلا قىزلار بىلەن يۈرۈشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىردۇدىلا 12 بوتۇلكا پىۋىنى ئىچىۋېتىدىغان بوپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە قىمار ئوينىغانلىقى ۋە ئۇرۇش-جېدەل چىقارغانلىقى ئۈچۈن ج ح ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئىككى كېتىم تۇتۇپ قېلىندى... ئۇنىڭغا ئاران دېگەندە كەچلىك گېزىتخانىسىدىن ۋاقىتلىق ئىش تېپىپ

بەردىم.

سوئال: ئۆنىڭ گېزىتخانىدىكى ئىپادىسى قانداق بولدى؟

جاۋاب: خەۋىرىم يوق. مەن ئۇنى ج خ ئىدارىسىدىن ئىككىنچى قېتىم ئېلىپ چىققاندا تازا دومبالىدىم. كۆڭلۈم قاتتىق رەنجىگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشماقچى بولدۇم. نەچچە ئون شاپىلاق ئۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئۇرۇپ ئىككى چىشىنى چۈشۈرۈۋەتتىم. ئۇنى مەرھۇم ئانىسىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا بىر كېچە يۈكۈندۈرۈپ قويدۇم. كېيىنچە ئۇ جىق ياۋاشلاپ قالدى، بىراق مۆگدىمەس بولۇۋالدى. مەن قېرىغاندا يۈزۈمنى قىلىنىشتىپ، ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ بەردىم.

سوئال: كەچلىك گېزىت ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تاۋ شيۇگېننىڭ يۈەن شياۋفاڭنى تەنقىد قىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: خەۋىرىم يوق. بۇ گەپنى مەن يۈەن شياۋفاڭ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئاڭلىدىم. ئۆزۈمنىڭ بايقىشىچە يۈەن شياۋفاڭنىڭ كېسىلى كېچىلەپ-كېچىلەپ ئۇخلىمىغانلىقتىن بولغان. ئۇ كېچىلەپ-كېچىلەپ بىنانىڭ ئاستىدا ئۇيان-بۇيان مېڭىپ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغان. بىر كۈنى بۇ بالىنى كوچا مۇھاپىزەتچىلىرى تۇتۇۋېلىپ ئالدىمغا ئېلىپ چىقتى ۋە مەندىن بۇ سىزنىڭ بالىڭىزمۇ دەپ سورىدى. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇ بالىنى كېچىدە ۋېلىسىپىت ئوغرىلاشنى پايلاپ يۈرگەن بالا ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ... يۈەن شياۋفاڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، دوستلار ئۆزلۈمەي كېلىپ ماڭا خەۋەر يەتكۈزگىلى تۇردى، تاۋ شيۇگېنى ئۇنداق ئەسكى، مۇنداق ئەسكى، يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئەدىبىنى بەردى، ئۇنى سوراققا تارتىپ، قىستاپ كېسەل قىلىپ قويدى دېگەن گەپلەرنى قىلىشتى...

سوئال: شۇنداقمۇ قانداق؟

جاۋاب: خەۋىرىم يوق. دەرۋەقە مەن باشقىلارنى يۈەن شىياۋفاڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلسىكەن دەيمەن. شىياۋفاڭنىڭ لەنتى يەرلىرى بولسىمۇ لېكىن ئۇ بەكلا بىچارە ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنى ئۇرۇپ سالغىنىم بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىشىنى خالىمايمەن...

سوئال: ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ گېزىتخانىغا بېرىپ، يۈەن شىياۋفاڭنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى توغرۇلۇق گېزىتخانا رەھبەرلىرىگە پىكىر بەرگەن يېرىڭىز بارمۇ؟ جېدەللەشكەن ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: ئۇنداق ئىش يوق. مەن گېزىتخانىغا باردىم بارغاندىمۇ گېزىتخانا رەھبەرلىرىدىن يۈەن شىياۋفاڭنى كېسەل بولۇپ قالدى دەپ رويخەتتىن چىقىرىۋەتمىسەڭلەر دېگەننى ئىلتىماس قىلىپ باردىم. مەن ئۇلارغا روھىي كېسەللىكمۇ ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ دېدىم...

سوئال: خوش، يولداش جۇ شىچۇڭ شەھەرلىك پارتكوم خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈەن شىياۋفاڭ توغرۇلۇق گەپ قىلغان يېرىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە، ئۇ مېنى يوقلاپ كەپتۇ. ئىككىمىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى بىللە ئەسلىدۇق... ئۇنى شۇنداق ئەسلەيدىغان ئىككىمىزدىن باشقا كىم بولسۇن. بىز ئىككىمىز بىر يەردە بولغاندىلا، ئىنقىلابىي قۇربان جۇيىڭ خۇددى ھاياتتەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئاللىقاچان ۋاپات بولغان، ئۇكىلىرى، سىڭىللىرى كىچىك قالغان. بالىلارنىڭ چوڭى جۇ شىچۇڭ. مەن ئالەمدىن ئۆتىدىغان بولسام، ئۇنىڭ دادىسىنى بىللە تۇرۇپ ئەسلەيدىغان كىمى بار دەيسىز؟ يېقىنقى يىللاردىن بېرى چوڭلار كەينى-كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

سوئال: يۈەن شىياۋفاڭ توغرۇلۇق؟ يۈەن شىياۋفاڭ توغرۇلۇق نېمە دېيىشەتتۇق؟ ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم. جۇ شىچۇڭ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ئېتى شىياۋفاڭ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ سورىۋىدى، مەن روھىي

كېچىلەر دوختۇرخانىدا يېتىۋاتىدۇ دېدىم. ئۇ كاتىپىنى بۇيرۇپ داۋالاش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىنى، دوختۇرخانىنىڭ ئۇيدان كۆڭۈل بۆلۈشىنى تاپىلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئاۋارە بولماڭ، دوختۇرخانا يامان ئەمەس داۋالاۋاتىدۇ دېدىم... ئاندىن يەنە مۇبادا سىز ھال سوراپ قويسىڭىز دېسىڭىز بۇنىڭغا تولىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن دېدىم.

سوئال: كېيىنچە ئۆلگەنمۇ؟

جاۋاب: ئۆلگەندى.

سوئال: تاۋ شيۇڭ توغرۇلۇق گەپ بولمىغانمۇ؟

جاۋاب: ياق. (سەل ئويلىنىپ) ھە، ئۇ تاۋ شيۇڭ يۈەن شياۋفاڭنى قىستاپ ئاغرىتىپ قويدى دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندەك قىلغان. ئۇ مەندىن شۇ توغرۇلۇق سورىغاندا، مەن بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتقان. مەن ئۆمرۈم بويى ئۆزى تارتقان دەردىنى باشقىلاردىن ئېلىشنى ياقتۇرماي كېلىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن ئىككىلىنىپ ياققىنىم يوق. بىلسەم بىلمەن دەيمەن، بىلمىسەم بىلمەيمەن دەيمەن. مەندە تاۋ شيۇڭدىن چاتاق تاپىدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق، تاۋ شيۇڭنى تا ھازىرغىچە كۆرۈپ باققىنىممۇ يوق.

سوئال: تاۋ شيۇڭ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

جاۋاب: ھىم، بۇ گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟ تاۋ شيۇڭ ئۆلۈپ كەتسە ئەمدى كېلىپ مەن بىلەن مېنىڭ بىلەن جاۋابكار بولامدىكەنمىز؟

سوئال: بۇ ئوقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن. سىز بولسىڭىز پېشقەدەم يولداش. سىزگە گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلىۋېرىمىز. تاۋ شيۇڭنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى ئۈستىدە مۇنداق بىر قاراش بار ئىكەن، يەنى يولداش جۇ شىجۇڭنىڭ سىز بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، يۈەن شياۋفاڭغا كۆيۈنۈپ تاۋ شيۇڭلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىگە خەقنىڭ پىكرى بار ئىكەن، ھەتتا تاۋ شيۇڭنىڭ يۈەن شياۋفاڭنى كېسەل قىلىپ قويۇش جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى قوللانماقچى بولغان ياكى قوللانغان، تاۋشيۇڭ

بېسىمغا ئۇچراپ ئاخىرى ئاشۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار بولغان دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىكەن. سىزنىڭ مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدىكى قارىشىڭىزنى بىلىپ باققۇم بار.

جاۋاب: مېنىڭ بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق قارىشىم يوق. ئاشۇنداق دېيىشكە تولۇق ئاساس بار-يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيمەن. مېنىڭ يولداش جۇ شىچۇڭدىن تاۋ شيۇڭنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان يېرىم يوق. جۇ شىچۇڭنىڭ شياۋفاڭنىڭ كېسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى دوستانە كۆڭۈل بۆلۈشتىن باشقا گەپ ئەمەس. ئۇ مەندىن بەزى ئەھۋاللارنى سورىغان، ئەمما گېزىتخانا ياكى تاۋ شيۇڭگە بىرەر تەدبىر قوللىنىش توغرۇلۇق گەپ قىلغىنى يوق.

سوئال: ئۇنداق بولسا، سىزنىڭچە، جۇ شىچۇڭ سىز بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن بىرەر تەدبىر قوللانغاندەك قىلامدۇ؟

جاۋاب: بىلمىدىم. مۇنداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باققىنىم يوق. مۇبادا جۇ شىچۇڭنىڭ دادىسى بىلەن بولغان جەڭگىۋار دوستلۇقىمنىڭ تاۋ شيۇڭگە، جۇ شىچۇڭغا، ئاخىرى كېلىپ ئوغلۇم بىلەن ئۆزۈمگە مۇنداق چاتاق تېپىپ بېرىشىنى بىلگەن بولسام، م. شەھىرىدىن كۆچۈپ كېتىپ، ئۆزۈم تونۇيدىغان شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىدىن يىراق قاچسام بوپتىكەندۇق. شۇنچە قېرىپمۇ نېمىشقا ئۆلۈپ كەتمىگەندىمەن؟ جۇيىڭ بىلەن ياكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بىلەن بىللىلا ئۇ ئالەمگە «كەتكەن» بولسام خېيلا ياخشى بولار ئىكەن!

سوئال: گەپنى بەك يىراققا تارتىپ كەتتىڭىز. كەچۈرۈڭ، ئۇنداقتا مەن يەنە شياۋفاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي بولامدۇ؟

جاۋاب: كۆرۈشۈڭ. بىراق ئۇنىڭدىن گېزىتخانىنىڭ ئىشىنى سوراپ سالماڭ، بولۇپمۇ تاۋ شيۇڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دەپ سالماڭ.

## 11

ئاخشىمى ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى مەخسۇس لىنيە ئارقىلىق

تېلېفون بېرىپ، جېك يوڭپىڭنىڭ نەتىجىسىنى سورۇشتۇردى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى جېك يوڭپىڭ، — يولداش جۇ شىجۇڭنى تاۋ شيۇڭگە زىيانكەشلىك قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا دېگەنگە تولۇق ئىسپات يوقتەك تۇرىدۇ، بىرمۇنچە -گەپلەر تەخمىن ۋە پەرەز بىلەن ئېيتىلغانۇ، لېكىن كەڭ تارقالغان.

— ئۇ گەپلەر ئۆلكىگىمۇ يېتىپ كەلدى. بولۇپمۇ جۇ شىجۇڭنىڭ بەك تېز ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە بۇرۇنلا پىكرى بار يولداشلار قاتتىق غەزەپكە كەلگەن. ئۇلار تېز ھەم قاتتىق چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ ئۆلكىلىك پارتكوم رەھبەرلىكىگە كۆرسىتىلىدىغان ئىز باسارلارنىڭ ئىسمىلىكىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانلىقى ۋە يېقىنغا يوللاش ئالدىدا تۇرغانلىقى سىزگە مەلۇم. ئەسلىدە جۇ شىجۇڭ شۇ ئىسىملىكتە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى، ئەمدى ئۇنى شۇ ئىسىملىككە كىرگۈزۈش-كىرگۈزمەسلىك بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

— مەن ئەھۋالنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق تەكشۈرۈش يولىدا تىرىشىۋاتىمەن، — دېدى جېك يوڭپىڭ، — يولداش جۇ شىجۇڭدا ئانچە چوڭ مەسىلە يوقتەك قىلىدۇ، ئەمما ئېقىپ يۈرگەن ئاشۇ گەپلەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەسىلىك تۇغدۇرۇپ قويغان، جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، جۇ شىجۇڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى رەتلەشتە دېگەندەك ھەق يېزىلماي كۆپتۈرۈۋېتىلگەن.

— بۇ ياخشى بولماپتۇ، — دېدى ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى.

جېك يوڭپىڭ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن سۇيى ئىسسىق مونچىغا چۈشتى، ئاندىن مونچا كىيىمىنى يېپىنچاقلىنىپ سافاغا ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، بىر ھەپتىدىن بېرى ئىگىلىگەن ھەرخىل ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۈەن شياۋفاڭنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە تاۋ شيۇڭنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئاساسەن-ئۆزلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك،



www.uyghurkitap.com

يسخىلىك خۇسۇسىيىتى سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭدا ئىنتىزامغا خىلاپ ئەھۋالنىڭ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراقراق ئىدى. ھەتتا رەھبەرلىكنىڭ جاۋابكارلىقى بار دېگەندىنمۇ ئېغىز ئېچىشقا بولمايتتى. رەھبەر، ھەي رەھبەر، سەن باشقۇرىدىغان، سەن جاۋابكار بولىدىغان ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ ھە، تىرىكچىلىك، قىرىقلىق، كېسەل بولۇش، ئۆلۈپ كېتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تاماق يېيىش، شادلىنىش، غەزەپلىنىش، زوقلىنىش، نىرۋا كېسەلى، يۈرەك سانجىقى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قانداقلارچە سېنىڭ ئىشىڭ بولىدۇ؟ مەنسەپدارمۇ سەن، ئاتا-ئانىمۇ سەن، بودساتۋامۇ سەن، دوختۇرمۇ سەن بولمىدىغان بولسالىق قانداقمۇ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالايسەن؟

جىڭ يۈگېڭ: شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىقىغا بىر ياش كادىر مىڭ تەسلىكتە ئاران ئۆستۈرۈلگەنىدى، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ ياخشى بولغانىدى، ئاخىرىغا كەلگەندە نەدىكى بىر دېلونى پەيدا قىلىپ، ھەدەپ سېپىنقىلى تۇرۇشۇپتۇ، نېمىدېگەن كۆڭۈلسىزلىك! دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئۇنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشى بولۇشىغا بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇنلا ئەمەس ئىدى! ئۇنىڭ ئۇتتۇشتىكى بىر باشلىقى ناھايىتى كۆرەڭلەپ، مەن نازىر-ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك كادىردىن 14نى، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك كادىردىن 72نى ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرەپ قىلدىم دەپ پو ئاتقان... بۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك نېمىسى بولسۇن؟

جىڭ يۈگېڭ ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئۇتتۇشتىمۇ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ كۆرگەن، بىر تالاي خادىمنى ئۆيۈشتۈرۈپ، شۇنچە ئىچكىرىلەپ، چالا قويماي قاتتىق تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجە «ئىش سەۋەبسىز يۈز بەرمىگەن، بىراق تەكشۈرۈشتە نەق دەلىل تېپىلمىدى» دېگەندىن ئىبارەت بولغان، بۇنى بىھۇدە ئەمگەك دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇنى جۇ شىشياڭ ئېيتقاندەك باشتىن-ئاخىر تۆلگە باراۋەر دېيىشكە بولامدۇ؟

باشتىن-ئاخىر نۆلگە باراۋەر؟ راست بۇ قارىماققا شۇنداق كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ نۆلدىن بۇرۇنقىسىنىمۇ، نۆلدىن كېيىنكىسىنىمۇ نۆلگە باراۋەر دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا ئىش ھامان نۆلگە ئايلانسا، بۇ ناھايىتى ئوبدان بولغان بولمامدۇ؟

ئۇ ئەمدىلا كارىۋاتقا چىقىپ ياتاي دەپ تۇرغاندا، بىرسى ئىشىكنى چەكتى. كەلگەن مېھمان 40 ياشلاردا بولۇپ، ئۇزۇن چاچ قويغان، كۆزەينەك تاقىغان ئىدى، ئاۋازى ئاياللارنىڭكىدەك تەسۋىرلەپ بېرىشكە بولمايدىغان يۇمشاق ئەۋرىشىم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئېتىم ياۋ يىرەن دېدى.

مېھمان: ئاڭلىسام ئالدىنقى كۈنلەردە مېنى ئىزدەپتىكەنسىزغۇ؟

جېك: سىز كىم بولىسىز؟

مېھمان: جۇ شىجۇڭ ئۈستىدىكى ئەرزگە قول قويغان تۆت كىشىنىڭ بىرسى مەن، سىزگە شۇنى ئېيتماقچى، مېنىڭ دەلىل-ئىسپاتىم، گۇۋاھچىلىرىم بار، قولۇمدا «مەخپىي قورال» بار.

جېك: نېمە ئۇ؟

مېھمان: گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى چىن شىتاۋ شيۇگڭگە بىر پارچە خەت يازغان، شۇ خەتنىڭ كوپىيىسى مېنىڭ قولۇمدا، بۇ تاۋ شيۇڭ ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى يېزىلغان. خەتتە تاۋ شيۇگڭنىڭ يۈەن كېفېڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئۆزرە ئېيتىشى، ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ يۈەن شياۋفاڭنى رەسمىي خىزمەتكە ئېلىشى ۋە يۈەن شياۋفاڭ دوختۇرغا كۆرۈنگەندە بولغان چىقىمنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان، يەنە تاۋ شيۇگڭنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق خادىملار مەجلىسىدە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، ھەممەيلەننى توغرا قاراشقا كەلتۈرۈشى تەلەپ قىلىنغان، خەتنىڭ ئاخىرىدا: شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش جۇ شىجۇڭنىڭ يۈەن كېفېڭلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئالاھىدە، يۈەن شياۋفاڭنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كىچىك ئىش

ئەمەس، ئۇ مەنپەئەتكە تاقشىدىغان ئىش، بۇ ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن! دېيىلگەن.

جېك: سىز ھازىر قەيەردە ئىشلەۋاتىسىز؟

مېھمان: بۇرۇن شەھەرلىك پارتكومدا ئىشلەيتتىم.

جېك: ھازىرچۇ؟

مېھمان: ئىشتىن چىقىۋالدىم، جۇ شىچۈك ماڭا زەربە بەردى، گېزىتخانىغا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن.

جېك: ئۇنداقتا چىن شىنىڭ تاۋ شيۇڭگە يازغان خېتىنىڭ كوپىيىسى قانداقلارچە سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشۈپ قالدى؟

مېھمان: بۇنى سورىمايلا قويۇڭ، سىزگە شۇنى دەپ قويايكى، مەن بوش كەلمەيدىغىنى. جۇ شىچۈڭ توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى يۇقىرىغا يوللىۋەتتىم، ئۆلكىدىكى نۇرغۇن يولداشلار جۇ شىچۈڭدىن نارازى ئىكەن، مەن بىر-بىرلەپ ئۇقۇپ باقتىم. ھىم، جۇ شىچۈڭنىڭ كۆتى ئېچىلىپ قالدى. ئۇنى ياپىمەن دەپمۇ ياپالمايدۇ! ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ بۇرۇنقى بىرىنچى قول باشلىقى جۇ شىچۈڭنىڭ مۇھىم ئارقا تىرىكى ئىكەندۇق، بىراق بۇ «ئارقا تىرەك» جۇ شىچۈڭنى ئۈستۈرۈپ بولۇپلا ئۆزى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ يىل 5-ئايدا جېگەر راكى بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەن باشتىلا بىزدەك ئەمەلىي خىزمەت قىلىدىغانلارغا تايانسىڭىز، بىز بىلەن ئوبدانراق مۇناسىۋەت قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگە پايدىلىق، گەپىمنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەشەنىڭ نوچىلىرى مانا بىز دەپ جۇ شىچۈڭنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە ئېيتقانىدىم. بىراق ئۇ قۇلاق سالماقتا يوق، ماڭا زىق سانچىپلا كەلدى. بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئامالىمىز بار! جۇ شىچۈك دېگەن نەرسە باشتا بۇ يەرگە كۆكرىكىنى كېرىپ يوغان چامداپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئۇنى ھالسىرىتىپ، سالپايتىپ، بۇ يەردىن ئۈمسەپ كەتكۈزمەي قويمايمەن...

يولداش لاۋ جېك، مەن تۈزلا كەتكەن بىر بەندە! مەن بوش كەلمەيدىغىنى، ×××، ×××، ×× لارنىڭ، ئاندىن قالسا، ××نىڭ ئاكىسىنىڭ بىر بىلەن ئازدۇر-كۆپتۇر ئالاقىسى بار،

شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، جۇ شىجۇڭ يىقىلماي قالمايدۇ! بولدى، بۇ گەپلەر تۇرۇپ تۇرسۇن، چىن شى يازغان خەتنىڭ كۆپىيىسىنى كۆچۈرۈۋېپ بېسىپ سىزگە ئالغاچ كەلدىم، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى جايغا يوللىۋەتتىم (ئۇ ئۇلۇغ بىگىز قولى بىلەن يۇقىرى تەرەپنى كۆچەپ كۆرسەتتى)، بىز ئەرز خەت يازغان تۆتەيلەنم، شەھىرىدىكى داڭدار ئادەملەرمىز، سىز ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ نېمە قىلىسىز؟ بۇ ئىشنى چاپسان بېجىرىپ، يۇقىرىغا تېز يوللاڭ، ئۆزىڭىزمۇ خىزمەت كۆرسىتىڭ!

مېھمان كەتكەندىن كېيىن، جېڭ يۈگېيىڭ كېچىچە خىيال سۈرۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى: بۇ نېمە ئادەم ئۆزى، نېمە ئانچە گېپى چوڭ ئۇنىڭ؟ ئۇنىڭ «بوش كەلمەيمەن» دېگىنى نېمىسى؟ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى بولغان جۇ شىجۇڭ، ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان جېڭ يۈگېيىڭ «بوش كەلمەيدىغانلار-دىن» ھېسابلانماي، بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ «بوش كەلمەيدىغان» بولغىنى قانداق گەپ؟ «بۇرۇن شەھەرلىك پارتكومدا ئىشلەيتتىم، دېگىنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆز ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى پەملىيەلمەي يۈرگەن ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ سىياسىي تەقدىرى ئۈستىدە ھۆكۈمالىق قىلغىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ گېزىتخانىغا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن دېگىنى تېخى بارمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنىڭ تەھرىر بۆلۈم مۇدىرىغا يازغان مەخپىي خېتىنى قانداق قولغا چۈشۈرگەندۇر؟ بولۇپمۇ ئۆزى باشلا تۇرۇپ، مەن بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاندا شۇنچە قوپال، ئۆكتەملىك بىلەن سۆزلىگىنى نېمىسى؟ ئەجەب ئۆزۈممۇ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتىمەنغۇ؟ بۇ راستىنلا سالاپەتلىك ئالاھىدە، بوش كەلمەيدىغان، ھەيۋىسىمۇ ئالاھىدە ئادەممۇ يا؟ ۋا دەرىخا، «بوش كەلمەيمەن» دەپ ھەيۋە ئىشلەتكەنلەردە پرىنسىپ بولمايدۇ، «ھەيۋە» بىلەن پارتىيە ئىشلىنى ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ!

# 12

جېڭ يۈگۈپېڭ گېزىتخانىنىڭ دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتقان مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى چىن شى بىلەن سۆزلەشتى.

سوئال: سىز يۈەن شياۋفاڭ توغرۇلۇق تاۋ شيۈڭگە خەت يازغانمۇ؟

جاۋاب: ھەئە، يازغان، بىراق تاۋ شيۈڭگە بەرمىگەن.

سوئال: نېمە دەيسىز؟ ئۇنىڭغا بەرمىگەن؟

جاۋاب: بەرمىگەن. بۇنداق ئىشلارنى خەتكە يېزىپ يۈرۈش قاملاشمايدىغۇ دېگەننى ئويلاپ بەرمىگەن.

سوئال: ئۇنداقتا يېزىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

جاۋاب: تاۋ شيۈڭنىڭ مىجەزىنى بىلەتتىم. ئۇ ئۆمۈر بويى يېزىقچىلىق بىلەن ھەپىلەشكەن، ئۇ يېزىققا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. يازما ئاساس بولمىسا، ئۇ ئارىسالدى بولۇپ، زادى بىر قارارغا كېلەلمەيتتى. يازما نەرسىگە ئىگە بولسا، ئويان-بۇيان قىلماي يۈزدە يۈز بېجىرەتتى.

سوئال: يېزىپ بولغان خەتنى بەرمىگەنلىكىڭىز ئىشەنچ قىلالماي يۈرىكىڭىز پوكۇلدىغانلىقىدىن بولغانمۇ؟

جاۋاب: يۈرىكىم نېمە دەپ پوكۇلدايدىكەن؟ غەلىتىلا سوئال سورايدىغان يولداش ئىكەنسىز! مەن گېزىتخانىنى، تاۋ شيۈڭنىڭ ئۆزىنى ئاسراشنى كۆزدە تۇتتۇم، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن گېزىتخانا توغرىسىدا، تاۋ شيۈڭ توغرىسىدا يامان تەسىرات ئالمىسۇن دېدىم.

سوئال: شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش جۇ شىچۈڭ سىزگە تاۋ شيۈڭ توغرۇلۇق، يۈەن شياۋفاڭ توغرۇلۇق بىرەر گەپ قىلغانمۇ؟ بىرەر ئىش تاپشۇرغانمۇ؟

جاۋاب: يوق، يوق، يادىمدا يوق، بىراق يولداش جۇ شىچۈڭ بىر قانچە يىغىندا ئادەملەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش

كېرەك. ياشلارنى ئاسراش كېرەك، ئىجابىي تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك، ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن پېشقەدەم يولداشلارغا ئوبدان ئېتىبار بېرىش كېرەك دېگەن گەپلەرنى قىلدى، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا بىرەر ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

سوئال: نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ دېمەكچىسىز؟ تاۋ شيۇڭ بىلەن يۈەن شياۋفاڭنىڭ ئىشىنىمۇ؟ ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرى ھەممە ئادەم ئېيتىدىغان گەپلەرغۇ؟

جاۋاب: سىزنىڭ ئورنىڭىز مېنىڭكىدىن ئۈستۈن، ستاژىڭىز مېنىڭكىدىن ئۇزۇن، قېنى ئېيتىڭچۇ، سىز خىزمەتتە رەھبەرلىكنىڭ مۇددىئاسىنىڭ تېگىگە يېتىشكە دىققەت قىلىپ باقمىغانمىدىڭىز؟

سوئال: بۇ گېپىڭىزدىن قارىغاندا، يولداش جۇ شىچۈڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىغان، سىز ئۇ خەتنى رەھبەرلىكنىڭ مۇددىئاسىنى يەملەپ يازغان ئىكەنسىز-دە.

جاۋاب: قاپاققا تارتىپ ئويلىسىڭىز ئويلاۋېرىڭ، مۇبادا ھەممىلا ئىشنى رەھبىرى يولداشلار ئۆزى ئوچۇق سۆزلەپ، بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەيدىغان بولسا، بىزدەك ئادەملەرنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟

سوئال: خوپ، ئۇنداق بولسا يازغان خېتىڭىزنىڭ كوپىيىسى نەدە؟

جاۋاب: بۇ گېپىڭىز بەك ھەددىن ئېشىپ كەتتى. مەن ئۇنداق خەت يازغىنىمنى ئىقرار قىلمىسام قىلمايۋېرەتتىم. ئەۋەتىلمىگەن خەت خۇددى ئېغىزدىن چىقمىغان گەپكە، ئېلان قىلىنمىغان ماقالىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىنتىزامىغا، قانۇنغا خىلاپ ئىش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەن ئەۋەتمىگەن خەتنى سۈرۈشتۈرىدىغان نېمە ھەققىڭىز بار؟ كوپىيىسىنى دەمسىز؟ ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتىم، تاشلىۋەتتىم، بەلكىم تەرەت قەغىزى قىلغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەققىڭىز يوق... بۇ بەئەينى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان چاغلاردىكى

ئىنتايىن سولچىللىققا خاس قىلمىش.

سوئال: سىزدىن ئاخىرقى بىرگەپنى سوراي، ياۋ يىرەن دېگەن بىر يىگىتنى تونۇمسىز؟

جاۋاب: ياۋ يىرەن؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئۇ ناھايىتى قابىل. ناھايىتى ئەقىللىق يىگىتتۇ، ئۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا ماڭا گېزىتخانىغا كېلىپ ئىشلىگۈسى بارلىقىنى ئېيتىپ، بىرەر ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىز دېگەنىدى.

سوئال: ھىم؟ ئۇ گېزىتخانىغا بارمىغان دەڭچۇ؟

جاۋاب: ئۇنىڭ ئۇياقتىن كېلىپلا بەنزىنگە كىرمەن دېگىنى قىيىن ئىش-تە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كېيىنرەك ماڭا جۇ شۇجىڭغا كاتىپ بولماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

سوئال: نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: ئۇ ھازىر جۇ شۇجىغا كاتىپلىق قىلىۋاتامدۇ-يوق؟ نەچچە ئايدىن بېرى دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىپ... ھوي، توغرا، توغرا، جۇ شۇجىنىڭ كاتىپىنىڭ فامىلىسى ليۇ، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قاراڭ، ياۋ يىرەن نېمە ئۈچۈن جۇ شۇجىغا كاتىپ بولىدىكەنا؟

## 13

ئۈچ نەپەر خادىمنىڭ ياۋ يىرەننى ۋە ئۇ ئىنكاس قىلغان ئەھۋالنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى:

تاۋ شيۇڭنىڭ خوتۇنى دېگەن گەپتىن قارىغاندا، تاۋ شيۇڭ شۇنداق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغان. بۇ خەتنى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ياۋ يىرەن ئەكىلىپ بەرگەن. شۇ كۈنى ياۋ يىرەن بۇلارنىڭكىگە كەلگەندىن كېيىن، تاۋ شيۇڭ بىلەن بىر ھازاغىچە مەخپىي سۆزلەشكەن. مېھمان كەتكەندىن كېيىن، تاۋ شيۇڭنىڭ چىرايى تاتىرىپ، چېكىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتكەن. خوتۇنى ئۇنىڭدىن شۇنچە كوچىلاپ سورىسا ئۇ جاۋاب بەرمەي، ئاشۇ خەتنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن.

تاۋ شيۇگىنىڭ خوتۇنى دېگەن گەپنى قارىغاندا، ئۇ خەتنىڭ ئەسلىدىكى قولىيازمىسى ئەمەس، كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسى ئىكەن.

تاۋ شيۇگىنىڭ خوتۇنى تاۋ شيۇڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ خەتنى زادى تاپالماپتۇ.

شەھەرلىك پارتكومدىكى بىر قىسىم خادىملارنىڭ دېيىشىچە، ياۋ يىرەن بۇرۇن شەھەرلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلەپتىكەن. ئۇ ناھايىتى زېرەك، تونۇشلىرى كۆپ، پو ئېتىشقا ئامراق ياش ئىكەن، جۇ شىچۇڭ كەلگەندىن كېيىن، ياۋ يىرەن كاتىپ بولسام دەپ ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇرۇپتۇ، تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇۋاپىق كۆرمەپتۇ.

ياۋ يىرەننىڭ پائالىيەت ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. ئۇنى كاتىپ بولسۇن دەپ شەھەر دەرىجىلىك تۆت نەپەر پېشقەدەم كادىر، ئۆلكىدە ئىشلەيدىغان ئاتاقلىق بىر كىشى، مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق بىر ۋەتەنپەرۋەر زات شەھەرلىك پارتكومغا تەۋسىيە خېتى ۋە بېقىنچىلىق خېتى يېزىپتۇ، ياۋ يىرەن يۈەن كېفېڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆز دوستلۇقىدىن پايدىلىنىپ بىر پارچە سالام خەت يېزىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپتىكەن، يۈەن كېفېڭ رەت قىپتۇ.

ياۋ يىرەن م. شەھىرىدىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر ۋە تەبىئىي شەرت، شارائىتلار توغرىسىدا بىر كىتاب تۈزۈپ ساياھەتچىلىك نەشرىياتىنىڭ نەشىر قىلىشىغا بېرىپتۇ ۋە جۇ شىچۇڭنىڭ كىتابقا ئىسىم ۋە كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇ جۇ شىچۇڭغا بىۋاستە تېلېفون بېرىپ، مېنى كاتىپ قىلىپ ئىشلەتمىگەنلىكىڭىزگە ئاممىنىڭ پىكرى بار، يەنى سىزنى باشقا يەردىن كەلگەن، ياۋ يىرەنگە ئوخشاش يەرلىك كادىرلارغا دېگەندەك ئىشەنمەيدۇ دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ ھال سىزنىڭ شۇجىلىق خىزمىتىڭىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، شۇڭا بېغىشلىما ۋە كىرىش سۆز يېزىپ بەرسىڭىز، ئاشۇ ئۇقۇشماسلىق تۈگەيدۇ-دە، بۇ ماڭا پايدىلىق بولۇپلا قالماي،

سىزگىمۇ سىياسىي جەھەتتە پايدىلىق، سىزنىڭ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر تالاي يەرلىك كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىڭىزغا پايدىلىق دەپتۇ. جۇ شىچۇڭ ناھايىتى خاپا بولۇپ رەت قىپتۇ. كېيىنرەك جۇ شىچۇڭ باشقىلارغا: «بۇ قانداق ئادەم ئۆزى؟ ئەجەب تەپ تارتماي ماڭا پوپوزا قىلىپ تەھدىت سېلىۋاتىدىغۇ؟ بۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ شەھەرلىك پارتكومدا ئىشلەتكىلى بولسۇن؟» دەپتۇ.

ياۋ يىرەن بەكمۇ «سېخى» ئىكەن، بولۇپمۇ مېھمان چاقىرىش ۋە سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئۇستا ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ سىرتتا ماختىنىپ، لاپ ئۇرۇپ، ئالدامچىلىق قىلىشقا ئاز قالغاندا، باشقىلار پاش قىلىپ قويۇپتۇ. ئىشخانا مۇدىرى ئۇنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي، يېرىم جىڭ ئادەمگىياھ (شىمالىي ئامېرىكىنىڭ) ئاپىرىپ سوۋغا قىپتۇ. نەتىجىدە چوڭ ئىشى كىچىكلىتىلىپ، پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ م. شەھىرىدىكى داڭدار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك سوۋغا بېرىپ بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر مۇنچە داڭدار كىشىلەرگە خالىس خىزمەت قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەن ئىشلارنى بېجىرىپ بېرىپتۇ. بۇ شۇجىنىڭ نەۋرىسىنى باشقا مەكتەپكە يۆتكەپ بېرىش، ئۇ «باشلىق» نىڭ ئوغلىغا ئۆي ھەل قىلىپ بېرىش، دورا ئېلىپ بېرىش، خىزمەتكار ئايال تېپىپ بېرىش، پويىز بېلىتى، كىنو بېلىتى ئېلىپ بېرىش، يىگىت-قىزلارغا لايىق تېپىپ بېرىش، مۇخبىرلارغا خەۋەر يازدۇرۇپ ئاتاق چىقىرىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىكەن. ياۋ يىرەن بىر كۈنى بىر چېلەككە تاماكا، ھاراق ۋە قۇۋۋەت دورىسى قاچىلاپ جۇ شىچۇڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتىكەن، جۇ شىچۇڭ ئالماي قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ياۋ يىرەن «يۇقىرى» نىڭ خەۋىرىنى بەك جىق بىلىدىكەن. شەھەر، ئۆلكىدىن تارتىپ تا مەركەزگىچە كىم بىلەن كىمنىڭ نېمە زىددىيىتى بار — كىم كىمنىڭ ئادىمى، كىم ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ، كىم مۇللاق ئەتكەن، خۇددى «فوتوتېلېگراف» تا بىلىپ

تۇرغاندەك، ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەن، شۇنچە تۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ چېشىغا تېگىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ «يولى» نى بىلەلمەيدىكەن.

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ياۋ يىرەننىڭ ئىندىيە-ئىستىلى بەك ناچار ئىكەن، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدىكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغانلار ئاز ئەمەسكەن. بەزىلەر ياۋ يىرەندە چوڭ خاتالىق يوق دەيدىكەن، ھەتتا ئۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن سۆيۈملۈك ياخشى يولداش دەيدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇنى تەۋسىيە قىلىپ خەت يازغان ھېلىقى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زات ياۋ يىرەننى سىلىقلىغۇچى مايغا ئوخشىتىپ، مۇشۇنداق سىلىقلىغۇچى ماي بولغاندىلا، جەمئىيەتنىڭ ھەممە بۆلەك-زاپچاسلىرى تېخىمۇ تەڭكەش ئايلىنىپ تۇرالايدۇ دەپتۇ.

ئۇقۇشىمىزچە، گېزىتخانا رەھبەرلىكى ياۋ يىرەننى يۆتكەپ كېلىشكە ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلۇپ بوپتۇ، ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن تاۋ شيۇگېنىڭ ئىزىغا ئىككىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ھەمدە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قىلماقچىكەن، يەنى ياۋ يىرەننىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇنى «بەنزىنگە كىرگۈزمەكچى» ئىكەن، بۇنى جۇ شىچۈگېنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈش ھاجەتسىز بولغاچقا، چوڭ تۇسالغۇ يۈز بەرمەس دەپ پەرەز قىلىشىدىكەن. ياۋ يىرەن بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ گېزىتخانا «بەنزىنگە كىرگەنلىكى» نى جاكارلاپ يۈرۈپتۇ.

## 14

يېشى 30 لاردىن ئاشقان بىر ئايال يولداش ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ تاۋ شيۇگېنىڭ سىڭلىسى تاۋ جۇ ئىكەنلىكىنى، تېخنىكا پەنلىرىنى ئوقۇغانلىقىنى، چەت ئەلدە بىلىم ئېلىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ جېك يۈگېنىڭ بىلەن تۈزۈك سۆزلەشمەيلا ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

تاۋ جۇ: بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك،

ئاكامنىڭ قىيىن-قىستاق بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى قايتىپ كېلىپ ئاڭلىدىم. نېمە ئۈچۈن قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيسىلەر؟ چەت ئەلدە مۇنداق ۋەقەنى ھەرگىز بوش قويۇپ بەرمەيدۇ. يېشى 50 تىن ئاشقان، جامائەت ئۈچۈن ئىشلەپ، قانۇن سىزىقىدىن چىقمىغان، تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن ياشىغان بىر پۇقرا مۇشۇنداق ناھەق ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ دېموكراتىيە ۋە قانۇن دېگەن زادى بارمۇ-يوق، ھۇ...

جېڭ: يولداش تاۋ جۇ، بىغەملىماڭ، سەۋرقىلىڭ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، بۇ ۋەقەگە بىز ئەھمىيەت بېرىۋاتىمىز. ئۆلكىلىك پارتكوم رەھبەرلىرىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. بىز تۆت كىشى بۇ يەرگە كەلگىلى ئون نەچچە كۈن بولدى، مانا بىز مۇشۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماقچى بولۇۋاتىمىزمۇ؟ پىكىر بەرسىڭىز، تەلەپ قويسىڭىز ھەتتا تەنقىد قىلسىڭىز قارشى ئالىمىز، بولۇپمۇ مەن سىزنىڭ دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن، دەلىل-ئىسپات بولمىسا، كىمنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغان گەپ؟

تاۋ جۇ: ئىسپات دېگەن تولۇپ تۇرۇپتىغۇ، سىزگە يەنە نېمە ئىسپات كېرەك؟ ئاكام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەمدىلا 50تىن ئاشقانىدى، بۇرۇن ئۇ ھېچقانداق چوڭ كېسەل بولۇپ باقمىغان، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ جۇ شىچۈڭنىڭ يوغان كېپىڭلار بىلەن ئاياق-چاپاقلىقىغا گۇمان كېتەتتىمۇ؟ مانا كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ ئاكام ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاراق خاتىرە — يەڭگەمنىڭ، شۇنداقلا دادامنىڭ تولىمۇ بوشلۇق قىلغىنىغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. سىز ئۆتكەندە بارغاندا، ئۇلار بۇ خاتىرىنى كۆرسىتىشكە زادى جۈرئەت قىلالماپتۇ.

تاۋ شيۇگىنىڭ خاتىرىسى 1986-يىل 18-ماي، ھاۋا تۇتۇق.

بېشىمغا چاقماق چۈشتى. مەن ئۆمرۈم بويى كىشىنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغانلارغا ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىپ كەلگەنىدىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مانا ئۆزۈم خەقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەدىبنى بېرىپ ئېرۋا كېسىلى قىلىپ قويغۇچىغا ئايلىنىپ قاپتىمەن.

ھوقۇق، مەن ھوقۇقتىن قورقاتتىم. ئۆچەكە شەكەندەك ماگمۇ ئېرىقچىلىق ھوقۇق تەگكەندى. شۇ ئېرىقچىلىق ھوقۇق ئۆچەكە شەكەندەك، بېسىمنىڭ ئېغىرلىقى تەيشەن ئېغىغا تەڭ كېلىدىغان كاتتا ھوقۇقلۇق جۇ شۇجىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتۇ.

ئۆزۈمگە ئۆزۈم قاتتىق نەپرەتلىنىۋاتىمەن. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنى خىيالىمغا كەلتۈرسەملا نېمىشقا چىرايىم تاتىرىپ، چىشلىرىم كاسىلداپ كېتىدۇ-ھە؟ نېمىشقا شۇنچە غەلىتە ھالەتكە چۈشۈپ قالىمەن؟ جۇ شۇجى سوئال قىلغان چېغىدا چىرايىنى ئېچىپ كۈلۈمسىرەيدۇ. مانا بۇ ئېخمۇ قورقۇنچلۇق، كۈلۈمسىرەشنىڭ ئېگىدە نېمە بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ نېمىشقا مېنى چاقىرىپ ئايرىپ تەنبىھ بەرمەيدىغاندۇر، ۋەزىپەمنى ئېلىپ تاشلاپ چارە كۆرمەيدىغاندۇر؟ شۇنداق قىلسا بىراقلا يەڭگىللەپ قالاتتىم! مۇنداق يا ئۆلۈككە، يا تىرىككە چىقارماي، يا ئاققا ئايرىماي، يا قارىغا تارتماي، ئەتە نېمە بولاركىن دېگەن باش-ئايىغى يوق غەمگە سېلىپ قويۇپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟

شياۋ ياۋ①كەلدى. ئۇ مۇئاۋىن باش مۇھەررىر چىننىڭ ماگا يازغان يوليورۇقىنى ئېلىپ كەپتۇ. شياۋ ياۋنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، چىن تولىمۇ ئۇستاتلىق قىلغان، ئۇ خەتنى يېزىپ تاشلاپ قويۇپتۇ، دېمەك كېيىنكى كۈنلەردە جۇ شۇجى سۈرۈشتە قىلىپ قالسا جاۋابكارلىق چىنغا چۈشمەي، پۈتۈنلەي ماگا چۈشىدىكەن. ئەگەر مەن خەتنى تاپشۇرۇۋالمىدىم دېسەم، ئۇ چاغدا ئېخمۇ چوڭ يالغانچى بولۇپ چىقىدىكەنمەن. چىن خېتىدە يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلمەكچى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ چوڭ يىغىندا ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم،

---

① ياۋ يېرەنتى دېمەكچى. ت.

بۇەن كېيىنكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزرە ئېيتىشىم لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەن چوڭ يىغىندا تەكشۈرۈش دېگەندىن بەك قورقىمەن. چوڭ يىغىندا تەكشۈرۈپ قايسى يۈزۈم بىلەن ئۆزۈمنى ئادەم دەپ يۈرەي!

مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى قانداق ئامەتلەرگە ئىگە بولۇۋېدىم ھە؟ پارتىيىگە كىرگەنىدىم، ئۆستۈرۈلگەنىدىم، مائاشىم ئۆسكەنىدى، ئۆي تەقسىم قىلىنغانىدى... مانا ئەمدى ئەجىلىم توشقان ئوخشايدۇ!

جېك: رۇخسەت قىلسىڭىز بىرسىنى بۇيرۇپ بۇ خاتىرىنى تەكرار باسمىدا كۆچۈرتۈۋالاي، بىز بۇنى چوقۇم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىمىز.

تاۋ جۇ: تەكشۈرىمىز-تەكشۈرىمىز دەپ ئاخىرىغا بارغاندا ئايىقىنى چىقارماي تاشلاپ قويىمىز دەڭچۇ. جۇڭگو مانا شۇنداق بوشاڭلىق-بىپەرۋالىق ئادىتىدىن زىيان تارتىۋاتىدۇ، چەت ئەلدە تۇرغان ۋاقتىمدا جۇڭگولۇقلار دۆتمۇ؟ ياق، دۆت ئەمەس؛ جۇڭگونىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى قالاقمۇ؟ ئۇنداق دېيىشمۇ تەس، چۈنكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىمۇ خوراپاتلىق، پەرھىز، ئەخمەقلىق دېگەنلەر بار، جۇڭگولۇقلار ھورۇنمۇ؟ ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، بىراق جۇڭگولۇقلار بەكمۇ بىپەرۋا، بەكمۇ باشباشتاق دېگەنلەرنى تولا ئويلايتتىم. مېنىڭ ئاكام كىچىك شەخس بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى چۆمۈلىنىڭ ئۆلۈمىچىلىكمۇ ئېتىبارغا ئېلىنماپتۇ، ئۇنى دەپ ھەيۋەتلىك شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ چىشىغا تېگىشكە كىممۇ جۈرئەت قىلسۇن، ھە! مانا ئۆزۈممۇ قورقۇپ تىترەككە چۈشۈۋاتىمەن. باياتىن بۇ يەرگە چەت ئەلدە ئۆزلەشتۈرگەن قاراملىق ھەيۋەم بىلەن كىرگەنىدىم، مانا ئەمدى قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، مېنىڭ مەشەگە كېلىپ ئاشۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىمنى دادام بىلەن يەڭگەم بىلىدىغان بولسا قورقۇپ يۈرەك كېسىلى تۇتۇپ قالىدۇغۇ دەيمەن.

جېك: بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، روھىي جەھەتتىمۇ بارغانچە يەڭگىللەپ جانلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ مۇبادا ئەھۋال سىلەر ئېيتقاندەك بولسا، سىزمۇ قايتىپ كەلمىگەن بولاتتىڭىز.

تاۋ جو: دۇرۇس، دۇرۇس، دۇرۇس، گەپلىرىڭىز قالتىس، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە قالتىس رەھمەت، ئاكامنىڭ قىيىن-قىستاق بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، بىزنىڭ تەپتارتماي ئەرز قىلغانلىقىمىز ئادەمنى قالتىس خۇشال قىلىدىغان ئىش، دۇرۇس ئېيتتىڭىز، مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، بېيجىڭغىچە ئەرز قىلىپ بارماي قويمايمەن!

## 15

جېك يۈگۈپك جو شىچۈڭ بىلەن سۆزلەشتى.

جو: مەن بۇ مىش-مىش گەپلەرگە قىزىقمايمەن. ياق، ئۇلارنى قىلچە ئەھمىيىتى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن، ۋاقتىم يوق، چولام تەگمەيۋاتىدۇ دېمەكچىمەن. مەن ھازىرقى ئورنۇمدا قاچانغىچە ئىشلىشىمنى بىلمەيمەن. بەزىلەر قارشى تۇرىدىكەن دەمسىز؟ بەزىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى تۇرغان گەپ. جوڭگودا ئادەم بەك جىق. بىرسى ئىشلىسە، بىرمۇنچىسى قاراپ تۇرىدۇ، بىرمۇنچىسى سۆز-چۆچەك قىلىپ قۇسۇر تاپىدۇ. سەن خىزمەتنى پەملەپ يۈرسەڭ، خەق سېنى پەملەپ يۈرىدۇ. سەن خىزمەتنى پەملەپ، ۋاقىت يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن پايپاسلاپ ھەممىگە تەڭ يېتىشەلمەي يۈرسەڭ، خەق سېنى پەملەپ، ھالىڭدىن كەتكۈزۈش كويىدا بارلىق كۈچىنى ئايانماي ئىشقا سالىدۇ. ياق، مەنمۇ ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئادەتتىن خالىي بولالمىدىم. مەنمۇ مېنى پەملەپ يۈرگەنلەرنى پەملەپ باقتىم، ئۇلارنىڭ باشقىلارنى پەملەيدىغان قىلىقلىرىنى تولۇق بىلىپ چۈشىنىپ يەتكەن يەردىمەن. مەنمۇ ئۇلار قىلغانتى قىلىدىغان بولسام ئۇلاردىن بەكرەك ئۇستا چىقىپ قالتىس قاملاشتۇرۇۋېتەلەيمەن... بىراق

ئۇنداق قىلالمايمەن-دە، پارتىيە مېنى ئىشلە، بىر شەھەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىسلاھات، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇر دەپ ئەۋەتكەن. ئەگەر مەنمۇ قىلتاقتا چۈشۈپ، ئاشۇ نامەرد ئادەملەر بىلەن جېدەللىشىپ يۈرسەم تولىمۇ بىمەنىلىك بولغان بولاتتى! مۇبادا ھەممىلا ئادەم بىر-بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن جېدەللىشىپ يۈرىدىغان بولسا، كوممۇنىزم نەدە قالىدۇ!

جېڭ: بۇ گەپچە سىز تاۋ شيۇگىنى تەنقىدلەپ باقمىغان، يەنە شياۋفاڭنى كۆزلەپ بىرەر تەدبىر قوللىنىشنىمۇ ئويۇنلاشتۇرۇپ باقمىغان ئىكەنسىز-دە؟

جۇ: تاۋ شيۇڭ دەمسىز؟ تاۋ شيۇڭ دېگەننى ئەسلا تونۇمايمەن، مەن تونۇشۇشقا ۋە ئېسىمدە تۇتۇشقا تېگىشلىك كىشىلەر بەك تولا، قايسىنى ئېسىمدە تۇتۇپ بولالايمەن. مەن يەنە شياۋفاڭنى ئوبدانراق داۋالاشنى ئۆتۈنگەن. دوختۇرخانىدىكىلەر ئۇنىڭ كېسىلى ئوڭشىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى، خاتىرجەم بولدۇم. بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟

جېڭ: بەزى ئىنكاسلار بار ئىكەن...

جۇ: بۇنىڭغا ئىلاجىم يوق. ئېغىز ئۇلارنىڭ تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك. ئۇلاردا قانائەتلەنگۈدەك مەدەنىي تۇرمۇش ۋە ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس كەم. ئۇلارغا ۋاقىت بار، بىزگە ۋاقىت يوق، ئۇلار تۇشمۇ-تۇشتا ئالاقە باغلاپ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، بىز ئۇنداق قىلمايمىز. ئۇلار قولىدىن كەلگەنلىكى ئەسكىلىكنى قىلىۋېرىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيمىز. ئۇلار ئۆز ئىشىنى دەپ پوكاندەك قىزارغىچە ئالاش-تارتىش قىلىدۇ، بىزدە قانداقلا بولمىسۇن كەمتەرلىك دېگەن نەرسە بولۇشى كېرەككۇ، قىلىق دېگەننى ئالايلى، بىز كەمتەرلىك، ئالىيجانابلىق، كەڭ قورساقلىقتا ياتىدىغان قىلىقلارنى ياقتۇرىمىز، ھەممىنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە زىغىرلاپ ئولتۇرىدىغان، ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان قىلىقلارنى ياقتۇرمايمىز.

جېڭ: سىز دەۋاتقان «ئۇلار» كىملەرنى بىلدۈرىدۇ؟

جۇ: «ئۇلار» دېگىنىم ئاشۇ نامەرد ئادەملەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار خېلىلا بازارغا ئىگە، ئۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىلمىقلار جەمئىيەتتە «ئۇستۇنلۇك» كە ئىگە. بىراق ئۇلارنىڭ زەئىپلىكى شۇ يەردىكى، ئۇلارنىڭ جاھان قالايمىقانلاشمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان ۋە يوق يەردىن چاتاق تۇغدۇرىدىغان قىلمىقلىرى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكىمۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغىمۇ خىلاپ.

جېڭ: بۇ گېپىڭىزچە بولغاندا، ئاشۇ ئەبلەشلەرنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدىكەنسىز دە؟

جۇ: قوبۇل قىلمايمەن. ئېچىنىشلىقى شۇكى، ناتوغرا ئىستىل ئەمەلىيەتتە، ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، ئۇ مەنتىقە، پىكىر يۈرگۈزۈش، پەرەز بىلەن گەپ قىلىش قېلىپىغا، مېتودولوگىيىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ! ناتوغرا ئىستىلنىڭ زەھەرلىرى قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە سېنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشۇڭنىڭ ھەممىسى ناتوغرا ئىستىل بولۇپ چىقىدۇ! ئۇلار جۇ شىچۈڭنىڭ دادىسى يوەن شياۋفاڭنىڭ دادىسى بىلەن تونۇش بولغانىكەن، جۇ شىچۈڭنىڭ خىزمەت ھوقۇقى بولغانىكەن، دېمەك جۇ شىچۈڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يوەن شياۋفاڭلار ئائىلىسى ئۈچۈن يەنى ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن مەنپەئەت كۆزلىمەي قالمايدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ، ھەممە گەپ مانا مەشەدە.

جېڭ: بۇ گەپچە بولغاندا، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش، كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى تەكشۈرتۈش دېگەنلەرنى زادى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

جۇ: كەچۈرۈڭ، مۇنداق سوئالغا مېنىڭ جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

جېڭ: چىن شىمۇ ئېيتتى...

جۇ: چىن شىنىڭ كىملىكىنى بىلگىنىم يوق.

جېڭ: باۋ يىرەنمۇ ئېيتتى...

جۇ: ئۇنداق كونكرېت مەسىلىلەرنى شەھەرلىك پارتكومدىكى

ئالاقىدار يولداشلاردىن سۈرۈشتۈرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئەتراپلىق تەكشۈرۈشنى لايىق تاپسىڭىز، كاتىپىمغا ئېيتاي، ئۇ سىزگە بىزنىڭ ھەممە پائالىيەت ۋاقتىمىزغا ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىپ بەرسۇن. كەچۈرۈڭ. كەلگۈنىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەت يىغىنىنى ئاچىدىغان ۋاقتىم توشۇپ قالدى.

## 16

ياۋ بىرەن جىلى يۇگېيغا تېلېفون بەردى: — ھە، سىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قوياي، ئاڭلىسام مەن يوللىغان ماتېرىيالغا يۇقىرىدىكىلەر ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ تەستىق ساپتۇ. نېمە؟ كۆرمىدىم دەمسىز؟ سىز كۆرگەن بولسىڭىز مەن سىزگە ئۇقتۇرۇپ يۈرمىگەن بولاتتىم!

سىزگە يەنە شۇنى ئېيتىپ قوياي، تاۋ جۇنىڭ چەن ئەلدە ناھايىتى تەسىرى بار. ئۇ ئاكىسىغا ئوخشىمايدۇ جۇمۇلۇڭ. ئۇ تالانت ئىگىسى. ئۇ يۇقىرى-تۆۋەن ۋە ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ. ئاڭلىسام يېقىندا ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى يولداش قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ شۇ رەھبەر بىلەن كۆرۈشسىلا ئەرز قىلىشى مۇمكىن! ئۇنىڭدىن تاشقىرى، چوڭ گېزىتلەردىن بىرسىنىڭ بىرىنچى بېتىگە تاۋ جۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى بېسىلىدىكەن! بۇنى مەن شۇ چوڭ گېزىتخانا باشلىقىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىدىم، قىل سىغمايدۇ!

چىن شى بىلەن قانداقراق سۆزلەشتىڭىز؟ ئۇ جۇ شىچيۇڭنىڭ ئۆزىگە ئىش تاپشۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدىغۇ دەيمەن؟ دۇرۇس، ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشى تۇرغان گەپ، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولۇۋالدى، ئىشنىڭ كۆپەيگىنىدىن ئازايغىنى ياخشى دەپ، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، نېمىلا ئىش بولسا بەس دەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ جۇ شىچيۇڭنى ياقىلسا، جۇ شىچيۇڭمۇ ئۇنى بەكرەك ياقىلايدۇ-دە، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمەڭ.

نېمە؟ گېزىتخانىغا يۆتكىلىشنى دەمسىز؟ ئەلۋەتتە، جۇ شىچيۇڭمۇ

www.uyghurkitap.com

چىن شىمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ ئۇلار بىلەن شەخسىي ئاداۋىتىم يوق. مېنىڭ جۇ شىچۇاڭ شۇجى بىلەنمۇ شەخسىي ئاداۋىتىم يوق. مەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى تۇرۇۋاتىمەن.

## 17

جېڭ يۈگېڭلار م. شەھىرىدە 70 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئىلگىرى-ئاخىر 70 نەچچە كىشى بىلەن سۆزلەشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىگە قايتىپ ئۆلكىلىك پارتكوم بىلەن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا يوللايدىغان تەكشۈرۈش دوكلاتى ئۈستىدە تەييارلىق كۆردى.

ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى جۇ شىچۇڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئىز باسار كادىرلار ئىسمىلىكىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، تاللاشقا بولىدىغانلار شۇنچە جىق تۇرسا، تاللاشتا قالغان، تۆۋەندە ئۈستىدىن گەپ-سۆز قايناپ كەتكەن بىرسىنى ئىسىملىككە كىرگۈزۈپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە جۇ شىچۇڭنىڭ ئۈستۈرۈلۈشى بەك تېز بولۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، پۇختىراق ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك. كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا جۇ شىچۇڭنىڭ ئاچچىقى يامانراقكەن دېدى.

جېڭ يۈگېڭ باش لىڭشىتىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

بىرمۇنچە كىشىلەر جۇ شىچۇاڭ ئاۋ شيۈگېنى قىستاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ دېگەن گەپنى ئاستىرتىن غۇلغۇلا قىلىپ، جانلىق، تەسىرلىك سۆزلەپ يۈردى. جېڭ يۈگېڭ توغرىسىدىمۇ سۆز-چۆچەك پەيدا بولدى. بەزىلەر ئۇنى جۇ شىچۇڭنىڭ «كۆشەندىسى»، ئۇ چاتاق تېپىش ئۈچۈن تەكشۈرۈشكە بېرىپ، نەتىجىدە بىكار ئاۋارە بوپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر جېڭ يۈگېڭ جۇ شىچۇاڭ بىلەن «بىر يول» دىكى ئادەم، ئۇنىڭ م. شەھىرىگە تەكشۈرۈشكە بېرىشى ئاشكارا تەكشۈرگەن بولۇپ، ئاستىرتىن قانات ئاستىغا ئېلىش،

ئاخىرىدا يېپىپ-يوشۇرۇپ چوڭ ئىشنى كىچىك ئىشقا، كىچىك ئىشنى يوق ئىشقا چىقىرىش ئۈچۈن بولغان دېيىشتى. ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن جېڭ يۈچىڭ ئۈستىدە شىكايەت قىلىنغان بىگى خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ دېگەن گەپلەرمۇ چىقتى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، جېڭ يۈچىڭ ئۆتكەنكى بىر ئىشنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ ھېلىقى قابىل باشقارما باشلىقىدىن جۇ شىچۈڭنى ئېتىنى ئاتىماي تەنقىد قىلغان ماقالىنىڭ ۋە جۇ شىچۈڭنى ئېتىنى ئاتاپ كۆككە كۆتۈرگەن ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىنى تاپقان-تاپمىغانلىقىنى سورۇشتۇردى.

قابىل باشقارما باشلىقى بۇ ئىككى پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى بىرلا كىشى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

جېڭ يۈچىڭ ھەيران بولۇپ: نېمە؟ — دېدى.

قابىل باشقارما باشلىقى: مېنىڭمۇ ئەقلىم يەتمەي قالدى، شۇڭا سىزگە مەلۇم قىلمىدىم. مەن ئۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سىتىرېئوچىلىق، قۇرۇلمىچىلىق دەيدىغان يېڭىچە بىر يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى سىناق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ پىكاسسو سىتىرېئوچىلىق ئۇسۇلىنى رەسساملىققا تەتبىق قىلغان. مەن ئەدەبىياتقا تەتبىق قىلىۋاتىمەن دەيدۇ.

جېڭ يۈچىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇ بۇ دۇنيا نېمىداق بارغانچە ئۆزگىرىپ ھەرخىل-ھەر ياڭزا ئىشلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ-ھە؟ ئۆتمۈشتە بىرەر دۈشمەن جاسۇسنى، بىرەر خائىننى، بىرەر خىيانەتچى-ئوغرىنى، بىرەر ئەخلاقى بۇزۇلغان ئادەمنى بىر ياقلىق قىلىش ناھايىتى ئاسان بولاتتى! بۇ دۇنيا ئۆزگىرىپ ئۆزگىچە بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ! بەلكىم ئۆزۈم راست قېرىپ قالغان ئوخشايمەن، پېنسىيىگە چىقىش دوكلاتى يازسام بولغۇدەك دېگەنلەرنى ئويلىدى.

يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا: بىر كىچىك گېزىتكە بېسىلغان خەۋەردە ياۋ يىرەن «مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆلگىسى» دېيىلىپتۇ. ياۋ يىرەن گېزىتخانىغا بېرىشنى خالىماي قالغانمىش، ئۇنى گېزىتخانىدىكىلەر چوڭ ۋە يۇقىرى ئورۇن كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان ئىمىش.

# هويلا ئىچىدە هويلا

ئۇ شەھەرگە ئەمدىلەتىن قايتا كۆچۈپ كېلىپ، قورقۇشۇم بېسىلغان ۋاقتىم ئىدى. كىشىلەر مېنى نورمال ئادەم قاتارىدا كۆرگىنىدە يا يىغلىشىمنى، يا كۈلۈشىمنى بىلمەي قالدىم. كىشىلەر ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دېيەلەيدىغان بولغان چاغدا يا تەنتەنە قىلىشىمنى، يا ئازابلىنىپ جىم تۇرۇشۇمنى بىلمەي قالدىم. مەن بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىدە، خوتۇنۇم كوللېكتىپ ياتاقتا، ئوغلۇم يەنە بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرغانتۇق، بار-يوق ئازغىنا ۋەيرانە مال-مۈلكىمىزنىمۇ باشقا بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويغانتۇق.

جۇڭگولۇقنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى مۇھىم بىلىشى بىكار ئەمەسكەن. شۇ كۈنلەردە «خۇڭخۇ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتى» ناخشىسىنى ئېيتىشقا بولمىدىغان بولغانىدى، «خۇڭخۇ سۈيى دولقۇنلايدۇ توختىماي» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغان ھامان، ئىختىيارسىز كۆزۈم ياشقا تولاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى مېنى ئىككى ناتونۇش كىشى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاپتاپتا قاپقارىداپ كەتكەن ئەر، يەنە بىرى ئاپئاق، پاكىز ئايال ئىدى. ھەر ئىككىسى قويۇق ياقا يۇرت تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. بۇ يات كىشىلەرنى كۆرۈپ سەل قورۇنۇپ قالدىم-دە، ئىش سەل سىرلىق بىلىنگەچكە، گېپىم قولاشماي قالغانلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى سورىدىم.

— كومپوزىتور لىۋ مىلىڭ سىز بولامسىز؟

مەن باش چايقىدىم.

— «كىچىك قارلىغاچ» دېگەن بالىلار ناخشىسىنىڭ ئاپتورى سىز ئەمەسمۇ؟ — گويا مەن بىرنەۋرە ئىنىسىدەك، ئۇلار ماڭا

www.uyghurkitap.com

دۇنيانى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى.

— بۇ، شۇنداق، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى قاچۇرالماي، — كىچىك قارلىغاچ، كىچىك ئاق تورغاي دېگەن ناخشىلارنى ئىشلىگەنلىكىنى قانداقمۇ كومپوزىتورلۇق دېگىلى بولسۇن! مېنىڭچە ئۇ ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى... مەن قارىسىغا ئانچە-مۇنچە ناخشىلارنى ئىشلەپ باققان، ئۇنىڭ زادى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، — مەن يىغلىۋېتىشكە قىل قالدىم، — كېيىن يازمايدىغان بولدۇم...

— بىراق بىزنىڭ پېشقەدەم يولەنجالىڭ سىزنى تاپماي قويماڭلار دەپ تاپىلىغانىدى، سىزنى تاپمىز دەپ سۈرۈشتۈرمىگەن يېرىمىز قالمىدى! — دېدى ھەر ئىككىلەن بىر ئېغىزدىن.

— ئۇلار ھەر ئىككىسى مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىكەن، بىرسىنىڭ فامىلىسى چېن يەنە بىرسىنىڭ لى ئىكەن. ئۇلارنىڭ يولەنجاڭى ئاتاقلىق پروفېسسور جاۋ خېڭشەن ئىكەن.

— كېلەر ئايدا بىزنىڭ شۆيۈەندە ئاممىۋى ناخشىلار ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكچى، جاۋ يولەنجاڭ سىزنى شۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلمەي قويمايمەن دەيدۇ.

— مەن ئەمدىلەتىن ئۆي كۆچۈرۈپ قايتىپ كەلدىم، خىزمىتىمنىڭ نەگە تەقسىم قىلىنىشىنىمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم كۆمۈر كانىغا ياكى مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنارمەنمىكىن؟ مېنىڭ بالىلار ناخشىسى ئىشلەش بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىم ئاران بىر يىلدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىلنى كۆمۈر بىلەن ھەپىلىشىپ ۋە يەر سۈپۈرۈپ ئۆتكۈزدۈم.

ئۇلار كۆڭلى-كۆكسىنى شۇنچە كەڭ تۇتۇپ، تولىمۇ تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئۇنداقتا سىزنىڭ كەسپىي پائالىيىتىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەن... يېرىش-كېلىش ماشىنا كىرايىڭىزنى شۆيۈەن كۆتۈرىدۇ...، — دېدى.

مېنىڭ كەسپىي پائالىيىتىم ئۇزۇن يىل شۇغۇللانغان كۆمۈر قېزىش

ياكى يەر سۆيۈرۈش بولماي قانداقلارچە ئازغىنا ۋاقىت شۇغۇللانغان ناخشا ئىشلەش بولدۇ دېگەننى چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالدىم. «ناخشا ئىشلەش!» دېگەننى ئويلاپ ئۆزۈمنى ئوبدان تۇتۇۋالماقچى بولدۇم، «كىرانى مەكتەپ كۆتۈردى!» دېگەن گەپتىن قارىغاندا دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇپ قاپتىمەن-دە، پويىزغا ئوچۇق-ئاشكارا ئولتۇرۇپ، كارىۋات بېلىتىنى مەردانىلىك بىلەن سېتىۋېلىپ كاماندىروپكىغا چىقىدىغان بوپتىمەن-دە! كاماندىروپكىغا چىقىدىكەنمەن، كومپوزىتورلۇق سۈپەت بىلەن كاماندىروپكىغا چىقىدىكەنمەن! دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

پېشقەدەم يۈەنجاڭ! ئوقۇتقۇچى لى! ئوقۇتقۇچى چېن! لار كۆز ئالدىمغا كېلىپ ھەي ليۇمىڭ دېدىم، كىچىك قارلىغاچ دېگەن ناخشام قارا كىيىم كىيگەنلىرىم، كىچىك ئاق توشقان، قۇلاقلىرىڭ سوزۇلغان دېگەن ناخشام... يۈرەكنى ئوينىتىدىغان بالىلار خورى! خىيالىمدىن تىزىلىپ ئۆتتى.

يىغىنغا باردىم. مەن ئۇلار تۇرغان شەھەرگە — كونا دېسە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كونىسى تېپىلمايدىغان، ئەمما مەڭگۈ خارابلاشمايدىغان شەھەرگە باردىم. ھەممە بىنالارنىڭ ۋە كوچىلارنىڭ ئۈستىنى گويا بىر قەۋەت قوغدىغۇچى پەردىدەك چاڭ-توزان قاپلاپ تۇراتتى. مەن جاۋ يۈەنجاڭ، چېن ۋە لى ئوقۇتقۇچىنى يوقلاپ باردىم. مەندە ھەممىدىن بەك ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئۆيلىرى مۇقەددەس تۇردا سارايلىرىغا ئوخشاپ كەتتى. قارا دەرۋازىسىنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ھويلا تاملىرى ئېگىز ئىدى، يېشىللىقى ئۆزگىرىپ سارغىيىشقا ۋە قىزىرىشقا باشلىغان دەرەخلەرنىڭ ئۇچى يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى... دەرۋازا گۈمبىزى يوغان بىر ئېغىز ئۆيچىلىك بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدا ناھايىتى يىراقتىنلا كۆرۈنگەن، ئۆزۈم كۆرمىگەنگە ئۇزاق بولغان ھويلا تۇراتتى، دېرىزە ئالدىدا يامبۇكلار، تاشتەكلىك گۈللەر،

تاشلىنىپ قالغان ئەمما باشتىكى ھۆسن جامالىنى ساقلاپ قالغان تاش ئورۇندۇق، تاش جوزىلار تۇراتتى. جاۋ يۈەنجاڭ ئۆدۈل ئۆيدە، ئىككى ئوقۇتقۇچى ئىككى ياقتىكى يان ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيدە يېڭىلا توي قىلغان ياش ئاسسىستېنت شىياۋخۇ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇتى خەت تارتمىغان بالا دېسە ئارتۇق كەتمەيدىكەن. ئادەمگە قىزىق تۇيۇلىدىغىنى شۇكى، ھويلىلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرالغۇ ئۆيلەر ئەڭ سىرتىدىكى ھويلىغا جايلاشقان، مۇشۇ ھويلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىك ئىشىكتىن ئۆتسە ئارىدىكى ھويلىغا چىققىلى بولىدىكەن، ئارا ھويلىدىكى سەككىز ئېغىزلىق ئۆي شۆيۈەنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ھەممە ئىشىكلەرگە پېچەت چاپلىنىپ، تۆمۈر قۇلۇپ سېلىنىپ، پېچەتلەر قىزىرىپ، قۇلۇپلار داتلىشىپ كەتكىچە تۇرغان، مەن بارغاندا ئىشىكلەر ئاللىقاچان ئېچىۋېتىلگەچكە پېچەتلەر يىرتىلىپ كەتكەنىدى، ئەمما تېخى يۇيۇپ تازىلانمىغان، تۆمۈر قۇلۇپلار كۈندۈزى ئېچىلىپ، كەچلىكى يەنە سېلىپ قويۇلىدىكەن، ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك كىتابلار، مۇزىكا نوتىلىرى ئوڭتەي-توڭتەي دۆۋىلىنىپ، چېچىلىپ يېتىپتۇ، جازىلاردا ۋە پەردە سايىلا پلاستىنكا ۋە پلاستىنكا پارچىلىرى تۇرۇپتۇ. ئاشۇ سەككىز ئېغىز ئۆينىڭ ئۆزى بېشىغا بالا-قازا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بالا-قازا دەستىدىن ۋەيران بولۇپ كەتمىگەن ۋىجدان، ئالىيجانابلىق ۋە سەنئەت ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئىدى. ھويلىنىڭ ئۇزۇن-چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك؟ دېسىڭىز، ھويلىدا شاخلىرىدا سانجاق-سانجاق چىلانلار ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى تۈپ چىلان دەرىخى بار ئىدى، چىلانلار گويا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرمىگەندەك يېقىملىق ھەم شوخ كۆرۈنەتتى. كومپوزىتور ياكى غەيرىي رەسمىي كومپوزىتورنى چىلان شېخىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر قېرى مۈشۈك قارشى ئالدى. مۈشۈكنىڭ كۆزىدىن ئېغىر غەمكىنلىك ۋە بەتكىچە شۈبھە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى،

جەنۇبتىكى ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ يان تەرىپىدە سىرلانمىغان كىچىككىنە بىر ياغاچ ئىشىك تۇراتتى، شۇ ئىشىكتىن ئۆتسە ئۈچىنچى ھويلىغا كىرىشكە بولاتتى. ئۈچىنچى ھويلىدا جەنۇب ۋە غەربكە جايلاشقان يان ئۆيلەرلا بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىز ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە چىرايى سارغايغان، ئۆزى ئورۇق كەلگەن، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كىشىلەر شۆيۆەن ژۇرنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. دېمەك بۇ شۆيۆەن ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. پەلەمپەيگە قويۇلغان قوناق گۈللۈك ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر مېنى ماقالە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن خېلى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىمدىلا ئاندىن ماقالە يازالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچ باغلىيالايتتىم، شۇنىڭدەك رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك رەڭ، كۆك گاباردىن رەختتىن ئۆلچەملىك چاپان كىيگەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى ئابروي قازانغان مۇشۇ شۆيۆەننىڭ ژۇرنىلىنى يېڭىباشتىن چىقىرالايدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنچ باغلىيالايتتىم. ئاشۇ ئۈچ قەۋەت ھويلىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق ھويلا ئىچىدە ھويلىسى بار دۆلەتتە قانداقلارچە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىغا زادى-زادىلا ئەقلىم يەتكۈزەلمىدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۈەنجاڭ جاۋ خېڭگەن ۋە ئوقۇتقۇچى لى، چېنلار مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئاشخانا قاينام بازارنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئىكەن. قارا سىرى چۈشۈپ كەتكەن يوغان دۈگىلەك جوزىغا ئولتۇرۇۋىدۇق، تۆتىمىز يېرىمىغىمۇ كەلمىدۇق. ئاشخانىنىڭ ئىچىنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىر ئاپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھاراق ئىچىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ھاراق ئويۇنى ئويناۋاتقانلارمۇ، جېدەل چىقىرىپ ۋارقىرىشىۋاتقانلارمۇ، چىنە-تەخسىلەرنى چوكا بىلەن تاراڭشىتىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بىز خېلى كۆپ ھاراق ئىچتۇق، توخۇ گۆشىدىن لازا ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلغان سەي بىلەن سىشۈەنزە يېدۇق، مەن جىقراق ئىچىۋېلىپ سەل مەست بولۇپ قالدىم، بىز

سەنئەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بىر مۇنچە دەرد-ئەلەملەر ۋە ئۆتكۈر كۆز قاراشلىرىمىز ھەققىدە كەڭ-كۇشادە سۆزلەشتۇق، بىرلا كۆرۈشۈپ كونا قەدىناسلاردەك بولۇپ كەتكەن دوستلۇقىمىزنىڭ شۇنچە قويۇق، تەسىرلىك بولغانلىقىدىن ھەيرانمەن، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ تېزدىنلا شۇنچە چىقىشىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيرانمەن.

« سىرداشلارنىڭ قەدىر-قىممىتى بىر-بىرىنىڭ دىلىنى چۈشىنىشتە! »

« ھاياتىڭدا ئۆزۈڭنى چۈشىنىدىغان سىرداشقا ئىگە بولۇش ھەممىدىن ئەۋزەل! »

« يەنە بىر يېڭى سىرداشقا ئىگە بولۇش ھەممىدىن خۇشاللىق ئىش! »

« بار پۈتۈن ئالەمدە بىزنىڭ چىن قەلبداش دوستىمىز، بۇ جاھاننىڭ ئۇ چېتىمۇ بولغۇسى تام قوشنىمىز! »

بىز ئەنە شۇ كونا ئەمما لەززەتلىك سۆزلەردىن ھۇزۇرلاندۇق. ھەممىمىز ئۆزىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي يوللارنى قىن-قىنىغا پاتماي دېگۈدەك سۆزلەپ چىقتۇق — تا بۇ كۈنگىچە تىرىك ياشاپ كەلگەنلىكىمىز ھەتتا بىر يەرگە جەم بولۇپ ھاراق ئىچىشۋاتقانلىقىمىزدىن ئىنتايىن شادلاندۇق.

— مەن زادى ئىشەنچىمنى يوقاتماي كېلىۋاتىمەن! — دېدىم مەن، — مەن بۇرۇنلا ئېيتقان، دۇنيادا بەربىر ياخشى ئادەم كۆپ! ئادەملەرنىڭ خۇددى بۈرىگە ئوخشاش بىر-بىرىنى يەۋېتىدىغاندەك ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ دىلى ئاخىرى بىر-بىرىگە يېپىشىدۇ!

— ئاق كۆڭۈللۈكلىكىڭىزنى تاشلىماپسىز! سىزنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان گۈزەل بالىلار ناخشىسى ئىشلىيەلەيدىغانلىقىڭىزدا گەپ يوق! — دېدى جاۋ يۈەنجاڭ مەردانىلىك بىلەن، ئىككى ئوقۇتقۇچىمۇ

بۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ قوشۇلدى.

— مېنىڭ يېڭى ھاياتىم بۇدا مۇزىكا شۆيۈەنىگە قىلغان سەپىرىمدىن باشلاندى. قايناق رەستىنىڭ ئېغىزىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنادا ئۈچ رومكا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، يۈزۈم قىپقىزىل قىزىرىپ ئۇزاققىچە رەڭگىمدىن يوقالمىدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، شۆيۈەن ژۇرنىلىغا ئاتاپ ئۆزۈمگە قالتىس بىلىنگەن بىر پارچە ماقالە يازدىم. ئاشۇ شەھەرگە يەنە بىر رەت بېرىپ، ماقالىنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدۇم.

قىش كىرىپ، ئەمدىلا تۇنجى قار چۈشكەن كۈنلەر ئىدى. باشقىلارنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمەي، پويىزدىن چۈشۈپلا شۇ ئەتراپتىن يېرىم جىڭ گۆشنان سېتىۋېلىپ ئاۋۋال قورساق تويغۇزدۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغزىمغا يۇققان ماي يۇقىنى پارقىرىتىپ تەھرىر بۆلۈمگە باردىم.

باشتىكى ھويلىدا ئىنس جىن كۆرۈنمەيتتى. ئۈستىنى قار قاپلىغان بامبۇكلار باشقىچىلا ئىسكەتكە كىرگەنىدى. ئۈستىگە ئاق قاردىن داستىخان سېلىنغان تاش جوزا چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك قىياپەتتە ئىدى. بىر خوراز گويا زېرىكىپ ئىچى پۇشقاندەك قى-قى قىلىپ بىرلا سايرىغاندىن كېيىن، قارىسىغا سايرىغانلىقىنى تۇيغاندەك شاپپىدە توختاپ قالدى-دە، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ، قار ئۈستىدە بامبۇك يايرىقىغا ئوخشاش ئىز قالدۇرۇپ ئاستا كىرىپ قالدى. ئارا ھويلىدا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراپ ئۇيان-بۇيان كېتىشىۋاتقان بىر قانچە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ماڭا دىققەت قىلمىدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايتتىم. بۇ ئولجىغا قالغان جاننى تەڭ مۇبارەكلەيدىغان چاغلار ئۆتۈپ، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراۋاتقان ۋاقىت ئىدى. چىلان دەرىخىگە قونغان قارلار خۇددى غايىبلىق ئىچىدىكى قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ھەرىكىتىدىن سىلكىنگەن-

دەك. كىشىلەرنىڭ مېڭىشى بىلەن تەڭ ئاز-ئازدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەڭ ئىچكىرىدىكى ھويلا تولىمۇ جىمجىت ئىدى. مەن شۆيۈەن ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئاق پەردىنى قايرىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردىم.

ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئىش ئۈستەللىرى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن پاكىز ئىدى، ئۈستەل ئۈستىدىكى ھالەتتىن قارىغاندا، ھەممە ئۈستەللەرنىڭ ئىشلەۋاتقان ئىگىسى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ چەپ ئوتتۇرىسىغا كونا تەقلىتتىكى چويۈن مەش قويۇلغان بولۇپ تەپتى ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. مەش تۆپىسىگە قويۇلغان ئاليۇمىن چۆگۈننىڭ سۈيى ھۇش-ھۇش قىلىپ قايناش ئالدىدا تۇراتتى. مەن يېرتىق كونا سافاغا ئولتۇرۇپ ئۈستەللەر ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان ماقالە-سالام خەت غەزەللىرىنى، شېئىر، غەزەل تىككۈچ، قەلەمدانلارنى ۋە چۆگۈندىكى سۇنىڭ قىش كۈنىدە ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى تاماشا قىلىپ ھەددىدىن زىيادە ھۇزۇرلاندىم. مۇشۇنداق ھۇزۇرلىنىپ باقمىغىنىمغا، جاھاندا مۇشۇنداق ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ھويلا، ئۆي، مەش ۋە كونا سافالار بارلىقىنى بىلىپ باقمىغىنىمغا ئۇزاق زامان بولغانىدى. يېگەن گۆشنانلىرىم تېنىمگە سىڭىپ، ئىسسىق تارقىتىپ ھاردۇق يەتكۈزۈشكە باشلىدى، ھاراق ئىچىپ كەيىپ بولغاندىكىدەك ئۇخلاپ قالدىم.

مەن يازغان ماقالەمنى ئەنە شۇنداق ئاپىرىپ بەردىم. ئىككىنچى قېتىملىق مۇزىكا ھاياتىمنى ئەنە شۇنداق باشلىدىم، يەنە كېلىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بار زېھنى-كۈچۈمنى بالىلار ناخشىسى ئىجادىيىتىگە قاراتماي، مۇزىكا نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا قارىتىدىغان بولدۇم.

جاۋ يۈەنجاڭ، ئۇقۇتقۇچى لى، چېنلار ۋە مېنى بىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن دوستلار مېنى بالىلار ناخشىسى ئىجادىيىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئۆزۈممۇ «كىچىك قارلىغاچ» ناخشىسىنى ئىشلىگەن ئۆتمۈشۈمنى تەكرار-تەكرار ئەسكە ئالدىم

ھەمدە ئۆزۈمنى يېڭىباشتىن قايتا-قايتا سىناپ كۆردۈم، «1-ئىيۇن» باللار بايرىمى بولغاندا تەكلىپ بويىچە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم، كاناي ۋە دۇمباق ساداسى ئىچىدە پىئونېرلار ئېسىپ قويغان قىزىل گالستۇكنى تاقىدىم. شۇ پەردىكى ئايلالار بىرلەشمىسى بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى مېنى قوبۇل قىلدى ھەمدە باللار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشىغا داۋاملىق تۆھپە قوشۇشقا دەۋەت قىلدى، مېنى يۈرىكى باللار ئۈچۈن سوقىدۇ دېگۈچىلەرمۇ كۆپ بولدى... سىراق مەن يازمىدىم ۋە يازالمىدىم. چۈشۈمدە باللار ئۈچۈن قالتىس ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ چۈشىگەن بولساممۇ، لېكىن ئويغانغان ھامان ئۇ ناخشىلار نەگىدۇر غايىپ بولۇپ كەتتى. مېڭەمدە باللارغا خاس ساددا ۋە يېقىملىق مېلودىيىلەر، ساددا ۋە يېقىملىق ئاھاڭلار پەيدا بولدى-يۇ، لېكىن ئېسىمگە ئېلىپ بولغىچىلا ئۇ ئاھاڭلارنى بوران-چاپقۇن، خەۋپ-خەتەر ۋە تۈرلۈك چاكىنا سۇيىقەستلەر سۈمۈرۈپ كەتكەندەك بولدى، كىچىك قارلىغاچ، كىچىك ئاق توشقان ناخشىلىرىنى ئىشلىگەن چاغدىكى كەيپىياتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان بولساممۇ، لېكىن شۇنداق كەيپىياتىم ئەمدىلا قوزغىلاي دېگەندە ئۇنى قاندىقتۇر بىر قول كېلىپ نېرى ئىتتىرىۋەتكەندەك (ياكى قاندىقتۇر بىر پۇت كېلىپ نېرى تېپىۋەتكەندەك) بولدى. يەنە كېلىپ، باللار ناخشىسىنى ئىشلىيەلمەس بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزگەندە خۇددى شۇنداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلىدىغاندەك كۆزۈمدىن بىرەر تامچە ياشمۇ ئاقماس بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى لى بىلەن چېن ئىككىسى مېنى ئىزدەپ كەلگەن ۋە «كىچىك قارلىغاچ» ناخشىسىنى تىلغا ئالغان چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئازابلىنىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىشكە قىل-قىل قالغانىدىم.

سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى مۇزىكا نەزەرىيىچىسى دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇپ قالدىم. تاغدىن-باغدىن ماقالە قۇراشتۇرغۇچى بىر ژۇرنال

www.uyghurkitap.com

مېنى «سەنئەت تەنقىدچىسى» دەپ ئاتاپتۇ. شامالنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، ئىزا تارتماي پو ئاتىدىغان بىر گېزىت ئۆزىنىڭ ئەڭ كېيىنكى سەھىپىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېسىلغان ماقالىسىدە مېنى «سەنئەت پەيلاسوپى» دەپ ئاتاپتۇ. سەنئەت پەيلاسوپى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئىشقىلىپ بىرەر بېگى تاج كىيگۈزۈلسە ھەممەيلەن خۇش بولىدىغان ئوخشايدۇ. «قالپاق كىيگۈزۈش» نى ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى چوڭ بىر كەشپىيات دېسە بولىدۇ.

مەن مۇزىكا نەزەرىيىچىسى دېسە مۇزىكا نەزەرىيىچىسىگە ئوخشايدىغان، ئىجادىيەتچى دېسە ئىجادىيەتچىگە ئوخشايدىغان، تەنقىدچى دېسە تەنقىدچىگە ئوخشايدىغان شۇ يولنى بويلاپ «روناق» تېپىشقا باشلىدىم.

مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پروفېسسور جاۋ خېڭئەن بىلەن ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھىممىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەندىم. ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقىدەك مودىغا ئايلانغان تاسادىپىلىق، قىسمەت ۋە سەۋەبتىن تاشقىرىلىق يوقلۇقىغا ئىشەندىم. مەن مۇبادا پروفېسسور جاۋ خېڭئەن 50-يىللاردا «كىچىك قارلىغاچ» ناخشىسىنى تاسادىپىي ئۇچراتمىغان بولسا، ياكى بۇ ناخشىنى ئۇچراتقان بولسىمۇ لېكىن ئالدىراش بولغانلىقى، شۆيۈەنچىلەرچە تارتىنچاقلىقى، ئۇيقۇسىز قالغانلىقى ياكى خوتۇنى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ كەيپى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ ناخشىغا ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىغا زادى دىققەت قىلمىغان بولسا، يەنە بىر مۇنچە ئېھتىماللىقتا ھەتتا بەئەينى مۇقەررەرلىككە يانتىدىغان تاسادىپىلىق يۈز بەرگەن بولاتتى، ھەرقانداقلىكى تاسادىپىلىق يۈز بەرگەن بولاتتى، ھەرقانداقلىكى تاسادىپىلىق ئۇلارنىڭ چاقىرىق چاقىرماسلىقىغا سەۋەب بولغان بولاتتى، چاقىرىق چاقىرمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئۆچكەن كۆلدەك روھىي ھالەتكە مۇپتىلا بولاتتىم-دە، مۇزىكا دېگەننىڭ زادى-زادى يېقىن كېلەلمىگەن بولاتتىم دېگەنلەرنى نەچچە-نەچچە ئويلىدىم. ئارخىپىمدىن قارىغاندا، مەن كۆمۈر زاۋۇتىغا ياكى مۇھىت

تازىلىقى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنسام مۇۋاپىقراق بولاتتى. 1979-يىلدىكى كەيپىياتىمدىن ئالغاندا، مەن ئاخىرقى ئۆمۈرىمنى خاتىرجەم ئىشلەيدىغان ئىش بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتىم، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە ئىشلەشنى، كىنوخانىدا بىلەت يىغقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان شېرىن خىيالىم كۇتۇپخانىدا مۇلازىم بولۇش ئىدى. شۇ كۈنلەردە يۈز زىيالىينىڭ ئىچىدە 99 نىڭ كۈنلەرنى بىكارچىلىق بىلەن دەم ئېلىپ ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلسام دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى.

دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا مەن جاۋ يۈەنجاڭ بىلەن بىر نەچچە نۆۋەت خەت ئېلىشتىم، بىر نەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئارىمىزدا سەمىمىي دوستلۇق ئورناپ قالدى. مەن ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئاتىدىم، ئۇ مېنى زېرىكىشكە چىداپ، ئۆز ھاياتىمنى باللارغا بېغىشلاشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ۋە تەرجىملىرىنى ماڭا ئەۋەتىپ تۇردى، مەنمۇ توختىماي ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ تۇردۇم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا مەن زېرىكىش ئەمەس، بىر مەھەل داڭق چىقارغانىدىم. كۆمۈر كانىدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس ئىدىم. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە شەھىرىمىزدىكى مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ قالدىم.

1983-يىلى پروفېسسور جاۋ خېڭگەنگە خەت يېزىپ، ماقالىلىرىمنى ئەۋەتسەم جاۋاب خەت كەلمىدى، 1984-يىلى يېڭى يىلدا ۋە چاغاندا تەبرىك خېتى يازساممۇ جاۋاب كەلمىدى. كېيىن خەۋەرلەردىن شۇنى بىلدىمكى، جاۋ يۈەنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ، شۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئاپتۇ. ئۇ ياق 1984-يىلى كۈزدە ماڭا ئالدىن ئۇقتۇرمايلا بىزنىڭ شەھەرگە يىغىنغا كەپتۇ. مەن خەۋەر تاپقان ھامان مېھمانخانىغا ئىزدەپ بېرىپ "ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم، ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان بۇ كاتتا پروفېسسورنى ھەر

هالدا ئۆيۈمگە — ئۈچ ئېغىز ياتاق، بىر دالانلىق ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىپ بىر ۋاقلىق تاماق بىلەن مېھمان قىلىۋالدىم. پاراڭ ئارىسىدا شۇنى بايقىدىمكى، ئۇياق بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسىتى ئىما-ئىشارە بىلەن بىر مۇنچە تەنقىد قىلدى، ئۇ يامغۇردىن كېيىنكى موگۇدەك باش كۆتۈرگەن بىر مۇنچە پاشلارنىڭ يامغۇردىن كېيىن كوركىرىغان پاقىلاردەك ھەممىلا يەردە كوركىراپ يۈرگەنلىكىنى ياقتۇرمايدىكەن. ئۇ ماڭا ناھايىتى سىلىق يول بىلەن مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئەھۋالىڭىز ئۆزگەردى، سىز ياش ھەم بىڭسىڭىز بار، قولىڭىزدىن ئىشمۇ كېلىدۇ، سەھەر قۇياشىدەك ناھايىتى تېز ئۆرلەۋاتىسىز. ئىستىقبالىڭىزنى چەكسىز دېيىشكە بولىدۇ...

— سىز مەڭگۈگە مەن ھۆرمەتلەيدىغان پېشقەدەم...، — دېدىم مەن ئالاقزادىلىك ۋە خىجىللىق بىلەن ئۆزۈمنى قويۇشقا يەر تاپالماي.

— خەقنىڭ قارىسىغىمۇ كۆز يەتكۈزەلمەيۋاتسام، نەرىم پېشقەدەم بولسۇن! ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقانلا گەپ، ياشقىلارغا مېيىتلىك بولۇپ بېرەي دېسەممۇ ياراتماسمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن!

يۈرىكىم قارت قىلىپ چېكەمدىن تەر چىقىپ كەتتى، ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىمنى سەزدىم. گۇناھىمنى تىلەپ، تەلىم ئالاي دەپ تۇرسام، ئۇ كىشى بىردىنلا يۇمشاپ، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ساھەسىدىكى ئاشىق-مەشۇقلارغا دائىر يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلىگىلى تۇردى.

مەن ئوقۇتقۇچى لى بىلەن چېنىغمۇ نەچچە پارچە خەت يازسام تۈزۈك جاۋاب كەلمىگەنىدى.

بىر-بىرىنى ئۇنتۇپ قالغان دەريانىڭ بېلىقلىرىغا ئوخشاپ قالغان ئوخشايمىز، — دېگەنلەرنى ئويلىدىم مەن، — ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ياخشى بولۇپ قالدى، ھەممە يىلەن ئۆز كەسپىمىز، ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولۇپ كەتتۇق. 78-، 79-يىللىرى ئاپەتتىن ئامان قالغانلىقىمىزنى

تەبرىكلەشكەن چاغدىكى روھىي ھالىتىمىز ئۆزگەردى. بۇنىڭ ئۆزى خۇشاللىنارلىق ئەمەسمۇ؟ گېزىتلەرمۇ ۋەزىيەت كىشىنى خۇشال قىلماقتا، يوكسىلىش كىشىنى خۇشال قىلماقتا، نەتىجىلەر كىشىنى خۇشال قىلماقتا دەپ ئېيتىشقا خۇشتار بولۇۋاتامدۇ؟

بىراق قۇرۇق كاتاكتا قالغان ياكى قۇرۇق كاتاكتىن ئەمدىلا قۇتۇلغان، ئۆز ۋاقتىدا سۇدا بىللە يايرايدىغان بېلىقلارنىڭ بىر-بىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىر دەريانىڭ بېلىقلىرى بىر-بىرىنى ئۇنتالمايدۇ. بىر دەريادا تۇرغان بۇ بېلىقلار كۆپ دېگەندە «بىر-بىرى بىلەن خەت ئېلىشمىغان» ياكى «بىر يەرگە جەم بولۇشمىغان» خالاس. بىر-بىرىنى ئەسلەش، بىر-بىرىنى سېغىنىش، بىر-بىرىدىن مىننەتدار بولۇش، بىر-بىرىگە بەخت تىلەش، بىراق كەمدىن كەم خەۋەرلىشىش، بىپايان كەڭلىك ۋە باش ئايغى يوق خىياللارغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇش دەل بېلىق ھاياتىدىكى گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟

كېيىنچە ئۆزۈلمەي خەۋەر كېلىشكە باشلىدى. پروفېسسور جاۋ خېڭئەن مەندىن نازارى بولۇپ، بىر نەچچە قېتىملىق سۆزىدە مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي ھەتتا ئاتاپ تەنقىد قىلغان ئىمىش، ھەتتا مۇنداق ئادەملەرگە زادى قايىل ئەمەسلىكىنى ئېيتقان ئىمىش. مەن بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىدىم. ماڭا مۇنداق خەۋەرلەرنى يەتكۈزگەن دەيدەيچىلەرنى ياقتۇرمىدىم. بىراق بالىلار ناخشىسى ئىشلەيدىغان كومپوزىتور كېيىن يېتىلگەن بىر مۇنەۋۋەر ياش ئۆزىگە پروفېسسور جاۋ خېڭئەن يازغان بىر پارچە خەتنى ماڭا بەردى:

«... بالىلار ئۈچۈن ھارماي-تالماي خىزمەت قىلغۇچى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيمەن ۋە يولداش دەپ بىلىمەن. ئەمما يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار بالىلار ناخشىسى ئىشلەشكە تايىنىپ باش كۆتۈرگەن، بالىلارنى دەستەك قىلىپ ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىغا كۆز بوياپ كىرىۋالغان، ئۇلار ئىشىكتىن كىرىۋالغىچە

www.uyghurkitap.com

بالىلارنى ۋاستە قىلىپ، ئىشىكتىن كىرىۋالغاندىن كېيىنلا بالىلارنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى، بېشىغا كېيگەن يالغان تاجىسىنى قانداقتۇر ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۆزىكا تەنقىدچىسى، سەنئەت پەيلاسوپى دېگەن نېمىلەر بىلەن ئەتەي پەردازلىدى ھەمدە پەسكەشلىك بىلەن يۇقىرى ئورۇننى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش مەقسىتىگە يەتتى، مەن مۇنداق ئادەمگە زادى قايىل ئەمەس! مەن ئۆزۈمنىڭ كۆزى كورلۇق قىلغانلىقىمغا ئۆكۈنىمەن، ئۇنىڭغا ياردەم قولۇمنى سۇنۇپ نېمە قىلاتتىم! »

بۇزۇم پوكاندەك قىزىرىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. بۇ مېنى دەۋاتقانمىكىنە؟ مەن قاچانلاردا مۇنداق ئەسكىگە ئايلىنىپ قالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ مۇنداق يامان گەپلەر بىلەن زىتقا سانجىشقا، ماڭا ئەڭ كونا، ئەڭ چىرىك، ئەڭ ئېپلاس سۆزلەر بىلەن بوھتان چاپلاشقا نېمە ئاساسى بار، مەن ئۇياقنىڭ ھىممەت-شەپقىتىگە ئېسىل ھېسسىياتىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇياقنى سېغىنىپ، مەدھىيىلەپ كېلىۋاتقان ئىدىمغۇ! ئۇياقنىڭ سالاپەتلىك پېشقەدەم تۇرۇپ قايىل ئەمەسمەن دېگىنى نېمىسى؟ مەن ئۇياققا پۈتۈنلەي قايىل بولغان ئىدىمغۇ! بۇ مېنى دەۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟ جۇڭگو بويىچە بالىلار ناخشىسى ئىشلەيدىغانلار، مۆزىكا تەنقىدچىسى بولغانلار ماڭا بەش قولدەك مەلۇم، جاۋ ئاقساقالنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە چېتىلىدىغان مەندىن باشقا كىم بولسۇن؟

مەن يىغلىمىدىم. پەقەت تېخىمۇ ئېچىنىش بىلەن ئۈمىدسىزلەندىم-- دە، ھەقىقەتەن ئەقلىم گاللىۋاڭلىشىپ، تالانتىم تۈگەپ، «كىچىك ئاق توشقان»، «كىچىك قارلىغاچ» دېگەنگە ئوخشاش بىرەر ناخشىنى ئىككىنچى يازالماس بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلدىم.

بۇنىڭدا سەل ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىغا ئىشەندىم. جاۋ ئاقساقال پاك، لىللا ئادەم ئىدى، «سەۋەبسىز مۇھەببەت بولمايدۇ، سەۋەبسىز نەپرەتمۇ بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۆزۈمگە تەلەپچان بولۇشۇم كېرەك، بىر قانچە يىلدىن بېرى شەرت-شارائىتىم ئۇگۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرەڭلەپ خۇدۇمنى بىلمەي قالدىممۇ يا؟ گەپ سۆز قىلغاندا قائىدىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن يەرلىرىم بارمۇيا؟ ئوتتۇرىغا چىققاندا مەغرۇرلىنىپ كەتكەن يەرلىرىم بارمۇ يا؟ كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا چوڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدۇممۇ يا؟ ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىشتا سەممىي بولمىغان يېرىم بارمۇ يا؟ «سەنئەت» ۋە «ماھارەت» نى كۆزلەپ يولدىن چىقىپ كەتكەن يېرىم بارمۇ يا؟ كۈلكە-چاقچاقلاردا ئاشۇرۇۋېتىپ، ئويناشقاندەك ئىش قىلغان يېرىم بارمۇ يا؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا، نام-مەنپەئەت، تىرىكچىلىك، يېتىپ-قوپۇش، ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن، ئەر-ئايال، بېرىش-كېلىش قىلىش... دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان، ئۆزۈمنى قاتتىق تىزگىنلىيەلمىگەن، بىپەرۋالىق قىلغان يەرلىرىم بارمىكىن دەپ ئۆزۈمنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ھەقىقەتەن بوگۈن قىلۋاتقانلىرىم توغرا، بۇرۇن قىلغانلىرىم ناتوغرا، باشقىلارنىڭ قىلغىنى توغرا، ئۆزۈمنىڭ قىلغىنى ناتوغرا بولغاندەك بىلىنىپ، بىر مۇنچە مەسىلە تاپتىم، ساۋاققا ئىگە بولدۇم. ئۆزۈمگە بەدىنىمنىڭ ساق يېرى قالماي جاراھەت يېتىپ كەتكەندەك بىلىنىپ، گەجگەمدىن تەر شورقىراپ، تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولدۇم ۋە ئۆزۈمنىڭ ياشاپ تۇرالىغانلىقىمغا قانداق شۈكرى ئېيتىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

شۇڭلاشقىمۇ، ھۆرمەتلىك جاۋ ئاقساقال شۇ قەدەر غەزەپلەنگۈدەك، شۇ قەدەر يامان تىللارنى ئىشلەتكۈدەك زادى نېمە قىلغانلىقىمنى بەرىبىر چۈشىنىپ يېتەلمىدىم.

ئۇلاردىن بىۋاستە ۋاستە ياكى ئارقىلىق مەسلىھەت ۋە

www.uyghurkitap.com

يولىيورۇق ئالاي دەپ خەت يازماقچى بولدۇم. بىراق ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولۇپ قالماي، سورىغانلىرىم تولۇمدىن توقماق چىققاندەك بىلىنىپ، ئەدەبسىزلىك بولۇپ قالسا، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆگىنەلمەي قالماي، ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ، خەقنىڭ ئىشىكىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ بىرىپ جەڭگە چاقىرغاندەك بولۇپ قالماي، كەينىمدە ئاندا-ساندا تارقىلىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەر يۈز تۇرانە ئىختىلاپقا ئايلىنىپ ئورنىغا كەلتۈرۈپ بولمايدىغان كۆڭۈلسىزلىككە ئايلانمىسۇن دېگەنلەرنى ئويلاپ، يازغۇدەك تۈزۈك گەپ تاپالمىغاچقا يازمايلا قويدۇم. بۇ خەتنى يازماق «دېيىۋسىسى توغرىسىدا» ياكى «كۆسەن قەدىمكى نەغمىلىرىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىشتىنمۇ تەس بىلىندى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئاشۇ قەدىمىي شەھەرگە ئۈچىنچى قېتىم بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. پويىزدىن چۈشۈپلا يەنە گۆشنان يەي دەپ يارسام، نەدىكىنى گۆشنان دۇكىنى باشقىدىن ياسىلىپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئېسىل سەيلىرىنى، مەززىلىك نازۇ نېمەتلىرىنى ساتىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھەشەمەتلىك ساياھەت ئاپتوموبىللىرى ۋە پىكاپلار تۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن بۇرۇن مەست بولغىنىچە ئىچىشكەن يەردىكى ئاۋات كوچا ئېغىزىغا كەلدىم، ئۇ يەردە بانكا بىناسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرلەشمە ئىشخانا بىناسى، ئونئۇبىرسال ئىشلەيدىغان چوڭ زال ۋە شياڭگاڭ سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرۇلغان، ئىشىكى ئالدىدا ئارام-ئارام فونتانلار ئېتىلىپ تۇرغان «ئېسىلزادىلەر كاتتا مەيخانىسى» قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قەدىمىي كونا شەھەر يېپيېڭى قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ، مەن بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى قىياپىتىگە قاراپ ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، چەكسىز خۇرسەندىم.

قەلبىمنى ھەممىدىن بەك ھاياجانغا سالىدىغىنى جاۋ يۈەنجاڭ ۋە ئوقۇتقۇچى لى، چېنلار بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. مەن كۆپكۆندۈزدە

بارماقچى بولدۇم، ئارىمىزدىكى دوستلۇقنىڭ، ئورتاق تەقدىر ھاسىل قىلغان ئورتاق تىلنىڭ ئاندا-ساندا يۈز بەرگەن ئارازلىقنى يۈز كۆرۈشىمىز بىلەنلا پۈتۈنلەي غايىب قىلىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا باردىم... ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى تونۇيالماي قالدىم. بۇ قەدىمىي شەھەردە يۈز بەرگەن شۇ قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن ۋە ھەممە ئۆزگىرىشلەرنى ئاللىقاچان كۈتكۈلۈمگە يۈكۈپ قويغان بولسامۇ، لېكىن بەرىبىر ھەيران قالماي تۇرالمىدىم،

كىچىك قورۇلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ تۇرىدىغان كونا ھويلا كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدا گويا قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىلغاندەك ئىككى كورپۇس قەۋەتلىك بىنا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئاۋۋال مۇئاۋىن مۇدىر جاۋ خېڭئەنىڭ ئۆيىنى تاپتىم. تۆت ئېغىز، بىر دالانلىق ئىككى يۈرۈش ئۆي تامامەن يېڭىچە ئىدى. ئۆيگە بېغىررەڭ تىۋىت رەختتە تاشلانغان جۇپلىمە سافا، روياڵ قويۇلغان. تاملارغا چەت ئەلنىڭ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ئېسىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پادىچى قىزنىڭ قاپارتما نەقىش ھەيكىلى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك، جىن تەلەتلىك ھەيكەللەرمۇ تۇراتتى، نەپىس بۇيۇملار ئىشكاپىدا خان جەمەتى ياساۋۇللىرىنىڭ ئويۇنچۇق ھەيكەللىرى تىزىقلىق تۇراتتى، مېھمانلار ئىشكاپنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن قارىسىلا خان جەمەتى ياساۋۇللىرىنى كۆرەلەيتتى، چىنە-چەينەكلەر چەت ئەلنىڭ ئىككى قەۋەت گۈل ئويۇلغان فارفورىدىن ئىشلەنگەن ئىدى. ئىچىدىغان چاي شىخۇ كۆلىنىڭ 50 گرامىنى 8 — 9 يۈەنگە ئاران سېتىۋېلىشقا بولىدىغان ھەقىقىي لۇڭجىڭ چېيى ئىدى.

— بىرازىلىيە قەھۋەسىنى ئىچىسىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى جاۋ ئاقساقال يېقىملىق كۈلكە چىراي بىلەن، — يا بولمىسا ھاراق ئىچەمسىز؟ ماۋتەي قۇيايمۇ ياكى كونياكمۇ؟

جاۋ ئاقساقال ناھايىتى پاراڭ خۇمار ئادەم ئىدى، قەدىمكى،

هازىرقى، جۇڭگودىكى، چەت ئەللەردىكى سەنئەت، كىشىلىك تۇرمۇشى، ئادىمىيلىك، ئىشچانلىق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز قارىشى بار ئىدى. بىز كۆرۈشۈپلا بۇرۇنقى قەدىناس، سەممىي دوستلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇ قىزغىن، نازاكەتلىك، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئەركىن ئازادە سۆزلەپ، ھەم ئىززەت ھۆرمىتى ۋە سالاپىتىنى تولۇق ساقلاپ قالدى، ھەم مېھمان بولۇپ كەلگەن ماڭا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلدۈردى. سەنئەت پەلسەپىسى، باللار ناخشىسى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، مەنىسىز گەپلەرنى قىلىپ كەلگىنىم بىكار كەتمىسۇن دەپ گەپنى ئەتەي شۇ تەرەپكە بۇرىدىم. ئۇياق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئىجادىيەتكە زورىقىشقا بولمايدۇ! — دېدى ئۇ، — ھازىر يازمىغان بولسىڭىز، كېيىن يازسىڭىز بولىدۇ، يازالمىغان بولسىڭىز، ئالدىرماي يازسىڭىز بولىدۇ! خىزمەتنى ئىشلەيدىغانغا بەرىبىر ئادەم كېرەك، نەزەرىيە بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ ئادەم كېرەك! پەلسەپەنىمۇ تەتبىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. قىلغان سۆزىڭىز ھەق بولسا ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ! سۆڭەكنى شىلىغاندەك، تاشنى يونىغاندەك سىرقىنىپ ئىزدىنىش، ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىش روناق تاپقانلىقنىڭ ئىپادىسى!

ناھايىتى روشەنكى ھېلىقى خەتنى ھەرگىز ئۇياق يازغاندەك قىلمايتتى، يا بولمىسا ئۇ خەتنى يازغان تەقدىردىمۇ ماڭا قاراتقاندەك قىلمايتتى، يا بولمىسا بىرەر گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ دەماللىققا ئاشۇ خەتنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك ئىدى. مەن ئۆزۈم قارىسىغا گۇمان قىلىپ قارا قورساقلىق قىلغان ئوخشايمەن دەپ خىجىل بولۇپ قالدىم.

مەن ئۇياقتىن ئوقۇتقۇچى چىن بىلەن لىنى سۈرۈشتۈردۈم ھەمدە ئۇلاردىن جاۋاب خەت كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتىم. جاۋ ئاقساقال مەندىن ئۇلارغا خەتنى قانداق يازغانلىقىمنى سورىدى. مەن ھەر نۆۋەت ئىككىسىگە قارىتىپ بىر پارچىلا خەت يازغانلىقىمنى، بەزىدە

چىن ئارقىلىق ئىگە تېگىدۇ دەپ، بەزىدە لى ئارقىلىق چىنغا تېگىدۇ دەپ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيتتىم. جاۋ ئاقساقال قولىنى پۇلاڭشىتىپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكە دەستىدىن ئىچىۋاتقان كانىيەك گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ، قاتتىق قېقىلىپ كەتتى، مەن ئۇياقنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ، ئالدىغا تۈكۈرۈك قاچىسىنى ئەكىلىپ بەردىم. ئۇ خېلىغىچە ھاسىراپ، ماڭا چۈشەندۈردى:

— ئۇنداقمۇ خەت يازامدىغان؟ ئۇنداق يازغان خەت ماركا ئىقتىساد قىلىشقا پايدىلىق بولغىنى بىلەن كۆڭۈلدىكى سەممىيلىكنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۆزىڭىزنى زادى كىمگە سەممىيلىك كۆرسەتتىم دېيەلەيسىز؟ — ئۇ ياق گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن سۆزىنى ئىزھارلىدى، — نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ئىككى ئوقۇتقۇچى ئارىسىدا بىرمۇنچە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ئۆچەكەشكەندەك 1982-يىلى مائاش ئۆستۈرۈش بولغاندا ئوقۇتقۇچى لىنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلۈپ، چىننىڭ ئۆستۈرۈلمىدى. 1984-يىلى ئۇنۋان باھالىغاندا، ئوقۇتقۇچى چىننىڭ ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلۈپ، لىنىڭ ئۆستۈرۈلمىدى... تۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر ئارىدا گەپ توشۇپ، ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى... ئىلاجىسىز ھەر ئىككىسىنى ئىشتىن چېكىندۈردۇق. ئەسلىدە مەن ئىككىسىدىن قايسىسىلا بولسا مېنىڭ ئورنۇمغا يۆلەنچۈك بولسۇن دەپ قايتا قايتا تەۋسىيە قىلغانىدىم، نەتىجىدە ھەر ئىككىسى زىيان تارتتى... ئىككىسىنىڭ ھازىرمۇ مۇناسىۋىتى جايىدا ئەمەس.

— مەن ئۇلارنى يوقلاپ قوياي دەۋاتىمەن، دېدىم مەن سەل ھاياجانلىنىپ، گويا ئانچە مۇنچە جاۋابكارلىقىم ۋە ئەنسەنچىم بار دېگەندەك.

— بولدى قويۇڭ، بەك تەڭلىكتە قالىسىز، دېدى جاۋ ئاقساقال، ئاۋۋال ئوقۇتقۇچى چىننى يوقلاپ، ئاندىن لىنى يوقلايدىغان بولسىڭىز، لى سىزنى ئىشىكتىن تۈۋىدىن قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئاۋۋال لىنى يوقلاپ ئاندىن چىننى يوقلايدىغان بولسىڭىز، چىنمۇ سىزنى قارشى ئالمايدۇ،

ئەگەر سىز ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئۇيدۇرماي يوقلايدىغان بولسىڭىز، ئېھتىمال رەنجىتىپ قويىسىز... مانا مەنمۇ ئۇلارنى يوقلىمىغىلى ئۇزاق بولدى. ھەر يىلى چاغاندا تېلېفوندا تەبرىكلەپ قويىمەن، ئۇلار ئاۋۋال كىمگە تېلېفون بەرگەنلىكىمنى بايقىيالمىغان بولسا كېرەك. سىز بىرىنچى شياۋجۈنى، يەنى بالدۇر جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيدە ئولتۇرغان ھېلىقى يىگىتنى يوقلاپ قويۇڭ، ئۇ ھازىر يۈەنجاڭ بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

شياۋجۈنىڭ مۇنداق تېز ئارىدىلا يۈەنجاڭ بولۇپ قېلىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم، ئويلاپ باقسام ئۆز ئەھۋالىمنىمۇ «خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان» ئەمەسمىدىم؟

مەن نېمىلا بولسا مەيلى دەپ ئوقۇتقۇچى لى بىلەن چېنىنى يوقلاشقا باردىم. ئىراق ھەر ئىككىسى ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى، مېنىڭ ئالدىمغا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرى چىقتى، ئۇلار ماڭا زادى ئۆيگە يېقىن يولاتمايدىغان نەزەر بىلەن قارىغانىدى، بەلكى ئۇزا ئارتتىم، مەن ئەنە شۇنداق نازارەت ئاستىدا تۇرۇپ، ھەر ئىككى ئوقۇتقۇچىغا كىچىككىنە خەت يېزىپ تاشلاپ قويدۇم.

شياۋجۈنى يوقلاپ بېرىۋىدىم، بەئەينى قەدىناسلاردەك كۆرۈشۈپ كەتتۇق، ئۇنىڭ چىرايىدىن چىچەنلىك ھەم مۇرادىغا يەتكەنلەرگە خاس ھاكاۋۇرلۇق بىلىنىپ تۇراتتى. سۆز ئارىسىدا بايقىسام ئۇ جاۋ، چېن، لىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىكەن، دەرۋەقە، توشقان ئۆز ئۇۋىسى يېنىدىكى ئوتنى چىشلىمەس دېگەندەك، ئۇ ئۇلارنىڭ قانداقتۇر يامان گېپىنى قىلمىدى، پەقەت ئارىلاپ-ئارىلاپ پالانى «قېرىپ قالدى» پوكۇننىڭ پالانى ئۇقتىشنە زەرى، پالانى تەلىماتنىڭ «ۋاقتى ئۆتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. مەنمۇ بىردىنلا تۇيغۇنلىشىپ، بۇياقنىڭ كۆڭلىدە مەنمۇ قېرىپ قالغان ۋە ۋاقتى ئۆتكەنلەردىن ئىكەنمەن...؟ غىزەم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن باش كۆتۈرۈشۈممۇ تېز، قېرىشىممۇ تېز بولدى، ئىلگىرى مەھرۇم بولغان ھەممە ۋاقتىمنىڭ ئورنىنى

تولدۇرغاندەك تىرمىشىپ، تۇرمۇشۇم بارغانچە قولاي، ئەپچىل بولۇپ قالدى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

گەپلىشىۋېتىپ خىيالىم سەل چېچىلىپ كەتتى، شياۋجۇ ماڭا شۆيۈەن ژۇرنىلىنىڭ ئۈچ يىللىق توپلىمىنى تەقدىم قىلدى، بۇ مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇشتىن بىشارەت ئىدى. توپلام قېلىن قىلىپ ناھايىتى پۇختا تۈپلىنىپتۇ، قولۇمغا ئالسام خېلىلا ئېغىر بىلىندى. مەن خوشلاشتىم.

— كېيىن يەنە كېلىڭ، جەزمەن كېلىڭ، كېيىنكى نۆۋەتتە كەلگىنىڭىزدە «ئېسىلزادىلەر مەيخانىسى»غا بېرىپ پاقلان كاۋىپى يەيمىز، — دېدى شياۋجۇ، ياق، جۇ يۈەنجاڭ مەردانە كۈلۈپ.

مەن قايتىپ چىقىپ 10 نەچچە مېتىر يەرگىچە بارغاندىن كېيىن كەينىمگە قارىدىم. 11 قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى، توققۇز قەۋەتلىك ياتاق بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇلار مۇشۇ جايدىكى تازا ئېگىز بىنالار ئىدى. ئىككى بىنا ماڭا ھەم شۇنچە تونۇش، ھەم شۇنچە يات تۇيۇلدى، بۇلارنىڭ ھويلا ئىچىدە ھويلىسى بار قورۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بىنالار ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيتتى. ياش ھەم قابىل يۈەنجاڭنىڭ ماڭا ئېيتىشىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى بىنانىڭ سېلىنىشى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىكەن، ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەنلا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ، ھەممەيلەننى خوشال قىلىۋېتىپتۇ. بولۇپمۇ ياتاق بىناسى سېلىنىپ، شۆيۈەندىكى پېشقەدەم پروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى ئالتە ئېغىزلىقتىن سەككىز ئېغىزلىقىچە ئۆيدە تۇرىدىغان بوپتۇ، دوتسېنتلار تۆت ئېغىزلىقتىن ئالتە ئېغىزغىچە، لېكتورلار ئۈچ ئېغىزلىقتىن تۆت ئېغىزلىقىچە ئۆيدە تۇرىدىغان بوپتۇ. ئاسىستېنتلار ۋە مەمۇرىيەتتە «بۆلۈم باشلىقىدىن تۆۋەن» خادىملارمۇ كەم دېگەندە ئىككى ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئايرىم ئۆيدە تۇرىدىغان بوپتۇ. مۇنداق روشەن نەتىجىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم.

— بۇرۇنقى قورۇيۇگلار كۆپ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى-دە، دېدىم مەن سەل ئەپسۇسلىنىپ.

— ئۇ قورۇ بىلەن مۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى

قانداقمۇ ھەل قىلىشقا بولسۇن؟ جاۋ ئاقسال بۇرۇن ئاران ئۈچ ئېغىز ئۆيدە تۇراتتى، ھەممىسىنى قوشقاندا ئاران 40 كۋادرات مېتىر كېلەتتى! مانا ھازىر ئۇياق ئولتۇزغان ئۆينىڭ پايدىلىنىش كۆلىمى 140 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدۇ! — دېدى جۇ يۈەنجاڭ دەلىل كەلتۈرۈپ.

بۇ ئىككى بىنا ئاساسەن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئۆلچەم بويىچە سېلىنغان، ئادەم قايىل قالغۇدەك دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرۇپ ياسالغان، قىزىل خىش، سېمونت تاختا، تەييار قۇرۇلما ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن، ئۇزۇنچاق تۆت چاسا دېرىزىلىرى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. دېرىزە پەردىلىرىلا خىلمۇخىل ئىكەن، تېلېۋىزور ئانتېنىلىرى قىسمى — قىسمى بولۇپ، تۈرلۈك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، كىشىلەر كۆڭلى توق، غېمى يوق، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز سۈرئەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنچە كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، مايدا قورۇلغان چوڭ راكىنىڭ پۇراقلىق ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يەنە غەربىي گېرمانىيىلىك ناخشا چولپىنى نىنانىڭ «99 ھاۋا شارى» دېگەن ناخشىسى بىلەن بېرلىئوزنىڭ «فانتازىيىلىك سىمفونىيىسى» بىردە تۆرلەپ، بىردە پەسلەپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇزىكا شۆيۈەنىدىكى ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەردىن كىمنىڭ ئۆيىدە شارپ ۋە پىلىپ ماركىلىق تېلېۋىزور يوق دېيەلەيسىز؟ يەنە تېخى روياڭ، ئېلېكترونلۇق مۇزىكا ۋە دۇخوۋوي چالغۇ ئەسۋابلىرى مەشىق قىلىپ چېلىنىۋاتاتتى. قولتۇقۇمغا قىستۇرۇۋالغان شۆيۈەن ژۇرنىلى تويلىمى ماڭغانسېرى ئېغىر تويۇلۇپ كەتتى. تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقلىقىنى بىلەلمىدىم، ھەر ھالدا چۆيۈن مەش ئىشلەتمەيدىغان، چۆگۈندە سۇ قايناتمايدىغان بولغاندۇ. دەرۋەقە، بامبۇكلارمۇ، چىلانلارمۇ، قېرى مۇشۇك ۋە خورازمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولغاندۇ. قارىساق قارمۇ كۆرۈنمەيدۇ — بۇ قار پەسلى ئەمەستە، قەۋەتلىك بىنادا ئولتۇرغانلار قار-يامغۇردىن

پەسلى ئەمەستە، قەۋەتلىك بىنادا ئولتۇرغانلار قار-يامغۇردىن يىراقلىشىدۇ. ئۆزۈممۇ قەۋەتلىك بىنادا تۇرۇۋاتامدىم؟ ئۇ ئايرىم بۆلۈنمىلىك بىنا دەپ ئاتىلىدۇ. ئىخ، يېقىملىق، تۇتاش ئۈچ ھويلىلىق غېرىبانە قورۇ قېنى سەن ھە!

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

ھويلا ئىچىدە ھويلا بىلمەيمەن تۆرى قايدا،
قاتار-قاتار بىنالار بولدىكى قاچان پەيدا؟
يايرىتار كۆڭۈللەرنى تۈگىمەس يېڭى كۈيلەر،
كونا دوستلۇق رىشتىسى يازسام قىلىدۇ شەيدا...

www.uyghurkitap.com

# ئوقۇتقۇچى شى چىنشىن

جاھاندا ئادەمنى ھەممىدىن بەك ئازابقا سالىدىغان ئىپىل پەزىلەت ساپ مۇھەببەت ئىكەن — مانا بۇ ئادەمگە كۆچلۈك تەسىر قىلىدىغان سۆز. بۇ بىر جۈملە سۆزنى نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئاپال تىل ئوقۇتقۇچىسى شى چىنشىن ئۇخلىغىنى بىلەن ئۇخلىمىغىنىنىڭ تايىنى يوق ھالەتتە تۇرۇپ، خۇددى جۈملە تۈزۈش مەشقى قىلغاندەك، نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرىپ يەتمەستىن تۈزگەنىدى. ئۇ ساپ مۇھەببەت ئىپىل پەزىلەت بولالامدۇ-يوق؟ دەپ دەماللىققا ئىككىلىنىپ قالغانمۇ بولدى.

«ساپ مۇھەببەت بەلكىم ئىپىل پەزىلەت بولالمىسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىراق ياش بېسىم بولىدىكەن، بولغاندىمۇ چوڭ بېسىم بولىدىكەن. ياشنىڭ مۇھىملىقى ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىلا بىلىنىدىكەن. 17 ياش ۋاقتىمدا، 19 ياش ۋاقتىمدا، ھەتتا 25 ياش ۋاقتىمدا نېمىدېگەن بىغەم بالا مىجەز ئىدىم ھە.»

ئۇ مۇشۇ دېرىزىنى ياقتۇرمايۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىنى بولسا ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى ھەمدە ئۇ ئىچى ئازادە ۋە يويۇرۇق كەلگەن يېڭى سىرنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ تۇرىدىغان بىر ئېغىزلىقلا ئۆي ئىدى. ئۆيىدىكى نەچچە-نەچچە قەغەز يەشىككە قاچىلانغان كىتابلارنى بىرىنچى قەۋەتتىن ئالتىنچى قەۋەتكە ئۇ ئۆزى مۆرىسىدە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققانىدى. ئۇ مۇشۇ ئاھالە بىناسىنىڭ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، كولكە-پاراڭلىرى ۋە دىمى سىقىلىپ ھاسىراشلىرى ئازراق ئاڭلىنىدىغان ئەڭ ئۈستۈن قەۋىتىدە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەنىدى، بىراق ئويلىمىغان يەردە، ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى تۈز يەردە يېقىندىلا ناھايىتى ئېگىز بىر تۇرخۇن پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ

تۇرخۇن قىزىل خىشتىن رەتلىك جەگگە چىقىرىپ تۈپتۈز قوپۇرۇلغان بولۇپ تۆمۈر شوتىسى بەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى... بۇ تۇرخۇن قىش كۈنلىرى زەھەرلىك ماددا ئارىلاش قويۇق ئىس تارقىتىدىغانلىقىغا قارىماي كىشىگە ئازدۇر-كۆپتۇر يىللىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ياز كۈنلىرى ئارتۇقچە تۇيۇلۇپ خۇددى ھاياتقا سانجىلغان تىكەندەك كۆزگە سەت ۋە غەلىتە كۆرۈنەتتى.

نېمە ئانچە توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرىمەن؟ ئۆزۈمنىڭمۇ خۇشال بولغان، ياپىرىغان، ئازابلانغان ۋە ئىنتىزار بولغان چاغلىرىم بولغانىغۇ؟ — ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىدا «لايىق تېپىش» تا كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولغان كەچۈرمىشلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى... ئۇ ھەر بىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياتچان، گۇمانخور ۋە سوغۇق تەلەت بولۇپ قالغانىدى. «بۇ ئادەمگە ماقۇل دەپ يۈرگىچە ئىككى يىلنىڭ، ئۈچ يىلنىڭ، بەش يىلنىڭ، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىلا ھېلىقى بىرسىگە، ھېلىقى كىشىگە، ئاشۇ ئادەمگە ماقۇل بولسام بوپتىكەندۇق» دەپ پۇشايمان قىلاتتى... بۇ نېمىدېگەن پالاكەت پۇشايمان ۋە سەۋەنلىك ھە.

شۇنداق قىلىپ تىل ئوقۇتقۇچىسى شى چىنشىن 36 ياشقا كىرىپ قالدى.

36 ياش گۇمۇشتەك تىك غادىيىپ تۇرغان تۇرخۇن ئالدىدا ناقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ياش ئىدى.

بىر قانچە ئۇماق كەپتەر ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

يېشى 36 گە كىلىپ قالغان شى چىنشىن ئۆز كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەر ئەر دوستىنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. ئۆينىڭ پولى سۇلياۋ ياتقۇزۇپ زىننەتلەنگەن، تېمىغا ياپونىيەدە ئىشلەنگەن، ھەر يېرىم سائەتتە بىر رەت يېقىملىق ئاھاڭدا جىرىڭلايدىغان ئېلېكترونلۇق كۋارتس سائەت ئېسىلغان، يېزىق ئۈستىلىگە ئاپئاق بىر قىزنىڭ ھەيكىلى قويۇلغانىدى. شى چىنشىن جەننەتتە ياشىغۇچى بۇ قىزغا بەك ھېرىسمەنىدى، بولۇپمۇ

ئۇ كارىۋىتىنى كىر قوندۇرماي ئاجايىپ پاكىز تۇتقانىدى، كارىۋات يابقۇچنى ھەر ئىككى كۈندە بىر يەڭگۈشلەپ تۇراتتى. ئۇ كارىۋىتىغا ھەر قانداق ئادەمنى ئولتۇرغۇزمايلا قالماستىن، بەلكى ھەر قانداق قوپال، پەسكەش كۆزنىڭ تىكىلىشىگىمۇ يول قويماي كېلىۋاتاتتى. بىرەرسى كېلىپ ئىشىكنى چەكسە، ئۇ ئالدى بىلەن چىمىلدىقىنىڭ چېك تارتىلغان-تارتىلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كىچىك دۇنياسىغا بىرەر يات ئەرنىڭ قەدەم بېسىشىغا يول قويۇشنى، مۇشۇ ھەممە نەرسىسى پاكىز-رەتلىك، مۇقەددەس، ئاددىي ھەم يېقىملىق پىنھان جايدا كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغان ئېگىز ھەم قوپال تۇرخۇننى چېلىقتۇرۇشنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى.

بۇ تۇرخۇن ئۇنىڭغا گويا ئىپلاس ئالۋاستىدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. بۇ تۇرخۇننىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەھدىت ئىدى.

پاۋلوت زىيارەتكە كېلىپ داغدۇغا كۆتۈرۈۋەتتى. شى چىنشىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان بىر كونا ساۋاقدىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ناخشا كېچىلىكىنىڭ بىر بېلىتىنى سېتىۋالدى. ئۇ شان-شۆھرەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى، ناخشىنىڭ، ئاۋازنىڭ، ئادەمنىڭ ۋە زالنىڭ شان-شۆھرىتى ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشەندى. ئۇ گويا شان-شۆھرەتلىك ناخشا دېڭىزىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان بوزغۇنغا ئوخشاپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تېمىۋاتقانلىقىغا تۇساتتىن كۆزى چۈشۈپ، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى.

— شى لاۋشى①، سىزمۇ كەپتىكەنسىز ھە، — دېدى ئەر ئويۇندىن تارقىغاندا ئۇنىڭغا.

---

① ئوقۇتقۇچى (ئۇستاز) شى.

شى چىنشىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

— مېنىڭ بالام سىزنىڭ سىنىپىڭىزدا ئوقۇيدۇ، مەن سىز ئاچقان ئاتا-ئانىلار مەجلىسىگە قاتناشقان، — دېدى ئەر چۈشەندۈرۈپ. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە تەمكىن ھەم سىلىق ئىدى. كىشىلىك ھاياتنىڭ غايەت زور ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىپ باقمىغان كىشىنىڭ مۇنداق ئاۋازدا سۆزلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەسىدى. بۇ ئاۋاز بىر تونۇش قۇلاققا يېقىملا ئاڭلانغاندەك قىلسا، بىر تونۇپ ناھايىتى يىراقتا ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

— سىز ناخشا ئاڭلاۋاتقاندا قارىسام يىغلاۋېتىپسىز، — دېدى شى چىنشىن تولۇمدىن توقماق چىققاندەك (ئۇ ئۆزىنىڭ تەنتەكلىك قىلغانلىقىنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيتتى، يەنە كېلىپ «كۆز يېشى قىلىۋېتىپسىز» دېيىش ئورنىغا «يىغلاۋېتىپسىز» دەپ سالغانىدى، «يىغلاش» دېگەن سۆز بالىلار ئارىسىدىلا بولىدىغان سۆز ئىدى).

چىراغلار چاراقلاپ، شان-شۆھرەتلىك ناخشا، ئالقىش ياڭراۋاتقان ۋە تەنتەنە قىزىۋاتقان پەيتتە ئاپئاق بىر كەپتەر ئۇچۇپ يۈرەتتى.

سۇنىڭى تاغدىن كۆز يېشىدەك تاراملاپ سۇ تېمىپ تۇراتتى. بالىنىڭ ئانىسى يادىمغا چۈشتى...، — دېدى ئەر كۈلۈمسىرەپ — يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ناخشىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېيتقانىدۇق. بىز تېمىدىكەن سەھەر ئېيتقان ھە! مانا بۇ پاۋلوت... ناخشىنى مۇشۇنداقمۇ چىرايلىق ئېيتىدىغان ئادەم بولىدىكەن، ناخشىنى مۇنداق ئېيتقاننى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم. بىراق ئۇ — بالىنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتتى-دە.

(ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟ راستىلا شۇنداق دېدىمۇ؟ بۇ گەپلەرنى قىلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ مەن نېمىدەپ شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم؟ ئۇ ھېچقانداق گەپ قىلمىغان بولۇپ، ناخشا ئاۋازى ۋە كۆز يېشى مەندە شۇنداق سېھرىي خىيال پەيدا قىلدىمۇ يا؟ مەندەك بىر 36 ياشلىق سەزگۈر تول ئايالدا سېھرىي خىيال پەيدا

بولمايدۇ دېيىشمۇ تەس. ئۆزۈممۇ ئاشۇنداق «خىيالكۆيلۈك» قا ياتىدىغان ھېكايىلەرنى ئوقۇپ كۆرگەن...).

ئۇ كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئەتراپىدا ناخشا ئۈستىگە ناخشا ياڭراپ چىقتى، پاۋلوتىنىڭ شان-شۆھرەتلىك ناخشا ئاۋازى ئۆچكەندىن كېيىن، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يەنە بىر تەمكىن، يۇمشاق ئاۋاز ياڭراپ شى چىنشىنىڭ يۈرەك قېتىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى.

شى چىنشىن ئەتىسى ياز كۈنى تاشلىنىپ قالغان تۇرخۇننى ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان بىر توپ كەپتەرنى كۆردى. بۇ كەپتەرلەرنىڭ تۈگۈلگەن نازۇك قىزىل پەنجىلىرى، تۈكى قارامتۇل كەلگەن قاناتلىرى ۋە ئاقۇش پوكانلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئارىدا ئىككى قانىتى قاردەك ئاپئاق، يىپسىماق قۇيرۇقى سىياھدەك قارا بىر كەپتەر بار ئىدى. كەپتەرلەر تۇرۇپ بىر-بىرىدىن يىراقلاشسا، تۇرۇپ بىر يەرگە توپلىشاتتى، تۇرۇپ تارقىلىپ قىشايغان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈلسە، تۇرۇپ كەينى-كەينىدىن پەسلەپ، تاقىر تۇرخۇن ئۈستىگە قونۇپ دەم ئالاتتى، ئۇلارنىڭ شۇ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى كۆركەم ئىدى.

كەپتەرلەرنىڭ بەزىلىرى تۇرخۇننىڭ ئەڭ ئېگىز ئۇچىغا قونغان بولسا، بەزىلىرى ئايلىنىپ كېلىپ تۆمۈر شوتىنىڭ ئەڭ ئەپلىك بالدىقىغا قوناتتى، يۇقىرىسىغا، پەس تەرىپىگە، ئالدىغا ۋە كەينىگە سايىلا كەپتەر قونغان تۇرخۇن كەپتەرنىڭ دەم ئېلىش جايىغا، كەپتەر دەرىخىگە ۋە كەپتەر مۇنارىغا ئايلىنىپ قالاتتى. كەپتەرلەر تۇرخۇن ئۈستىدە دەخلىسىز ھالەتتە ئۆز تۈكىنى چوقلاپ پىتلىنىپ، گۇ-گۇكلاپ، قانات قېقىپ ئەركىن، بىخەتەر ۋە خاتىرجەم ھەرىكەت قىلىشاتتى. ئارىدا بىر كەپتەر پۇررىدە ئۇچقاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا يەنە قايتىپ كېلىپ بايا ئۇچقان جايىغا قوندى، ئۇ ئۆز ئەركىنلىكىدىن قانداق بەھرىمەن بولۇشنى ۋە پايدىلىنىشنى بىلەلمەي قالغاندەك قىلاتتى، بۇنى كۆرۈپ شى چىنشىن پىسەڭگىدە

كۆلۈپ قويدى.

«تۇرخۇننىڭ ماڭا سەت ۋە قوپال تۇيۇلۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ كەپتەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشتىياقى ۋە ھاجىتى چۈشۈۋاتامدۇ؟»

«ھەرقانداق تار قاراشتىن خالىي بولغان ۋە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەر تۇرخۇنغا ئالاھىدە يېڭى سۈپەت بېغىشلاۋاتىدۇ.»

«ئۆزۈم يېڭى تونۇشقان مۇشۇ كىشىنى — ئوقۇغۇچىمنىڭ دادىسىنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلسام، ئۇمۇ كەپتەرنى باخشى كۆرەر بەلكىم».

شۇ ئويلاردىن كېيىن، شى چىنشىن ناھايىتى چوڭ بىسىم ئاستىدا قالغاندەك بولدى، ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇنداق زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەھدىت ۋە دەخلى-تەرۇز ئىدى. ئۇ ھەربىر ئاخشىمنى دەخلىسىز، تولىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى.

تۇرخۇن ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق سىمۋولىغا، زېمىننىڭ ئاسمان ئالدىدىكى ئىپتىخارىغا ئايلىنىپ، ئەركىن پەرۋاز قىلغۇچى كەپتەرلەرنىڭ قونىدىغان ۋە ئۇچىدىغان تايانچىسى بولۇپ بېرىۋاتاتتى، يۈگەنسىز شوخ ئۇچار قاناتلارغا دەخلى-تەرۇزسىز دەم ئېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. سۈتتەك پاك كەپتەرلەرنىڭ ياز كۈنلىرى بۇلۇتقا باش قويغان تۇرخۇنغا قونۇپ ئارام ئېلىشى نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش، توپ-توپ كەپتەرلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىدىغان تۇرخۇن بولۇپ بېرىشى نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش.

بۇ ئالەمنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ تېخىمۇ شان-شۆھرەتلىك ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ ئەر بايا نېمە دېۋىدى؟ ھە، مۇنداق شان-شۆھرەتلىك ئاخشىمنى ئۆمرۈمدە تۇنجى رەت ئاڭلىشىم دېدى... ئۇنىڭ ياش مۇنچاقلىرى ئاشۇ شان-شۆھرەتلىك «مېنىڭ قوياشىم» دېگەندىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرامدۇ؟

قونۇپ دەم ئېلىشقا يارايدىغان مۇشۇنداق ئېگىز مۇنار بولمىقى لازىم.

مۇشۇنداق پەرۋاز قىلىپ تۇرىدىغان كەپتەرلەر بولىشى لازىم.

شى چىنشىن يىغلىۋەتتى، قىزىق ياشتىن كۆز چانىقى ئوت ئالغاندەك بولدى.

بىنانىڭ پەس تەرىپىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆينىڭ كۆل رەڭ كاھىشلىق ئۆگزىسىدە ۋە ھاۋادا تۇزۇپ تۇرغان چاڭ-توزانلار ئارىسىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان كەچكى شەپەق نۇرلىرى بارا-بارا سۇسلىشىپ، پارلاق تۈسىنى يوقاتتى-يۇ، لېكىن يېقىملىق ھالىتى ساقلىنىپ قالدى. ئەتراپنى ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ پەردىسى قاپلاشقا باشلىدى.

«ئۇياق ئۇنتۇپ قالدىمىكىنا؟» — شى چىنشىن شۇ خىيال بىلەن تۇرغاندا، بىر ئاق كەپتەر تۇرخۇندىن ئويۇقسىز ئۇچۇپ چۈشۈپ، شى چىنشىننىڭ ئالتىنچى قەۋەتتىكى يېڭى ئۆيىنىڭ دېرىزە تەكچىسىگە قوندى.

ھەي كەپتەر، كەپتەر، خەت ئېلىپ كەلگەن بولساڭچۇ.

شى چىنشىن دېرىزە ئەينىكىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ تۇرغان كەپتەرگە سەپسالسا، كەپتەرمۇ دېرىزە ئەينىكىنىڭ سىرتىدىن يۈرەكئالدى بولۇۋاتقان شى چىنشىنغا سەپسالدى.

ۋاقىت ئەنە شۇ تەرىقىدە سىكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ، كۈنلەپ، يىللاپ ئۆتتۈۋەردى، ياندىكى، كۆز ئالدىدىكى بەخت ئەنە شۇنداق قولدىن كېتىپ قالدى... شى چىنشىن كەپتەر بىلەن سىنچىلاپ قارىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

شۇدەم تامدىكى ئېلېكترونلۇق كۋارتس سائەت چىرايلىق ئاھاڭدا سايراشقا باشلىدى، كىمدۇر بىرىنىڭ سائەت ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغاندەك ئىشكنى ئاستا، ۋەزمىن ۋە رىتىملىق چېكىشى ئاڭلاندى.

— ئۇ كەپتۇ-دە:

شۇنچىمۇ پارلاق
چاقنايسەن ئاپتاپ،
باشقا قوياش بار،
كۆڭلۈمدە بىراق.

شى جىنشىن ئىشىككە ئېتىلىپ بېرىپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئىشىكنى ئۆلۈغ ئاچتى... بىراق ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئىشىك ئالدىدا تۇرغىنى ياتلا بىر يىگىت ئىدى، ئۇ چېچىنى دانە-دانە بۆدۈر قىلىپ ياسىتىۋالغان، ئۇچىسىغا ئۇۋچىلارنىڭكىدەك ئاچ سېرىق كالتە يەڭ كىيىم، ئاستىغا تولىمۇ كالتە تەنھەرىكەتچى ئىشتىنى كىيىۋالغان بولۇپ، سېمىز پاقالچاقلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پۇتىغا پاتقاق يېپىشقان چىۋىخەي كىيىۋالغانىدى. قارىداپ كەتكەن ئەينەكلىرى پارقىراپ تۇراتتى، ئۇ ئاغزىنى ئاچقىنىدا ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

— شى لاۋشى، — دېدى ئۇ يالۋۇرغاندەك، — مەن، مەن كەپتىرىمنى تۇتۇشقا كېلىۋىدىم، مېنىڭ كەپتىرىم سىزنىڭ دېرىزىڭىزنىڭ تەكچىسىگە قونۇۋالدى، كە چۈرۈك...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زادى چۈشىنەلمىگەن شى جىنشىن قارىسىغىلا باش لىڭشىتىپ قويدى، ھەتتا «مەرھەمەت» دەپ قول ئىشارىسى قىلغاندەكمۇ بولدى، يىگىت ئاللىقاچان ئۆيگە كىرىپ بولغانىدى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز، — دېدى يىگىت.

شى جىنشىن بۇ گەپنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرگۈچە يىگىت چىراغنى ئۆزى بېرىپ ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇ گويا بۇ ئۆي بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك ھەرىكەت قىلدى، ئۇ تەمتىرىمەستىن دېرىزىنى ئېچىپ كەپتىرىنى تۇتۇۋالدى ۋە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن چىراغنى قايتا ياندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

يەردە يىگىتنىڭ پاسكىنا چىۋىخەيسىنىڭ ئىزى قېپقالدى، ئۇ دېرىزىنى ئوبدان تاقىمايلا چىقىپ كەتكەندى، كېچە قاراڭغۇسىدا تۇرخۇن بۆلەكچىلا تۇتۇق ۋە غەلىتە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شى جىنشىن كارىۋىتىنى تومسۇپ تۇرىدىغان چىمىلدىقنىڭ چوڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى مانا ئەمدىلا سەزدى.

بۇ ئەھۋاللار كۆپ بولسا ئىككى مىنۇتلا داۋام قىلغاندۇر، كەپتەردىنمۇ، تۇرخۇندىنمۇ، دەرېزىدىنمۇ ۋە يىگىتتىنمۇ شى جىنشىنغا

يامانلىق كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شى چىنشىنغا ئۆزى قەدىرلەيدىغان قانداقتۇ بىر نەرسىسى ئاياغ ئاستى قىلىنغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

شى چىنشىن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مۇھەببەتتە كەينى-كەينىدىن پېشكەللىكلەرگە ئۇچرىغانلىقى يادىغا چۈشكەنىدى، ئۇ ئۆزى بىلەن دىدارلاشقان ھەممە كىشىدىن نەپرەتلەندى. ئۇ يولسىز، نائادىل مۇئامىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى بىئارام بولدى.

... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇخلاپ قالدى ۋە چۈش كۆردى، چۈشىدە ئاسماننى ئاپتاپ، كەپتەر ۋە ناخشا قاپلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

# ئاۋاز ياللۇغى كېسەلى

— غەيرىي ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە

خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئاۋاز تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى مۇنداق بولىدىكەن: (1) پەۋقۇلئاددە كىچىكلىتىش. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئاۋاز ئەسۋابلىرىنى يانچۇقتا سېلىۋېلىشقا، قول سائىتىگە ۋە كۆزەينەكنىڭ پۇتىغا ئورنىتىۋېلىشقا، يالغان چىشتەك ئېغىزغا سېلىۋېلىشقا، ئۈزۈكتەك قولغا تاقىۋېلىشقا، ھەتتا گۈزەللەر قويدۇرغان خالدەك يۈز، كالپۇك ۋە ئېڭەككە يېپىشتۇرۇپ قويۇشقا بولىدىكەن. (2) ئۈنىۋېرساللىشىش. ھازىرغا قەدەر بارلىققا كەلگەن ئاۋاز ئەسۋابلىرى ئاۋازنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى تەڭشەش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازنىڭ سۈپىتىنىمۇ تەڭشىيەلەيدىغان بولىدىكەن، يەنى چاستوتا قوشۇلمىسىغا قاراپ، يېقىملىق، يۇمشاق، پەس، ھەيۋەتلىك، قاتتىق ۋە شوخ دېگەن ئالتە چوڭ تىپقا ئايرىيالايدىكەن، ھەر بىر تىپنى يەنە بىر قانچە تارماق تىپقا ۋە ئۇششاق تىپقا ئايرىيالايدىكەن، مەسىلەن، يېقىملىق دېگەن تىپنى بەنت قىلارلىق، سۆيۈندۈرەرلىك، جەلپكارلىق، مەپتۇن قىلارلىق، نازاكەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك دېگەن تارماق تىپلارغا ئايرىيالايدىكەن، ھەر بىر تارماق تىپنى ئەرلەر ئاۋازى، ئاياللار ئاۋازى، يۇقىرى ئاۋاز، ئوتتۇرا ئاۋاز، تۆۋەن ئاۋاز دېگەن قىسىملارغا ئايرىپلا قالماستىن، بەلكى خۇشاللىق، ئەسەبىيلىك، قايغۇلۇق، غەزەپلىك دېگەنگە ئوخشاش تۈسلەرگىمۇ ئايرىيالايدىكەن... (3) ئاپتوماتلىشىش. ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن تىزگىنلىنىدىكەن، ھەربىر ئېلېكترونلۇق مېڭىگە 10 مىليوندىن 50 مىليونغىچە پروگراممىنى قاچىلاپ ساقلاشقا بولىدىكەن، بۇ پروگراممىلار ئىجتىمائىي ئالاقە، نۇتۇق سۆزلەش،

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، جاڭجاللىشىش، تاشقى ئىشلار، دوكلات قىلىش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە چوڭ تىپقا ئايرىلىدىكەن، ھەربىر تىپ ب د ت دا ئىشلىتىلىدىغان خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، رۇسچە تىللاردىن تاشقىرى ئىسپانچە ۋە ياپونچە تىللاردا ئىشلەيدىكەن ھەممە ھەممە تىللار بويىچە ئەلا مەدەنىي، بىر قەدەر مەدەنىي، مەدەنىي، ئانچە مەدەنىي ئەمەس، مەدەنىي ئەمەس، ئىنتايىن قوپال دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدىكەن. مەسىلەن، جاڭجاللىشىش تۈرىنى ئالساق، بۇ پروگراممىنى ئىشقا سېلىشتا ئەسۋاب سەللا باشقۇرۇلسا، ئالتە خىل تىلدا: «سەن يولسىزلىق قىلىۋاتىسەن! سېنىڭ خاتا! بۇنداق كېتىۋەرسەڭ بەك خەتەرلىك! سەن ئەگرى يولغا كىرىپ قالدىڭ! بىزنىڭ مۇنازىرىمىز چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىگە ياتىدۇ! تەسلىم بولمىساڭ ھالاك بولىسەن...» دېگەنگە ئوخشاش جاڭجاللار ھەتتا «سەن خومپەر! سەن ئىپلاس! ئاخىرى بېشىڭنى يەيسەن! سېنىڭ ئاناڭ شەيخىنىڭ قويىدا ياتقان!...» دېگەنگە ئوخشاش تىللاشلار بىر تۈرلەپ، بىر پەسسىيپ ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش تۈرىنى ئالساق: «مەن سىزنى سۆيىمەن! سىزنى سېغىنىمەن! سىزنى ھەر كۈنى چۈشۈمدە كۆرىمەن! سىز ماڭا مېھر ئاتا قىلدىڭىز! سىز مېنىڭ ئاپتىپىم! ئەتىر گۈلۈم! سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى تارتىۋالدىڭىز! مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا مەجنۇن! مەن سىزنىڭ ئۈنىڭىزدا كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتىمەن...» دېگەنگە ئوخشاش ئاشىقانە سۆزلەر ھەتتا «مەن سىزگە 14 كاراتلىق ئالتۇن جابدۇق سوۋغا قىلىمەن! دورا يېيىشنى ئۇنتۇماڭ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تۈرلۈك تىلدا تېمبىرى، ئاھاڭى ۋە قاتتىقلىقى ھەر خىل ئاۋازدا توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

ئارتىسلار ئىشلىتىدىغان مەخسۇس ئاۋاز سىستېمىسىنىڭ باھاسى يۇقىرىراق (ھەربىرى 10 مىڭ دوللاردىن 5 مىليون دوللارغىچە) بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىدارى ئادەمنىڭكىگە ئوخشايدىغان، ئادەمنى

ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە ئادەمنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە تېخىمۇ قالتىس ۋە مۇكەممەل بولىدىكەن، ئۇ ھەر خىل ئەلنەغمە تۈرلىرى ۋە ئويۇن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى مېي لەنفاڭ، چېك يەنجيۇ، ليەن كورۇ، خۇاسىباۋ، ليۇگۇاڭنىڭ، جاڭ گۇيلەن، پاۋلوت، شالياپىن، «مۇشۈك پادىشاھ» پرېسلېي، چاپلىن، يۇھان رېنون، دېڭ لىجۇنلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۈرلۈك ئاۋازلارنى ساقلىيالايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، y دۆلەتتە z يىلغا بارغاندا، ئاۋاز ئەسۋابلىرى تەرەققىي تېپىپ «ئاۋاز ئەسۋابلىرىلا ياڭراپ تۇرىدىغان، ئادەم ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان» دەرىجىگە يېتىدىكەن. ئارتىسلار سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىپ ناخشا ۋە دېكلاماتسىيە ئېيتماقچى بولسا، سىيا-سەتچىلەر مەيداندا ۋە زالدا سىياسىي نۇتۇق سۆزلىمەكچى ۋە سىياسىي رەقىبى بىلەن ئاشكارا مۇنازىرىلەشمەكچى بولسا، مال ساتقۇچىلار يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىپ ساتماقچى بولسا، ساياھەتكە يول باشلىغۇچى بولغانلار يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارغا مەشھۇر يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرماقچى بولسا، تىجارەتچىلەر سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزمەكچى بولسا، يىگىت-قىزلار مۇھەببەت ئىزھار قىلماقچى بولسا، ئانىلار باللىرىغا پەند-نەسىھەت قىلماقچى بولسا، قىزلار قول سۇنۇپ پۇل سورىسا، سوتچىلار گۇناھكارلارنى سوراق قىلسا، ئەرلەر خوتۇنلىرىغا، بۆلۈم باشلىقى باشقارما باشلىقىغا، باشقارما باشلىقى شوپۇرغا يېلىنسا... ھەممىلا جايدىن ئۈنلۈك پاراڭلار، ناخشا ئاۋازى، كۈلكە ئاۋازى، يىغا ئاۋازى، ئۇھ تارتىش، تەنتەنە قىلىش، غەزەپلىنىش... ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، بىرلا يېرى قايسى ئاۋازنىڭ ھەققەتەن سۆزلىگۈچى ۋە ئۇنى سالغۇچىنىڭ كۆڭلىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيدىكەن. كۆڭلىدىن چىققانلىقىنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كانىيىدىن، ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەيدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە ئاۋازلارنىڭ تولىسى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئورنىتىلغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئاۋاز

ئەسۋابلىرىدىن چىقىپ تۇرىدىكەن!

نېمدېگەن دەھشەت-ھە! قىزلار ئۆزلىرىگە كىمنىڭ مۇھەببەت تەلىپى قويۇۋاتقانلىقىنى، يەنى يىگىتنىڭ ئاۋاز ئەسۋابىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىكەن. تاماشىبىلار چاۋاك چېلىش كېرەكمۇ ياكى ئەمەسلىكىنى ۋە كىم ئۈچۈن چاۋاك چېلىشنى، يىگىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن سەھنە چولپانلىرىنى ماختاش كېرەكلىكىنى ياكى يىگىچە ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاپتوماتىك، پەۋقۇلئاددە كىچىك ئاۋاز ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپ بەرگەن لايىھىلىگۈچىلەر بىلەن تېخنولوگلارنى ماختاش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيدىكەن. دىپلوماتلار كىم بىلەن مۇنازىرىلىشىش كېرەكلىكىنى، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋالاقلاپ ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، خالىغانچە جۆيلۈپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلاۋاتقان رەقىبىنىڭ بىرەر دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىكەنلىكى ياكى دىپلوماتىيە مۇنازىرىسى قاچىلانغان ئاۋاز ئەسۋابىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىكەن. ھەتتا جاڭجاللىشىش ۋاقتىدا ئۆز رەقىبىڭىزنى ھەرقاچان كۆزىنى يۇمۇپ ھاردۇق چىقىرىپ مۇداپىئە كۆرۈۋاتىدۇ دېگەن خىيال كاللىڭىزغا كەلگەن ھامان ئاۋاز ئەسۋابىنى باشقۇرىدىغان «جاڭجاللىشىش تۈپچىسى» نى سەللا بېسىپ قويسىڭىز، سىزنى ھەم جاڭجاللاشالمايدىغان، ھەم رەقىبىڭىزنى ئەسلا كەچۈرمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. بۇنداق ھالەت سىزنى ئۆز ئاۋاز ئەسۋابىڭىزنى جاڭجاللىشىش سىستېمىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدىكەن-دە، ئاخىرى جاڭجاللاشا-جاڭجاللاشا ھەر ئىككىلەننى بەزدۈرىدىكەن، ھەر ئىككىلەننى ئۆز ئەسۋابىنى غەزەپ بىلەن ئۈزۈۋېلىپ (ياكى ئويۇۋېلىپ، كوچىلاپ چىقىرىپ، يۇلۇۋېلىپ) يەرگە چۆرۈپ، ئۈستىدىن چەيلەپ: «بولدى تويدۇم! قوي جاڭجىلىڭنى! كۆتەر قاسقىنىڭنى!» دېگۈزىدىكەن.

(خاتىرجەم بولۇڭ كىتابخان، ئاۋاز ئەسۋابلىرىنى لايىھىلىگۈچى، ھۈنەر ئىشلەتكۈچى، ماتېرىيال تەييارلىغۇچى ۋە قۇراشتۇرغۇچى

تېخنىك خادىملار مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئاللىقاچان ئالدىن پەملەپ، ئاۋاز ئەسۋابلىرىنى تېپىككىمۇ، نىقداشقىمۇ، چېقىشقىمۇ، چۆرۈشكىمۇ، تاشلاشقىمۇ، چەيلەشكىمۇ چىداملىق» قىلىپ ياسىغان، ئۇ سۇدىنمۇ، ئوتتىنمۇ قورقمايدىغان، پولاتتىن مەھكەم تاۋلانغان، ھەرقانداق خەۋپ-خەتەرگە يولۇقسىمۇ ئاۋازىنى ئۆزگەرتمەيدىغان ئەسۋابلار ئىكەن).

ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى، كىشلەر باشقىلارنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەيلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقى، كىيىم-كېچەكى، تەن-تېرىسىنىمۇ زادى پەرق ئېتەلمەيدىكەن. ئاياللارنىڭ يۈزىدە ئىككى تال خال تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ قايسىسى راست خال، قايسىسى ئاۋاز ئەسۋابى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىكەن. ھەتتا چىرايىغا قاراپ رەم باقىدىغانلارمۇ غەمگە پېتىپ قالىدىكەن، ئەسلىدە رەمچىلەر ياخشى-يامانلىقنى ۋە قىسمەتنى خالغا قاراپ بىلىپ كەلگەن. مەلۇم ئايالنىڭ بېشىدا بىرەر چاچ، مەلۇم ئەرنىڭ كىيىمىدە بىرەر تۈگمە، مەلۇم ئايالنىڭ بارمىقىدا بىرەر ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالغان، مەلۇم ئەرنىڭ قەلىمىنىڭ قالپىقى باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزىراپ قالغان... بولسا، كىشلەر بۇلارنى كۆزگە ئوچۇق چېلىقمايدىغان ئاۋاز ئەسۋابىمىكىن دەپ قالىدىكەن.

قىسقىسى نەگىلا قارىسا ئاۋاز ئەسۋابى كۆرۈنىدىكەن، گويا جاھاننى ئاۋاز ئەسۋابى قاپلاپ كەتكەندەك بىلىنىدىكەن! ئاۋاز ئالىملىرى تۆۋەندىكىدەك يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەۋېتىپتۇ: ئىتنىڭ قاۋىشىنى فارتورنادا (فرانسۇز كانىيىدا) تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدىغان مۇزىكىغا ئايلاندۇرالايدىغان ئىتقا خاس ئاۋاز ئەسۋابى. مۇشۈكنىڭ مياڭلىشىنى ھاۋايىنىڭ ئېلېكترلىك گىتارىدا چېلىنىدىغان مۇزىكىغا ئايلاندۇرالايدىغان مۇشۈككە خاس ئاۋاز ئەسۋابى، پىياز قىيمىسىنىڭ قىزىق ياغقا تاشلانغاندىكى ئاۋازىنى چىيەنتاڭدىكى دېڭىز تاشقىنىدەك شاۋقۇنلۇق ئاۋازغا ۋە كەپكۈرنىڭ قازانغا تەگكەندىكى ئاۋازىنى چىن مەندە پاخماچاچ

ئەزىمەتلەر چالىدىغان رولى مۇزىكا ساداسىغا ئايلاندۇرالايدىغان ئىشخانا ئاۋاز ئەسۋابى، ئاندىن قالسا، قول يۇيىدىغان سۇخانىغا خاس ئىشلەنگەن ھور ئاۋازىنى، دولقۇنسىمان يۇقىرى ئاۋازلارنى، نەگكەش، ئارىيە، يۇقىرى سىيرىلما، سىنكوپا ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاشقا ئىمكان بېرىدىغان ئاۋاز ئەسۋابى... دېگەنگە ئوخشاش ئادەم كۆرۈپ قانمايدىغان، ئاڭلاپ ھارمايدىغان ئەسۋابلار بار ئىكەن.

Y دۆلەتتە Z يىلى ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا شېئىر مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاتاقلىق شائىر يىن جېڭشياڭ كۆڭفۇزىنى مەدھىيىلەپ. يازغان شېئىرىي تەقلىدىدە مۇنداق بىر شېئىر يېزىپتۇ:

نەقەدەر ياخشى ئاۋاز ئەسۋابى،
بولمىغان بۇرۇن ئۇنىڭ ئەجدادى.
يوق ئۇنىڭ ئەسلا غەيرىي تەگدىشى،
ئۇنەر مىغىلداپ ئەمدى ئەۋلادى.
ئاۋازدىن چاقنار ئاۋاز ساماسى،
ئالەمنى تولغەل قايلار ساداسى.
ئادەم ۋە ھايۋان تولغەپ كېتەركى،
تولغىمەس لېكىن ئاۋاز ئەسۋابى.
ئاقىل ۋە نادان تولغەپ كېتەركى،
تولغىمەس لېكىن ئاۋاز ئەسۋابى.
خاھى يوقلۇقتا، خاھى بارلىقتا،
بولغۇسى ئەلا ئاۋاز ئەسۋابى.
نەقەدەر ياخشى ئاۋاز ئەسۋابى،
نەقەدەر بەلەن ئاۋاز ئەسۋابى.

ئالىملار مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شائىر يىن جېڭشياڭنىڭ شۇ شېئىرىنى تېز ئارىدىلا ماتېماتىكىلىق پروگراممىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر

خىل ئاۋاز ئەسۋابلىرىغا قاچىلاپ كىرگۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن «نەقەدەر ياخشى ئاۋاز ئەسۋابى، نەقەدەر بەلەن ئاۋاز ئەسۋابى» دېگەن ناخشا تۈرلۈك ئەرلەر ئاۋازىدا، تۈرلۈك ئاياللار ئاۋازىدا، تۈرلۈك قېرىلار ئاۋازىدا، تۈرلۈك ياشلار ئاۋازىدا، تۈرلۈك يىغا ئاۋازىدا، تۈرلۈك كۈلكە ئاۋازىدا، تۈرلۈك ياۋروپا ئاھاڭىدا، تۈرلۈك يەرلىك ئاھاڭىدا... ياڭراپ تۇرىدىغان بولغان.

شۇنداق قىلىپ ٧ دۆلەتتە بارا-بارا يىغىندا ئاۋاز كېسەللىكى تارقىلىپ كەتكەن، بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولغانلار باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ، مۇھەببەتنىڭ يېقىملىق، شېرىن لەززىتىگىمۇ، سىياسەتچىلەر-نىڭ جۇشقۇن، مەردانە سۆزلىرىگىمۇ، دىپلوماتلارنىڭ تۈگىمەس مۇنازىرىسىگىمۇ ناخشىچىلارنىڭ ئەۋرىشىم ئاۋازىغىمۇ، شائىرلارنىڭ ھاياجانلىق دېكلاماتسىيىسىگىمۇ، دەردمەنلەرنىڭ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلىشىغىمۇ، ئامەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ خۇشچاقچاق پاراڭلىرىغىمۇ، ئايرىپىلان قىزلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگىمۇ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرگە ئېيتىلغان ملىتىق ئاۋازىغىمۇ، بوۋاقلارنىڭ ئىڭەلەپ يىغلىشىغىمۇ، جېنى ھەلقۇمىغا يەتكەن ئاغرىقلارنىڭ ئىنجىقلىشىغىمۇ... ئىشەنمەيدىغان، قىسقىسى ھېچنېمىگە، ھەتتا شامالغىمۇ، يامغۇرغىمۇ، دەرياغىمۇ، يەر تەۋرەشكىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن... كېڭشىپ دىئاگنوز قويۇش نەتىجىسىدە، مۇنداق ھەددىدىن زىيادە گۇمانخورلۇق كېسىلى خامۇشلۇق تىپىغا كىرىدىغان ھېسسىي توسالغۇلۇق روھىي كېسەلنىڭ بىر تۈرى دەپ ھېسابلىنىپتۇ. بۇنداق كېسەل بولغانلار ھەر كۈنى «گۇمانخورلۇقنى پەسەيتىش» تۈرىدىكى دورىلارنى كۆپلەپ يەپ تۇرۇشى كېرەككەن، بولمىسا ئۇلار تائامدىن قېچىپ، ھېچنېمىنى كۆڭلى تارتمايدىغان، ھەتتا ھاياتقا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، ئاسانلا ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

كېڭشىپ دىئاگنوز قويۇش جەريانىدا، تۆت نەپەر دوختۇر: بۇ ئاغرىقلار راستىن كېسەللىككە مۇپتىلا بولغانمۇ؟ ئاغرىقلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە تۇغقانلىرى بايان قىلغان كېسەل ئەھۋالى راستىنلا ئۇلارنىڭ

بۇرنىدىن ۋە ئاغزىدىن چىققانمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئاۋاز ئەسۋابى سىستېمىسى ئۇلار ئۈچۈن يالغان ئاغرىق ۋە يالغان كېسەل تارىخى پەيدا قىلىپ، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ھەق تۆلەنمىدىغان دورىلارغا ۋە يالغان رۇخسەت سوراش ئىسپاتىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ساختىلىق ئىشلەتكەنمۇ؟ دېگەن گۇماننى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ دوختۇرلار ئاغرىقلارنى تۈرلۈك لابوراتورىيە ئورۇنلىرىدا قېپىلىغاچ قىلىپ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۇسۇل، B تىپلىق ئاۋازدىن تېز دولقۇنلۇق ئاپپارات، رادىئوئاكتىپلىق ۋاستىلەر بىلەن تەكشۈرۈشكە يوللاشنى، ئاۋاز ئەسۋابى دېگەن گۇمان تۇغدۇرغۇچى كىيىم-كېچەك، زىب-زىننەت، چاچ، يالغان چىش، تىرناق، خال... لارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن يوقىتىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ ياخشى روھىي كېسەل دوختۇرلىرىنى قېپىلىغاچ ئاغرىقلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن توغرا دىئاگنوز قويۇپ دورا بىلەن داۋالاشقا بولىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلغان.

باشقا دوختۇرلار بىر-بىرىگە قارىشىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان، ئاخىرىدا داۋالاش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئاشۇ ئۆت دوختۇرىنىمۇ «يىغىندا ئاۋاز كېسەلى» گە گىرىپتار بولغانلار دەپ بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ جىگىرىنىڭ ئىشلىشىنى تەكشۈرتكەن ۋە ئۇلارغا خاموشلۇققا قارشى دورىنى كۆپلەپ يېگۈزگەن ھەمدە ئۇلارنى روھ تەھلىل قىلغۇچى مۇتەخەسسىلەرنىڭ پسىخىك تۇتۇپ داۋالىشىغا تاپشۇرغان.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باشقا بىر تېپىكى يەنە بىر ئاۋاز خۇسۇسىيەتلىك روھىي كېسەل پەيدا بولغان، بۇ كېسەلنى مۇتەخەسسىلەر كېيىنكى B تىپلىق تارقىلىۋاتقان يىغىندا ئاۋاز كېسەلى دەپ قارارلاشتۇرغان. مۇنداق كېسەللىككە مۇپتىلا بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋاز ئەسۋابى سىستېمىسىنى 24 سائەت توختىماي ئىشقا سېلىپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدىكەن-دە، ئۇنىڭدىن بىر تۈرلۈك ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازى، بىر تۈرلۈك ئاياللار تۆۋەن ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن، بىر تۈرلۈك

جۇشقۇن، مەردانە ئاھاڭدىكى قۇترىتىش نۇتقى ئاڭلانسا، تۇرۇپلا يۇمشاق ھەم سوزۇق ئاۋازدا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، ئۆزى سوئال سوراپ ئۆزى جاۋاب بېرىش، ئۆزى بىلەن ئۆزى تالاش-تارتىش قىلىش، ئۆزى يىغلاپ، ئۆزى كۈلۈش، ئۆز ئۆزىنى ماختاپ پو ئېتىش، ئۆز-ئۆزىدىن ئېچىنىپ، پۇشايمان قىلىش، ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ ھەسرەتلىنىش، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىش دېگەندەك ئوخشاش قىسمى-قىسمى، ئاجايىپ-غارايىپ، مالىماتاڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىدىكەن، ئاغرىقلارنىڭ چىرايى سارغىيىپ، ئەتلىرى ئورۇقلاپ، تەرلىرى يامراپ، چىشلىرى كىرىشىپ، قول-پۇتلىرى تارتىشىپ، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىدىكەن... ھەتتا يۈرەك ھەرىكىتى زەئىپلىشىپ، شوك بولۇپ پۈتۈنلەي ھوشىدىن كېتىدىكەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇ كېسەلنى زامانىمىزدىكى خەلقئارالىق يېڭى تىپتىكى ئەسەبىيلىككە ياتىدىغان روھىي كېسەل دەپ ھېسابلايدىكەن، مۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقى ۋە پەن-تېخنىكىدىكى يۈكسىلىشنىڭ پارلاق مۇھىم ئالامىتى دېيىدىكەن، مۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلار ئۈچۈن دوختۇرلارنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە لىتىي كاربونات تۈرىدىكى دورىلارنى كۆپلەپ يېيىش پەرز ئىكەن، كېسىلى ئېغىرلارنى ئىككى مىڭ ۋولتلىق كۈچلۈك يۇقىرى بېسىملىق توكقا چاقماق تېزلىكىدە سوقتۇرۇپ ئۆرتۈۋەتكەندىن كېيىن، شەرەپ بىلەن داۋالاش لازىم ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەنئەتكارلار ئالاھىدە تەخلىتتىكى ئاۋاز ئەسۋابلىرىنى زاكاز قىلىش، ئىشلىتىش ۋە قوغداش ئۈستىدە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىشىپتۇ. ھەممەيلەن ئالاھىدە تەخلىتتىكى ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىدىغان «قالتىس ئۇستىلىق» نى يارىتىش يولىدا قاتتىق باش قاتۇرۇپ، پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىشىپتۇ. ناخشىلىق مۇزىكا، چالغۇ، دراما، ئوپېرا، ئەلنەغمە... دېگەندەك ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاۋاز ئەسۋابىدىن پايدىلىنىدىغان بوپتۇ! ئاۋاز ئەسۋابىنىڭ ياردىمىدە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى بوم

قوڭغۇراقتەك، گۈلدۈرمامىدەك، 247 كاناي تەڭ چېلىنغاندەك چىقىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاۋاز ئەسۋابىدىن ئۆزۈلمەي ئىشەنچىلىك ھاڭرىشى ئاڭلىنىدىغان بىر «ناچىشچى» بىردىنلا ئامەت قازىنىدۇ. ئاۋاز ئەسۋابىنىڭ ياردىمىدە ھەممە دراما ئارتىسلىرى مۇھەببەت تەشنالىقىدا ئەڭ يۇمشاق ۋە تەسىرلىك ئاۋاز چىقىرالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئالاتىلىق بىر چولپان «رومىئو ۋە جۇلىيە» دراممىسدا رومىئونىڭ رولىنى ئالغاندا «جۇلىيە» نى كۆرگەن ھامان ئاۋاز ئەسۋابىنى ئىشقا سالغانلىقتىن، پىلموتنىڭ ئۇققا تۇتۇش ئاۋازى، زەمبىرەكنىڭ پارتلاش ئاۋازى، جەڭچى ئايروپىلاننىڭ شۇڭغۇغان ئاۋازى، تانكىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلانغان، ئۇ ئەنە شۇ ئۆزگىچە ئويۇن كۆرسىتىش ماھارىتى بىلەن شۇ يىللىق ئەڭ ياخشى ئەر چولپان دېگەن ئاتاقتا ئېرىشكەن، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان دراما ئىشى جانلىنىپ كەتكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، Y دۆلەتتە يىغىندا ئاۋاز كېمەيتىشنىڭ ئۈچىنچى دولقۇنى مەيدانغا كەلگەن، بۇ كېسەل زامانىۋى C تىپلىق تارقىلىۋچان ئاۋاز ياللۇغى دەپ ئاتالغان. بۇ دولقۇننىڭ ئالاھىدىلىكى ھەممە ئاۋازلارنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن قىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولغان. ئاغرىق چاي ئىچكەندە ئاپتوموبىلنى تېز تورموز قىلغان چاغدىكىدەك ئاۋاز چىقىرىشقا خۇشتار بولغان، ھاراق ئىچكەندە ئاشىق-مەشۇقلارچە نازلىنىپ-ئەركىلەپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان، قول ئېلىشقاندا ئۈزمەي چوشكۈرۈش ئاۋازىنى چىقىرىدىغان بولغان، ئۇخلىغاندا مۈشۈكنىڭ تالىشىشىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان، قەدىناس دوستلىرىنى كۆرگەندە بوران چىققاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان، ئۆزلىرى ھۆرمەتلەيدىغان چوڭلارنى كۆرگەندە ئىچى قېتىپ قالغانلار ئىنجىقلاپ چوڭ تەرەت قىلغاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان، كىچىك باللارنى ئۇچراتقاندا چوشقا بوغۇزلىغاندىكىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان، تاكاللىشىپ قالغاندا رومكا سوقۇشتۇرغاندەك ۋە بىر نەرسە چاينىغاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان، رومكا سوقۇشتۇرغاندا ۋە

غىزا يېگەندە ياغاچچى جادۇ ھەرە تارتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغان. ئاشىق-مەشۇق بولۇشنى ئۈستىگە ئالەر بۇرۇنقىدەك «سىزنى سۆيىمەن، سىز مېنىڭ جېنىم» دېيىش ئورنىغا «ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن، پىچاق يەپ ئۆلسەن!» دەيدىغان بولغان. ئىشقىۋاز قىزلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا قاتتىق مەستانە بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغان. مۇشۇ ئۈچىنچى دولقۇندىكى ئاغرىقلارنى داۋالىماقچى بولغان دوختۇرلار تاپشۇرۇق قالدۇراي دېسە زۇۋانى تۇتۇلۇپ زادى گەپ قىلالماي قالغان، ئۇلار سىتىرېلكىنىڭ ئايلىنىش يولى بويىچە ئەڭ كىچىك توپچىنى بورىغىنىدا، ئۇنىڭدىن چامباشچى ۋە مۇشتلاشچىلارنىڭ پاق-پۇق، ھۇ-ھۇ قىلغىنىدەك ئاۋازلار ئاڭلانغان، ئۇلار توپچىنى يەنە بىر بورىغىنىدا «كۆڭگە تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت تالدىن يەڭ» دەيدىغان سۆز ئورنىغا بىردىنلا «توپ كىردى...» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، پۇتبول مۇسابىقە مەيدانىدىكىدەك شاۋقۇنلۇق تەنتەنە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن، ساقچى كالتىكىنىڭ چاتاق چىقارغان ياشلار بەدىنىگە ئۇرۇلۇش ئاۋازى ۋە تاياق يېگۈچىلەرنىڭ چىرقىراش ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىغان.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پارلامېنت ئۈچ ئايغىچە مۇنازىرە قىلىپ (مۇنازىرىدە قىلىچ، مىلتىق، خەنجەر-نەيزە، ئايروپىلان، زەمبىرەك، راكېتا، مىنا، گىرانات، ئاتوم بومبىسى قاتارلىق قوراللارنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىدىغان ھەممە ئاۋاز ئەسۋابلىرى ئىشقا سېلىنىپ) ئاخىرى ئاۋاز ئەسۋابلىرىنى جامائەت سورۇنلىرىدا ئىشلىتىشنى ۋە ئاۋاز ئەسۋابلىرىنىڭ ئاۋازىنى چوڭايتىشنى چەكلەش ھەمدە ئاۋاز ئەسۋابلىرىدا ئېلېكترونلۇق مىگە ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بىر پەرمان ماقۇللىغان. بۇ پەرمان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆكتىچى پارتىيە قارشىلىق بىلدۈرۈپ 15 قېتىم ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرغان، 3 مىڭ 54 ئادەم قېتىملىق زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن. ئارىدىن يەنە بىر قانچە يىل ئۆتكەندە، ئاۋازنىڭ

سان-ساپاسىنى ئاپتوماتىك تەڭشەيدىغان ئەڭ كىچىك تىپلىق ئاۋاز ئەسۋابلىرى يوشۇرۇن ھالەتتە كۆچۈپ، ئەتكەسچىلىك، خۇسۇسىي پايدىلىنىش، قاراڭغۇ بازار قىلىش، توپلىشىپ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ھايانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. پارلامېنت يەنە بىر رەت ئۇزاق مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاۋاز ئەسۋابلىرىغا قارشى ئورگان ۋە ئاۋاز ئەسۋابلىرىغا قارشى مەخپىي ساقچى قۇرۇپتۇ، بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان چېغىدا، بىر قولىدا ئىنجىلنى سىلاپ، يەنە بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «پېقىر ئەزەلدىن ئاۋاز ئەسۋابى ئىشلىتىپ باققان ئېرىم يوق...» دەپ قەسەم بېرىدىغان بوپتۇ.

قىسقىسى «كۈرەش» تېخى ئاياغلاشماپتۇ، ھەق-ناھەقنى ئايرىش قىيىن بولۇۋېتىپتۇ، بەزىلەر Y دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بۇنىڭدىن كېيىن تۇراقلىق بولمايدۇ دەپ پەرەز قىلىۋېتىپتۇ. كىشىنى ئاز-تولا خاتىرجەم قىلىدىغان بىردىنبىر ئەھۋال شۇ بوپتۇكى، پارلامېنت ئاۋاز ئەسۋابلىرىغا قارشى تەدبىر قوللىنىشنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، غەلىتە كېسەللەر بارا-بارا ئازىيىپ، ئاۋاز ئەسۋابىدىن پايدىلىنىشقا بېرىلگەن ھەر خىل ئارتىسلار ئەستايىدىللىق بىلەن ئاۋاز مەشقى قىلىشقا باشلاپتۇ.

# ئىككى ماۋزۇلۇق ھېكايە

## كۈچ سىنىشىش

— بارمايمەن دېدىممۇ قەتئىي بارمايمەن!
بارمايمەن، بارمايمەن، قەتئىي بارمايمەن!

مەن سىزگە بىرسى ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ قويغان ئىدىمغۇ؟ ۋاقتىم يوق. كەچۈرۈڭ، ھەقىقەتەن ۋاقتىم يوق، ئىش، شۇنداق، ئىش دېگەن تاغدەك بېسىپ تۇرۇپتۇ. مەجلىس ئېچىش، ھۆججەت تەييارلاش، سۆز قىلىش، قارار قىلىپ بېكىتىش، ئىمزا قويۇپ تارقىتىش ھەممىسى ماڭا قاراشلىق. ئاندىن قالسا، ئانچە-مۇنچە كىتاب كۆرۈپ، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانمىسام بولمايدۇ، كۆزدىن كەچۈرىدىغان، سۆھبەتلىشىدىغان ئىشلار بار، شۇنداق، مەن ئۆز كەسپىمدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچەلمەيمەن. ئۆز كەسپىمنى تاشلاپ كۈن بويى ئېچىلىش مۇراسىمىغا، يېپىلىش مۇراسىمىغا، خاتىرە يىغىنلىرىغا، مۇكاپات تارقىتىش يىغىنلىرىغا، قارشى ئېلىش، ئۇزىتىش، سالام بېرىش... توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا قاتنىشىپ يۈرسەم بولمايدۇ! يەنە كېلىپ سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئونلاپ، يۈزلەپ، مىڭلاپ قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئىسلاھات، ئاممىۋى تەشكىلات دېگەن بايراق ئاستىدا قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئوڭدا يېتىپ داش قازاندىن تاماق تىلەپ يەۋاتىدۇ... ھە، تېخى جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولدى، قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان جەمئىيەتنىڭ نېمىسىنى خاتىرىلەيسىلەر، تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىمىز دەپ نېمە قىلىسىلەر! بىزدەكلەر كەچكىچە سىلەرنى قۇتلۇقلايمىز، سىلەرگە يۈز تېپىپ بېرىمىز، سىلەرگە يان تاياق بولۇپ تەخسە كۆتۈرۈشۈپ بېرىمىز دەپ يۈرسەك، ئۆز ئىشىمىزنى

قانداق قىلىمىز؟ ئاممىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭلار ئاخىرى نەگە بارىدۇ...

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن جاۋ جۈرېن خوتۇنىدىن جۇڭخۇا مەنزىرە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۈچ ئايلىق خاتىرە يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىغان ھامان قايناپ كەتتى. ئۇ يىغىنغا بارالمايدىغانلىقىنى خەت ئارقىلىق، كاتىپى ئارقىلىق، تېلېفون ئارقىلىق ۋە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ يۇمشاق ۋە قاتتىق گەپلەر بىلەن بەش، ئالتە قېتىم ئىزھار قىلغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە يىغىنغا چاقىرغۇچى ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئارىغا سالغان! جاۋ جۈرېن قورسىقىغا پاتماي كېتىۋاتقان ئاچچىقىنى ئىچىدە نەچچە ئايلاندۇرۇپ، غەزىپىنى ئاران بېسىپ، مەيۈسلۈك بىلەن:

— ۋاقتىم يوق، راستىنلا بارالمايمەن، — دېدى.

— ھەي ياخشى بولماسمىكىن، — دېدى خوتۇنى كۈلۈمسىرەپ، ئۇ ئېرىگە قارىغاندا تەربىيە كۆرگەندەك ۋە تەمكىنرەك كۆرۈنەتتى، — شياۋ لۇ نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلدى، ئۆتكەن نۆۋەت مۇشۇ ئۆيدە سىزنى بىر سائەتتىن ئارتۇق ساقلاپ ئولتۇردى، سىز ئۇياقنى كۆرۈپ تۇزۇك بىرەر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلمايلا تەكلىپنى رەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتىڭىز...

— ئۇ چاغدا مەن باشقا بىر يىغىنغا ئالدىراۋاتقان تۇرسام...

— ۋاھ، باشقا بىر يىغىنغا شۇنچە ئالدىرىغان كىشى ئۇنىڭ ماۋۇ يىغىنغا بېرىپ قارىغىنىزنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز بولمامدىكەن؟ شياۋ لۇنىڭ دېيىشىچە، سىزنى سۆز قىلدۇرمايدىكەن، يىغىن تۈگىگىچە تۇتۇۋالمايدىكەن، رەئىس مۇنبىرىگە چىقىپ ئون مىنۇت ئولتۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولىدىكەن...

— بۇ شەكىلۋازلىق بولماي نېمە؟ مەنزىرە خەققە كۆرسىتىش ئۈچۈن تىزىپ قويىدىغان نەۋرىشكە بولۇپ بېرىدىكەنمەندە!

— بۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ شياۋ

لۇ بارغۇ جىڭدا توختايدىغان گەپنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سىز بېرىپ بەرسىڭىز يىغىننىڭ مەرتىۋىسى باشقىچە بولىدىكەن، يىغىن زالىنىڭ مەركىزىي زالنى ئىجارىگە ئالالايدىكەن، مۇخبىرلار كېلىپ خەۋەر قىلىدىكەن، يىغىن ئەھۋالى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىدىكەن، يىغىن راسخوتىنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈشكە، ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدىكەن... سىزلا بارسىڭىز، جاڭ ئاقساقال، لى ئاقساقال، ليۇ شۇجى، سۇ جۇشىلارمۇ بارىدىكەن، ھەتتا جاڭ ئاقساقال ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىگە پەخرىي رەئىس بولۇپ بېرىشنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئىلمىي جەمئىيەت راسخوتىنى...

— ئۇنداقتا مەن بارسام تېخىمۇ قاملاشمايدىكەن! — دېدى جاۋ جۇربىن ئاۋازىنى ئۇزۇنلۇق قىلىپ، — ھە، جاڭ ئاقساقالنى پەخرىي رەئىس، پروفېسسور جۇنى رەئىس قىلىپ، شياۋ لۇ ئۆزى مۇئاۋىن رەئىس بولماقچى، ئاندىن بىزگە ئوخشاش باشلىقلارغا تەبرىكلەتمەكچى ئىكەندە. راستىنى ئالغاندا بۇ جەمئىيەت ھەممىيلەننى شياۋ لۇنىڭ تەخسىنى كۆتۈرگۈزمەكچىدەك قىلىدۇ...

— شۇمۇ گەپمۇ؟ شياۋ لۇمۇ كۆپچىلىككە خىزمەت قىلىدىكەنغۇ، ئۇ يازدا چىڭداۋدا، قىشتا شېنجېن ئالاھىدە رايونىدا تۇرىدىكەن، ئۇياق ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت پىلانىنى ئېلان قىلىپتۇ!

جاۋ جۇربىن خوتۇنىغا سەپسېلىپ، بۇياق قانداقلارچە پۈتۈنلەي شياۋ لۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىكەن ھە؟ دەپ ھەيران بولدى. نەچچە كۈندىن بېرى بارمىسىڭىز قاملاشمايدۇ دەپ سەممىمىي مەسلىھەت بەرگۈچىلەر بىر نەچچىگە يەتكەنىدى. ئەجەبا، جۇڭگودا مەنزىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ ئايلىق خاتىرە يىغىنىغا بارمىسام تەتۈر يول تۇتۇپ، قېلىپتىن چىقىپ ئەل-جامائەت، ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولارمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى جاۋ جۇربىن.

خوتۇنى كۆڭلىدە پىلان قۇرغاچ كەچلىك تاماق تەييارلىدى. تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ، ئوغلى تازا يوغان بىر ئىستاكان

www.uyghurkitap.com

پۇتىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن:

— دادا، سىز راستىنلا مەنزىرە ئېلمى جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا بارمايمەن دەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— ئۇنداق قىلسىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ. شياۋ لۇ بۇرۇن بىز بىلەن تام قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان، سىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان كۈنلىرىڭىزدە، ئۇنىڭ ئانىسى بىزگە تۇيدۇرماي ئىككى تال ئاسما بېلىق كىرگۈزۈپ بەرگەن... مانا ماۋۇ ئۆزىمىز ئېچىۋاتقان پۇتىنىمۇ شياۋ لۇغا دەپ ئالدۇردۇق!

— نېمە دېدىڭ؟

— نېمە-پىمىڭىزنى قويۇڭ! سىز ئەمەل تۇتۇپلا قوۋم-قېرىنداشلار-دىن يۈز ئۆرۈگەن بولسىڭىز، بىز يۈز ئۆرۈمەيمىز! جاھاندا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي...

— ماۋۇ بېلىق كونسېرۋاسىنىمۇ شياۋ لۇ ئەكىلىپ بەردى، — دېدى خوتۇنى جاۋ جۈرېن ئېتىراز بىلدۈرۈپ بولغىچە دەرھال سۆز ئېلىپ تەمكىنلىك بىلەن، — مەن ھېلىقى بىر كوروپكا تاماكىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم، سىز تولا چېكىۋەرسىڭىز، ئاسانلار راك بولۇپ قالىسىز...

تېلېفون جىرىڭلىدى، جاۋ جۈرېن ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق قوشۇمچە كۆتۈپخانا ئۆيىگە ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ئەگەر ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق شياۋ لۇدىن كەلگەن تېلېفون بولسا مەن ئالمايمەن، مېنى يوق دەڭلار، — دېدى ئۆيدىكىلەرگە.

خوتۇنى بىلەن ئوغلى بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ياندىكى ئارا تام ئۆيدىن گەپ ئوچۇق ئاڭلانمىسىمۇ لېكىن مۇلايىم، دوستانە كۈلكە ئاۋازى ۋە سۆزلىشىش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

جاۋ جۈرېن پۈتۈن بىر ئاخشاملىق ۋاقىت ئىچىدە ھۆججەت-ئالاقىلەر-نى باش كۆتۈرمەي كۆرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ۋاقىت 12 بولاي

دېگەندى، ئۇ ئەمدىلا شۇ كۈنكى گېزىتنى قولغا ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىغانىدى.

ئىشكنى ناھايىتى يېنىك چېكىش ئاۋازى ئاڭلاندى.

جاۋ جۇربىننىڭ خوتۇنى ئىشىكنى ئېچىشقا چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، شياۋ لۇنىڭ بىر ئېغىزلا گېپىم بار، بىر مىنۇت ۋاقىتىلا تۈگەيدۇ دەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

شياۋ لۇ كىرىپ جاۋ جۇربىنغا تەزىم قىلدى، ئۇ جاۋ جۇربىنغا ۋەزمىن، كەمتەر ۋە ئەدەبلىك قىياپەتتە قاتتىق تىكىلىپ، ناھايىتى ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن:

— جالۇ ئاقساقالنىڭكىدىن كېلىشىم، — دېدى ئۇ، — جالۇ ئاقساقال بىزنىڭ يىغىنىمىزغا قاتنىشىپ، جەمئىيىتىمىزگە پەخرىي رەئىس بولۇپ بېرىدىغانغا ماقۇل بولدى. ئۇياق ئۈزۈن سەپەرنى ئەسلەپ يازغان ۋە يېقىندا ئېلان قىلىنغان ماۋۇ ماقالىسىنى سىلىگە ئەۋەتتى، سىلىتى كۆرۈپ قاملاشمىغان يەرلىرى بولسا كۆرسىتىپ بەرگەي دېدى. كەچۈرسىلە، سىلىنى بىئارام قىلىپ قويدۇم...

«بۇ يىغىنغا جالۇ ئاقساقال قاتنىشامدىكىنا؟» دەپ ئويلىدى جاۋ جۇربىن. ئۆتكەن نۆۋەت جالۇ ئاقساقال ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلغان كارخانىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ لېنتا كېسىپ بەرگەندە جاۋ جۇربىن بارمىغان ئىدى. كېيىن ئىدارىسىدىكى يولداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، جالۇ ئاقساقال: «جاۋ جۇربىن قېنى، نېمىشقا كەلمىدى؟» دەپ سورىغان ئىمىش.

شياۋ لۇ كېتىپ ئەتىسى ئىدارىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى جاۋ جۇربىنغا بۇقېتىقى يىغىنغا قاتناشقىنىڭىز تۈزۈك، قاتناشمىسىڭىز، خەق سىزنى تەكەببۇر ئىكەن، جالۇ ئاقساقالدىنمۇ كىبىرلىكى چوڭكەن دەيدۇ، جالۇ ئاقساقالنىڭ ئالدىدىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسىز دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

— ئۇنداق بولسا لى ئاقساقال، ليۇ شۇجى، سۇجۇشى، خۇالۇ تىڭجالۇ، لۇجۇيجاڭلار بارامدىكەن-يوق سوراپ بېقىڭ...، — دېدى

جاڭ جۈرېن كاتىپقا.

ئارىدىن يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، كاتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— لى ئاقساقال ئەگەر جاڭ ئاقساقال بارسا مەنمۇ بارىمەن دەۋاتىدۇ. لىيۇ شۇجى جاڭ ئاقساقال بىلەن لى ئاقساقالنىڭ بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، شۇڭا چوقۇم بارىمەن دەۋاتىدۇ. سۇ جۈشى بارماسلىقىمدىن بېرىشىم ئېھتىمالغا يېقىن دەۋاتىدۇ. خۇاڭ تىڭجاڭ، لۇجۇيجاڭلار... سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قارايدىكەن، سىلى بارسىلا ئۇلارمۇ بارىدىكەن...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ يىغىن ئېچىلىدىغان كۈنى قاق سەھەردە، شياۋ لۇ تېلېفون بېرىپ:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىدىغان بولدى...، — دېگەن سۆزنىلا ئېيتىپ قويدى.

— باراي، باراي، جەزمەن باراي! — دېدى جاۋ جۈرېن ئۇلۇغ تىنىپ.

جاۋ جۈرېن يىغىن زالىغا بېرىپ، ئىززەتلىك مېھمانلار دەم ئالىدىغان ئۆيگە كىردى، ئۇ يەردە لىيۇ شۇجى، سۇ جۈشى، خۇاڭ تىڭجاڭ، لۇجۇيجاڭ...لارلا ئولتۇراتتى، جاڭ ئاقساقال بىلەن لى ئاقساقالنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. جاۋ جۈرېن شياۋ لۇنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇغىسى تازا ئۆرلىدى. «ھازىرقى بىر قىسىم ياشلارنىمۇ بىلىپ قويدۇم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — جاڭ ئاقساقالنى مېنىڭ نامىمنى سېتىپ ئالدىغان بولسا، جاڭ ئاقساقالنىڭ نامىنى سېتىپ ماڭا بېسىم ئىشلىتىپتۇ-دە. ئۆزۈممۇ ھەيران، ئۆزۈم ھەم يوللۇق، ھەم ھوقۇقلۇق تۇرۇپ، شياۋ لۇدەكلەرنىڭ بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈشىگە ماقۇل بولۇپ تۇرۇپ بەرگىنىمنى قارىمامدىغان»،

خۇشاللىقىدا قىن-قىنىغا پاتماي قالغان شياۋ لۇ يۇقىرى-تۆۋەن چېپىپ، ياشلىقلار بىلەن، مۇتەخەسسىلەر بىلەن قول ئېلىشىش، كىنوغا ئېلىش، سىن ئېلىش ئاپپاراتىدا رەسىمگە چۈشۈش، چاي

قويۇش، خانىرە بويۇملىرى تەقدىم قىلىش ئىشلىرى بىلەن شاپاشلاپ يۈرەتتى. چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

جاۋ جۈرېن جالىڭ ئاقساقال بىلەن لى ئاقساقالنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلمىگەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپ بولغىچە قىزغىن ئالقىش ياڭراپ، كەيپىيات جانلىنىپ كەتتى. ئۇ دوستانە ئىناق كەيپىيات ئىچىدە كوچىلاپ سورۇشتۇرۇش نىيىتىدىن يالتايدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يىغىن ئەھلى جاۋ جۈرېندەك ئەزىز مېھمانلارنىڭ رەئىس مۇنبىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى، رەئىس مۇنبىرىنىڭ ئۈستىگە قىپقىزىل شەلپەردىن ئۇزۇن لوزۇنكا ئېسىلغان، جاۋ جۈرېن سەھنىگە چىققاندا پۈتۈن زالدىكى خالايىقتا كۈلۈمسىرەش بىلەن نەزەر تاشلاپ، بىلىنەر-بىلىنمەس قول پۇلاڭشىتىپ قويۇشنى ئۆگىنىپ قالغانىدى.

## قول

بەلكى قاتىلاڭچىلىق بولۇپ كەتكەندە، دوستلۇق دېگەننى بەزىدە ئىشقا ئايلىنىپ قالىدىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى بىللە ئوقۇغان، ئىسمى تولۇق ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن بىر ساۋاقداش قاقلاپ پىشۇرۇلغان تاتلىق ياڭيۇ يېگەچ ماڭغان خالتا كوچا، ئۇستازىنىڭ لەقىمى ۋە بىر پارتىدا ئولتۇرغان، ئاغزىنى دۇمسايتىشقا ئادەتلەنگەن قىز ساۋاقدىشى، نويى بولغان كۆنى چۈرۈك چىلاننى جىق يەۋەتكەن، كېچىسى نۆۋەتچى بولغاندا، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئالتە ئاتار تاپانچىدىن ئوق چىقىرىۋەتكەن بىر خىزمەتدىشى... توغرىسىدا... سۆزلەپ بەرمەكچى بوپتۇ. بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىش ئارىلاشما تائام يېيىشكە ئوخشايدىغان، تەمى ياخشى بولغىنى بىلەن يېيىشكە چىدىسالا بولىدىغان ئىش بولغاچقا، ھەمسۆھبەت بولغۇچى ئەر ئۇنى ماقۇل كۆرمەپتۇ.

پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بۇ ئەرنىڭ كۆپ بويى ئارىلاشما تائام يەپ، دۆڭلىيالىڭ ھارىقىغا ئوخشاش ھاراقلارنى ئىچىپ كونا

گەپلەرنى ئەسكە ئېلىشىدا گەپ يوق. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا باقىۋەندە تۇزۇمىنى بىكار قىلىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ ماۋۇ ئەر باشلىق سۆزلىشىشكە كەلگەن ئايالنى كاتىپىنىڭ زورى بىلەن ئاخىرى قوبۇل قىلدى.

ئايالنىڭ ئېرى ئون كۈننىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغان. ۋاپات بولغان بۇ مەرھۇم ئەمىلىمۇ، داڭقىمۇ، ئېتىبارىمۇ يوق، مۇشۇ ئەر باشلىقنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەندىكى مۇلازىملىرىدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان كىشى ئىدى. بىراق ئۇ ۋاپات بولۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى بىر قېتىم نامايان قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايال يولداش يۈزمۇيۈز تۇرۇپ دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار دېگەنىدى.

ئايال يولداش ئۇ ئەر باشلىققا بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇ ئەللىكلەردىن ھالقىغان، چاچلىرى ئاقىرىپ بولاي دەپ قالغان ئايال بولغاچقا قاتتىق ھاسىراپ ئەر باشلىقنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ باشلىققا ئوخشاشلا ياش ۋاقتىدا رەھبەر بولغانلارنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىپ، ھۆرمەتلەيدىغانلاردىن ئىدى. مانا ئەمدى رەھبەر بولۇش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ۋە تۆگمەس كاشىلىسىغا ئۇچرىمىدى دېگەندىمۇ نارازىلىقىغا ئۇچراپ ئۆگىنىپ قالغانىدى.

— سىلىگە رەھمەت، مىڭ رەھمەت! — دېدى ئايال يولداش پۈتۈلەك ئاۋازدا، ئۇ سۆزىنى تولا يىغلاپ ئۇنى پۈتۈپ قالغان، — مېنىڭ يولدىشىم جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ سىلىنى تىلغا ئالدى.

«بۇ نېمە گەپ؟ مېنى تىلغا ئالدى دەيدىغۇ؟ قانداقلارچە مېنى تىلغا ئالسۇن؟» دەپ قورقۇپ كەتتى ئەر باشلىق. ئۆلۈم ئىشى چاتىقى كۆپ ئىش ئىدى، مۇبادا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلسە چاتىقى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. ئۆلۈكنى توختىتىپ قويۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە، تەزىيىسىنى ئەڭ ئوبدان سۈپەت سۆزلەر بىلەن يېزىشقا، ئۆلگۈچىنىڭ پارتىيە ستاژىنى ئۇزارتىپ ئۇيان ئىشلىرىنى

يىپىپ كۆرسىتىشكە، يەنە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ شەھەر نوپۇسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى، دەپنىسىنى قىلىپ، جەسىتىنى كۆيدۈرۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئەگرى-توقايلىق كۆپ بولاتتى.

ئايال يولداش كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ۋە خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ يولدىشىم ئۆزىنىڭ ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئەرزىمەس ئادەم تۇرۇپ سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى. سىلى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدىلا، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلغان بىردىنبىر رەھبەر سىلى. ئۇ سىلىدەك مەرتىۋىلىك ۋە ئابرۇيلۇق كىشىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئىگە بولدى. سىلى كىچىككىنە بىر بەندىگە ئۆلۈم ئالدىدا مېھرىبانلىق قىلدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلىگە رەھمەت! سىلىگە مەرھۇمنىڭ روھىي رەھمەت ئېيتىدۇ، خۇش بولىدۇ. مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ سىلىگە رەھمىتىم تۈگىمەيدۇ... كەچۈرسىلە، ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ قويدۇم، خوش، مەن كېتەي...

— توختاڭ! — دېدى ئەر باشلىق ۋە كۆڭلىدە: «ئەزەلدىن تونۇشلۇقۇم يوق، كۆرۈپ باققاندەكمۇ قىلمىغان بۇ ئايال ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رازى بولىدىغان رەھمەتلىرىنى ئېيتىۋاتىدۇ... نېمە قىلغىنىمغا رەھمەت دەيدىغاندۇ... قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆزى ھايات بولسىمۇ مۇسىبەت قايغۇسىدا قالغان بۇ ئايالغا: ياق، سىزنى زادى تونۇمايمەن، ئېرىڭىزنىمۇ تونۇمايمەن، سىز كاللىڭىز ئېلىشىپ قالغاندەك قارىسىغا رەھمەت دەۋاتىسىز، مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت دېگۈدەك ھېچ ئىش بولغىنى يوق دەيمەنمۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— ھە، ھىم، — دېدى ئەر باشلىق، — ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سەبرى قىلىڭ. نېمە قىيىنچىلىقىڭىز، نېمە تەلىپىڭىز بولسا... ئادرېسىڭىزنى ۋە ئېتىڭىزنى يېزىپ بېرىڭ...

ئۇ ئايال يولداشنىڭ كۆزىدىكى ياش مونچاقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، ئەر باشلىق ماشىنىدا بىر

ئۆيدالڭ چوڭقۇر يەردە چايقىلىپ كېتىۋېتىپ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بىر ئىشنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. ئۆزى نازىنىز بولۇپ تۇرغان شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆلكىلىك پارتكومغا مەجلىسكە كېتىۋاتقاندا ماشىنىسى قاتتىق داۋقاڭشىپ بۇزۇلۇپ قالغان. شوپۇر باشقا ماشىنا چاقىرسا يېرىم سائەتسىز يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ باشلىق ئامالسىز شۇ ئەتراپتىكى بىر ئاھالە بىناسىغا كىرگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ۋە تاساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىرسى دەل شۇ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئۇ شۇ ئاغرىقنى يوقلاپ كىرگەن. چىرايى تاتىرىپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزى مەينەتلىشىپ كەتكەن ئاغرىق كىشى ئۇنى كۆرۈپ كۆلۈمسىرەپ خۇشال بولغان. ئاغرىقنىڭ يىگىلەپ، سارغىيىپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ۋە تەر چىقىپ تۇرغان شادىدەك قولىنى يونقان ئىچىدىن سوزغانلىقى ئەر باشلىقنا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان. ئاغرىق ئۇنىڭ قولىنى قىسقاندا، بۇ شادىدەك قول ئۇ باشلىقنىڭ ساغلام ئېسىل قولىدىن كۆپ كۈچلۈك بىلىنگەن. باشلىق ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن قولىنى ئەتىر سوپۇن بىلەن ئۈچ قېتىم سوپۇنلاپ يۇغان، بۇنىڭغا ماشىنا ماتورىدىن چاتاق چىققانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتمىغان. ئۇ ئاشۇ ئاغرىق كىشىنىڭ شۇنچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەن.

ئۇ يا ئۆزىنى ئەيىبلەشنى، يا ئۆز كۆڭلىنى ياساشنى، يا ئۆلۈك ھالدا سەمىيلىك قىلىپ، ئاق كۆڭۈل كىشىنى رەنجىتىش خەۋپىگە قارىماي، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان رەھمەتنى رەت قىلىشنى ۋە يا ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يادىدىن چىقارماي، چىن قەلبىدىن ئىزھار قىلغان رەھمىتىنى قوبۇل قىلىۋېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىغا سەپالغىنىدا ئالقىنى ئوتتەك قىزىشىۋاتقاندەك. ياردەمگە موھتاج نۇرغۇن قوللار ئۆزىگە سوزۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990-يىلى 6-ئايدا نەشر
قىلىنغان 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据人民文学出版社1990年6月第1版北京第1次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمان موللەك
مەسئۇل كوررېكتورى: ساۋۇت سالاھىدىن

## توپچى چولپاننىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشى

ۋاڭ مېڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت پاسار

*

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 100013)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 1-باسما زاۋۇتى
1993-يىل 11-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1993-يىل 11-ئايدا ئۈرۈمچىدە 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 6.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

（京）新登字 154 号

# 球 星 奇 遇 记

（维吾尔文）

王 蒙 著

艾·帕萨尔 译

民族出版社出版发行（北京市和平里北街五号，邮编：100013）
各地新华书店经销 《博格达》电子排版中心排版
新疆新华一厂印刷
开本：850×1168 毫米 1/32 印张：15.5
1993 年 11 月第 1 版
1993 年 11 月乌鲁木齐第 1 次印刷
印数：0001–3,000 册 定价：6.50 元

ISBN7–105–01839–9/I·414
民 文 （维 69）

مۆھتەرەم كىتابخان، قولىڭىزدىكى «چولپاننىڭ كەچۈرمىشى» ناملىق بۇ كىتاب ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە ئەڭ مۇھىم مەزگىلىنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاغلىق يازغۇچىسى يولداش ۋاڭ مېڭنىڭ نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلغان «قەلبنۇر» ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمىدىن كېيىنكى يەنە بىر كىتابى. ئاپتور بۇ توپلامدىكى ھېكايىلەردە ھازىرقى جەمئىيەت دۇچ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل مۇرەككەپ-چىگىش رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۈرەتلىگەن. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئادالەتپەرۋەرلىك، ئاقكۆڭۈللۈك، ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەت مەدھىيىلىنىپ، زوراۋانلىق، ئاچكۆزلۈك، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆككەن. مۆھتەرەم كىتابخان سەمىڭىزدە بولسۇنكى، داڭلىغانلىق ئەمەس، بۇ كىتابنى بىر ئوقۇپ قويۇڭ، مانا شۇ چاغدا سىز ئېھتىمال، راست دەپتىكەن دەپ قايىل بولىسىز.

ISBN7-105-01839-9/I・414
民 文(维 69) 定 价:6.50 元